
ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرى

# غەربىي يۇرت تاشكىمىر سەنئىتى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



www.uyghurkitap.com

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرى

# غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

西域石窟艺术；维吾尔文 / 阿布都秀库尔·穆罕默德伊明著. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2009.8
ISBN 978-7-228-12812-9

Ⅰ.西… Ⅱ.阿… Ⅲ.西域 — 石窟 — 研究 — 维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.K879.204

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2009)第148491号

者　阿布都秀库尔·穆罕默德伊明
任编辑　热依汗古丽·库尔班
辑　魏力·艾力
任校对　阿布力孜·阿巴斯，牙生·杂依穆夫
约校对　海丽切木·孜牙东
面设计　加拉力丁·拜合拉木，祖力喀尔设计室
出版发行　新疆人民出版社
地　址　乌鲁木齐市解放南路348号
邮　编　830001
印　刷　新疆新华印刷厂
经　销　各地新华书店
开　本　880×1230毫米 32开本
印　张　17.25
版　次　2009年8月第1版
印　次　2009年8月第1次印刷
印　数　1-3000
书　号　ISBN 978-7-228-12812-9
定　价　43.00 元

# مۇندەرىجە


ئاپتورنىڭ سۆزى ........................................ 1
بىرىنچى باب  ئومۇمىي بايان .............................. 1
1. تېمىنىڭ قويۇلۇشى .................................... 1
2. ئوبيېكتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ................................ 6
3. تەتقىقات ئۇسۇلى ...................................... 13

ئىككىنچى باب  غەربىي يۇرتتا ئىپتىدائىي تەسۋىرىي سەنئەت .......... 18
1. مەسىلىنىڭ قويۇلۇشى .................................. 18
2. غەربىي يۇرت قىيا تاش سىزمىلىرى ........................ 21
3. غەربىي يۇرتتا مەبۇد قورچاقلار ۋە بالباللار ............... 42

ئۈچىنچى باب  بۇددا سەنئىتىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە راۋاجلىنىشى ..... 53
1. بۇددىزمنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي
ئەقىدىلىرى ........................................... 53
2. بۇددىزم سەنئىتىنىڭ بىخلىنىشى ۋە ئۇنىڭ دەسلەپكى
باسقۇچى ............................................ 63
3. ھىندىستان بۇددىزم سەنئىتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى .... 71
4. ماۋرائۇننەھر توققۇز جاۋۇپلىرىدا بۇددىزم سەنئىتى .... 82

تۆتىنچى باب  غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ مەيدانغا
كېلىشى ............................................... 98
1. قەدىمكى خوتەندە بۇددىزم سەنئىتى ........................ 99
2. قەدىمكى تارىم ۋادىسىدا بۇددىزم سەنئىتى .............. 120
3. لوپنۇر ـ تۇرپان ئويمانلىقلىرىدا بۇددىزم سەنئىتى ... 142

www.uyghurkitap.com


بەشىنچى باب غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدىكى بىناكارلىق سەنئىتى ........................................ 164

1. تاشكېمىر — بۇددا سەنئىتىدىكى مۆجىزە .............. 164

2. غەربىي يۇرت تاشمېكىرلىرىنىڭ جايلىشىش تەپسىلاتى ........................................ 171

3. غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكلىرى ........................................ 197

ئالتىنچى باب غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدىكى بۇددىزم تېمىلىرى ........................................ 219

1. بۇددىزم تېمىسىدىكى ئاساسلىق پېرسوناژلار .......... 219

بىرىنچى، دىنىي سەنئەت مەسىلىلىرى .................. 219

ئىككىنچى، ساكيامونى ئوبرازى ........................ 223

ئۈچىنچى، بۇدساتۋالار ئوبرازلىرى .................... 227

تۆتىنچى، ساماۋى مۆئەككەللەر ئوبرازلىرى ............. 230

بەشىنچى، مىڭ بۇرھان ۋە ئۆزگەرتمىلەر ............... 232

2. «بۇددىھا قىسمەتلىرى» دىن ئۆلگىلەر .................. 236

3. «بۇددىھانىڭ يارالمىش ھېكايىلىرى» دىن ئۆرنەكلەر .... 254

بىرىنچى، «بۇددىھانىڭ يارالمىش ھېكايىلىرى» نىڭ غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدە ئىپادىلىنىش ئالاھىدىلىكلىرى ........................................ 254

ئىككىنچى، «بۇددىھا يارالمىش ھېكايىلىرى» دىن ئىخچام تونۇشتۇرما ........................................ 262

يەتتىنچى باب غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدىكى رېئالىزم تېمىلىرى ........................................ 284

1. دىنىي سەنئەتتىكى رېئالىزم مەسىلىسى .............. 284

2. تېۋىنغۇچىلار، ساخاۋەتچىلەر ئوبرازىدا بىۋاستە ئىپادىلەنگەن رېئالىزم مەسىلىسى ........................ 287
3. «بۇددىھا يارالمىش ھېكايىلىرى» بىلەن «بۇددىھا قىسمەتلىرى»دە گەۋدىلەنگەن تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ........................ 293
4. يىپەك يولى ئالاقىلىرى ۋە يىپەك يولى ئوتتۇرا بەلۋېغى مەدەنىيىتى ـــ رېئالىزمنىڭ بۇددا سەنئىتىدىكى ئىپادىلىنىشى ........................ 296

سەككىزىنچى باب غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدە سەنئەت تېماتىكىسى ........................ 305
1. بۇددا تاشكېمىرلىرىدە سەنئەت تېماتىكا چۈشەنچىسى ........................ 305
2. ساكيامونىغا بىۋاستە ئالاقىدار يالىڭاچ ئوبرازلار ...... 312
3. ئۇچار مالائىكىلەر شەكلىدىكى يالىڭاچ ئوبرازلار ....... 316
4. غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدىكى مۇزىكا ـ ئۇسسۇل كۆرۈنۈشلىرى(A) ........................ 322
5. غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدىكى مۇزىكا ـ ئۇسسۇل كۆرۈنۈشلىرى(B) ........................ 329
6. بۇددا يادىكارلىقلىرىدىكى تىياتىرلىق ئوبرازلار ........ 334
7. شىنجاڭ تاشكېمىرلىرىدىكى باشقا تەسۋىرىي سەنئەت نامايەندىلىرى ........................ 337

توققۇزىنچى باب غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدە مانىزم ئىپادىلىرى ........................ 341
1. غەربىي يۇرتتا مانىزم ........................ 341
2. مانىزم ۋە ئۇيغۇرلار ........................ 348
3. غەربىي يۇرتتا تېپىلغان مانىزم تەسۋىرىي سەنئىتى ..... 353

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئونىنچى باب غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىدىكى ئېتنىك
ئالاھىدىلىك ۋە ئېستېتىك ئۇسلۇب ........................ 359
1. غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىدىكى ئېتنىك
ئالاھىدىلىك ........................................ 359
2. غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىدىكى ئېستېتىك
ئۇسلۇب ................................................... 375
بىرىنچى، بەدىئىي ئورۇنلاشتۇرۇش گارمونىيىلىك
بىر گەۋدە قىلىنغان ................................376
ئىككىنچى، قەدىمكى گېئومېتىرىيىلىك شەكىل —
رومبىدىن ئىجادىي پايدىلانغان ........................379
ئۈچىنچى، بەدەن سەنئىتى ئېستېتىك ئىپادىلەشنىڭ
مەركىزىي ھالقىسى قىلىنغان ...........................381
تۆتىنچى، يەرلىك ئېتنىك قىياپەت ۋە تۇرمۇش
سەنئەتلىك ئىپادىسىنى تاپقان ...........................384
بەشىنچى، بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسلۇبى بويىچە خاس
ئۇسلۇب شەكىللەندۈرگەن .............................385

ئون بىرىنچى باب غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ شەرققە
تەسىرى ................................................... 394
1. ئىككى خىل تەسىر كۆرسەتكەن تارىخىي جەريان ....... 394
2. لياڭجۇ ۋە پىڭچېڭ پايتەخت قىلىنغان دەۋرلەردە غەربىي
يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرى .... 397
3. دۇنخۇاڭ تاشكېمىر سەنئىتىگە غەربىي يۇرت بەدىئىي
ئۇسلۇبىنىڭ تەسىر كۆرسەتكەنلىكى .................... 401
4. غەربىي يۇرت ئۇسلۇبىنىڭ سۈي ـ تاڭ دەۋرىدە تەسۋىرىي
سەنئەتكە تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ......................... 405

ئون ئىككىنچى باب غەربىي يورت تاشكىمىر سەنئىتىنىڭ خارابلىششى ......................... 410
1. تارىخىي ۋە ئىستىخىيىلىك خارابلىشىش ...............410
بىرىنچى، مۇئەللىپىنىڭ نەچچە ئېغىز سۆزى ...........410
ئىككىنچى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئۈزۈلۈشى بىلەن يۈز بەرگەن خارابلىشىش ............................. 412
ئۈچىنچى، تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن يۈز بەرگەن خارابلىشىش ........................................ 416
تۆتىنچى، ئۇرۇش، بولۇپمۇ «غازات» ئۇرۇشلىرى بىلەن يۈز بەرگەن خارابلىشىش ........................ 419
بەشىنچى، نادانلىق ۋە نامراتلىقنىڭ بۇزغۇنچىلىق سېلىشى بىلەن يۈز بەرگەن خارابلىشىش ............. 425
2. چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ يۆتكەپ كېتىشى بىلەن بولغان خارابلىشىش ......................... 428
بىرىنچى، شىنجاڭدا مەدەنىيەت خارابىلىرىنى قىدىرىش قىزغىنلىقى ۋە سۈرئەن ھېدىن ...................... 428
ئىككىنچى، ئاۋرېل ستەيننىڭ ئىدىيىسى ۋە قىلمىش - لىرى ........................................433
ئۈچىنچى، گرونۇۋېدېل ۋە فون لېكوكنىڭ قىدىرىشلىرى ........................................ 436
تۆتىنچى، ئوتانى قىدىرىش ئەترىتىنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرى ........................................440
بەشىنچى، پائول پېللىئوتنىڭ شىنجاڭغا ئاياغ بېسىشى ........................................443

ئون ئۈچىنچى باب غەربىي يورت تاشكىمىر سەنئىتى ئۈستىدىكى تەتقىقات ........................... 446

1. غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى ئۇستىدىكى
تەتقىقاتنىڭ ئەھۋالى .................................... 446
2. غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى تەتقىقاتىدىكى
مەسىلىلەر ............................................ 450
خاتىمە ................................................. 458

قوشۇمچە : سوغدىلار ۋە ئۇنىڭ ئىزىنىڭ ۋارىسلىرى
توغرىسىدا ............................................ 465
پايدىلانغان كىتاب ۋە ماتېرىياللار............................ 511
پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىننىڭ ئەسەرلىرىنىڭ
كاتالوگى ............................................. 519

# ئاپتورنىڭ سۆزى

ئەسسالام كىتابخان:

ئۆسمۈرلۈككە قەدەم قويغىنىمدا قەشقەر - ئاتۇش ئارىلىقىدىكى «خانئۆي»دە بوراندىن كېيىن تومپۇر - يارماقلارنىڭ ئېچىلىپ قالىدىغانلىقىنى ئاڭلايتتىم. بۇ چاغلاردا يەنە «تەكلىماكان» نىڭ ھەممە يېقىدا — خوتەن، مارالبېشى، كۇچا، چەرچەن - چارقىلىقلاردىمۇ بوراندىن كېيىن ئاجايىپ نەرسىلەر تېپىلىدىغانلىقىنى ئارقا - ئارقىدىن ئاڭلاپ، بالىلىق قەلبىمدە قۇم دېڭىزى ئاستىدىكى سىرلىق تىلسىمغا بولغان ھەيرانلىقىم ۋە قىزىقىشىم ئېشىپ باردى. بىر قانچە تەپكۈچلىرىمۇ مۇشۇ قۇملۇقتىن تېپىلغان يارماقلاردىن ياسالغانىدى.

كېيىنچە بىئوخىمىيىگە قىزىقىپ قالدىم. ئەمما، تەكلىماكانغا بولغان قىزىقىشىم زادىلا سۇسلاشمىدى. 11 يېشىمدا ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگىچە تارىمنى بويلاپ ئۈچ ئاي ھاۋرىدا سەپەر قىلىشقا نېسىپ بولدى. 50 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا تەكلىماكاننىڭ شىمالىي قىرغىقىغا 50 ھارۋا بىلەن كىرىپ چىقتىم. 60 -، 70 - يىللىرى ھېچكىمدىمۇ بۇ جەھەتتە ئىلمىي ئىزدىنىش ماجالى بولمىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مېنىمۇ «كونا» شەيئى قىلىپ قويۇشتى. شۇنداقتىمۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان (بۇرھان شەھىدى سېتىۋېلىپ سوۋغات قىلغان) «يېڭى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق ئىككى توملۇق كىتاب بىلەن تونۇشۇپ چىقتىم. بۇ ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى شىنجاڭدا توپلىغان بۇددا سەنئىتى

جاۋاھىراتلىرى ۋە بۇ جەھەتتىكى تەپسىلاتلار يېزىلغان رەسىملىك چوڭ دەستۇر ئىدى. 80 ـ يىللار ئىچىدە بىر قاتار قىيا تاش رەسىملىرى ئىزلىرى، قەدىمكى قەبرىلەر ۋە خاتىرە ئورۇنلىرى، تاشكېمىر خارابىلىرىنى ئايلاندىم، كۆزەتتىم. ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ شۇ خىل سەنئەت تارىخي نۇقتىلىرى بىلەن تونۇشتۇم.

«مىڭئۆي» لەرنىڭ ۋەيران ۋە يالىڭاچ ھالىتى بىلەن ئۇلارنىڭ داۋاملىق نەملىشىپ (مەسىلەن، قۇمتۇرا تاشكېمىرلىرى) ياكى گۇمۇرۇلۇپ چۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئېچىندىم.

1986 ـ يىلى ئۆكتەبىردە ياپونىيىگە قىلغان ئىلمىي زىيارىتىمدە، گەرچە «قۇتادغۇبىلىك» ۋە «ئۇيغۇر مۇقاملىرى» ھەققىدە لېكسىيە سۆزلىسەممۇ، كيۇتۇ، توكيو، نارالاردىكى چوڭ تىپتىكى مۇزېيلارنى كۆزدىن كەچۈردۈم، ئارخېئولوگىيە ئىلمى تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ ئوتانى ئەترىتى ئېلىپ كەلگەن، ئەمما ھازىرغىچە نېمە مەزمۇن قىلىنغانلىقى نامەلۇم بولغان بىرقانچە ھۆججەت پارچىلىرىنى تەكلىپ بىلەن كۆزدىن كەچۈرۈپ ئىزاھلىدىم. ئۇلار سوۋغات قىلغان شىنجاڭ بۇددىزم سەنئىتىگە ئائىت مەنبەلەرگە ئېرىشتىم. شۇنىڭدىن باشلاپ قەلبىمدە بوران چىقسا ئېچىلىپ قالىدىغان بۇ قەدىمكى مەدەنىيەت قاتلىمى ھەققىدە مۇشۇ ئەسىر ئاخىرلىشىشتىن ئىلگىرى خاس تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، خاس ئەسەر يېزىش ئىشتىياقى ئىلمىي ۋە مىللىي، جۇملىدىن تارىخي مەجبۇرىيەت ئېڭى بولۇپ تىكلەندى.

بىرقانچە قېتىم قولۇمغا قەلەم ئېلىپ، بىرقانچە قېتىم قەلەمنى قويۇپ قويۇشقا مەجبۇر بولدۇم. بارغانسېرى مەن قىزىقىۋاتقان تېمىنىڭ مۇشكۇل ۋە مۇرەككەپلىكىنى ھېس قىلدىم.

بىرىنچىدىن، بۇددىزم ۋە بۇددىزم مەدەنىيىتى سىستېمىسى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشىمغا توغرا كەلدى. بۇ ئۆز كىتابىمدا تىلغا ئېلىنغان دائىرىنىلا ئەمەس، بەلكى كىتابتا يېزىلمىغان، ئەمما مۇئەللىپ بىلىشى زۆرۈر بولغان ناھايىتى كەڭ دائىرىنى

بىلىشنى تەلەپ قىلاتتى. قىسقا قىلىپ ئېيتقاندا، مىترائىزم، سۋائىزم، براھمانىزمدىن تاكى ھىندىستان، كوشان، ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇڭگو، جەنۇبىي ۋە شەرقىي ئاسىيا بۇددىزم مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى بىلەن يېتەرلىك تونۇشماي، ئۇنىڭ بىر قىسمى بولغان غەربىي يۇرت بۇددا سەنئىتى توغرۇلۇق قەلەم تەۋرەتكىلى بولمايتتى. بۇ ماڭا ئاساسەن ناتونۇش، غەيرىي ئىسلام ھادىسىسى ئىدى.

ئىككىنچىدىن، مەن ئادەتتىكى كىتاب ۋە رەسىملىك ئالبوملاردا ياكى ھازىرقى تاشكېمىرلاردا بولمىغان ئۇزاق تارىخقا، ئاجايىپ گۈزەل قىممەتكە ئىگە بولغان شىنجاڭ بۇددا سەنئىتى نەمۇنىلىرىنى توپلىشىم لازىم ئىدى. مەن گېرمانىيە، ئەنگلىيە، رۇسىيە ۋە ياپونىيىدە ساقلىنىۋاتقان ياكى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان مۇنداق سەنئەت نەمۇنىلىرىنىڭ جۇلالىنىپ تۇرىدىغان رەڭدار رەسىملىرىنى يىغدىم. بۇ نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشنىڭ ئۆزىمۇ بىراقلا ھەل بولىدىغان ئاسان سودا ئەمەس ئىدى. چېچىلغان بۇ جاۋاھىراتلار بىلەن تونۇشۇپ چىقىش، ئۇنىڭ بالدۇر ـ كېيىنلىكى، باشقا دۆلەت ـ رايونلاردىكى ئوخشاش تۈردىكى ۋارىيانتلىرى بىلەن سېلىشتۇرما سەنئەت جەھەتتىكى ئۇسلۇب ئالاھىدىلىكلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. بۇ يەنە، غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى قىيا تاش رەسىملىرى، بالبال ۋە باشقا تەسۋىرىي سەنئەت تارىخىدىن خەۋەردار بولۇشنى شەرت قىلاتتى.

ئۈچىنچىدىن، غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى، بولۇپمۇ بۇددا سەنئىتى ئېللىنىز (گرېك) مەدەنىيەت مەركەزچىلىرى، ئىران مەدەنىيەت مەركەزچىلىرى ۋە ھىندىستان مەدەنىيەت مەركەزچىلىرىنىڭ، بولۇپمۇ چەت ئەل ۋە جۇڭگونىڭ بۇ ساھەدىكى نوپۇزلۇق ئالىملىرىدىكى غەيرىي ئىلمىي قاراشلارنىڭ قويۇق پەردىسى بىلەن قاپلانغانىدى. قانداقتۇر «غەربىي يۇرتتا ئەسلىدىن مەدەنىيەت بولمىغان»، «بۇ يەردىكى مەدەنىيەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھىندىستان مەدەنىيىتىنىڭ ئېشىندىلىرىدىن ھاسىل بولغان» دېگەن قاراشنى بېشىغا تاج قىلىپ كىيىپ يۈرەتتى. ئەلۋەتتە، بۇ تاجدار قاراشنى شاتۇتىدەك قايتا تەكرارلاپ قەلەم تەۋرەتكىلى بولمايتتى.

يۇقىرىدىكى ئۈچ مۇشكۇل ۋە مۇرەككەپلىكتىن كېيىن بۇ كىتابنى يېزىشقا كىرىشكەندە يەنە ئىككى قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدىم. ئۇنىڭ بىرى، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ئەجدادلىرى، دىنى ۋە مەدەنىيىتىنى بىرقەدەر ئۇنتۇلغان ياكى قايتا ئەسلەشكە يېتەرلىك ماجالى بولمىغان خەلققە بۇ تېمىنى قانداق بايان قىلىپ بېرىش ۋە يەتكۈزۈش ھەققەتەن بىر قىيىنچىلىق ئىدى. يەنە بىرى، كىتابتىكى قىستۇرما رەسىملەرنى كىتابخانلىرىمغا قانداق يەتكۈزۈش ئىدى.

ئەسلىدە مەن بارغانسېرى بۇزۇلۇپ ۋە يوقىلىپ كېتىۋاتقان شىنجاڭ تاشكېمىر سەنئىتى نەمۇنىلىرىنى ئىمكانىقەدەر كىتاب سەھىپىسىگە يۆتكەپ، كىتاب شەكلىدىكى «مىڭئۆي» لەرنى خەلقىمىزگە خاتىرە قىلىشنى ئارزۇ قىلغان ۋە يېتەرلىك رەسىملەر فوندى توپلىغانىدىم. ئەمما، ھازىرقى كىتاب تەننەرخى، نەشر قىلىش مۇشكۇللۇكى، تىراژ كەمچىل بولۇش قاتارلىقلار تۈپەيلىدىن، بۇ ئارزۇنى خاس شىنجاڭ تاشكېمىرلىرى سەنئەت ئالبومىغا قالدۇرۇپ، پۈتۈن ھازىرلىغان رەسىملەرنىڭ بىر قىسمىنى تىزگىنلەشكە توغرا كەلدى. بۇ مۇئەللىپ ئۈچۈن ئېغىر بىر ئەپسۇستۇر. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇشبۇ كىتاب خەلقىمىز قەدىمدە ياراتقان سەنئەت مۆجىزىلىرىدىن مىساللار كەلتۈرۈش ۋە ئۆزۈمنىڭ بىر پۈتۈن مەدەنىيەت تارىخى قاراشلىرى ئارقىلىق بۇ تېمىنى يورۇتۇشقا تاشلانغان خاسىيەتلىك قەدەم ھېسابلىنىدۇ، ئەلۋەتتە.

يەنە شۇنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتمەكچىمەن، خۇددى بۇ كىتابتا كۆزگە چېلىقىدىغان رەسىملەر مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە چەت ئەل قىدىرغۇچىلىرىنى ھەيرەتتە قالدۇرغان غەربىي يۇرت

بۇددا ـ مانى سەنئەت يادىكارلىقلىرىنىڭ كىچىككىنە بىر قىسمى بولغىنىدەك، مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ساقلانغان ۋە تېپىلغان غەربىي يۇرت بۇددا ـ مانى سەنئەت يادىكارلىقلىرىمۇ خەلقىمىز مىڭ يىللار داۋامىدا ياراتقان ۋە نۇرلاندۇرغان مىسلىسىز كۆركەم ۋە بىقىياس نەپىس شۇ خىل سەنئەت يادىكارلىقلىرىنىڭ زامان چاڭ ـ توزانلىرى ۋە تەبىئىي ـ ئىجتىمائىي ئاپەتلەردىن ئېشىپ قالغان بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت. ئۇنىڭ ئەسلىدىكى تارىخىي قاتلام مەنزىرىلىرىنى كۆرۈشكە بىز مەڭگۈ ئىلاجسىز ! !)

www.uyghurkitap.com

## بىرىنچى باب

# ئومۇمىي بايان

### 1. تېمىنىڭ قويۇلۇشى

ئىنسانىيەت ئۆز ئەمگىكى ۋە ئەقلىي پائالىيىتى ئارقىلىق ياراتقان ھەر خىل سەنئەت مۆجىزىلىرى ئىچىدە، قەدىمكى شەرق مەدەنىيىتىنىڭ تەڭداشسىز بولىقى بولغان جۇڭگو سەنئەت خەزىنىسى ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. ئەمگەكچان، پاراسەتلىك ۋە سەنئەت سۆيەر جۇڭگو خەلقى ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپ، تارىخنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدە پۈتكۈل جاھان مەدەنىيەت تارىخىنىڭ شەرق ئوچىقىنى بېزەپ ۋە جۇلالاندۇرۇپ كەلدى.

جۇڭگونىڭ كۆپ مىللەتلىك، باي ۋە رەڭگارەڭ سەنئەت خەزىنىسىدە «غەربىي يۇرت»[1] دەپ ئاتالغان شىنجاڭنىڭ قەدىمكى سەنئەت دۇردانىلىرى ئالاھىدە شۆھرەتكە ئىگە. شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ھۈنەر ـ سەنئىتى، رەسساملىق ـ ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى، مۇزىكا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى يالغۇز بۇ يەردە ياشىغان قەبىلە ۋە مىللەتلەرنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى جانلاندۇرۇپ قالماستىن، ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشى، ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ۋە جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەدەنىيەت بەرپا قىلىشىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە پۈتكۈل دۇنيا مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدىكى تارىخىي تۆھپە ھېسابلىنىدۇ.

ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت ۋە سەنئەت تارىخى شۇنى تەكرار ئىسپاتلىدىكى، بىر پۈتۈن ئالەمشۇمۇل ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

ۋە سەنئەتتى ھەرقايسى ئەللەر ۋە خەلقلەرنىڭ ئۆزگە خاس مىللىي ـ مەھەللىي مەدەنىيەت ۋە سەنئەتلىرىنىڭ قوشۇلمىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەرقايسى ئەللەر ۋە خەلقلەرنىڭ ئۆزگە خاس مىللىي ـ مەھەللىي مەدەنىيەت ۋە سەنئەتلىرىنىڭ تەرەققىياتىمۇ پۈتۈنلەي تەنھا، يەككە ـ يېگانە ھالدا ئەمەس، ئەكسىچە ھەرقايسى قوشنا ياكى ئالاقىدار خەلقلەر ئەدەبىيات ۋە سەنئەتلىرىنىڭ تەسىرىدىن، ئاقىۋەتتە پۈتكۈل جاھان مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتىنىڭ تارىخىي تەسىرىدىن ئايرىلمىغان ھالدا مەيدانغا كەلگەن ۋە راۋاجلانغان، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت ۋە سەنئەت تارىخى ئۆزىنىڭ كونكرېت جەريانلىرى ئارقىلىق پۈتكۈل دۇنيا مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى (بىردەكلىكى) قانۇنىنى، ۋارىسلىق قانۇنىنى، راۋاجلىنىش قانۇنىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

سەنئەت ــ ئىدېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت بولغانلىقى ئۈچۈن، سەنئەت تارىخى ئىدېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت تارىخىنىڭ بىر قىسمى، باشقىچە ئېيتقاندا، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى بىلىشى ۋە ئۆز روھىيىتىنى ئىپادە قىلىش تارىخىنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ (سەنئەت تارىخىنىڭ ئاساسلىق بىر تەتقىقات خىزمىتى ئىنسانىيەتنىڭ شەرقتە ۋە غەربتە ياراتقان، ئەمما ھېلىغىچە ئۆزىنىڭ ئالەمشۇمۇل بىر پۈتۈن تارىخىي كارتىنىسىنى روشەنلەشتۈرۈپ كېتەلمىگەن سەنئەت مۆجىزىلىرىنى بۈگۈنكى جامائەتچىلىككە روشەنلەشتۈرۈپ بېرىشتىن ئىبارەت). بۇ كۆپ تەرەپلىمە، غايەت زور ئىلمىي بىناكارلىق، ئەلۋەتتە.

(غەربىي يۇرت تاشكىمىر سەنئىتى تەتقىقاتى كۆپ قاتلاملىق مەزمۇنغا ئىگە كاتتا بىر ئىلمىي تېما. بۇنىڭ ئۈچۈن غەربىي يۇرت ئىپتىدائىي تەسۋىرىي سەنئەت نەمۇنىلىرىنى ئىزاھلاش ئارقىلىق بۇددىزم تاشكىمىر سەنئىتىنىڭ مەھەللىي ۋە مىللىي ئاساسلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىشقا ۋە غەربىي يۇرت تاشكىمىر

سەنئىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى تەتقىق قىلىشقا؛ غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدىكى بۇددىزم ئېتىقادى ۋە بۇددىزم ئەدەبىياتىغا ئائىت سەنئەت نەمۇنىلىرىنى يېتەرلىك دەرىجىدە تونۇشتۇرۇشقا؛ غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدىكى ئىجتىمائىي رېئال تۇرمۇش ئىپادىلىرى ئۈستىدە ئىلمىي مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىشقا؛ غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدىكى مۇزىكا، ئۇسسۇل، تىياتىر سەنئىتى تېماتىكىسىغا ئائىت رەسىملەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشقا؛ غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدىكى تارىخىي ئىزنالار بىلەن ھەرخىل ژانىردىكى يازما مەنبەلەر ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا؛ غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىنىڭ مانىزم دەۋرى يادىكارلىقلىرىنى مەخسۇس ئىزاھلاپ ئۆتۈشكە؛ غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ ئېتنىك ئۇسلۇبى ۋە ئېستېتىك ئالاھىدىلىكلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشكە؛ غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ دۇنخۇاڭ ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى بۇددا مىڭئۆيلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى بايان قىلىشقا؛ غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدىكى ئىسلام «غازات» چىلىرى ۋە چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى تەرىپىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش ھادىسىسىگە يېقىنلاپ ئۆتۈشكە ۋە غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى تەتقىقاتىدا ساقلانغان مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.) روشەنكى، بۇ جەھەتتىكى ھەقىقىي ۋە دادىل ئىلمىي ئىزدىنىش شىنجاڭنىڭ پۈتكۈل سەنئەت تارىخىغا ئائىت مەنبەلەر بىلەن، جۈملىدىن ئوتتۇرا - مەركىزىي ئاسىيا، شىمالىي ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ بۇددىزم سەنئىتى تارىخى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. بۇ كۆپ ئەجىر - ئەمگەك تەلەپ قىلىدىغان خىزمەت، ئەلۋەتتە.

غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى تەتقىقاتى كۆپ قاتلاملىق قىممەتكە ئىگە كاتتا بىر ئىلمىي تېما.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىرىنچىدىن، غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئەسىرلەر سەھىپىسىگە يېزىپ قالدۇرغان كاتتا سەنئەت قامۇسى، ئۇ بۇ رايوندا قەدىمكى ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ئۇتۇقلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن ۋە تۇرمۇش، ئىدېئولوگىيە، ئېتىقاد، سەنئەتنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىي سەمەرىسىنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۈرگەن بولۇپ، توغرىدىن - توغرا غەربىي يۇرت سەنئەت مەدەنىيەتتى تارىخىي قىممەتكە ئىگە. سەنئەت تارىخى تۈرلۈك خاتا قاراشلار ۋە سىرلىق تېپىشماقلار ئىچىدە تۇرغان بۇ سەنئەت يۇرتىنىڭ سەنئەت تارىخىنى يورۇتۇش يولىدا تاشلانغان ھەربىر ئەجابىي قەدەم يول ئېچىش، ئۇل سېلىش خاراكتېرىدە بولۇپ، خاتىرىلەشكە مۇناسىپتۇر.

ئىككىنچىدىن، غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى جۇڭگونىڭ بۇ غەربىي قىسمى بىلەن ئىچكى قىسمىنىڭ مىلادىيەدىن مۇقەددەم باشلانغان مەدەنىيەت مۇناسىۋەتلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشتىكى ئاچقۇچ. غەربىي يۇرتنىڭ بۇددا سەنئىتى تاشكېمىرلىرىغىچە بولغان تەسۋىرىي سەنئەت نەمۇنىلىرىدىن بىز كۆپ مىللەتلىك جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ئېلېمېنتار ئالامەتلىرىنى كۆرىمىز. غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدە گەۋدىلەنگەن مۇزىكا، ئۇسسۇل، تىياتىر سەنئىتىنىڭ خەن - تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە چاڭئەن، لوياڭلارغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى، جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ دۇنياغا داڭدار سەنئەت مەدەنىيىتىنى جۇڭگودىكى ھەممە مىللەت خەلقى ئورتاق ياراتقانلىقىنى مۇھىم دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلايدۇ. جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمى بىلەن ئۇنىڭ غەربىدىكى گۆھەر زېمىنىنىڭ سەنئەت ئالاقىلىرى تارىخىنى يورۇتۇش يولىدىكى ھەرقانداق ئەجابىي تەتقىقات، روشەنكى، مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

ئۈچىنچىدىن، غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى شەرق بىلەن غەرب مەدەنىي ئالاقىلەر بەلۋېغىدا مەيدانغا كەلگەن، تىپىك سىنكرېتىك② مۇھىتىنىڭ ئۆلگىلىك تارىخىي مۇزېيى، ئۇ غەربىي

يۇرتنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي ۋە مەھەللىي سەنئەت تىپى ۋە ئەنئەنىۋى ئىجادىيەت ئۇسلۇبى ئاساسىدا، يىپەك يولىنى بويلاپ شەرققە ئېقىپ كەلگەن ھىندىستان، ئىران ۋە گرېك سەنئىتىنىڭ نادىر مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئەينى زامان تەقەززاسى ۋە سەۋىيىسى بويىچە ئىجاد قىلىنغان سەنئەت گۈلزارىدىن ئىبارەت، غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى تەتقىقاتى يىپەك يولى سەنئەت تارىخىنى يورۇتۇشتا غايەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ سىنكرېتىك — ئىنتېرناتسىئونال سەنئەت تارىخىنى كۆزىتىدىغان ئاساسلىق تەجرىبە ماۋزۇسى ھېسابلىنىدۇ.

تۆتىنچىدىن، غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشنىڭ فوتورولوگىيە (كەلگۈسىشۇناسلىق)[3] جەھەتتىكى ئىلمىي قىممىتى چوڭ. خەلق ئىگىلىكى ۋە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ يېڭى نەتىجىلىرى، بولۇپمۇ شىنجاڭنى كېسىپ ئۆتىدىغان ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقى تۆمۈريول لىنىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى مېتال دىرىژابىل، چوڭ تىپتىكى ئايروپىلان قاتارلىق ھاۋا قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىشى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي يوشۇرۇن كۈچلىرىنىڭ داۋاملىق ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ، خارابلاشقان «يىپەك يولى»نىڭ قايتا گۈللىنىشى تارىخنىڭ مۇقەررەر قەدىمىگە ئايلىنىدۇ. مەلۇم مەنىدە ھاۋا قاتنىشى دېڭىز - ئوكيانلار قاتنىشىغا نىسبەتەن مىسلىسىز ئۈستۈنلۈكنى تىكلەيدىغان كۈنلەر يىراق ئەمەس. بۇ ھال، غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىگە بولغان كەڭ مىقياستىكى سەيلە - ساياھەت ۋە چۈشىنىش قىزغىنلىقىنى قوزغايدۇ.

دوكتور ئالبېرت رېگېل: «خۇددى رىم خارابىسى سىياقىدىكى بىر پاچە خارابە» دەپ تەئەججۈپلەنگەن، گېلىنا تەرىپىدىن «ۋاقتى ئۆزۈن، سەنئىتى مۇنەۋۋەر، قىممىتى يۇقىرى» دەپ تەرىپلەنگەن غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى يادىكارلىقى كۆپ ئەسىر داۋامىدا سىرتى كۆپ قەۋەتلىك سېھىرلىك قاراشلار بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

قاپلانغان، ئىچكى خەزىنىسى تۇتاش يوروۇتۇلمىغان تىلسىماتتەك ئۆز قىياپىتىنى ساقلاپ كەلدى. ئۇ «تىلسىمات» ئۇستىدىكى ئىلمىي تەتقىقات ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى بىلىش پائالىيىتىنىڭ مۇھىم بىر ئۇتۇقى بولۇشى تەبىئىي.

## 2. ئوبيېكتنىڭ ئالاھىدىلىكى

«غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» دېگەندە، بىز مۇھىمى ھازىرقى شىنجاڭدا بۇددا دىنى مەدەنىيىتىنىڭ تارقىلىشى بىلەن شەكىللەنگەن، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇملىشىشى بىلەن خارابلاشقان بۇددا تاشكېمىر سەنئىتىنى نەزەردە تۇتىمىز. بۇددا تاشكېمىر سەنئىتى گەرچە ئەينى زاماندىكى ئېتىنىك مەدەنىيەتنىڭ بىر قىسمى بولسىمۇ، ئۇ ئەينى زاماندىكى ئېتنىك مەدەنىيەتنىڭ ھەممە تەرىپىنى، ھېچبولمىغاندا ئاساسلىق تەرەپلىرىنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۇرگەن. بۇددا تاشكېمىر سەنئىتى گەرچە ئەينى زاماندىكى دىنىي ئېتىقادنىڭ مۇھىم يادنامىسى بولسىمۇ، ئۇ ئەينى زامان ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ سەنئەتلەشكەن ئوبرازىنى تەسۋىرلىگەن. بىناكارلىق، ھەيكەلتىراشلىق، رەسساملىق بىر گەۋدە قىلىنغان بۇ سەنئەت قەسرىسى فولكلور، مۇزىكا، ئۇسسۇل ۋە تىياتىر قاتارلىق سەنئەت ژانىرلىرىنى ۋە ئۇلاردا ئىپادىلەنگەن ئېستېتىك قاراشلارنى بىزگە يەتكۈزۈشكە ھەرقانداق يازما مەنبەدىن مىسلىسىز رەڭدار ۋە كونكرېت ئەۋزەللىكنى ساقلىغان تارىخنامىدۇر.

غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى بۇددا تاشكېمىر سەنئىتىدىن تاشقىرى، بۇ سەنئەتنىڭ ئەنئەنىۋى ماھارەت بۇلىقى بولغان قەدىمكى نەقىشچىلىك، قىيا تاش رەسىملىرى، بالبال سەنئىتى قاتارلىقلار بىلەن غەربىي يۇرت بۇددىزم دەۋرى سەنئىتىگە ئالاقىدار ئارخېئولوگىيىلىك ۋە يازما ماتېرىياللارغىمۇ مۇۋاپىق ياندىشىدۇ.

غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى تەتقىقاتىغا كىرىشكەندە، بۇ سەنئەتنىڭ مۇنبەت تۇپرىقى بولغان غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق تارىخىي ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىزاھلاپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

مەلۇمكى، قەدىمكى «غەربىي يۇرت» (جۇملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا) ئىنسانىيەتنىڭ مۇھىم مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىدىن بىرى، بۇ يەر ئاسىيا قىتئەسىنىڭ دېڭىز - ئوكيانلاردىن يىراق بولغان ئوتتۇرا بەلۋېغىغا جايلاشقان، ئەتراپى ئاسىيادىكى ئەزىم تاغلار — ئالتاي، تەڭرىتېغى، پامىر، قاراقورۇم، ئالتۇنتاغلىرى بىلەن ئورالغان، باغرىنى ھارارەتلىك تەكلىماكان چۆللۈكى كۆيدۈرۈپ تۇرىدىغان ھازىرقى شىنجاڭ رايونى نەچچە ئون مىڭ يىللىق ئىپتىدائىي ھايات مېلودىيىسى بىلەن تارىخقا كىرىپ كەلگەن. غەربىي يۇرت ئاھالىسىنىڭ يىراق ئەجدادلىرى ئۇزاق داۋام قىلغان تاش قوراللار دەۋرىگە خاس ئىپتىدائىي سەنئەت تارىخىنى بېسىپ ئۆتۈپ، بىرونزا قوراللار دەۋرىدە ئۆزىگە خاس «ئات مەدەنىيىتى»نى شەكىللەندۈرگەن. ئەڭ قەدىمكى قەبىلىلەرنىڭ يىراققا قاتنىشى ۋە يۆتكىلىشى تەخمىنەن شۇ زامانلاردىن باشلانغان، بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئەڭ دەسلەپكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشقا ئاساس سالغان. غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكلىرى مانا مۇشۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ماھىيەتلىك چۆكمىلىرى ئاساسىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن. ئۇنىڭ قىسقىچە تەپسىلاتى مۇنداق:

بىرىنچى، غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى ئاھالىسى ئاسىيا تىپىدىكى ئاق ئېتنوگېنېز[4] بىلەن ئاسىيا تىپىدىكى سېرىق ئېتنوگېنېزنى بىرلەشتۈرگەن، ئارىئان تۈركۈمىدىكى بىرلەمچى ئىنسان گۇرۇھلىرى بىلەن تۈركىي تۈركۈمىدىكى ئىككىلەمچى ئىنسان گۇرۇھلىرىنى بىرلەشتۈرگەن بولۇپ، بۇ ئاھالىلەر ئۆزئارا قوشۇلۇش ياكى ئۆز تۈركۈمىدىن پارچىلىنىش جەريانلىرى بىلەن گاھى تارىخىي مەزگىللەردە ئارىئان تىلى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سىستېمىسىدا، گاھى مەزگىللەردە تۈركىي تىللار سىستېمىسىدا سۆزلىشىشتەك مەركىزىي ئاسىياغا خاس تارىخىي ئالاھىدىلىكنى ئىپادىلىگەنىدى. كوشان خانلىقى تەركىبىدىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ئارىئانچە سۆزلەشكەندەك، تۈركىي تىلىدا سۆزلەشكەن، ئەمما ئاق ئېتنوگېنېزگە تەۋە قەبىلىلەرمۇ بولغان ئۇيغۇرلارمۇ ئۇنىڭ جانلىق ئۈلگىسى.

غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى ئېگىلىك شەكلى يايلاق تىپىدىكى چارۋىچىلىق مەدەنىيىتى بىلەن بوستانلىق تىپىدىكى دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنى، كۆچمەن چارۋىچىلىق، كۆچمەن خاقانلىق بىلەن ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق، شەھەر ـ قەلئە ھاكىمىيەتچىلىكىنى بىرلەشتۈرگەن، غەربىي يۇرت ئىگىلىكىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدە ئۆز دەۋرىگە يارىشا ھۈنەر ـ سەنئەت، مال ئالماشتۇرۇش، ھەتتا خەلقئارا سودا ـ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىش ھادىسىسى ئۈزۈلمەي داۋام قىلغان. كارل ماركس ئېيتقاندەك، ئولتۇراقلاشقان ئاھالە بىلەن كۆچمەن ئاھالىنىڭ مۇناسىۋىتى، يايلاق مۇھىتى بىلەن سۇغىرىش سىستېمىلىرىغا بولغان كۈچلۈك يۆلىنىش بۇ زېمىندا ياشىغۇچى ئاھالىلەر تارىخىنى چۈشىنىشنىڭ ھەقىقىي ئاچقۇچىنى ھاسىل قىلغان.

غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىنىڭ بۇ تۈنجى ئالاھىدىلىكى مۇھىمى شىمال بىلەن جەنۇب ئالاقىلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، مىللىي ئېتنىك ئالاھىدىلىك، تۇرمۇش ئىگىلىك ئالاھىدىلىكى، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە فولكلور ئالاھىدىلىكى، ئىپتىدائىي دىنى، ئەخلاقى ۋە سەنئەت ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس تىپ بولۇپ شەكىللىنىشىگە ئۇل سالغان.

ئىككىنچى، غەربىي يۇرت قەدىمكى ئاھالىلىرى ئەڭ دەسلەپكى شەرق ـ غەرب قاتنىشىنىڭ ئىختىراچىلىرى سۈپىتىدە تارىخ سەھىپىسىگە كىرىپ كەلگەن. بىز گرېك ئەپسانىلىرىدىكى ئايال سەركەردىلىك ئامازون قەبىلىلىرى، مىسوپوتامىيىگە يۆتكەلگەن

سومېر قەبىلىلىرى، قارا دېڭىز ۋە شىمالىي بالقان، كىچىك ئاسىيا ۋە ئاسسۇرىيە زېمىنلىرىدا ئات چاپتۇرۇپ يۈرگەن سىمىلىيان ـ سىكتاي چەۋەندازلىرى، ھىندىستان زېمىنىدا براھمان ۋە بۇددا ئېتىقادىغا ئاساس سالغان ئارىئان ئاھالىلىرى، قەدىمكى تاشقوۋۇقنى ئاچقان ۋە موتىيەنزىنى كۈتۈۋالغان ئۇماي قاتارلىق تارىخىي ۋە ئەپسانىۋى ئۇچۇرلاردىن شەرق ـ غەرب ئالاقىلىرىنىڭ رەسمىي تارىختىن ئىلگىرىكى قىياسىي مەنزىرىسىنى كۆرۈۋالالايمىز. شەرق ـ غەرب قاتنىشى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ شەرققە يۈرۈشى ۋە جۇڭگونىڭ غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر ئەلچىسى جاڭ چيەن بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ غەربكە قىلغان سەپىرىنى نىشان قىلغان ھالدا يېڭى تارىخىي باسقۇچقا كۆتۈرۈلدى. بۇ تارىخىي باسقۇچ كېيىنچە ئىلىم يۈزىدە «يىپەك يولى» دەپ تەسۋىرلەندى. يىپەك يولى ئېچىلغاندىن كېيىن غەربىي يۇرت ئۇنىڭ مەركىزىي بەلۋېغى، ئاساسىي ئۆتكىلى، ھەرخىل مەدەنىيەتلەر ئۆزئارا ئۇچرىشىدىغان تۈگۈنگە ئايلاندى. غەربىي يۇرت «يېزىق يولى» بولۇپ قالدى؛ بۇ يەرگە قەدىمكى گرېك يېزىقى بىلەن خەنزۇ يېزىقى ۋە باشقا ئاسىيا يېزىقلىرى چۈشۈرۈلگەن پۇللار، كىتابلار ۋە يازما ھۆججەتلەر يېتىپ كەلدى؛ غەربىي يۇرت «ئىلاھىيەت يولى» بولۇپ قالدى؛ بۇ يەرگە مەھەللىي شامانىزمنىڭ ھەر خىل ئېقىندىلىرىدىن تاشقىرى، زوروئاستىر دىنى، بۇددا دىنى، مانى دىنى، خرىستىئان (نىستورىئان) دىنى، ئىسلام دىنى بىلەن ئۇنىڭ بىرمۇنچە مەزھەپلىرى يېتىپ كەلدى؛ غەربىي يۇرت «ئەدەبىيات ـ سەنئەت يولى» بولۇپ قالدى؛ بۇ يەرگە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى، ھىندىستان مەدەنىيىتى، ئىران مەدەنىيىتى، ئەرەب مەدەنىيىتى، گرېك مەدەنىيىتى نەمۇنىلىرى ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتتى. بۇ مەدەنىيەتلەر كۇڭفۇزى ئەدەپنامىسى، سوقرات ئەخلاقىي نەسىھەتى، ئەپلاتون ۋە ئارستوتېل پەلسەپىسى، ئىراق كالېندارچىلىقى، ھىندى شەپقەت

ھېكايىچىلىقىدىن تاشقىرى، يەنە، بىناكارلىق، ھەيكەلتىراشلىق، رەسساملىق جەھەتتىكى ھىندى، ئىران ۋە گرېك ئۇسلۇبىنىڭ بەزى ئالامەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

غەربىي يۇرت يالغۇز غەرب مەدەنىيىتىنى «قوبۇل قىلغۇچى ئوچاق» بولۇپ قالغان ئەمەس. ئۇ ئۆزى ئوزۇقلانغان ئەللەر ۋە رايونلارغا ئۆزىنىڭ، مەركىزىي ئاسىيانىڭ، ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك ۋە يىراق شەرقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ئۇتۇقلىرىنى تارقاتتى. دراپېر: «ئەگەر ياۋروپا ئىدىيىلىرى باكتېرىيە ئارقىلىق يىراق شەرققە تارقالغان دەيدىكەنمىز، ئوخشاشلا ئاسىيا چۈشەنچىلىرىمۇ مۇشۇ قانال ئارقىلىق ياۋروپاغا تارقالغان» دەپ توغرا ئېيتقاندى. جۇڭگونىڭ يىپەكچىلىكى، فارفورچىلىقى، قەغەزچىلىكى، كومپاس، مىلتىق دورىسى، مىخ مەتبەئەچىلىكى غەربىي يۇرت ئارقىلىق غەربتىكى دۆلەتلەر ۋە رايونلارغا تارقالغان. غەربىي يۇرتنى ئاساسلىق پائالىيەت سەھنىسى قىلغان مەركىزىي ئاسىيا ئاھالىلىرى يىپەك يولى ئېچىلغاندىن كېيىنمۇ مۇشۇ يولنى بويلاپ كۆپ قېتىم ھىندىستان ۋە غەربىي ئاسىيا رايونلىرىغا، شەرقىي ۋە جەنۇبىي ياۋروپاغا كۆچكەن ياكى يۈرۈش قىلغان. توخرىلار، ئاسىيۇلار، هون، ئاۋارلار، ئېفتالىتلار، غەزنەۋىيلەر ۋە سەلجۇق تۈركلىرى، چىڭگىز قوشۇنلىرى، تېمۇرىيلەر ۋە بابۇر قوشۇنلىرىنىڭ كۆچۈشى ياكى يۈرۈشلىرىنى بۇنىڭغا مىسال قىلىش مۇمكىن. مۇسا خارەزمى، ئەلفەرغانى، ئەبۇ نەسىر فارابى، ئىبىن سىنا قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت ئەربابلىرى ئوتتۇرا - يېقىن شەرق مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەر قوشقان.

غەربىي يۇرت ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى ئاساسىدا ئۆزى قوبۇل قىلغان مەدەنىيەت ۋە سەنئەتتىن ئوزۇقلىنىپ، سىنكرېتىك ئەۋزەللىككە ئىگە باي ۋە رەڭگارەڭ غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئۈچىنچى، غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى ئاھالىسى، ئىگىلىك

شەكلى، مەدەنىيەت ۋە سەنئەت ئەنئەنىسىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئېتنىك گەۋدىسى، ئىگىلىك شەكلى، مەدەنىيەت ۋە سەنئەت ئەنئەنىسىدە ئىزچىللاشقان ھەم مۇجەسسەملەشكەنلىكى غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىنىڭ يەنە بىر تارىخىي خۇسۇسىيىتى ھېسابلىنىدۇ.

روشەنكى، تارىخ ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئىقىمىدىن ئىبارەت. بۇ تارىخىي ئېقىم جەريانىدا ئىنسان تۈركۈملىرى باشتىن ـ ئاياغ بىردەك بولغان ئەمەس. تارىخىي ماتېرىيالىزم ئەزەلدىن مىللەت تۈركۈملىرىنى ئەبەدىي ئۆزگەرمەس تۇرغۇن قېلىپتا قويۇلغان، دەپ قارىغان ئەمەس.

ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي يۇرتتا غوللۇق مىللەت بولۇپ مەيدانغا چىقىشى تاسادىپىي ھادىسە سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى غەربىي يۇرت ئېتنولوگىيىلىك ۋە تارىخىي تەرەققىياتنىڭ قانۇنىي نەتىجىسى سۈپىتىدە يۈز بەرگەن.

ئۇيغۇر خەلقى جۇڭگودىكى ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەتلىك خەلقلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇرلار خەنزۇچە تارىخنامىلەردە «دى» (زەي)، «گۇيفاڭ»، «ئوغۇز»، «گۇيشى»، «دىڭلىڭ»، «خۇيخې»، «تېلې» دەپ پۈتۈلگەن قەبىلە ۋە قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى گەۋدە قىلىپ، ساك، ئاسىيۇ، توخرى، سوغدى قەبىلىلىرى ۋە باشقا قەبىلىلەرنى ئۆز تەركىبىگە قىسمەن قوبۇل قىلىپ، ئۇزاق تارىخىي قوشۇلۇش ۋە پارچىلىنىش ئاساسىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن ۋە قايتا شەكىللەنگەن.

ھازىرقى ئۇيغۇرلار قەدىمكى خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە يېزىلغان «دىڭلىڭ»، «خۇيخې» ياكى «توققۇز ئوغۇز»، «ئون ئۇيغۇر» قەبىلىلىرىنىڭ دەل ئۆزى ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۇ قەبىلىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇ زاماندىكى تارىخىي قاتلىمىنى ئەمەس، بەلكى ئەينى زاماندىكى تارىخىي قاتلىمىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلار باشقا ھەرقايسى مىللەتلەرگە ئوخشاشلا مۇرەككەپ تارىخىي ئېتنىك ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ ھازىرقى

تارىخىي قاتلىمىنى تۈزگەن. بۇ ئۆزگىرىشلەر «بىر ئېتنىك گەۋدىدىن ئايرىلىپ باشقا ئېتنىك گەۋدىگە قوشۇلۇپ كېتىش» بىلەن «ھەرقايسى ئېتنىك گەۋدىلەردىن ئايرىلىپ بىر ئېتنىك گەۋدىگە قوشۇلۇپ كېتىش» تىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي جەرياندىن تەشكىل تاپقان. بۇ — مىللەتتىن ئىبارەت تارىخىي كاتېگورىيىگە مەدەنىيەت ئېتنولوگىيىسى نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلىشتىكى مۇھىم تارىخىي دىئالېكتىكىلىق پرىنسىپ، بۇ پرىنسىپ بويىچە مۇنداق ئىككى يەكۈن چىقىرىش مۇمكىن. بىرىنچىدىن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەجدادلىرى ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىن بېرى غەربىي يۇرتتا ياشىغان. ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىدا چۆكمە ھاسىل قىلغان قەدىمكى غەربىي يۇرت ئاھالىلىرى ئالامەتلىرىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ جىسمانىي، ئىجتىمائىي ۋە مەنىۋى تۈزۈلمە قاتلاملىرىدىن چىقىرىپ تاشلاش مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس. ئىككىنچىدىن، قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ياكى توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ ئەجدادلىرىدىمۇ غەربىي يۇرت ئاھالىلىرىنىڭ تەركىبى كۆرۈنەرلىك بولغان. ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىلا غەربىي يۇرتتا تۇرا — ئۇيغۇرلىشىش ھادىسىسى يۈز بەرگەنىدى. شىمالىي، جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدە كۆچەيگەن غەربىي يۇرتتا ئۇيغۇرلىشىش ھادىسىسى ئاساسىدا ئۇيغۇر ياغلىقار قەبىلىسى كۆكتۈرك خانلىقىنى غۇلىتىشقا مۇيەسسەر بولالىغان. ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن غەربكە يۆتكەلگەن ئادىئېز قاتارلىق ئۇيغۇر قەبىلىلىرى غەربىي يۇرتتا ئۇيغۇرلىشىش جەريانىنى ئاخىرىغا يەتكۈزدى. ف. ئېنگېلس توغرا ئېيتقان: «بىز تارىخنى قانچىلىك تىرەن ئىچكىرىلەپ كۆزىتىدىغان بولساق، كېلىپ چىقىشى بىر بولغان خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ شۇنچە كۆپلەپ يوقىلىپ بارىدىغانلىقىنى كۆرىمىز.»⑤

(غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى تېگى - تەكتىدىن غەربىي

يۈرت ئېتىنىڭ مۇھىتى ۋە مەدەنىيەت مۇھىتىنىڭ تارىخىي سەمەرىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەگەر غەربىي يۇرتنىڭ ئىپتىدائىي تەسۋىرى سەنئەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى بولمىغان بولسا، ئەگەر غەربىي يۇرت ئاھالىسى «ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ئالاھىدە ماھىر» بولمىغان بولسا، ئەگەر غەربىي يۇرت ئاھالىلىرى خۇددى جۇڭگونىڭ بۇددا سەيياھلىرى ئېيتقاندەك ئۆز زامانىسىنىڭ بىرقەدەر يۇقىرى مەدەنىيەت ۋە سەنئەت سەۋىيىسىدە ياشىمىغان بولسا، نوقۇل ساكيامونى بۇددىزمى تەرغىباتى بىلەنلا مۇنداق ئالەمشۇمۇل سەنئەت خەزىنىسىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا مۇۋەپپەق بولمىغان بولاتتى. بۇ شىنجاڭنىڭ تاشكېمىر سەنئىتىنى نوقۇل بۇددىزم سەمەرىسى ياكى نوقۇل ھىندىستان مەدەنىيىتىنىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى دەيدىغان قاراشلارنىڭ تېتىقسىزلىقىنى كۆرسىتىدۇ. سەنئەت تارىخىمۇ باشقا ھادىسىلەردە ھەر قاچان «ئىچكى ئامىل»نى ئۆزگىرىشنىڭ تۈپ سەۋەبى، «تاشقى ئامىل»نى ئۆزگىرىشنىڭ تاشقى شەرتى قىلىدۇ.)

## 3. تەتقىقات ئۇسۇلى

غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرى بىباھا سەنئەت خەزىنىسى، ئۇ تارىخىي جەھەتتىن ھەم ئۈزۈلگەن، ھەم ۋاقىت تۇزانلىرىغا كۆمۈلگەن بولۇپلا قالماستىن، يەنە بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە بەزى تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن ھەم مونوپولىيە قىلىنغان، ھەم ئۆز خاھىشىنى نۇقتا قىلغان ھالدا ئىزاھلانغان. بۇ ھال بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتنىڭ مۇشكۈللۈكىنى كۆرسىتىدۇ. روشەنكى، بۇ مۇشكۈللۈك تەتقىقات ئۇسۇلىنىڭ ھەقىقىي ئىلمىي ئۇسۇل بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشنىڭ يېتەكچى پرىنسىپى تارىخىي ماتېرىيالىزمدىن ئىبارەت. بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

«ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش»نى، تارىخنى تارىخ بويىچە ئىزاھلاشنى، سەنئەت ئىدېئولوگىيىسىنى دىنىي ئىدېئولوگىيە بىلەن ئەمەس، بەلكى كونكرېت تارىخىي دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ھالىتى ئارقىلىق يورۇتۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى بۇددىزم ئىلاھىيەتچىلىكى ۋە ئەپسانىلىرى بىلەن كىيىندۇرۇلگەن بولۇشىغا قارىماي، ئۇ ئەينى زامان ئىجتىمائىي تەقەززالىرى ۋە ئەينى زامان رېئاللىقىنىڭ ئىدېئولوگىيىلىك شولىسى ئىدى، خالاس. روشەنكى، دىنىي ئىلاھىيەتچىلىكتە ھېچقانداق غەيرىي رېئاللىق ۋە غەيرىي مەۋجۇتلۇق ئىنفورماتسىيىسى بولمايدۇ، بەلكى پەقەت رېئاللىق بىلەن مەۋجۇتلۇقنىڭ فانتازىيىلەشتۈرۈلگەن، نالە ۋە ئۈمىدلەشتۈرۈلگەن ئىنفورماتسىيىسى بولىدۇ. بۇ دىنىي ئىلاھىيەتچىلىك پەيدا بولغان جايلار ئۇچۇنلا شۇنداق بولۇپ قالماي، دىنىي ئىلاھىيەتچىلىك قوبۇل قىلىنغان جايلار ئۇچۇنمۇ شۇنداق.

غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى تەتقىقاتىدا يېقىنقى بىر ئەسىردىن بېرى كۈچلۈك ئىپادىلەنگەن، ھەتتا مەلۇم «ئىلمىي نوپۇز» تىكلىۋالغان «غەرب مەركەز نەزەرىيىسى» تەسىرىنى ئاشكارىلىق تازىلاش كېرەك. ھەممە مەدەنىيەت غەربتە ئاپىرىدە بولغان، غەرب تەسىرى شەرق مەدەنىيىتىنى چۈشىنىشنىڭ ئاچقۇچى، دەيدىغان قاراشلار يالغۇز غەرب ئالىملىرىنى مەھلىيا قىلىپ قالماستىن، جۇڭگودىكى بەزى تەتقىقاتچىلارنىمۇ مەپتۇن قىلىۋالغان. ئامېرىكا تارىخچىسى پروفېسسور ۋىللىئام مىكگۋېرىن «مەركىزىي ئاسىيادىكى قەدىمكى ئەللەر تارىخى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېگەنىدى: «ئۇزاق يىللاردىن بېرى بىزنىڭ ياۋروپا مەدەنىيىتىمىزنىڭ كۆپ قىسمى رىم ۋە گرېتسىيە ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن دەپ ئېتىراپ قىلىپ كەلگەنىدۇق... يېقىنقى تارىخ تەتقىقاتى بىلەن ئارخېئولوگىيىلىك ئېنىقلاشلار مۇنداق نەزەرىيىنىڭ ئويدۇرما ئىكەنلىكىنى

ئىسپاتلىدى». «ياۋروپا، ھەتتا ئامېرىكىنىڭ مەدەنىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ھاياتى مەركىزىي ئاسىيانىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان.» بىز ھەممە مەدەنىيەت غەربتىن كەلگەن دېگەن قاراشنى رەت قىلىش بىلەن بىللە، ھەممە مەدەنىيەت شەرقتە يارالغان دەيدىغان قاراش بىلەن، ھەممە مىللىي مەدەنىيەتلەر نوقۇل مەھەللىي سەمەرە دەيدىغان قاراشنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز لازىم. «مەدەنىيەت ئىۋولوتسىيىسى» قاراشلىرى ھەممە مەدەنىيەت مەھەللىي مەدەنىيەتتىن تەدرىجىي ئۆسۈپ چىقىدۇ، دەپ مۇتلەقلەشتۈرۈپ، ھەر خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا تەسىر قىلىشىنى ئىنكار قىلىدۇ. «مەدەنىيەت دىففۇزىيىسى» قاراشلىرى ھەممە مەدەنىيەت بىر ياكى بىرقانچىلا مەدەنىيەتلىك مىللەتلەردىن باشقا «تەبىئىي مىللەت» لەرگە تارقىلىدۇ، دەپ مۇتلەقلەشتۈرۈپ، ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئىختىرا قىلىش قابىلىيەتلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ. بىز مىللىي مەدەنىيەت، مەھەللىي مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزىنى ئاساس قىلغان ھالدا، باشقا خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە كۆپ قاتلاملىق سىنكرېتىك مەلەكە ھاسىل قىلىدىغانلىقى قارىشىدا چىڭ تۇرىمىز. بۇ مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزىدىن كەڭرەك مەدەنىيەت تۇپرىقىدىن ئوزۇقلىنىش ئارقىلىق راۋاجلىنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى تەتقىقاتىدا بىۋاستە ماتېرىياللار — ساقلىنىپ قالغان مىڭئۆيلەر، يازما تارىخىي مەنبەلەر، باشقا ئاسارئەتىقىلەر، فولكلور مەنبەلىرى ئۈستىدە ئارىلاشما - سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىش بىلەن بىللە ۋاستىلىك — مەنتىقىي مۇھاكىمە ئۇسۇلىدىن — مۇھىمى ئىنتېرپولياتسىيە ۋە رېتروسپېكتىۋ ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ. ئىنتېرپولياتسىيە ئۇسۇلى ماكان ئاتلاش خاراكتېرلىك ئۇسۇل بولۇپ، بۇ بىزگە شىنجاڭنىڭ تاشكېمىر سەنئىتى تەتقىقاتىدىكى مەنبەسىز بوشلۇقلارنى ئىزاھلاشتا ئەتراپتىكى

www.uyghurkitap.com

سەنئەت يادىكارلىقلىرىدىن قىياسىي پايدىلىنىش مۇمكىنچىلىكلىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ. رېتروسپېكتىۋ ئۇسۇلى زامان ئاتلاش خاراكتېرلىك ئۇسۇل بولۇپ، بۇ بىزگە شىنجاڭ تاشكېمىر سەنئىتى تەتقىقاتىدىكى مەنبەسىز بوشلۇقلارنى ئىزاھلاشتا ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى دەۋرلەردىكى سەنئەت يادىكارلىقلىرىنى ئىز قوغلاپ مۇھاكىمە قىلىش ئىمكانىيىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ خىل تەتقىقات ئۇسۇلى توغرا مېتودولوگىيە يېتەكچىلىكىدە تارىخنىڭ مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى لازىم.

شۇنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، چەت ئەل شەرقشۇناسلىرى بۇ مۇھىم سەنئەت تارىخى تېمىسىنى شەكلەن ئەمەس، مەزمۇنەن، قىياسەن ئەمەس، ئەينەن، نوقۇل تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئەمەس، كۆپ خىل پەن تارماقلىرى ئاساسىدا يورۇتۇشتا خەنزۇ، بولۇپمۇ يەرلىك تەتقىقاتچىلارنىڭ ئورنىنى باسالىشى مۇشكۈل، ئەلۋەتتە. ھەقىقىي تارىخ تەتقىقاتى ھەممىدىن ئىلگىرى ھەرقايسى مەدەنىيەت رايونلىرى بىلەن مەدەنىيەت چەمبەرلىرى ۋە مەدەنىيەت تىپلىرىنى ئۇنىڭ ئۆز كىشىلىرى ئەركىن ـ ئازادە تەتقىق قىلىشقا قانچىلىك تەشنا ـ ھە!

ئىزاھلار:

① «غەربىي يۇرت» ـــ ھازىر مۇشۇ ئىبارە بىلەن ئىپادىلىنىۋاتقان زېمىننىڭ يەرلىك نامى بولماستىن، خۇددى ھىندىستانلىقلار بۇ زېمىننى «سىرئىندىيە» (ھىندىستان شىمالىدىكى يۇرت) دەپ ئاتىغاندەك، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەرنىڭ ياڭگۇەن قوۋۇقىنىڭ غەربىدىكى ئەل ـ يۇرتلارنى ئاتاشتا ئىشلەتكەن جۇغراپىيىلىك ئىبارىسى. ئۇ مەيلى «يۇرت»، «دىيار»، «رايون»، «زۇننا»، «ئەللەر» دەپ ئاتالسۇن، ھەممىسى «غەربىي يۇرت» ئىبارىسىنى گەۋدىلەندۇرىدۇ. بىز ھازىر ئىلىم دۇنياسى قوللىنىۋاتقان بۇ ئىبارىنى ئۇنىڭ ئورنىغا قويۇلىدىغان ئەسلىي يەرلىك نامى نامەلۇم بولغانلىقى سەۋەبلىك قوللاندۇق.

② سىنكرېتىك مەدەنىيەت ـــ مەلۇم مىللىي ـ مەھەللىي

مەدەنىيەتنىڭ ئۆز بولىقى ۋە ئۇلى ئاساسىدا باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرەلەيدىغان، نەتىجىدە ئۆزىنىڭ خاسلىقىغا ئىگە مەدەنىيەت تەرتىپىنى تېخىمۇ بېيىتىدىغان مەدەنىيەت ھادىسىسى، ئۇ مەنبە بىلەن قوشۇلغان ئېقىملارنى، ئۆز تىپى بىلەن ئۆزلەشكەن مەدەنىيەت ئامىللىرىنى پەرقلەندۈرىدۇ. ئۇ قارىغۇيۇق قېتىشما ئەمەس.

③ فوتورولوگىيە ــ كەلگۈسىشۇناسلىق. بۇ مۇھىمى مىللەت، دۆلەت ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ھازىرقى پائالىيەت يۈزلىنىشىدىن ئۇنىڭ مەلۇم زاماندىن كېيىنكى ئاقىۋەتلىرىنى مۆلچەرلەيدۇ. ئۇ رىغبەتلەندۈرۈش، تىزگىنلەش ئارقىلىق كىشىلىك تەرەققىياتنىڭ كامالەتكە قاراپ يۈزلىنىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

④ ئېتنوگېنېز ــ مىللەتنىڭ مەنبەسى، مىللىي تۈركۈمنىڭ يىراق تۈپ يىلتىزى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي قاتلاملىرىدىكى گېنېئالوگىيىلىك (پەيدا بولۇشىدىكى) ھادىسە.

⑤ «ماركس ـ ئېنگېلس ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەققىدە»، 1957 ـ يىلى رۇسچە نەشرى، 2 ـ توم، 321 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى باب

# غەربىي يۇرتتا ئىپتىدائىي تەسۋىرىي سەنئەت

## 1. مەسىلىنىڭ قويۇلۇشى

غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى تەتقىقاتىدا ئىپتىدائىي تەسۋىرىي سەنئەت نەمۇنىلىرى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتۈشنىڭ ئەھمىيىتى ئىككى: ئۇنىڭ بىرىنچىسى، غەربىي يۇرتتا «ئەزەلدىن مەدەنىيەت بولمىغان»، غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى «ھىندىستان مەدەنىيىتى ئېشىندىلىرىغا ئېرىشىشتىن ھاسىل بولغان»[①] دېگەن نېگىلىزلىق قاراشلارغا خاتىمە بېرىش بولسا؛ ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ تارىخىي ئاساسلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشتىن ئىبارەت.

ئالدى بىلەن شۇ نەرسىگە نەزەر ئاغدۇرۇش ھاجەتكى، غەربىي يۇرتتا «ئەزەلدىن مەدەنىيەت بولمىغان» دېگەن قاراش يالغۇز شاڭداغا خاس تەنھا قاراش بولماستىن، بەلكى ئۆز ئالدىغا بىر ئېقىم ھاسىل بولغان خاتا قاراشتۇر.

مەلۇمكى، دۇنيادا ھېچقانداق «ئەزەلدىن مەدەنىيىتى بولمىغان» مىللەت بولغان ئەمەس. نوقۇل ھالدا باشقا مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئېشىندىلىرىغا تايىنىپ ياشايدىغان مىللەتنى مىللەت دەپ ئاتىغىلى بولمايدۇ. بۇ خىل كۆزقاراش «مەدەنىيەت دىففۇزىيىسى نەزەرىيىسى» تەرەپدارلىرىنىڭ بازارغا سالغان «دۇنيادا ئىككى تۈرلۈك مىللەت بولىدۇ: بىرى، مەدەنىيەتلىك مىللەت، مەدەنىيەت تارقاتقۇچى مىللەت؛ يەنە بىرى، تەبىئىي مىللەت، مەدەنىيەت قوبۇل قىلغۇچى مىللەت» دەيدىغان

قاراشلىرىدىنمۇ تېتىقسىز بولۇپ، قانداقتۇر «ئەزەلدىن مەدەنىيىتى بولمىغان مىللەت» ئىبارىسىنى قوللانغان. نەتىجىدە شاڭ دا ئەپەندى «تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەن ۋە غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى» سەرلەۋھىسىدە: «تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەن ۋە ھىندىستان مەدەنىيىتى» تېمىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزىنى مەنتىقىي بوھران ئىچىگە باشلاپ كىرگەن، بۇ مەسىلىنىڭ بىر تەرىپى.

بۇنىڭدىن باشقا، شاڭ دا ئەپەندىنىڭ تەپەككۇر قېلىپى بويىچە پىكىر يۈرگۈزگۈچىلەر، ھىندىستان، ئىراننىڭ قەدىمكى ئاھالىلىرى بىلەن قەدىمكى مەدەنىيەت قاتلاملىرىدا ھازىرقى شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ـ مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى ئىنسان گۇرۇھى تەركىبىدىكى سومىر، ئارىئان، ساك قاتارلىق قەدىمكى خەلقلەر ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت چوققىلىرى ساقلانغانلىقىنى قانداق ئىزاھلىشى مۇمكىن؟ ھېچقانداق «ئەزەلدىن مەدەنىيىتى بولمىغان» غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ ئەجدادلىرى ئاندورونوپلار مەدەنىيىتى، قاراسۇق مەدەنىيىتى، تاكار مەدەنىيىتى، لوپنۇر مەدەنىيىتى، ئاناۋ مەدەنىيىتى ۋە باشقا ئىپتىدائىي مەدەنىيەتلەرنى قانداق يارىتىشى مۇمكىن؟ روشەنكى، مۇنداق قاراش ئىلىم ـ پەن نۇقتىسىدىن تولىمۇ تېتىقسىز بولۇش بىلەن بىللە، بىر جۇڭگولۇق تەتقىقاتچى ئۈچۈن نومۇس ئىشتۇر.

غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ تەسۋىرىي سەنئەت تارىخى ئىنتايىن ئۇزۇن. غەربىي يۇرت ئىپتىدائىي ئىنسان گۇرۇھى ئۆز پائالىيەتلىرىنىڭ تارىخىنى تاكى يېزىق ئىختىرا قىلىنغۇچە بولغان تولىمۇ ئۇزاق نادانلىق، ياۋايىلىق دەۋرلىرىدە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ئىپتىدائىي ئېتىقادى ۋە سەنئەت ۋاستىلىرى بىلەن كونا ـ يېڭى تاش قوراللار دەۋرى، برونزا قوراللار دەۋرىدىكى يادىكارلىقلىرىغا سىزىپ قالدۇرغان. يېزىق تارىخىدىن تولىمۇ ئۇزۇن بولغان بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تارىخ ئۆزىنىڭ ئىپادىلىگەن مەزمۇنى، ئىپادىلەش ۋاستىلىرى، ئىپادىلەنگەن دائىرىسى جەھەتتىن يىراق ئۆتمۈشنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىغا مۇناسىپ خىلمۇخىل بولغان. ھازىرقى كىشىلىرىمىز ئۈچۈن تېخى سىرلىق ياكى يېرىم سىرلىق كۆرۈنگەن بۇ ئىزنالار ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ، جۈملىدىن بەدىئىي تەپەككۇر تارىخىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئىنفورماتسىيىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئەلۋەتتە، قەدىمكى غەربىي يۇرتتەك بۇ كەڭ سەتئىلىك زېمىن كۆكسىدىكى ئىپتىدائىي تۇرمۇشنىڭ تەسۋىرىي يادنامىلىرى بىزگە تېخى ئۆزىنىڭ روشەن ۋە مۇكەممەل قىياپىتىنى ئاشكارىلىغىنى يوق. ئۇنىڭ بىر قىسمى تارىخ ئۇچقۇنلىرىدا مەڭگۈلۈك يوقالغان. شۇنداقتىمۇ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلانغان، ناگان - ناگاندا يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ئارخېئولوگىيىلىك ۋە ئانتروپولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر بۇ كەڭ زېمىندىكى ئىپتىدائىي ئىنسان ھاياتىنىڭ بىرقەدەر ئومۇمىي مەنزىرىسىنى قىياس قىلىشقا ئىمكانىيەت ياراتتى.

دەرھەقىقەت، غەربىي يۇرتتىكى تەسۋىرىي سەنئەتنىڭ ئىپتىدائىي نەمۇنىلىرى ۋە ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ئوبرازلىق تەپەككۇر ۋە ئىپتىدائىي ئېتىقاد مەزمۇنلىرى ئۆز ئالدىغا خاس تېماتىكا. بىز بۇ يەردە پەقەت قىيا تاش رەسىملىرى، بالبال ۋە مەبۇد قورچاقلار ئۈستىدىلا نۇقتىلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز.

ئىپتىدائىي ۋە قەدىمكى غەربىي يۇرتلۇقلار خۇددى مەركىزىي ئاسىيا ئاھالىلىرىگە ئوخشاش تاغ - جىلغا مەدەنىيىتى، يايلاق مەدەنىيىتى، بوستانلىق مەدەنىيىتىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ كەلگەن. ئۇلار بۇ ئۈچ خىل مەدەنىيەت تىپىغا لايىق غار - ئۆڭكۈر ۋە قىيا تاش سىزمىلىرى سەنئىتى، مەبۇد قورچاق ۋە بالبال سەنئىتى، تاشكېمىر سەنئىتى ئىزنالىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. بىز تۆۋەندە غەربىي يۇرت بوستانلىق مەدەنىيىتىنىڭ ئاجايىپ مۆجىزىسى ھېسابلانغان تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ مەيدانغا

كېلىش ئالدىدىكى غار ـ ئۆڭكۈر ۋە قىيا تاش سىزمىلىرى سەنئىتى بىلەن مەبۇد قورچاق ۋە بالبال ئويمىكەشلىكى سەنئىتى ئۇستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## 2. غەربىي يۇرت قىيا تاش سىزمىلىرى

1878 ـ يىلى فىرانسىيىدىكى ئالتامىرا ئۆڭكۈر ـ غار سىزمىلىرى تېپىلغاندىن بېرى، قىيا تاش سىزمىلىرى تەتقىقاتى ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم دائىرىسىگە ئايلاندى. ھازىرغىچە سەكسەندىن ئارتۇق مەملىكەت ۋە رايوندا سان ـ ساناقسىز قىيا تاش سىزمىلىرىنىڭ بارلىقى بايقالدى. ئېلىمىز جۇڭگونىڭ فۇجيەن، يۈننەن، چىڭخەي، بولۇپمۇ شىنجاڭ ۋە ئىچكى موڭغۇل قاتارلىق رايونلىرىدىن كۆپلىگەن قىيا تاش سىزمىلىرى تۈركۈملىرى تېپىلدى.

ھازىرغىچە بايقالغان قىيا تاش سىزمىلىرى نەچچە ئون مىڭ يىلدىن نەچچە مىڭ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇشى، ئېتىقادى ۋە سەنئىتىنى چۈشىنىشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى، ئۇ ئىنسانىيەت تەپەككۇر روھىيىتىنىڭ ئۆسۈپ بېرىشىنى چۈشەندۈرىدىغان كۆرۈنۈشلۈك ئۇچۇر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

غەربىي يۇرت قىيا تاش سىزمىلىرى بايقال كۆلىدىن ئامۇ دەرياسى جىلغىلىرىغىچە، چوغاي تاغلىرىدىن كوئېنلۇن ۋە پامىر تاغلىرىغىچە ئورتاق چەمبەر شەكىللەندۈرگەن. بىز بۇنى ئىپتىدائىي ئىنسان ئەڭ دەسلەپ باشتىن كەچۈرگەن تاغ ـ جىلغا يولى ۋە مەدەنىيىتى بويىچە ئۈچ لىنىيىگە بۆلۈپ مۇھاكىمە قىلىمىز:

بىرىنچى، بايقال ـ ئالتاي لىنىيىسىدىكى قىيا تاش سىزمىلىرىغا ئاساسەن تۆۋەندىكى قىيا تاش سىزما تۈركۈملىرى كىرىدۇ:

www.uyghurkitap.com


— بايقال كۆلىنىڭ غەربىدىكى لىنا دەرياسى ۋادىسىدىكى قىيا تاشلارغا ھەممىگە ئورتاق بولغان كۆپلىگەن تاغ تېكىلىرىنىڭ ئوبرازى چېكىلگەندىن باشقا، سۇ يۈزىدە قېيىق مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ كۆرۈنۈشى بېرىلگەن. ئۇلار تار، ئۇزۇن قېيىقلاردا باشلىرىغا مۈڭگۈز سىياقىدىكى بېزەكلىرىنى تاقاپ ئۆرە تۇرۇشقان. بۇ كۆرۈنۈش بىزگە ھازىرقى جەنۇبىي جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ ھەر يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان قېيىق مۇسابىقە سەيلىسىنى ئەسلىتىدۇ ( 1 ـ رەسىم).



1 ـ رەسىم

— ئالتاي ـ سايان تاغلىق رايونىدىكى يېنسەي دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىدىكى جىلغىلارغا سان ـ ساناقسىز ھەر خىل قىياپەتتىكى تاغ تېكىلىرى، ئاچا مۈڭگۈزلۈك بۇغا ـ ماراللار، بەزىدە ئۆكۈزلەر بىلەن بىللە بۆرە (بولۇپمۇ «ئورتا سارغول» دا)، ياياق، ئاتلىق كىشىلەر، سالغا، ئوقيا تۇتقان كىشىلەر، كۆندۈرۈلگەن ئىتلارنىڭ كۆرۈنۈشلىرى چېكىلگەن. بۇنىڭدىن باشقا ئات قوشۇلغان ئىككى كۆتەك ھارۋا («چىڭگىزخان جىلغىسى» دا)، ئۈچ شادىلىق ئەگمە يار ـ يار ھارۋا («ئورتا سارغول» دا)، تۆت شادىلىق ئەگمە چاقلىق بىر ياكى ئىككى ئات قوشۇلغان ھارۋا («ئورتا سارغول»، «موغۇر سارغول»، «سېنى چۆرىك» دا)، يەتتە شادىلىق ئىككى ئات قوشۇلغان ھارۋا («چىنگى» دا) كۆرۈنۈشلىرى بېرىلگەن (2 ـ رەسىم).

— شىنجاڭدىكى ئالتاي تېغى تىزمىسىدىكى ساۋۇر تېغى، جېمىنەي تېغى، تارباغاتاي تېغى، بارلۇق تېغى، زايىر تېغى،



2 ـ رەسىم

ئالاتوۋ غول ـ جىلغىلىرىدىكى قىيا تاشلارغا كۆپلىگەن تەسۋىرىي سىزمىلار چېكىلگەن.

— كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ تامبالىتاش قىيالىرىغا قىزىل گىلدا قىرىپ سىزىلغان رەسىمدە ئىككى ئاتلىقنىڭ يىراقتىن كېلىۋاتقانلىقى، ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان بىر ئايال ۋە يەنە بىر مالچى بىلەن ئىت، قۇش تەسۋىرى بېرىلگەن. بۇ سىزمىلاردىكى ئادەم ئوبرازلىرى كېيىندۈرۈلگەن، ئايالغا ئۆتۈك كىيدۈرۈلگەن.

يەنە تامبالىتاشقا قىزىل گىلدا كوللېكتىپ ئۇسسۇل ئوبرازى چېكىلگەن. ئۇستۇنكى قاتاردا دەرەخسىمان بىر نەرسىگە قاراپ بەش كىشى ئۇسسۇل ئويناۋاتقان بولۇپ، بىرىنچى كىشىنىڭ

www.uyghurkitap.com

بېشىدا ئۈچ دانە پۆپۈك (ياكى مۈڭگۈز) كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئاستىنقى قاتاردا بەش كىشى ئۇسسۇل ئويناۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭدىمۇ باشتىكى كىشى بېشىغا ئوخشاش نەرسە تاقىغان. ئۇلار ئۇسسۇل باشلىغۇچى سالسى ياكى ئىبادەت باشلىغۇچى پېرىخون (قامان) ئوبرازىنى ئەسلىتىدۇ.

— بۇرچىن ناھىيىسىنىڭ ئىچتاش قىياسىغا ئۇۋچىنىڭ تاغ تېكىسىنى سالما بىلەن تۇتقانلىق تەسۋىرى چېكىلگەن بولۇپ، بۇ قىيا تاش سىزمىلىرىدا سالمىنىڭ تۇنجى كۆرۈنۈشى ھېسابلىنىدۇ.

— قابا ناھىيىسىدىكى ساراجون غارىدىكى گرانىت تاشقا رەڭدار قىلىپ، ئۈچ قاتار جەمئىي 16 كىشىنىڭ ئوبرازى سىزىلغان. ئۇلارنىڭ ئىككىسى يۇقىرىدا، ئالتىسى ئوتتۇرىدا، سەككىزى ئاستىدا بولۇپ، ئۇلار قويرۇق تاقاشقان، قول - پۇتلىرىنى كېرىشكەن قىياپەتتە. بىر چەتكە ئىككىسى چوڭ، بىرى كىچىك ئۈچ تاغنىڭ بەلگىسى سىزىلغان. يان تەرەپكە يەنە يۇقىرىقى كۆرۈنۈشتىكى ئىككى كىشىنىڭ رەسمى چوڭايتىپ سىزىلغان. بۇنداق قويرۇق تاقاپ قائىدىلىك پائالىيەتكە چۈشكەن كىشىلەر ئارىسىدا ھايۋان ئوبرازى كۆرۈنمىگەچكە، دىنىي ئىبادەت ئۇسسۇلى ياكى ئۇرۇقداش قەبىلىلەر جېڭى بولۇشى ئېھتىمال دەپ قىياس قىلىمىز. ئۈچ تاغنىڭ چوڭلىرى ئالتە ۋە سەككىز كىشىلىك قاتارغا، كىچىكى ئىككى كىشىلىك قاتارغا ئالاقىدار ياكى ئەمەسلىكى نامەلۇم.

— قابا ناھىيىسى جاناستىكى قىيا تاشلارغا قارچىغا - بۈركۈت بىلەن شىكار قىلىش كۆرۈنۈشى سىزىلغان.


— ئالتاي ئۇلاستاي قىيالىرىغا ئوقيا تۇتقان، تايغان ئەگەشتۈرگەن ئۇۋچىنىڭ رەسمى سىزىلغان. رەسىمدە ئوقيا تېگىپ يىقىلغان بىر تاغ تېكىسى ۋە قاچقان تاغ تېكىلىرىگە قاراپ تۇرغان بۆغىنىڭ ئوبرازى بېرىلگەن.

— چاغانتوقاي سارچوقا تاغ باغرىدىكى يالاڭ قىيا تاشلارغا

يالىڭاچ ئوۋچىنىڭ ئىككى قوللۇق ئوقيا (سالغا) بىلەن كېلەڭسىز بىر هايۋان (ئېيىق)نى ئېتىۋاتقانلىقى ۋە ئۇنىڭ تايغان ئىتىنىڭ ئوبرازى بېرىلگەن.

— چاغانتوقاي ناھىيىسىنىڭ جەنبار تاغ قىيالىرىغا بېشىدا تۆت بۇرۇج مۈڭگۈز سىياقىدىكى ئالامىتى بار، يالىڭاچ ئادەمنىڭ قوللىرىغا تاش ئېلىپ تاغ تېكىسى ئوۋلاۋاتقانلىق كۆرۈنۈشى، ئۇنىڭ ئالدىدا ئىككى تاغ تېكىسى بولۇپ، بىرىنى تايغان ئىتى قوغلاپ كېتىۋاتقانلىقى سىزىلغان. بۇ بىزگە ئىنسانلارنىڭ تايغاننى كۆندۈرۈشى ئوقيانى ئىختىرا قىلىشتىن مۇقەددەملىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.

— چاغانتوقاي ناھىيىسىنىڭ بارلۇق تېغى بارداغۇ تاغ ئىچى قىيالىرىغا قوللىرىنى ئۇسسۇل ياكى مۇشتلىشىش ھالىتىدە كۆتۈرگەن يېقىنقى (چوڭ) ۋە يىراقتىن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان (كىچىك) ئىككى كىشىنىڭ ئوبرازى چېكىلگەن.



3 ـ رەسىم

شۇ قىيا تاشتىكى يەنە بىر رەسىمگە ئىككى تاغ تېكىسىگە بىر ئىت قاراپ تۇرغان، يۇقىرىدا ئىككى، تۆۋەندە بىر كىشىنىڭ ئۇرۇشۇۋاتقان، ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ياكى مۇھەببەتلىشىۋاتقان


ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆرۈنۈشى چېكىلگەن (3 ـ رەسىم). بۇ كىشىلەر بېشىغا ئىپتىدائىي توتېم بەلگىلىرى قادىغان بولۇپ (قۇياش سىماسىدا)، يالىڭاچ تەسۋىرلەنگەن.

— چاغانتوقاي ناھىيىسى سارچوقا بايلىقىدىكى تاغ قىيالىرىغا ئىككى پارچە يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل، بىر پارچە ئىككى كىشىلىك ئۇسسۇل كۆرۈنۈشى چېكىلگەن بولۇپ، بۇ يالىڭاچ ئۇسسۇلچىلاردىن يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل ئوينىغۇچى قۇيرۇق تاقىۋالغان.

— چاغانتوقاي قىزىلتاش بۇلاقتىكى قىيا تاشقا بىر چېدىر شەكىللىك قورۇق (قوتان) ئىچىدە بىر ئىت، سىرتىدا ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقان مالچى بىلەن ۋارقىراۋاتقان پىيادە مالچى، قورۇققا قايتقان ۋە قايتماي قاچقان چارۋىلار بىلەن ئىتلارنىڭ ئۇلارنى قوغلاپ كېتىۋاتقان كۆرۈنۈشى سىزىلغان. بۇ ئىپتىدائىي ئۆي چارۋىچىلىرىنىڭ دەسلەپكى جەريانلىرىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

— دۆربىلجىن (ئېمىل) ناھىيىسى قارا ئېمىل دەرياسى لېۋىدىكى قىياغا ئالدىغا تايغان ئىتنى سېلىپ ئوۋلاشقا ماڭغان ئاتلىق ئوۋچىنىڭ ئوبرازى چېكىلگەن.



4 ـ رەسىم. «تامبالتاش» قىياسىغا چېكىلگەن قۇياش ئىلاھىنىڭ سىمۋولى

— ئىلقا ناھىيىسى ئۆكتەبىر يېزىسى يايلىقىدىكى قىيا تاشقا ئۈچ تايغاننى ئەگەشتۈرگەن ئوقيا تۇتقان ئوۋچى بىلەن دالىدىكى بۇغىلار تەسۋىرى چېكىلگەن.

يېقىندا يەنە ئالتاي ( سارسۇمبە) شەھىرى قاندىدۆت دېگەن جايدىن قىيا تاشقا سىزىلغان ئوۋچىلىق، ئائىلە مالچىلىقى ۋە ئۇسسۇللۇق مەنزىرە تەسۋىرلەنگەن قىيا تاش سىزمىلىرى تېپىلدى.

— ئالماتاغا يېقىن «تامبالىتاش» قىياسىغا ئىپتىدائىي قۇياش ئېتىقادىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «قۇياش ئىلاھى»نىڭ يەرگە، ئۆكۈزگە دەسسەپ تۇرغان سىمۋولى بىلەن دەرەخ شەكىللىك قۇياش ئىلاھىنىڭ ئوبرازى سىزىلغان (4 ـ رەسىم).



5 ـ رەسىم. ئاتقا ئېتىلغان بىر توپ بۆرە ۋە قۇشلار

ئىككىنچى، چوغاي ـ تەڭرىتېغى لىنىيىسىدىكى قىيا سىزمىلىرىغا مۇھىمى تۆۋەندىكى قىيا تاش سىزما تۈركۈملىرى كىرىدۇ:

— چوغاي تاغلىرى تەركىبىدىكى خان ئولا چوققىسىدىن 7500 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تاغلىق جىلغىلار ئۈستىدە 1977 ـ، 1980 ـ يىللىرى ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈش جەريانىدا بۇ يەردە يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىن برونزا قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ھەرقايسى دەۋرلەردە سىزىلغان 10 مىڭدىن ئارتۇق قىيا تاش سىزمىلىرى بارلىقى ئىسپاتلاندى. چىلىيەنشەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تېغى، تەڭرىتېغى ۋە ئالتاي تاغ تىزمىسىدىكى قىيا تاش سىزمىلىرىغا يانداشقان بۇ ئىپتىدائىي سەنئەت يادىكارلىقلىرىغا ھەر خىل ھايۋانلار (بۇغا - مارال، تۆگە، بۆرە، كېيىك، يولۋاس، تاغ تېكىسى، ئات، ئىت ...)، ئوقيا تۇتقان ئوۋچىلار، ئاتلىق كۆپلىگەن كىشىلەر، ئوقيالىق بىر - بىرى بىلەن جەڭ قىلىشىۋاتقان ئۇرۇق - قەبىلە كۆرۈنۈشلىرى، سەككىز شادىلىق ۋە 15 شادىلىق ھارۋىنىڭ كۆرۈنۈشلىرى، قوياش، ئاي، يۇلتۇز بەلگىلىرى، ھەر خىل تامغا ۋە ئالامەتلەر، قوياشقا تېۋىنىۋاتقان كىشىنىڭ كۆرۈنۈشى، يالىڭاچ ھەم كىيىنگەن كىشلەرنىڭ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان كۆرۈنۈشلىرى، ھەر خىل توتېملىق نىقابلار كىرىدۇ. ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەر ئارىسىدا ھايۋان قىياپىتىگە ئوخشاش نىقابلانغان، سېرىك سىياقى ھەرىكەت ئىپادىلەۋاتقان قىيا تاش سىزمىلىرى بار.



6 - رەسىم. قوياشقا تېۋىنىۋاتقان ۋە ئۇسسۇللۇق قىيا تاش سىزمىلىرى

— شەرقىي تەڭرىتاغلىرى ئېتەكلىرىدىكى باركۆل ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى قىزىلتاش، جەنۇبىدىكى قاراڭغۇ جىلغا، شەرقىدىكى شىرىنزى (بالباللىق)، غەربىدىكى كۆكيار بىلەن ئوتتۇرىدىكى خۇايۇەن (باغچە) كەنتىدىكى قىيا تاش ۋە

قورام تاشلارغا كۆپلىگەن قىيا تاش سىزمىلىرى سىزىلغان بولۇپ، ئۇلار تاغ تېكىسى، تۆگە، ئاتلىق ۋە پىيادە ئادەم، هارۋا ۋە ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەردىن تەركىب تاپقان. باغچە كەنتىنىڭ جەنۇبىدىكى دۆڭلۈكتىكى يەرگە كۆمۈلۈپ تۇرغان ئاقتاشنىڭ قارىداپ كەتكەن يېرىنى قىرىپ سىزىلغان رەسىملەر مېتال قوراللار دەۋرىدىن ئىلگىرىكى دەۋردە سىزىلغان. قۇمۇل ۋىلايىتىگە تەۋە هەرقايسى ناهىيىلەردىن هازىرغىچە يۇقىرىدىكى مەزمۇنلاردا 41 ئورۇندا مۇنداق قىيا تاش سىزمىلىرى بارلىقى بىلىنگەن.

— گۇچۇڭ ناهىيىسىگە تەۋە بەيتىك تاغلىرى تىزمىسىدىكى كۆپغول جىلغىسىنىڭ غەربىدىن ئىككى كىلومېتىر ماڭغاندا 13 تۇركۇم قىيا تاش سىزمىلىرى جايلاشقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. كۆپغول قىيا تاش سىزمىلىرىدا تاغ تېكىسى ۋە بۇغا گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، ئادەم، تايغان ئىت، تۆگە ئوبرازلىرىمۇ سىزىلغان. بۇ قىيا تاش سىزمىلىرىدا ئوۋچىنىڭ تايغان بىلەن تاغ تېكىلىرى ۋە بۇغىلارنى ئوۋلاۋاتقانلىقى، تاغ تېكىسى بىلەن بۇغىلارنىڭ (بەزى سىزمىلاردا ياۋا تۆگىلەرنىڭ) قېچىۋاتقانلىقى جانلىق سىزىلغان. تاغ تېكىلىرى ۋە بۇغىلار ئوخشىمىغان قىيا تاش سىزمىلىرىدا هەر خىل گەۋدىلەندۈرۈلگەن. تىنچ ئوتلاۋاتقان بۇغىلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئۈستىگە كىچىك بۇغىلارنىڭ رەسىملىرى سىزىلغان بولۇپ، ئىپتىدائىي رەسساملىقنىڭ مېھرىبانلىقى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇنىڭدىن باشقا ئايرىم - ئايرىم هالدا  تامغىلىرى بىلەن بىر تۇتاش «» بەلگىلىرى چېكىلگەن.

— بەيتىك يايلىقىنىڭ شەرقىدىكى ئايتغولى تۇختى داموللا قىشلىقىنىڭ ئوت - دەرەخزار غولىغا كىرىپ بىر كىلومېتىر ماڭغاندىن كېيىن، قىزىل قىيا تاشقا ياۋا ئات (قۇلان)

www.uyghurkitap.com

گەۋدىلەندۈرۈلگەن هالدا تاغ تېكىسى، تۆگە، ئىتنىڭ رەسىملىرى سىزىلغان. بۇ ئالتاي ـ تەڭرىتاغلىرى ئارىسىدىكى ئەڭ ياخشى قۇلانلىق ماكانىنىڭ يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىكى تارىخىي شاھىتى هېسابلىنىدۇ. قىيا تاش سىزمىسىدا ئاتلىق يىگىتنىڭ تايغانىنىڭ ياردىمى بىلەن سالمىدا قۇلان توپلىرى ئارىسىغا قۇلان تۇتقىلى چېپىپ كىرىپ كېتىۋاتقانلىقى جانلىق تەسۋىرلەنگەن.

ــ بەيتىك يايلىقىنىڭ غەربىي شىمالىغا ئون نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يەر قاباغ قىيا تاشلىرىغا سەككىز تۈركۈم قىيا تاش سىزمىلىرى سىزىلغان. بۇنىڭدا تاغ تېكىلىرى، تۆگە ۋە تۈلكە كۆرۈنۈشلىرى كۆپ بولۇپ، ئارىلىقتا قورال تۇتقان بىر كىشىنىڭ تاغ تېكىسى ئوۋلاۋاتقان ھەم ئاخىرقى قىيا تاشتا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان كىشىنىڭ كۆرۈنۈشى سىزىلغان.

ــ قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى چۆلغول قىزىلتاش (كاڭجيا شىمېنزى) قىياسىغا 120 كۋادرات مېتىر دائىرىگە نەچچە يۈزلىگەن چوڭ ـ كىچىك ئەر ـ ئاياللىڭ ھەر خىل ئۇسسۇللۇق قىياپەتتىكى جىنسىي مۇراسىم كۆرۈنۈشى سىزىلغان. بۇ رەسىم ماددىي بايلىقلارنى كۆپەيتىش بىلەن بىللە ئۇرۇقداشلىق نوپۇسىنى كۆپەيتىش تەقەززاسىنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان تارىخىي مۇقەررەرلىكىنى ۋە بۇ جەھەتتە قامانىنىڭ باشچىلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان جىنسىي تېۋىنىش ئۇسسۇللۇق پائالىيىتىنى ئەڭ تىپىك ئىپادىلەپ، ئالەمشۇمۇل قىممەتلىك ماتېرىيال قىممىتى ياراتقان. قىزىلتاش قىيا تاش سىزمىلىرى بېغىر رەڭلىك قەدىمكى قەلئە سىياقىدىكى سېھىرلىك قىياغا سىزىلغان. بۇ جايدىن «يىغلاڭغۇ بۇلاق» تامچىپ ئېقىپ تۇرغاچقا، قاقاسلىق ئىچىدىكى بىردىنبىر ئوت ـ چۆپلۈك هاسىل بولغان. ئەھۋالدىن قارىغاندا بىر قانچە مىڭ يىللار ئىلگىرىكى ئەجدادلىرىمىز بۇ ئىلاهىي تۇسلۇك جاينى مەۋسۇملۇق جىنسىي تېۋىنىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىغان

ئورۇن قىلىپ تاللىغان ۋە ئەينى زامان رەسساملىرى بۇ پائالىيەتكە ئىلھام بولسۇن ئۈچۈن ئۇنى ئەينەن ۋە تەرتىپلىك سىزىپ چىققان. رەسىملەردىن قارىغاندا جىنسىي تېۋىنىشتىن مەقسەت ئەۋلاد (كىچىك ئادەملەر) تەلەپ قىلىش ۋە ئەۋلاد قالدۇرۇشتىن ئىبارەت بولغان. بۇ پائالىيەت سېھىرگەرلىك قىياپەتتە (ھەم ئۈمىد، ھەم تەشۋىش ئارىسىدا) ئاقساقال (قامان) باشچىلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان، ھەر ئۈچ ئادەمنىڭ ئارىسىغا بىر جۈپتىن جىنسىي پائالىيەتتىكى ھايۋان (ئات، يولۋاس) سىزىلىپ، بۇ ھەممە جانلىقلارغا ئورتاق پائالىيەتتە خۇددى ھايۋانلاردەك كۆپىيىش ئۈمىدى گەۋدىلەندۈرۈلگەن.



7 ـ رەسىم. قۇتۇبى ناھىيىسى قىزىلتاش قىيا سىزمىلىرى

ھاياتىي زۆرۈرىيەت ۋە دىنىي پائالىيەتتىن تاشقىرى بۇ قىيا تاش سىزمىلىرى ئەڭ روشەن ئۇسلۇبلۇق كۆرۈنۈش بولۇپ، مەيلى كۇلا ـ بۆكلەر ياكى تاج ـ ئۆكىلەر، مەيلى قولنىڭ بوشلۇقتىكى ئورۇن تۇتۇشى جەھەتتىن بولسۇن، غەربىي يۇرتنىڭ تاش كېمىر تام رەسىملىرىدىكى ئۇسلۇبلۇق كۆرۈنۈشلەر ۋە ھازىرقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شىنجاڭ ئۇسسۇللىرى بىلەن بىردەك بولغان.

— توقسۇن ناھىيىسىگە قاراشلىق پەنجىر تاغ كان رايونىدىكى كۆجەي يېزىسىنىڭ توغراق بۇلاق ئېقىنى قىزغۇچ قىيا تاشنى يالاپ ئاقىدىغان بولۇپ، ئۇ يەردە 20 تۈركۈمگە يېقىن قىيا تاش سىزمىلىرى تېپىلدى. بۇ قىيا تاش سىزمىلىرىغا بىردىن بۇغا سىزىلغاندىن تاشقىرى، تاغ تېكىلىرى، كەتمەن قۇيرۇقلۇق قوي، تۆگە، يىلپىز، يولۋاس، بۆرە قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ رەسىمى بېرىلگەن. قىيا تاش سىزمىلىرىنىڭ بىرقانچىسىگە تېكە - قويلارنىڭ كۆيلىگىنى ۋە چېپىۋاتقان كۆرۈنۈشى، ئەركەكلىرىنىڭ جىنسىي ئەزالىرى ئالاھىدە كۆپتۈرۈلۈپ چېكىلگەن. يالغۇز كىشىنىڭ دەسلەپكى ئاددىي ئوقيادا (بۇنداق ئوقيا ئادەم بويىدىن ئېگىز بولغان)، تاش پىچاقتا ئوۋ ئوۋلاۋاتقانلىقى، يەتتە ئوۋچىنىڭ ئىككى تايغاننى ئەگەشتۈرۈپ تاغ تېكىسىنى قورشاپ ئوۋلاۋاتقانلىقى، بۆرە ۋە يولۋاسنىڭ قويغا چېپىلغانلىقى قاتارلىق كۆرۈنۈشلەر سىزىلغان. بۇ يەرنىڭ غەربىگە ئۈچ كىلومېتىر كېلىدىغان چىكىچىك دېگەن جايدىكى چوڭ بىر تاشقا بۇ جاينىڭ سۇ خەرىتىسى سىزىلغان. بۇ ئېقىنلار ئون نەچچە بۇلاقتىن تارالغان بولۇپ، سىزىقلارنىڭ سۇ ئېقىنى ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىرىگە سۇ ئىچىۋاتقان ئىككى تاغ تېكىسىنىڭ رەسىمىنى سىزغان. بۇ ئەتراپتىكى قەدىمكى تاش قەبرىستانلىقتا قىيا تاش سىزمىلىرى دەۋرى كىشىلىرى ياكى ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان قوشلۇق (خوز) لارنىڭ جەسەتلىرى دەپنە قىلىنغان.

— قۇرۇقتاغ — قاراشەھەرنىڭ جەنۇبى، لوپنۇرنىڭ شىمالى، كورلىنىڭ شەرقىدىكى تاغ تىزمىسى بولۇپ، شىڭدى (兴地) قىيالىرىغا 300گە يېقىن قىيا تاش سىزمىلىرى سىزىلغان. ئۇلار بۇ رايوننىڭ ئالاھىدىلىكىگە مۇۋاپىق ھەر خىل قوي - تېكىلەر، تۆگە، ئات، بۇغا، يولۋاس، ياۋا كالا، ئىت، بۈركۈت،


يىلان، بېلىق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. قۇرۇقتاغ شىڭدى قىيالىرىدىكى ئوقيالىق پىيادە ۋە ئاتلىق نەيزە تۇتقان ئوۋچىلارنىڭ ياۋا كالا ئوۋلاۋاتقان كۆرۈنۈشى تاجىكىستاننىڭ ئامۇ دەرياسىنىڭ ئايىغىدىكى سورخان دەرياسى بايسۇن رايونىدىكى زاراۋوت ساي قىيا تاشلىرىدىن بىرىگە سىزىلغان ياۋا كالا ئوۋلاش كۆرۈنۈشىدەك بەھەيۋەت بولغان. شىڭدى قىياتاش سىزمىلىرىغا بۇغا كۆندۈرۈش، تۆگە كۆندۈرۈش توغرىسىدىكى كۆرۈنۈشلەر بېرىلگەن بولۇپ، بۇ جەريانغا باشتىن - ئاخىر تايغان ئىتنىڭ يېقىندىن جېسەكچىلىك قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشى بېرىلگەن. كۆندۈرۈلگەن ئات، تۆگە، بۇغىلار، دەرەخلىك ئېمىر مەنزىرىلىرى، ئات قوشۇلغان هارۋا (قىياسەن)، يۈك ئارتىلغان تۆگە ئوبرازلىرى سىزىلغان. شىڭدى قىيا تاش سىزمىلىرىدا قوياش ئىلاھىنىڭ ئوبرازى يالقۇنجاۋاتقان ئوقيا تۇتقان ئەزىمەت سىياقىدا سىزىلىپ، گىرېك ئەپسانىلىرىدە قوياشنى ئىنسانلاشتۇرغاندەك تەبىئەت ئىنسانلاشتۇرۇلغان. مۇقەددەس قوياشنىڭ يېنىغا ئاي كېچىنىڭ كۆزەتچىسى ئىت بىلەن بىللە پەرقلەندۈرۈپ سىزىلغان. ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەردىن باشقا يەنە چامباشچىلىق - سېركچىلىك كۆرۈنۈشلىرى تولىمۇ روشەن سىزىلغان.

شىڭدى قىيالىرىغا بەلگىلەر ۋە مەغلۇپلار ئوبراز ۋە سىمۋوللاشتۇرۇلغان جەڭ كۆرۈنۈشى سىزىلغان بولۇپ، بۇ ياۋا كالا ئوۋلاش مەنزىرىسى مەزمۇن قىلىنغان مىسلىسىز بەدىئىي ئەسەر هېسابلىنىدۇ. جەڭ مەنزىرىسى جەڭدىن كېيىنكى ئىككى خىل نەتىجە بىلەن — غالىبلار (ئالىقان تامغىلىق) ئاتلىق، قوراللىق، ۋارقىراپ غەنىيمەتلەر بىلەن قايتقان، مەغلۇپلارنىڭ ئادەم ۋە ئاتلىرى پارچىلىنىپ، يەر بويلاپ هالاكەتكە پاتقان. ئۇلارنىڭ يايلاقلىرىنىمۇ غالىبلار (ئالىقان تامغىلىق) ئىلكىگە ئۆتكەن.

شىڭدى قىيالىرىدىكى بەلگىلەر ئىپتىدائىي ئىنسان مۇئەييەن

قىلىپلاشقان ئىروگىلىفقا يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
ئۇلارنىڭ ئىچىدە «4»، «<»، «>»، «h»، «/»، «△»، «4»، «人»
بەلگىلىرىدىن تاشقىرى «卐» بەلگىسى روشەن بېرىلگەن. بۇ
بىرونزا قوراللار دەۋرىدىكى ئاندورونوپلار مەدەنىيىتى قاتلىمىدىن
تېپىلغان، ئارىئانلار ئىشلەتكەن يورۇقلۇق ۋە ئوت (ئاگنى)
بەلگىسى ئىدى، شۇڭا قاراشەھەرمۇ قەدىمدە «ئاگنى» دەپ
ئاتالغان. ساكلارمۇ بۇ بەلگىنى ئىشلەتكەن. بۇددىزم ئۇنى
مېھرىبانلىق ـ ئىللىقلىقنىڭ سىمۋولى قىلغان. بۇ بەلگە
ھازىرمۇ ئاتۇشتىكى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان مەقبەرىسى
ئالدىدىكى مەسچىت تورۇسىدىكى گۈل ـ نەقىشلەر ئوتتۇرىسىدا
ساقلانماقتا.


— ئاقسۇ ۋىلايىتىگە قاراشلىق كونىشەھەر (ئاسىق)، باي،
كەلپىن، ئۇچتۇرپان ناھىيىلىرىنىڭ تەڭرىتېغى باغرىغا
كۆپلىگەن قىيا تاش سىزمىلىرى سىزىلغان. بۇلاردىن
كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى كىچىكقوزى
دېگەن جايدىكى ئېقىننىڭ غەربىي ياقىسىدا يەردىن چىقىپ
تۇرغان ئاققايراق تاشقا ئۈچ ئوقيا تۇتقان ئوۋچىنىڭ بۇغا
ئوۋلاۋاتقان رەسمى سىزىلغان. ئۇلارنىڭ ئىككىسى تۇتقان
ئوقيالار چاققان بولۇپ، ئوۋچىلارنىڭ كىيىمى ئېغىر يۇڭ
كىيىمنى ھېس قىلدۇرىدۇ. يەنە بىر كىيىنمىگەن ئوۋچى چوڭ
ئوقيادا بۇ ئوۋغا قاتناشقان كۆرۈنۈش بولۇپ، بەلكىم ئىلگىرى
سىزىلغان بولۇشى مۇمكىن. باشقا بىر رەسىمگە كىيىنمىگەن
بىر ئادەمنىڭ تاش بىلەن تاغ تېكىسىنىڭ پۇتىنى
جاراھەتلەندۈرۈپ ئوۋ قىلغانلىقى سىزىلغان بولۇپ، بۇ قەدىمكى



8 ـ رەسىم

كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە سىزىلغان، ئاز ئۇچرايدىغان قىممەتلىك يادىكارلىق بولۇشى ئېهتىمال. بۇلاردىن باشقا يەنە مال بېقىش ئوبرازى ئىپادىلەنگەن كۆرۈنۈش سىزىلغان.

— كونىشەهەر ناهىيىسىنىڭ بوزدۆڭ دېگەن يېرىدىن ئىككى كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تاغلىقتا جايلاشقان سۇ بويىدىكى گرانىت تاشقا بەش شادا (گوگۇسۇن) ۋە سەككىز گوگۇسۇن هارۋا ۋە چاق، سەككىز كاتەكچىلىك ئېتىزغا ئۆستۈرۈلگەن مېۋىلىك دەرەخ، «卐» بەلگىسى قاتارلىقلار تېپىلغان. بۇنداق بەلگىلەر ئوتتۇرا ئاسىيادىنمۇ تېپىلغان بولۇپ، ئىران قېزىلمىلىرىدا كۆزگە چېلىقمايدۇ. بۇ قىيا تاش سىزمىلىرىنىڭ هەقىقىي ئىگىلىرى شۇ ئەتراپقا دەپنە قىلىنغانلىقى ئېنىق.




9 ـ رەسىم. قوياشقا تېۋىنىش، ئىككى كىشىلىك ئۇسسۇل ۋە ئۆچكە قىياپەتلىك نىقابلىنىش

— پەرغانە ۋادىسىدىكى سايمالتاش غارى قىيا تاشلىرىغا يېگى تاش قوراللار دەۋرىدىكى ئىپتىدائىي ئادەملەر چەككەن رەسىملەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىچىدە ياۋا ئۆكۈز ئوۋلاش كۆرۈنۈشى ناھايىتى مەشھۇر بولۇپ، ئۆكۈزلەرنى تايغان ئىتلار بىلەن قورشاپ تالاتتۇرۇش ۋە ئوقيا تۇتقان مەرگەنلەر كېلىپ ھەر تەرەپتىن ئېتىپ يىقىتىش كۆرۈنۈشى روشەن ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. بۇ قىيا تاش سىزمىسىغا يەنە جەڭ غەلىبىسىدىن كېيىنكى كىيىنگەن ئىككى كىشىنىڭ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان كۆرۈنۈشى چېكىلگەن. سايمالتاش قىيا تاش سىزمىلىرىدىن يەنە بىرىگە ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ قۇياشقا تېۋىنىشى يۈزىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان تەبىئەت ئىلاھچىلىقى ئاساسىدىكى مۇراسىم ئۇسسۇللىرىنىڭ جانلىق مەنزىرىسى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. مەشھۇر نېئاندېرتال بالا باش سۆڭىكى تېپىلغان تېشىكتاش غارىغا يېقىن بولغان سايمالتاش قىيا تاش رەسىملىرىمۇ غار ئىچىگە سىزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى كۆرۈنۈشلەر، ئۇسسۇللۇق قىياپەتلەر شىنجاڭ قىيا تاش سىزمىلىرىدىكى شۇ خىل كۆرۈنۈشلەر بىلەن بىردەك بولغان.

— سىر دەرياسى بويىدىكى تاشكەنتنىڭ شىمالىدىكى چىرچىق مەيدانتال قىيا تاشلىرىغا چېكىلگەن رەسىملەر ئىچىدە، قول تۇتۇشقان تۆت ئۇسسۇلچى بىلەن ئۆچكە سىياقىدا نىقابلانغان ۋە قولىدا ئوق قورالى تۇتقان ئادەمنىڭ كۆرۈنۈشى خاراكتېرلىكتۇر. بۇ كۆرۈنۈش قەدىمكى نىقابلانغان ئوۋچىلىق تۇرمۇشىنىڭ ئەينەن تەسۋىرى ياكى ئۇنىڭ ئۇسسۇللۇق، ئويۇن - تىياتىرلىق تەسۋىرىنى سۇرەتلەپ بەرگەن. غەربىي يۇرت خەلقى يېقىنقى زامانلارغىچە «ئۆچكە ئۇسسۇلى» نىڭ ماھىر ئىجراچىلىرى بولۇپ كەلگەنلىكى ھېچقانداق ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى.





10 ـ رەسىم. پامىر قىيالىرى (A) بىلەن ئالتاي ئوتبۇلاق قىيالىرىغا (B) سىزىلغان ھارۋىلار

ئۇچىنچى، پامىر — قاراقۇرۇم تاغلىرى لىنىيىسىدىكى قىيا تاش سىزمىلىرىنىڭ مۇھىملىرى مۇنداق:

— ئامۇ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىكى تارماق ۋادا سۇرخان دەريا ئوبلاستى شىرئابات رايونىدىكى زارا ئوت كەمەر سايىنىڭ ئىككى قاسىنىقىغا سىزىلغان كونا تاش قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ قىيا تاش سىزمىلىرىدىن بىرىگە ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ ياۋا ئۆكۈز ئوۋلاش ۋاقتىدىكى نىقابلانغان كۆرۈنۈشى چېكىلگەن. بۇ سىزمىدا ئوۋچىلار كوللېكتىپى ئۈستىگە نىقابلىق تون كىيىپ ياۋا كالىلار تۈركۈمىگە يېقىنلاپ كەلگەن.

— سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى پامىر قىيالىرىدىن 30 - يىللاردا بايقالغان ھارۋا كۆرۈنۈشى شىنجاڭ ئالتاي ۋىلايىتى ئوتبۇلاق قىيالىرى ۋە ئىچكى موڭغۇل چوغاي تاغلىرى بىلەن ئالتاي - سايان جىلغىلىرىغا سىزىلغان رەسىملەر بىلەن ئوخشاشلىققا ئىگە.

— خوتەن ۋىلايىتى گۇما ناھىيىسىنىڭ سانجۇ دەرياسى ۋادىسىدىكى ئوراچى قىيالىرىغا، گۇما ناھىيىسىنىڭ



11 - رەسىم. مۆلچەر دەرياسى قىيا تاش سىزمىلىرىنىڭ بىر قىسمى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

كېيىنكىتۈزدىكى كۆكۈچ قىيا تاشقا، گۇيا ناھىيىسىنىڭ قاناز قىيالىرىغا كۆپلىگەن قىيا تاش رەسىملىرى سىزىلغان. ئۇلار مۇھىمى خوتەن ئارقارلىرى، ئاتلىق ياكى پىيادە ئوۋ ئوۋلاش، ھەر خىل يالىڭاچ ئادەم كۆرۈنۈشى، ئىت ۋە قاناز قىيالىرىغا سىزىلغان ئىشىك ۋە سالاسۇنلۇق چىت توسۇق قاتارلىقلار بىلەن «卐»، «力»، «?»، «↙»، «?»، «V»، «?» قاتارلىق بەلگىلەردىن ئىبارەت بولغان. كوئىپنلۇن ئېتىكىدىكى بۇ قىيا تاش سىزمىلىرىدا ھېچقانداق بۇددىزم ئالامەتلىرى ئىپادىلەنمىگەن.

قاراقۇرۇم تاغ تىزمىسىدىكى قىيا تاش سىزمىلىرى ئىچىدە چەرچەن ناھىيىسىگە قاراشلىق ئالتۇنتاغ تىزمىسىدىكى مۆلچەر دەرياسى قىيا تاش سىزمىلىرى ئالاھىدە بولغان، مۆلچەر دەرياسىنىڭ غەربىدە ئىپتىدائىي ئىنسانلار ياشىغان غار تېپىلغان. دەريانىڭ شەرقىدىكى تاغ باغرىغا ئېگىزلىكى 20 مېتىردىن 80 مېتىرغىچە بولغان كەڭلىككە نەچچە مىڭلىغان قىيا تاش سىزمىلىرى سىزىلغان. ئۇلار بۇ ھايۋانات رايونىدىكى تۆگە، ياۋا ئۆكۈز، قوتاز، ئات، ئۆچكە، ئارقار، بۇغا، كېيىك، يىلپىز، ئىت، بۆرە، ياۋا ئېشەك ۋە ھەر خىل ئۇچار قۇشلارنىڭ جانلىق ئوبرازىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن تاشقىرى، يەنە ئوقيا تۇتقان ۋە پىيادە ئوۋچىلارنىڭ چاققان ئوقيا تۇتۇپ ئوۋ ئوۋلاۋاتقانلىقى، جەڭ كۆرۈنۈشلىرى، دىنىي مۇراسىم ۋە ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەر، ئاي، كۈن، يۇلتۇزلۇق بەلگىلەر سىزىلغان. ئۇسسۇلچىلارنىڭ بەزىلىرى بېشىغا ئۇچتىن مۈڭگۈزلۈك بەلگە، ئايىغىغا قۇيرۇق تاقىغان، بەزىلىرى چوڭ كۆڭلەك، بەزىلىرى شالۋۇر كىيگەن. ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ ئىتتىك پىرقىراۋاتقان ئايال ئۇسسۇلچىنىڭ كۆڭلىكى ھاۋادا يەلپۈنۈپ تۇرغان. مۆلچەر دەرياسى بويىدىن تېپىلغان بەلگىلىك ئالامەتلەردە تۆت ۋە توققۇز قاتار چىشلىق بەلگە ئوڭ ۋە دوم ھالەتتە بېرىلگەن بولۇپ، كەينىگە ئالىقان بەلگىلىرى چۈشۈرۈلگەن. بۇ مىقدار ۋە غەلىبە ئالامىتى بولۇشى ئېھتىمال.

هەر خىل بەلگىلەر ئارىسىدا «卐» بەلگىسى تەكرارلانغان ۋە باشقا قىيا تاشلاردىكى ئالامەتلەرگە ياندىشىدىغان بىر قاتار ئىروگىلىفلار چېكىلگەن. بۇ 1970 ـ يىلى ئالماتادىن تېپىلغان مىلادىيەدىن ئىلگىرى 5 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ قەبرىدىن تېپىلغان يېزىقنىڭ تولىمۇ ئىلگىرى باشلانغان مەنبەگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1000 ـ يىللارغا مەنسۇپ چەرچەن زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرىدىكى ئىپتىدائىي ئادەملەر ياكى ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى بۇ قىيا تاش سىزمىلىرىنىڭ ئىگىلىرى بولۇشى ئېھتىمال.

غەربىي يۇرت قىيا تاش سىزمىلىرى يۇقىرىقىلارلا بولماستىن، بۇ هازىرغىچە بايقالغان بىرقەدەر مۇھىمراق قىيا تاش سىزمىلىرىنىڭ نەمۇنىلىرىدىن ئىبارەت، خالاس.

يۇقىرىقى قىيا تاش سىزمىلىرىدىن بىز مۇنداق ئۇچۇر ئالالايمىز:

(1) ئەڭ دەسلەپكى قىيا تاش سىزمىلىرى مۆلچەر دەرياسى غارى، سالمالتاش غارى، تېشىكتاش غارى، سارجۇن غارىغا ئوخشاش غارلار ئىچىگە، ئۇنىڭدىن باشقا غار ئاغزى، يۇقىرى ئېگىزلىكتىكى قىيا تاش ياكى قۇتۇبى ناھىيىسىدىكى قىزىلتاشتەك سېھىرلىك خالىي جايلارغا سىزىلغان بولۇپ، ئەينى زاماندىكى تېۋىنىش ۋە ئېتىقاد تەقەززالىرىغا ماسلاشقان ھالدا مەيدانغا كەلگەنىدى.

(2) قىيا تاش سىزمىلىرىدا رېئاللىق ئەكس ئەتتۇرۇلگەن بولۇپ، ئەڭ كونا سىزمىلار يالىڭاچ، يېرىم يالىڭاچ ئوۋچىنىڭ تاش بىلەن ئوۋ ئوۋلىشىنى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى سىزمىلاردا ئوۋنىڭ نىقابلانغان، ئاددىي قورال ياكى سالغا بىلەن ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى، ئاخىردا ئاددىي ئوقيا، بىرقەدەر ئىسلاھ قىلىنغان ئوقيا بىلەن، ئاتلىق ياكى پىيادە، تايغان ۋە قۇشنى ئوۋغا قاتناشتۇرۇش بىلەن ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى ئىپادىلەپ، ئىپتىدائىي ئىنساننىڭ ماددىي تۇرمۇشىنىڭ تارىخىي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

قاتلاملىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى. ھايۋاننى كۆندۈرۈش — قوي ۋە بۇغىنى، ئات ۋە تۆگىنى كۆندۈرۈش بىلەن دەسلەپكى تېرىقچىلىق، ھارۋىنىڭ ئىختىرا قىلىنىشىنى ۋە ئىسلاھ قىلىنىشىنى، قەبىلىلەرنىڭ شەكىللىنىشى ۋە قەبىلىلەر جەڭلىرى قەدىمكى غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ ئۇزاق داۋام قىلىنغان تاغ - جىلغا مەدەنىيىتىدىن يايلاق مەدەنىيىتىگە يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى بىشارەت قىلدى.

(3) قىيا تاش سىزمىلىرىدىكى تېۋىنىش ۋە ئېتىقاد غەربىي يۇرتتىكى ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ تەبىئەت ۋە ئىلاھىيەتتىن ئىبارەت ھەر ئىككى جەھەتلىمە قاراشلىرىنىڭ تەبىئەت ئىلاھچىلىقى ئاساسىدا بىرلەشكەنلىكىنى كۆرسەتتى. قۇياشقا چوقۇنۇش، جىنسىي كۆپىيىشنى ئىلاھىيەتچىلىك تېۋىنىشىغا ئايلاندۇرۇش، نىقاب ۋە گىرىملار، تۇمار ۋە زىنnەت بۇيۇملىرىغا سېھىرلىك قاراش، ئاسمان جىسىملىرىنى، ئوتنى، دەرەخنى، غەلىبىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگىلەرنى ئىختىرا قىلىپ قوللىنىش، دىنىي ۋە تۇرمۇش ئۇسسۇللىرى، سېرىك - تىياتىرلار ئويناش — غەربىي يۇرت ئىپتىدائىي ئىنسان گۇرۇھلىرىدا تەپەككۇر ۋە دەسلەپكى روھىي ھادىسىلەر قاراشلىرى سىستېمىسىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى كۆرسەتتى. بۇ ئېنگېلسنىڭ: «ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ مۇنتىزىم بايرام ۋە بەلگىلىك ئېتىقاد شەكىللىرى — ئۇسسۇل ھەم ماھارەت مۇسابىقىلىرى بولغاندى؛ ئۇسسۇل، بولۇپمۇ بارلىق دىنىي مۇراسىملارنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىناتتى»[②] دېگەن سۆزىنى ئىسپاتلىدى. غەربىي يۇرت تارىخىنىڭ كېيىنكى سەھىپىلىرىدە ئۆزىنى ئالاھىدە كۆرسەتكەن ۋە مەشھۇر «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى» دېگەن شۆھرەتكە ئىگە بولغان غەربىي يۇرت مۇزىكا - ئۇسسۇللىرى ئەنە شۇ ئىپتىدائىي زامانلاردىن باشلاپ شەكىللىنىشكە باشلىغانىدى.

(4) قىيا تاش سىزمىلىرى گەرچە تەسۋىرىي سەنئەتنى

مەقسەت قىلىپ سىزىلمىغان بولسىمۇ، كۈچلۈك ۋە روشەن قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بىرىنچى قاتلام تەسۋىرىي سەنئەت يادىكارلىقى بولۇپ قالدى. قىيا تاش سىزمىلىرى رېئال — ئەينەن، جانلىق — ھەرىكەتچان، تەبىئەتنى ئىنسانلاشتۇرۇش، ئىنسان سۇبيېكتىنى تەبىئەتلەشتۇرۇپ ئىپادىلەش، تۈز ۋە ئەگرى سىزىقلار، يالغۇز ۋە قوش سىزىقلار، بىر خىل ۋە كۆپ خىل رەڭدار سىزىقلار، ئاشۇرۇپ (كۆپتۈرۈپ) ئىپادىلەش، سىمۋوللۇق ئىپادىلەش، بەلگىلەر ئارقىلىق مەنىسىنى ئىپادىلەش قاتارلىقلاردا تەسۋىرىي سەنئەتنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىگە ئۇيغۇن غايەت زور قەدەمنى باستى.

(5) قىيا تاش سىزمىلىرى يالغۇز ئىپتىدائىي ئىنسان تۇرمۇشى ۋە روھىيىتىنىڭ تەسۋىرىي سەنئەت شەكلىدىكى ئىنفورماتسىيىسىنى بىزگە يەتكۈزۈپ قالماستىن، يەنە بۇ كەڭ دائىرىدىكى ئىپتىدائىي ئىنسان گۇرۇھلىرىنىڭ ئېتنىك (فولكلور) ئورتاقلىقى، يېقىنلىقى ۋە يانداشلىقىنى كۆرسەتتى. ئۇلاردا تاغ تېكىسىنى گۈزەللىك دەپ بىلىش، قۇياشقا تېۋىنىش، ئوت ۋە يورۇقلۇقنى ئۇلۇغلاش، ھارۋا شەكلىنى ئوخشىشىپ كېتىدىغان قىلىپ ياساش، ئۇسسۇللاردا قول ھەرىكىتى بىلەن رىتىم ۋە كۆرۈنۈش ھاسىل قىلىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، بەزى بەلگە ۋە ئىروگلىفلارنى بىردەك ئىشلىتىش قاتارلىقلار ئۇلاردىكى مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنىڭ يېقىنلىقىنىلا ئەمەس، يەنە ئېتنىك يېقىنلىقىنى كۆرسەتتى. بۇ ئېتنىك ئالامەتلەر قەدىمكى غەربىي يۇرت ئاھالىلىرىنىڭ تەبىئىي ۋارىسى بولغان ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭغا قېرىنداش بولغان مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك تۇرمۇشى ۋە مەدەنىيىتىدە ئىزچىللاشقان.

غەربىي يۇرت قىيا تاش سىزمىلىرى مەزمۇنەن ۋە بەدىئىي ئۇسلۇب جەھەتتىن داۋاملىق راۋاجلىنىپ، غەربىي يۇرت

تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىگە مۇھىم تارىخىي ئاساس قاتلام ھاسىل قىلغان.

### 3. غەربىي يۇرتتا مەبۇد قورچاقلار ۋە بالباللار

ئەلۋەتتە، مەبۇد قورچاقلار ئىپتىدائىي ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى دەۋرىدە شەكىللەنگەن سېھىرلىك يەنە بىر خىل تەسۋىرىي سەنئەت ــ ھەيكەلتىراشلىق ئۇندۇرمىسى تەرزىدە مەيدانغا كەلگەنىدى. مىلادىيەدىن 2000 ــ 4000 يىل ئىلگىرىكى يىللار ئارىسىدا داۋام قىلغان يېڭى تاش قوراللار ۋە برونزا قوراللار دەۋرىدىلا ئىلاھىي تېۋىنىش ئوبيېكتلىرىنى ناتۇرال ياكى كۆپتۈرۈلگەن ھالەتتىكى قورچاق ياكى ھەيكەل شەكلىگە كىرگۈزۈش پائالىيەتلىرى بارلىققا كەلگەن. مەلۇم مەنىدە مۇشۇ دەۋرگە تەئەللۇق قەدىمكى مىسىردىكى سفىنكس ئوبرازىنى ئادەم ۋە ھايۋان قىياپەتلىرى ئارىلاشقان زور ھەجىمدىكى ئىلاھىيەت ھەيكىلى دېيىش مۇمكىن. ئىپتىدائىي ئۇرۇقداش قەبىلىلىرىدە بارغانسېرى كۆپلەپ مەيدانغا كەلگەن ئەپسانە (مېف) ھېكايەتلەر بىلەن مەبۇد قورچاق ئوبرازىنى ئىشلەپ چىقىش مانا مۇشۇ ساپال ۋە برونزا بىللە ئىشلىتىلگەن يىراق زامانلارنىڭ مەھسۇلى بولدى. ئۆزبېكىستاننىڭ جەنۇبىدىكى مىرشاد دېگەن جايدىن تېپىلغان ۋە مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2000 ـ يىللارغا تەئەللۇق بولغان تاشتىن ئىشلەنگەن يىگىت بېشى بۇ جەھەتتىكى مۇھىم بىر دەلىل.

قازاقىستاننىڭ ئابدورونوپ مەدەنىيىتىگە تەۋە سۆڭەك كەنتىدىن 1952 ـ يىلى تېپىلغان پىل چىشىدىن تاراشلاپ ياسالغان ئىلاھنىڭ ھەيكىلى قورساقلىق ۋە ئەمچەكلىك تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاۋستىرىيىنىڭ خارىندو دېگەن يېرىدىن تېپىلغان ئىلاھ (ئايال مەبۇد) ۋە فرانسىيىنىڭ لائۇسسېل دېگەن يېرىدىن تېپىلغان، قولىدا مۈڭگۈز قەدەھ

تۇتقان (كېيىنكى كىشىلەر «لائۇسسېل ۋېنىراسى» دەپ ئاتىغان) ئىلاھ ئوبرازىغا ئوخشاش ئاتىلىق ئېتىقادى ۋە تۇغۇتنى مۇقەددەس بىلىش تەسۋىرلەنگەنىدى. مەن 1989 ـ يىلى قۇمۇل ۋىلايىتى باركۆل ناھىيىسى جاساڭقۇم جىلغىسىدىن تېپىلغان قەدىمكى قەبرىگاھتىكى ئايال جەسەتنىڭ ئىككى كۆكسىگە بىرى چوڭ، بىرى كىچىكرەك ئىككى برۇنا ھەيكەلنىڭ قويۇلغانلىقىنى، بۇ ھەيكەلنىڭ قورساق قىسمى ئالاھىدە كۆپتۈرۈلگەنلىكىنى، ئۇ قوشكېزەك بالىغا ھامىلدار بولغان ياش ئايالنىڭ جەسىتى بىلەن بىللە دەپنە قىلىنغان «ئوماي ئانا» مەبۇدى ئىكەنلىكىنى ئىزاھلىغانىدىم. مۇنداق مۇئەككەل مەبۇدلارنىڭ لايدىن، ياغاچتىن، كىگىزدىن ياسالغان نۇسخىلىرى ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا ئەل ئىچىدە ئىزچىل قوللىنىلىپ كېلىنگەن.

ئوتتۇرا ـ مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى خەلقلىرى سىكفلەر (سكىتايلار) ۋە سارماتىيىلار ئىسكەندەر ماكىدونىسكى ۋە دارانىڭ بۇ زېمىنلارغا ھەربىي يۈرۈش قىلىشىدىن ئىلگىرىلا ئۆزلىرىنىڭ يالىڭاچ ئىلاھلىرىنىڭ ھەيكىلىنى ياسىغان، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ياسالغان كالا سىياقى ئادەم بېشى ھەيكىلى سۇلتان ـ يۇزدەكتىن تېپىلغان. «ئاۋېستا»[3] دا تىلغا ئېلىنغان ئاناخىت، نان (نانايى) ئىلاھلىرىنىڭ ھەيكەللىرى ۋە قەدىمكى سۇغدى ئىلاھىيەت مەبۇدلىرى ئېللىنىزملىق [4] مەدەنىيەت تەسىرىدىن ئىلگىرى مەيدانغا كەلگەنىدى. ھازىرقى تۈركمەنىستاننىڭ نىسا شەھىرىدىن تېپىلغان مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2 ـ ئەسىرلەرگە مەنسۇپ گرېك مەبۇدلىرىنىڭ ھەيكەللىرى مۇنداق ئېللىنىزملىق تەسىرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا يېتىپ




12 ـ رەسىم. مەرۋىدىن تېپىلغان
مىلادىيەدىن ئۈچ ـ تۆت ئەسىر
ئىلگىرىكى يالىڭاچ ئىلاھ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەلگەنلىكىنى كۆرسەتتى.

قەدىمكى مەبۇد قورچاق ۋە ئىلاھ ھەيكەللىرىدىن تاشقىرى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ بازىرىق قەدىمكى قەبرىگاھلىقىدىن تېپىلغان پالاسقا ئىشلەنگەن «قامانىڭ ئالدىغا كەلگەن چەۋەنداز» نۇسخىسى بىلەن ئالماتا يېنىدىكى «ئەسكىقورغان» دىن بايقالغان مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 5 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ قەدىمكى قەبرىگاھتىن تېپىلغان ئالتۇن زەنجىرلىك جەڭ كىيىمى قەدىمكى دىڭلىڭ ـ ساك قەبىلىلىرىنىڭ تەسۋىرىي سەنئەت ۋە ھۈنەر ـ سەنئەتتە كۆرۈنەرلىك ماھارەت ئىگىلىرى بولۇپ قالغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. «ئەسكىقورغان»دىن چىققان ئالتۇن زەنجىرلىك جەڭ كىيىمىنىڭ ئېتەكلىرىگە ۋە يەڭ ئۇچلىرىغا ئۇدۇل قاراپ تۇرغان بۆرە بېشىنىڭ نۇسخىلىرى، تاسمىسىغا ئات ۋە ئارسلان نۇسخىسى تاقا قىلىنغان، دۇبۇلغا ئالدىغا تېكە، يان تەرەپلىرىگە تاغقا يۆلىنىپ تۇرغان بىلى قايرىلما شەكىلدىكى غەزەپلەنگەن ئارسلاننىڭ تەسۋىرى ۋە تۆت ئالتۇن ئوق سىزىلغان.

بالبال ـــ تاش ھەيكەلتىراشلىقىنىڭ يايلاق مەدەنىيىتى ياراتقان يەنە بىر مۇھىم ئۇتۇقى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن.




13 ـ رەسىم. نىقابلانغان قىقىلما بالباللار

بالباللار ئاسىيا يايلىقىنىڭ ئالاھىدە سەنئەت يادىكارلىقى بولۇپ، ھازىرغىچە 1000 پارچىغا يېقىن بالبال ھەيكەل ئېنىقلانغان.

بالباللار مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3000 ـ يىللاردىن تاكى ئوتتۇرا

ئەسىرلەردە قەسىرلىرى كۆچمە خانلىق بارگاھلىرى ئورنىنى باسقۇچە بولغان ئۇزاق تارىخىي مەزگىل ئىچىدە تارىخنىڭ مۇھىم يادىكارلىقى بولۇپ خىزمەت قىلدى. بالباللار جەڭ مەيدانلىرىدىكى غەلىبىنى تەبرىكلەش، كۆچمە خانلىق ياكى قەبىلە ئىتتىپاقى بارگاھلىرى ئالدىغا خاتىرە ھەيكىلى ئورنىدا بېكىتىش، شۇنىڭدەك مەشھۇر قەبرىگاھلىقلار ئالدىغا قويۇش قاتارلىق ئوخشىمىغان مەقسەتلەر ۋە مەزمۇنلاردا ياسالغان بولۇپ، ئۇنى نوقۇل ھالدا تاش قەبرىلەرنىڭ ئالدىغا بېكىتىلگەن ئوبرازلىق ئابىدە دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3000 ـ يىللاردا ئالتاي، غەربىي جەنۇبىي سىبىرىيىدە قوزۇق شەكلىدىكى قەدىمكى بالباللار مەيدانغا كەلگەن. مۇنداق بالباللاردا ئوبراز تاشنىڭ يۇمىلاقلىقىغا بېقىنغان ھالدا، يۇمىلاق يۈز، چوڭ ـ چوڭ كۆز، قېلىن قاپاق، تۈز بۇرۇن قىلىپ ئىشلەنگەن بولۇپ، بەدەن ئەزالىرى ئويۇپ (كۆپتۈرۈپ ئەمەس) سىزىلغان سىزىقلار بىلەن ئىپادىلەنگەن. ئۇ چاغدا مۇنداق ھەيكەللەر يۈزى ئوچۇق بولماستىن، يەنە ئېلىۋەتكىلى بولىدىغان نىقاب بىلەن ئورالغان. بۇ نىقابلارغا بۆرە، يولۋاس (ئارسلان)، تۆگە (بۇغرا) ۋە قوي، كالا ئوبرازلىرى چۈشۈرۈلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن، يەنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2000 ـ يىللاردا يۇقىرىدىكى قوزۇق شەكىللىك بالباللار نىقابسىز قوللىنىلىدىغان ھالەت كۆرۈلدى. بۇ تاغ ـ جىلغا مەدەنىيىتىدىن يايلاق مەدەنىيىتىگە كۆچۈش جەريانىدىكى تۇتېملىق قاراشلاردا مۇئەييەن ئۆزگىرىش




14 ـ رەسىم. نىقابسىز قوزۇق بالباللار

يۈز بەرگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ بالباللارنىڭ ھەر ئىككى خىل ھالىتى بالبالدا باش قىسمىنى ئىمكانقەدەر روشەن ئىپادىلەشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشقاندى. بۇ خىل بالباللار مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4 ـ ئەسىرگىچە ساقلانغان.

شۇنى ئېيتىش ھاجەتكى، نىقابلىق ۋە نىقابسىز قېقىلما بالباللار دەۋرىدىمۇ سىلىق تاشتىن ھەيكەل مەبۇد قورچاقلار ئىشلەش ئادىتى ئۈزۈلگەن ئەمەس. 1887 ـ يىلى فىنلاندىيىلىك ئاسپىلىن جەنۇبىي سىبىرىيىدىن ئۇزۇن چاچلىق، زىرە تاقىغان ئايال قورچاقنى تاپقان. 1958 ـ يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىرى خاقاس ئۆلكىسىنىڭ شىمالىدىن شۇنداق يەنە بىر ئايال تاش قورچاقنى تاپقان. 1964 ـ يىلى چېرنوۋا دەرياسىنىڭ قورغان قاسىنىقىدىكى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2000 ـ يىللارغا تەئەللۇق قەبرىدىن يۇقىرىقى ئايال قورچاققا ئوخشاش يەنە سەككىز قورچاق تېپىلغان. شىنجاڭنىڭ قىرمۇچ كونا قەبرىگاھلىقىدىنمۇ شۇنداق قورچاق تېپىلغان.

شىنجاڭنىڭ شىمالى ۋە يەتتىسۇ رايونى، قازاقىستان، موڭغۇلىيە ۋە بايقال يايلاقلىرىغا تارقالغان گرانىت تاش بالباللار رېئالىستىك روھتا يايلاق ھاياتىغا كۆچكەن تۈركىي دىڭلىڭ قەبىلىلىرى مەدەنىيەت ھاياتىنىڭ مەلۇم قىسمىنى ئىپادىلىگەن. رەڭگىرويى، كىيىنىشى، ئولتۇرۇش ئادىتى، چاچ شەكلى، بۇرۇت ۋە قىلىچ ـ خەنجەر، تاسما، قەدەھ ياكى مەي قاچىسى قاتارلىقلار ئۇنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.




15 ـ رەسىم. بىر توپ ئەر ـ ئايال بالباللار

تۈركىي تىللىق خەلقلەر ـ

نىڭ بالباللىرى ئاتلىق چەۋەندازنىڭ ئىشتان، ئۆتۈك كىيگەن، قىلىچ ـ خەنجەر ۋە تاسما تاقىغان، ئۆرە تۇرغان، تاش ئورۇندۇق-تا ئولتۇرغان قىياپەتتىكى ئوبرازىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

روھلۇق، كۆلۈمسىرەپ تۇرغان، قولىدا جام (مەي قاچىسى) تۇتقان بۇ ھەر خىل بالباللاردىن غەزەپ، قىرغىنچى جەڭ ئالدىدىكى جىددىي روھىيەت ياكى قايغۇ ـ مەرسىيە ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيدۇ. بۇ خىل بالبالچىلىق ئەينى زامان بالبالچىلىرىنىڭ تەسۋىرىي سەنئەتتىكى رېئاللىق، يۈكسەكلىك، ئىزگۈلۈك، ئۇمىدۋارلىق ۋە قاتتىق قورام تاشتىن كۆپتۈرمە، تېرەن سىزىقچە چىقىرىش جەھەتتىكى ئېستېتىك قاراشلىرى ۋە ماھارەت تەلەپلىرىنى ئىپادىلىدى.

دىڭلىڭ ـ تۈركىي تىللىق خەلقلەر بالبالچىلىقى تاكى چىڭگىزخان ئىستېلاسى دەۋرلىرىگىچە داۋاملاشتى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1000 ـ يىللاردىن بۇرۇن ئېلابوگا ۋادىلىرىدا مەيدانغا كەلگەن ئۇگور ـ فىن قەبىلىلىرىنىڭ ئۈستىگە تېرەن سىزىقچە چىقىرىلغان جەڭچى رەسىمىنى چۈشۈرگەن ياپىلاق قەبرە تاشلىرىدىن مىلادىيە 12 ـ، 13 ـ ئەسىرلەردە ۋولگا



16 ـ رەسىم. ۋورلوۋاچ بالباللىرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

دەرياسى بويىدا ھەرىكەتلەنگەن ۋولوۋاچ تۈركلىرىنىڭ قىلىچ ۋە ئايپالتا تۇتقان بالباللىرىنى بۇنىڭغا مىسال قىلىش مۇمكىن.

غەربىي يۇرت بالبالچىلىقى بىلەن بىر قاتاردا ساپال، ياغاچ، دەندان (پىل چىشى)، توقۇلما بۇيۇم، ئات جابدۇقلىرى، زىبۇزىنەت بۇيۇملىرىغا كۆپلىگەن تەسۋىرىي سەنئەت نەمۇنىلىرى ئىشلەنگەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلىش قىيىن (بىز بۇ يەردە توكيو ياپونىيە دۆلەت مۇزېيىدا ساقلانغان مىلادىيە 1 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ دېيىلگەن قەدىمكى خوتەن قىزىلمىلىرىدىن تېپىلغان كۆپلىگەن ساتىرىك ئوبرازلارنى مىسال قىلىشىمىز مۇمكىن. ھەر خىل كومېدىيىلىك نىقاب شەكلىنى ئالغان ۋە مايمۇن قىياپەتلىك ساز چېلىۋاتقان بۇ ئوبرازلار كۆپ (ئىدىش) تۇتقۇچلىرىغا كۆپتۈرۈلۈپ ياسالغان بولۇپ، ئۇلار مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى غەيرىي بۇددىزم مۇھىتىنىڭ مەھسۇلى ئىدى.



17 ـ رەسىم. خوتەندىن تېپىلغان كاھىش ئوبرازلار

بىز غەربىي يۇرت تەسۋىرىي سەنئىتىنىڭ يايلاق مەدەنىيىتى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن يېڭى نەۋلىرىدە غار ـ جىلغا دەۋرى



18 - رەسىم. «بۇغا تاش» — يول بەلگىلىرىدىن بىرى

مەدەنىيىتى تەسۋىرىي سەنئىتى ئۇتۇقلىرى ئىزچىللاشقانلىقىنى كۆرىمىز. غار - جىلغا مەدەنىيىتىدىن يايلاق مەدەنىيىتىگە كۆچۈشمۇ تەدرىجىي ۋە كېيىنكىسى ئىلگىرىكىسىنى داۋاملىق ئۆز قوينىدا ساقلىغان هالدا مەيدانغا كەلگەن.

غار - جىلغا مەدەنىيىتى بىلەن يايلاق مەدەنىيىتى بىپايان زېمىندا تەرەپلەرنى بەلگىلەش ۋە يول بەلگىلىرىنى ئورنىتىشنى تەقەززا قىلدى. دەسلەپكى يەر ناملىرى ۋە يول بەلگىلىرى مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئەجدادلىرىمىز دۇنيادا تۇنجى بولۇپ «بۇغا تاش» — يول بەلگىلىرىنى تاش ئۇستىگە ئۇچقۇر بۇغا شەكلىدە ئويۇپ، سەپەر يوللىرىغا ئورنىتىشقان كىشىلەر ئىدى. بۇ غەربىي يۇرت - مەركىزىي ئاسىيا تەسۋىرىي سەنئىتىنىڭ خاس تارمىقىنى هاسىل قىلدى.

غەربىي يۇرت قورچاق مەبۇدلىرى تەسۋىرىي سەنئەتتە ئىنسانىنى مەركىزىي ئورۇنغا قويۇشنىڭ باشلانغانلىقىنى كۆرسەتكەندى. ئۇ بارغانسېرى قەھرىمانلىق كىشىلىك قاراشلىرى ۋە سەنئەت قاراشلىرىغا قاراپ راۋاجلاندى. بارغانسېرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

«ئوغۇزنامە»، «ئەپراسىياپ» قاتارلىق لېگىنىدا ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىمۇ خەلق ئەدەبىياتى گۈلزارىغا كىرىپ كەلدى. كۆپلىگەن بالىلار ئۇنىڭ تەسۋىرىي سەنئەت شەكلىدىكى كۆرۈنۈشىنى شەكىللەندۇردى. دەرھەقىقەت، بۇ دەۋردە يەنە ئىلاھىيەتلەشكەن ئەپسانىۋى تەڭرىلەر بىلەن ئۇ ھەقتىكى رىۋايەت ۋە ھەيكەللەرمۇ بىللە داۋام قىلىغانىدى. ساك ـ سوغدى تۇرانلىرىنىڭ «رۇستەمئاد» رىۋايەتلىرى شىنجاڭدا «رۇستەم ساقچىق» شەكلىدە ئۇزاق داۋام قىلدى ۋە كېيىنچە ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى تەرىپىدىن ئىرانلاشتۇرۇلۇپ، ئىران قەھرىمانى سۈپىتىدە تەسۋىرلەندى. غەربىي يۇرت يەرلىك ئاھالىلىرى ئەنئەنىۋى تۇرمۇش، قاتناش ـ ئالاقە، بايرام ۋە مەشرەپلىرىنى ئىپادىلەيدىغان تەسۋىرىي سەنئەت نۇسخىلىرى بىلەن تىياتىر خاراكتېرلىك قاپارتما ھەيكەللەرنى ياساشتى. ئۇلار ئاخىرىدىلا پادىشاھى دارانىڭ كۆپ قېتىملىق ھەربىي يۈرۈشلىرىنى تارمار قىلدى ۋە ئاخىر گرېكلار ئۈستىدىنمۇ غايەت زور جەڭ غەلىبىلىرىگە مۇيەسسەر بولدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇزاق داۋاملاشقان گرېك ــ باكترىيە ۋە سېلۇكلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئېللىنىزم تەسۋىرىي سەنئىتى بىلەن ئۇچراشتى. بۇ ھال كېيىنچە غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىگە مۇئەييەن غەيرىيلىك ئېلىپ كەلدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلار غەربىي يۇرت قەدىمكى ئىنسان تۇركۇمىنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ياراتقانلىقى ۋە ھەرقايسى مەدەنىيەت دەۋرلىرىدە ئۇنى ئىزچىللاشتۇرغان ۋە راۋاجلاندۇرغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلار غەربىي يۇرت قەدىمكى خەلقلىرى مىلادىيەدىن 2000 ــ 3000 يىل ئىلگىرىكى دەۋرلەردە، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئاسىيا ـ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا «ئات مەدەنىيىتى» ئىختىراچىلىرى ۋە برونزا بويۇملار ماھىرلىرى سۈپىتىدە كۆچۈش، يۆتكىلىش ۋە يۈرۈش پائالىيەتلىرى بىلەن

شۇغۇللانغانلىقىنى، ئۇنىڭ مەدەنىيەت ئىزنالىرى كىچىك ئاسىيا، قارا دېڭىزنىڭ جەنۇبى، مىسوپوتامىيە، ھىندىستان تارىخىنىڭ ئەڭ قەدىمكى قاتلاملىرىدا مۇئەييەن چوڭكمە ھاسىل قىلغانلىقىنى، مۇنداق چوڭكمىلەر كلاسسىك قەدىمكى مەدەنىيەت ۋە سەنئەتنىڭ روياپقا چىقىشىغا ھەسسە قوشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلار غەربىي يۇرتتا مىلادىيەدىن كېيىن پەيدا بولغان تاشكېمىر سەنئىتى، گەرچە دىنىي ئېتىقاد دەرگاھى ھېسابلانغان تاشكېمىرلاردا بۇددىزم ئىدېئولوگىيىسى شەكلىنى ئالغان بولسىمۇ، ئۇ ھېچقاچان باشقا سۇمۇرغىنىڭ باشقا زېمىنغا تۇغۇپ كەتكەن تۇخۇمى تەرزىدىكى نەرسە بولماستىن، مۇھىمى ۋە ئاساسەن غەربىي يۇرت شارائىتىغا ماسلاشقان، غەربىي يۇرت سەنئىتى ئارقىلىق قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان، غەربىي يۇرتچە بۇددا سەنئىتى ئىكەنلىكى كۆرسىتىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلار غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى تەتقىقاتىنى ھىندىستاندا بۇددىزم ئىلاھىيەتچىلىكىنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ئەمەس، بەلكى بۇ خىل تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ ماكانى بولغان غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى تەسۋىرىي سەنئەت تارىخىنىڭ شەكىللىنىشىدىن باشلاشنىڭ نەقەدەر ھەقىقىي ۋە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ غەربىي يۇرت مەدەنىيەت ۋە سەنئەت تەتقىقاتىدىكى بىرىنچى ناتوغرا نۇقتىئىنەزەر — غەربىي يۇرتتا «ئەزەلدىن مەدەنىيەت بولمىغان» دېگەن قاراشنىڭ ئورنىغا ھەقىقىي ئىلمىي قاراشنى دەسسىتىشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىزاھلار:

① شاڭ دا: «تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەن ۋە غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»، 258 ـ بەت.

② ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۇلۇك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ

چىقىشى»، «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 4 ـ توم.

③ «ئاۋىستا» ـــ زوروئاسترىزمنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى.

④ ئېللىنىزملىق مەدەنىيەت ـــ تار مەنىدە قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتى، كەڭ مەنىدە ئىسكەندەر ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىكى گرېكلەشكەن دۆلەتلەردىكى گرېك مەدەنىيىتىنى گەۋدىلەندۈرگەن مەدەنىيەت.

# ئۈچىنچى باب

# بۇددا سەنئىتىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە راۋاجلىنىشى

## 1. بۇددىزمنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي ئەقىدىلىرى

بۇددىزم — ئومۇمىيلىق جەھەتتىن ئىنسانىيەت ياراتقان ئېتىقاد شەكلىدىكى ئىدېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت تىپلىرىدىن بىرىدۇر. ئۇ — ساماۋى ۋەھيى ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ نىجاتلىنىشقا ئىنتىلىشتەك ئارزۇ - ئىستەكلىرى بىلەن ئېللۇزىيىلىك تەسەۋۋۇرىنىڭ سەمەرىسى.

بۇددىزم — خاسلىق جەھەتتىن، ھىندىستانغا كۆچۈپ ماكانلاشقان ۋە ئەسلىدىكى يەرلىك خەلق بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلانغان ئارىئان ئەۋلادلىرىنىڭ ئەينى زامان ھىندى جەمئىيىتى شارائىتىدا ياراتقان يەنە بىر مۇھىم دىنىي ئەقىدە سىستېمىسىدىن ئىبارەت.

بۇددىزم — دەسلەپكى دىنىي شەكلى ھالىتىدە گەچە «ساكىيامونى» (ساك قەبىلىلىرىنىڭ[1] دانىشمىنى) دەپ شۆھرەتلەنگەن سىددخارتاگاۋتاما ۋە ئۇنىڭ يېقىن مۇخلىسلىرىنىڭ تەشەببۇسلىرى چەمبىرىدىكى مەھەللىي ئېتىقاد تەلىماتى بولسىمۇ، ئۇ ئۆز تەرەققىياتىدا بىرقانچە راۋاجلىنىش باسقۇچلىرى ۋە مەزھەپلىرى بولغان، تەدرىجىي ئالەمشۇمۇل تەسىرگە ئىگە چوڭ دىنىي سىستېما ھالىتىگە مۇيەسسەر بولدى. بۇددىزم سەنئىتى دەل ئۇنىڭ كېيىنكى باسقۇچلىرىدا مەيدانغا كەلگەن تەشۋىق - تەلىم شەكىللىرىنىڭ

www.uyghurkitap.com

بىرى بولۇپ، بۇددىزم سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا بۇددا دىنىنى ئۆز ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن قوبۇل قىلغان دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ خەلقلىرى ئاساسلىق تۆھپە قوشقان.

بۇددا دىنى مىلادىيەدىن ئىلگىرى 560 — 480 - يىللاردا ياشىغان، ھىندىستاننىڭ شەرقىي شىمال قىسمى (ھازىرقى نېپال تېررىتورىيىسى ئىچىدە) دىكى كاپىلوۋاستۇ (Kaplavalstu) ناملىق كىچىك دۆلەتنىڭ شاھزادىسى سىددخارتاخا گاۋتاما تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقى مەلۇم. رىۋايەت قىلىنىشىچە، تەڭرى سىددخارتاخانىڭ ئالەمگە كېلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاتىسىنى كاپىلوۋاستۇ پادىشاھى سۇددھودانا (Suddhodana — 净饭王)، ئانىسىنى ئەينى زامان گۈزەللىرىدىن خانىكە مايا (Maya — 摩耶) قىلىپ بەلگىلىگەن. «لالىتاۋىستارا» (Lalitavistara) ناملىق بۇددا رىۋايەتنامىسىدە يەنە، سىددخارتاخا دۇنياغا كېلىش ئالدىدا ئەرشتىكى ئىلاھ ۋە ھۆر - پەرىلەرنى يىغىپ بۇددا تەلىماتىنى سۆزلىگەن، ئۇلارغا كەلگۈسىنىڭ بۇرھانى مايتىرنى تونۇشتۇرغان؛ خانىكە مايا تەۋەللۇت مەزگىلىدە پۈتكۈل جاھان تەنتەنىگە تولغان، كۆللەردە نېلۇپەر ئېچىلىپ كەتكەن، قەسرە گۈمبىزىنىڭ ئۈستىدە قۇشلار پەرۋاز قىلىشقان؛ خانىكە لومبىنى (Lumbini) باغچىسىغا كىرگەندە ئۇنىڭ ئوڭ بىقىنىدىن سىددخارتاخا ئاپئاق پىل بالىسىدەك تۇغۇلغان؛ ئۇنى براخمان دىنىدىكى ئىككى ئالىي ئىلاھ ئىندىرا بىلەن براخمان قارشى ئالغان ۋە قولىغا ئېلىپ تۇتۇپ تۇرغان؛ ئەجدىھا مۇئەككىلى ناندا (Nanda — 龙王难陀) بىلەن ئوپاناندا (Upananda — 优难陀) ئەرشتىن يېرىم گەۋدىسىنى زېمىنغا چۈشۈرۈپ ئۇنى يۇيۇندۇرغان؛ شۇنىڭدىن كېيىن بۇ بوۋاق تۆت تەرەپكە يەتتە قەدەمدىن مېڭىپ دۇنيانىڭ تۆرىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، بالا تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى ئانىسى خانىكە مايا خۇشاللىق ئىچىدە قازا قىلىپ، ئۇنىڭ سىڭلىسى ماھاپرا جاپاتى (Mahaprajapati — 摩诃圈波提) سىددخارتاخاغا

تەربىيىچى بولغان؛ سىددخارتاخا مەكتەپتە ئەقىل - پاراسەتتە ئۇستازىنى ھەيران قالدۇرغان؛ بالاغەتكە يەتكەندە گوپا (ياسودھارامۇ دېيىلىدۇ، 瞿波) ناملىق گۈزەل قىزغا ئۆيلەنگەن؛ ئۆيلىنىش ۋاقتىدا قىزنىڭ دادىسىنىڭ ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان غايەت زور ئوقيانى ئېتىش، مۇشتلىشىش ۋە قىلىچۋازلىق قىلىش قاتارلىق سىناق شەرتلىرىنى ئورۇندىغان؛ 29 ياشقا كىرگەندە ماگادخا (Magadha — 摩揭陀国) مەملىكىتىگە بېرىپ تەلىم ئالغان؛ 35 يېشىدا ئادۋاتتاھا (advatth—菩提树) ناملىق پىكوس دەرىخى تۈۋىدە ئولتۇرۇپ ئىدراك تاپقان؛ ئۇنىڭغا ئالۋاستىلار ھۇجۇم قىلىپ، خىرىس قىلغان، ۋارقىراپ - چىرقىراشقان، ئاسماننى قاپلىغان بۇلۇتتەك بىھېساب قوراللار ئېتىشقان، زەھەرلىك ئوت - يالقۇن پۈركۈشكەن، بىراق بۇلار گۈل، نۇرغا ئايلىنىپ تۇرغان، يېڭىلگەن ئالۋاستىلار گۈزەل قىزلار سىياقىدا ئۇنى تېرەن ئىدراكتىن ئاداشتۇرالمىغان؛ ئاقىۋەت سىددخارتاخا بۇدساتۋالىقتىن بۇددىھا (بۇرھان)غا ئايلىنىپ، بۇددىزم تەلىماتىنى ياراتقان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، سىددخارتاخا بۇ قۇتلۇق دەرەخ تېگىدە بىر ئاي تۇرغان، كېيىن ئىلگىرى ئۆزىنى تاشلاپ كەتكەن بەش شاگىرتىنى دەسلەپكى مۇخلىس قىلىپ قوبۇل قىلغان، ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى 60 كىشىگە يەتكەندە راھىبلار (Sangha) تەشكىلاتى قۇرۇپ، بۇددىزمنى كەڭ تەشۋىق قىلغان. سىددخارتاخانى ئاتىسى تاپالمىغان، شۇڭا ئۇنىڭ شاھزادىلىك نامى ئەمەلدىن قالغان، ئۇ ئورمانلىقتا يوشۇرۇنۇپ ئىستىقامەت قىلىۋاتقان دەرۋىش چال گائۇتاما (Gautama — 乔达摩) تەرىپىدىن «ساكيامونى» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىشقا باشلىغان. ساكيامونى 49 يىل بۇددىزمنى تەشۋىق قىلىپ، 80 ياشقا كەلگەندە ماللا (Malla — 末罗国) مەملىكىتىنىڭ كۇستاگارا②(Kostagara—那尸拘)شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى دەريا بويىدا ئۆسكەن بىر جۈپ دەرەخ ئاستىدا يېتىپ، ئالەم بىلەن ۋىدالاشقان. ساكيامونى ھەققىدىكى «جاتاكا» (jataka—本生帮事) ھېكايىلىرى بىلەن رىۋايەتلىك تەپسىلاتلار

www.uyghurkitap.com

قانچىلىك سىھىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ سالىك قەبىلىلىرىدىن چىققانلىقى، ئىنسانىي ۋە خۇسۇسىي خاھىشىنى چەكلەپ، ئازابلىق دۇنيادىن خالاس بولۇش توغرىسىدىكى ئىپتىدائىي بۇددىزم ئەقىدىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى روشەن تارىخىي پاكىتتۇر. كېيىنچە تولىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىلگەن بۇددىزم مەزھەپ ۋە ئەقىدىلىرى يەنىلا ساكىيامونىنىڭ ئاساسىي ئەقىدىلىرى ئۇلىغا شاخاپچىلاندۇرۇلغان.

بۇددىزمنىڭ ئاساسىي ئەقىدىلىرى «تۆت ساتيا» (Satya — 四圣谛) نى ئۇل قىلغان بولۇپ، ئۇ تۆت ھەقىقەت دېگەن مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇلار: «ئازاب، سەۋەب، خالاس، يول» دىن ئىبارەت.

«ئازاب» (Duhkhsatya) — دۇنيا ئازاب دېڭىزىدۇر. تۇغۇلماق، قېرىماق، ئاغرىماق، ئۆلمەك ئازابتۇر، دېگەن كىشىلىك قارىشىنى كۆرسىتىدۇ. «ئازاب» — ھەقىقەتتۇر دېگەن قاراش «ئىككى ئازاب» (بەدەن ئىچىدىن ۋە بەدەن سىرتىدىن كېلىدىغان ئازاب)، «ئۈچ ئازاب» (ئاچ - يالىڭاچلىق ئازابى، باياشاتلىقتىن كېلىدىغان ئازاب، بەخت ۋە مۇھىتنىڭ بىقارارلىقىدىن پەيدا بولىدىغان ئازاب)، «تۆت ئازاب» (تۇغۇلماقلىق، قېرىماقلىق، كېسەل بولماقلىق، ئۆلمەكلىك ئازابى)، «سەككىز ئازاب» (يۇقىرىقى تۆت ئازاب بىلەن ھىجران ئازابى، رەقىب - كۈشەندىلەر ئازابى، خاھىشقا ئېرىشەلمەسلىك ئازابى، بەش سەزگۈنىڭ ئاچ كۆزلۈكىدىن كېلىدىغان ئازابلار) قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنگەن، تەبىئەت، كىشىلىك ۋە روھىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

ساكىيامونى بۇ ئازابلارنىڭ مەنبەسىنى «ئاچ كۆزلۈك»، «ھەسەتخورلۇق»، «نادانلىق» تىن ئىبارەت «ئۈچ زەھەر»گە يىغىنچاقلىغان. بۇ زەھەرلەر كىشىنى ئۆزىنى قۇتۇلدۇرالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈرىدۇ، دەپ تەۋسىيە قىلغان. دەسلەپكى بۇددىزمنىڭ سەۋەب، قارىشى ئەنە شۇنداق بولۇپ، ئۈمىدسىزلىك خاراكتېرىنى ئالغان. بۇددىزم مۆتىۋەرلىرى ھىنايانا ئەقىدىلىرى

مەزگىللىدىلا «سەۋەب» (Samudyasatya) ھەقىقىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ «ئون ئىككى سەۋەبىيەت» (十二因缘 — Dvadasanga pratitya samutpada) تەلىماتىنى ياراتقان. ئۇلار «پائالىيەت، روھىي پائالىيەت، بالىياتقۇدىكى بەدەن شەكلى ۋە روھ، ئالتە سەزگۇ، يولۇقماق، تەسىرلەنمەك، ئارزۇ - ھەۋەس، ئىزدىنىپ ئېرىشمەك، ئىدىيىۋى پائالىيەت (سانسارا — قايتا تۇغۇلماق)، قېرىپ ئۆلمەك» تىن ئىبارەت. «ئون ئىككى سەۋەب» قارىشى روھانىيەتچىل، ئۇمىدسىز، دىئالېكتىك خاراكتېر ئالغان، بۇددىزمدا «ياخشىلىقنىڭ ياخشى ھېسابى بولىدۇ، يامانلىقنىڭ يامان ئاقىۋىتى كۆرۈنىدۇ» دېگەن قاراش بىلەن «قايتىلاپ تۇغۇلۇۋېرىش» (Dhama chakra) دېگەن قاراش، پەقەت بۇددا تەلىماتى تەربىيىسىدە بۇددىھاغا ئايلىنىپ، ئەڭ ئالىي ياخشىلىققا ئېرىشىپ، ئالەم ئازابلىرىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىنلىكى بىلەن نىجاتلىققا ئىنتىلگەن. ئۆتمۇشنىڭ بۇددىھاسى ۋىپاسىين (Vipasyin — 毗婆尸佛) ھازىرنىڭ بۇددىھاسى ساكيامونى ۋە كەلگۈسىنىڭ بۇددىھاسى مايتىرى ئۇنىڭ ئۆلگىلىرى ۋە ئۈچ ھاياتلىق (三世) نىڭ رىياسەتچىلىرى ھېسابلانغان. «قايتا تۇغۇلۇۋېرىش» تەلىماتى بويىچە ئادەملەر بەش خىل يولدىن باشقا يولغا گىرىپتار بولمايدۇ. بۇلار: ساماۋى يول (بۇددىھا بولماق)، ئادىمىي يول، ئاسۇرا يولى (Asura—阿修道) — ئاپەتلىك يول، ئاچ ئەرۋاھلىق يولى، ھايۋانغا ئايلىنىپ تۇغۇلماق يولى، دوزاخ يولىدىن ئىبارەت. ھىنايانا قارىشى بويىچە ئالدىنقى ئۈچ خىل يول خەيرىيەتلىك يول، كېيىنكى ئۈچ خىل يول قاباھەتلىك يول ھېسابلىنىدۇ.

«خالاس بولماقلىق» ھەقىقىتى (Nirodha satya) — ئىنسانلارنىڭ پانىي ئالەم ئازابلىرىدىن خالاس بولمىقى، قايتا تۇغۇلۇۋېرىش ئازابىدىن قۇتۇلۇشى ۋە ئازابسىز نىرۋانا (Nirvana — 涅磐) جەننىتىگە كىرىشى مۇمكىن، دېگەندىن ئىبارەت.

«يول تۇتماقلىق» (Marga satya) ھەقىقىتى — نىرۋاناغا

www.uyghurkitap.com

مۇيەسسەر بولۇش تەرىقىتىدىن ئىبارەت. پەقەت بۇددا تەربىيە مەشقىنى ئېلىپ بېرىپ، بارلىق ئارزۇ ـ ھەۋەستىن قولىنى ئۈزگەندە، قايتا تۇغۇلۇۋېرىش ئازابىدىن قۇتۇلۇپ، باقىي ئالەم نىرۋاناسىغا ئېرىشىش مۇمكىن، ھىندىيانا بۇ خىل «يول تۇتماقلىق» ھەقىقىتىنى سەككىز خىل ئۇسۇلغا بۆلگەن بولۇپ، ئۇلار مۇنداق:

توغرا زېھىن (Samyak drsthi) — تۆت ساتياغا لايىق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇپ، نوقۇل ماددىي بۇيۇم، نوقۇل ئۆزۈمچىلىك، نوقۇل ئىلاھىيەت قاراشلىرىدىن يىراق بولماق؛

توغرا تەپەككۇر (Samyak samkalpa) — تۆت ساتياغا لايىق پىكىر يۈرگۈزۈپ، خاتا ۋە ئېزىتقۇ يول ۋە مۇھاكىمىلەردە بولماسلىق؛

توغرا سۆز (Samyak vas) — ھەقىقەت ۋە ياخشىلىق بىلەن بۇددا قانۇنىغا لايىق سۆزلەپ، لاپ، ھاكاۋۇر گەپ، قەبىھ سۆز، غەيۋەت سۆز، قوپال سۆز، كولدۇرلاتما سۆز قىلماقلىق؛

توغرا پائالىيەت (Samyak karmanta) — بۇددا پەرھىزلىرىگە لايىقلىشىپ، جانىۋارلارنى ئۆلتۈرمەسلىك، زىنا قىلماسلىق، بارلىق ناشايان ئىش ـ ھەرىكەتتە بولماسلىق؛

توغرا ياشاش (Samyak ajiva) — بۇددا تەلەپ قىلغان ئۆلچەمدە كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، تۇرار جايدىن باشقا ھالال بولمىغان كەسىپ بىلەن ھايات كەچۈرمەسلىك؛

توغرا پەرق ئېتىش (Samyak ryayama) — بۇددا ئۆلچىمىدە ياخشى ـ ياماننى پەرق ئېتىپ، ياخشىلىقنى پەزىلەت بىلىپ، يامانلىقنى چەكلەپ، دۇنيا ئازابلىرىدىن خالاس بولۇشقا ئىنتىلىش؛

توغرا ئەقىدە (Samyak mrti) — بۇددادىكى تۆت ساتياغا ئەقىدە قىلماقلىق؛

توغرا ئىستىقامەتتە ئولتۇرۇش (Samyak samadhi) — توغرا ئولتۇرۇپ، بىر پىكىر ـ بىر نىيەتتە، تېرەن پىكىرگە چۆكۈپ، ئالەم بىلەن كىشىلىكنى بۇددا زېھنىدە كۆزىتىپ، بەدەن

بىلەن روھنىڭ خالاس بولۇشىغا يول ئاچماقلىق.

ھىنايانا ئىلاھىيەتچىلىرى يەنە «بۇددىزمنىڭ ئۈچ ئۆلچىمى» (Tri darma mura — 三法印) چۈشەنچىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

«ھەممە شەيئى بىقارار» (Antiya agiya — 无常) دېگەن چۈشەنچە. بۇ دۇنيادىكى ھەممە نەرسىلەر چۈشەكى كۆرۈنۈش بولۇپ، ھەربىر دەقىقىدە ئۆزگىرىپ، يوقىلىپ تۇرىدۇ دېمەكلىكتۇر؛

«ھەممە شەيئىدە مەنمۇ بار» دېگەن چۈشەنچە. بۇ دۇنيادىكى ھادىسىلەر سەۋەب ـ نەتىجە بىرىككەن مەھسۇلات بولۇپ، ئادەممۇ شۇنداق، بۇنىڭدىن تاشقىرى ھېچقانداق زات يوق دېمەكلىكتۇر؛

«نىرۋانالا خىلۋەتدار» دېگەن چۈشەنچە. بۇ تاشقى جەھەتتە مۇھىتقا مەھلىيا بولماي، «ھەممە شەيئى بىقارار» قارىشىنى تىكلەپ، ئىچكى جەھەتتە ئۆز تېنىنىڭ غېمىدە بولماي، «ھەممە شەيئىدە مەنمۇ بار» قارىشىنى تىكلەپ، پانىي دۇنيا ئازابلىرىدىن خالاس بولغاندىلا خىلۋەت نىرۋاناغا ئېرىشكىلى بولىدۇ دېمەكلىكتۇر. ھىنايانا مەزھىپىدە بۇ ئۈچ ئۆلچەمنى توغرا ۋە خاتا ئېقىملارنى ئاجرىتىدىغان ئۆلچەم دېيىلگەن.

يۇقىرىقىلار بۇددىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي قائىدىلىرى بولۇپ، ئۇ قاراشلار ھىنايانا (كىچىك كۆلۈڭگۈ — 小乘教) ئېتىقادىنىڭ ئۇلى ئىدى، ۋاقىت ۋە ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بۇددىزمدا ماھايانا (چوڭ كۆلۈڭگۈ — 大乘教) ئېتىقادى پەيدا بولدى. گەرچە ماھايانا ھىنايانا مەزھىپىنى چۆكتۈرۈش ئۈچۈن كۈچەپ تەرغىبات ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ھىنايانا بۇددىزمنىڭ كۆرۈنەرلىك راۋاجلىنىشىدىن ئىبارەت ئىدى.

بۇددىزم مۇتەپەككۇرلىرى ئىپتىدائىي بۇددىزمنى ئازاب دېڭىزىدىن ئۆزىنى، ئازغىنا كىشىنى قۇتۇلدۇرىدىغان (كىچىك ھارۋا)، «كىچىك قېيىق»قا ئوخشايدۇ، دەپ «ھىنايانا» نامىنى بەرگەن؛ ئۆزلىرىنى نۇرغۇن كىشىنى ئازاب دېڭىزىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قۇتۇلدۇرىدىغان (چوڭ ھارۋا)، «چوڭ قېيىق» قا ئوخشىتىپ «ماھايانا» دەپ ئاتاشقان. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ ھەر ئىككى ئاتالغۇ بولمىغانىدى.

بۇ ئىككى مەزھەپنىڭ ئىلاھىيەتچىلىك نەزەرىيىسى ۋە ئۆزىنى تەربىيىلەش ئەمەلىيىتى جەھەتتە كۆرۈنەرلىك پەرقلىرى بولغان. بۇ پەرقلەر قۇلدارلىق ئىگىلىكى تۈزۈمىدىن فېئودالىزمغا ئۆتۈشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي پەرقلەر بىلەن نوقۇل ھىندىستاننىڭ مەھەللىي ئېتىقادىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا سىنكرېتىزمىغا ئۇچرىغان خەلقئارا تەسىرلەر تۈپەيلىدىن تەدرىجىي دىنىي ئىسلاھات سىياقىدا مەيدانغا كەلگەن. بىز بۇ جەھەتتىكى تارىخىي جەريانلار بىلەن ئايرىم تونۇشۇپ ئۆتىمىز.

ھىنايانا بىلەن ماھايانا بۇددىزمىدىكى ئاساسلىق پەرقلەر مۇنداق:

بىرىنچى، ھىنايانا بۇددىزمى ساكيامونىنى ھەقىقىي دىن ئۇستازى، تولۇق ئويغانغان ئادەم، ئۇ بىردىنبىر بۇددىھادىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ. ماھايانا بۇددىزمى ساكيامونىنى ئىنسانلىقتىن ھالقىغان زات، ئىقتىدار ۋە پاراسىتى كامىل ئىلاھ بولسىمۇ، ئۇ بىردىنبىر ئەمەس. ئۈچ ئۆتكۈر (ئۆتمۈش، كەلگۈسى، ھازىر) بىلەن ھەممە ئىقلىملاردا يەنە چەكسىز بۇددىھالار بار. ئامىتابا(阿弥陀佛)، دورىگەر بۇددىھا (بھاشاجياگۇرا—药师佛)، چىراغچى بۇددىھا (دىپامكارا—燃灯佛)، مايترى (弥勒佛) قاتارلىقلار پۈتكۈل ئالەم كۈچ - قۇدرىتىنىڭ نامايەندىسى. ئەڭ ئالىي بۇددىھا ھەقىقىي يول ئۇچۇن ئالەمگە كەلگەن تاتھاگاتا (Tathagata — 如来佛) بولۇپ، ساكيامونى دەل ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ.

ئىككىنچى، ھىنايانا بۇددىزمى بۇددىھالىق مۇقامىغا ئېرىشىپ، ئالەم ئازابلىرىدىن خالاس بولماقنى تەرغىب قىلسا، ماھايانا بۇددىزمى بۇدساتۋا (buthisattva) روھىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ماھايانا بۇددىزمى بارلىق جانلىقلارنى ئازاب دېڭىزىدىن قۇتقۇزۇشنى ئىستەيدىغان تولۇق ئويغانغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى

بۇدساتۋا ھېسابلايدۇ. ماھايانا بۇددىزمى بارلىق خۇمارى ھەۋەسلەردىن ئالاقىنى ئۈزۈپ، نىرۋاناغا چىقىپ، سانسارا ئازابىدىن قۇتۇلغان ئارخات(阿罗汉) — تەمىنلىگۈچى دەرىجىسىنى تەشەببۇس قىلغان ھىنايانا بۇددىزمىنى ئۆز غېمىدىلا بولغانلىق دەپ ئەيىبلەپ، ئارخاتلىقتىن يۇقىرى بولغان بۇددىھالىق دەرىجىسىنى تەشەببۇس قىلىدۇ ۋە بۇ دەرىجىگە ئېرىشمەكتىن بۇرۇن بۇدساتۋا مۇقامىغا ئېرىشىش لازىملىقىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ماھايانا بۇددىزمى كۆپلەپ كىشىنى جەلپ قىلىپ، رىغبەتلەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىمۇ، بارلىق جانلىقلارنىمۇ ئازاب دېڭىزىدىن قۇتقۇزۇشنى تەرغىب قىلىدۇ. كىشىلىككە سەل قاراشتىن، كىشىلىككە ھامىيلىق قىلىشقا ئۆتۈش بۇددىزم قاراشلىرىدىكى چوڭ بۇرۇلۇشنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ماھايانا بۇددىزمىدا دىنىي ئەخلاقنىڭ سالماقلىق ئورۇن تۇتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ماھايانا بۇددىزمى باشقىلارغا ئىچ ئاغرىتىش ۋە ھېسداشلىق قىلىشنى، يامان ئىشلارنى قىلماي، ياخشى ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشنى، ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىلەرگىمۇ مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى ئويغانغان ئاڭلىق ئادەمنىڭ ئۈچ مۇھىم ئەخلاقىي ئىدىيىسى دەپ تەلەپ قىلىدۇ.

ئۈچىنچى، ھىنايانا بۇددىزمى مەڭگۈ ئۆزگەرمەس سۇبيېكت يوق بولسىمۇ، ئوبيېكتىپ دۇنيا مەۋجۇتتۇر دېگەن «ھەممە مەۋجۇت» (Sarvastivadas) پەلسەپىسىگە ئاساسلانغان بولسا، ماھايانا بۇددىزمى سۇبيېكتمۇ، ئوبيېكتمۇ ھەر ئىككىسى قۇرۇق (我法两空) دېگەن سونياتا (空) پەلسەپىسىگە ئاساسلانغان، ماھايانا ھەممە شەيئىلەر ساختا كۆرۈنۈش بولۇپ، ماھىيەتتە يوقتۇر (قۇرۇق) دەپ قارايدۇ.

تۆتىنچى، ھىنايانا بۇددىزمى «مەنئى قىلماق، ئىستىقامەتتە ئولتۇرماق، زېھىن قىلماق» تىن ئىبارەت ئۈچ بىلىمنى تەشەببۇس قىلسا، ماھايانا بۇددىزمى ئۇنى كېڭەيتىپ ۋە ئۆزگەرتىپ «ئالتە كېچىك» (paramita — 六度) نى تەشەببۇس قىلىشتى. ئۇ تۆۋەندىكىچە:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ساخاۋەت (布施) ــ تەلەپ قىلغۇچىغا ئۆزىنىڭ جىسمانىي كۈچى، ئەقلىي كۈچى ۋە مالىيە كۈچى بىلەن ئايانماي پىداكارانە ياردەملىشىپ، نامراتلارنى دۇنيا ئازابىدىن قۇتقۇزۇش؛

پەرھىز (持戒) ــ بۇددىزم مەنئى قىلغان ھەممە نەرسىدە پەرھىز قىلىش؛

تاقەت (忍辱) ــ ھەرقانداق كېلىشمەسلىككە يولۇققاندىمۇ دىلى ئاغماي، رەڭگى سارغايماي تاقەت قىلىش؛

پىداكارلىق (进精) ــ ئوت دېڭىزى، تىغ زەھىرىگە يولۇقسىمۇ، «ئاۋامنى ئازابتىن قۇتقۇزۇش» يولىدا پىداكارانە ئىلگىرىلەپ، چېكىنمەسلىك؛

ئىستىقامەت (Dhyana ــ 禅定) ــ يالغۇز ئۆزىنى پاكلاشتۇرۇش ۋاستىسى بولماي، ئىلاھىي ئىقتىدارغا ئېرىشىش يولى، ئىستىقامەتنى خىلۋەتتە ئولتۇرۇپ تېرەن خىيال سۈرۈش بىلەن ئەمەس، بارلىق جانلىقلار ئارىسىدىكى ئەستايىدىل پائالىيەتكە ئايلاندۇرۇپ ئورۇنداش؛

ئەقىل يۈرگۈزۈش (智慧) ــ يالغۇز ئالەمنىڭ قۇرۇقلۇقى ئۈستىدىكى ئويلىنىش بىلەن چەكلەنمەي، مۆھمى دۇنيا كىشىلىرىنى ئازاب دېڭىزىدىن ئۆتكۈزۈشتىكى ئاسانچىلىقلارنى ئويلىنىشقا قارىتىش.

«بۇ ئالتە كىچىك ــ سادپارامىتا» ئازاب دېڭىزىدىن ئۆتۈشتىكى ئۆتكەل دېيىلگەن. بۇ ماھايانا بۇددىزمىنىڭ دىنىي پەلسەپە بىلەن بىللە يەنە دىنىي ئەخلاقنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى، ئۆز ئەقىدىلىرىنى ئاز ساندىكى راھىبلارغا ئەمەس، پۈتۈن بۇددىزم ئېتىقادىدىكى كەڭ جامائەتچىلىككە قاراتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار بارلىق بۇددىزم ئېتىقادچىلىرىنى «بۇدساتۋا» دەپ قارىدى، ئۆز ئىدىيىلىرىنى «بۇدساتۋا ئىدىيىسى» دەپ ئاتاشتى. ماھايانا بۇددىزمى ئۆز قاراشلىرى ۋە تەشەببۇسلىرىغا يارىشا بىر يۈرۈش نوم ـ سۇترا كىتابلار تۈزۈپ چىقىشتى. بۇلارنىڭ مۆھىملىرى: «ۋاجرا پراجنا پارامىتا سۇترىسى»

(vajra prajna paramita sutra, — 金刚般若波罗迷多经)،
«ساددهايا ماپۇندارىكا سۇترىسى» (saddharma pundarika —妙法莲华经)،
«بۇددىها ۋاتامساكا ماهاۋايىپۇليا سۇترىسى» (buddha vatamsaka maha vaipulya sutra — 大方广佛华严经)،
«ۋىمالاكىرتى ردېسا سۇترىسى» (vima lakirti rdesa sutra—维摩诘经) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

## 2. بۇددىزم سەنئىتىنىڭ بىخلىنىشى ۋە ئۇنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى

شۇنى ئالدىن كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى تەتقىقاتىدا شاڭ دا ئەپەندى قاتارلىق ئالىملار ئىككىنچى خاتالىققىمۇ يول قويۇشتى. ئۇ بولسىمۇ بۇددىزم ئېتىقادىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە سىرتقا تارقىلىش چۇشەنچىسى بىلەن بۇددىزم سەنئىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە سىرتقا، (جۇملىدىن غەربىي يۇرتقا) تارقىلىش چۇشەنچىلىرىنى پەرقلەندۇرەلمىدى. ئۇلار بۇددىزم سەنئىتىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىنى كونكرېت تەھلىل قىلىش، ئۇنىڭغا ھىندىستان تەسۋىرىي سەنئىتى، گرېك تەسۋىرىي سەنئىتى، ئىران تەسۋىرىي سەنئىتى، غەربىي يۇرت ۋە ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك تەسۋىرىي سەنئىتىنىڭ تەسىر ۋە ئەكس تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى تارىخىي قاتلام بويىچە يورۇتۇش ئورنىغا قانداقتۇر ھىندىستان بۇددا سەنئىتى ئېشىندىلىرى غەربىي يۇرت سەنئەت تاشكېمىرلىرىنى بېزىگەن، مۇزىكا - ئۇسسۇل سەنئىتىدىمۇ غەربىي يۇرت ھىندىستان تەسىر دائىرىسىدە تۇرۇپ كەلگەن، دېگەن ناتوغرا قاراشنى كۆپلەپ بازارغا سېلىشتى. بۇ خىل قاراش بويىچە مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2 - ئەسىردە ھىندىستاندا بىخلانغان بۇددىزم تەسۋىرىي سەنئىتى تاكى مىلادىيە 12 - ئەسىرگىچە ئۆزىنىڭ ھاياتىنى تاماملىغاندىن كېيىن غەربىي يۇرتقا تەسىر كۆرسەتكەن بولىدۇ؛ بۇ خىل قاراش بويىچە خوتەن ۋە كۇسەندە مىلادىيە 2 -، 3 - ئەسىرلەردە مەيدانغا كەلگەن، مىلادىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

6 ــ 8 ـ ئەسىرلەردە گۈللەنگەن ۋە كېيىنكى غەربىي يۇرت ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك تەسىرىدە ھىندىستاندا نۇسخىسى مەيدانغا كەلگەن بۇددىزىم سەنئىتى قاتلاملىرىنى ئىزاھلىغىلى بولمايدۇ؛ بۇ خىل قاراش بويىچە بولغاندا غەربىي يۇرت بۇددىزىم تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ؛ بۇ خىل قاراش بويىچە بولغاندا غەربىي يۇرتتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگەن ۋە كومراجىۋا قاتارلىق بۇددا ئالىملىرى تەرجىمە ۋە تەپسىر قىلغان بىر قاتار بۇددىزىم نوم ـ سۇترىلىرىدىكى ھىندىستاندىن پەرقلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگىلى بولمايدۇ.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، بۇددىزمنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ مۇرەككەپ قۇرۇلمىلىرىنىڭ تەلىمات سىستېمىسىغا ئايلىنىشى بىرقانچە ئەسىرلىك ئۇزاق زامانىنى بېسىپ ئۆتكەن. بۇددىزم ئىدېئولوگىيىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن بۇددىزم نوم ـ سۇترىلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشمۇ بىرلا ۋاقىتتا بولغان ئەمەس، بەلكى بىرقانچە ئەۋلادلىق ئەسىرلەر داۋامىدا يۈز بەرگەن. بۇ ئارىلىقتا ناھايىتى ئۇزۇن رىۋايەت ئارقىلىق بۇددىزم قائىدىلىرىنى ساقلاش ۋە تەشۋىق قىلىش جەريانى بولغان، بۇددىزملىق سەنئەتمۇ ساكيامونى ئالەمدىن ئۆتۈپ بىرقانچە ئەسىردىن كېيىن بىخلىنىشقا باشلىغان ۋە ئۆز تەرەققىياتىدا ئارخېئىزملىق، كلاسسىكىزملىق، سىنكرېتىك مانېرىزملىق[2] (矫希主义)، باراكوي (巴洛克) ۋە لوكاكا (罗可可) ئۇسلۇبى قاتارلىق بىر قاتار دەۋرلەرنى بېسىپ ئۆتكەن. بۇ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 11 ـ ئەسىرگىچە بۇددىزم سەنئىتى ۋە ئىكونوگرافىيىسىنىڭ[3] (圣像学) بىرقانچە ئۇسلۇب قاتلىمى ھاسىل قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مىلادىيە 3 ـ، 4 ـ ئەسىرلەردە ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئۇسلۇبى بىلەن گەۋدىلەنگەن غەربىي يۇرت بۇددىزم سەنئىتى، كېيىنكى 6 ـ، 7 ـ ئەسىرلەر ئىچىدە ھىندىستان بۇددا سەنئىتىگە ئەكس تەسىر كۆرسەتمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ساكيامۇنى ۋاپات بولۇپ (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 485 ـ يىلى) نىڭ شاگىرتى كاسياپا (Kasyapa — 迦叶) باشچىلىقىدا راجاگرىھا (Rajagriha—王舍城) شەھىرىدە 500 بىكسۇ (比丘) جەم بولۇپ، تۇنجى بۇددا كونگرېسىنى ئېچىپ، بۇددىزمنىڭ دەسلەپكى قائىدە ۋە قىياپىتىنى تىكلىدى. ئۇنىڭدىن تەخمىنەن بىر ئەسىر ئۆتۈپ، ياشاس (yasas — 耶舍) باشچىلىقىدىكى 700 بىكسۇ ۋايسالا (vaisala — 吠舍城) شەھىرىدە ئىككىنچى قېتىملىق بۇددا مۇخلىسلىرى يىغىلىشى ئۆتكۈزدى. بۇنىڭدىن يەنە تەخمىنەن بىر ئەسىر ئۆتۈپ، مائورىيا (Maurya — 孔雀王朝) خانلىقىنىڭ چاندراگۇپتا (Chadra gupta — 额头婆罗王)، بىندۇسارا (Bindusara — 梅陀罗笈多王) دىن كېيىنكى ئۈچىنچى پادىشاھى ئاسوكا (阿育王 — مىلادىيەدىن ئىلگىرى 272 — 232) دەۋرىگە كەلگەندە، دەسلەپتە براخمانىزمنىڭ سىۋا (湿婆) مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدىغان بۇ پادىشاھ تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىنكى 9 ـ يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 261 ـ يىلى) گوداۋارى دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى بېنگال قولتۇقىدا كالىنگا (羯陵迦) نى بويسۇندۇرۇش جېڭىدە يۈز بەرگەن قانلىق پاجىئەدىن تۇۋا ـ ئىستىغپار قىلىشقا باشلاپ، نىگرودھا (尼瞿陀) ناملىق راھىبنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئىككى يىلدىن كېيىن ئاسوكا تەقۋادار بۇددىست بولۇپ، بۇددىزمنى گانگ — ھىندى دەرياسى ۋادىسىدىكى مائورىيا دۆلىتىنىڭ دۆلەت دىنىغا ئايلاندۇرىدۇ. ئۇ تاشلارغا بۇددىزم ۋە مېھىر ـ شەپقەت تەرغىب قىلىنغان پەرمانلارنى ئويدۇرىدۇ، ھەرتەرەپكە بۇددىزم دىنىنى تارقىتىدىغان راھىبلارنى ئەۋەتىدۇ، ھەشەمەتلىك بۇددا راھىبلار ئۇيۇشمىسىنى تەشكىل قىلىدۇ، پايتەخت پاتالىپۇترا[4] (华氏城) شەھىرىدە مىڭ بىكسۇنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئۈچىنچى قېتىملىق بۇددا كونگرېسى ئۆتكۈزۈلۈپ پراكرىت (巴利文) تىلىدا تۇنجى قېتىم ئاساسلىق بۇددا دەستۇرى «ئۈچ ئاغىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نوم» (Tripi pitaka—三藏) يېزىپ چىقىلدى. بۇلار: ساكيامونى سۆزلىرىدىن توپلانغان «سۇترا پىتاكا» (sutra pitara — 经藏)، بۇددىزم پەلسەپىسىدىن توپلانغان «ئابىھىدراما پىتاكا» (Abhi dhrama pitaka, 论藏)، راھىبلىق قائىدىلىرى ۋە ئىبادەتخانا قائىدىلىرىدىن توپلانغان «ۋىنايا پىتاكا» (vinaya pitaka—律藏) دىن ئىبارەت. ئاسوكا خانلىق تەختكە چىققاندا ئىسكەندەر زۇلقەرنەين (مىلادىيەدىن ئىلگىرى 356 — 323) نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستانغا قىلغان يۈرۈشى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 326 ـ يىلى ئاخىرلاشقانغا بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت بولغانىدى. بۇ ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىش ۋاقتىدا تېخى بۇددىزم دەستۇرلىرى بىلەن بۇددىزم سەنئىتى شەكىللەنمىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

خانلىق تەختىدە 37 يىل ئولتۇرغان ئاسوكا ھەرقايسى جايلارغا ئەۋەتكەن راھىبلارنىڭ تىزىملىكى تارىخىي مەنبەلەردە ساقلانغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە كەشمىرگە، خوتەنگە، قەندىھارغا، ئەپراسىياپقا ئەۋەتىلگەنلىرى بار. مائورىيا پادىشاھلىقىدىن كېيىن شىمالىي ھىندىستاندا سۇنگا ( sunga — 伽王朝 مىلادىيەدىن ئىلگىرى 185 — 73) سۇلالىسى، جەنۇبىي ھىندىستاندا ئاندىھارا (Andhara — 安度罗王朝) ـ (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 3 ـ ئەسىرگىچە) سۇلالىسى بۇددىزم مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈردى.

مىلادىيە 1 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 2 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى ياشىغان كوشان (ئۇلۇغ توخرىلار) خانى كانىشكا بۇددىزم تارىخىدا ئۆچمەس تەسىر قالدۇردى. ئا. ئوسىپوۋ (A . Occunob)نىڭ « 10 ـ ئەسىرگىچە ھىندىستاننىڭ قىسقىچە تارىخى» (خەنزۇچە، 1957 ـ يىلى نەشرى) ناملىق كىتابىنىڭ 71 ـ بېتىدە يېزىلىشىچە، توخرىلار سىكتايلار بولۇپ، كانىشكا دەۋرىدە كوشان خانلىقى ئومۇمىيۈزلۈك گۈللىنىشكە باشلىغان. ماتۇرا (株菟罗) دىن تېپىلغان ھەيكەلدە كانىشكا ئۆرە تۇرغان، ئوڭ قولىغا قاشقىر چىشلىق ئومۇت، سول قولىغا يايلاق باللىرىغا ئويۇلغاندەك خەنجەر

تۇتقان، ئۇستىگە تىزىغىچە تون كىيىنىپ بېلىگە كەمەر باغلىغان، تون سىرتىغا پلاش يېپىنغان، پۇتىغا ئۆتۈك كىيىپ تۇرغان قىياپەت گەۋدىلەندۈرۈلگەن. كانىشكا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرگە كەلگەندە كەشمىردە 500 ئارخات، 500 بىكسۇنىڭ قاتنىششى بىلەن تۆتىنچى قېتىملىق بۇددىزم كونگرېسى ئۆتكۈزۈلدى، ئاشۋاگوشا (马鸣) ئوتتۇرىغا قويغان ماھايانا بۇددىزمى مەيدانغا كەلدى. تارىخىي مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنىشىچە، ئاشۋاگوشا «ماھايانا»، «ھىنايانا» ئاتالمىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئىختىلاپ ۋە پەرقلىرىنى ئىزاھلىغان ۋە مەشھۇر «بۇددا قەسىدىسى» (Buddha caritaka Vyasutra)نى يازغان. ئۇنىڭدىن كېيىن 2 ـ ئەسىردە ياشىغان ناگارد جۇنا (龙树) ماھايانا بۇددىزمىنى زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇپ، بىر پۈتۈن سىستېمىغا ئايلاندۇرغان. ماھايانا بۇددىزمى ئىچكى جۇڭگو ۋە ياپونىيە قاتارلىق ئەللەرگە تارقالغاندىن كېيىن تەدرىجىي يوسۇندا يەنە بىر قانچە مەزھەپ ۋە ئېقىملارنى ھاسىل قىلغان. ھىندىستاندا بۇددىزم، براخمان دىنى، گىنا (Gina) دىنىنىڭ قائىدىلىرىنى سىنگرېتلاشتۇرۇپ مىلادىيە 8 ـ، 9 ـ ئەسىرلەردە مەيدانغا كەلگەن ھىندىزم دىنىدىن كېيىن ئۇزاق قالماي ئۆز تەسىرىنى ئاخىرلاشتۇرغان بولسىمۇ، بۇددىزم غەربىي يۇرتتا مىلادىيە 14 ـ، 15 ـ ئەسىرلەرگىچە، ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتە ۋە ياپونىيىدە ئۆز تەسىرىنى سالماقلىق بىلەن ساقلاپ كەلدى.

دەسلەپكى بۇددىزم (Adibbuddha) دەۋرىدە پادىشاھ ۋىرۇداكا (毗卢达迦) ساكيامۇنى تەلىماتىغا قارشى چىقىپ كۆپلىگەن ساكلارنى قىرىۋەتكەن، پادىشاھ باسېناجىت (波斯荆匿王)، پادىشاھ ئاجاتا شاترو (阿世王)، پادىشاھ پىنبىسارۇ (频毗波罗王) قاتارلىقلار ئەكسىچە ھالدا بۇددىزم مۇخلىسلىرىغا ئايلانغانىدى. تاكى ئاسوكا زامانىغىچە بۇددىزم بىر قانچە ئەسىر ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ كەلگەن، ئاسوكا تۈزدۈرگەن ئۈچ نومۇ بالى يېزىقىدا پۈتۈلگەن، تاكى كانىشكا

www.uyghurkitap.com

زامانغىچە سانسكرىت يېزىقىدىكى سۇترىلار مەيدانغا كەلمىگەنىدى.

دەسلەپكى بۇددىزم سەنئىتى ئاسوكا ئېلان قىلغان ۋە تاشقا ئويۇلغان پەرمانلار بىلەن بىخلىنىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ بىرقەدەر مەشھۇرلىرى باقرا (Bakhra — 巴克拉) تاش تۈۋرۈكى، مارگا دارۋا(Margadara — 鹿野苑) تاش تۈۋرۈكى، لۇمبىنى (Lum bini — 蓝比尼) تاش تۈۋرۈكى، راجاگرھا (Rajagrha — 王舍城) تاش تۈۋرۈكى، بالابار (巴拉巴尔) تاشكېمىرلىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى.

باقرا، مارگادارۋا تاش تۈۋرۈكلىرىنىڭ بېشىغا شىر ئوبرازى بېرىلگەن، بولۇپمۇ مارگادارۋادىن تېپىلغان تاش تۈۋرۈكنىڭ بېشىغا نىلۇپەر بېزەك نەقىش قىلىنىپ، ئۈستىگە سانسارا سىمۋولى سۈپىتىدە تۆت چاق ئوبرازى ۋە ھەربىر چاق ئارىسىغا پىل، ئات، كالا، يولۋاستىن ئىبارەت تۆت ھايۋان ئوبرازى ئويما ـ قويما ھالەتتە بېرىلگەن، ئۈستىگە شىر بىر گەۋدە قىلىنىپ بېرىلگەن. ساكيامونى بۇددى بولۇپ تۇنجى نۇتۇق سۆزلىگەن مارگادارۋادىن تېپىلغان بۇ تاش تۈۋرۈكنىڭ براخما يېزىقىدىكى تەۋسىيە يېزىلغان قىسمى بىلەن ئۈستىگە ئورناتقان بۇ تەسۋىرىي ئوبراز قىسمى ئۈزۈلۈپ كەتكەن.

لۇمبىنى تاش تۈۋرۈكى ساكيامونى تۇغۇلغان جايدىن 1897 ـ يىلى تېپىلغان بولۇپ، تۈۋرۈكنىڭ بېشىغا ساكيامونىنىڭ شەھەردىن ئاتلىق چىقىپ تەركىدۇنيا بولغانلىقىغىچە سىمۋول قىلىنىپ، نىلۇپەرگە دەسسەپ تۇرغان بىر ئاتنىڭ ئوبرازى ئويۇلغان.

راجاگرھا ئەسلىي ساكيامونى بۇددىزمنى تەشۋىق قىلغان ئاساسلىق جاي بولۇپ، ھازىرقى بىخار شتاتىنىڭ تىلايا دېگەن يېرىدە راجاگرھا تاش تۈۋرۈكىنىڭ ئۈستىگە ساكيامونى سىمۋولىدا بىر پىل كۆرۈنۈشى ئويۇلغان.

بالبال تاشكېمىرلىرى ھازىرغىچە ساقلانغان ئەڭ قەدىمكى تاشكېمىر بولۇپ، بىخار شتاتى گايا (Gaya — 格雅)

شەھىرىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. بۇ تاشكېمىرلەر ياغاچ بۇددا ئىبادەتخانىسى شەكلىدە ياسالغان بولۇپ، ئاددىي بىر ئىشىكلىك يالغۇز خانە بولغان. ياغاچ قۇرۇلمىلىق بۇ تاشكېمىرلەرنىڭ تۈۋرۈك، ياپما لىم، ئىشىك، كېسەكلىرىگە ياغاچ قاپارتمىلىق ھەيكەللەر ئىشلەنگەن بولۇپ، بۇددا مۇنارى (Stupa) غا تېۋىنىۋاتقان كۆپلىگەن پىل ئوبرازلىرى بېرىلگەن.

سۇنگا (مىلادىيەدىن ئىلگىرى 183 — 73) ۋە ئاندىھارا (مىلادىيەدىن ئىلگىرى 2 - ئەسىردىن مىلادىيە 3 - ئەسىرگىچە) سۇلالىلىرى دەۋرىدە باشلانغۇچ بۇددا سەنئىتى داۋاملىق راۋاجلاندى. بۇ چاغدىكى مۇھىم بۇددىزم سەنئەت يادىكارلىقى بارھۇت مۇنارى (帕鲁德塔)، سانچى مۇنارى (嗓奇塔)، باھاجا تاشكېمىرى (巴查石窟)، كارلى تاشكېمىرى (卡尔利石窟)، ئاجابتا (阿梅陀) دىكى دەسلەپ ياسالغان تاشكېمىرلەر بىلەن ئاماراۋاتى (阿玛拉瓦窟) مۇنارىدىن ئىبارەت.

بارھۇت مۇنارى شىمالىي شتاتتا بولۇپ، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2 - ئەسىردە مۇنار گەۋدىسىگە ساكيامۇنى رىۋايەتلىرى بىلەن ساكيامۇنىنىڭ دۇنياغا كېلىش ئالدىدىكى ئەسلىي يارالمىش ھېكايىلىرى (جاتاكا) سىمۋوللاشتۇرۇپ ئويۇلغان. سانچى مۇنارى مەركىزىي شتاتتا بولۇپ، تۆت مۇنار ئورنىتىلغان. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1 - ئەسىردە تۆت مۇنارغا تۆت تۇرانچە ئىشىك (Torana) بېكىتىلىپ، ئۈستىگە قاپارتمىلىق تەسۋىرىي ئويمىلار بېرىلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە بۇددىھا ساكيامۇنىغا تەمسىل قىلىنغان ھايۋان سۈرەتلىرىدىن تاشقىرى يەنە ئەۋرىشىم تۇرغان ياكسا (药叉) ئالۋاستىنىڭ ئوبرازى ئويۇپ ئىشلەنگەن.

بومباي ئەتراپىدىكى باھاجا تاشكېمىرلىرى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2 - ئەسىردە، بومباينىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى كارلى تاشكېمىرى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1 - ئەسىر ئەتراپىدا ياسالغان بولۇپ، بۇ ئىككى تاشكېمىر ياغاچ ئۆي شەكلىگە تەقلىد

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىنغان. ئوتتۇرىغا مۇنار چىقىرىلغان، كۆپلەپ تۈۋرۈك چىقىرىلىپ، نىلۇپەر، پىل، ئات ۋە ھەر خىل بېزەكلەر قاپارتىلىپ ئىشلەنگەن.

بومباينىڭ شەرقىي شىمالىدىن 300 كىلومېتىر يىراقلىقتا مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 7 ـ ئەسىرگىچە قېزىلغان ئاجانتا تاشكېمىرلىرى ھىندىستاندىكى مەشھۇر بۇددا يادىكارلىقى ھېسابلىنىدۇ. ھازىر 29 كېمىر ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئەڭ قەدىمكىلىرى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 3 ـ ئەسىرگىچە قېزىلغان، ھىنايانا تېمىلىرى، يارالمىش قىسمەتلىرى، تەبىئەت (ئورمان) مەنزىرىسى تام رەسىملىرى مەزمۇنىنى تەشكىل قىلغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا قېزىلغانلىرى گوپتا سۇلالىسى دەۋرىگە تەئەللۇق بولۇپ، ئۇنىڭدا قەندىھار ۋە غەربىي يۇرت، جۇڭگو ئۇسلۇبىنىڭ تەسىرى كۆرۈنەرلىك بولغان.

ئامراۋاتى بۇددا مۇنارىسى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2 ـ ئەسىردە ياسالغان بولۇپ، مۇنارنىڭ ئۈستىگە تىزلىنىپ ئولتۇرغان شىر ئورنىتىلغان. ئامراۋاتى سەنئەت يادىكارلىقى نەچچە قېتىم ئۈستى ـ ئۈستىگە قايتا ۋە كېڭەيتىلىپ ئىشلەنگەن بولۇپ، دەسلەپكى دەۋرگە تەئەللۇقلىرى ئاساسەن ساپ ھىندىستان ئۇسلۇبىدا، كېيىنكى دەۋرگە تەئەللۇقلىرى ئاساسەن قەندىھار ئۇسلۇبىدا بولغان، ھەتتا ساكيامونى (بۇددىھا) ئوبرازى ئىشلەنگەن.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن مەلۇم بولىدىكى، بۇددىزم مەيدانغا كېلىپ تاكى ئاسوكا بۇ دىننى دۆلەت دىنى دەپ ئېلان قىلىپ، پەرمان تاش پۈتۈكلىرى ۋە تۈۋرۈكلىرىنى ئويدۇرغۇچە بولغان بىرقانچە ئەسىر ئىچىدە ئىپتىدائىي بۇددىزم تېخى سەنئەت شەكلىگە كىرمىگەنىدى.

ئاسوكا زامانى ۋە سۇنگا، ئاندىھارا سۇلالىلىرى دەۋرىدە بۇددىزمنىڭ دەسلەپكى سەنئەت يادىكارلىقلىرى مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، بۇ ئومۇمەن كوشان خانلىقىدىن ئىلگىرىكى بۇددىزم

سەنئەتتى دەۋرىنى ھاسىل قىلغان. بۇ چاغدىكى ئاساسلىق سەنئەت نەمۇنىلىرى بۇددىزم تۇۋرۇك ۋە مۇنارلىرىغا ئىشلەنگەن نەقىش، قاپارتمىلىق ھەم ھەيكەل شەكىللىك ھايۋان كۆرۈنۈشلىرى، ئاددىي تاشكېمىرلەردىن ئىبارەت بولغان.

ئارخېئىزملىق بىرقەدەر ئاددىي ئۇسلۇب بىلەن بۇددىھا ئوبرازىنى بەرمەستىن، نېلۇپەر، پىل، ئات، كۇنلۇك، دەۋر قىلىنۋاتقان چاق ئارقىلىق ساكيامونىغا سىمۋول قىلىش بۇ دەۋردىكى بۇددا سەنئىتىنىڭ ئىككى خاس ئۇسلۇبىنى ئىپادىلىدى. بۇددىھا ئوبرازسىز بۇددىزم سەنئىتى ئۆز تەرەققىياتىدا سېنكرېتىك ۋە كلاسسىكىزملىق باسقۇچقا ئاساس سالدى.

### 3. ھىندىستان بۇددىزم سەنئىتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى

ھىندىستان بۇددىزم سەنئىتى تەخمىنەن مىلادىيەدىن كېيىن گۈللەنگەن دەۋرگە سېنكرېتىزملىق، كلاسسىكىزملىق تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويدى. بۇ دەۋر ھىندىستان بۇددا سەنئىتىنىڭ نوقۇل «مەدەنىيەت ئىۋالىيوتسىيىسى»⑤ يولى بىلەن ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن ياكى نوقۇل «مەدەنىيەت دىففۇزىيىسى»⑥ يولى بىلەن ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيىتى سۈپىتىدە مەيدانغا چىققىنى يوق. باشقىچە ئېيتقاندا، نوقۇل ئاسوكا دەۋرىدە بىخلانغان ئاساسىنىڭ ئۆز ئىچىدىن راۋاجلىنىشى نەتىجىسىدە ياكى نوقۇل گرېك ۋە ئىران مەدەنىيەتلىرىنىڭ شەرققە يېيىلىشى نەتىجىسىدە مەيدانغا چىققىنى يوق. مەشھۇر ھىندىشۇناس ئىنگلىز ئالىمى چارلىز فابرى (1899 — 1968) «ھىندىستان ھەيكەلتىراشلىقى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەپ توغرا ئېيتقان: «ھىندىستان سەنئىتى بارلىق ئەسىرلەر ئىچىدە باشتىن - ئاخىر ئۆزگەرمەس (ھىندى شەكلىدە) بولۇپ كەلگەن دېگەن قاراش ناھايىتى زور سەپسەتىدىن ئىبارەت.»⑦ شۇنىڭغا ئوخشاشلا ھىندىستان بۇددا سەنئىتى، ھەتتا پۈتكۈل شەرقتىكى بۇددا سەنئىتىنىڭ ھەممە باسقۇچلىرىنى گرېك - ئىران

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەسۋىرىي سەنئىتى تەسىرىنىڭ مەھسۇلى دېيىشمۇ بىمەنىلىك بولىدۇ. رېنې گروئۇسسېت «قەدىمكى ھىندىستان مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابىدا مۇشۇنداق خاتالىققا يول قويغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «قەندىھار سەنئەت ئېقىمى گرېك - رىم سەنئىتىنىڭ ئاسىيانىڭ ئەڭ شەرقىي قىسمىدىكى بىر ئېقىمىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇددىزمنى تەشۋىق قىلىشقا خىزمەت قىلغان.»⑧ ئۇ «ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئۆتۈپ، مىلادىيە 5 -، 6 - ئەسىرلەردىكى ئۇلۇغ جۇڭگونىڭ شىمالىي ۋېي سۇلالىسى سەنئىتىنى ھاسىل قىلىپ ياراتقان.»⑨ رېنې گروئۇسسېتچە بولغاندا، قەندىھار سەنئىتى گرېك - رىم سەنئىتىنىڭ ئاسىيادىكى كۆرۈنۈشى بولۇپ قالىدۇ. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى بۇددىزم سەنئىتى بولسا بۇ خىل گرېك - رىم سەنئىتىنىڭ شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدىكى ھاسىلاتى بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭچە شەرقتىكى بۇددىزم سەنئىتى بىلەن غەربتىكى خرىستىئان سەنئىتى ماھىيەتتە گرېك - رىم مەدەنىيىتىنىڭ ئىككى خىل دىنىي شەكلىدىكى ئىپادىلىنىش ھالىتىدىنلا ئىبارەت، خالاس. ئۇ بۇ ئىدىيىنى مۇنداق ئاشكارا ئىپادىلەيدۇ: «قەدىمكى گرېك ئولۇمپىيە ئىلاھلىرى قېلىپىنى ئاساس قىلىپ خرىستىئان دىنىدىكى پورترېتلار ئىشلەنگەندەك پرىنسىپتا، بۇددىزم ئىلاھى بۇددىھالىرىنىڭ ئوبرازى ئىشلەنگەن.»⑩

بىز ھىندىستان بۇددىزم سەنئىتى يەنىلا ھىندىستاندىكى ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ۋە ئىپتىدائىي بۇددىزملىق سەنئەت تەجرىبىلىرىنى غول ۋە ئاساس قىلغان ھالدا، يىپەك يولىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىدىكى تەسۋىرىي سەنئەت، ھەتتا بۇددىزملىق تەسۋىرىي سەنئەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن پايدىلانغان ھالدا كۆپ قاتلاملىق سىنكرېتىزملىق نەتىجە سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن دەپ قارايمىز. بۇ ھەقتە چارلىز فابرىنىڭ «ھىندىستان ھەيكەلتىراشلىقى» ناملىق كىتابىدىكى مۇنۇ سۆزىنى ھەقىقەتكە يېقىن دەپ قارايمىز. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ھىندىستان كلاسسىكىزم سەنئىتى گرېك كلاسسىكىزملىق

سەنئىتىدىن ھاسىل بولغان ئەمەس»[11]، «قانچىلىك ھەقىقىي گرېكنىڭ بۇ خىل سەنئەت شەكلىگە بىۋاستە تۆھپە قوشقانلىقى خېلىلا گۇمانلىق»، «ھىندىستاننىڭ كۆپچىلىك رايونلىرى بۇنداق گرېكلەشكەن سەنئەت تەسىرىنى زادى بىلمىگەن»[12]، «بۇ خىل ئىقتىدارنى ھىندىستان سەنئەتچىلىرى ئىرانلىقلاردىن ئۆگەنگەن ئەمەس، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈش مۇمكىن.»[13]

روشەنكى، ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىمالىي ھىندىستاندىن چېكىنىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ، باكترىيىدە گرېك ھاكىمىيىتى ۋە شەرقچە ئېللىنىزم[14] مەدەنىيىتى ئۇزاق داۋام قىلدى. ھەتتا گرېك پادىشاھلىرىدىن مىلىندا (弥难陀 مىلادىيەدىن ئىلگىرى 170 — 150 ھاكىمىيەت سۈرگەن) گانگ ۋادىسىغىچە بويسۇندۇرۇپ، ئىسكەندەردىن ئېشىپ كەتكەن. ئۇ بۇددىزمنى قوبۇل قىلغان. «مىلىنداپانھا» (弥难陀王部经) سۇترىسىدا ئۇ بىر بۇددىست سۈپىتىدە بىر بۇددا راھىبى بىلەن سۆھبەتلەشكەنلىكى خاتىرىلەنگەن.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 135 يىلى گرېك - باكترىيە ھاكىمىيىتى ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن سىكتاي مىللەت تۈركۈمىدىكى[15] ئۇلۇغ توخرىلار تەرىپىدىن باكترىيىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان. رىملىقلار ھىندىستاندىكى سىكتايلار[16] دەپ ئاتىغان كوشان خانلىقىنىڭ خوتەنلىك خانى كانىشكا (مىلادىيە 1 -، 2 - ئەسىر ئارىلىقىدا ياشىغان)[17] بۇددىزم سەنئىتىنى يېڭى سىنكرېتىك - كلاسسىك باسقۇچقا كۆتۈردى. بۇ مەشھۇر قەندىھار بۇددىزم سەنئىتى ئىدى، قەندىھار بۇددىزم سەنئىتى كابۇل ۋادىسىدا بولۇپ، غەربتىن شەرققىچە قەندىھار (ھازىرقى پېشاۋار)، ناگاراھار (ھازىرقى تىنگراھار)، لامپاكا (ھازىرقى لامگھام)، كارپىسا (ھازىرقى كوھىستان) قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى.

شىمالىي ھىندىستانغا ئاسوكا دەۋرىدە بۇددىزمنى تارقالغانلىقى بىلەن كانىشكانىڭ بۇددىزملىق سەنئىتىنى قەندىھار كلاسسىك ئۇسلۇبىغا كۆتۈرگەنلىكى ئارىسىدا بىرقانچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەسىرلىك مۇساپە ۋە سەنئەت ئۇسلۇبى پەرقلىرى ساقلانغان. ھىندىستان ئۇچۇن غەيرىي خەلق ھېسابلانغان توخرى كوشان خانلىقى ئۆز ھاكىمىيىتىنى كۈچەيتىش ئۇچۇن بۇددىزمغا موھتاج بولغىنىدەك، بۇددىزمنى بىردىنبىر ئەقىدە قىلىش ئارقىلىق ھەر خىل خەلقلەرنى مەنىۋى جەھەتتە بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بۇددىزمنى سەنئەتلەشتۈرۈشكە، بولۇپمۇ ئوبرازلاشتۇرۇشقا ھاجەتمەن بولغان. چۈنكى، كوشان خانلىقى تەۋەسى ۋە ئالاقە تەسىرىدىكى خەلقلەر سانسكرىت يېزىقىنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆۋەنكى تەبىقە ئاھالىلىرى ساۋاتسىز ئىدى. سەنئەت، بولۇپمۇ تەسۋىرىي سەنئەت بۇ خىل توسۇق ۋە قۇلۇپلارنى ئاچىدىغان بىردىنبىر مۇھىم ۋاستە ھەم ئاچقۇچ ئىدى. كانىشكا ئۈچۈن ئاسوكا دەۋرىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن ئارخېئىزملىق دەسلەپكى بۇددا تەسۋىرىي سەنئىتى ئۈلگىلىرى، ئۆز ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ قورچاق مەبۇد، قىيا تاش سىزمىلىرى ۋە بالبال ياساش تەجرىبىلىرى، ئىران ـ گرېك ئويمىكەشلىك ھۈنىرى ئاسوكاغا نىسبەتەن مول ۋە كەڭ مۇمكىنلىك پەيدا قىلغانىدى. كانىشكا ئۆزىمۇ تەسۋىرىي سەنئەتكە زوقمەن ئىدى. 1908 ـ يىلى پىشاۋۇر ئەتراپىدىكى شاھچى قىدىرى (沙哈吉奇提里) دىن تېپىلغان بۇددىزملىق جەسەت كۈلى قۇتىسىدىن كانىشكانىڭ ئىسمى بىلەن پورترېتى تېپىلغان. ئۇ چىقارغان مېتال ئاقچىلارغا بۇددىھا رەسىمىنى چەكتۈرگەن.

پۈتكۈل ئۇسلۇب ھېسابلانغان قەندىھار تەسۋىرىي سەنئىتى يالغۇز كانىشكا دەۋرىدىلا ئاياغلاشمىغان، ئۇ مىلادىيەنىڭ بېشىدا شەكىللىنىپ، مىلادىيە 3 ـ، 5 ـ ئەسىرلەردە گۈللىنىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئېفتالىتلار (ئاق ھونلار) ئىستېلاسى بىلەن قاتتىق بەرھەم يېگەنىدى. كوشان خانلىقىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن گۇپتا (320 ـــ 600) سۇلالىسى دەۋرىدە بۇددىزم سەنئىتى داۋاملىق راۋاجلاندى. بۇ دەۋرنىڭ مۇھىم يادىكارلىقلىرى قەندىھار، ماتھۇرا، ئاجانتا، باميان بۇددا سەنئەت تۈركۈملىرىدىن

ئىبارەت.

قەندىھار سىنكرېتىزم ۋە كلاسسىكىزملىق سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئالتە نۇقتىغا بۆلۈش مۇمكىن: بىرىنچىسى، بۇددىزملىق تەسۋىرىي سەنئەت كۆلىمىنىڭ مىسلىسىز زورىيىشى، چوڭ ھەجىملىك نەققاشلىق ئەسەرلىرى بىلەن كەڭ كۆلەملىك تام رەسىملىرى ۋە كۆپلىگەن تاشكېمىر ئېھراملىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى؛ ئىككىنچىسى، بۇددىزم تەسۋىرىي سەنئەت ئۇسلۇبىدا ھىندىستان ئامىللىرىغا يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا ـ سكتاي، ئىران ۋە گرېك ئامىللىرىنىڭ ھەر خىل دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن سىنكرېتىك تەركىب ھاسىل قىلىنىشى؛ ئۈچىنچىسى، ساكيامونى ۋە باشقا بۇدساتۋا، ئارخات ۋە ئىلاھىيەت ئوبرازلىرىنىڭ بىۋاسىتە ھەيكەل شەكلىدە ياكى تام رەسىملىرى، قاپارتمىلىق ھەيكەل شەكلىدە مەيدانغا كېلىشى؛ تۆتىنچىسى، تام رەسىملىرى ۋە ھەيكەل، قاپارتمىلىق ھەيكەللەردە تۇرمۇش ئېپادىلىرى، يالىڭاچ، يېرىم يالىڭاچ ئىنسان گۈزەللىكى كۆرۈنۈشلىرىنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشى؛ بەشىنچىسى، قەندىھار سەنئىتىنىڭ ئۆز ئىچىدىن سىنكرېتىك، كلاسسىك، مانىنېرىك (بېزەلمىلىك) ئۇسلۇب باسقۇچلىرىغا بۆلۈنگەنلىكى، بىرقانچە تارىخىي قاتلامغا بۆلۈنگەنلىكى؛ ئالتىنچىسى، بۇددىزم مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتىنىڭ خەلقئارالىشىشقا قەدەم قويغانلىقى ۋە بۇ جەرياندا زور دەرىجىدىكى ئۆزگىرىشكە ئۇچرىغانلىقىدىن ئىبارەت. قەندىھار بۇددىزم سەنئىتى ھەققىدە توختالغاندا بۇ ئالتە جەھەتنىڭ ھېچبىرىنى ئېتىبارنىڭ سىرتىغا قويۇشقا بولمايدۇ.

قەندىھار سەنئىتى كۆلەم ۋە ھەجىم جەھەتتىن ئىلگىرىكىدىن زور بولدى. كانىشكا كوشان تېررىتورىيىسىدە قەندىھارنى مەركەز قىلىپ كۆپلەپ بىھارا (ئىبادەتخانا) مۇنارلىرى بىلەن قىيالارنى تېشىپ بۇت ھەيكەللىرىنى ياساتقۇزدى. ماردانىدىن تېپىلغان ئۆرە تۇرغان بۇددىھا ھەيكىلى يۇزى ئېللىپس شەكلىدە، قېشى ئىنچىكە سوزۇلغان، كۆز ئۇگىسى تېرەن، بۇرنى

ماڭلىيدىن ئېقىپ چۈشكەندەك تۈز، كالپۇكى نېپىز، چېچى بۇدۇر بولۇپ، بىر قەدەر ھىندى ـ گرېك سىنكرېتىزمىنى ئىپادىلەيدۇ. پىشاۋۇر، تاشلا (ھازىرقى ئىسلامئاباتنىڭ غەربىي شىمالى) دىن تېپىلغان مىلادىيە 1 ـ، 2 ـ ئەسىرلەرگە مەنسۇپ ھەيكەللەر قىياپىتى جانلىق، سىزىقچىلىرى پىشقان، سىزىمگە بېرىدىغان تەسىرى كۈچلۈكرەك بولغان. كوشان خانلىقى دائىرىسىدە ماتھۇرا (ھازىرقى يېڭى دېھلىنىڭ شەرقىي جەنۇبى) دىن تېپىلغان ھەيكەل ۋە تەسۋىرىي رەسىملەردە ھىندىستان يەرلىك ئۇسلۇبى كۈچلۈكرەك بولغان، بولۇپمۇ ماتھۇرا سەنئەتچىلىرى يالىڭاچ بەدەن قىياپىتىنى ئىپادىلەشتە ماھارەت كۆرسەتكەن. ماتھورانىڭ جامالپۇر دېگەن يېرىدىن تېپىلغان بۇددىھا ھەيكىلى يۈزى چاسا يۇمىلاق، قاشلىرى تىك، كالپۇكلىرى قېلىنراق قىلىنغاندىن تاشقىرى، چېچى چۇشۇرۇۋېتىلگەن. ماتھۇرا سەنئەتكارلىرى قەدىمكى ھىندى چۆچەكلىرىدىكى كىچىك جىنلارنى ناھايىتى سۆيۈنەرلىك قىلىپ قاپارتما لىق ھەيكەللەشتۈرگەن. گەرچە، ساكيامونى بۇنداق جىنلارنى ئېغىزغا ئالمىغان، ئىپتىدائىي بۇددىزم ئىلاھىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلغان بولسىمۇ، ئاددىي خەلق مۇنداق ئەركەك، چىشى جىنلارنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇلار دەرەخ ئىلاھى ياكسا ۋە سۇ ئىلاھى ياكسىنىنىڭ ھەيكەللىرىنى گۈزەل ئاياللار ئوبرازى بىلەن ئىشلەپ چىقىشقانىدى. ماتھۇرادىكى بۇددا مۇنارىدا مۇنداق جىنلار ۋە ئىلاھلارنىڭ ئوبرازلىرى كۆپلەپ ئويۇلغان. ئاجانتا تاشكېمىرلىرى گۈپتا سۇلالىسى دەۋرىدە قەندىھار سەنئىتىنىڭ تەسىرىدە داۋاملىق راۋاجلاندى. 19 ـ كېمىرنىڭ ئوتتۇرىسىغا بۇددا مۇنارى ۋە ئىشىك ـ دېرىزە قاسناقلىرىغا تۈۋرۈك ۋە گۈمبەز شەكىللىك تورۇسلارغا ھەر خىل گۈل ـ گىياھ ۋە ئادەم قىياپەتلىرى قاپارتما قىلىنغان، تاملارغا چوڭ ـ كىچىك مەبۇد تەكچىلىرى ئويۇلغان بولۇپ، ھىندىستان تاشكېمىرلىرىنىڭ نەمۇنىسى ھېسابلىنىدۇ. ئاجانتادا گۈپتا سۇلالىسىدىن كېيىن ئويۇلغان 16 ـ، 17 ـ كېمىرلەرگە

«شاھزادىنىڭ تەركىدۇنيا بولۇشى»، «خانىكىنىڭ پەرداز قىلىشى»، «نىلۇپەر قوللۇق بۇدساتۋا» قاتارلىق تام رەسىملىرى ئىشلەنگەن. بامىياندا 2000 دىن ئارتۇق تاشكېمىر ياسالغان. قىياغا ئويۇپ 55 مېتىر ئېگىزلىكتە (غەربىي قىيادا)، 37 مېتىر ئېگىزلىكتە (شەرقىي قىيادا) ئىككى زور بۇددا ھەيكىلى ياسالغان. ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ھىندىقۇش تاغلىرى تىزمىسىدىكى بامىيان بۇددا سەنئەت يادىكارلىقلىرى گەرچە مىلادىيە 4 ـ، 5 ـ ئەسىرلەرگە تەۋە بولسىمۇ، يەنىلا قەندىھار سەنئىتى تۆركۈمىنىڭ ئاخىرقى نامايەندىسى بولۇپ قالدى. مەنبەلەردە يېزىلىشىچە، چوڭ بۇددا ھەيكەللىرى ئالتۇن رەڭدە بويالغان. تاشكېمىرلەرگە ساكيامونى، بۇدساتۋا، ھۆر قىزلار، مەتلۇبچىلار (Harirya — 供养人) رەسىملىرى سىزىلغان.

قەندىھار سەنئىتى سىنكرېتىزملىق مۇجەسسەم ئۇسلۇبىنى گەۋدىلەندۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا يەنىلا ھىندىستان ۋە كوشان يەرلىك ئۇسلۇبى ئاساسىي ئورۇن ئالغانىدى. گرېك ـ رىم ئامىللىرى بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان گرېك ـ باكتېرىيە دەۋرىدىكى گرېكلار ئەۋلادلىرىدىن كەلگەن بولۇپ، بەزى ھەيكەللەر ئېھتىمال گرېك ئەۋلادلىرىنىڭ قولىدا ئىشلەنگەن بولۇشى، بەزىلىرى گرېك تەسىرىنى قوبۇل قىلغان بولۇشى مۇمكىن. كابۇل ئەتراپىدىكى خاددا (Hadda — 哈大) دىن تېپىلغان بۇددىھا ساكيامونى ھەيكىلى شاھزادىلىك ئاسقۇلىرى بىلەن سوزۇلۇپ كەتكەن قۇلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پۈتۈنلەي گرېك ھەيكەللىرىگە ئوخشاپ قالغان. ۋەھالەنكى بارلىق پۆرمە چاچ، قاڭشارلىق بۇرۇن، بۇرۇت ـ ساقال بىلەن يالىڭاچ قىياپەت، ئەۋرىشىم قىياپەت ۋە ئۇچۇپ پەرۋاز قىلىشلارنىڭ ھەممىسىنى گرېك ـ رىمنىڭ تەسىرى دېگىلى بولمايدۇ. چارلىز فابرى «ھىندىستان ھەيكەلتىراشلىقى» ناملىق ئەسىرىدە: «خېلىلا مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن گرېك سەنئىتى ئېھتىمالىم رىملاشقان ئاسىيالىقلار — گرېك ـ پىرسىيىلىكلەر بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئوتتۇرا يەر دېڭىزى ساھىللىرىدىكى ئاھالىلەر ئارقىلىق مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1 ـ ئەسىردە بۇ مەملىكەتكە يېتىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. تەكىتلەشكە ھاجەتلىكى شۇكى، بۇ خىل تەسىر يۈزەكى ئىدى»⑱، «گرېكلىشىشىنىڭ تەسىرى ئاستا ... ئارخېئىزمچە، خېلىلا قوپال ئىدى»⑲ دېگەنىدى. ھىندىستان سەنئەتچىلىرىنىڭ چەت ئامىللارغا بولغان قىزىقىشى مىلادىيە 4 ـ، 5 ـ ئەسىرلەردىن كېيىن كۈچەيگەن بولۇپ، مىلادىيە 7 ـ ئەسىردىكى ھىندىستان بۇددىزم سەنئىتىدە (بولۇپمۇ باروقۇئې Baroque — 巴洛克 سەنئىتىدە) گرېك ئامىللىرى كۆرۈنەرلىك بولمىغان. بۇ چاغدا گرېتسىيە ۋە رىمدىمۇ بۇ ئامىللار يوقىلىشقا باشلىغانىدى. قەندىھار سەنئىتى كوشان خانلىقى دەۋرىدە ئاپىرىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە سىكتاي ئامىللىرى ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن. ئىلگىرى ھىندىستاننىڭ يەرلىك سەنئەت ئامىلى قاتارىغا قوشۇۋېتىلگەن بۇ «مېھمان» ئامىل ئايرىم ئىزاھلىنىشى لازىم. ئېنگېلسنىڭ: «كابۇلنىڭ سۇلتانى ھىندىستاننىڭ پادىشاھىدۇر» دېگىنىدەك، كوشان — توخار يابغۇلىرىنىڭ ھىندىستان بۇددا سەنئىتىدە كۆرۈنەرلىك تەسىر قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. قەندىھاردا مىلادىيە 2 ـ ئەسىردە ياسالغان قاپارتمىلىق «ساكيامونىنىڭ تەلىم سۆزلىشى» (佛陀说法) دېگەن كۆرۈنۈشتە، ئۇنىڭ ئەتراپىغا كەڭ ئىشتانلىق، ئۆتۈك ھەم تون كىيگەن ئوتتۇرا ئاسىيالىق مۇخلىسلارنىڭ ئوبرازى بېرىلگەن. ساكيامونى قىياپىتى ھىندىستانلىققا ئوخشىمىغاندىن سىرت، بېشىغا ھىندىستانغا تەئەللۇق بولمىغان شاھانە يوپۇق ئورنىتىلغان. ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار جۇڭگوچە بۇ خىل سايىۋەن بىلەن خېلى بۇرۇنلا تونۇشلۇق ئىدى. قەندىھاردا مىلادىيە 4 ـ ئەسىرگە تەۋە «ياقا ئەللىكلەر شادىياسى» (异国人祝捷) ناملىق قاپارتمىلىق كۆرۈنۈشتە ئوتتۇرىدا قولىغا غالىبىيەت شادىيانىسىگە سىيما قىلىنغان پالما يوپۇرمىقى تۇتقان، بېشىغا تاجىسىمان بۆك كىيگەن ئايال مەبۇد؛ ئۇنىڭ ئالدىدا زەپەر

دۇمبىقى چېلىۋاتقان، كالتا ئىشتان ۋە ئۆتۈك كىيگەن بۇرۇت ـ ساقاللىق ئوتتۇرا ئاسىيالىق چال؛ ئۇنىڭ يېنىدا بېلىگە نېپىز يوپۇق ئورىغان، قولىدا جام تۇتۇپ شاراب ئىچىۋاتقان، بېشىغا تاجسىمان بۆك كىيگەن يالىڭاچ ئايال ئۇسسۇلچى؛ ئۇنىڭ ئالدىدا قومۇرىدا شاراب قويۇۋاتقان، ئىشتان ۋە ئۆتۈك كىيگەن ئاسىيالىق ئەركەك؛ ئايال ئىلاھنىڭ كەينىدە ئوخشاش ئىشتان بىلەن ئۆتۈك كىيگەن، كوزا ۋە تۇلۇمدا ھاراق كۆتۈرۈپ ۋە تۇتۇپ تۇرغان ئىككى ئەركەك ئوبرازى بېرىلگەن. روشەنكى، ساقال ـ بۇرۇت نوقۇل گرېك، ئىران ئادىمىگە خاس بولماستىن، غەربىي يۇرت ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مويلاۋغۇز (戎胡) لىرىغىمۇ تەئەللۇق بولغان، بولۇپمۇ ئىشتان بىلەن ئۆتۈك ئۇ زامانلاردا سىبىرىيە، ئوتتۇرا ـ مەركىزىي ئاسىيا ئاتلىقلار مەدەنىيىتى ياراتقان خەلقلەرگە تەئەللۇق مۇھىم ئالامەت ئىدى. ئىران تەسىرى، مەسىلەن، ساكيامونى ۋە باشقا ئالىي ماقام ئىگىلىرى ئوبرازىغا قوشۇلغان نۇر چەمبىرىكى، مىلادىيە 4 ـ ئەسىردىكى ساسسانىلار سەنئىتىدە ئۇچرىغان بولۇپ، ئېھتىمال ئىرانغا خاس ئىجادىيەت بولۇشى مۇمكىن. مىلادىيە 5 ـ ئەسىردە ئىشلەنگەن مانھۇراندىكى بۇددا تىك ھەيكىلىدە بۇ نۇر چەمبىرىكى نۇرسىز ئوتتۇرا ئاسىياچە نەقىشلىك چەمبەرگە ئۆزگىرىپ كەتكەن. مۇھىمى شۇكى، بۇددانىڭ كىيىندۇرۇلۇشى قەدىمكى خوتەن رەسساملىق ئۇسلۇبىدىكى «ھۆل ئېگىن» (湿衣) ئاساسىدا ئىشلەنگەن بولۇپ، نېپىز كاسايا (Kasaya) خۇددى ھازىر سۇدىن ئېلىنغاندەك بەدەنگە چاپلىشىپ ھەم بەدەننى، ھەم بەلۋاغنى كۆرسىتىپ تۇرغان. تەخمىنەن بۇ ھەيكەلدىن سەل كېيىن ياسالغان (بىخاردىن تېپىلغان) مىس ھەيكەلمۇ ھىندىستانغا تەئەللۇق بولمىغان نېپىز كىيىم بىلەن كىيىندۇرگەن بۇددا ئوبرازى بولۇپ، «ھۆل ئېگىن» ئۇسلۇبىدا ئىشلەنگەن. چارلىز فابرى بۇ ھەيكەل ھەققىدە توختىلىپ: ئۇ زاماندىكى ھىندىستاندا ئەر ـ ئاياللار ئوبرازى بەدەن يالىڭاچ بولاتتى، ئارتۇقچە كىيىنىش بەدەننى كۆرسىتىشكە توسقۇنلۇق قىلاتتى. بۇ ھەيكەلدىكى

كېيىم سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن،⑳ دەپ يازغان، بۇ قايسى خەلقلەر ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمىگەن. ئىتالىيە ئالىمى، رىم ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى مارىئو بوساگېر (马里奥—布萨格里) مۇنداق دېدۇ: «ئوتتۇرا ئاسىيادا پەقەت بىرلا رەسساملىق ئېقىمىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ نەقىش تام سىزمىلىرى ۋە يىپەك تويىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇلۇغ ئەسەرلىرى بىلەن ئېيتالايدۇ، بۇ ئەسەرلەر جۇڭگو سەنئەتچىلىرى ۋە ئەمەلچىلىرىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن، ئۇ بولسىمۇ خوتەن رەسساملىق ئېقىمى ئىدى». (يالغۇز دۇنخۇاڭ 220 - كېمىردىكى، ياپونىيە كوياسان مىيولويىنى (高野山明王院)، لىيەن گى زان مايىەن (莲花三昧院)، لوچىيەن (樱池园) كون گوئوبورىن (金刚峰寺院) دىكى مىلادىيە 8 - ، 14 - ئەسىرلەرگە مەنسۇپ ئەسەرلەر خوتەن رەسساملىقى ئۇسلۇبىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ قالماي، يىپەك يولى ئالاقىلىرى تۈپەيلى، غەربىي ياۋروپا ئوتتۇرا ئەسىر شەرق ئاكادېمىيىسى رەسساملىقىمۇ خوتەن رەسساملىقى ئېقىمى ئۇسلۇبىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان㉑. سۈي - تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى مەشھۇر رەسسام ۋايسارا پوجىنا (尉迟跋质那) ۋە ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ۋايسارا ئىرسانگا (尉迟乙僧) ئەنە شۇ «ھۆل ئېگىن» خوتەن ئۇسلۇبىنىڭ ۋارىسلىرى ۋە «ئويما - قاپارتما ئۇسۇلى» نىڭ ئىختىراچىلىرى ئىدى.

قەندىھار سەنئىتى تۇنجى بولۇپ ساكيامونى قاتارلىق ئىنسانىي ئوبرازلارنى بىۋاستە تەسۋىرلەشكە مۇقەددەمە بولدى. ۋەھالەنكى، ئىلگىرىكى بۇددىزم سەنئىتىدە بۇ خىل مۇقەددەس ئوبرازلار ھەرخىل سىمۋوللۇق ۋاستىلەر بىلەن ئىپادىلىنىپ كەلگەن. بۇ ئوبرازلار مەلۇم ئالامەت - بەلگىلەر بويىچە ھەرقايسى بۇتلارنىڭ كىملىكىنى پەرقلەندۈرەتتى. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ساكيامونى ئوبرازى ئۇ ۋاپات بولۇپ بىرقانچە ئەسىردىن كېيىنكى سەنئەتچىلەر تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغاچقا، ئۇ ئەينى زامان نەققاش - رەسساملىرىنىڭ ھەر خىل دەرىجىدىكى ئوبرازلارغا بولغان ئېستېتىك قاراشلىرى بويىچە، ئەينى زامان

ئادەم قىياپىتىنى ئىلاھلاشتۇرۇش ئاساسىدا ياسالغان. بىز جەنۇبىي ۋە شىمالىي ھىندىستان، ماۋرائۇننەھر، غەربىي يۇرت، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە ياپونىيىدە ھەرقايسى دەۋرلەر ۋە ھەرقايسى سەنئەتچىلەرنىڭ قولىدا بۇ ئوبرازلارنىڭ پەرقلىق مىللىي، دەۋر، ئۇسلۇب شەكلى ئالغانلىقىنى كۆرىمىز. ساكيامۇنى بارغانسېرى (ھەتتا بەزى بۇدساتۋالارمۇ) ئەر - ئايال ئارىلاشقان نەپىس قىياپەتتە سىزىلغان.

قەندىھار سەنئىتى بۇددىزملىق دىنىي تۈس بىلەن چەكلەنگىنى يوق. بۇ جەھەتتە چارلىز فابرى مۇنداق دەيدۇ: «بەزىلەر ھىندىستان نەققاشلىرى پەقەت ئۆزلىرىنىڭ دىنىغا قىزىققان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بارلىق ھەيكەللىرى ئىلاھلار ياكى ساكيامۇنى بىلەن ئۇنىڭ مۇخلىسلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ئىپادىلىگەن، دېيىشىدۇ. بۇ خىل قاراش ناھايىتى خاتا. يېتەرلىك پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، باشقا ئەللەر ھەيكەلتىراشلىرىغا ئوخشاش ھىندىستان نەققاشلىرى ئەتراپىدىكى تۇرمۇشنى، بولۇپمۇ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى خۇشاللىق ۋە كۆڭۈللۈككە قىزىقىشقان»[22]. بۇ ھەقتە رېنې گروئۇسسېت ھىندىستان ئالىمى زاماپراساد چانداننىڭ «ھىندى دەرياسى ۋادىسىدا ساقلانغان تارىختىن ئىلگىرىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ناملىق كىتابىغا ئاساسلىنىپ مۇنداق يازىدۇ: «بۇددىزم سەنئىتىدە ئىپادىلەنگىنى بۇددىزم قائىدىلىرىدىكى ھالاكەت ۋە يوقلۇق غايىلىرى دېگەندىن كۆرە، تۇرمۇشقا بولغان ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ ھەقىقىي ۋە مۇشۇ ئالەمچە قىزغىن مۇھەببەت دېگەن تۇزۇك»، «قەدىمكى گرېتسىيە ئەزەلدىن تۇرمۇشنى مۇنچە ھەقىقىي ۋە ئۆزلۈكىدىن قوزغالغان خۇشاللىق بىلەن مۇناسىپ ئىپادىلىمىگەن»[23]. ھەقىقەتەن بۇددا ھەيكەللىرى نوقۇل توقۇلما ۋە تەسەۋۋۇر بولسا، تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى رېئاللىققا تولغاندى.

قەندىھار سەنئىتى باشلانغاندا ئارخېئولىزملىق كونا ئۇسلۇب ئۇستىدە بەدىئىي ئىسلاھات ئېلىپ بارغاندى. كوشان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

خانلىقىدىن كېيىنمۇ داۋاملىق راۋاجلىنىش جەريانىدا كلاسسىكىزملىق تۈس ئالغان. مىلادىيە 6 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 9 ـ ئەسىرگىچە داۋام قىلغان قەندىھار سەنئىتى داۋاملىق راۋاجلىنىپ مانىپېرىزىملىق ــ بېزەكچىلىك ئۇسلۇبىغا، ئۇنىڭدىن مىلادىيە 13 ـ ئەسىرگىچە باروقۇئى ئۇسلۇبىغا، ئۇنىڭدىن كېيىن لوكېكى ئۇسلۇبىغا ئايلىنىپ ئاخىرلاشتى. بۇ ئۇسلۇبلار داۋاملىق راۋاجلىنىش ۋە داۋاملىق سىنكرېتىزملىنىش ئاساسىدا ئۆز تارىخىي زەنجىرىنى شەكىللەندۇردى.

قەندىھار سەنئىتى كانىشكا دەۋرىدىن باشلاپلا شىمالغا، شەرققە ــ يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن تاكى ياپونىيىگىچە، جۇملىدىن شەرقىي جەنۇبى ئاسىياغىچە كېڭىيىشى بىلەن نىشانلانغانىدى. ھەرقايسى غەيرىي مىللەت خەلقلىرىگە بۇددىزمنى تارقىتىش ئېھتىياجى بۇددىزمنى سەنئەتلەشتۇرۇشكە تۈرتكە بولغىنىدەك، ھەرقايسى ئەللەر بۇددىزم سەنئىتىگە غايەت زور بەدئىي تەسىر كۆرسەتتى. تەسىر قىلىش ــ تەسىر قوبۇل قىلىش ــ قايتا تەسىر قىلىش ــ مانا بۇ ھىندىستان بۇددىزمىنىڭ ئومۇمىي تارىخىي جەريانى بولۇپ قالدى. ھىندىستان بۇددىزمى چەت ئەللەر ھەرقايسى ئېقىم ۋە مەزھەپ پەيدا قىلغاندەك، ھەر خىل بۇددىزم سەنئەت ئېقىمى ۋە ئۇسلۇبلىرىنى شەكىللەندۇردى. بۇ «دۇنياغا يۈزلىنىش» نىڭ مۇقەررەر ئاقىۋىتى ئىدى. بۇ يالغۇز ھەيكەلتىراشلىقتا ئەمەس، دىنىي ئورۇنلار بىناكارلىقى سەنئىتىدە، رەسساملىق سەنئىتىدىمۇ شۇنداق ئورىگىناللىقلار پەيدا قىلدى. بۇنى ھىندىستان بۇددىزملىق سەنئىتى ياكى ئۇنىڭ ئىشىنىملىرىدىن ھاسىل بولغان سەنئەت دېيىش تولىمۇ بىمەنىلىك بولغان بولار ئىدى، ئەلۋەتتە.

## 4. ماۋرائۇننەھر توققۇز جاۋۇپلىرىدا بۇددىزم سەنئىتى

كوشان خانلىقى دەۋرىدە بۇددىزم شىمالىي ھىندىستاندىن (كېيىنكى خۇراساندىن) ئامۇ دەرياسى ئارقىلىق

ماۋرائۇننەھرگە — ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كۆپلەپ تارقالدى. بىراق، بۇنىڭلىق بىلەنلا ئاسوكا زامانىسىدا بۇ جايلارغا كەلگەن دىن تارقاتقۇچى راھىبلارنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

ئوتتۇرا ئاسىياغا قەدەم قويغان بۇددىزم ئىككى جەريانغا دۇچ كەلدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئۇلۇغ توخرىلار بىلەن سۇغدى - ماساغىتلارنىڭ ئېتنىك بىردەكلىكى تۈپەيلى، بۇ جايلارنىڭ كوشان خانلىقى تەسىرىدە ئىكەنلىكى تۈپەيلى بىرقەدەر تېز كېڭەيدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن يەرلىك ئاتەشپەرەسلىك (زوروئاستىرىزم) ئاتەشپەرەسلىك ۋە ئېپتىدائىي ئېتىقادلار تۈپەيلى بۇددىزم رىقابەتلىك تۈسىدە چەكلەندى. بۇنداق چەكلەش ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمىدىكى كۆچمەن قەبىلىلەردە كۈچلۈكرەك بولدى.

ئۇلۇغ توخرىلار دەسلەپتە تەڭرىتاغلىرىدىن پەرغانە ۋادىسى ۋە سۇغدىلار رايونلىرىغا كۆچۈپ ماكانلاشتى. ئۇلار بەش يابغۇلۇققا بۆلۈندى. كېيىنچە گرېك - باكتىرىيە خانلىقىنى ھالاك قىلىپ، كوشان ئىمپېرىيىسىنى شەكىللەندۈردى. ئۇلار يەنىلا سۇغدى رايونلىرى بىلەن پەرغانە ۋادىسىنى قولدىن بەرمىدى ۋە كېيىنچە توققۇز جاۋۇپ خانلىقلىرى سۈپىتىدە ئۇزاق ياشىدى. توققۇز جاۋۇپ — ئۇلۇغ توخرىلارنىڭ ئەسلىدىكى ماكانى — چىلىيەنشەن تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى جاۋۇپ (昭武) شەھىرىنى سىمۋول قىلغان بولۇپ، ئەسلىي «جارۇپ» دەپ ئاتىلاتتى. توققۇز جاۋۇپلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۇلۇغ توخرىلار، سۇغدىلار، كانگىيە (قاڭغار) لارنىڭ خۇددى جۇڭگو مەنبەلىرىدە (مەسىلەن، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە) كۆرسىتىلگىنىدەك، ئېتنىك بىرلىكىنى ياكى بىر گەۋدە بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرسىتەتتى. زەرەپشان دەرياسى بىلەن قەشقەر دەرياسى ئارىسىدىكى مايمارگى، قەشقەر دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى شەھرى سەبىز، ھازىرقى كاتتا قورغاندىكى كوشانىيە، بۇخارا (بىر زامان ئارساك سۇلالىسى تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان). چاش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

(تاشكەنت ـ چىرچىق)، پەرغانە تۇزلەڭلىكىدىكى پەرغانە ـ ئەندىجان قەدىمكى قەلئەلىرى، هازىرقى ئۆرەتۆپەدىكى ئۇستىرىشان (ماۋرائۇننەهر، سۇترىشنا 二师 ) قاتارلىق يەتتە ئەل بىلەن ئامۇ دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى ئۇناش (乌那遏国)، ئامۇ دەرياسىدىكى مەرۋى، جۇڭگو مەنبەلىرىدە 米国,史国,何国,安国,石国,火卑国,曹国,乌那遏国,穆国 دىن ئىبارەت توققۇز جاۋۇپ، قاڭغارلار بىلەن ئوخشاش ئىدى㉔.

بۇ رايونلاردا بۇددىزمدىن ئىلگىرى مەھەللىي سىكىتاي (سكىف) — سارماتىن مىسكەرچىلىكى، سېرىق ـ قىزىل ساپال هەيكەلچىلىك راۋاجلانغان. دۇنياغا مەشهۇر ۋە پۈتۈن مەركىزىي ئاسىيا، غەربىي سىبىرىيە، جەنۇبىي ئورالدىن تاكى قارا دېڭىز ۋادىسىغىچە هايۋان ئوبرازىدىكى ئىنچىكە ـ سىپتە ئالتۇن ـ مىس هۇنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن سىكىتايلار ئەلۋەتتە كىتابىمىزدا سۆزلەنگەن غەربىي يۇرت بۇددا سەنئىتى ئىجادچىلىرىنىڭ بىۋاستە ئەجدادلىرى ئىدى. بۇ سەنئەت بۇيۇملىرى تارىخنىڭ نوپۇزلۇق ئۇچۇرى سۈپىتىدە هېلىمۇ كىشىلەرنى هەيران قالدۇردى.

بۇددىزم سەنئەت سۈپىتىدە بامىيان ياكى قەندىهار ئۇستىلىرىنىڭ قولىدا ئەمەس، بەلكى سەنئەتخۇمار يەرلىك سۇغدى — ساك — تۇخار تۇركلىرىنىڭ قولىدا ئۆز پاۋلىئونىنى تىكلىدى.

كونا ئەپراسىياپ شەهىرىدىن تېپىلغان لاي هەيكەللەر هەر يىلقى نورۇز بايرىمىغا تەييارلىنىپ، كېيىنكى نورۇز بايرىمىدا بۇزۇلۇپ، شۇ لايدا قايتا ياسىلاتتى. بۇ سىما چيەن، بەنگۇنىڭ هونلار ئەجدىهابالىق شەهىرىدە يېڭى يىللىق بەخت مۇئەككەللىرىنى ياساپ، كېيىنكى يېڭى يىلدا بۇزۇپ قايتا ياسايتتى، دېگەن مەلۇماتى بىلەن ئوخشايتتى. ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئاناخىت مەبۇدىسىنىڭ يالاڭ فىگۇرىسى، مايمۇن قىياپەتلىك ئادەملەر تەسۋىرى، ئاتلىق كىشىلەر قورچاقلىرى تېپىلغان.

گرېك ـ باكتىرىيە دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ئېللىنىزملىق مەدەنىيەتنىڭ سىرتىدا قالمىدى. ھازىرقى تۈركمەنىستاندىكى ئاشخابات ئەتراپىدىكى قەدىمكى نىسا خارابىلىرىدىن تېپىلغان مۈڭگۈز قەدەھكە ئويۇپ ئىشلەنگەن تىياتىرلىق كۆرۈنۈشلەر بىلەن مەرمەردىن ئىشلەنگەن گرېك ئىلاھىيەتلىرىنىڭ كىيىملىك ۋە يېرىم يالىڭاچ ھەيكەللىرى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2 ـ ئەسىردە بۇ جايلارنىڭ ئېللىنىزملىق مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

كوشان قەندىھار بۇددىزم سەنئىتى ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا يېقىن بولغان تېرمىز شەھىرى ۋە شۇ ئەتراپتىكى قەدىمكى قورغان ـ تېپەلەرگە نۇقتىلىق تەسىر كۆرسەتكەن. ئامۇ دەرياسى بىلەن سۇرخان دەرياسى قوشۇلغان جايغا جايلاشقان تېرمىزدىكى ئايرىستامدا مىلادىيە 1 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ بۇددا ئىبادەتخانىسى بولغان. ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى قورغان قەلئە بالالىق تېپە خارابىلىرىدىن مىلادىيە 3 ـ، 4 ـ ئەسىرلەرگە مەنسۇپ بۇددىزم ۋە مەھەللىۋى تۇرمۇش مەزمۇنىدىكى رەڭدار تام رەسىملىرى تېپىلغان. ئامۇ دەرياسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى خەيرىياتتېپە كونا قەلئەسىدىن سېرىق ـ قىزغۇچ لايدا ئىشلەنگەن نۇرغۇن ھەيكەللەر تېپىلغان قەدىمكى تېرمىز ۋە ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى زورمالا، قاراتېپە، پىيازتېپە، دالۋېرىزتېپە، بازار قەلئە خارابىلىرىدىن تېپىلغان بۇددىھا ۋە بۇدساتۋا فىگۇرىلىرى قەندىھار بۇددىزم ھەيكەللىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە قەدىمكى تېرمىزدىكى پىيازتېپەدىن تېپىلغان مىلادىيە 2 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ قاشتېشىغا ئويۇلغان بۇددىھا ۋە ئۇنىڭ راھىبلىرىنىڭ نەقىش ئەسىرى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىدۇ. بۇ مەرمەر ئويما گۇمبەز شەكىللىك تەكچىدە ساكيامونى ياپراقسىز نېلۇپەر پەشتاقتا چازا قۇرۇپ ئولتۇرغان، ئۇنىڭ يۇزىنى ئىلگىرىكى سوزۇنچاقلىقتىن يۇملاقسىمان قىلغان، ئۇنىڭغا ھېچقانداق بېزەك قادالمىغان، ئارقىسىغا نۇر چەمبەر ئورنىغا يوپۇرماقلىق شاخچىلاردىن چەمبەر قويۇلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ يېنىدىكى ئىككى راھىبنى ساكيامونىنىڭ ئىككى تەرىپىگە تولىمۇ كىچىك قىلىپ ئوبرازلاشتۇرۇلغان. ساكيامونىنىڭ ئۈستىدىكى كىيىمنى بىر قەدەر ئاددىي «ھۆل ئېگىن» شەكلىدە ئىشلىگەن. بىراق، ئۇنىڭدا بەدەن كۆرسىتىلمىگەن. قاراقالپاقىستاندىكى تۇپراققالا قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن مىلادىيە 3 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ بەزى بۇددىزم سەنئىتى مەدەنىيىتى يادىكارلىقلىرى چىققان، بۇ شەھەر مىلادىيە 6 ـ ئەسىردىلا ۋەيران بولغاچقا بۇددىزم سەنئىتى راۋاجلىنالمىغان.

ئوتتۇرا ماۋرائۇننەھردىكى پەنجىكەنت، ئەپراسىياپ، بەرەھشاھ قەدىمكى قەلئە ـ شەھەر خارابىلىرىدىن كۆپلەپ ئىبادەتخانا، ئوردا ـ ساراي قالدۇقلىرىغا سىزىلغان تام رەسىملىرى بىلەن ھەيكەللەر، ياغاچ ئويما ھەيكەللەر تېپىلغان.

پەنجىكەنت ــ سەمەرقەنتنىڭ غەربىي جەنۇبى بىلەن شەھرى سەبىزنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئۈچبۇرجەككە (67 يېرىم مېرىدىئان، 39 يېرىم پاراللېل) جايلاشقان بولۇپ، خۇددى تۇرپان يارغول شەھىرىدەك ئىككى جىرا ئارىسىدىكى بۇ شەھەر تۈركىستان ۋە ئەۋشان تاغلىرى ئارىلىقىغا، زەرەپشان دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىغا توغرا كېلىدۇ. ئۇ كوشان خانلىقىدىن كېيىن ئېفتالىتلار (ئاق ھون) لارنىڭ مىلادىيە 4 ـ، 5 ـ ئەسىرلەردىكى پايتەختى بولغان، بۇ شەھەر مىلادىيە 722ـ يىلى ئەرەب قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغان. پەنجىكەنت چەت ئەل تارىخچىلىرى ئېيتقاندەك: «ئۇلۇغۋار سەنئەت مەركىزى، ھەشەمەتلىك ئارخېئولوگىيە دەرگاھى»㉕ ئىدى. پەنجىكەنتتىن كۆپلىگەن ئىبادەتخانا قالدۇقلىرى، قەدىمكى قەبرىگاھلار، بۇددا ۋە ئەنئەنىۋى ھەيكەللەر، ياغاچ فىگۇرا ئويمىلىرى، ھايۋان، ئاتلىق كىشىلەر، يىلغا مىنىپ يىرتقۇچلارنى ئوۋلىغان قەھرىمانلار ئوبرازىدىكى كۆركەم تام رەسىملىرى تېپىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە مىلادىيە 8 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ قازا قىلغان ياش مەلىكىگە ماتەم بىلدۈرۈۋاتقان كۆرۈنۈشلۈك تام رەسىمى

ھەيۋەتلىك بولۇپ، مەلىكە ئۈچ پەنجىرىلىك چوڭ جىنازىغا ياتقۇزۇلغان، چېچى ئىككى تال ئۆرۈلگەن، بېشىغا مەلىكىلىك تاجى كىيدۈرۈلگەن، زىلۋا مەلىكىنىڭ يېنىدا يېرىم يالىڭاچ ئۈچ ئايال ئۈچ پەنجىرىدىن چېچىنى چۇۋۇپ يىغلاۋاتقان، جىنازىنى بىرقانچە يېرىم يالىڭاچ ئەر - ئاياللار كۆتۈرگەن؛ جىنازىنىڭ يېنىدا بىرقانچە يېرىم يالىڭاچ ئەر - ئايال ماتەم بىلدۈرۈۋاتقان كۆرۈنۈش بېرىلگەن، بۇ ئادەت قالدۇقلىرى ھېلىمۇ تېپىلىدۇ. تام رەسىملىرى ئىچىدە مىلادىيە 6 - ، 7 - ئەسىرلەرگە مەنسۇپ شىرغا مىنگەن ئىلاھ ئوبرازى تاشقا ئويۇلغان بولۇپ، شىر بېشىنى ئارقىغا بۇراپ ئاغزىنى ئېچىپ تۇرغان، ئىلاھ ئۇسسۇل ئوينىغان قىياپەتتە قوللىرىنى ئوينىتىپ تۇرغان بولۇپ، غەيرىي بۇددىزملىق تېماتىكىنى گەۋدىلەندۈرگەن. مىلادىيە 7 - ، 8 - ئەسىرلەرگە مەنسۇپ پەنجىكەنت تام رەسىملىرى ئىچىدە بىر چال ۋە ئۇششاق كۆپ ئۆرۈمە چاچلىق ئىككى قىزنىڭ خومىرىدا ئىچىملىك كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقى سىزىلغان. قىزلار ئېھتىمال تاش ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئورۇق كېسەل كىشىگە شىپالىق ئىچىملىك سۇناقچى بولسا كېرەك، كېسەل چالىنىڭ بېلىنىڭ يۇقىرى قىسمى ۋە پۇتى يالىڭاچ سىزىلغان. قىزلار تار كۆڭلەك



19 - رەسىم. پەنجىكەنت تام رەسىملىرىدىن بىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىيىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشقان، بېلىگە تاسما ئورىغان، قولاقلىرىغا سىرغا تاقىغان.

مىلادىيە 8 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ يەنە بىر تام رەسىمدە بەلۋاغ، بوغما يەڭ كۆڭلەك كىيگەن، بېلىگە بەلۋاغ چىگكەن تۆت ياش كىشى ۋە ساقال ـ بۇرۇت، چاچلىق بىر چالغا قاراپ قوللىرىنى كۆتۈرۈپ بىر نەرسە دەۋاتقان، ئۇ چالنىڭ ئالدىغا بىر ساندۇق قويۇلغان، ياش كىشىلەرنىڭ بىرى ئىككى نەيزىنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ تۇرغان سېھىرگەرلىك كۆرۈنۈشى بېرىلگەن. مىلادىيە 7 ـ ، 8 ـ ئەسىرلەرگە مەنسۇپ يەنە بىر رەڭدار ئىشلەنگەن رەسىمدە ئارپا چالغۇچى ئايال يان تەرەپتىن سېكىلىكىنى خۇددى بىزنىڭ ئاياللىرىمىزنىڭ پاسونىدا ئالدىغا چۈشۈرگەن، بېشىغا چوڭ كۆرۈنۈشلۈك رەخت ئورىغان، ئۈستىگە ياقىسى نەقىشلەنگەن ئۇزۇن كىيىم كىيگەن، بېلىگە لېنتىلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان گۈل تۇگۈنچەكلىك پوتا باغلىغان، قولىغا بىلەزۈك سېلىنغان بولۇپ، يىلان باشلىق ئارپىنى تۇتۇپ ھەم سىيرىپ چېلىپ تۇرغان ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن. مىلادىيە 7 ـ ، 8 ـ ئەسىرلەردە ئىشلەنگەن يەنە بىر رەسىمدە ئۇششاق ئۆرۈمە ئۇزۇن چاچلىق قىزنىڭ بىتاب ياكى زەنجىرلەنگەن ھالەتتە ياتقانلىقى، باش ۋە ئاياغ تەرەپتىن نىمچە تون كىيگەن ئۆتۈكلۈك ئىككى كىشىنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىگە گۈللۈك يېپىنچا يېپىۋاتقانلىق كۆرۈنۈشى بار بولۇپ، كۆكرىكىنىڭ ئۈستى يالىڭاچ بۇ قىز تولىمۇ سۇزۈك ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن. پەنجىكەنت سەنئەت يادىكارلىقلىرىدا غەيرىي بۇددىزملىق تام رەسىملىرى كۆپلەپ ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، بۇددىزملىق ئوبرازلار ئېغىر خاراب قىلىنغان.

ئەپراسىياپ ــــ سەمەرقەنت ئەتراپىدىكى ئېگىزلىككە جايلاشقان يەنە بىر قەدىمكى شەھەر ئىدى. قەدىمكى تۇران شاھى ئەپراسىياپنىڭ نامى بىلەن باغلىنىشلىق (مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىگە قارالسۇن). بۇ شەھەر مىلادىيە 1220 ـ يىلى چىڭگىزخان قوشۇنلىرى تەرىپىدىن

ۋەيران قىلىپ تاشلانغان. ئۇ، سەمەرقەنتنى بويسۇندۇرۇشنىڭ «غەزەپ نەمۇنىسى» ۋە ئېغىر بەدىلى بولدى. ئەپراسىياپتىن يەنە كېيىنكى 1 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ، قولىدا نىقابىنى تۇتۇپ تۇرغان ئاكتيورنىڭ قاپارتما نەقىش تەسۋىرى، مىلادىيە 7 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ تەكچىسىمان ئويۇقتىن بېشىنى چىقىرىپ تۇرغان، قولىدا نىقابىنى تۇتۇپ تۇرغان ئۇچلۇق قالپاقلىق يىگىتنىڭ قاپارتما نەقىش تەسۋىرى (22 ـ رەسىم A) تېپىلغان. بۇ تەسۋىر جەسەت قويۇلىدىغان كاھىش (ساپال) ساندۇقلارنىڭ سىرتىغا ئىشلەنگەن بولۇپ، بۇ بىزگە كۇچادىن تېپىلغان جەسەت كۇلى قۇتىلىرىنىڭ سىرتىغا دراماتىك كۆرۈنۈشلەر سىزىلغانلىقى بىلەن ئېتىنىك جەھەتتىن ئوخشاشلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مىلادىيە 7 ـ ئەسىرلەرگە مەنسۇپ يەنە بىر سەنئەتكارنىڭ چالغۇ ئەسۋابىنى تۇتۇپ تۇرغان يەرلىك فورمىدىكى قاپارتملىق ئويمىسى (22 ـ رەسىم B) ئېرمىتاژدا ساقلانغان. ئەپراسىياپ خارابىلىرىدىن مىلادىيە 2 ـ، 3 ـ ئەسىرلەرگە مەنسۇپ سۇغدى ئىلاھەسىنىڭ قاشلىرى تۇتاشقان، قوللىرىنى كۆكسى ۋە بېلىگە ئېلىپ تۇرغان كېيىنكەن قاپارتملىق ھەيكىلى، مىلادىيە 5 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ قاڭشارلىق، كۆزلىرى چوڭ، قىسقا ساقال ۋە ئۇزۇن بۇرۇتلۇق ئەر ھەيكىلىنىڭ پارچىسى، مىلادىيە 5 ـ، 7 ـ ئەسىرلەرگە مەنسۇپ ھەيكەل پارچىسى ۋە يۇمىلاق باشلىق، بۇرۇتلۇق خەلق قىزىنىڭ قاپارتملىق ھەيكىلىنىڭ باش قىسمى، ئۇزۇن لېچەك كىيگەن بىر ياشنىڭ ئۇزۇن بويۇنلۇق قاپارتما ھەيكىلىنىڭ كۆكرەك ئۈستى قىسمى، ساپالغا قاپارتىپ ئىشلەنگەن قىسقا قاناتلىق ئىلاھنىڭ يەرلىك ئاياللار قىياپىتىدىكى پارچىسى تېپىلغان. بۇ يەردىن سېرىق ـ قىزىل ساپالدا ئىشلەنگەن ئەپراسىياپ ئوبرازىنىڭ تېپىلغانلىقى مەلۇم.
ئەپراسىياپ خارابىلىرىدىكى سەنئەت يادىكارلىقلىرىنىڭ مۇھىم قىسمى تام رەسىملىرىدە ئىپادىلەنگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ شۆھرەتلىكى «كارۋان» بىلەن «ئەلچى» نامىدىكى چوڭ ھەجىملىك

www.uyghurkitap.com

تام رەسمى بولۇپ، مەن 1982 ـ يىلى بۇ يەردىكى مۇزېيدا ئۇلارنى زور قىزىقىش بىلەن كۆرۈپ چىقتىم. «كارۋان» ناملىق رەسىمدە ئالدىدا ئۈستىگە گۈللۈك توقۇم ئارتىلغان، تاسمىلىرىمۇ نەقىشلەنگەن بىر ئاق پىلنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان كىشىلەر (بۇ قىسمى سويۇلۇپ كەتكەن، بەزى تەتقىقاتچىلار مەلىكە دېيىشىدۇ). ئارقىسىدا ياخشى ئېگەرلەنگەن قارا ئارغىماق ئۈستىدە ئولتۇرغان كىشى (پۇچۇلغان)، ئۇنىڭ ئارقىسىدا يانداپ ماڭغان ئىككى مەللەرەڭ تۆگىگە مىنگەن ئاق ۋە قارا كىيىملىك ئىككى مۇھاپىزەتچى باتۇر، ئۇلارنىڭ كەينىدە بېلىگە خەنجەر ئاسقان، پەشلىرى گۈللۈك ئاق نىمچە تون كىيگەن ئوتتۇرا ياشلىق ئەر كىشى قارا ئارغىماق ئاتنى يېتىلىگەن ھالەتتە سىزىلغان. تۆگە ۋە ئات يېتىلىگەن كىشى سىزىلغان جاينىڭ ئۈستىگە تۆت ئاق قۇنىڭ كارۋان يۆنىلىشىدە مېڭىۋاتقانلىقى، بۇ كۆرۈنۈشلەر ئۈستىگە بىر توپ ئاق، قارا ئاتنىڭ پۇت ـ تۇياقلىرىنىڭ تەسۋىرى سىزىلغان. رەسىمدە ئېنىق كۆرۈنگەن ئۈچ كىشىنىڭ قىياپىتىدىن ئۇلارنىڭ ئەينى زاماندىكى غەربىي



20 ـ رەسىم



21 ـ رەسىم

يۇرتلۇقلاردەك ئۇزۇن، نەقىشلەنگەن، تار يەڭلىك ۋە گۈل چېكىلگەن ئىمچە تون كىيگەنلىكىنى، بېلىگە پوتا ـ كەمەر باغلاپ خەنجەر ئاسقانلىقىنى، قولىغا كۆك كۆزلۈك ئالتۇن ھالقا، بويىنىغا ئالتۇن چەمبەر تاقاپ، پۇتىغا باشماق ـ ئۆتۈك كىيىدىغانلىقىنى، ساقال ـ بۇرۇتىغا تۇجۇپىلەپ ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. روشەنكى، بۇ يىپەك يولى ئالاقىلىرىنىڭ جانلىق تەپسىلاتىدىن ئىبارەت. رەسىم رەڭلىك سىزىلغان بولۇپ، «ئەلچى» ناملىق رەسىممۇ يىپەك يولىنى بويلىغان دوستلۇق، قېرىنداشلىق رىشتىسىنىڭ تەسۋىرى سىمۋولىدۇر. مىلادىيە 6 ـ، 8 ـ ئەسىرلەرگە مەنسۇپ دەپ مۆلچەرلەنگەن بۇ تام رەسىملىرىدە ئۈچ ئەلچىنىڭ قوبۇلدا قاتار تۇرغان ئوبرازى بېرىلگەن. ئەلچىلەرنىڭ بىرىنچىسى بېشىغا تاجىسمان يۇمىلاق باشكىيىم كىيگەن، قالغان ئىككىسىنىڭ قىياپىتى «كارۋان» ناملىق رەسىمدىكى قەھرىمانلاردەك بېشىنى چېكىلىك بىلەن چىگىۋالغان، سىلىق ساقال، ئىنچىكە بۇرۇت قويغان. ئۇلار پۇتىغا ئۆتۈك، ئۈستىگە گۈل جىيەكلىك ئىمچە تون كىيگەن بولۇپ، بۇ تاۋار تون ئوخشىمىغان ئۈچ خىل نەقىشلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



A 22 ـ رەسىم B

بىلەن بېزەكلەنگەن. بېلىگە كەمەر باغلاپ خەنجەر ئاسقان ئالدىنقى ئەلچىنىڭ تونىغا كۆپلىگەن قاناتلىق ئارسلاننىڭ ئاغزىنى ئېچىپ سوزۇلۇپ ئولتۇرغانلىقى نەقىشلەنگەن بولسا، ئوتتۇرىدىكى ئەلچىنىڭ تونىغا بويۇنغا ئاسىدىغان قارشى ئېلىش بويۇن ئاسقۇسىنى چىشلەپ ئۆرە تۇرغان كۆپلىگەن غاز (تۇرنا، ئاق قۇ) ئوبرازى نەقىشلەنگەن. ئۈچىنچى ئەلچىنىڭ تونىغا گۇللۇك تەڭگە ـ تىللا ۋە ئالماس كۆزلۈك توقىلار ئارىسىدىكى چوڭ ـ چوڭ دۈگىلەك دائىرىگە، قوي، ئۆچكە ۋە باشقا كۆرۈنۈشلەر نەقىشلەنگەن. بۇ رەسىمدىكى كىشىلەر بىر قاراشتا تۇرپان يالقۇنتاغ «بېزەكلىك تاشكېمىرلىرى» دىكى ئۇيغۇر خانلىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، «ئوتتۇرا ئاسىيا سەنئىتىدىن ئوچېرك» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى گ. ئا. پوگاچېنكوۋا بىلەن ل. ئى. رېمپېل ئېيتقاندەك: بۇ، ئۇيغۇر ئاھالىسىنى ئەسلىتىدۇ㉖.

بەرەھشاھ ــ بۇخارانىڭ غەربىدىكى يەنە بىر قەدىمكى شەھەر بولۇپ، ئۇ كوشان ئىمپېرىيىسىنىڭ كېيىنكى دەۋرىدە گۈللەنگەنىدى. بۇخارا ھۆكۈمرانلىرىنىڭ پايتەختى بولغان بۇ شەھەر گەجدىن ئويۇپ ئىشلەنگەن گۈزەل نەقىشلەر، قاپارتما ھەيكەللەر، بوياقلار بېرىلگەن تام رەسىملىرى بىلەن

زىننەتلەنگەنىدى. ئۇستىگە «هۆل ئېگىن» ئۇسلۇبىدا كىيىم كىيدۈرۈلگەن، ئىككى كۆكرىكى تولغان ئايالنىڭ ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن قاپارتمىلىق هەيكەلنىڭ باشىسىز ۋە تاپانسىز پۇچۇلغان گەۋدىسى ۋە بىر قاتار سېرىق ـ قىزىل توپىدىن ئىشلەنگەن قورچاق هەيكەللەردىن باشقا، بەرەهشاهتىن قەدىمكى رومال ئۇسسۇلىنى ئويناۋاتقان قىزنىڭ بىر قولى بىلەن بېشى، بېشىنىڭ ئارقىسىدىكى يېپىلغان رومالى چۈشۈرۈلگەن قاپارتمىلىق تام هەيكىلىنىڭ پارچىسى ساقلانغان. رومال ئۇسسۇلى تاڭ سۇلالىسى ئۇسسۇللىرىدا «لوما ئۇسسۇلى» (六幺) دېيىلگەن. بۇ ئۇسسۇل هازىرمۇ ئۇيغۇر ـ ئۆزبېكلەردە ساقلانغان. بەرەهشاهتىن يەنە چېچىنى ئۆرۈپ پېشانىسىگە ئورىۋالغان ئايالنىڭ گەجدە قاپارتما قىلىنغان هەيكىلىنىڭ باش قىسمى تېپىلغان. هازىرمۇ ئۇيغۇر ـ ئۆزبېكلەردە بۇ ئادەت ساقلانغان. بەرەهشاه تام رەسىملىرىدە قىزىل رەڭ گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، تام رەسىملىرى سىزىلغان قەسىر «قىزىل ساراي» دەپ ئاتالغان. بىر بۆرۈتلۇق ئاتلىق يىگىتنىڭ ئارقىسىغا قاراپ ئوقيا ئېتىۋاتقان كۆرۈنۈشتىكى تام رەسىم پارچىسى بىلەن مىلادىيە 7 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ، پىلدا ئولتۇرۇپ ئىككى يىلپىزغا نەيزە سانجىۋاتقان ئىككى ئادەمنىڭ رەسىمى ئالاهىدە ئىشلەنگەن. پىل گۈللۈك تاسمىلىق گۈللۈك يوپۇقلار بىلەن ئېگەرلەنگەن بولۇپ، پىلدا ئولتۇرغان چوڭ ئادەم نەيزە بىلەن ئارقا تەرەپتىكى يىلپىزغا قارشى جەڭ قىلىۋاتسا، پىلنىڭ بېشىغا مىنىۋالغان بىر قىز قولىدىكى قىلىچ بىلەن پىلنىڭ بېشىغا ئېتىلىپ كەلگەن يەنە بىر يىلپىز بىلەن كۆرىشىۋاتقان بۇ كۆرۈنۈش



23 ـ رەسىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غەربىي يۇرتتىكى قەھرىمانلىق رىۋايەتلىرىنىڭ تېمىسىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

پەرغانە ۋادىسىدىكى كۇۋىدىن مىلادىيە 6 ـ، 7 ـ ئەسىرلەرگە مەنسۇپ بۇددىھانىڭ باش ۋە بىر قول قېتىش ھەيكىلى يەردىن قېزىۋېلىنغاندىن تاشقىرى بېشىغا چېكىلىك لاتا چىگىپ، ئالدىنى دومبايتىۋالغان ساقال ـ بۇرۇتلۇق يەرلىك كىشىنىڭ باش ھەيكىلىنىڭ پارچىسى تېپىلغان. چۇ دەرياسى ۋادىسىدىكى ئاقبېشىم خارابىلىرىدىن مىلادىيە 6 ـ، 7 ـ ئەسىرلەرگە مەنسۇپ بۇدساتۋا ۋە پىشپەك بۇرھان ھەيكىلىنىڭ بېشى تېپىلغان.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئالغاندا، ماۋرائۇننەھر توققۇز جاۋۇپ زېمىنىدىكى ھەيكەل ۋە تام رەسىملىرى بۇددىزم تېمىسى بىلەن چەكلەنمىگەن، بۇددىھا ۋە بۇدساتۋالارنىڭ ئوبرازلىرى گەرچە ئامۇ دەرياسى بويىدىن سىر ۋە چۇ دەرياسى ۋادىسىغىچە تارقالغان بولسىمۇ، ئانچە تەكشى ۋە كۆپلەپ بولمىغان. بۇددىزم ئىبادەتخانا خارابىلىرىدىن باشقا بۇددىزم تاشكېمىر سەنئىتى سىستېمىسى ھىندىستان ۋە كۇسەن (كۇچا) دىكىدەك بولغان ئەمەس. بۇددىزمغا ئائىت ۋە باشقا ئىلاھىيەت ھەم تۇرمۇشقا ئائىت ھەيكەللەر، قاپارتما ھەيكەللەر تاشتىن، گەجدىن، لايدىن، ساپال (كاھىش) دىن ياسالغان بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ ئىچىگە ياغاچ، يىكەن، يۇڭ، ئات يايلىسى، توزغاق قاتارلىقلار ئېلىنغاندى. ماۋرائۇننەھردىكى ھەيكەل ۋە تام رەسىملىرىنىڭ كۆپچىلىكى تۇرمۇشنى، ئېتنىك ئادەتنى (مەسىلەن، پەنجىكەنتتىكى «مەلىكىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۆزىتىش» ناملىق تام رەسىمى) شامان، ئاتەشپەرەسلىك، مانىزم دىنى ئوبرازلىرىنى، بولۇپمۇ يىپەك يولى ئالاقىلىرى بىلەن دىپلوماتىيە كۆرۈنۈشلىرىنى ئىپادىلەشكە قارىتىلغاندى. بىز ئەپراسىياپتىكى «ئەلچى» ناملىق تام رەسىمىدىن ئەلچىلەرنىڭ كىيىملىرىدىكى نەقىشلەردە ئىپادىلەنگەن قاناتلىق ئارسلاننىڭ قۇدرىتىنى، ئاسقۇ چىشلىگەن قۇشنىڭ دوستلۇقىنى، پۇل ۋە مەھسۇلات سىمۋوللىرىنىڭ سودا مۇناسىۋىتىنى سىمۋوللۇق ئىپادىلىگەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇ ھال ماۋرائۇننەھردىمۇ ھەرقانداق ئېتىقادتىن رېئال تۇرمۇشنىڭ

ئۇستۇن ئورۇن تۇتقانلىقىنى، ھەممىنى نوقۇل خۇراپات دەيدىغان پانئوددىزملىق قاراشنىڭ ئاساسسىزلىقىنى كۆرسىتىدۇ. گ. ئا. پۇگاچېنكوۋا بىلەن ل. ئى. رېمپېل ئۆز كىتابىدا ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»نى يازغاندا پەنجىكەنت، ئەپراسىياپ، بەرەھشاھتىن رۇستەم ۋە سىياۋۇشقا، ئەپراسىياپ ۋە گىرشايىپقا ئائىت كۆپلىگەن رىۋايەتلەرنى توپلىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن. ئۇ پەنجىكەنتتىكى «رۇستەمئاد» سۈژىتىنىڭ رۇستەم ھەققىدىكى رىۋايەتلىرى بىلەن شىنجاڭدىن كەلتۈرۈلگەن «رۇستەم ساكچىك» نامىلىق «ساك ـ سۇغداق» تېكىستىدىن پايدىلانغانلىقىنى تىلغا ئالغان[27]. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ماۋرائۇننەھر شوغدىلىرى بىلەن توققۇز جاۋۇپ توخار ۋە ساكلىرى قەدىمكى ئالتاي ـ تەڭرىتاغ ـ كوئېنلۇن ئاھالىلىرى بىلەن ئېتنوگېنىس (مىللەت مەنبەداشلىقى) جەھەتتە چوڭ بىر ئېتنولوگىيىلىك چەمبەر ھاسىل قىلىپلا قالماي، ئېتنوگرافىك (مىللىي تۇرمۇش مەدەنىيىتى) جەھەتتىمۇ چوڭ بىر چەمبەر ھاسىل قىلغان. تۇرپان ئوغۇزلىرى سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا يۆتكەلگەندەك بۇخارا ـ سەمەرقەنت سۇغدىلىرىمۇ لوپنۇر، تۇرپان، دۇنخۇاڭ، سېلىنگا ۋادىسىغا يۆتكەلگەن ۋە ئۇيغۇر مىللىي تەركىبىگە ئۆزلىشىپ كەتكەن[28] .

بۇددا دىنىنىڭ پەيدا بولۇشى، بۇددىزم سەنئىتىنىڭ بىخلىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددىزم سەنئىتى نەمۇنىلىرى ھەققىدىكى تەپسىلاتلار بىزنىڭ غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى تەتقىقاتىمىزنىڭ سىرتقى مۇقەددىمىسىنى ئاچىدۇ ۋە بىزنى بىر قاتار ئىلھامبەخش قاراش ۋە پاكىتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئىزاھلار:

① خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردا «ساك قەبىلىلىرى « 赛种 »»، « 赛种人» دەپ يېزىلسىمۇ، دىنىي كىتابلاردا « 释迦族» دەپ يېزىلغاچقا، كىشىلەردە بۇنى باشقا ـ باشقا خەلقلەر دېگەن قاراش شەكىللەنگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

② مانىېرىزم — بېزەكچىلىك، سەنئەت، بولۇپمۇ تەسۋىرىي سەنئەتتە ھەشەمەتلىك بېزەكلەشنى گەۋدىلەندۈرىدىغان بەدىئىي ئېقىم.
③ ئىكونوگرافىيە — ئىكون — مەبۇد ھەيكەلچىلىكى ئۈستىدىكى ئومۇمىي تەتقىقات.
④ پاتالىپۇندا — بۇ شەھەر ھازىرقى بىخارشاتاتى پانتا شەھىرىگە يېقىن بولۇپ، جۇڭگونىڭ راھىبى فاشەن بارغاندا مەۋجۇت ئىدى، شۇەنزاڭ بارغاندا خاراب بولغان. بۇ ئەسلىدە ساكيامونى بۇددىھا بولغان جاي ئىدى.
⑤ «مەدەنىيەت ئىۋالىيوتسىيىسى» — مەدەنىيەت ئۆزى ئاپىرىدە بولغان مەنبە ئاساسىدا، نوقۇل ئۆز ئەنئەنىسىگە تايىنىپ راۋاجلىنىدۇ، دەيدىغان مەدەنىيەت تارىخى قارىشى.
⑥ «مەدەنىيەت دىففۇزىيىسى» — مەدەنىيەت دۇنيادىكى بىر ياكى بىرقانچە مەدەنىيەت ياراتقۇچى مەركەزدىن، مىللەتتىن ئەتراپتىكى «تەبىئىي مىللەت» لەرگە تارقىلىدۇ، كېڭىيىپ ئومۇملىشىدۇ، دەيدىغان مەدەنىيەت تارىخى قارىشى.
⑦ چارلىزفابرى: «ھىندىستان ھەيكەلتىراشلىقى»، مەدەنىيەت ـ سەنئەت نەشرىياتى 1987 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ بەت.
⑧ رېنې گروئۇسسېت: «قەدىمكى ھىندىستان مەدەنىيىتى»، سودا نەشرىياتى 1965 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 49 ـ بەت.
⑨ يۇقىرىقى كىتاب، 58 ـ بەت.
⑩ يۇقىرىقى كىتاب، 52 ـ بەت.
⑪ ⑫ ⑬چارلىز فابرى: «ھىندىستان ھەيكەلتىراشلىقى»، 3 ـ، 17 ـ، 22 ـ بەتلەر.
⑭ شەرقچە ئېللىنىزم — گرېك مەدەنىيىتىنىڭ، بولۇپمۇ گرېك سەنئىتىنىڭ شەرقتىكى گرېكلەشكەن دۆلەتلەر مەدەنىيىتى بىلەن قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ئۇسلۇب.
⑮ رېنې گروئۇسسېت : « قەدىمكى ھىندىستان مەدەنىيىتى»، 48 ـ بەت.
⑯ ⑰ لۇي ۋېي: «ھىندىستان بۇددىزمىنىڭ مەنبەلىرى»، 1979 ـ يىلى شاڭخەي خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 33 ـ بەت. ئۇ كانىشكاغا قوشۇلغان « 真檀» ئاتالغۇسىنى خوتەن دەپ ئىستېمال قىلغان.
⑱ ⑲ ⑳ چارلىز فابرى: «ھىندىستان ھەيكەلتىراشلىقى»، مەدەنىيەت ـ سەنئەت نەشرىياتى 1987 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى،

17 ـ، 18 ـ، 24 ـ بەتلەر.

㉑ لى يىنپىڭ (李吟屏): «قەدىمكى خوتەن رەسساملىقى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، خەنزۇچە 1990 ـ يىللىق 1 ـ سان.

㉒ چارلىز فابرى: «ھىندىستان ھەيكەلتىراشلىقى» مەدەنىيەت ـ سەنئەت نەشرىياتى 1987 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 9 ـ بەت.

㉓ رېنې گروئۇسسېت: «قەدىمكى ھىندىستان مەدەنىيىتى»، سودا نەشرىياتى 1965 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 45 ـ بەت.

㉔ «ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى»، 1956 ـ يىلى تاشكەنت نەشرى، 1 ـ توم، 95 ـ بەت. سىما چيەن ۋە ھېرودوتىسنىڭ ئۇلۇغ توخرىلار بىلەن ماسساگېتلار ھەققىدىكى تەپسىلاتلىرى بىردەك بولغان.

㉕ مۇئەللىپنىڭ «سوغدىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئېتنىك ئەۋلادلىرى» ناملىق ماقالىسىگە قارالسۇن.

㉖ گ. ئا. پوگاچېنكوۋا، ل. ئى. رېمپېل: «ئوتتۇرا ئاسىيا سەنئىتىدىن ئوچېرك»، 1982 ـ يىلى موسكۋا رۇسچە نەشرى، 123 ـ بەت.

㉗ يۇقىرىقى كىتاب، 117 ـ بەت.

㉘ مۇئەللىپنىڭ «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» ناملىق ماقالىسىگە قارالسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

# تۆتىنچى باب

# غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى

تەخمىنەن مىلادىيەنىڭ ئالدى ـ كەينىدە غەربىي يۇرت — هازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بۇددىزم ئىدېئولوگىيىسى ۋە بۇددىزم سەنئىتى دۇنياسىغا ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۇلۇغ توخرىلار — كوشان خانلىقى دەۋرىدە باشلانغان غەربىي يۇرت بۇددىزم مەدەنىيىتى هىندىستاندا بۇ خىل دىنىي ئىدېئولوگىيە سولغۇنلۇققا ئۇچرىغان، بۇددىزمنىڭ ئورنىغا هىندىزم ئېتىقادى تىكلەنگەن، بۇددىزم سەنئىتى يېڭى ئىجادىيەت ئىقتىدارىدىن قالغان دەۋرلەردە ئىزچىل گۈللەندى. ئۇ ئۇيغۇرلار بۇ رايوننىڭ بىرلىككە كەلگەن ئاساسىي ئاهالىسى بولۇپ شەكىللىنىشتىن ئىلگىرىمۇ، ئۇيغۇرلار بۇ رايوندىكى ساك ـ توخار قەبىلىلىرى بىلەن قارلۇق ۋە سوغدىلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ يېڭى ئېتنىك قاتلام هاسىل قىلىشتىن كېيىنمۇ داۋاملىق گۈللىنىپ، غەربىي يۇرتنى تاكى ئۇنىڭ ئاهالىسى ئىسلام ئېتىقادىنى قوبۇل قىلىشقۇچە بولغان 1000 يىلغا يېقىن (بولۇپمۇ شەرقتىكى ۋىلايەتلەردە) ۋاقىت ئىچىدە بۇددىزمنىڭ ئىككىنچى دۇنياۋى ماكانى قىلىپ تۇردى.

دەرهەقىقەت، بۇددىزم ۋە بۇددىزم سەنئىتى غەربىي يۇرتقا هەرگىزمۇ بىرلا ۋاقىتتا، بىرلا يول بىلەن تارقالغان ۋە بىرلا دىنىي مەزهەپتە گەۋدىلەنگەن ئەمەس. ئۇ قەدىمكى خوتەن ۋە تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي يۈنىلىشى بويىچە، قەدىمكى قەشقەر ۋە

تارىم ۋادىسى يۆنىلىشى بويىچە داۋاملىشىپ، لوپنۇر ـ تۇرپان ئويمانلىقلىرىدا بۇ ئىككى يۆنىلىشنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن ۋە ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ رەڭگارەڭ سالونىنى بەرپا قىلىشقا ئىلھام ۋە ئۈلگە كۆرسەتكەن. بىز تۆۋەندە ئۈچ ماۋزۇ بويىچە غەربىي يۇرت بۇددىزمى ۋە ئۇنىڭ تاشكېمىر سەنئىتى يادىكارلىقلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈستىدە توختىلىمىز:

## 1. قەدىمكى خوتەندە بۇددىزم سەنئىتى

قەدىمكى ساك قەبىلىلىرى پامىر، كوئېنلۇن تاغلىرى ئۈچ بۇرجىكىدىن تاكى لوپنۇر ۋادىسىغىچە تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي جەنۇبى ۋە جەنۇبىي يۆنىلىشىنى بويلاپ كەتكەن بوستانلىقلاردا ياشىغانلىقى مەلۇم. خوتەن ـ لوپنۇر قەدىمكى قەبرىگاھلىقلىرىدىن تېپىلغان جەسەتلەرنىڭ باش سۆڭىكى ئۈستىدىكى دەسلەپكى تەتقىقات ئۇلارنىڭ ئارىئان ـ ماسساغىت تىپىغا تەئەللۇق ئۈستۈنلۈكى بىلەن قىسمەن (بولۇپمۇ كېيىنچە) موڭغۇلۇئىد ئالامەتلەرگە ئىگە بولۇشقا باشلىغانلىقىنى كۆرسەتتى (خوتەندىن تېپىلغان قىزىلمىلار ئىچىدە موزاي تۇمشۇقى سىياقى سوزۇلغان ئېسقىرت «چورا»نىڭ بىر ئۇچىغا چېچىنى ئۇششاق ئۆرۈپ بېشىغا ئورىۋالغان ساك قىياپىتىدىكى ئادەم ئوبرازى گەۋدىلەندۈرۈلگەن). ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار بىلەن يەر ـ جاي نامىلىرى قىزىلسۇ ـ قەشقەر ـ يەكەن ـ خوتەننىڭ ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ئەڭ قەدىمكى ئاھالىسى پامىر تىپىدىكى ساك نەسىللىك خەلقلەر ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

خوتەندە بوستانلىق ـ قەلئە ئېلىنىڭ قاچان شەكىللەنگەنلىكى توغرۇلۇق مۇقىملاشقان يىلنامە مەۋجۇت ئەمەس. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، قەدىمكى خوتەن دىيارىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر قاتار بوستانلىق ئەللىرى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ مىلادىيەدىن 1000 يىل ئىلگىرىكى دەۋرلەرنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىدە مەيدانغا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق بوستانلىق ئەللىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئىجتىمائىي - سىنىپىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ بىۋاسىتە مەھسۇلى بولغانلىقى، ئەتراپتىكى بوستانلىق رايونلاردىكى قەلئە ئەللىرىنىڭ بىر - بىرىگە يېقىن ئىجتىمائىي تەسىر ئىچىدە، بىر - بىرىگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە مەيدانغا كېلىش ئېھتىماللىقى، شۇنىڭدەك دەسلەپتە تولىمۇ ئاددىي بوستانلىق — قەلئە ئەللىرى شەكلىدە بولغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىشى مۇمكىن.

ھازىرغىچە بولغان تەتقىقات نەتىجىلىرى خوتەندە قەدىمكى دۆلەت (ئەل)نىڭ ھىندىستاندىكى مائورىيا خانلىقىنىڭ ئۈچىنچى پادىشاھى ئاسوكا دەۋرىدىن كېيىن، غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاتاقلىق دىپلومات جاڭ چيەننىڭ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 138 - يىلى غەربىي يۇرتقا قىلغان ساياھىتىدىن بۇرۇن، باشقىچە ئېيتقاندا، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3 - ئەسىر بىلەن 2 - ئەسىر ئارىلىقىدا مەيدانغا كەلگەنلىكىگە مەركەزلىشىپ قالغان. بۇنىڭغا قەدىمكى خوتەندە، جۈملىدىن شۇەنزاڭنىڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىدە ساقلانغان قەدىمكى خوتەننى ئاسوكانىڭ كوستانا (Kustana) ناملىق شاھزادىسى بەرپا قىلغان دېگەن رىۋايەت بىلەن جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا كەلگەندە خوتەن قاتارلىق ئاۋات بوستانلىق ئەللىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن ئىبارەت تارىخىي پاكىت بىشارەت بولغان (ياپونىيە ئالىمى خاتانى لياۋتەي «بۇددىزم غەربىي يۇرتتا» ناملىق كىتابىنىڭ 201 - بېتىدە قەدىمكى خوتەن ئېلىنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 242 - يىلى بەرپا قىلىنغان دەپ كۆرسەتتى). گەرچە ئېنىق ئاساس كۆرسىتىش قىيىن بولسىمۇ، بۇ يۇقىرىدىكى تەخمىنگە يېقىنلىشىدۇ.

خوتەندىكى ساك قەبىلىلىرى بۇددىزمچە ئىپتىدائىي تەبىئەت

ئىلاھچىلىقى ۋە شامانىزم ئېتىقادىغا سىغىناتتى. «كېيىنكى خەننامە. بەن چاۋنىڭ تەرجىمىھالى» دا كۆرسىتىلىشىچە، بەن چاۋ دەسلەپ خوتەنگە بارغاندا، خوتەن خانى ھون تەكرىقۇتلۇقى تەرىپىدە تۇرغاچقا، بەن چاۋغا شامان باخشىسى ئارقىلىق ئەپسۇن ئوقۇتقاندا، بەن چاۋ بۇ شاماننى ئۆلتۈرۈپ، پۈتۈن خوتەننى لەرزىگە سالغان. بۇ شامانىزم ۋە ئوتقا دۇرۇت ئوقۇش ئېتىقادىنىڭ قەدىمكى ساك ئىلاھچىلىقىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە خېلى ئۇزۇن ساقلانغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

خوتەنگە بۇددىزم ۋە بۇددا سەنئىتىنىڭ ئېقىپ كىرىشى قەدىمكى يىپەك يولى مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنىڭ خېلىلا قويۇق تۈستە داۋام قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يىپەك يولى ئارقىلىق دەسلەپتىلا گرېك ۋە كوشان مەدەنىيەتلىرى غەربىي يۇرتقا تارقالغانىدى. نەتىجىدە، گرېك ـ ھىندى ـ ساك خەلقلىرى مەدەنىيەت چەمبىرىكى ھاسىل بولدى ۋە ئۇ غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا ئاسىياغا گرېك ـ باكترىيە شەرق ئېللىنىزمىنى، كوشان بۇددا سەنئىتىنى ئېلىپ كىردى.

قەدىمكى خوتەنگە بۇددىزمنىڭ تارقىلىشى دېگەن ئىبارە، بۇ جايغا بۇددا راھىبلىرىنىڭ قاچان كەلگەنلىكىنى ئەمەس، بەلكى بۇ جايدا بۇددا مۇخلىسلىرىنىڭ قاچان پەيدا بولغانلىقىنى، باشقىچە ئېيتقاندا، يەرلىك ئاھالىنىڭ بىر قىسمىنىڭ قاچان بۇددىزمغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغانلىقىنى ئۆلچەم قىلىدۇ. بۇ جەھەتتىمۇ ھەر خىل مۇھاكىمىلەر مەۋجۇت.

مەلۇمكى، ئاسوكا بۇددىزمنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلغان ۋە ھەر تەرەپكە بۇددا راھىبلىرىنى ئەۋەتكەندە خوتەنگىمۇ بۇددىزم كىرىپ كەلگەن دېگەن مۇھاكىمە مەۋجۇت. ئەمما، بۇ خىل مۇھاكىمىنى جاڭ چيەننىڭ خوتەن ھەققىدىكى ئىنفورماتسىيىسى رەت قىلىدۇ. جاڭ چيەن پەقەت خوتەن ئېلى ھەققىدە مەلۇمات قالدۇرغان. بۇ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 138 ــ 126 يىللىرى خوتەندە بۇددىزم ئىپادىلىرى كۆرۈلمىگەن، دېگەنلىك بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە خەن ئەيدىنىڭ يۈەنشۇ (元寿) يىلى (مىلادىيەدىن ئىككى يىل ئىلگىرى)، كوشان ئەلچىسى ئىزۇن (伊存) ئېغىز ئارقىلىق بۇددا نومىنى تونۇشتۇرغان.

ئۇنداقتا ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە جاڭ چيەندىن كېيىن بۇددىزم خوتەن قاتارلىق غەربىي يۇرت ئەللىرىگە تارقالغان بولۇشى كېرەك. بۇ قايسى ۋاقىت بولۇشى مۇمكىن؟

خوتەندىن، بولۇپمۇ نىيە، كروران ئەتراپىدىن تېپىلغان كۆپلەپ قارۇشتى يېزىقىدىكى (佉罗文) تارىشا پۈتۈكلەر مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3 ـ ئەسىردىن، مىلادىيە 4 ـ ئەسىرلەرگىچە كوئېنلۈن ـ جەنۇبىي تەكلىماكان ـ لوپنۇر كۆلى ساھىلىدىكى جايلاردا ئىشلىتىلگەن ئاساسلىق يازما ھۆججەت بولۇپ، ئۇنىڭدىكى مەزمۇنلار غەربىي يۇرت بۇددىزمىغا خېلىلا ئالاقىدار بولغان. بىر قاتار قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكلەر باغلانغان بوغقۇچقا لاي پېچەتلىك تامغا قېلىپلىرى لىق يېپىشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۈستىگە گرېك ئىلاھلىرىنىڭ ئوبرازى پېچەتلەنگەن. بۇ ھادىسە، شىنجاڭدىن تېپىلغان قارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەرنىڭ يىپەك يولى مەدەنىيەت ئالاقىلىرى ۋاستىسى سۈپىتىدە گرېك ـ باكتىرىيە ۋە كوشان خانلىقلىرى ۋاقتىدىن تاكى ئېفتالىتلار كوشان خانلىقىنى مۇنقەرز قىلغۇچە يەرلىك خەلقنىڭ ئۆز تىلىنى ئىپادىلىگۈچى يېزىق شەكلى بولغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

خويشېڭ (惠生) ۋە ئۇنىڭدىن ئىككى ئەسىر كېيىن خوتەنگە كەلگەن راھىب شۈەنزاڭنىڭ خاتىرىسى بىلەن «تىبەت تەزكىرىسى» گە ئاساسلانغاندا، بۇددىزم خوتەندە دۆلەت بەرپا قىلىنىپ 165 يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى خوتەن پادىشاھى ۋىجرايا سامبھاۋانىڭ 5 ـ يىلى كەشمىردىن كەلگەن ۋايروتچانا (Vairotchana — 毗卢折那) ناملىق ئارخات تەرىپىدىن خوتەنگە تارقىتىلغان. بۇ مىلادىيەدىن 72 يىل ئىلگىرى بولۇپ چىقىدۇ. بۇ ھەر ھالدا خوتەنگە بۇددىزمنىڭ بەن چاۋنىڭ خوتەنگە

كېلىشىدىن بىر ئەسىر مۇقەددەم تارقالغانلىقىنى بېشارەت قىلىدۇ.
شۇەنزاڭنىڭ يېزىشىچە، ۋايىروتچانا ناملىق ئارخات خانلىق قەلئەسىدىن 50 چاقىرىم جەنۇبقا جايلاشقان ساڭرامىنىڭ ئورمانلىقىدىكى ئۆرۈك دەرىخى ئاستىدا ئىستىقامەت قىلىپ تۇرغاندا خوتەن پادىشاھى ئۇ يەرگە كېلىپ قالغان. ئۇنىڭ تەقۋادار قىياپىتى ۋە ئەقىدىلىك ئىستىقامىتىنى كۆرگەن پادىشاھ ئۇنىڭدىن: «سىز بۇ خالىي ئورماندا نېمە ئۇچۇن تەنھا تۇرىسىز؟» دەپ سورىغان. ئارخات: «مەن ساكيامونىنىڭ مۇخلىسى بولىمەن، خالىي جايدا ئىستىقامەت قىلىمەن» دېگەن. پادىشاھ : «ساكيامونى كىم ۋە قانداق خاسىيەتكە ئىگە؟» دەپ سورىغان. ئارخات ئەپسۇن بىلەن ئاسماندىن ساكيامونىنىڭ ئوبرازىنى يەرگە چۈشۈرگەندىن كېيىن پادىشاھ سەجدە قىلغان، بۇ ئورۇنغا سارمابىھارا (赞摩大寿) ناملىق چوڭ ئىبادەتخانا سالدۇرۇپ، كۆپلەپ راھىب تورلاپ بەرگەن.
يۇقىرىدا سۆزلەنگەن رىۋايەت، ئەپسانىۋى مەزمۇندىن باشقا، خوتەنگە ۋىجرايا سامبھاۋا زامانىدا كەشمىرلىك ئارخات ۋايىروتچانا تەرىپىدىن بۇددىزم تارقالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ستەيىن ھازىرقى چالما قازان (Chalma — Kazan) دېگەن جايدا بۇ ساڭرام خارابىسى بارلىقىنى ئىسپاتلىغان.
خوتەن پۇتكۇل غەربىي يۇرت بۇددىزم تارىخىدا ماھايانا بۇددىزمىنىڭ مەركىزى بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، كەشمىرلىك ئارخات ۋايىروتچانا خوتەنگە ئۆزى ئېتىقاد قىلغان ھىنايانا بۇددىزمىنى تونۇشتۇرغانىدى. چۈنكى، كەشمىر ئۇزاق زامان كونسېرۋاتىپ ھىنايانا مەزھىپىنىڭ قورغىنى بولۇپ تۇرغان.
مىلادىيە 260 - يىلى راھىب جۇ شىشىڭ (朱世行) خوتەنگە كەلگەندە ماھايانا بۇددىزمى راسا گۈللەنگەنىدى. بۇ چاغدا خوتەندىن لوياڭغا كېلىپ بۇددا نوملىرى تەرجىمىسىنى قىلغان خوتەنلىك بۇددىست موغشار (Mokshala — 无叉罗) ماھايانا

راھىبلىرىدىن ئىدى. ئەمما شۇ چاغدا يەنە مۇئەييەن تەسىرگە ئىگە ھىنايانا مەزھىپىمۇ ساقلانغان. خوتەنلىك بۇددىست گىتامىت (Gitamitra — 旅多密罗) ھىنايانا راھىبى ئىدى. بۇ ھال خوتەندە ھىنايانا مەزھىپى كېيىنكى بىر مەزگىل ھامايانا مەزھىپى بىلەن بىللە ساقلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئەھۋالنى خوتەندە قۇرۇلغان ئىبادەتخانىلار، بولۇپمۇ خوتەندىن ئەكېلىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە تەرجىمە قىلىنغان كۆپلىگەن بۇددا نوم ـ سۇترىلىرى ئىسپاتلايدۇ. بۇنداق تەرجىمە خىزمىتىدە خوتەنلىك بۇددا ئالىملىرىدىن گىتامىت، دېۋاپراجنا(提云般若، Devaprajna)، سىكشاناندا (Sikshananda, 实叉难陀)، بۇددىھا باھادرا (Budha bahadra — 佛陀跋陀罗) داراماناتى (Dharamanti — 达磨摩提)، گۇنا باھادرا (Gunabhadra — 求那跋陀) قاتارلىق كىشىلەر تۆھپە ياراتقان (ھازىرقى زامان بۇددىزم تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، خەنزۇ تىلىدىكى راھىب (和尚) ئاتالغۇسى «خوتەن»، «سانگا» (sangha) دېگەن ئىككى سۆزدىن قوشۇلۇپ ھاسىل قىلىنغانىكەن).

خوتەن بۇددىزمى گەرچە نوم ـ سۇترا پۈتۈكچىلىكى ۋە ئابستراكت بۇددا مائارىپىدا غەربىي يۇرت بويىچە ئالدىنقى ۋە ئالاھىدە ئورۇن تۇتمىسىمۇ، بۇنىڭدىن بۇددىزم سەنئىتى دېگەندەك راۋاجلانمىغان دېگەن ئۇقۇم تۇغۇلماسلىقى كېرەك. ساياھەتچى بۇددا راھىبلىرىنىڭ يازما خاتىرىلىرى بىلەن مۇشۇ ئەسىردە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىشلار بىزنى خوتەندىن بۇددىزم سەنئىتى ۋە غەيرىي بۇددىزم سەنئىتىگە ئائىت بىر قاتار ئۆرنەكلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇنى ئالدىن ئېيتىش كېرەككى، خوتەن رەسساملىرى خوتەن دىيارىدىلا ئەمەس، يەنە كۇسەن، دۇنخۇاڭ تاشكېمىرلىرىدىكى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مەشھۇر قەسىرلەردىكى تام رەسىملىرىنى سىزىشقا تۆھپە قوشقان ۋە شۆھرەت قازانغان.

خوتەن دىيارىدىكى بۇددىزم سەنئىتى تەخمىنەن مىلادىيە 2 ـ

ئەسىردىن باشلاپ كەڭ بەرپا بولۇشقا باشلىغان بولۇپ، بۇنى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار ئۇستىدىكى كاربون 14 ئانالىزى تەستىقلىغان. بۇ خوتەن دىيارىغا بۇددىزم تارقالغاندىن كېيىن بىر مەزگىل هۆكۈمران تەبىقىلەر ئارىسىدا داۋام قىلغانلىقىنى، كېيىنچە كەڭ جامائەتچىلىك ئارىسىغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ياكى قەندىهار بۇددا سەنئىتى كەڭ تارقالغا ئومۇمىي پىكىر ئېقىمىدا ئاندىن كەڭ دائىرىلىك مەيدانغا كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مىلادىيە 2 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى خوتەن دىيارىدا بۇددىزم سەنئىتى بولمىغان دېگەن ئۇقۇمنى بەرمەيدۇ. «تىبەت تەزكىرىسى»دە يېزىلىشىچە، خوتەن ئاھالىسى سىرى ماھادېۋى (Sri — mahadevi) ناملىق مەبۇدقا تېۋىنىدىكەن. مىلادىيە 1 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ يۇقىرىقى بابتا سۆزلەنگەن ساپال كۇپلەرنىڭ تۇتقۇچلىرىغا ئىشلەنگەن هەجۋىي ئادەم بېشى ۋە مايمۇن سازەندە ئوبرازىدىكى قاپارتما هەيكەللەرمۇ غەيرىي بۇددىزملىق سەنئەت يادىكارلىقى هېسابلىنىدۇ. مەن ياپونىيە توكيو دۆلەت مۇزېيىدا ئۇچراتقان هىراكىل ئوبرازىدىكى قارىداپ كەتكەن كىچىك مىس هەيكەلمۇ گرېك ـ باكتىرىيە سەنئىتى مەهسۇلى ياكى ئۇنىڭ تەقلىدىي نۇسخىسى بولۇشى مۇمكىن.

«تىبەت تەزكىرىسى»، «فاشيەننىڭ تەرجىمىهالى» ۋە شۈەنزاڭنىڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە كۆرسىتىلىشىچە، ۋىجرايا سامبهاۋانىڭ ۋاقتىدا بىنا قىلىنغان سارما بىهاراسىدىن كېيىن يەتتە ئەۋلاد خوتەن پادىشاھلىرى يەنە باشقا بىهارا (ئىبادەتخانا) سالمىغان. ئېهتىمال خوتەندە بىر مەزگىل بۇددىزم چەكلىك دائىرىدىن چىقمىغان ياكى ئاساسىي ئېتىقادلىقتىن قالغان. 8 ـ ئەۋلاد خوتەن پادىشاھى ۋىجرايا ياۋىريا (Vija — yavirya) زامانىغا كەلگەندە قۇم ستىر (Hgum — stir — 库恩斯德尔) بىهارىسى سېلىنغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ۋىجرايا ياۋىريا سورق مىقار (Sorg — mkhar) دېگەن جايدىن يىراقتا كۆز تاشلىغىنىدا

كۆزىگە ئالتۇن ـ كۈمۈشتەك بىر مۇنار كۆرۈنگەن. ئۇ چاقناپ تۇرغان بۇ نۇرنى ساكيامۇنىنىڭ ئىپادىسى دەپ بىلىپ، بۇتھادۇتا (佛陀修德 — Buddhadhuta) ناملىق راھىبنى چاقىرتىپ سومانا (娑摩若 — Soma) ناملىق يېڭى بىر بىھار سالدۇرغان. بۇ «فاشيەنىنىڭ تەرجىمىھالى»دا تىلغا ئېلىنغان خانلىق يېڭى بىھارا (王新寿) بىلەن بىر نەرسە دېيىلسە، ئۇ فاشيەنىنىڭ خوتەنگە كېلىشىدىن 80 يىل مۇقەددەم سېلىنغان بولۇپ چىقىدۇ. بۇ مىلادىيەنىڭ 322 ـ يىلىغا باراۋەر. بۇ سارما ئىبادەتخانىسىدىن 394 يىل كېيىن سېلىنغان، دېگەنلىك بولۇپ، يەتتە ئەۋلاد پادىشاھ ئۇچۇن تولىمۇ ئۇزۇن (ھەرقايسىسىغا يېرىم ئەسىردىن ھېسابلانغاندىمۇ) كېلىدۇ. بۇنىڭدىن «سومانا» ۋە «خانلىق يېڭى بىھارا»لىرى بىر ئەمەس دېگەن پىكىر تۇغۇلىدۇ. ستەين يوتقان (ئېلچى) شەھىرىنىڭ غەربىدىكى «سۇمىيا» يېزىسىنى سومانا ئىبادەتخانىسىنىڭ ئورنى دەپ كۆرسەتتى[1]. «تىبەت تەزكىرىسى»دە، ۋىجرايا ياۋرىيانىڭ گوفىرخا (牛头山 — Gocircha) دېگەن تاغلىقتا جىلغا ئىچىگە گوماتى (瞿摩帝 , Gomati) ئىبادەتخانىسىنى سالدۇرغانلىقى يېزىلغان. س. لېۋى ئۇنى قارىقاش دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى قومار (和玛利 — Kohmari) تېغىدا، دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇ قومار تېغى ئاتۇش ـ قەشقەر ئارىسىدىكى قومال تېغى بىلەن ئوخشاشلا ساك تىلىدا تەلەپپۇز قىلىنغاندى[2]. فاشيەن 401 ـ يىلى خوتەنگە كەلگەندە مۇشۇ گوماتى ئىبادەتخانىسىدا تۇرغان. فاشيەنىنىڭ ئۇچۇر قىلىشىچە، خوتەن مەمۇرچىلىق بىلەن تولغان، خەلقى پاراۋان، بۇددىزم گۈللەنگەن، دىن بىلەن كۆڭۈل ئېچىش بىرلەشكەن يۇرت بولغان. ماھايانا ئۇستۇنلۇكنى ئالغان، ھەممە ئائىلىلەرنىڭ ئىشىكى ئالدىدا كىچىك مۇنارلار بولغان، يالغۇز سوما بىھارىسىدا 3000 راھىب بولۇپ، ئۇلار تاماقتا تىزىلىپ كىرگەن، تاماقتا ئولتۇرغاندا ھەتتا قاچا ـ قۇچىلاردىن ئاۋاز چىقارمىغان. خوتەندە

چوڭ بىھارىلاردىن 14ى بولۇپ، كىچىك بىھارىلار نۇرغۇن ئىدى. ھەر يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە يوللار تازىلىنىپ، شەھەر سېپىلى دەرۋازىسى ئۈستىگە بارگاھ تىكىلىپ، پادىشاھ، خانىكە، مەلىكە ۋە كېنىزەكلەر جايلاشقان. سوما بىھارىسى شەھەردىن ئۈچ ـ تۆت چاقىرىم يىراقلىقتىن تۆت چاقلىق چوڭ ھارۋىغا خۇددى كۆچۈرۈلگەن سارايدەك ئون مېتىر (ئۈچ غۇلاچ) ئېگىزلىكتە بۇددىھا، ئىككى بۇدساتۋا ۋە ئۇنىڭ بىرقانچە ھەمراھلىرىنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈش قاسىراقچىلىرى بىلەن بېزەلگەن ھەيكەللىرىنى ئورناتقۇزۇپ شەھەرگە ماڭغان. 100 قەدەم قالغاندا پادىشاھ تاجىنى ئېلىۋېتىپ، ئاددىي كىيىم كىيىپ، دەرۋازىدىن ئۇچقاندەك چىقىپ، ئېگىلىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، كۈجە ياققان. بۇ چاغدا راۋاق ـ بارگاھتىن مەلىكە ـ قىزلار گۈل چاچقان. بۇ مەشھۇر «بۇت ئېلىپ ئۆتۈش مۇراسىمى» (行像仪式) بولۇپ، 14 چوڭ بىھارا كۈندە بىردىن ئۆتكۈزگەچكە 14 كۈن داۋام قىلغان. بۇ يالغۇز بۇددىزم ئېتنىك (فولكلور) سەنئىتى بولۇپ قالماي، ھەرقايسى بۇددا ئوبرازلىرىنى ئىشلەپ چىقىشمۇ ئەينى زامان سەنئىتىنى ئىپادىلەيتتى. ئالتۇن زىبۇزىننەتكە ھېرىسمەن ۋە ماھىر ساك خەلقىنىڭ بۇددىزم پېرسوناژلىرىنى ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن بېزىشىگە شۇبھىلىنىشكە ئاساس بولمىسا كېرەك.

«تىبەت تەزكىرىسى» بىلەن شۈەنزاڭنىڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»دە ۋىجرايا ياۋرىيادىن ئۈچ ئەۋلاد كېيىنكى خوتەن پادىشاھى ۋىجراياجايا (Vijayajaya — ۋايجرا، ۋىسارا) مازابىھارا (Madzavihara — 麻射) قۇردۇرۇپ، پىلە مەلىكىسىنى خاتىرىلىگەنلىكى يېزىلغان. ستەيىن بۇ جاينى ھازىرقى «قۇم، شەھىدان» دېگەن جاي دەپ ئىزاھلىغان. ۋىجراياجايادىن كېيىن ۋىجرايا دارما پادىشاھ بولغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئىنىسى دون دروس (Hdon hdros — 旦德利斯) ھىندىستاندىن مانتاشىدى (Mantasidhi — 曼特喜德) ناملىق

www.uyghurkitap.com

ھىنايانا راھىبىنى تەكلىپ قىلىپ، سوڭتىر بىھارىسىنى (Song — tir — 索梯尔) بىنا قىلدۇرۇپ، ھىنايانا مەزھىپىنى كۈچەيتكەن. بۇ مىلادىيەنىڭ 423 ـ يىلىدىكى ئەھۋال ئىدى. «تىبەت تەزكىرىسى» دە ۋىجرايادارمادىن كېيىن ۋىجراياسىمھا، ۋىجراياكىرتى قاتارلىق پادىشاھلارنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان. ۋىجراياكىرتى ئېفتالىتلارنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمىغا دۇچ كەلگەن.

خوتەندە بۇددىزم تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى خوتەن پادىشاھى ياغلاقالقالۇ ـ ئارىپادىۋارى (李圣天) — ئارسلانخان ۋىجراسابىۋا (狮子王尉迟沙缚婆) كۈچەيدى. خوتەن بۇددىزمى تاكى قاراخانىيلارنىڭ بۇ رايوننى ئىسلاملاشتۇرۇشىغىچە داۋام قىلغان. خوتەن پادىشاھلىرى «ۋىجرا» جەمەتىدىن چىققاچقا، «غالىب» مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان بۇ نەسەب نامىنى ئىزچىل قوللاندى. ئۇلار ياغلىقار قەبىلىلىرى باشچىلىقىدا ئورقۇن دەرياسى بويىدا قۇرۇلغان ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلىپ، ياغلىقار قەبىلىرى گەنجۇ ئۇيغۇر قاغانلىقىنى قۇرغاندىن كېيىن، ئۇلار بىلەن يېقىن قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋىتىدە بولدى. يۇسۇپ قىدىرخان بىلەن سوقۇشقان خوتەن پادىشاھى ياغلاقالقالو (يالىقار قالو؟) رەسمىي يىلنامىلەردە ۋىجرا سۇرا (尉迟苏拉) دەپ يېزىلغان، بۇ خوتەن ھۆكۈمران دائىرىلىرىنىڭ گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن بېرى يېقىن ئالاقىدار، ھەتتا مەلۇم نەسىلداش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بۇددا ئىبادەتخانىلىرى بىلەن خانلىق قەسىرلىرىگە ئىشلەنگەن سەنئەت ئەسەرلىرى ھەققىدە ھېچقانچە يازما مەنبە قالغان ئەمەس. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي بىز خوتەن ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق جايلاردىن تېپىلغان سەنئەت يادىكارلىقلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

شۇنى ئىزاھلاش ھاجەتكى، خوتەن دىيارى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي جەنۇب يۆنىلىشىگە جايلاشقان بولۇپ،

توپىسىدا قوۋم تەركىبى يۇقىرى مۇنداق تەبىئىي جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىك بۇ جايدا تاشكېمىر قېزىشنىڭ مۇمكىن بولمىغانلىقىنى، خانلىق قەسىرلىرى، بۇددىزم ئىبادەتخانىلىرى ۋە مەدەنىيەت - سەنئەت ئورۇنلىرىنىڭ ئىچكە ياغاچ ياكى چىۋىق ئىلىنغان لاي - كېسەكتىن بىنا قىلىنىشىنى بەلگىلىگەن. ئوخشاشلا بۇنداق تەبىئىي جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىك، بولۇپمۇ قۇمنىڭ كېڭىيىشى، دەريا - ئېقىنلارنىڭ ئورۇن يۆتكىشى ياكى قۇرۇپ كېتىشى، ۋاقىتنىڭ ئۇزاق سوزۇلۇشىغا بولغان بەرداشسىزلىق قەدىمكى خوتەن مەدەنىيەت ئورۇنلىرىنىڭ بىرقەدەر تېز نابۇت بولۇشىغا سەۋەب بولغان. كېيىنكى ئەسىرلەردىكى ئىسلام «غازات»لىرى بىلەن خەلقنىڭ نادانلىقى، ئەسەبىيلىكى ۋە چەت ئەل مەدەنىيەت ئوغرىلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىقى بۇنداق نابۇت بولۇش پاجىئەسىنى داۋاملىق جىددىيلەشتۈرگەن. شۇنداق بولسىمۇ مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا تېپىلغان سەنئەت يادىكارلىقلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز. بۇ پەقەت پۇچۇلما (ئارگومېنت) ھالىتىدىكى ئەۋرىشكىلەر بولۇپ، پەقەت ئىلمىي قىياس ئارقىلىق ئۇنىڭ ئەسلىدىكى قىياپىتىنى قىسمەن تەسەۋۋۇر قىلىشقىلا ياردەم بېرەلەيدۇ.

يەنە شۇنىمۇ ئىزاھلاش ھاجەتكى، كۆز ئالدىمىزدا ئۈچ تۈرلۈك بۇددا تەسۋىرىي سەنئىتى نۇسخىسى تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، ماۋرائۇننەھىردىكى ئاراتام، بەرەھشاھ، پەنجىكەنت، ئەپراسىياپ خارابىلىرىگە خاراكتېرلىك بولغان ئوردا - ساراي تەسۋىرىي سەنئىتى نەمۇنىلىرى. ئىككىنچىسى، كۇسەن - قوچۇلاردىكى تاشكېمىرلەرنى ئاساس قىلغان تەسۋىرىي سەنئەت نەمۇنىلىرى. ئۈچىنچىسى، ئۇدۇن - كروران لاي - كېسەك ئوردا - ساراي ۋە بۇددىزم پائالىيەت مەركەزلىرىنى ئاساس قىلغان تەسۋىرىي سەنئەت نەمۇنىسى. بۇ نەمۇنىلەرنىڭ بىزگە يېتىپ كەلگەن شەكلى بولۇپ، نىسپىي مەنىدە ئەنە شۇنداق بىر قاتار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى
www.uyghurkitap.com

بىناكارلىقتىن مۇستەقىل بولغان ھەيكەللەر، تاختا ياكى توقۇلمىلارغا چۈشۈرۈلگەن بۇددىزم سەنئىتى يادىكارلىقلىرى، بېزەك بۇيۇملىرىدىكى بۇددىزم ۋە غەيرىي بۇددىزملىق سەنئەت يادىكارلىقلىرى ھەر ئۈچ خىل نۇسخىدا ئوخشاش ساقلانغان. مېنىڭچە، ئومۇمەن تاشكېمىر ئىچىدىكى بۇددا تەسۋىرىي سەنئىتى نەمۇنىلىرى بولغان جايلاردا تاشكېمىر سىرتىدىكى دىنىي ئىبادەتخانىلار، مەدەنىيەت ۋە ھاكىمىيەت مەركەزلىرىدە كېيىنكى ـ خىشتىن سېلىنغان بىنالارغا زىننەت بېغىشلاپ تۇرىدىغان نۇرغۇنلىغان دىنىي ۋە غەيرىي دىنىي تەسۋىرىي سەنئەت نەمۇنىلىرىنىڭ بولغانلىقىغا گۇمان بولمىسا كېرەك.

يوتقان (يوتكان) ــ قەدىمكى خوتەننىڭ مەركىزىي شەھىرى بولۇپ، ھازىرقى ئېلچىدىن يەتتە چاقىرىم يىراقلىقتا، قاراقاش ۋە يورۇڭقاش دەريالىرى ئارىسىدىكى ھازىرقى يوتكان (يوتقان Yotkan) يېزىسىنىڭ ئورنىدا ئىدى. ئۇ يەردىن قەدىمكى خوتەن ئاھالىلىرى ئىشلىگەن تاش ئويما قالدۇقلىرى ۋە سىلىق ئىشلەنگەن رەڭدار ساپال قورچاق ـ ھەيكەلچىلەر چىققان. ئۇستىگە كالتە كوپتا، ئاستىغا ئىشتان كىيگەن ئايال سىياقىدىكى رەڭدار ساپال ھەيكەلنىڭ بۇ يەردىن تېپىلىشى ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەر بولغان. بۇ يەردىكى قەدىمكى بىھارا ۋە مۇنار (ستۇپا) قالدۇقلىرىدىكى بېزەكلەر، قالدۇق تام رەسىملىرى ئەۋرىشكىلىرى بۇ يەردە يەرلىك ئۇسلۇب بىلەن قەندىھار ئۇسلۇبىنىڭ قوشۇلغانلىقىنى كۆرسەتتى. بۇددا بىناكارلىقىدىكى ئىنشائاتلارغا ئالتۇن قاسىراقچىلارنىڭ چاپلىنىشى بىزگە ساكلارنىڭ ئالتۇنغا ھېرىسمەنلىكىنى ۋە ۋىجرايا ۋىريا سالدۇرغان سومانا ئىبادەتخانىسىنى ئەسلىتىدۇ. بۇ يەردىن يەنە كوزا ساپاقلىرىغا ئىشلەنگەن قاپارتمىلىق ساپال ئادەم ھەيكەللىرى تېپىلغان. ئۇلار قىياپەتنى ئۆزگەرتىپ ئىشلەش بويىچە ھەجۋىي سەنئەتنىڭ ئوبدان نامايەندىسىنى كۆرسەتتى. بۇلار ئىچىدە يالىڭاچ ئادەم ھەيكەللىرى، كوزا كۆتۈرۈپ سۇ توشۇغان ئادەم

ھەيكەللىرى، بەرباب ۋە باشقا چالغۇلارنى چېلىۋاتقان ئادەم ۋە مايمۇن ھەيكەللىرى تېپىلدى. يوتقاندىن ئۈچ كەسلەنچۈك ئېسىلىپ تۇرغان كوزا بىلەن ئاغزىغا ئىككى مايمۇن ئېسىۋالغان كوزا تېپىلغان. بىلىزوۋۇسكى ئېلىپ كەتكەن ۋە ئىرمىتاژدا ساقلىنىۋاتقان بۇ ئىككى كوزىنىڭ قورساق قىسمىغا ئادەم ۋە مايمۇن باشلىرى قاپارتىلغان. يوتقان خارابىلىكىدىن تېپىلغان ئادەم باشلىرى قىياپىتىدىكى ھەيكەلچىلەر ناھايىتى نۇرغۇن، رەڭگارەڭ بولۇپ، كاش سەنئىتى يوتكان خارابىسىدىكى تارىخىي يادىكارلىقنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى بولۇپ قالغان. بۇ رەسىملەر غەيرىي بۇددىزملىق ئالامەتلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ تېخىمۇ قەدىمىيلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردىن ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى بىر دانە بۇددىھانىڭ ئالتۇن بېشىنى تاپقان، يوتقاندىن يەنە بىر كىچىك ئالتۇن ئۆردەك تېپىلغان. يوتقاندىن تېپىلغان ئاقچىلارغا قارىغاندا، مىلادىيە 10 ـ ئەسىرگىچە بۇ جايدا شەھەر ھاياتى داۋام قىلغان.

مەلىكئاۋات خوتەن شەھىرىنىڭ جەنۇبىغا 25 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، جەنۇبى كوئېنلۇن تېغىغا، غەربى قۇملۇق تاغقا تۇتىشىدۇ. بۇ يەردە ھەر خىل بىنا ئۇل تاشلىرى نۇرغۇن. بۇ يەردىن ساپالدىن نەپىس ئىشلەنگەن ھايۋان، ئادەم ھەيكەللىرى تېپىلغان. ئارخېئولوگلار تاپقان بۇددا بىھارىسىنىڭ خارابىسىدىن رۇمبا شەكىللىك نەقىشلەر كىچىك تىپتىكى ئۆرە ۋە ئولتۇرغان ھەيكەلچىلەر چىققان. بۇلار ئېھتىمالىم، دەسلەپكى بۇت ياساش نەمۇنىلىرىدىن بولسا كېرەك③.

راۋاق ـــ خوتەندىكى مۇھىم بۇددا نۇقتىلىرىدىن بىرى، ھازىرقى كۇندە چەكسىز قۇم دولقۇنلىرى ئىچىدە تۇرغان، ئەتراپى تۆت بۇرجەك سوقما تام بىلەن ئورالغان بۇ گۇمبەزچە ئۆز زامانىدىكى مۇھىم بۇددا پائالىيەت مەيدانى بولغان. مۇنار ـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مورا (راۋاق) تاملىرىغا بۇددىسا ۋە بۇدساتىۋالارنىڭ ھەيكەللىرى ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۆرە تۇرغۇزۇلغان بۇتلارنىڭ ئارىلىرىغا كىچىك بۇتلار قويۇلغان. ھەيكەللەر غەربىي يۇرتنىڭ مەشھۇر «ھۆل ئېگىن» كىيگەندەك تەسۋىرلەش ئۇسلۇبىدا بەدەنگە يېپىشتۇرۇلۇپ «U» شەكىلدىكى كىيىملەر بىلەن ئىشلەنگەن.

بۇددا مۇنارىنىڭ ئەتراپىدىن كۆپلەپ بۇدساتىۋا ھەيكەللىرى تېپىلغان. بۇ ئەتراپتىن تېپىلغان قاپارتىپ ئىشلەنگەن رامكا (匾额) پارچىلىرى ئەينى زاماندا مۇھىم رەسىم، ھەيكەل، لەۋھە قاتارلىقلارنىڭ بولغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. پاسسان دېگەن جاي بىلەن قورايانتاق دېگەن جايدىن تېپىلغان (كېيىنكىسى پادشاھ ياكى يۇرت تۆرىلىرىگە تەئەللۇق) قەدىمكى قەبرىلەردىن ئادەم باش سۆڭىكى، تاش كورىغا قاچىلانغان تاش مونچاقلار چىققان.

خوتەن ئارخېئولوگىيىسىدە دەندان ئۆيلۈك (dandan oilik) ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. خۇددى تۇرپاندىكى بېزەكلىكتەك دەندان (پىل چىشى) سۈپەت ئىبارىسى قىلىنغان بۇ بۇددا خارابىسى ئۆزىنىڭ مول يادىكارلىق خارابىلىرى بىلەن ئۆتمۈشتىكى شۆھرىتىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ. ھېلىمۇ چىرىيە (چىرا — 策勒) ناھىيىسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بۇ خارابىدىن ئالتۇن سۈزىدىغان كىشىلەر ئۈزۈلگىنى يوق.

دەندان ئۆيلۈك بۇددىزىم سەنئىتىنىڭ مۇھىم بىر خەزىنىسى بولسىمۇ چىرىيە، دوموكۇ، گۇلاخما دەريالىرىنىڭ قۇرۇپ كېتىشى بىلەن خارابىلاشقان، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭدىن مۇنداق يادىكارلىقلار تېپىلغان.

بۇددا ئىبادەتلىرى خارابىلاشقان، بىرىنىڭ تۆت چاسا پاكارلىغان تېمى قالغان. بىھارا تېمىغا كاتەكچىلەر ئىچىگە ئېلىنغان بۇددىھا، بۇدساتىۋا بۇ ئىبادەتخانىنى بىنا قىلدۇرۇپ تەمىنلىگۈچى «باقان مۇخلىسلار» (供养者)نىڭ يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان رەسىملىرى سىزىلغان. رەسىملەر ھىنايانا مەزھىپىگە خاس

يارالمىش ھېكايىلىرى ۋە قوغدىغۇچى (ھامىي) مەبۇدلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇنىڭدىن باشقا لاي ھەيكەللەر، تۈرلۈك بېزەك نۇسخىلىرىنىڭ تۆكۈلۈپ چۈشكەن نۇسخىلىرى، براھما يېزىقىدا خوتەن تىلى بىلەن پۈتۈلگەن ۋەسىقە ـ تاختا پۈتۈكلىرى، «كەيىۋەن يارمىقى» (713 ــ 741) تېپىلغان.

دەندان ئۆيلۈكتىن تېپىلغان تام رەسىملىرىدىن ئەڭ مەشھۇرى «قۇتلۇق تەڭرى خاتۇن» (lakshmi — 吉祥天女图) ناملىق ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا سول تەرەپتە ئىككى راھىبنىڭ ئىستىقامەت قىلىۋاتقانلىقى، ئوڭ تەرەپتە قاباھەت دىۋىسىنى دەسسەپ تۇرغان ھامىي مەبۇدنىڭ بەھەيۋەت گەۋدىسى (بەلدىن ئۈستى ساقلانمىغان)، بۇ ئىككى قارىمۇقارشى قۇتۇپ — ئىزگۈ ۋە قاباھەت ئوتتۇرىسىدا قۇتلۇق تەڭرى خاتۇننىڭ يالىڭاچ يانتۇ بەدىنى ئېنىق سىزىلغان. ئايال ئوڭ قولى بىلەن كۆكسىنى، سول قولى بىلەن كىندىكىنى يېپىپ ئەۋرىشىم «S» شەكلىنى ھاسىل قىلغان. ئۇنىڭ پۇتىنىڭ يېنىدا كىچىك بالىنىڭ ۋە نىلۇپەر گۈلىنىڭ شەكلى بېرىلگەن. رەسىمدە ئوچۇق ـ يېپىق ئىپادىلەش ئۇسۇلى قوللىنىلغان بولۇپ، تولىمۇ تىپىك ۋە كلاسسىكلىق قىممەتكە ئىگە. ئۇنى قەدىمكى شەرق تەسۋىرىي سەنئىتىدىكى پىكىر ۋە ماھارەتتە ئەڭ مەشھۇر «شەرق ۋېنېراسى» نىڭ بىرى دېيىش مۇمكىن.

دەندان ئۆيلۈكتىن تېپىلغان تام رەسىملىرىدىن يەنە بىرى، مەشھۇر «پىلە ئۇرۇقىنى تېرىش» (蚕傳说图) رەسىمىدىن ئىبارەت. ستەين تەرىپىدىن «مەلىكە رەسىمى» دەپ ئاتالغان بۇ ئەسەردە ئىككى ئايال تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئوڭدىكىسى بېشىغا تاج كىيگەن، سولدىكىسى قولىنى ئۇزارتىپ تۇرغان، ئوتتۇرىدا پىلە سېلىنغان سېۋەت تۇرغان قىلىپ ئىشلەنگەن. بۇ رەسىمنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى توقۇش ئەسۋابىنىڭ يېنىدا بىر ئايال يىپەك توقۇۋاتقان، بىرى قاراپ تۇرغان كۆرۈنۈش بېرىلگەن. بۇ خوتەن دىيارىدىكى يىپەكچىلىك تارىخىغا ئائىت مۇھىم پاكىت.

دەندان ئۆيلۈكتىن يەنە ستەيىننىڭ پىكرىچە خەلق ئەپسانىلىرىدىكى رۇستەم ئوبرازىدىكى دېيىلگەن تاختا رەسىم چىققان. بۇنى ستەين «ئىران بۇدساتۋاسى» دېگەندە، ئۇنىڭ ئىران شاھلىرىدەك تاجىغا ۋە تاختايىنىڭ كەينىگە سىزىلغان ئۈچ باشلىق ئالۋاستىنىڭ ئۇنىڭغا ئېگىلىپ تۇرغانلىقىغا قاراپ، رۇستەمنىڭ ئالۋاستىنى يەڭگەنلىكىنى كۆرستىدىغان ئىران ئۇسلۇبىدىكى ئەسەر، دەپ ئىزاھلىغان. ئەمما ئۇ بۇ قەھرىماننىڭ ئوتتۇرا ئاسىياچە ئۆتۈكى، كەمىرى، خەنجىرى بىلەن ئارىئان ئەپسانىلىرىدىكىدەك تۆت قولى ئالدىدا پۈكۈلنىپ قالغان④. بۇ رەسىمدىكى ئۆتۈك، قولىدىكى مەي جامى، كەمەرگە باغلانغان خەنجەر ۋە ئادەم سىياقى بىزگە مەركىزىي ئاسىيا باللىرىنىڭ قىياپىتىنى، مەي جامى تۇتۇش، ئۆتۈك كىيىش، كەمەر ـ خەنجەر ئېسىش ئادىتىنى ئەسلىتىدۇ. كۆپ قول ـ ئارىئان ئىلاھى سىۋا (Siva — 显婆) نىڭ ئالامىتى بولۇپ، ئوتتۇرا ـ مەركىزىي ئاسىيادىن ھىندىستانغا تارقالغان. ئالۋاستى «يەك»لەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۈچ باشلىق يەكنى بويسۇندۇرۇش «چاشتان ئىلىك بەگ» رىۋايىتىدىمۇ تەسۋىرلەنگەن. ھەر ھالدا رۇستەم بۇدساتۋا بولغان ئەمەس.

دەندان ئۆيلۈك خارابىلىرىدىن قاناتلىق پەرىشتە (飞天) ئوبرازى بېرىلگەن تام رەسىمى سۇۋاق تام (كاكىل) دىن چۈشۈپ كەتكەن پېتىدە تېپىلغان. جۈملىدىن چاشقان باشلىق ئىلاھ ئوبرازى سىزىلغان تام رەسىممۇ تېپىلغان.

دەندان ئۆيلۈك خارابىلىرىدە ساقلانغان سەنئەت ئەۋرىشكىلىرىنى نوقۇل «گرېكلەشكەن بۇددىزملىق سەنئەت ئۇسلۇبى»⑤ ياكى يەرلىك خەلقلەر سەنئىتىدىن خالىي بولغان گرېك، ھىندى، ئىراندىن ئىبارەت ئۈچ خىل مەدەنىيەتنىڭ قوشۇلمىسى دېگىلى بولمايدۇ. بۇ رەسىملەردە، بولۇپمۇ بۇددىھا رەسىمى (佛像图) دە خۇددى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە «غەربىي يۇرت ئۇسلۇبى» دەپ خاس تېرمىن بولۇپ ئاتالغان يەرلىك ئۇسلۇب ئۈستۈنلۈك ئالغانلىقىدا شۈبھە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. تاختا

رەسمى (گرافىكا) دەندان ئۆيلۈكتىكى سەنئەت ئالاھىدىلىكى بولغان.

دەندان ئۆيلۈكىنىڭ جەنۇبىغا 40 چاقىرىم يىراقلىقتا «ئۇزۇ تېتى» (ئىلگىرىكى pein) خارابىسى بولۇپ، ئۇمۇ سۇ يولىنىڭ قۇرۇپ قېلىشى بىلەن خاراب بولغان. بۇنىڭدىن باشقا دەندان ئۆيلۈكتىنمۇ مۇقەددەم بولغان «قۇم شەھەر»، «سودوم»(sodom)، «گومورريھا» خارابىلىرى توغرۇلۇق رىۋايەتلەر بار.

نىيە ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى قۇملۇقتىكى قەدىمكى نىيە خارابىسىدىن ئەڭ كۆپ تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكلەر بولۇپ، نەچچە يۈزدىن ئاشىدىغان بۇنداق يېزىق ئۆزىنىڭ كونىلىقىدىن ئېيتقاندىلا ھىندىستانغا نىسبەتەن مىسلىسىز بولۇپ قالماي، مەزمۇنى جەھەتتىمۇ ھىندىستاندا بولمىغان. بۇ ھال ھىندىستاندىن ئىبارەت يازما تارىخى ئاز ساقلانغان ئەلدە تەكلىماكان ساياھىتى قىزغىنلىقىنى قوزغىۋەتكەن. دەرھەقىقەت، ھىندىستاندا تاشقا ئويۇلغان بۇ خىل يېزىقلار مۇنداق كونا بولمىغان. قارۇشتى تاختا پۈتۈكلىرىنىڭ خەت يېزىلمىغان تەرىپىگە ئۇزۇمىلۇك گۈللىرى چۈشۈرۈپ مۇقاۋا قىلىنغان ۋە باغلايدىغان يىپقا چاپلانغان پېچەت لېيىغا ئافىنا ۋە ھراكلىنىڭ ئوبرازلىرى كىچىكلىتىپ بېرىلگەن. ئافىنانىڭ بېشىغا دۇبۇلغا كىيدۈرۈلگەن، قولىغا قالقان تۇتقۇزۇلغان بولۇپ، بۇلار خاس پېچەتلىك تامغا قېلىپلىرى ئىكەنلىكى ياكى كونا گرېك ـ باكتىرىيە پۇللىرى شۇنداق تامغا قېلىپى قىلىنغانلىقى نامەلۇم. قارۇشتى يېزىقى پراگمىنتقا يېزىلغان. خەنزۇ يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكلەرمۇ ئەينى زاماندا قوللىنىلغان.

نىيەدىكى ئولتۇراق ئۆي ۋە دىنىي قۇرۇلمىلارنىڭ خارابىلىرى ئۈستى قۇم بېسىلغان ھالەتتە بولۇپ، ئۆيلىرى ھازىرقى ئۇيغۇر ئۆيلىرىدەك پېشايۋان ـ ساراي قىلىپ سېلىنغان. تۇۋرۇكلەر قۇمغا تېرەن كۆمۈلۈپ، ئاق تېرەك ياغىچى يۈزىگە چىرايلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئويما نەقىشلەر چېكىلگەن. تاملار سۇۋالغان ۋە ھاك بىلەن ھاكلانغان. تاملارغا يېپىشقاق نەرسە بىلەن نەقىشلەر چىقىرىلغان. ياغاچ جاھازلارغا گۈللەر، شىر تاپان نەقىش پۇتلار، ئادەم قىياپەتلىك رەڭدار ئورۇندۇق پۇتلىرى، ھەر خىل فىگۇرىلار ئويۇپ چىقىرىلغان بولۇپ، ھازىرقى ئۇيغۇر بىناكارلىقى ۋە ياغاچ نەقىشچىلىكىغا ئوخشاش بولغان. نىيە خارابىلىرى قاتارىدا مۇنار (ستوپا) تۈۋرۈكلىرى قۇمغا سانجىلغان پېتى قالغان، تاختىلارغا نەقىشلەر چېكىلگەن. قۇملار ئارىسىدىن تاختىمۇشۇك، دەزمال (ئۆتۈك)، رەڭدار پالاس پارچىسى تېپىلغان. 1959 ـ يىلى قېزىلغان مىلادىيە 2 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ قەدىمكى قەبرىدىن بۇددىھا ۋە تەمىرچى بۇدساتۋا رەسمى ۋە كۆك رەڭلىك يېرىم يالىڭاچ ئادەم رەسىمى سىزىلغان بوز تېپىلغان. بۇ ئادەم قولىدا ئۇزۇن ۋاشاق تۇتقان، بېشىدا ئىلاھىي نۇر چەمبىرى بولۇپ، لېنىنگراد ئېرمىتاژدا ساقلىنىۋاتقان كوشان خانى كانىشكا ئاقچىسىغا ئىشلەنگەن گرېكلارنىڭ مول ھوسۇل ئىلاھىغا ئوخشايدۇ.

خوتەن دىيارىدىكى بۇددىزم تەسۋىرىي سەنئىتى مۇۋەپپەقىيەتلىرى قۇم ۋە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى ۋە ئىسلام «غازات» لىرىنىڭ تۈنجى قۇربانى بولغانلىقى تۈپەيلى، بىزگە يېتىپ كەلگەن تەسۋىرىي سەنئەت يادىكارلىقلىرىنىڭ مەلۇم بولغانلىرى يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت. ئەمما، خوتەن رەسساملىق سەنئىتى ئەينى زاماندا ھەتتا كۇسەندىن مەشھۇر بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئالاھىدە ئۇسلۇب ۋە شۆھرەت ياراتقان، كورىيە ۋە ياپونىيىگە بەدىئىي تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، بۇ نوقۇل غەرب ۋە ھىندىستان تەسۋىرىي سەنئىتى سۇمۇرغ قۇشىنىڭ بۇ چۆللۈك ماكاندىكى تۇخۇمى ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

جۇڭگو رەسساملار قامۇسلىرىدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇندىكى ئىجادىيەت سەمەرىلىرى بىلەن داڭق چىقارغان خوتەن

رەسساملىرىدىن ۋىجرايا پوچېنا (尉迟质跋那) بىلەن ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ۋىجرايا ئىرسىنگا (尉迟乙僧) نىڭ ئىش ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلغان. ئۇلارنىڭ قىسمەن رەسىملىرى يوقالسىمۇ، يەنە بىر قىسىم رەسىملىرى قولدىن قولغا ئۆتۈپ ساقلىنىپ قالغان. ئاتا ـ بالا رەسساملار مىلادىيە 632 ـ يىلى (جېنگۇەن 6 ـ يىلى) خوتەندىن چاڭئەنگە كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ۋىجرا ئۇرۇقىدىن (ساك ـ توخار ئۇرۇقلىرىدىن بىرى) — پادىشاھ جەمەتىدىن ئىدى. بۇ چاغدا ۋىجرايا ئىرسىنگا 20 ياشتا بولۇپ (612 ـ يىلى تۇغۇلغان)، 95 يېشىدا (707 ـ يىلى) ۋاپات بولغان. ئۇلار رەسساملىق ئىجتىمائىي كۆزقارىشىدا تارىخىي تېمىلار ئارقىلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى كۈيلەش، دىنىي تېمىلارنى رېئال تۇرمۇشقا يېقىنلاشتۇرۇش، ھەرقايسى مىللەتلەر فولكلور تېمىلىرى ئارقىلىق ئۆز يۇرتىنىڭ مەھەللىي ئالاھىدىلىكلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈش، رەسساملىق ئۇسلۇبىدا غەربىي يۇرت ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئۇسلۇبى بىلەن جۇڭگوچە ئۇسلۇب شەكىللەندۈرۈپ، چەت ئەل ئۇسلۇبلىرىدىن قوبۇل قىلىپ چەتلەش يۆنىلىشىنى گەۋدىلەندۈرگەن. ئۇ ھەممە تېمىدا ئەمەس، تېپىك ۋە ئۈلگىلىك تېمىدىكى رەسىملىرى بىلەن ئۆزىنىڭ بۇ قارىشىنى ئىپادىلىگەن. ۋىجرايا ئىرسىنگا كىچىككىدە ئۆز يۇرتىدىكى ئادەم قىياپەتلىرى، كىيىم ۋە ئادەت تۈرلىرىنى ياخشى ئىگىلىگەن. ئۇ ناخشا ـ ئۇسسۇلغىمۇ ماھىر بولۇپ، دەسلەپ دادىسى ۋىجرايا پوچېنادىن تەلىم ئالغان بولسا، كېيىنچە ئۇ رەسساملىقتا يەنە سەنئەت مائارىپى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان.

ۋىجرا پوچېنا دايۈنشۇ (大云寿) ئىبادەتخانىسى تاملىرىغا ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئارىسىدىكى ئۆتكۈر كۈرەش تېما قىلىنغان «ئالۋاستى ئىلاھى» (鬼神)، ئاددىي راھىبلار تۇرمۇشىنى ئىپادىلەيدىغان «بۇدساتۋا» (菩萨)، ئەينى زامان رەسساملىرى رومانتىك تېمىدا بەسلىشىدىغان «پاك ماكان» (净土)، گۈش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

يىمەسلىك تەشەببۇسلىرىدىن ئەكسىچە پىكىرنى تەرغىب قىلىدىغان «خەستە براخمان» (婆叟仙)، ساكيامونى بۇددىھا بولۇش ئالدىدا ئۇنىڭغا ياردەم قىلغان ئەجايىپ ھايۋان قىياپىتىدە سانسار (قايتا يارالمىش) جەريانىدا تۇرۇۋاتقان روھلارغا قارىتىلغان «بۈركۈت» (鹰) ۋە «تايغان» (犬) قاتارلىق ئالتە پارچە تام رەسىمى سىزغان. ئۇ يەنە، شەپقەت ۋە كەلگۈسى تىما قىلىنغان «مايترى» (弥勒佛像) رەسىمى، غەيرىي ھىندى ئۇسلۇبىنى گەۋدىلەندۈرۈش مەقسەت قىلىنغان «بۇددىھا» (佛图)، «چەت ئەل بۇددىھا رەسىمى» (外国佛从像)، شەپقەتلىك گۆھىيەلىك (ئالۋالوكىتاشۋارا) ئىپادىلەنگەن «ئۇلۇغ شەپقەت بۇتى» (大悲佛)، ئەقىل - بىلىم گەۋدىلەنگەن «ئاقىل شاھ» (明王像)، غەربىي يۇرت كىشىلىرى ئىپادىلەنگەن «چەت ئەل كىشىلىرى» (外国人物图)، قىزىل كاسايا كىيگەن ئاسمان ئىلاھى (دىۋاراجا)، تاشتا ئولتۇرغان 18 ئارخات ئۇستىگە ھەر خىل رەڭدىكى كاسايا ئارتىپ، ھەر خىل نەرسىلەر تۇتۇپ، ئاسمان ئىلاھىغا قاراپ، ھۆرمەت بىلەن ئۆرە تۇرغان كۆرۈنۈشنى ئىپادىلەيدىغان «ئارخاتلارنىڭ دىۋاراجانى زىيارەت قىلىشى» (罗汉朝天王像) قاتارلىق كۆپلىگەن رەسىملەرنى ئىجاد قىلغان.

ۋىجرايا ئىرسىنگا تاڭ سۇلالىسى ئايال پادىشاھى ۋۇ زېتيەننىڭ «پۇشيەنتاڭ» (普贤堂) ناملىق يۈيۈنۈپ - تارىنىش ئۈچۈن سالدۇرغان ھەرەمگاھىغا بۇددا ھېكايىلىرىدىكى ساكيامونىنى ئېزىقتۇرماق بولۇپ ئاسماندىن چۈشكەن ئۈچ ئالۋاستىنىڭ ئۈچ ساھىبجامال بولۇپ كۆرۈنگەنلىكى سۈژىتىدىكى «ئالۋاستىلارنىڭ چۈشمىكى» (降魔) ناملىق تام رەسىمنى سىزغان. بۇ ئۈچ ساھىبجامالنىڭ ئوتتۇرانچىسى «غەربىي يۇرت ئۇسلۇبى» بويىچە يالىڭاچ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان قىلىپ سىزىلغان.

ئۇنىڭدىن باشقا ۋىجرايا ئىرسىنگا پايتەختتىكى «سىئىنسى»

(慈恩寺)، «شىڭتاڭسى» (兴唐寺)، «فېڭئېنسى» (奉恩寺)، «ئەنگوسى» (安国寺) قاتارلىق بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنىڭ تاملىرىغا ئۆتكۈر قىلىچتەك بەش ئەقىل (五智) تەكىتلەنگەن، قولىدا قىلىچ تۇتقان «قۇت كارامەت مانجۇسىرى بۇدساتۋا» (千钵文殊)، مىڭ شەپقەت قولىدا مىڭ ئەقىل كۆزى جايلاشقان ئۇلۇغ شەپقەت ئىلاھە ئاۋالوكىتاشۋارا گەۋدىلەندۈرۈلگەن «مىڭ قوللۇق ـ مىڭ كۆزلۈك ئۇلۇغ شەپقەتچى» (千手眼大悲)، خۇددى دەندان ئۆيلۈكتىكىدەك قۇتلۇق تەڭرى خاتون — ساماۋى تەڭرىنىڭ سىڭلىسى ئوبرازلاشتۇرۇلغان «تۆھپىكار» (功德人物)، 649 ـ يىلى چاڭئەنگە كەلگەن خوتەن پادىشاھى ۋىجراشىن (伏者信) بىلەن 674 ـ يىلى چاڭئەنگە كەلگەن خوتەن پادىشاھى ۋىجراشۈن (伏阇雄) [6] ھۆرمىتىگە بېغىشلانغان «پادىشاھىمىز ۋە جەمەتىمىز» (本国王及诸亲族) ناملىق ئاجايىپ چوڭ تېمىدىكى تام رەسىملىرىنى سىزغان.

ۋىجرايا ئېرسىنكا ئىشلىگەن تام رەسىملىرىدىن باشقا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن يەنە ئامېرىكىنىڭ بوستون گۈزەل سەنئەت مۇزېيىدا ساقلانغان، ساكيامونىنى بۇرۇتلۇق خوتەن ساكى شەكلىدە سىزغانلىقى ئۇچۇن پروفېسسور شىلونرىن تەرىپىدىن «غۇز راھىبى» (胡僧图) دەپ نام بېرىلگەن رەسىمى؛ ئامېرىكىنىڭ ۋاشىنگتون فوللېر گۈزەل سەنئەت مۇزېيىدا ساقلانغان، ساماۋى پادىشاھ (دىۋاراجا) نىڭ مۇزىكا ـ ئۇسسۇلچىلار ۋە مەھرەملىرى ئالدىدا تەختتە ئولتۇرغانلىقى تەسۋىرلەنگەن «ساماۋى پادىشاھ» (天王像) ناملىق رەسىمى؛ بېلگىيىنىڭ پايتەختى بريۇسسېللىق ستولېك ئىسىملىك كىشى ساقلىغان، پادىشاھنىڭ ئەتراپىغا بالا قۇچاقلىغان ئاياللار، خىزمەتكارلار، مۇزىكانت ۋە ئۇسسۇلچىلارنى يىغىپ تۇرغان قايغۇ ـ ھەسرەتلىك كۆرۈنۈشى تەسۋىرلەنگەن «خان» (番君图) ناملىق رەسىمى؛ بېلگىيىلىك بىلونىسىن ئىسىملىك كىشى ساقلىغان، بىر خانىكىنىڭ ئەتراپىغا ئوردا كېنىزەكلىرى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇزىكا ــ ئۇسسۇلچىلارنى توپلاپ، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنى چۆرىدەپ تۇرغانلىقى سىزىلغان «كۇسەن رەققاسلىرى» (龟慈舞女) ناملىق رەسىملىرى بار ئىدى.

ئاتا ــ بالا ۋىجرالار «ئويما ــ قويما ئۇسۇلى» (凹凸画法) نى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كېڭەيتكەن، ئۆزگە خاس ئىجتىمائىي ۋە ئېستېتىك كۆزقاراشنى گەۋدىلەندۈرگەن. ئۇلار ۋەكىللىكىدىكى «غەربىي يۇرت ئۇسلۇبى»دا سىزىلغان ئەسەرلەر كۇچا، دۇنخۇاڭ (بولۇپمۇ 220 ــ كېمىر) قاتارلىق جايلاردىكى تام رەسىملىرىگە قايتا تەسىر كۆرسەتكەن، ياپونىيىنىڭ خېيئان زامانىسى (794 ــ 1192)، كاماكۇرا زامانىسى (1192 ــ 1333) دىكى كوياسان ميوئويىت (高野山明王院)، لېنگېزان مايىمن (莲花三昧院)، ئوئۇچېين (樱池院)، كونگو ئۇبۇرىن (金刚峰寺院) قاتارلىق بۇددا ئىبادەتخانىلىرى تام رەسىملىرىگە ئۇسلۇب جەھەتتە تەسىر كۆرسەتكەن. ئىتالىيىنىڭ رىم ئۇنىۋېرسىتېتى پروفېسسورى مالىئاۋ بوساگېلى مۇنداق دەپ يازغان: «ئوتتۇرا ئاسىيادا، پەقەت بىرلا رەسساملىق گۇرۇھى ئۆزىنىڭ گۈزەل ــ نەپىس تام رەسىملىرى ۋە ياغاچ ئويما ــ گرافىكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇلۇغ ئەسەرلىرى بىلەن ئىپتىخارلىنىشقا مۇناسىپ بولۇپ، ئۇ ئەسەلەر جۇڭگو سەنئەتچىلىرى ۋە تەنقىدچىلىرى تەرىپىدىن ماختالغان، ئۇ بولسىمۇ خوتەن رەسساملىق گۇرۇھىدىن ئىبارەت.»

## 2. قەدىمكى تارىم ۋادىسىدا بۇددىزم سەنئىتى

هازىرقى ئاتۇش شەھىرى ئاغۇ يېزىسىنىڭ ئاچچىق دېگەن يېرىدىن 1980 ــ يىلى تاشقا ئايلانغان ئاتۇش ئادىمىنىڭ باش سۆڭىكى تېپىلغان بولۇپ، ئۇن يىلنىڭ ئالدىدا ياشىغان ئىنسانغا ۋەكىللىك قىلىدى. 1981 ــ يىلى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى تىزناپ يېزىسىنىڭ جىرغال دېگەن جايىدىن كونا تاش قورالار ۋە كۆل قاتلىمى تېپىلدى. بۇ پامىر ــ

تەڭرىتېغى تۇتاشقان تاغلىق رايونلار بىلەن بۇ تاغلاردىن ئېقىپ چىققىدىغان تارىم ۋادىسىدا ئىپتىدائىي ئىنسان گۇرۇھلىرىنىڭ ياشىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

تارىخىي مەنبەلەر بىلەن ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇددىزم تارقىلىپ كىرىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە تارىم ۋادىسىدا توخرى ـ ساكلارنى ئاساس قىلغان ھالدا يەنە ھون، كېيىنچە سۇغدى قەبىلىلىرى ياشىغان. بۇ رايونلاردا غەربىي دىڭلىڭ، ياغما ۋە قارلۇق ئوغۇزلىرى، ئېگىز ھارۋىلىق غۇزلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان. دىققەتكە سازاۋەرى شۇكى، «يېڭى تاڭنامە»دە: داشىيالار (大夏 گرېك ـ باكتىرىيە)نى توخرىلار بىلەن بىر دەپ يازغان بولسا، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جۇ جىڭيۈەن (朱景元) يازغان «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر رەسساملار تىزىمى» (唐朝名画录) ناملىق كىتابتا خوتەنلىكلەر بىلەن توخرىلارنى بىر مىللەت دېيىلگەن. ۋاڭ گوۋېي ئەپەندىمۇ ئۆزىنىڭ «غەربىي غۇزلار ھەققىدە تەتقىقات» (西湖考) دېگەن ماقالىسىدە بۇ قاراشنى قۇۋۋەتلىگەن. بىز ئەسلىدىكى ئۇرۇق قەبىلىلىرى بىر خىل بولمىسىمۇ، ساكلار بىلەن توخرى قەبىلىلىرى بارغانسېرى ئارىلاشقان ۋە قوشۇلۇپ كەتكەن، بۇ جەرياندا ئۇلار قىسمەن كۆچمەن چاڭلار (羌族) ۋە ھون ئىتتىپاقىدىكى بەزى غەربىي يۇرتلۇق قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرگەن، نەتىجىدە قەشقەر، يەكەن، خوتەن ۋادىلىرىدا ساكلار، ئاقسۇ، كۇچا، قاراشەھەر ۋادىلىرىدا توخرىلار ئۈستۈنلۈكتە تۇرغان ئارىلىشىش جەريانى يۈز بەرگەن؛ كېيىنچە ئېگىز ھارۋىلىقلار ـــ تۇرا (توققۇز ئۇيغۇر) قەبىلىلىرىنى ئاساس قىلغان ئادىئېز ـــ ئۇيغۇرلىشىش جەريانى يۈز بەرگەن؛ غەربىي يۇرتتا ئولتۇراقلاشقان سۇغدىلار بۇ كېيىنكى جەريانغا سىڭىپ كەتكەن دەپ قارايمىز. قەدىمكى زاماندا يەكەننىڭ «ساكارائول» (莎车) دەپ ئاتىلىشى، قىزىلسۇ ـ قەشقەر ئەتراپىدا «بەساق»،

«ئىكساق»، «سوزاق»، «توققۇزاق» قاتارلىق جاي ناملىرىنىڭ ساقلىنىشى تاسادىپىي ئەمەس. بىز مىلادىيەدىن بەش ئەسىر ئىلگىرى ئىراندىكى دارا I زامانىسىدا بىنا قىلىنغان «بىخستون» (磨崖碑) ئابىدىسىگە يېزىلغان «ساكاتىگ راشاندا» (تىك قالپاقلىق ساكلار)، «ساكا پارا درايا» (دەريا بويى ساكلىرى)، «ساكا خومىرا» (قۇملۇق ساكلىرى) دېگەن يېزىق بىلەن شىنجاڭدىكى قەدىمكى قەبرىلەر ۋە ئالاقىدار يازما ھۆججەتلەر تەمىنلىگەن مەنبەلەرگە ئاساسلىنىپ، سىكتاي ـ ماسساگىت ـ ساك تۈركۈمىدىكى بۇ قەبىلىلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۇران زۇننىلىرىدىن تاكى تىلەنشەن (چىلەنشەن ياكى نەنسەن) ئېتەكلىرىگىچە جايلىشىپ ياشىغان قەدىمكى خەلقلەر ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرەلەيمىز. ئۇلار گەرچە ئېتنىك نام جەھەتتە بولمىسىمۇ، ئېتنوگېنىز ۋە قىسمەن تىل جەھەتتە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭغا قېرىنداش مىللەتلەر تەركىبىگە سالماقلىق بىلەن سىڭىپ كەتكەن.

قەشقەر⑦ ـ يەكەنگە بۇددىزمنىڭ قاچان تارقالغانلىقى دېگەندەك ئېنىق ئەمەس. ئەمما، مىلادىيە 2 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا قەشقەر خانى ئانگو (安国) نىڭ تاغىسى جۇيپان (巨盘) كوشان دۆلىتىنىڭ خانى كانىشكانىڭ يېنىغا بارىمتاي (质子) لىققا ئەۋەتىلگەنىدى، ئۇ بۇ يەردىكى كاپىسا (Kapisa 迦毕试) بىھارىسىدا ئىستىقامەت قىلىپ ئوقۇغان بولۇپ، ھىنايا بۇددىزمنىڭ مۇخلىسى ئىدى. ئانگوخان قازا قىلغاندا، جۇيپان كانىشكانىڭ ياردىمى بىلەن قەشقەردە خانلىق تەختىگە چىققان، ھىنايا بۇددىزمىنى كەڭ يولغا قويغان. شۇنداق بولسىمۇ، بۇنى بۇددىزمنىڭ بۇ جايلارغا كىرىشىدىكى تۇنجى ۋەقە دېيىش قىيىن.

كومراجىۋا توققۇز يېشىدىن 12 يېشىغىچە كەشمىردە ئانىسى جىۋا ملىكىدىن ماھايانا بۇددىزمىدىن تەلىم ئېلىپ، 356 ـ يىلى قەشقەرگە كەلگىنىدە، سۇرى سوما (须利耶苏摩)

ناملىق — ماھايانا ئالىمى — شاھزادىدىن سونياتا (قورۇق، ئەدەم) تەلىمىنى ئېلىپ «ئالتۇننى تونۇمىغاچقا، تاش كۆتۈرۈپ يۈرۈپتىمەن» دەپ، ھىنايادىن ماھايانىغا ئۆتكەن. بۇنىڭغا قارىغاندا، قەشقەر پادىشاھى جۈيپاندىن شاھزادە سۈرى سۇماغىچە بولغان ئارىلىقتا بۇددىزم بۇ جايلاردا خېلىلا كېڭەيگەن، ماھايانا ئېقىمى كۈچەيگەن. بۇددا ئالىمى فاشيەن (法显) 400 - يىلى قەشقەرگە كەلگەندە بۇ يەردە ھىنايا مەزھىپى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەنلىكىنى كۆرگەن. ھەر بەش يىلدا پادىشاھ 1 -، 3 - ئايلارغىچە شەھەرنى زىننەتلىتىپ، خەير - ساخاۋەت (Dana) قىلىدىغان، ئۇنىڭدىن كېيىن، 1 -، 7 - كۈنلىرىگىچە خان ئەمەلدارلىرى ساخاۋەت قىلىدىغان، ئاخىرى خان ۋە ۋەزىر - ئەمىر قاتارلىق ئەمەلدارلار ئاتلىق بولۇپ راھىبلارغا توقۇلما بۆزلەر سەدىقە قىلىدىغان ئادەتنىڭ بارلىقىنى يېزىپ قالدۇرغان. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە قەشقەر خانى 465 - يىلى شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ئوردىسىغا چوڭ ساكيامونى كاساياسىنى (kasaya) سوۋغا قىلغاندا، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى پادىشاھى بۇ كاسايانى سىناپ ئوتقا سالغاندا كۆيمىگەنلىكىنى كۆرگەن. شۈەنزاڭ 644 - يىلى قەشقەردە 100 ساڭرام، 10 مىڭچە راھىبنىڭ بارلىقىنى، ھىنايا مەزھىپى ئۈستۈنلۈكتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى يازغان. بۇ چاغدا خەلق ئارىسىدا زوروئاستىرىزم (ئاتەشپەرەسلىك) ئېتىقادى مۇئەييەن تەسىرگە ئىگە بولغان. خۇيچاۋنىڭ مەلۇماتىچە، مىلادىيە 8 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىمۇ ھىنايا بۇددىزمىنىڭ تەسىرى تۈگىمىگەن. تەبەرىنىڭ «تارىخىي تەبەرى» ناملىق ئەسىرىدە يېزىشىچە، 705 — 815 - يىللىرى (تالاس ئۇرۇشى ئالدىدا) ئەرەب سەركەردىسى قۇتەيبە ئىبن مۇسلىم قەشقەرگە يۈرۈش قىلىپ چېكىنگەن. ئەھۋالدىن قارىغاندا قەشقەر ھىنايا بۇددىزمىنى ئاساس قىلغان، كۆپ خىل ئېتىقادلىق رايون بولغان. بىز يەكەن - قەشقەر

www.uyghurkitap.com

ۋادىسىغا بۇددىزمنىڭ قاچان خوتەن ياكى ماۋرائۇننەھر ئارقىلىق ياكى بىۋاستە كوشان خانلىقى ئارقىلىق كىرگەنلىكىنى، نېمە ئۈچۈن ئۇ يەردە سۈرى سوما ۋە سۈرى باھادىرا قاتارلىق ماھايانا ئۇستازلىرى تۇرۇپ، ھەتتا ماھايانا بۇددىزمنىڭ ھامىي ئېلى — كوشان خانلىقى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە تۇرۇپ، تاكى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلام ئېتىقادى تىكلەنگۈچە، ئاساسەن ھىنايا بۇددىزمىغا ئەمەل قىلغانلىقىنى ئىزاھلىيالمايمىز. بۇ ھال مەلۇم جەھەتتە كۆسەندىكى ھىنايانىڭ تەسىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

يەكەن ـ قەشقەردىكى بۇددىزم يادىكارلىقلىرىدىن ھازىرغىچە ئىزناسى ساقلىنىپ قالغانلىرىدىن بىرقەدەر مۇھىملىرى، ئۇستۇنئاتۇشتىكى تاقۇت كەنتىنىڭ ئۇدۇلىدىكى يارلىقتا يەر يۈزىدىن 22 مېتىر ئېگىزلىكتىكى «ئۈچما راۋان» (ئۈچما ئايۋان؟ ئۈچ ئايۋان؟ ئۈچ مەرۋان؟) ياكى «توققۇز ھۇجرا» دەپ ئاتىلىدىغان (ئۈچ ئىشىكلىك ھەربىرى ئىچ ـ ئىچىدىن يەنە ئالتە خانىغا بۆلۈنىدىغان) تاشكېمىر بىلەن مارالبېشى (بارچۇق) ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى تۇمشۇق يېزىسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان «توققۇزساراي» دىن ئىبارەت.

ئۈچما راۋان بۇددا تاشكېمىرى تەخمىنەن مىلادىيە 2 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى قېزىلغان بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى يىپەك يولىغا جايلاشقان ئەڭ قەدىمكى تاشكېمىر. بۇ ئۈچ ئېغىز، ئالتە خانىلىق تاشكېمىرنىڭ ئۈستى ئەگمە ئويۇلغان بولۇپ، ئۈچ ئېغىز خانىلار ئارىسىدا ئۆتۈشىدىغان تۆشۈكى بار. غەربتىكى تاشكېمىر بۆلانغان بولۇپ، ھېچ نەرسە قالمىغان. ئوتتۇردىكى تاشكېمىرنىڭ ئىچكى خانىسىدا بۇددىھا ھەيكىلى ئورنىتىلغان سۇپا (بۇزۇلغان) قالغان. پەقەت شەرقتىكى تاشكېمىردا قىممەتلىك تام رەسىملىرى، نەقىش سىزىلغان چاقماقچە رومبىلار، ھەر خىل بۇت رەسىملىرىدىن 70 پارچىغا يېقىن، تاشكېمىر تورۇسىدا رومبىغا ئېلىنغان نىلۇپەر گۈلى

رەسىمى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا 50 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتىكى ئولتۇرغان بۆت رەسىمى سىزىلغان. ئۇلارنىڭ بىرى رەڭدار چاقماق كاسايا تونىنى ئارتىۋالغان بولۇپ، قىزغۇچ ۋە كۆكۈچ رەڭلەر ئارىسىدا بىر فىكۇس دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقى سىزىلغان. ئارقا ھۇجرىغا ئۆرە تۇرغان بۇددىھا سىزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ يۇقىرى قىسمى يالاڭ بولغاچقا، ئوڭ قولى بىلەن كۆكسىنى توسقان، سول قولىنى ساڭگىلاتقان، رەسسام قىزىل، يېشىل، كۆك رەڭلەرنى بىر - بىرىگە ئۆتۈشتۈرۈپ تولىمۇ نەپىس سىزغان. ئوتتۇرىدىكى تاشكېمىرنى ئىسلامىيەتتىن كېيىن گەج بىلەن سۇركىۋەتكەچكە، ئۇ بۇ يەرگە كەلگەن ئىنگلىز، فرانسۇز، رۇس، موڭغۇل، خەنزۇ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسمىنى يېزىپ قويىدىغان لەۋھەگە ئايلىنىپ قالغان. ئاتۇش ئۇچما راۋان تاشكېمىرى ئىسلامىيەتنى يېڭى قوبۇل قىلغان يەرلىك خەلق تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغان بولماستىن، بەلكى پېللىئوت (伯希和) 1930 - يىلى قەشقەردە تۇرغان ۋاقىتلىرىدا ۋەيران قىلىپ ئوغرىلىغان ۋە تامغا ئىسمىنى يېزىپ قويغان، بۇ يەرگە ياپونىيىلىك ئوتانى ۋە نومۇرا بىللە چىققان.

بارچۇق — ياغمىلارنىڭ بىر قەبىلىسىنىڭ نامىدىكى يۇرت بولۇپ، ئىلگىرى ساك تىلىدا «ۋىتو» (vito 尉头)دەپ ئاتىلاتتى. پېللىئوت 1910 - يىلى مارالبېشى تۇمشۇق خارابىسىگە بارغان. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ يەرگە كەلگەن سۋېن ھېدىن بۇ خارابىنى ئىسلام خارابىسى دەپ كېتىپ قالغانىدى. پېللىئوت ئات قامچىسىنى تۇتۇپ يەر جىجاپ ئولتۇرغان جايدىن كۇتۇلمىگەندە خۇددى قەندىھاردىكىدەك بىر كىچىك بۆت ھەيكەل توپا قېتىدىن چىقىپ قالغان. ئۇ دەرھال 30 كىشىنى كولاشقا سېلىپ، مىلادىيە 3 - ئەسىرگە مەنسۇپ گۈزەل سەنئەت ۋە قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ئىگە بولغان. ئۇ قىزىلدەريا بويىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ يارلىقتىن خوتەن ساك تىلىدىن تېخىمۇ قەدىم بولغان يازما ھۆججەت تاپقان. بۇ بەلكى قەشقەر ساك تىلىدا بولۇشى ئېھتىمال. بۇ ھۆججەتلەرنىڭ بىرىدە ئۇنى كۆچۈرۈپ يازغان كىشى ئۆزىنى «سۇلانى» (sulani) دەپ يازغان بولۇپ، بۇ شەخسنىڭ نامىمۇ ياكى قەشقەر («سۇلى»)لىق دېگەنلىكمۇ ئېنىق ئەمەس. «سۇلانى» سۇلىلىق دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن. قەشقەر ـ تىبەت يېزىقىدىكى «خوتەن تارىخى» دا: «سۇلىگ» (cu — log) دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان. بەزى تارىخچىلار قەشقەرنى سوغدىلار بىنا قىلغان، «سۇغداق» بىلەن «سولانى»، «سۇداق» ئىبارىلىرى مەنداش دەپ قاراشماقتا. «تىبەت تەزكىرىسى» دە تىلغا ئېلىنغان خوتەن خانى ۋىجراياسىيا ئەمرىگە ئالغان «سۇلۇك» ناملىق خانىكىنىڭ ئىسمى قەشقەرنىڭ قەدىمكى نامى بىلەن ئالاقىدار بولۇشى ئېھتىمال.

توققۇزساراي خارابىسىدىن تېپىلغان بىر خەنزۇچە ھۆججەتتە «يابغۇ» (叶护) دېگەن ئىبارە چىققان. ۋەھالەنكى، بۇ ئىبارىنى كوشان بەش يابغۇلۇقى، غەربىي تۈرك يابغۇلۇقى ۋە ئۇيغۇرلار ئىشلەتكەنىدى.

مارالبېشى تۇمشۇق تېغىدىكى توققۇزساراي بۇددا خارابىسىدىن مىلادىيە 5 ـ، 6 ـ ئەسىرلەرگە مەنسۇپ بىرقانچە ياغاچ بۇددا ھەيكەللىرى تېپىلغان. بۇلارنىڭ بەزىلىرى نېلۇپەرگە دەسسەپ ئۆرە تۇرغان، بەزىلىرى باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان بولۇپ، يېتەرلىك نەپىس ئىشلەنگەن. ياغاچتا ئىشلەنگەن چوڭ بۇددا ھەيكىلىنىڭ بېشى ئالاھىدە ياسالغان بولۇپ، بۇدۇر چېچى ۋە دوقمىسى كۆك بويالغان. ئالتۇن رەڭدە سىرلانغان يۈز قىسمىنىڭ چېكىسىگە ئاق مەڭ سىزىلغان. قېشى قارا، كالپۇكى قىزىل رەڭلەنگەن. يېرىم ئېچىلغان كۆزى ۋە يەرگە قارىغان يۈزىدە بۇددىھانىڭ چوڭقۇر پىكىرگە غەرق بولغانلىقى ئەكس ئېتىلگەن. ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ ھەيكەل غۇلاپ چۈشۈپ

زەخىملەنگەندە سول قولىقى سۇنغان، تومشۇقتىن تېپىلغان كىچىك تىپتىكى ياغاچ ھەيكەل — ساكيامونىنىڭ ئۆرە تۇرغان رەڭلىك ھەيكىلى بولۇپ، 23 سانتىمېتىر كېلىدۇ، بۇ ھەيكەلدە ساكيامونى نېلۇپەر سۇپىغا دەسسىتىلگەن. بۇنىڭدىن باشقا بۇددا (ساكيامونى) نىڭ قول ئۇچلىرىنى تۇتۇپ باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان قىياپىتى ئىپادىلەنگەن ياغاچ ھەيكەلمۇ بەدەن بىلەن كىيىمنى پەرقلەندۇرگۈسىز نەپىس ۋە تەمكىن ئىشلەنگەن (24 ـ رەسىم).



24 ـ رەسىم. ياغاچتا ياسالغان بۇددىھانىڭ ئولتۇرغان ھەيكىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پېللىئوت تۇمشۇق توققۇز ساراي بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسىدىن بىر تۈركۈم رەڭدار گەج ھەيكەللەرنى تاپقان. ئۇنىڭ بىرى كۆكسىنىڭ يېرىمىغىچە ئوچۇق، ئاستى قىلىن كىيىندۈرۈلگەن ئايال سىياقىدىكى ھەيكەل بولۇپ، قىياپىتى ۋە تارىنىشى تېپىك يەرلىك ئاياللار قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. توققۇز ساراي ئىبادەتخانا خارابىسى تاملىرىدىن ھېكمەت سۆزلەۋاتقان ساكيامونىنىڭ يېرىم يالىڭاچ رەڭدار رەسىمى بىلەن ئىستىقامەتتە قاتار ئولتۇرغان راھىبلارنىڭ رەڭدار رەسىمى تېپىلغان.

تۇمشۇقتىن يەنە بىر ئۇيغۇر بۇددىزم ئىبادەتخانىسى خارابىسى تېپىلغان. بۇنىڭدىن باشقا قەدىمكى ئۇيغۇرچە، ئەرەبچە ھۆججەت ئارگومېنتلىرى تېپىلغان. مەن ياپونىيە توكيو دۆلەتلىك مۇزېيىدىن قەندىھار ۋە يەرلىك بۇددىزم ئالامەتلىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن يەتتە پارچە ئادەم بېشى چوڭلۇقىدىكى بۇدساتۋانىڭ ھەيكەللىرىنىڭ مىستىن ئوتتۇرىسىنى كاۋاك قىلىپ ئىشلىگەن باش قىسمى پارچىلىرىنى كۆردۈم. بۇ مىس ھەيكەل بېشى ئىچىگە قىزغۇچ لاي ـ ھاك ۋە توزغاق ئارىلاشمىلىرى تولدۇرۇلغان. بۇ يەردىن يەنە كۆپلەپ ياغاچ پۈتۈك (ئۇنىڭ 30 پارچىسى خەنزۇچە) خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مىس پۇللار بىلەن بۇغداي دانلىرى قاتارلىق 4000 پارچىدىن ئارتۇق ئاسار ئەتىقىلەر تېپىلغان.

بۇددىزم ئاقسۇ ـ قاراشەھەر ۋادىلىرىغا قاچان، قايسى يول ئارقىلىق، كىم تەرىپىدىن ۋە قانداق ئۇسۇلدا تارقالغانلىقى ھەققىدە يازما خاتىرە يوق. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بىر تەرەپتىن، كوشان خانلىقى، ماۋرائۇننەھر، ئۇدۇن خانلىقىنىڭ بۇددىزملىشىشى، يەنە بىر تەرەپتىن، غەربىي يۇرتتىكى كىچىك بوستانلىق ئەللىرىنىڭ ئۇدۇن، ساكارائول، سۇلې، كۇسەن، كروران قاتارلىق چوڭ بەگلىكلەرنى ئاساس قىلىپ قوشۇلۇش جەريانى، شۇنىڭدەك خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى شەرق بىلەن

غەربىنىڭ ئالاقىسىدە «يىپەك يولى»نىڭ بارغانسېرى گۈللىنىشكە قاراپ مېڭىشى كۇسەننىڭ غەربىي ۋە شەرقىدە بۇددىزمىنىڭ بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى تەرىقىسىدە تارقىلىشىغا تارىخىي شەرت ھازىرلىغانىدى. كۇسەن (مارالبېشى - بارچۇقتىن قاراشەھەرگىچە)گە بۇددىزمىنىڭ تارقىلىپ كىرىشى ھەققىدىكى ئاسوكا دەۋرى رىۋايىتىدىن باشقا رەسمىي بىۋاسىتە ھۆججەت يوق. «لياۋنامە. ليۇزىلىنىڭ تەرجىمىھالى» دا يېزىلىشىچە، لياۋ سۇلالىسى ۋاقتىدىكى ليۇ جىلىن (刘之遴) دېگەن كىشى ئاسارئەتىقە توپلاشقا ئامراق بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە «يۈەنفېڭنىڭ 2 - يىلى كۇسەن ئېلىدىن سوۋغا» دەپ خەت چېكىلگەن، بۇددىستلار ئىشلىتىدىغان خۇمرا (澡灌) مۇ بار ئىدى. بۇ مىلادىيەدىن 109 يىل ئىلگىرى كۇسەن بۇددىستلىرى خەن ۋۇدىغا قىلغان مۇھىم سوۋغا دېگەن ھۆكۈمنى ئىسپاتلايدىغان باشقا يانداش پاكىتلار يوق. ئەمما مىلادىيە 258 - يىلى كۇسەنلىك شاھزادە بايىان (白延) نىڭ لوياڭدىكى ئاق ئات ئىبادەتخانىسى (白马寺) دا ماھايانا ۋە ھىنايا سۇترىلىرىنى تەرجىمە قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن. بۇ ئىشقا يەنە كۇسەنلىك بورىمىترا (Borimitra — 帛梨密多罗) دېگەن راھىبمۇ قاتناشقان. 284 - يىلى راھىب فاخۇ (法护) دۇنخۇاڭدىكى ئورۇنباسار كۇسەن ئەلچىسى مىزىخۇ (美子侯) بىلەن، 286 - يىلى راھىب فاخۇ كۇسەنلىك بويۈەنشىن (帛元信) نىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلغان. بۇ (帛)، باي (ئاق) ھەرپى ئۇلارنىڭ ئەل - يۇرتىنى كۆرسىتەتتى. بەزىلەر بۇنى «ئاقارى» (ئۇستاز)، «ئاقتاغ»، «قارلىق تاغ»؛ بەزىلەر بۇنى «بور» (ئۈزۈملۈك)؛ بەزىلەر بۇنى «باي»، «بەكرى» دەپ ئىزاھلاشماقتا. «كېيىنكى خەننامە» بىلەن «ۋېينامە» نىڭ «غەربىي يۇرت. كۇسەن تەزكىرىسى»گە ئاساسلانغاندا، مىلادىيە 91 - يىلى بەن چاۋ كۇسەن خانى يۇلدۇ (尤利多) نى غۇلىتىپ، سوۋارنا پوسىبا (白霸) نى خان قىلغان. كۇسەندە 124 - يىلى

بايىن (白英)، 280 ـ يىلى ئاقتاغ (تەڭرىتېغى — 白山)، ئۇنىڭدىن كېيىن سوۋارتاچۇن (白纯)، بايچىن (白震)، 719 ـ يىلى بايموبى (白莫芯)، 721 ـ يىلى بايساۋ (白孝) قاتارلىق خانلار ئۆتكەن. «سۈي سۇلالىسى تارىخى» دا شۇنىڭدىن تارتىپ «شىجۇ ئۇيغۇر خانى»، «كۇسەن ئۇيغۇر خانى»، «ئارسلانخان» دەپ يېزىش باشلانغان. شۇنداق قىلىپ، بۇددىزم نوملىرىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىشقا قاتناشقان كۇسەن تەرجىمانلىرىنىڭ پائالىيىتى بايان بىلەن بورىمىترادىن ئۆزىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىنى باشلىغان. بۇ مىلادىيە 258 ـ يىلىغىچە كۇسەندە بۇددىزمنىڭ خېلىلا چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىنى، كۇسەن بۇددىستلىرى بۇددىزمنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كېڭەيتىش جەريانىغا ئاتلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن بىز ھەرقانچە كېچىككەندىمۇ مىلادىيە 2 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياكى ئوتتۇرىلىرىدا كۇسەن دىيارىغا بۇددىزم تارقالغان دەپ پەرەز قىلالايمىز. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بۇددىزمنى كېڭەيتىش ۋە بۇددا سۇترىلىرى تەرجىمە ـ تەپسىرچىلىكىدىكى ئىككىنچى باسقۇچ كۇسەنلىك بۇددا مۇتەپەككۇرى كومراجىۋانىڭ چاڭئەنگە كېلىشى بىلەن باشلانغان. خاراكتېرلىكى شۇكى، كومراجىۋا چاڭئەنگە كەلگۈچە چاڭئەندە كەشمىردىن تەكلىپ قىلىنغان بۇددا راھىبلىرى پۇنياتارا (Punyatara — 弗若罗多)، ئۇنىڭدىن كېيىن دارمارۇكچا (Dharmaruci — 县摩流支) ۋىمالاكشاس (Vemalakshas — 卑摩罗多) قاتارلىقلار سانسكرىت تىلىدىن سۇترىلارنى تەرجىمە قىلغان بولسا، كومراجىۋا كۇسەن تىلىدىكى سۇترىلارنى خەنزۇ تىلىغا تېز، راۋان ۋە ئۆلچەملىك قىلىپ تەرجىمە قىلغان. كۇسەندە كومراجىۋانى كۆرگەن ۋە چاڭئەنگە ئۇ كەلگەندە بار بولغان دارما روكچا، ۋىمالاكشاس قاتارلىق راھىبلار كومراجىۋاغا ياردەملەشكەن ۋە ئۆز تەرجىملىرىنى تۈزەتكەن. بۇ ئەھۋال 244 ـ يىلى كومراجىۋا كۇسەندە دۇنياغا كەلگۈچە كۇسەن تىلىدا خېلىلا مۇكەممەل بۇددا نوملىرى نۇسخىلىرى بىر سىستېمىغا كىرگەن

ۋە بىر يۇرۇشلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇددىزم ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تارقىلىپ كىرگەنلىكى توغرىسىدا مەلۇمات بولسىمۇ مىلادىيە 3 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن غەربكە كەلگەن راھىب جۇشىسىڭغىچە، بولۇپمۇ مىلادىيە 4 ـ ئەسىردىكى ئەنداۋ (安道)، فاشيەن (法显) لەر غەربكە ساياھەت قىلغانغا قەدەر، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بۇددىزمى بىرقەدەر پاسسىپ قوبۇل قىلىنىش ھالىتىدە تۇرغان بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىن، راھىب ئەۋەتىپ، نوم ئالدۇرۇپ، بۇددا ئالىملىرىنى تەكلىپ قىلدۇرۇپ پائال قانات يايدۇرۇش ھالىتىگە ئۆتتى. كومراجىۋانىڭ چاڭئەنگە كېلىشى بىلەن شۇەنزاڭنىڭ غەربكە ساياھىتى بۇنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى. بۇ جەرياندا خوتەن ۋە كۇسەن بۇددىزمىدىن ئىزچىل ئايرىلغان ئەمەس.

كۇسەن بۇددا مەدەنىيىتىگە ئائىت بىرقەدەر روشەن مەنبەلەر كومراجىۋا ۋە شۇەنزاڭ ياشىغان دەۋرلەرگە ئائىت بولۇپ، ئۇنىڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

كومراجىۋا توققۇز يېشىدا ئانىسى، مەلىكە جىۋا بىلەن كەشمىردىكى ھىنايا مەزھەپى ئۇستازى ۋاندۇ داتا (Vandudata — 盘头达多) دىن تەلىم ئالغان، 12 يېشىدا قەشقەردىن ئۆتكەندە شاھزادە سورى سۇمادىن ماھايانانىڭ سونىياتا ئېقىمىنى ئۆگەندى ۋە غەربىي يۇرتتىكى مەشھۇر ماھايانا راھىبى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۇسەندە ھىنايانىغا ئەمەس، ماھاياناغا خاس يېڭى ئىدىيىلىرىنى تەرغىب قىلىشىغا چوڭ دادىسى بايچۈن خان زور ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. ئۇ ئۆزى ئىلگىرى ھىنايادىن ئىككى يىل تەلىم ئالغان خانلىق يېڭى ئىبادەتخانىسىدا (王新僧伽兰) 363 — 379 ـ يىللىرىغىچە 16 يىل ماھايانا بۇددىزمى تەرغىباتى بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ جەرياندا ئۇ ئىلگىرىكى ئۇستازلىرى سىما (Simha — 舌弥) ۋە بۇددىھا سىما (Buddha Sima — 佛图舌弥) تەرغىب قىلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھىنايانا ئېقىمى بىلەن قارشى يۆنىلىشتە بولدى. گەرچە كەشمىرلىك ھىنايانا ئۇستازى ۋاندۇداتا كۇسەنگە كېلىپ ماھايانا مەزھىپىگە ئۆتسىمۇ، كۇسەنلىك ئۇستازلىرى ئۇنىڭ بىلەن يوشۇرۇن تىركەشتى. ئۇلارنىڭ تەسىرى چوڭ بولۇپ، تام ئىبادەتخانىسى (达慕兰)، شىمالىي تاغ — جىنۇلەن ئىبادەتخانىسى[8] (北山寺 — 至奴兰)، جام خانلىق يېڭى ئىبادەتخانىسى[9] (剑慕王新兰)، ۋېنسۇ خانلىق ئىبادەتخانىسى[10] (温宿兰寺) قىزىل ـ ئال ئىبادەتخانىسى(阿丽兰)، قىزىل ـ ئالبا ئىبادەتخانىسى(阿丽跋兰) شوركەنت ئىبادەتخانىسى (输若干兰) ئۇ ئىككى بۇددا ھىنايانا مەزھىپىگە قارايتتى.

بۇنىڭدىن باشقا، كۇسەنىنىڭ غەربىي دەرۋازىسى سىرتىدىكى نىلۇپەر[11] (莲花寺)، ئۇلۇغقۇت (嵩福寺)، ئالتۇنگۇل (Svarnati — 金华寺)، يانما (云慕兰寺)بىھارلىرى بىلەن، كۇسەنىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى سىرتىدىكى شىمالىي يۆنىلىشكە جايلاشقان چۆل ئۇلۇغ بىھارىسى[12] (雀梨大寺) ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. سىما ھەتتا چەت ئەللىك راھىبلەرنى باشقۇرىدىغان «راھىبە پەرز دەستۇرى» تۈزگەن. بۇ ئىبادەتخانىلاردا شىمالىي ۋېي سۇلالىسى بۇددىزمنى بىر مەزگىل مەنئى قىلغاندا قايتىپ كەلگەن قوچۇ (تۇرپان) لىق خالان (郎法)، ئالتۇنگۇل بىھارىسىدە ئوقۇغان قوچۇلۇق فاخۇي (法慧)، بۇ بىھارىدە فاخۇيغا ئۇستازلىق قىلغان جىيۇر (直月)، ئۇلۇغ قۇت بىھارىسىدە ئىستىقامەت قىلىدىغان پونىڭ (普能)، نىلۇپەر بىھارىسىدە ئىستىقامەت قىلىدىغان رونا (若那)، ئوتىچەن (勿提僊)، ئۇنىڭدىن باشقا قەشقەردىن كەلگەن سورى سوما، ئۇنىڭ ئاكىسى سورى باھادىرا (须梨耶跋陀)، ئەقىللىق راھىب (法贤) نامىنى ئالغان دامۇباھادىرا (达摩跋陀) قاتارلىق بۇددا ئالىملىرى ئىلىم تەھسىل ياكى ئىستىقامەت قىلغان.

شۇەنزاڭ 630 ـ يىلى كۇسەنگە كەلگەندە بۇ يەردىكى تۇرمۇش، سەنئەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ قەندىھاردىن كۆپ

ئۇستۇنلۇكىنى، بۇ يەردىكى گۈللىنىشنىڭ ئەكسىچە قەندىھار بىھارلىرى چۆلدەرەپ، بۇددىزم چوڭ چۈشكۈنلەشكەنلىكىنى كۆرگەن. ئۇنىڭ يېزىشىچە، خان ئۇنى 1000 راھىب بىلەن شەھەرنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىدا كۈتۈۋالغان. ئۇ بۇ يەردە 100گە يېقىن ئىبادەتخانا، 5000 دىن ئارتۇق ھىنايانا تالىپلىرىنىڭ بارلىقىنى، ئۆزىنىڭ شەھەرنىڭ شىمالىدىكى تاغقا يېقىن سۇ بېشىدىكى مەشھۇر چاۋغول (昭怙厘) ئىبادەتخانىسىدا تۇرغانلىقىنى، بۇ ئىبادەتخانىنىڭ يېنىدا يەنە شەرقىي چاۋغول دېگەن يەنە بىر ئىبادەتخانا بولغانلىقىنى، ئۇنىڭدىكى بۇتلار تولىمۇ ئالىپتە بولۇپ، ئۇ يەرنى رېمونت قىلىدىغانلارنىڭ ۋە تازىلاپ تۇرغۇچىلار بارلىقىنى، ئۇ يەردە ئىككى گەزدىن ئۇزۇنراق ئاق - سېرىق قاشتېشىنىڭ بارلىقىنى يازغان[13]، شۈەنزاڭنىڭ يېزىشىچە، غەربىي دەرۋازىدىن تاكى دەريانىڭ نېرىقى چېتىدىكى ئاشلىئەر (阿奢理贰) ئىبادەتخانىسىغىچە ئىككى قاسناقتا ئېگىز - ئېگىز بۇددىھا ھەيكەللىرى بولغان، بۇ جايدا ھەر بەش يىلدا كۈزنىڭ ئون كۈنى بۇت يۆتكەش مۇراسىمى داغدۇغىسى بولۇپ تۇرغان. «ئۈچ ئاغىلىق نوم خاتىرىلىرى» (三藏记集) 11 - جىلدىدا كۇسەنىنىڭ خان قەسىرلىرىنىڭ چىرايلىق بېزەتكۈزۈلگەنلىكى، ئۇنىڭدا نەقىش - سەنئەت ۋە بۇددىھا ئوبرازلىرىنىڭ بولغانلىقى، ئىبادەتخانىلاردىن پەرقسىزلىكى تىلغا ئېلىنغان. بۇ سەتىرالەر بىزگە مۇنداق مۇھىم ھەقىقەتنى ئۇقتۇرىدۇ: كۇسەن بۇددىزم سەنئىتى ئەينى زاماندا يالغۇز ھازىر ساقلىنىپ قالغان باي، كۇچا مىڭئۆيلىرى بىلەنلا چەكلەنمىگەن، بەلكى ئۇچقات سېپىلدىن تەركىب تاپقان بۇ مەدەنىيەتلىك شەھەرنىڭ ئوردا - ساراي، جامائەت مەيدانلىرىدىمۇ كەڭ مەۋجۇت بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ خىل تاشكېمىر سىرتىدىكى سەنئەت ئەسلىھەلىرى نوقۇل دىنىي مەزمۇننى گەۋدىلەندۈرۈشكىلا قارىتىلمىغان. بۇ جەھەتتە بىز ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئايرىتام، تۆپراققالا، پىياز گەرتېپە، پەنجىكەنت،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەپراسىياپ، ۋارامشاھ، ساراي ـ قەسىر سەنئىتىنى، بولۇپمۇ رەڭدار تام رەسىملىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ مۆھاكىمە ۋە قىياس قىلىشىمىز مۇمكىن. ئەپسۇسكى، بۇ سەنئەت مۆجىزىلىرى ساقلىنىپ قېلىنمىغان.

كۇسەن تاشكېمىر سەنئىتى غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ غولى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ھەقتە ئايرىم بىرقانچە باب ـ ماۋزۇلار بويىچە مەخسۇس توختىلىمىز. بۇ يەردە بۇ يەردىن تېپىلغان قىسمەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت يادىكارلىقلىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

1903 ـ يىلى ياپونىيىلىك ئوتانى كۇزۇئى بىلەن ئىكامى تاكو (井上丹弘)، 1905 ـ يىلى گېرمانىيىلىك گرونوۋېدىل، 1907 ـ يىلى فرانسىيىلىك پائۇل پېللىئوت 1913 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1914 ـ يىلى 1 ـ ئاي ئارىلىقىدا گېرمانىيىلىك فون لېكوك كۇچا تاشكېمىرلىرىدە چوڭ كۆلەملىك قىدىرىش بىلەن شۇغۇللانغان.

دۇلدۇلئوقۇر بۇددا سەنئەت خارابىسى مۇزات دەرياسى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان قۇمتۇراغا ئۇدۇل جايلاشقانىدى. پېللىئوت ئۇنى 1907 ـ يىلى تاپقان. بۇ يەردە ئاجايىپ زور بۇددا مۇنارلىرى ۋە ئىبادەتخانا خارابىلىرى جايلاشقانىدى. شىمال تەرەپتىكى ئىچكى خانىسىدا ياتقان ۋەيران بولۇپ كەتكەن بۇت ھەيكەل پارچىلىرى نەپىس ئىشلەنگەنىدى. بۇ ھەيكەللەر غەربىي يۇرت ئۇسلۇبىدا قاش، كۆز، بۇرۇن، ئېغىز يېغىنچاق (يېقىن ـ يېقىن جايلاشقان) قىلىپ ياسالغانىدى. بۇ يەردىن يەنە كۆپلەپ ياغاچ بۇت ھەيكەللەر تېپىلغان بولۇپ، مارالبېشىدىكى تۇمشۇق، توققۇزساراي ۋە بايدىكى قىزىل، قاراشەھەردىكى شورچۇق ۋە تۇرپاندىن تېپىلغان ياغاچ بۇت ھەيكەلچىلەرگە ئوخشاپ كېتەتتى. پېللىئوت بۇددا مۇنارىنىڭ ئىچكى خانىسىدىن كۇچا تىلىدىكى توخار يېزىقىدا يېزىلغان ھۆججەتلەرنى تاپقانىدى.


سۇ بېشى بۇددا سەنئەت خارابىسى كۇچا دەرياسىنىڭ ئىككى قاسنىقىغا جايلاشقان بولۇپ، غەربىي قاشتىكى بۇددا مۇنارىسىنىڭ خارابىسى ھەم ئۇنى چۆرىدىگەن بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىسى بۇ جاينىڭ ئىلگىرىكى شۆھرىتىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. سۇ يالاپ يىقىلغان يارلاردىكى كېمىر ئۆيلەرنىڭ تاملىرىغا تىزىلغان بۇتلار خۇددى تامغا مىخلاپ قويۇلغان تىرىك ئادەمدەك كۆزگە تاشلىنىدۇ. بۇ كۆرۈنۈشلەرنى ياپونىيىنىڭ ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى سۈرەتكە ئالغان بولۇپ، «يېڭى غەربكە ساياھەت» ناملىق ئىككى توملۇق كىتابتا تولۇق كۆرسىتىلگەن. شۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيىدە ئوتانى ئەترىتى سۇبېشى قەدىمكى ئىبادەتخانا خارابىسىدىن ئېلىپ كەتكەن كۆپلىگەن تارىخىي يادىكارلىقلار ئىچىدە مىلادىيە 7 ـ ئەسىردە ياغاچتىن ياسالغان بىر جەسەت كۆلى قۇتىسى بولۇپ، ئۇ چاغدا بۇ قۇتىنىڭ ئۇستى قىزىل، كۆك ۋە بۆز رەڭدە بوياپ تاشلانغاچقا ئۇنىڭغا ھېچكىم يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلمىگەن. يېرىم ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇستىدىكى يېپىپ تۇرىدىغان بوياقلارنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن ئاستىدىن تولىمۇ نەپىس ئىشلەنگەن خۇددى «سوموز مەشرىپى»دەك مۇزىكا ـ ئۇسسۇللۇق تەسۋىرىي رەسىم چىققان. جەسەت قۇتىسى كۆتەك ياغاچنى ئويۇپ ياسالغان، ئۇستىگە چېدىر شەكىللىك قاپقاق قىلىنغان. قۇتىنىڭ سىرتىغا كەندىر ئارىلاشتۇرۇلغان توقۇلما چاپلاپ، ئاق بويالغاندىن كېيىن ئۇستىگە 21 كىشىنىڭ نىقابلانغان سەيلە ئويۇنى ئويناۋاتقان كۆرۈنۈشى، قاپقاق ئۇستىگە نەقىشلىك رەسىملەر سىزىلغان. رەسىملەر ئۇستىگە بىر قەۋەت روشەن سىر بېرىلگەن بولۇپ، رەسىملەرنى پاكىز ساقلاپ تۇرغان. بۇ جەسەت قۇتىسى ئەينى زامانغا مەنسۇپ تام رەسىملىرى ۋە يازما مەنبەلەر بىلەن ئوخشاش بولۇپ، قەدىمكى كۇسەنلىكلەرنىڭ تۇرمۇشى، سەنئىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. رەسىملەردىكى ئۆتۈك،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەمەر، خەنجەر، قىسقا چاچ، چالغۇ ئەسۋابلىرى ئەينى زامان كۇسەن ئاھالىسىنىڭ ئېتنولوگىيىلىك تۇرمۇشىنى گەۋدىلەندۈرگەن. پېللىئوت 1907 ـ يىلى شۇ خىل جەسەت قۇتىسىدىن بەشنى ئەكەتكەن. مەن 1986 ـ يىلى ئۆكتەبىردە توكيودىكى دۆلەتلىك مۇزېيدا ئۇستىدىكى رەسىمى بولمىغان (ياكى ساقلانمىغان) يەنە بىر شۇ خىل جەسەت قۇتىسىنى كۆردۈم. كۇسەن بۇددىزم دەۋرى جەسەت قۇتىسىنىڭ تېپىلىشى ئەينى زاماندا سەنئەت، بولۇپمۇ تەسۋىرىي سەنئەتنىڭ تۇرمۇشنىڭ كۆپلەپ تەرەپلىرىگە كەڭ يېيىلغانلىقىنى كۆرسەتتى.

شۇنى قوشۇپ ئېيتىش كېرەككى، جەسەت ساندۇقىغا رەسىم سىزىش مەركىزىي ئاسىيادا قەدىمكى بىر ئەنئەنە ئىدى. مەن 1983 ـ يىلى سەمەرقەنت يېنىدىكى ئەپراسىياپ مۇزېيىغا قويۇلغان ساندۇق شەكلىدىكى كاھىش جەسەت ساندۇقلىرىنىڭ سىرتىغا رەسىملەر چېكىلگەنلىكىنى كۆرگەنىدىم (25 ـ، 26 ـ رەسىملەرگە قارالسۇن).

كۇسەن بۇددىزمى كومراجىۋانىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ھىنايادىن ماھايانىغا ئۆتۈش يولىدا زور قەدەم تاشلىدى. بۇ ئىشقا قەشقەردىن كەلگەن سۇرى سوما، كەشمىردىن كېلىپ ماھايانا



25 ـ رەسىم بابا تېپەدىن تېپىلغان مىلادىيە 7 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ جەسەت ساندۇقلىرى

مەزھەپكە ئۆتكەن ۋاندۇ داتا ۋە كۇسەن خانلىق ئوردىسى زور ياردەم قىلدى. بۇ ئىش ئەينى زاماندا كۇسەندە قۇللۇق تۈزۈمدىن فېئودالىزمغا ئۆتۈش جەريانى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنىدى. 401 - يىلى كومراجىۋانىڭ چاڭئەنگە كىرىشى بىلەن كۇسەن دىيارىدا ھىنايانا مەزھىپى ئۈستۈنلۈك ئىگىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ كۇسەنگە كەلگەندە ھىنايانا مەزھىپى ۋە سەنئىتىنىڭ گۈللەنگەن مەنزىرىسىنى كۆرگەنىدى. كومراجىۋا چاڭئەندە تۇنجى بولۇپ ماھايانا بىلەن ھىنايانىڭ پرىنسىپىكال پەرقلىرىنى كۆرسىتىپ بەردى. ماھايانانىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىشى بۇددىزمنىڭ فېئوداللىق ئىجتىمائىي ئىگىلىك ۋە ئىدېئولوگىيە بىلەن بىرلىشىشىنى تېزلەتتى. نەتىجىدە جۇڭگوچە بۇددىزم مەزھەپلىرى شەكىللەندى. كۇسەن بۇددىزمى گەرچە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن كەلگەن ماھايانا راھىبلىرى، بولۇپمۇ قاراشەھەر - كۇسەن دىيارىغا يۆتكىلىپ كەلگەن ئادىئىز - توقۇز ئۇيغۇرلار تەسىرىدە ماھايانا مەزھىپىنىڭ ئۈستۈنلۈك مەۋقەسى تىكلەنگەن بولسىمۇ، كۇسەننىڭ تولىمۇ ئۇزاق تارىخىي مەزگىلى ئىچىدە ھىنايانا مەزھىپى ۋە سەنئىتىنىڭ مەركىزىي ئاستانىسى بولۇپ تۇرغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش مۇمكىن. 727 - يىلى كۇسەندىن ئۆتكەن كورىيان راھىب خۇيچاۋ (慧超) نىڭ كۆرسىتىشىچە، كۇسەندىكى ماخامىگا سامگارما (大云寺) ۋە ناگارا (龙兴) ئىبادەتخانىلىرىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن كەلگەن ماھايانا راھىبلىرى ئىستىقامەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىنقىسىنى شيۇ شىڭ (秀兴)، كېيىنكىسىنى فا خەي (法海) قاتارلىق ئىبادەتخانا رەئىسلىرى باشقۇرغان. يەرلىك خەلق ئىچىدىمۇ لىيان (礼言) قاتارلىق ماھايانا ئۇستازلىرى بولغان.

قاراشەھەرگە بۇددىزمنىڭ كۇسەن بىلەن تەخمىنەن بىر ۋاقىتتا تارقالغانلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن. قاراشەھەر ئۆز تارىخىدا بىر مەزگىل ئاگنىي دەپ ئاتالغان، ئۇ ھونلارنىڭ، خەن

www.uyghurkitap.com

سۇلالىسىنىڭ كۆكتۈرك قاغانلىقى غەربىي تۈرك يابغۇسى
ئىستېمى قاغانىنىڭ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ پانتېكىن
باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر ـ ئابىيز خانلىقىنىڭ هاكىمىيەت
يۈرگۈزۈشىدە مۇهىم بازىسى ياكى قارارگاهى بولغان⑭ .

قاراشەهەرنى توخرىلار بىنا قىلغان دېگەن قاراش بار. قانداق
بولمىسۇن، ئۇ كۇسەن ـ لوپنۇر ـ تۇرپان ئالاقىلىرى ئارىسىدا
تۇتقان ئورنى تۈپەيلى، بۇ جايلارنىڭ قەدىمكى ئاهالىلىرى بىنا
قىلغان شەهەر ـ قەلئە دۆلىتى ئىدى. سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ
«ئۇلۇغ ئاغىلىق نوم ئۇستازى، بۇدساتۋا گىنتسوسامتىسۇ
ئاچارىنىڭ تەرجىمىهالى» — («شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىهالى»)نى
توخرى تىلىدىن تەرجىمە قىلدىم دېگىنىدە، غەربىي پامىر ـ
توخارىستان توخارلىرىنى ئەمەس، بەلكى نەنشەن (چىلىيەنشەن)،
تەڭرىتاغلىرىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كېيىنكى خوراسانغا
يۆتكىلىپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان ئۇلۇغ توخرىلارنىڭ قالغان ۋە
قايتقان قىسمىنى نەزەردە تۇتقان بولسا كېرەك. ئۇلارنىڭ تىلى
توخارىستاندىكى يەرلىك توخرىلاردىن پەرقلىنەتتى. ستەيىن
«ئوتتۇرا ئاسىياغا ئارخېئولوگىيىلىك ساياهەت» ناملىق
كىتابىنىڭ شاڭ دا ئەپەندى تەرجىمە قىلغان خەنزۇچە نۇسخىسى
199 ـ بېتىدە ئۆزى داۋراڭ سالغان هىندى ـ ياۋروپا تىلى دېگەن
نەرسىنى مۇنداق ئىزاهلايدۇ: «كۇچانىڭ قەدىمكى تىلى هازىرقى
تۇرپان ئويمانلىقىدا قوللىنىلىۋاتقان تىلغا ئوخشاش هىندى ـ
ياۋروپا تىلى ئىدى.» دېمەك، قەدىمكى كۇچا تىلى بىلەن هازىرقى
تۇرپان تىلى بىر تىل سىستېمىغا مەنسۇپ تىل بولغان. ئۇ
بولسىمۇ توخرى تىلى — ساك تىلىنىڭ ئەينى زامانغا خاس
تارىخى ـ لۇغەت قاتلىمىدىكى تىل.

قاراشەهەر بۇددىزم خارابىلىرى باغراش كۆلى، قاراشەهەر
دەرياسى ساهىلىدىكى نەملىك جايغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن
نەملىنىش (قىسمەن ئوت كېتىش) ئارقىلىق خارابلاشقانلىقى
ئېهتىمال. بۇددىزمنىڭ چۈشكۈنلۈكى تۈپەيلى بۇ يادىكارلىقلار

يېڭىلانمىغان ۋە تەبىئەتنىڭ ئىستىخىيىلىك يېزىۋېشىغا تاشلاپ بېرىلگەن. خارابىلەردىن چىققان مىلادىيە 9 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ مېتال پۇللار ئۇ يەرنىڭ ئىسلاملىشىشتىن ئىلگىرىلا خارابىلىشىشقا يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرسەتتى.

قاراشەھەر ناھىيە بازىرىدىن چىقىپ، قايدۇ (قاراشەھەر) دەرياسىدىن ئۆتۈپ، غەربكە قاراپ 17 كىلومېتىر يول يۈرگەندە «دەڭزىل كونا شەھىرى» گە بارىمىز. بۇ يەرنى «تومئۆستەڭ» قەلئەسى دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇ يەردىن يەنە ئون كىلومېتىرچە غەربكە يول يۈرگەندە «قالماقچىن»، «ئوتئۇچى»، «تاشدەڭ» دېگەن خارابىلەر ۋە يۇرتلار بار. بۇ يەردىن غەربىي شىمالغا قاراپ تاشيولدىن ئايرىلىپ بەش ـ ئالتە كىلومېتىر يول يۈرگەندە خانخورا تېغى كۆزگە كۆرۈنىدۇ. تاغنىڭ شەرقىي يان باغرىدا قېزىلىپ ئىشلەنگەن كېمىرلەر جايلاشقان. مانا بۇ قاراشەھەر ـ شىكشىن (شورچۇق) تاشكېمىرلىرىدۇر.

تارىختا مەشھۇر بولغان، ھازىر كىشىلەرنىڭ بىلىش دائىرىسىدىن چەتتە قېلىۋاتقان شورچۇق ـ مىڭئۆي ـ شىكشىن بۇددا يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش زۆرۈر، ئەلۋەتتە.

ھازىر بۇ يەردە خېلىلا ۋەيران ھالەتتە 12 كېمىر ساقلانغان. 1 ـ، 2 ـ نومۇرلۇق كېمىرلەرنىڭ تام رەسىملىرى قىزىل تاشكېمىرلىرىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىدا ـــ گۈللەنگەن باسقۇچىدا سىزىلغان بولۇش ئېھتىمال. تام رەسىملىرى ئىچىدە قاڭشارلىق، ئىنچىكە قاش ئوبرازلار تولىراق غولنىڭ جەنۇبىي قاسنىقىدىكى كېمىرلەرگە سىزىلغان بولۇپ، پاتتېكىن باشلىغان توققۇز ئۇيغۇر قەبىلىلىرى كېلىشتىن ئىلگىرى سىزىلغاندەك، مەلۇم دەرىجىدە قەندىھار ئۇسلۇبىنى گەۋدىلەندۈرگەن. غولنىڭ شىمالي قاسنىقىدىكى كېمىرلەر ئېھتىمال كېيىنرەك بىنا قىلىنغان بولۇپ، ماھايانا تەسىرى ۋە تام رەسىملىرىگە ئالاقىدار كونا ئۇيغۇر يېزىقلىرى ساقلانغان.

شورچۇق تاشكېمىرلىرىدىن ساپال بۇيۇم، ساپال يىپ


ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېگىرگۈچ، بۇت تەكچىسى، بۇت ھەيكەلچىلەر قويىدىغان قېلىپ، گەج ـ لاي بۇت ھەيكەللەر، 80چە بۇدساتۋا بېشى، سۆڭەك كۈلى قۇتىسى، تاملاردىن ئۈزۈلۈپ چۈشكەن قاپارتما ھەيكەللەرنىڭ باشلىرى، يەتتە پارچە تام رەسىمى، ئىككى پارچە كونا ئۇيغۇرچە خەت چېكىلگەن تاختا، كۆمۈلگەن كۈپتە ساقلانغان بۇتقا يېپىشتۇرۇلىدىغان ئالتۇن قاسىراقچىلار تېپىلغان. 7 ـ، 9 ـ كېمىرلەردە چېقىۋېتىلگەن بۇددىھا ئىزى قالغان.

تاشكېمىرلەردىن شەرقىي جەنۇبقا يېرىم چاقىرىم كېلىدىغان يېقىن جايغا خۇددى تاشكېمىرلەر شەكلىدىكىدەك كېسەكتىن ئىشلەنگەن بۇددا ئىبادەتخانىلىرى جايلاشقان. بۇ ھال بىزگە كۇسەن ۋە تۇرپاندىمۇ تاشكېمىرلەرنىڭ ئالدىدا كېسەكتىن ئىشلەنگەن پائالىيەت مەركەزلىرىنىڭ بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چوڭ ـ كىچىك بولۇپ 90 دىن ئارتۇق بۇ قۇرۇلۇش ئارىسىدا كېسەك مۇنار ۋە راۋاقلار، ئالتە بۇرجەك گۈمبەز شەكىللىك مۇنار، كۆپلىگەن ئېتىكاپ (Caitya) خانىلار، ئىبادەت (sangharama) ئېھراملىرى، راھىب (sangha) ھۇجرىلىرى، ناغرا ـ سۇناي پەشتاقلىرىنىڭ قالدۇقلىرى بۇزۇلغان ھالەتتە ساقلانغان. بۇلارنىڭ ئىچىدىن قۇمغا كۆمۈلۈپ قالغان بۇت ـ ھەيكەللەر، قۇم ۋە نەملىك ئارىسىدا قالغان تام رەسىملىرى، ياغاچقا سىزىلغان ساماۋى پادىشاھ (mahadeva) ئوبرازى ۋە ئۇنىڭ لايدا ئىشلەنگەن ھەيكەل بېشى قاتارلىق نەرسىلەر چىققان. شىكشىندىكى مىلادىيە 12 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ سۇپا ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان ساكيامونى بىلەن ئۈستۈنكى گەۋدىسى ساقلانغان ئايالچە قىياپەتتىكى بۇدساتۋا ھەيكەللىرى يەرلىك خەلقنىڭ گۈزەللىك قاراشلىرى بويىچە رەڭدار ئىشلەنگەن. ھەيكەلتىراشلىقنىڭ مەشھۇرلۇقى بىلەن داڭق چىقارغان شورچۇق ـ شىكشىن بۇددا مەركىزىدە يەرلىك قىياپەتتىكى ساماۋى مۇئەككەللەر ھەيكەللىرى، ھەيكەل باشلىرى ۋە ياغاچقا ئويۇلغان ھەيكەللەر، قېلىپتا قۇيۇلغان لاي ـ گەج

ھەيكەللەر تېپىلغان. يولغا خىش ياتقۇزۇلغان ۋە ھەرقايسى چوڭ ئىشىكلەر دوقمۇشلىرىغا ماھادىۋا ياكى باشقا ھامىي مەبۇدلارنىڭ ھەيكەللىرى ئورناتقان ئىزنالار ساقلىنىپ قالغان. كۆپ مۇنارلىق تاشكېمىر بىلەن كېسەك بىناكارلىقىنى بىرلەشتۇرگەن شىكشىن تاشكېمىرلىرى بىلەن مىڭئۆيلىرى تۇرپان، كىروران، كۇسەن ئاچا يولىدا ئەينى زاماننىڭ گۇللەنگەن بۇددا سەنئىتىنى نامايان قىلىدىغان يەنە بىر تاشكېمىر تىزمىسىنى ھاسىل قىلغان.

شورچۇق ـ شىكشىندىن تېپىلغان تام رەسىملىرىمۇ كۆركەم ئىدى، مىڭئۆيدىن مۇخلىسلارغا سۆزلەۋاتقان ئۇستاز (ساكيامونى؟)نىڭ رەسىمى چىققان بولۇپ، ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان، قولىدا قەغەز ـ قەلەم تۇتقانلىقى بىلەن ئالاھىدىلىك ھاسىل قىلغان. بۇلاردىن باشقا، رۇسىيىنىڭ ئېرمىتاژ مۇزېيىدا مىلادىيە 7 ـ، 8 ـ ئەسىرلەردە سىزىلغان «ياۋا بۇغا بېغىدا



26 ـ رەسىم يەرلىك كىشىلەر قىياپىتىدىكى براخمان ھەيكىلى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com


ھېكمەت سۆزلەش»ناملىق رەڭدار تام رەسىمى (بۇنىڭدا ساكيامۇنىنىڭ كەينىدە تۇرغان ئىككى بۇدساتۋا بېلىگىچە كىيندۇرۇلمىگەن) ۋە گۈل تۇتۇپ تۇرغان ئالتە ئۇيغۇر باقان (ساخاۋەتچى) زاتنىڭ رەڭدار رەسىمى ساقلانماقتا. بۇ رەسىملەر شىكشىن E9K نومۇرلۇق ئىبادەتخانا خارابىسىدىن ئېلىپ كېتىلگەن.

ئاگنى (قاراشەھەر) مىلادىيە 7 ـ ئەسىردە لۇي گۇاڭغا تىز پۈكمىگەچكە قاتتىق ۋەيران قىلىنىپ، قومۇش دۆۋىلەپ كۆيدۈرۈلگەنىدى. ھېكايە قىلىنىشىچە، «ئەجدىھا شەھىرى» دەپ ئاتالغان بۇ شەھەردىن ئەجدىھار بۇلۇتقا ئۆرلەپ چىقىپ، لۇي گۇاڭ قوشۇنلىرىنى ئەنسىزلىككە سالغانمىش.

فاشيەن 400 ـ يىلى يازدا ئاگنىغا كېلىپ ئىككى ئاي تۇرغان، شۈەنزاڭ 640 ـ يىلى كۈمۈش تاغلىرىدا قاراقچىغا ئۇچراپ ئامان قېلىپ، ئاگنىدا بىر كېچە قونۇپ كۈسەنگە ئۆتۈپ كەتكەن. 1905 ـ يىلى قىشتا فون لېكوك، 1906 ـ يىلى گرونوۋېدىل، 1908 ـ يىلى ئاۋرېل ستەين، 1928 ـ يىلى خۇاڭ ۋېنبى قاراشەھەر خارابىلىرىنى تەكشۈرگەن.

### 3. لوپنۇر ـ تۇرپان ئويمانلىقلىرىدا بۇددىزم سەنئىتى

يېقىنقى يىللاردىكى ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىش نەتىجىلىرى لوپنۇر ـ تۇرپان ـ قۇمۇل دىيارىدا مىلادىيەدىن بىرقانچە مىڭ يىللار ئىلگىرى ئىپتىدائىي مەدەنىيەتنىڭ روشەن راۋاجلانغانلىقىنى كۆرسەتتى. لوپنۇر ساھىلىدىن 1980 ـ يىلى قېزىلغان قەدىمكى قەبرىلەر بۇ يەردە ئارىئان



27 ـ رەسىم

تىپىنى ئاساس قىلغان قەدىمكى ئىنسان تۈركۈمىنىڭ ياشىغانلىقىنى كۆرسەتتى. بۇ قەبرىلەرنىڭ بىرىدە ئوتتەك قۇمدا مومىيا بولۇپ قالغان ئوتتۇرا ياشلىق چىرايلىق ئايالنىڭ جەستى ياتقان بولۇپ، ئۇ كاربون 14 ئانالىزىنىڭ نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2000 - يىللاردا ياشىغان. جەسەتنىڭ يېنىدىن چىغ توقۇلما، يۇڭ رەخت، تېرە ئۆتۈك، قوي تېرىسى قاتارلىق نەرسىلەر چىققان بولۇپ، كۆنچى ۋادىسىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن چىققان بۇيۇملارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. خاراكتېرلىكى ساپال بۇيۇملار بىللە دەپنە قىلىنمىغان. توقسۇن ناھىيىسىگە قاراشلىق پەنجىر تاغ رايونىدىكى كۆجەي قەدىمكى قەبرىگاھلىرى بىلەن ئالغۇي قەدىمكى قەبرىلىرىدىن چىققان دەپنە بۇيۇملىرى بىلەن قۇمۇل لاپچۇق قەدىمكى قەبرىگاھلىقلىرىدىن چىققان جەسەت ۋە دەپنە بۇيۇملىرىمۇ ئۆزىنىڭ كۆنچى ۋە لوپنۇر قەدىمكى ئاھالىلىرىگە ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاشلىقىنى، ۋاقىت جەھەتتىن سەل كېيىنلىكىنى كۆرسەتتى. بۇ رايونلاردا ئارىئان تىپىدىكى ساك، خۇجىيە - قاڭقا (قوش) قەبىلىلىرى ياشىغان، ئۇلار مىلادىيەدىن ئىلگىرى - كېيىن ئالدىنقى ۋە ئارقا قاڭقىل⑮ (تۇرپان) بەگلىكىنى، كروران ۋە مىران بەگلىكىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ خەلقلەر چاڭ، توخرى قەبىلىلىرىنى ئۆزى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بۇ رايونلاردىكى بۇددىزمنى قوبۇل قىلغان قەبىلىلەرگە ئايلانغان. بەزى تارىخچىلار قاڭقىللار بىلەن چارقىلىق ئاھالىلىرىنى يەنىلا قاڭقىللار بىلەن بىر ئېتنىك مەنبەگە ئىگە خەلقلەر، دەپ قارىشىدۇ.

قەدىمكى كروران خانلىرىدىن جۇڭگو يىلنامىلىرىدە ئىسمى قالغانلىرى: شاگگۇي (尝归 مىلادىيەدىن ئىلگىرى؟ — 77)، ۋىتوكى (尉屠耆 مىلادىيەدىن ئىلگىرى؟ — ؟) بېيبى (贝比 مىلادىيە 247 - يىللار ئەتراپى تەختتە ئولتۇرغان)، توجۇقا (陀者伽 مىلادىيە 254 — 257 - يىللىرى تەختتە

ئولتۇرغان)، يىدۇ (伽都夷 مىلادىيە؟ — ؟ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان)، ماخىلى (利希摩 مىلادىيە 293 — 323 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان)، يۈەنمېڭ (孟元 مىلادىيە؟ — ؟ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان)، ۋاسىمانا (那摩色伐 مىلادىيە 321 — 334 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ۋاسىمانا زامانىدا قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بەرگەنلىكتىن ئاھالە يۇرتىنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن. بۇ ئىش خانىنىڭ بېشىنى قاتۇرغان. 382 ـ يىلى (جەنيۈەنىنىڭ 18 ـ يىلى) كروران خانى شۇمى (休密) نىڭ تۇرپان خانى مىتەن (弥阗) بىلەن ئالدىنقى چىن (前秦) پادىشاھى فۇجيەن (苻坚)نىڭ ئالدىغا كىرگەنلىكىگە قارىغاندا، كروران مىلادىيە 4 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە پۈتۈنلەي تاشلىنىپ كەتمىگەن.

بۇددىزمنىڭ لوپنۇر ـ تۇرپان ئويمانلىقىغا تارقىلىشى بۇ ئىدېئولوگىيىنىڭ كۇسەن ـ خوتەنگە تارقىلىشى بىلەن ئانچە ئۆزاقىقا قالمىغانلىقىنى مۆلچەرلەش مۇمكىن.

لوپنۇر ۋادىسىدىكى مۇھىم بۇددىزم سەنئەت خارابىسى 1900 ـ يىلى 3 ـ ئايدا شۋېتسىيىلىك جۇغراپىيون سۋېن ھېدىن (1865 — 1952) لوپنۇر كۆلىنىڭ يۆتكىلىپ تۇرىدىغان كۆل ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاشقا كەلگەندە، كروران خارابىسى بۇ ئىشقا يالىلانغان ئۆردەك ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر تەرىپىدىن تېپىلغان. ئەتىسى ئۇ سۋېن ھېدىننى بۇ يەرگە باشلاپ كەلگەن.

جۇڭگو يىلنامىلىرىدە لۇلەن (楼兰) دەپ ئاتالغان كروران بەگلىكى يىپەك يولىدىكى قەدىمكى مۇھىم ئۆتكەل بولۇپ، ئۇ قاراشەھەر ۋە خوتەن يۆنىلىشىگە مېڭىشتىكى ئاۋات قەلئە ئىدى. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە لى گۇاڭلى، فۇجېزى، بەن چاۋلارنىڭ قەدەم ئىزلىرى قالغان بۇ شەھەر ـ قەلئە دۆلىتى مىلادىيە 4 ـ ئەسىردە ئۆتكەن راھىب فاشيەن تەرىپىدىن «ئۆلگەن ماكان» دەپ ئاتالغان. شۇڭلاشقا بۇ يەردىن ئۆتكەندىمۇ بۇ «ئۆلگەن ماكان» خارابىلىشىپ ياتاتتى. دەريا يۆنىلىشىنىڭ ئۆزگىرىشى بۇ شەھەرنى

مىلادىيە 5 ـ ئەسىرگە يەتمەستىنلا خارابىگە ئايلاندۇرغان بولۇپ، ئۇ 15 ئەسىردىن ئارتۇقراق ئۇچۇر دۇنياسىنىڭ سىرتىدا قالغان. سۋېن ھېدىن ئۆزى تاپقان يۇزلىگەن قارۇشتى تارىشا پۇتۇكلىرىنى ئېلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ خەنزۇچە ياكى قارۇشتى يېزىقىنى ئوقۇيالمىغاچقا كارل گىم ناملىق تىلشۇناسنىڭ ياردىمىدە بۇ تارىشالاردىن تەكرار «كرورايىنا» (krorina) دېگەن خەتلەر چىققان. بۇ «كروران» نىڭ قوشۇمچە تەلەپپۇز بىلەن ئوقۇلۇشى بولۇپ، بېشىغا ئەينى زامان تىل ئىپادىلەش قائىدىسى بويىچە «ك»، ئايىغىغا «ئا» ھەرپى قوشۇلغان.

ئومۇمەن 15 ئەسىردىن بېرى خاراب بولۇپ ياتقان بۇ قەدىمكى قەلئە ″55′22 ° 89 ـ پاراللېل، ″55′29 ° 40 ـ مېرىدىئاندىكى «قۇرۇق دەريا» ۋە «ياردائ»نىڭ يېنىغا جايلاشقان بولۇپ، قەدىمكى سېپىل ئىزىنىڭ ئايلانمىسى 330 مېتىر ئەتراپىدا بولغان. سېپىل تېمى ئىچىگە يۇلغۇن چىۋىقى ۋە قومۇش ئارىلاشتۇرۇلۇپ ياسالغان. شىمال ۋە جەنۇبتا قوۋۇق بولغان، كروران قەلئەسىنىڭ شەرقىدىكى ئېگىزلىككە بۇددا مۇنارىسى (ستوپا) جايلاشقان. مۇنارنىڭ جەنۇبىدا چوڭ ئىمارەتنىڭ ئىزى بولۇپ، ئۇنىڭدىن چىققان يۇمىلاق تۈۋرۈكلەر، بۇددىزم تەسۋىرىدىكى ئويما نەقىشلەرگە قاراپ ئۇنى بىھارا بولۇشى مۇمكىن دەيمىز. قەلئە سېپىلىنىڭ سىرتىدىكى شىمالىي يۆنىلىشتە تۆت كىلومېتىر جايدا ھازىر ساقلىنىپ قالغان ئېگىزلىكى يەتتە ـ سەككىز مېتىر كېلىدىغان يەنە بىر بۇددا مۇنارىنىڭ ئىزى قالغان. مۇنار ئاستىكى پەشتىقىدا رەڭلىك بۇددا رەسىملىرىنىڭ قالدۇقى (كۆزى، قولى) ساقلانغان. قەلئە ئىچىدىكى بىرقانچە ئېغىز ئۆي تۆت تەرەپكە جايلاشقان بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا قورۇ ـ مەيداننىڭ ئىزى بولغان. بۇنى سۋېن ھېدىن شەھەر مەھكىمىسى (يامۇل؟) ئورنى دەپ قىياس قىلغان.

كروران خارابىسىدىن تېپىلغان ئەڭ قىممەتلىك ۋە ئەڭ


www.uyghurkitap.com

خاراكتېرلىك تارىخىي يادىكارلىق نەچچە يۈزدىن ئارتۇق قارۇشتى پۇتۇكلىرى بىلەن تارىشا ئارىسىغا ئېلىپ ماتالغان خەنزۇچە نامەلەردىن ئىبارەت. بۇ خەتلەرنى سۇېن ھېدىن لېيپزىگتىكى پروفېسسور كونرادى (Conrady)غا بەرگەن. سىياسىي ـ قانۇن، ھەربىي، مالىيە، باج، دىن ۋە ئېلىم ـ بېرىمگە ئائىت بۇ خەتلەرنى ئوقۇپ چىققان كونرادى «مىلادىيە 3 ـ ئەسىردە بۇنداق ئىنچىكە ۋە دەل ھۆكۈمرانلىق بىلەن ئىجتىمائىي تەرتىپنىڭ كىرورانىدا يولغا قويۇلۇشى نەچچە يۈز، ھەتتا 1000 ـــ 2000 يىللىق ئۇزاق تارىخىي ئىۋالىيۇتسىيىسىنى باشتىن كەچۈرۈشىنىڭ نەتىجىسى بولۇشى مۇمكىن»⑯، «بۇ تاشلىنىپ قالغان شەھەر دۇنيا تارىخىنىڭ جىددىي بىر خاتىرە ئابىدىسى»⑰، ئۇنىڭدىكى يازمىلار «دۇنيا تارىخىنىڭ ئۇلۇغ ھەم يوشۇرۇن ئارقا ئامبىرىدىكى بىر پارچە لىرىك پوئېزىيە ياكى بىر پارچە ھېسسىياتچان رەسىمگە ئوخشايدۇ»⑱ دەپ يازغان.

كروران خارابىلىكىدىن ئوقيا، ئوت باشلىق ساداق ئۇچى، مەرۋايىت قۇتىسى، ئالتۇن ـ كۈمۈش زىرە، مېدالىئون (ئاسقا ـ قاداق)، ھەر خىل رەڭدار مونچاقلار، مىس تارغاق، سىرلانغان نەقىشلىك ياغاچ بۇيۇملار، ياغاچ قوشۇق، قەلەم ۋە موي قەلەم، رەڭدار پالاز ـ گىلەم پارچىسى، مىس ئاچقۇچ، Hermesbild رەسىمى چۈشۈرۈلگەن قەدىمكى ئېسىل تاش، سۈرىيە ئەينىكى، ئەدىيال، چوڭ ـ كىچىك ساپال كۈپ، خەن ـ تاڭ سۇلالىلىرى ۋە كوشان مېتال پۇللىرى، گۇرۇچ، بۇغداي دېنى بىلەن بېلىق قىلتىرىقى، «卐» شەكىللىك بەلگە، تۆمۈر پالتا قاتارلىقلار تېپىلغان. يان تەرىپىدە تاغ ـ جىلغىسى بولمىغان بۇ جاي، ھاياتنىڭ بالدۇر ئۈزۈلۈپ قېلىشى، تىبەت ـ قارلۇق جەڭلىرى تۈپەيلى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان بۇددا سارايلىرىنى ساقلاپ قېلىشقا چارىسىز قالغان. سۇېن ھېدىن كروران خارابىلىرىدىن بۇددا بىھارىسى، مېھمانسارىيى، پوچتىخانا، ھەربىي شىپاخانا، ئاتخانا، ئاشلىق سېكى، پۇقرالارنىڭ كەپە ئۆيلىرىگىچە قىياس

يىگىتلىرىگە ئوخشايتتى.

مىران بۇددا تام رەسىملىرى قاتارىدا ساكيومونىنىڭ هايات پائالىيەت ھېكايەتلىرى تەسۋىرلەنگەن ئۇلانما رەسىملەردىن مۇھىم بىر دېتال ساقلىنىپ قالغان: شاھزادە شەھەر سېپىلىدىن ئاتلىق چىقىۋاتقانلىقى، ئۇنىڭ ئالدىدا تۆت ئات قوشۇلغان ئىككى چاقلىق ئېگىز هارۋىدا كېتىۋاتقان ئۇنىڭ ئايالى ۋە بىر بالىسى بىر خاس رەسىم سۇپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى رەسىمدە شاھزادىنىڭ ئورمانلىققا بېرىپ ئاتتىن چۈشكەنلىكى، ئۇنىڭدىن تۆت براخمانىنىڭ سەدىقە تىلىگەنلىكى، شاھزادىنىڭ ئامراق ئاق پىلىنى ئۇنىڭغا سەدىقە قىلغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. ئەسلىي بۇ ھېكايەتنىڭ تولۇق سۇژىتى بويىچە، شاھزادىنىڭ ئايالى ۋە بالىسى بىللە بىللەن قايتىپ كەلگەنلىكى قىسمى سىزىلغان تام سۇۋاقلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن.



28 ـ رەسىم. مىراندىن تېپىلغان ساخاۋەتچى شاھزادە ھېكايىسى تەسۋىرلەنگەن تام رەسىمى

مىران تام رەسىملىرىدىن يەنە بىرىگە قوللىرىدا مەي كوزىسى، مېۋە قاچىسى ۋە گۈل سېۋىتى تۇتۇپ تۇرغان يىگىت ـ

www.uyghurkitap.com



28 ـ رەسىم



30 ـ رەسىم.

قىزلارنىڭ رەسىمى سىزىلغان بولۇپ، ئادەم قىياپىتى، كىيىنىشى ۋە قولىدىكى نەرسىلىرى يەرلىك خەلقنىڭ رېئال تۇرمۇشىدىن ئىخچاملاپ ئېلىنغان (29 ـ رەسىمگە قارالسۇن).

مىراندىكى تام رەسىملىرىدىن يەنە بىرىگە قاناتلىق ياش يىگىتنىڭ رەسىمى بېرىلگەن. قاش ـ قاپاقلىرى ۋە خەيريەتلىك «نىياز چېچى» پۈتۈنلەي يەرلىك خەلقنىڭ قىياپىتىدە سىزىلغان بۇ تام رەسىملىرى ئاۋرېل ستەيننىڭ «غەرب مەركەز»لىك تارىخىي قاراشلىرىغا ئىلھام بولغان. ئۇ بىردىنلا مۇنداق




31 - رەسىم

يازغان: «مەن شۇ تاپتا گويا جۇڭگودىكى بۇددا بىھارىسىدا ئەمەس، بەلكى سۇرىيە ياكى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقىي ئۆلكىلىرىدىكى بىرەر داچىدا تۇرغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن»⑲. قاراڭلار، ئۇ «رىم ئىمپېرىيىسى» شەرقتىكى مۇستەملىكىلىرىنى خىيالىدىن زادىلا كۆتۈرمىگەن! بۇ رەڭلىك كۆزەينەك ئۇنىڭغا ئىزچىل يوسۇندا شىنجاڭدىن تېپىلغان ھەممە بۇددا سەنئىتى يادىكارلىقلىرىنى «گرېك - رىم ئۇسلۇبى» دەپ ھۆكۈم قىلىشقا ئېلىپ كەلگەن. تېخىمۇ بىمەنىلىكى شۇكى، ئابىي بوئېر ناملىق پوپ ئاۋرېل ستەين ئوقۇيالمىغان قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكلەردىن بىرىدە رەسسام «تىتا» (Tita) دېگەن ئىبارىنىڭ يېزىلغانلىقىنى ئېنىقلاپ بەرگەندىن كېيىن، بۇنداق ئىسىم چوقۇم رىمدا بولغان، چوقۇم رىملىق «تىتۇس» (Titus) دېگەن رەسسام يىپەك يولىنى بويلاپ مىرانغا كېلىپ بۇ رەسىملەرنى سىزغان ۋە بۇ ياغاچ نەقىشلەرنى ئويغان، دېگەن. ۋەھالەنكى، قاناتلىق تەسۋىرىي سەنئەت كۆرۈنۈشلىرى يالغۇز يەرلىك خەلق تەسەۋۋۇرىنىڭ باي خەزىنىسى بولغان ھېكايە - چۆچەكلەردىلا ساقلانغان بولماي، يەنە مىڭئۆيلەردىكى ئۇچار رەققاسلار، بۇددا ھېكايىلىرىدىكى گاندا ھارۋا (波 (Gandharava ۋە خوتەن خادىلىق خارابىسىدىن تېپىلغان قاپارتما ھەيكەل شەكلىدىكى ئاسمان مالائىكىسى ئوبرازى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆچادىن تېپىلغان جەسەت كۆلى قۇتىسىدىكى قاناتلىق ئۆسمۈرلەر ئوبرازىدىمۇ، جۈملىدىن غەربىي يۇرت سەنئەتچىلىرى چاڭئەندە ئوينىغان «ئۇچقۇر قانات شەپەق كىيىم» (霓裳羽衣舞) ئۇسسۇلىدىمۇ ئوخشاش گەۋدىلەنگەن. گەج ۋە ياغاچقا ئىشلەنگەن نەقىشلەر هازىرمۇ شىنجاڭ خەلقىنىڭ بىناكارلىقى، مېمارچىلىقى، ياغاچچىلىقىدا مىللىي ئەنئەنە بولۇپ كەڭ قوللىنىلماقتا. ۋەهالەنكى، ئاۋرېل ستەين بۇشۇكتىن ئىبادەتخانا بىناكارلىقىغىچە ئىشلىتىلىدىغان بۇ خىل يەرلىك ئۇسلۇبتىكى ياغاچ نەقىشلىرىنىمۇ «گرېك ـ رىم » ئۇسلۇبى دەۋالغان. ئاۋرېل ستەين گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئوغرىلاپ كېتىش ئۈچۈن چەت ئەللىكلەرنىڭ قاراقچى مەنتىقىسى بويىچە، «بۇ غەربتىن كەلگەن»، «غەربكە ئېلىپ كېتىلىشى زۆرۈر» دېمەكچى بولسا كېرەك!

مىران خارابىلاشقاندىن كېيىن مىلادىيە 8، ـ 9 ئەسىرلەردە



32 ـ رەسىم

تىبەت قوشۇنلىرى بىر مەزگىل بۇ يەرنى ئىستىھكام قىلغان بولغاچقا، تىبەت ۋە ئۇلار بىلەن سوقۇشقان ئۇيغۇر ـ قارلۇقلارنىڭ يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر بۇ يەردە ئۇچرايدۇ.

كروران، مىران خارابىلىرىدىن تېپىلغان يازما ھۆججەتلەرنىڭ ئىچىدە بۇددىزم دۆلەت دىنى قىلىنغاندا يەنە شامان باخشىلىقى بىلەن شۇغۇللانغان ئايال باخشىغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىكى، بۇت يۆتكەش ۋە يۇيۇش مۇراسىملىرى، بۇتنىڭ قەيېرىنى يۇيسا، سىلىسا ئادەمنىڭ شۇ يېرىدىكى ئاغرىقىغا داۋا بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى تەۋسىيىلەر ئۇچرايدۇ. يازما ھۆججەتلەرگە قارىغاندا كروران، مىران قۇل ئىگىلىكى شەھەرلىرى بولۇپ، فېئودالىزمغا ئۆتۈش ئالدىدا خانىۋەيران بولغان، بۇ يەردە ئىسلامىيەت ئىپادىلىرى تېپىلمىغان.

تۇرپان ـ قوچۇنى مەركەز قىلغان شەرقىي شىنجاڭ رايونى بۇددىزم كەڭ تارقالغان، ئۇزاق ساقلانغان ۋە بۇددىزم باشقا دىنلار بىلەن بىللە گۈللەنگەن ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

تۇرپان ـ قوچۇنى مەركەز قىلغان شەرقىي شىنجاڭ رايونىنىڭ ئېتنولوگىيىلىك تەرەققىياتىنى ئۈچ ئاساسىي باسقۇچقا بۆلۈش مۇمكىن:

بىرىنچىسى، قوش (گۈشى) — خۇجيې قەبىلىلىرىنىڭ ساك، چاڭ، توخرى، ھون قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ قەدىمكى تۇرپان ـ قۇمۇل ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىشى؛ ئىككىنچىسى، بۇ قەبىلىلەرنىڭ تېلى ـ توققۇز ئوغۇز، جۇمىلىدىن قارلۇق، ياغما قەبىلىلىرى، قىسمەن سۇغدى (كاڭ) قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، شىمالىي ۋە جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدە كۆكتۈرك ھاكىمىيىتىنىڭ شىمالىي شىنجاڭدىكى ئەسكىرىي كۈچىنى غۇلىتىشقا يېتەرلىك ئۇيغۇر ـ توققۇز ئوغۇز خەلقلىرى بولۇپ شەكىللىنىشى؛ ئۈچىنچىسى، ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى ھالاكىتىدىن كېيىن ئادىئېز، قارلۇق قاتارلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۇيغۇر ـ ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ بۇ رايونغا كۆپلەپ يۆتكىلىشى بىلەن ئىدىقۇت، كۇسەن ئۇيغۇر خانلىقلىرىنى تىكلەپ، ئىلگىرىكى توققۇز ئوغۇز ۋە باشقا خەلقلەر بىلەن داۋاملىق ئارىلىشىپ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئۇل سالدى.

تۇرپان ـ قوچۇ دىيارىغا بۇددىزمنىڭ قاچان تارقالغانلىقى توغرۇلۇق ئۇچۇر يوق. ئەمما 382 ـ يىلى ئالدى قاڭقىل خانى مىدى (弥弟) ⑳ ئالدىنقى چىن پادىشاھى فۇجيەنگە «ماھانا پارامىتا» (大盘若经) سۇترىسىنى سوۋغات قىلغانلىقى، كومىرا باھادىرا (摩罗跋提) بۇددا دىنى بويىچە دۆلەت ئۇستازى ئىكەنلىكى خاتىرىلەنگەن. جاڭيې شەھىرىنى مەركەز قىلغان ھۇن نەسلىدىكى چۈرجى مونسۇن (且渠蒙孙) جەمەتى ئەنجۇ (443 ــ 450 安周) تۇرپانغا خان بولغان چاغلاردا بۇددىزم بىناكارلىقى گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئۇ دەسلەپ دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان «قوچۇ جۇغراپىيىسىلىك نومى» (西州图经)دا «دىڭگۇكو» (丁谷窟) دەپ يېزىلغان تۇيۇق تاشكېمىرلىرىنى بىنا قىلىشقا باشلىدى، قوچۇ قەسرىگە بىھارا سالدۇرۇپ، خاتىرە تېشى ئورناتقۇزدى ۋە «بۇددىھا ئېيتقان بۇدساتۋالىق سۇترىسى» (佛说菩萨经) نى كۆچۈرتكۈزدى. بۇ زاماندا تۇرپاندا فاشياڭ (法象)، فاشېڭ (法盛)، فالاڭ (法郎)㉑، جىسۇن (智村) قاتارلىق بۇددا ئۆلىمالىرى يېتىشىپ چىققان. فاخۇي كۇسەنگە بېرىش ئالدىدا تۇرپاندىكى ئەۋلىيا كېمىر (仙窟寺) بىھارىسىدا ئىستىقامەت قىلغان. 465 ـ يىلى جورجانلار بۇددىزم تەرەققىياتىغا دەخلى قىلمىدى. ئۇلارمۇ بۇددىزمغا ئېتىقاد قىلاتتى. 1902 ـ يىلى گرونۋېدېل ئىدىقۇتتىن تاپقان بۇددا ھۆججەتلىرىگە قارىغاندا، بۇ دەۋردە خۇيچۇڭ (慧崇) ئىسىملىك ھىندىيا ئۆلىماسىمۇ بولغان. 609 ـ يىلى چۈربويا خان سۇي ياڭدى بىلەن گاۋلى (كورىيە) ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ قايتىشتا سياڭپىي مەلىكىسى خۇاروڭ (华容公主)نى ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇ بۇددا بويىچە خانلىق ئۇستازى خۇيييۈڭ

(慧永) نى تەكلىپ قىلىپ «ئالتۇن يارۇق»نى كۆچۈرتكۈزگەن. بۇ چاغدا «ساداقەتنامە» (孝经)، «مۇھاكىمە ۋە بايان» (论语)، «ماۋچاڭ ـ ماۋخېڭ نەزملىرى» (毛诗) قاتارلىق كىتابلار ئوقۇتۇلغان. 618 ـ يىلى چۇر ۋېنتاي ئاتىسىنىڭ ئورنىغا خان بولدى. جۇڭگونىڭ مەشھۇر بۇددا ئالىمى شۈەنزاڭ كەلگەندە ئىۋىرغول بېگىنى ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋېلىشقا بۇيرۇدى. ئۇنى ئەن جۇ ۋاقتىدا ياسالغان خانلىق قەسىر بىھارىسىغا چۈشۈرۈپ قىزغىن كۈتتى. غەربىي تۈرك يابغۇسى ( ئۇلار قۇدا ئىدى) غا ئالاھىدە خەت يېزىپ بېرىپ، يېتەرلىك ئادەم ۋە مالىيە بىلەن يولغا سېلىپ قويدى. كېيىنچە چۇر ۋېنتاي غەربىي تۈرك يابغۇلۇقى بىلەن بىرلىشىپ يىپەك يولىنى كونترول قىلىۋالغاچقا، 640 ـ يىلى تاڭ تەيزۇڭ خۇ جۇنجى (侯君集) باشچىلىقىدا 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن قوچۇ دىيارىغا بېسىپ كىرىدۇ ۋە قوچۇ خانلىقىنى قوچۇ ئايمىقىغا ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭ ئوغلى جىشېڭنى (智盛) سول قول مۇھاپىزەتچىلەر سانغۇنى قىلىپ بەلگىلەيدۇ، بۇ چاغدا تۇرپاندىكى بۇددا ئۆلىمالىرىنىڭ ئىچىدە شۈەنشاڭ (玄赏) ئەڭ مەشھۇر بولغان.

تۇرپان دىيارى مىلادىيە 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ پايتەختى بولۇپ قالدى. ئەسلىدە بۇ يەردە ياشايدىغان قارلۇق، ياغما قاتارلىق توققۇز ئوغۇز ـ تۇرا قەبىلىلىرى بۇددىزمى تەسىرىدە مانى ئېتىقادىدىكى ئادىئېز قاتارلىق ئۇيغۇر قەبىلىلىرى 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ بۇددىزمنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى. ھازىرقى بېزەكلىكتىكى 38 ـ كېمىرنىڭ ئارقا تېمىدىكى ئۈچ تۈپ دەرەخ ئاستىدىكى ئاق كىيىملىك راھىب ۋە قاناتلىق كىشى تەسۋىر قىلىنغان تام رەسىمى ئۇيغۇر مانىزمىنىڭ يادنامىسى ئىدى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان «قوچۇ جۇغراپىيىلىك نومى»دا «نىڭرۇڭكۇ» (宁戎窟) دەپ ئاتالغان «بېزەكلىك» تاشكېمىرلىرى ئاساسەن قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇددىزمنىڭ مۇھىم تارىخىي يادىكارلىقى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى قاراشەھەر ـ كۇچادا تۇرۇشلۇق پانتېكىننىڭ قوماندانى بۇكۇ تېكىننىڭ تۇرپانغا 866 ـ يىلدىكى يۈرۈش قىلىشى بىلەن تارىخ سەھىپىسىگە چىققاندىن تارتىپ تاكى 1275 ـ يىلى قايدۇ، دوۋا باشچىلىقىدا 120 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بۇ يەردە قۇبلايخان بىلەن تەخت ۋارىسلىقىنى تالىشىش يۈزىسىدىن ئېلىپ بارغان مىسلىسىز قانلىق، ۋەھشىيانە ئۇرۇش تۈپەيلى ئەڭ ئاخىرقى ئىدىقۇت قوچقارتېكىننىڭ جەڭدە ھالاك بولۇشى بىلەن تەڭلا ئاخىرلاشتى. تۆت ئەسىردىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈرگەن ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە بۇددىزم مەيلى سەنئەت، مەيلى نوم ـ سۇترا تەرجىمىچىلىكى جەھەتتىن بولسۇن يېتەرلىك گۈللەندى. بۇ تىببەتلەرنىڭ ئىشغالىيىتىنى يېڭىش، تۇسۇلۇپ قالغان يىپەك يولى مۇناسىۋەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈش ئاساسىدا مەيدانغا كەلدى.

984 ـ يىلى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندې (王延德) ئىدىقۇتقا كەلگەندە، ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر خانلىقىدا ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقچىلىرىدىن (ئادىئېز) ياغما، قارلۇق، بارمان، ئۇرۇنغۇ، چىگىل، گىت (سوغدى ماسساغىتلىرى — ئاپتوردىن) قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ بولغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەنىدى. ۋاڭ يەندې ئىدىقۇتقا كەلگەندە گەنجۇدىكى ياغلىقار قەبىلىسىنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇر خانلىقى (850 — 1028) تېخى تاڭغىتلار تەرىپىدىن غۇلىتىلمىغان، قاراخانىيلار، ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر خانلىقى، ۋىجرا سابىۋا ئارسلانخان (狮子王尉迟缚婆)نىڭ ۋارىسلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان خوتەن خانلىقى قاتارلىق تۆت خانلىق يىپەك يولى ئوتتۇرا بەلۋېغىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىۋاتقان ۋاقىت ئىدى. ۋاڭ يەندې ئىدىقۇتتا 15 چوڭ بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ بولغانلىقىنى، مانى ئىبادەتخانىلىرىدا ئىراندىن كەلگەن

شەيخلەرنىڭ بولغانلىقىنى يازغانىدى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شەكىللىنىشى يالغۇز تۇرپان رايونىدىلا ئەمەس، قاراشەھەر ـ كۇچادىمۇ ماھايانا بۇددىزمىنىڭ يېڭى ئۇستۇنلۇكىنى تىكلەشتە مۇھىم رول ئوينىدى. بۇ رايونلاردىكى قۇمتۇرا تاشكېمىرى، قاراشەھەر خان خورا تېغىدىكى شەرقىي غولغا ئويۇلغان تاشكېمىرلەر، بىر قاتار كېسەكتىن بىنا قىلىنغان «مىڭئۆي»[22] (千佛洞) لەرمۇ مۇشۇ دەۋردە قېزىلغان ياكى ماھايانا مەزمۇنلىرى بىلەن بېيىتىلغان.

ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر خانلىقى مەيلى يۈەن سۇلالىسىگىچە بولغان ئۈچ يېرىم ئەسىر (866 — 1209) ئىچىدە بولسۇن، مەيلى بارچۇق (ياغما) ئارتتېكىننىڭ چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلىشىدىن تاكى بۇ خانلىقنىڭ ھالاك بولۇشىغىچە بولغان (1209 — 1284) 75 يىل جەريانىدا بولسۇن، جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدىكى غايەت مۇھىم مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ مەيدانغا چىقتى. تاتاتوڭا، قارا ئىنانچ، تولۇچى، مانغۇ تېكىن، كاشى، يوللىن تېمۇر (تۇنيوقۇقنىڭ چەۋرىسى)، بىلگە تېمۇر، ئەنسارى توتوڭ، ئوردوتېكىن، ئېل تېمۇر، جالوناداش، لاچىن، مايخو، چىداي سالى، باننو، قۇت تۇرمىش، ئاليان تېمۇر، سىۋىنچ قايا، ئېل بوقا، سالابات، ليەن شىسەن، مۇيۇن بۇقا، مويۇن ياڭغى (مازۇۋاڭ马祖常 )، ئاپرىنچۇر تېكىن، ئاسىغ توتوڭ، چۇيا توتوڭ، قالىم كەيشى، پراتىيا ياشرى، كىكى، سىڭقۇ سەلى توتوڭ قاتارلىق مەدەنىيەت ئەربابلىرى ئىدىقۇت مۇھىتىدا يېتىشىپ چىققان. شىبان، كوركۇسسۇ قاتارلىق خرىستىئان ئۆلىمالىرى بىلەن شى يۈيلى، شى جىدۇ قاتارلىق كۆڭزىچىلىق مۇتەپەككۇرلىرىمۇ ئىدىقۇت مەرىپىتىگە ھەسسە قوشقان. ئۇلار قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا ياغاچ مىخ مەتبەئەنى ئىختىرا قىلىشقان. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئىدىقۇت بىلەن قاراخانىيلاردا تەڭ ئىشلىتىلگەنلىكى كىشىگە بۇ جەھەتتە يەنىمۇ ئىنچىكە ئىزدىنىش ئۈچۈن ئىلھام بېرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ چاغدىكى بۇددا نوملىرى بەزىدە كۇسەن توخرى تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان بولسىمۇ، تولىسى ئىلگىرى بۇ تىلدىن خەنزۇچە تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىلىرىدىن ئۇيغۇر تىلىغا قايتا تەرجىمە قىلىنغان. تارىخىي پاكىتلار تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە، مەيلى ئورقۇن ۋادىسىدىن يۆتكىلىپ كەلگەن ياكى بۇ دىيارغا يەرلىك بولغان ئاھالە ئىچىدە خەنزۇ تىلىغا پىششىق بولغان كىشىلەرنىڭ نۇرغۇن ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. «ئالتۇن يارۇق»㉓ (Suvaranaprabhasa ،sutra) «ساددىمارما پونداريكا سۇترىسى» (Saddharma pundarika sutra, «妙法莲华经») «مايترىنىڭ دۇنياغا كېلىشى» («弥勒下生经»)، «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىق بىر يۈرۈش نوملار ئۇيغۇرچىگە تەرجىمە قىلىنغان. بۇنى بۇ سۇترىلاردىكى بەزى خەنزۇچىدىن ئېلىنغان ئىبارىلەردىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. بۇنداق تەرجىمىچىلىك تاكى 1332 ـ يىلى قازا قىلغان «پاكلىق ۋە ھېكمەتلىك ئۇلۇغ ئۇستاز» (真净妙惠大师) نامىنى ئالغان باغاش دەۋرىدىمۇ داۋام قىلغان. يېزىلىشىچە، ئۇ ماھايانا دەستۇرى ماھاپىراجىناغا بېغىشلاپ ئالتۇن سۇيىدە 8000 مىسرالىق قەسىدە يازغان. ئىدىقۇت بۇددىستلىرى 15 ـ ئەسىرگىچە داۋاملىق ئۆز پائالىيىتىنى ئىزچىللاشتۇردى. بۇنىڭغا 1408 ـ يىلى مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا بارغان راھىب فاچۈەن (دىھارماچۈەن法泉) نى كۆرسىتىش مۇمكىن. بۇددىزم «قاغانبۇت» (可汗浮图城) شەھىرى دەپ ئاتالغان جىمىسار بىلەن قومۇل دىيارىدىمۇ ئوخشاشلا بىر پۈتۈن بۇددا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى شەكىللەندۈرگەندى.

قەدىمكى قوچۇ قەلئەسىدىن ئون نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تۇيۇق غار جىلغىسىدىكى قەدىمكى قەبرىلەر مىلادىيەدىن 1000 يىل ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ بولۇپ، بۇ جىلغىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە ھازىر 21، غەربىي تەرىپىدە 25، جەمئىي 46 تاشكېمىر ساقلىنىپ قالغان. تۇيۇق تاشكېمىرلىرى

تۇرپان دىيارىدا ئەڭ دەسلەپ قېزىلغان بولۇپ، ئۆز ئالدىغا خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان.

يارغول (يارقوتو) قەدىمكى قەبرىلىرىدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4 ـ، 3 ـ ئەسىرلەردىن مىلادىيە 5 ـ، 6 ـ ئەسىرلەرگىچە بولغان دەۋرگە مەنسۇپ جەسەتلەر چىققان. يارغولدىكى بۇددىزم ئىزنالىرى شەھەر خارابىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدا كۆپرەك بولۇپ، ئالدى قورۇ ئارقىسى ئىبادەت سارىيى، شەرق ـ غەرب تەرەپلىرى تالىپلارنىڭ ئۆيلىرى، ئىبادەت سارىيى (ساڭرام) يېنىدا مۇنار (داگوب، 佛塔)، ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى تاملاردىكى ئويۇقلارغا بۇت ھەيكەلچىلىرى قويۇلغانىدى. مۇنارنىڭ ئارقىسىدا 100 گە يېقىن جەسەت كۆل مۇنارچىلىرى (سارىرا، Sarira, 舍利塔) بولغان. ھازىرقى بۇزۇلغان ئۆي خارابىلىرىگە قارىغاندا ھەربىر ئائىلىدە بۇت ۋە بۇدساتۋا قويىدىغان ئورۇنلار بولغانلىقىنى بايقاش مۇمكىن. تارىخ، بۇ ئاجايىپ ھېكايىلەر ۋە گۈزەل نەزمىلەرگە ئىلھام بەرگەن يارغول قەلئەسىنى قايدۇ بىلەن دۇۋا باشلىغان 1275 ـ يىلىدىكى ئۇرۇش بىلەن خىزىر خوجىنىڭ 1393 ـ يىلىدىكى ئىسلام «غازات» لىرى ۋەيرانلىق ئىچىگە غەرق قىلىۋەتتى.

يارغولدىن ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرگەن يىگىتنىڭ يالىڭاچ رەڭدار ھەيكەل پارچىسى چىققان. مىلادىيە 9 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ دەپ مۆلچەرلەنگەن بۇ ھەيكەلدە رېئالىزم تىپىك گەۋدىلەنگەن. ئىككى يەكسا (ئالۋاستى) ياكى شامال مۇئەككەللىرى ئۆزۈن لېنتىنى تۇتۇپ ئويناۋاتقان رەڭدار رەسىممۇ ئالاھىدە ئىشلەنگەن.

سىڭگىم تاشكېمىرلىرى مۇرتۇق جىلغا ئاغزىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ بىر قىسىم خىش بىلەن قوپۇرۇلغان قۇرۇلمىلار ۋە سول قاشقا ئويۇلغان. بۇ جايدىن گىرونوۋېدىل ساكيامونىنىڭ ئوبرازى سىزىلغان تام رەسىمى، يارالمىش ھېكايىلىرى تام رەسىمى، ھېكمەت ئاڭلاپ قەسەم بېرىش تام رەسىمى ۋە ھەرخىل

ئالۋاستىلار سىزىلغان تام رەسىملىرىنى ئۇچراتقان. بۇ يەردىن تېپىلغان بېشىغا بۆك كىيگەن ئايالنىڭ ھەيكىلى9 ـ، 10 ـ ئەسىرلەر قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى زامانىنىڭ يادىكارلىقلىرىدىن بىرى ئىدى.

سىڭگىمدىن مۇرتۇق جىلغىسىنى بويلاپ ئىچكىرىلىگەندە بېزەكلىك بۇددا ئىبادەتگاھىغا بارغىلى بولىدۇ. بېزەكلىك تاشكېمىرلىرى مىلادىيە 9 ـ، 13 ـ ئەسىرلەرنىڭ غوللۇق سەنئەت قەسرى بولۇپ مەيدانغا چىقتى. «بېزەكلىك» تاشكېمىرلىرى ئەسلىدە بىھارا، ئىستىقامەتخانا (支提)، پىنھان تىلاۋەتخانا، راھىبلار ئۆيى (僧房)، يۆلەكلىك يول، ئاسما ساڭگىرام قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەشەمەتلىك قۇرۇلما ئىدى. بېزەكلىك گەرچە تاڭ سۇلالىسى زامانىدا «نىڭرۇڭ ئىبادەتخانىسى» (宁戎寺) دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، ئۇ كېيىنچە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مانىزم ئېتىقادى ئىبادەتخانىسىغا، ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇيغۇر بۇددىزمى ئېتىقادىنىڭ ئاساسلىق ئىبادەتگاھىغا ئايلاندى. «بېزەكلىك» ئاتالمىسى ئېھتىمال ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە مەيدانغا چىققان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ «نىڭرۇڭ ئىبادەتخانىسى» دەپ يېزىلغانلىقىغا قارىغاندا شىمالىي ۋە جەنۇبىي سۇلالىلەر، سۇي ـ تاڭ سۇلالىلىرى زامانىدىلا بۇ يەردە يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ بۇددىستلىرى ئىستىقامەت بىلەن شۇغۇللانغان بولۇشى ئېھتىمال.

بېزەكلىك ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە گۈللەندى ۋە ھازىرقى قىياپەتكە ئېرىشتى. ئۇنىڭ ۋەيران بولۇشىمۇ قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھالاكىتى ۋە تۇرپاننىڭ قانلىق جەڭلەر بىلەن ئىسلامىيەتكە ئۆتۈشى بىلەن ئوخشاش تەقدىرداش بولدى.

تۇرپان بۇددىزم سەنئىتى يالغۇز تاشكېمىر ۋە بۇددا ئىبادەتخانىلىرى بىلەنلا چەكلەنمىگەن. ئىدىقۇت (قوچۇ) شەھىرى گەرچە قوچقارتېكىنىنىڭ جەڭدە ئۆلۈشى بىلەن ۋەيران بولغان

بولسىمۇ، بۇ قەدىمكى قەلئە 1383 ـ يىلى بەشبالىقتا چاغاتاي ئەۋلادى بولغان قىزىر خوجا (تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ كىچىك ئوغلى) تەرىپىدىن تەرسالارچە قان، ئوت ۋە سۇغا غەرق قىلىندى! يېقىندا تېپىلغان نومنىڭ كۆيدۈرۈلگەن پارچىلىرى، قان ئويۇلغان جەسەتلەر، بۇزۇلغان سەنئەت يادىكارلىقلىرى بۇنى ئۇقتۇرىدۇ.

ئىدىقۇت شەھىرى تاشلىنىپ كەتكەندىن كېيىن داۋاملىق خارابىلىشىشقا قەدەم قويدى. رۇسىيە، ياپونىيە، بولۇپمۇ ئەنگلىيە بىلەن گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئىدىقۇت شەھەر خارابىسىدىن كۆپلەپ قولىيازمىلار قېزىشتى.

ئىدىقۇت شەھىرى بىلەن يالقۇنتاغ ئارىلىقىدىكى بېلىق سىرتى تۆپىلىككە قوچۇ (قەدىمكى ئىدىقۇت) خانلىرىنىڭ قەبرىگاھلىقى جايلاشقان. ھازىر «ئاستانە» نامىدا ئىستېمال قىلىنغان بۇ يېزىدىكى ئالتۇنلۇقتىن يېقىنقى بىرقانچە ئون يىل ئىچىدە 2700 پارچىدىن ئارتۇق ھۆججەت تېپىلدى. 273 ـ يىلىدىن 778 ـ يىلىغىچە ئۆتكەن بەش يېرىم ئەسىرلىك ئۇچۇر قىممىتىگە ئىگە بۇ ھۆججەتلەردىن سەككىز توملۇق «تۇرپان ۋەسىقىلىرى توپلىمى» تۈزۈلۈپ نەشر قىلىندى. بۇنىڭدىن باشقا تورلۇك نان ۋە پىچىنە تۈرلىرى، ھەر خىل سەنئەت بۇيۇملىرى، ئادەم ۋە ھايۋان، گۈل ۋە قۇشلار تەسۋىرلەنگەن تام رەسىملىرى تېپىلدى. بۇ ھەقىقىي مەنىسى بىلەن دىققەتكە سازاۋەر يەر ئاستى ئېتنولوگىيە مۇزېيى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىدا بىز قەدىمكى خوتەندىن قەدىمكى تۇرپانغىچە بولغان غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ مەيدانغا كېلىش ۋە خارابىگە ئايلىنىش جەريانلىرىنى قىسقىچە كۆرۈپ ئۆتتۇق. بىزنىڭ ياندىشىشانلىرىمىز پەقەت مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا ساقلىنىپ قالغان تولىمۇ چەكلىك، بۇزۇلغان، پۇچۇلغان سەنئەت يادىكارلىقلىرى بولۇپ، بۇلارمۇ داۋاملىق ۋەيرانلىق ۋە بۇلاڭ ـ

تالاڭ، ھەتتا 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئىس ـ تۈتەكلىرىدە نابۇت بولۇش پاجىئەسىگە دۇچ كەلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىللىرىدىكى بەزى تەلۋىلەرنىڭ «تۆت كونىنى يوقىتىش» دەپ ئاتالغان بۇزغۇنچىلىقلىرى بىرنەچچە چېكىتتەك قالغان بېزەكلىك كېمىرلىرىدىكى تام رەسىملىرىگە قارىتىلغانلىقى كىشىنى چۆچۈتىدۇ.

ئەلۋەتتە، بىز بايان قىلغان تەكلىماكاننىڭ تۆت ئەتراپى بىلەن شەرقىي تەڭرىتېغى ئېتىكىدىكى بۇددا سەنئەت كېمىرلىرى يەنە ئالاقىدار نۇرغۇن يازما ھۆججەتلەر بىلەن، ھەتتا «ئالتۇن يارۇق»، «شۆەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، «مايتىرى سىمىت» قاتارلىق قىممەتلىك ئەسەرلەر بىلەن زىچ باغلانغان. دەرھەقىقەت، غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىغا ئالاقىدار نوم ـ سۇترىلار، نەزم ـ دراملار، ياغاچ ۋە قەغەزگە يېزىلغان ھۆججەتلەر ئۆز ئالدىغا خاس باي مەزمۇنلۇق چوڭ خەزىنە. بۇ ئۆز ئالدىغا خاس بىر ياكى بىرقانچە ئىلمىي ئەمگەك ھەل قىلىشى لازىم بولغان كاتتا ئىلمىي تېما. بىز كېيىنكى بايانلىرىمىزدىمۇ ئايرىم ئالاقىدار يازما يادىكارلىقلاردىن تاشقىرى بۇ تېكىستولوگىيىلىك تېماتىكىغا ياندىشالمايمىز. روشەنكى، كېيىنكى ھەرقايسى بابلىرىمىز ئاساسەن غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىنىڭ جايلىشىشى، شەكلى، دەۋرى ئۈستىدە، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىچكى تېماتىك مەزمۇن خەزىنىسى ئۈستىدە داۋاملىشىدۇ.

ئىزاھلار:

① ② ئاۋرېل ستەين: «قەدىمكى خوتەن»، خەنزۇچە نەشرى، 169 ـ، 194 ـ بەتلەر.

③ لى يۈچۈن: «خوتەن مەلىكىئاۋات» ( «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە 1981 ـ يىللىق 1 ـ سان) ناملىق ماقالىسىدە بۇنى مىلادىيەدىن بىر ئەسىر بۇرۇنقى بۇددا يادىكارلىقى دېگەن.

④ ⑤ ئاۋرېل ستەين: «غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيە خاتىرىلىرى»، 1935 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 44 ـ، 46 ـ بەتلەر.

⑥ «شىنجاڭ گېزىتى»، 1990 - يىلى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى خەنزۇچە سانى.

⑦ قەشقەر خەن زامانىدا «سۇلې»، تاڭ دەۋرىدىكى قەشقەرلىك بۇددا ئالىمى فېي خۇيلىننىڭ «بارلىق نوملارنىڭ ئاۋاز مەنىلىرى» (裴慧琳：«一切经音义») خۇي چاۋنىڭ «بەش ئەنەتكەك ئېلىگە زىيارەت خاتىرىلىرى» (慧超«五天竺国记») ناملىق كىتابلىرىدا «قاشغار»(迦师祇离，迦师黎)، يۈەن سۇلالىسىدىن باشلاپ «كاشغەر» دەپ ئاتالغان. سۇلې ئاتالغۇسى توخرىلارنىڭ كونا ماكانلىرىدىن بولغان دۇنخۇاڭ (توخار) ئەتراپىدىكى دەريانىڭ نامىدا بولغاندەك، ئامۇ دەرياسىنىڭ تارمىقىنىڭمۇ «قاشقار دەرياسى» دېگەن نامى بولغان.

⑧ ⑨ ⑩ بۇ ئۈچ ئىبادەتخانىدا پامىرنىڭ غەربىدىن كەلگەن 260 تىن ئارتۇق بېكسۇنلار (راھىبەلەر) ئىستىقامەت قىلاتتى.

⑪ بۇ نېلۇپەر بىھارىسى بولۇشى ئېھتىمال.

⑫ بۇ چۆل ئۇلۇغ بىھارىسى بىلەن بىر بولۇشى ئېھتىمال. ھەر ئىككى نام ئاھاڭداش بولغانىنىڭ سىرتىدا، ئورنى ۋە قاشتېشى بولغانلىقى بىلەن ئوخشايدۇ.

⑬ رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ ئىبادەتخانىدا ساكيامۇنى دەسسىگەن چوڭ بىر قاش تېشى بولغان.

⑭ تۆمەن خاننىڭ ئوغلى ئىستېمى 535 - يىلى قاراشەھەرنىڭ غەربىي شىمالىدىكى يۇلتۇز جىلغىسىدا بارگاھ قۇرغان.

⑮ پروفېسسور سۇ بىخەي ئەپەندىنىڭ «غەربىي يۇرت تارىخ جۇغراپىيىسى» (1988 - يىلى خەنزۇچە نەشرى) ناملىق كىتابىنىڭ 268 - بېتىدە، قاڭلى (车师) بىلەن قاڭقىللار (高车) نى بىر ئېتنونىم دەپ يازغان ۋە قوچۇ (高昌) ئىبارىسىنى قاڭقىللار نامىنىڭ خەنزۇچە تەلەپپۇز قىلىنىشى، دەپ يازغان.

⑯ سۋېن ھېدىن: «ئاسىيا كىندىكىدىكى ساياھەت»، 1984 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 359 - بېتىدىن ئېلىندى.

⑰ ⑱ يۇقىرىقى كىتاب، 360 -، 631 - بەتلەر.

⑲ ئاۋرېل ستەين: «سىرىندىيە» («غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى»)، شاڭ دا تەرجىمىسى، 88 - بەت.

⑳ بۇ مىتيەن (弥宾) بىلەن بىر كىشى بولۇشى مۇمكىن.

㉑ فا (法) ئىبارىسى بۇددا قانۇنچىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان دىھارما

(Dharma) سۆزىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، بۇ ئۆلىمالار شۇ ئىبارىنى قوشۇپ ئاتىغان بولۇشى مۇمكىن.

㉒ «مىڭئۆي» ئىبارىسى مەخسۇس مەنىدە بارلىق بۇددا تاشكېمىرلىرىنى ئەمەس، بەلكى ماھايانا مەزھىپى بويىچە بۇددىھا — ساكيامونىدىن باشقا يەنە نۇرغۇن بۇددىھالار ئوبرازىنى گەۋدىلەندۇرگەن بۇددا بىناكارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ بۇ كېمىرلەرنىڭ 1000 ياكى نۇرغۇن بولۇشىغا قارىتىلمىغان، بەلكى بۇددىھا — بۇتخانىلارنىڭ چەكسىز بولۇشىغا قارىتىلغان.

㉓ 1687 ـ يىلى گەنسۇنىڭ شۇيجۇ شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغدىن يەنە بىر نۇسخا ئۇيغۇرچە «ئالتۇن يارۇق» سۇترىسى تېپىلغان.

بەشىنچى باب

# غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدىكى بىناكارلىق سەنئىتى

## 1. تاشكېمىر ــ بۇددا سەنئىتىدىكى مۆجىزە

كارل ماركس ئۆزىنىڭ «گېگېل هوقۇق پەلسەپىسىگە تەنقىد» ناملىق ئەسىرىدە: «دىن تېخى ئۆزىگە ئېرىشەلمىگەن ياكى ئۆزىنى يەنە بىر قېتىم يوقاتقان ئىنسانىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە بولغان ئېڭى ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە بولغان ھېسسىياتىدىن ئىبارەت»، «دىن دۇم كۆمتۈرۈلگەن دۇنيا. دىن بۇنداق دۇنيانىڭ ئومۇمىي نەزەرىيىسى، ئۇنىڭ مۇجەسسەم پروگراممىسى، ئۇنىڭ ئاممىباب مەنتىقىسى، ئۇنىڭ شۆھرىتى، ئۇنىڭ قىزغىنلىقى، ئۇنىڭ ئەخلاقىي مىزانى، ئۇنىڭ تەنتەنىلىك تولۇقلىغۇچىسى، ئۇنىڭ ئۆزىگە تەسەللى بېرىدىغان ۋە ئۆزىنى ئاقلايدىغان ئومۇمىي تايانچىسى»① دەپ كۆرسەتكەنىدى. كارل ماركس بۇ يەردە دىنىنىڭ ئىنسانىنىڭ ياتلاشقان ئىجتىمائىي ئىجادىيىتى ئىكەنلىكىنى، جۈملىدىن دىندىن ئىبارەت دۇم كۆمتۈرۈلگەن دۇنيا قاراشنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىللۇزىيە (幻觉) خاراكتېرلىك دىنىي مەدەنىيەت شەكلى ئىكەنلىكىنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ.

كارل ماركس «يەھۇدىيلار مەسىلىسى» ناملىق ماقالىسىدە: «كىشىلەر تاكى ھازىرغىچە پەقەت خۇراپات ئارقىلىق تارىخنى ئىزاھلاپ كەلدى، بىز بولساق تارىخنى تارىخ ئارقىلىق ئىزاھلىماقچىمىز»② دەپ يازدى. دىن ۋە ئۇنىڭ ماجازىلاشقان،

سىمۋوللاشقان، ئوبرازلاشتۇرۇلغان تەرغىبات شەكلى بولغان دىنىي سەنئەتنىمۇ تارىخ ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى شەرتلىرى بىلەن جەمئىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجلىرى ئارقىلىق ئىزاھلاشقا توغرا كېلىدۇ. جەمئىيەت ۋە تارىختىن ئايرىلغان دىن، جەمئىيەت تارىخىدىن ئايرىلغان دىن تارىخى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

سەنئەت شەكلىنى ئالغان دىن ۋە ئېتىقاد يالغۇز بۇددا دىنىغا خاس ھادىسە بولماستىن، ھەممە دىنلارغا، جۈملىدىن ئىپتىدائىي توتېمىزم، شامانىزم ئېتىقادلىرىغىمۇ ئورتاق بولغان ھادىسە. بىز ئىپتىدائىي ئىنسان تۇرمۇشىدا مەيدانغا چىققان دىن ۋە سەنئەت ئىدېئولوگىيىلىرىنىڭ بىرى يەنە بىرىنى پەيدا قىلغان بولماستىن، بەلكى بىر ـ بىرىگە تەسىر قىلغان، بىر ـ بىرىدە ئىپادىلەنگەنلىكىنى كۆرىمىز.

بۇددىزم ــ دۇنياۋى دىنىي ئىدېئولوگىيە شەكىللىرىدىن بىرى سۈپىتىدە باشتىلا تۇرلۇك ھېكايەت، قىسسە، نەزم ۋە بايان قاتارلىق ئېغىز ئەدەبىياتى ژانىرلىرىدىن ئايرىلمىغانىدى. بۇددىزمنىڭ تەرغىبات ئېھتىياجى، بولۇپمۇ ئۇنى تۆۋەن قاتلامدىكى كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن ھەرقايسى مىللەت ۋە رايونلاردىكى ئاھالىلەر ئارىسىدا قانات يايدۇرۇش ئېھتىياجى بۇددىزمغا ھەيكەلتىراشلىق ۋە رەسساملىق سەنئىتى يېپىنچىسىنى ئېلىپ كىردى. بۇنداق تەسۋىرىي سەنئەت ئۆزىگە خاس ماكان ــ بۇددا ئىبادەتخانىلىرى، بۇددا مۇنارىلىرى، بۇددا تاشكېمىرلىرى ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈلدى. ئىلاھىيەت چۈشەنچىلىرى ئىنسان شەكلىدە كونكرېتلاشتى، بۇددا ھەيكەللىرى شەكلىدە ئوبرازلاشتى. ئىلاھىيەت مۇھىتى دىنىي بىناكارلىق ــ بۇددا تاشكېمىرلىرى شەكلىدە گەۋدىلەندۈرۈلدى. بۇددا تاشكېمىرلىرى ئەگمە كېمىر تۈزۈلۈشلىرى ئارقىلىق كائىناتنى، تام رەسىملىرى ئارقىلىق بۇددىزم تەسەۋۋۇرىدىكى يارالمىش قىسمەتلىرى بىلەن بۇددىزمنىڭ دەبدەبە قىلىنغان دىن

تارىخى ۋە بۇددىزم ئەخلاقى تەشەببۇسلىرىنى سۈرەتلەپ چىقتى.

غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىمۇ دەل بۇددا ئەقىدىلىرىنى تەرغىب قىلىش، بۇنداق تەرغىبات ئارقىلىق ئەينى زامان جەمئىيىتى ۋە ھاكىمىيەتلىرىنىڭ شەپقەتسىز كىشەنلىرىگە مېھىر - شەپقەت گۈل - چېچەكلىرى قاداش، «جاپاكەش روھنىڭ پەرياد - نالىسى» گە «شەپقەتسىز دۇنيانىڭ ھېسسىياتى» (ماركس) ئارقىلىق تەسەللى بېرىش مەقسىتىدە مەيدانغا كەلدى. ھەرقايسى خانلىقلار، خان - پادىشاھلار، مەشھۇر بۇددا راھىبلىرى ئۆزلىرى ياشىغان تارىخىي دەۋرنىڭ ئۆزىگە خاس زىددىيەت ۋە تەلەپلىرى بويىچە بۇددا تاشكېمىرلىرىنى قازدۇرۇش ۋە تەمىنلەشتە كۆرۈنەرلىك تەمىر - ئېھسانچى بولۇپ مەيدانغا چىقىشتى.

بۇددا تاشكېمىرلىرى بىر تەرەپتىن، بىناكارلىق، ھەيكەلتىراشلىق، رەسساملىق سەنئەتلىرىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسى سۈپىتىدە رېئال دۇنيادىن خالىي بولۇپ ئىلاھىي دۇنيا مۇھىتىنى ياراتتى. ئۇ خۇددى تەڭرى دەرگاھىدەك ئەسەبىيلەرچە قىزغىن كەيپىيات بىلەن ئۇنىڭغا كىرىپ ئىستىقامەت قىلغان كىشىنىڭ پانىي دۇنيانىڭ ئازابلىرىنى ئۇنتۇلدۇردى، ئۆز - ئۆزىنى ئۇنتۇلدۇردى. ئۆزىگە ھاي بەرگۈزۈپ، تەڭرىگە ئىلتىجا قىلىپ، نىرۋانىغا ئىنتىلدۇرىدىغان دىنىي رومانتىكىغا ئىگە قىلدى.

بۇددا تاشكېمىلىرى يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭغا تەسۋىرىي سەنئەت گۈل - چېچەكلىرىنى چەككەن كۆپلىگەن سەنئەت ماھىرلىرىنىڭ «رېئال ئازابقا بىلدۇرگەن قارشىلىقى» (ماركس) سۈپىتىدە، ئۆز ئەسەرلىرىدە خەلق خاراكتېرى، خەلق سەنئىتى ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق ۋە چەت ئەل مۇنەۋۋەر سەنئەت ئۇتۇقلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش تارىخىي يۈنىلىشلىرىگىمۇ ۋەكىللىك قىلدى. ئۇلار دىنىي ئېتىقاد بىلەن مىللىي (ئېتنىك) مەدەنىيەتتىن ئىبارەت ھەر ئىككى جەھەتنى، دىنىي ئېتىقاد

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەرغىباتى بىلەن ئېستېتىكىلىق كۆزقاراش ۋە ئۇسلۇبتىن ئىبارەت ئىككى جەھەتنى دىققەت نەزەرىدىن ساقىت قىلمىدى.

غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرى ھەم بۇددىزمنىڭ ئىستىقامەت ئورنى، ھەم بۇددىزملىق سەنئەت سالونى سۈپىتىدە ئاۋات شەھەر بازارلىرىدىن چەتتە، خالىي ۋە مەنزىرىلىك تاغ ـ دەريالار جايلاشقان جىلغا قىيالىرىغا قېزىلدى. بۇ ھال نوقۇل بۇددىزمدىلا ئەمەس، يەنە ئىپتىدائىي ئېتىقادتىمۇ تەكرار كۆرۈنگەن ھادىسە ئىدى. بىز ئىپتىدائىي مۇراسىمچىلارنىڭ مەنزىرىلىك جىلغا غارلىرى ئالدىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان ۋە قىيا ـ تاش سىزمىلىرىنى قالدۇرغانلىقىنى كۆرىمىز. دەرۋەقە، مۇنداق مەنزىرىلىك خالىي جىلغىلار ھەممە شەھەرلەر ئوخشاش تۇپراق توزۇلمىسىگە ئىگە بولىۋەرمەيدۇ. بەزى جىلغىلارنىڭ تاغ ـ ئېدىرلىرى تاشتىن، بەزىلىرىنىڭ تىنغان جىنسلاردىن، بەزىلىرىنىڭ شېغىل ـ توپا ئارىلاشمىسىدىن بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھال بۇددا تاشكېمىرلىرىنىڭ قۇرۇلمىلىق شەكلىگە، ئۇنىڭ ماتېرىيال ئالاھىدىلىكلىرىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىشى تەبىئىي، دەرۋەقە، بۇددا تاشكېمىرلىرىنىڭ قۇرۇلمىلىق ئالاھىدىلىكلىرىگە ئەينى زامان تاشكېمىر ئۇسلۇبىنىڭمۇ كۆرۈنەرلىك تەسىرى بولغان، ئەلۋەتتە.

بىز «غەربىي يۇرت بۇددىزمى» بىلەن «غەربىي يۇرت بۇددىزم سەنئىتى» ئىبارىسىنى پەرقلەندۇرىمىز. «غەربىي يۇرت بۇددىزم سەنئىتى» ئىبارىسى بىلەن «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى»نى پەرقلەندۇرىمىز. بۇ ئۈچ ئىبارە بىر ـ بىرى بىلەن ئالاقىدار بولسىمۇ، ئوخشىمىغان ئۈچ خىل ھەجىمدىكى چۈشەنچىگە ئىگە. بۇ ئۈچ ئىبارىنىڭ ئىچىدە ھەجىمى ئەڭ كىچىكى بۇددىزملىق تاشكېمىر سەنئىتى ئىبارىسىدىن ئىبارەت. گەرچە تاشكېمىرلارمۇ بىر خىل بۇددا ئىبادەتگاھى (ساڭرام، بىھارا) بولسىمۇ، ئۇ ئۆز ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە قەلئە ـ شەھەر ۋە يېزا ـ راباتلارغا ياسالغان ئۆي ـساراي بىناكارلىقى تۈسىدىكى

بۇددا ئىبادەتخانىلىرى ۋە پانتېئونلىرى (万神殿) دىن يەنىلا روشەن پەرقلىنىدۇ.

شۇنىسى دىققەتكە سازاۋەركى، شىنجاڭدىكى بۇددىزىم تاشكېمىرلىرى بۇددىزىم سەنئىتىنىڭ يېگانە ۋە بىردىنبىر مۆجىزىسى بولماستىن، بەلكى ئەينى زامانلاردىكى شەھەر ـ رابات، ئوردا ـ ھەرەم بىناكارلىقى، ھەيكەلتىراشلىقى، تام رەسساملىق سەنئىتى كومپلېكسلىقىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. مەلۇم مەنىدە تاشكېمىر سەنئىتى شەھەر ـ رابات، ئوردا ـ ھەرەم، بۇددا ئىبادەتخانىلىرى قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئېشىنمىلىرى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن، ئۆلارغا قوشۇمچە بولغان يەنە بىر خىل خىلۋەتگاھ مۆجىزىسى ئىدى. تارىخ ۋە ساياھەتنامىلەردە خوتەن، قەشقەر، كۇچا، تۇرپاندىكى شەھەر ـ قەلئەلەر، ئېگىز بۇتلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان شەھەرىستانلار، ئالتۇن تەختلىق قەسىرلەر روشەن يېزىلغان. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلارمۇ شەھەر خارابىلىرىنىڭ، ھەتتا ئۇچقات سېپىللىك بولغانلىقىنى، شەھەر ئىبادەتخانا تۈۋرۈكلىرىنىڭ خۇددى قەدىمكى گرېتسىيە ئىبادەتخانىلىرى تۈۋرۈكلىرىدەك نەقىشلەنگەنلىكىنى، بۇنداق غەيرىي تاشكېمىر قۇرۇلمىلىرىنىڭ خۇددى دەندان ئۆيلۈك، كونانىيە، مىران، شەھىرى كېتىك (金柱城)، كۇسەن ئۇچقات شەھەر خارابىلىرىدەك خارابلاشقانلىقىنى كۆرسەتتى. بىز ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەپراسىياپ، بەرەھشاھ، پەنجىكەنت قاتارلىق قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىدە قىسمەن بولسىمۇ ساقلىنىپ قالغان ھەيكەلتىراشلىق، بىناكارلىق ۋە تام رەسىمى نەمۇنىلىرىنى بۇنىڭغا مىسال قىلىشىمىز مۇمكىن.

بۇ مۇلاھىزىلەر بىزگە تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ قانداقتۇر توغرىدىن توغرا چەت ئەل، بولۇپمۇ ھىندىستان بۇددا سەنئىتى ئۆلگىلىرى بويىچە كۆچۈرۈۋېلىنغان بىناكارلىق تۈركۈمى بولماستىن، بەلكى ئەينى زاماندىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ھاياتنىڭ بىر قىسمى، ئۇنىڭ ئېشىنغان ئۆركىشى

ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. روشەنكى، ئۇزاق تارىختا ئىگە بىر پۈتۈن جەمئىيەتنى چەتتىن كۆتۈرۈپ كېلىش مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە.

بۇ مۇلاھىزىلەر بىزگە يەنە، ئەينى زاماندىكى شىنجاڭ بىناكارلىق سەنئىتى، ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى، رەسساملىق سەنئىتى ۋە باشقا ماكان، زامان خاراكتېرلىك سەنئەت ئۇتۇقلىرى خۇددى ھازىر ساقلىنىپ قالغان بۇددا تاشكېمىر ئىبادەتخانىلىرىدەك نوقۇل بۇددىزملىق مەقسەت، بۇددىزملىق تېماتىكا، بۇددىزملىق ئەۋرىشكە بويىچە بولمىغانلىقىنى، بەلكى بىر قىسىم بۇددىزملىق مەزمۇنلاردىن تاشقىرى يەنە رېئال تۇرمۇش، ئېتنولوگىيىلىك ئەنئەنىگە خاس ھەر خىل ئىشلەپچىقىرىش، خەلقئارا سودا ـ قاتناش، قەھرىمانلىق رىۋايەتلىرى، خەلق ھېكايەتلىرى قاتارلىق مەزمۇنلارنى گەۋدىلەندۈرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. خوتەندىكى سانپۇدىن تېپىلغان، ئادەم بېشى چۈشۈرۈلگەن توقۇلما بىلەن ئادەم باشلىق تۇلپار تەسۋىرلەنگەن گۈللۈك توقۇلما پارچىلىرى، ساپال ئىدىش ساپقۇچلىرىغا قاپارتىپ ئىشلەنگەن مايمۇن قىياپىتىدىكى سازەندىلەر بىلەن قىزىق (كومېدىيىلىك) كۆرۈنۈشتىكى ئادەم قىياپىتى ھەيكەللىرى، مىراندىن تېپىلغان ئالتۇن كوكۇلىلىق، قاناتلىق بالا تەسۋىرلەنگەن تام رەسىمى بىلەن كۇچا سۇبېشى خارابىسىدىن تېپىلغان جەسەت كۇلى قۇتىسىنىڭ ئاغزىغا سىزىلغان، خۇددى مىراندىكىدەك كوكۇلىلىق، قاناتلىق بالا تەسۋىرلەنگەن رەسىم، تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىگاھلىقىغا سىزىلغان ئادەم، گۈل، قۇش ئوبرازى سىزىلغان تام رەسىملىرى، ياغاچ ۋە مېتالغا ئويۇپ ئىشلەنگەن ئادەم ياكى نەقىش سىزمىلىرى قاتارلىقلار بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ خۇددى كارل ماركس ئېيتقاندەك، دىن ئىنساننى ئەمەس، ئەكسىچە ئىنسان دىننى ياراتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. تۇرمۇشتىكى پاني ئالەم سەنئىتى بولمىغاندا، ئىبادەتخانىلاردىكى

باقىي ئالەم تەسۋىرىي سەنئىتىنى قىياس قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

بۇ مۇلاھىزىلەر بىزگە يەنە، بۇددا تاشكېمىرلىرىدىكى دىنىي مەزمۇندىكى تەسۋىرىي سەنئەتنىڭ، دەل رېئاللىقتىكى تۇرمۇش ۋە سەنئەتنى ئۆزىگە ئۈلگە، ئەۋرىشكە، مودېل قىلغانلىقىنى، بۇددا تاشكېمىرلىرى ئۆز ئىچىگە بىر قاتار ساخاۋەتچىلەر، خان ۋە خانىكىلەر، لەشكەرلەر، سازەندە ـ ئۇسسۇلچىلار ئوبرازىنى ئۆز ئېمىسىغا يانداشتۇرۇپ گەۋدىلەندۇرگەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. مېنىڭچە، بۇددا تاشكېمىرلىرىگە رەسىم ئىشلىگەن سەنئەتكار ـ ئۇستىلارنىڭ ھەممىسىنى تەقۋادار ۋە خاس بۇددا دىنى رەسىملىرىدىن باشقىنى سىزمايدىغان راھىب ــ رەسسام دەپ ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى رېئال تۇرمۇشتىكى تەسۋىرىي سەنئەت ماھىرلىرىدىن ئىبارەت. ئۇلار ھەممىشە دىنىي چۈشەنچىلەر بىلەن رېئاللىق، ئېتىنىك قاراشلار بىلەن ئېستېتىكىلىق ئىدىيىلەرنىڭ زىددىيىتى ھەم گارمونىيىسىدە ياشاشقان. ماركس مۇنداق دەپ توغرا ئېيتقان: «دىنىنىڭ ئۆزىدە مەزمۇن بولمايدىغانلىقىنى، ئۇ ئاسماندىكى نەرسىگە ئەمەس، ئىنسانىيەتتىكى نەرسىگە ئاساسلىنىدىغانلىقىنى بىلىش لازىم.»③

«غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرى» ئىبارىسى تار مەنىدە تارىم دەرياسىنىڭ باش ئېقىنى، ئوتتۇرا ئېقىنى، ئاياغ ئېقىنىدىكى، جۇملىدىن تۇرپاندىكى مۇرتۇق، تويۇق جىلغىلىرىدىكى تاغقا ئويۇپ ياسالغان كېمىرخانىلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ «تاشكېمىر» (石窟) دەپ ئاتىلىشى تاشلىق ياكى توپىلىق تاغ باغرىدىن قېزىلغانلىقىغا ئورتاق بولۇپ، ھەتتا ئۇ توپىلىق تاغ باغرىدىكى يېرىم كېسەك، يېرىم غاردىن ياسالغانلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئىبارە كەڭ مەنىدە تاشكېمىرلار ئالدىدىكى بوشلۇقلارغا ياسالغان ۋە بۇ تاشكېمىرلار بىلەن تۇرمۇش، ئېتىقاد ۋە سەنئەت جەھەتتە ئاجرالغۇسىز بىرلىكتە تۇرىدىغان كېسەك،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خىش، سوقما ۋە لاي بىناكارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «مىڭئۆي» (uagara — mabed) ئىبارىسى گەرچە ئاۋام تىلىدا بارلىق بۇددىزملىق تاشكېمىر ۋە بىناكارلىقنى كۆرسەتسىمۇ، ئۇ خاس مەنىدە، ماھايانا بۇددىزمىغا خاس «مىڭ بۇددىھا» ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرگەن تاشكېمىر ۋە بىناكارلىققا قارىتىلغان بولۇپ، بىزمۇ بۇددىزم سەنئەتشۇناسلىقى ئىستېمال قىلىپ كېلىۋاتقان ئىبارە بويىچە «تاشكېمىر» ئاتالغۇسىنى قوللىنىشنى مۇۋاپىق ھېسابلايمىز.

## 2. غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىنىڭ جايلىشىش تەپسىلاتى

مەلۇمكى، غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرى ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ ئاجايىپ سەنئەت خەزىنىسىدىن ئىبارەت مۆجىزىلىك سىرى ۋە ئىبستېتىك جەلپ قىلىش ئىقتىدارىنى ساقلاپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن ۋاقتىدىكى ئەينى قىياپىتى ۋە مىقدارى بىزگە مەلۇم ئەمەس. شۇنداق بولغانلىقى سەۋەبلىك بىز پەقەت ھازىرقى پاكىتلار ئاساسىدىلا ئۇلارنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىنى مۇھاكىمە قىلىمىز.

ئاۋرېل ستەين «قەدىمكى خوتەن» ناملىق كىتابىنىڭ 169 ـ ، 186 ـ بەتلىرىدە تىلغا ئالغان قاراقاش دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى قومارى (Kohmari, 和玛刺) تېغىدىكى «تاش ئۆي» (石室) قەدىمكى خوتەندىكى تاشكېمىر ھېسابلىنىشى مۇمكىن. قومارى تېغى «تىبەت تەزكىرىسى» دە: «گوكىركا» (Cocircha) دەپ يېزىلغان بولۇپ، «مۈڭگۈز تاغ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. شۇەنزاڭ: تاغ قىيا جىلغىسىدا چوڭ بىر تاش ئۆي بولۇپ، ئۇنىڭغا تاكى مايترى (弥勒) دۇنياغا كەلگۈچە كۈتىدىغان، ئۆلۈمگە بەل باغلىغان بىر ئارخات (阿罗汉) كىرىپ ياتىدۇ. ئۇنىڭغا تەمىر — ئېھسان قىلىش ئۈچۈن ۋىجرايا ۋىرياخان مۈڭگۈز تاغ بىھارىسى سالدۇرغان، دەپ يازغان. بۇ

هازىرمۇ خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان قاراقاش دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىدا بىر تاش غار بولۇپ، ئۇنىڭدا رەسمىي قوراللانغان ئىمام مەھدى ئاخىر زامان ئۇخلاۋېتىپتۇ. ئۇ ئويغىنىپ ئالەمنى ئۆز ئىلكىدە تۇتىدىكەن، دېگەن ئەپسانىگە ئوخشايدۇ. خۇددى ئىسلام شىئە مەزھىپىدە ئىمام مەھدى ئاخىر زامان ئەڭ ئاخىرقى ئىسلام خەلىپىسى دەپ تەرىپلەنگىنىدەك، بۇددىزمدىمۇ مايترى كەلگۈسى زامان بۇددىھاسى، ئۇ تېخى ئالەمگە كەلمەي، يارالمىش جەريانىدا تۇرىدۇ، دېگەن ئەپسانە بار. بۇ ئەپسانە خوتەن ئىسلاملاشقاندىن كېيىن مايترى ئورنىغا ئىمام مەھدى ئاخىر زامانىنى ئالماشتۇرۇپ، داۋاملىق ساقلانغان. ياپونىيىلىك ئوتانى ئەپەندىنىڭ 1937 ـ يىلى ئېلان قىلغان ئىككى توملۇق «يېڭى غەربكە ساياھەت»ناملىق كىتابىنىڭ بۇرهان شەھىدى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىغا تەقدىم قىلغان نۇسخىسى 265 ـ بەت ئارىسىغا بۇ تاش خانىنىڭ فوتو سۈرىتى بېرىلگەن، ئالدىدا يان توسما شېغىل يارلىقتىكى بۇ كېمىرغا ئاچا ياغاچنى چېتىپ ياسالغان شوتا قويۇلغان ۋە بىر ئاق سەللىلىك مۇسۇلمان يانىدا تۇرغان. تاش خانا ئالدىغا ياغاچ رېشاتكا بېكىتىلگەن.

قەشقەر ـ ئاتۇش ئارىلىقىدىكى چاقماق دەرياسىنىڭ تاقۇت كەنتىگە ئۇدۇل يارلىقتىكى يەر يۈزىدىن 22 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئۈچ ئىشىك، ئالتە خانىدىن تەشكىل تاپقان «ئۈچما راۋان» (توققۇز ھۇجرامۇ دېيىلىدۇ) قەشقەر ـ ئاتۇشتىكى يەنە بىر تاشكېمىردىن ئىبارەت. ئوتانىنىڭ يۇقىرىقى كىتابىنىڭ 2 ـ تومى 757 ـ بېتىگە ئۈچ ياغاچ ئۇزۇنلۇقىدا ئالتە ياغاچتىن ياسالغان ئۈچ شوتا بىلەن ئۇنىڭغا چىقىش ئالدىدىكى ھالىتى سۈرەتكە ئېلىنىپ بېرىلگەن.

قەشقەر بارچۇق (مارالبېشى) نىڭ تۇمشۇق تېغىدىكى بۇددا ئىبادەتخانىسىدىن باشقا، بۇ تاغدا ئىلگىرى گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەن ياكى ھازىرغىچە ئېچىلمىغان تاشكېمىرنىڭ بار ـ يوقلۇقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

توغرۇلۇق ھېچ نەرسە دېيەلمەيمىز.

قەدىمكى كۇسەن تەۋەسىدىكى تاشكېمىرلەر تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىن ئېقىپ چىققان مۇزات (كۇچانىڭ غەربىي شىمالىدا) ۋە كۇچا دەرياسى (كۇچانىڭ شەرقىي شىمالىدا) ياقىلىرىغا تىزىلغان. مۇزات دەرياسى كۇچانىڭ شىمالىدىن كېلىدىغان قىزىل دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ ئۆگەن دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ.

قىزىل دەرياسى بويىغا قىزىل تاشكېمىرلىرى، ئۆگەن دەرياسى بويىغا دۇلدۇلئوقۇر، قۇمتۇرا تاشكېمىرلىرى جايلاشقان.

كۇچا دەرياسى بويىغا سۇبېشى، سىمسىم، مازارباغ، كېرىش، ئاچچىغلەك بۇددا خارابىلىرى جايلاشقان.

قەدىمكى كۇسەن تەۋەسىدىكى تاشكېمىرلاردىن ھازىر ئاقسۇ كونىشەھەر تەۋەسىدىكى توغراقدەڭ، باي تەۋەسىدىكى قىزىل، تېپتى، توقسۇ (شىڭخا) تەۋەسىدىكى توغراقيىلان، كۇچا تەۋەسىدىكى دۇلدۇلئوقۇر، قۇمتۇرا، قىزىلقاغا، سىمسىم، مازارباغ، كېرىش تاشكېمىرلىرى خارابىلىرى ساقلىنىپ قالغان. بىز بۇ تاشكېمىرلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ «كۇسەن تاشكېمىر تىزمىلىرى» دېگەن ئىبارىگە مەركەزلەشتۈرۈپ بايان قىلىمىز.

كۇسەن تاشكېمىر تىزمىلىرى — قەدىمكى كۇسەن خانلىقى تەۋەسىدىكى ئاساسلىق تاشكېمىر تۈركۈملىرىنىڭ ئومۇمىي سىستېمىسى بولۇپ، ئومۇمەن مىلادىيە 2 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرلىرىدىن تاكى 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا بۇ رايونلارنىڭ ئىسلام دىنىنى ئومۇميۈزلۈك قوبۇل قىلىشىغىچە بولغان 1000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە داۋاملىق ياسالغان. ئۇ كۇسەندە بۇددىزمنىڭ كۈچىيىشى، ئۇزاق ھۆكۈم سۈرگەن ھىنايانا مەزھىپىنىڭ تەدرىجىي زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ھىنايانادىن ماھاياناغا ئۆتۈشى، لۈي گۇاڭنىڭ 381 ـ يىلى كۇسەن خانلىقىغا يۈرۈش قىلىپ، 20 مىڭ تۇياق ئات ـ قېچىردا بۇددا ۋە ئوردا ھاياتىغا خاس قىممەتلىك بۇيۇملارنى

لياڭجۇ (ۋۇۋېي) شەھىرىگە يۆتكەپ كېتىشى، ھىنايانانىڭ كۇسەندە قايتا گۈللىنىشى مىلادىيە 5 ـ، 6 ـ ئەسىرلەردە ئېفتالىت قەبىلىلىرىنىڭ قاتتىق ھۇجۇمىغا ئۇچراش، كوشان خانلىقى ھالاكىتىدىن كېيىن يېگانە بۇددا سەنئىتىنىڭ ئېلىمىزدىكى ئاساسلىق پاۋلىئونى بولۇش، مىلادىيە 8 ـ، 9 ـ ئەسىرلەردە تىبەتلەرنىڭ مۇداخىلىسى ۋە تىبەت ـ قارلۇق ئۇرۇشلىرىنى باشتىن كەچۈرۈش، پانتېكىن باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ تەسىرىدىكى «كۇسەن ئۇيغۇرلىرى» نىڭ ماھايانا بۇددىزمىنى راۋاجلاندۇرۇشى، گەنجۇ ـ ئىدىقۇت ـ كۇسەن ئۇيغۇر خانلىقلىرى بۇددىزم سەنئىتىدە يەنىلا ئالدىنقى مەۋقەنى ساقلاش ۋە قاراخانىيلار ئۇيغۇر ــ قارلۇق ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە بەرداشلىق بېرىشتەك قىسمەتلەرگە دۇچ كەلدى. كۇسەن تاشكېمىر سەنئەت جاۋاھىراتلىرى ئۆزىنىڭ كىشىنى مەھلىيا قىلارلىق بەدىئىي ئۇتۇقلىرى، ئۆزىگە خاس كۇسەن ئۇسلۇبى ياراتقانلىقى بىلەن ئالەمشۇمۇل شۆھرەتكە ئىگە بولۇپ قالماي، يەنە تاشكېمىر تىزمىلىرىنىڭ بىنا بولۇش ۋاقتىنىڭ ئىلگىرىلىكى ۋە ئۇزاق داۋام قىلغانلىقى، تاشكېمىر كۆلىمىنىڭ بەھەيۋەت زورلۇقى، بۇددىزم سەنئىتى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەنمۇ ئېلىمىزدە، جۇملىدىن پۈتۈن شەرقتە بىباھا سەنئەت خەزىنىسى ۋە مۇزېيى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئېيتىش ھاجەتكى، بۇزۇلۇش ۋە چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلىش جەھەتتىمۇ ئۇنىڭ تارىخىي قىسمىتى، خارلىنىشى ۋە پاجىئەسى تولىمۇ تىپىكتۇر.

«كۇسەن تاشكېمىر تىزمىلىرى» نىڭ شاھانە ئۈلگىسى «قىزىل تاشكېمىر تۈركۈمى» دىن ئىبارەت.

**قىزىل تاشكېمىر تۈركۈمى** ــ ھازىر باي ناھىيىسىنىڭ شەرقىي يۆنىلىشىدىكى قىزىل يېزىسى (3 ـ رايون) تەۋەسىدە بولۇپ، بۇ رايون بىلەن ناھىيە بازىرىنىڭ ئارىلىقى 50 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يەردىن شەرقىي جەنۇبىي يۆنىلىشنى بويلاپ يەنە 17 كىلومېتىر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

يۇرگەندە تەڭرىتاغلىرىدىن ئېقىپ چىققان مۇزات دەرياسى باغرىدىكى ئازادە ھەم خىلۋەتلىك بىر بوستانگاھ قەد ئېلىپ كۆرۈنىدۇ. دەريانىڭ جەنۇبىغا «چۆلتاغ» (قۇرۇقتاغمۇ دېيىلىدۇ) جايلاشقان، شىمالىي قاسىنقىدىكى يارداڭ قىيالىققا جايلاشقان قىزىل تاشكېمىرلىرى مەرۋايىتتەك چېچىلىپ تۇرىدۇ. مۇزات دەرياسى قىزىل دەرياسى بىلەن دەل مۇشۇ ئۇچبۇلۇڭدا قوشۇلۇپ ئۆگەن دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئۆگەن دەرياسى شەرققە قاراپ ئېقىپ، دۇلدۇلئوقۇر، قۇمتۇرا تاشكېمىرلىرى جايلاشقان قىيالىق جىلغىلارغا قاراپ راۋان بولىدۇ.

قىزىل تاشكېمىر تۈركۈملىرىنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ زادى قانچىسى قېزىلغانلىقى نامەلۇم. ھازىر تىزىملانغىنى 237 بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە بىرى 1973 ـ يىلى تېپىلغان. بۇلاردىن 135 كېمىر بىرقەدەر ياخشى، ئۇنىڭمۇ 75 كېمىرى خېلىلا ياخشى ساقلانغان. بۇلار بىزنىڭ بۇ زامان خاراكتېرلىك ماكان يادىكارلىقلىرىدىن بىلىم ۋە ئۇچۇر ئېلىشىمىزدىكى ئاساسلىق ھۆججەت تايانچلىرىمىز بولۇپ قالغان. قىزىل تاشكېمىرلىرىدىن 43 ـ كېمىرنىڭ شەرقى بىلەن 60 ـ كېمىرنىڭ غەربىدىكى خېلى كەڭ ئارىلىقتا ھازىر تاشكېمىر كۆرۈنمەيدۇ. بۇ ئېھتىمال كۆمۈلۈپ كەتكەن تاشكېمىرلەرنىڭ ئورنى بولۇپ چىقىشى مۇمكىن.

بىناكارلىق سەنئەتى جەھەتتە بۇ تاشكېمىرلەر ئىبادەت مۇراسىملىرى كېمىرلىرى(Vandana)، ۋەز ـ تەلىم كېمىرلىرى (Caitya)، ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ ئىستىقامەت قىلىش كېمىرلىرى (Vihara)، راھىب ۋە تالىپلارنىڭ ھۇجرا ـ ياتاق كېمىرلىرى (Snaha) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇلاردىن باشقا 10 ـ نومۇرلۇق كېمىرنىڭ ئۈستىدە، 220 ـ نومۇرلۇق كېمىرنىڭ ئۇدۇلىدا بۇددا ئېھرامىنىڭ (Sangharama) قالدۇق ئىزناسى ساقلانغان. ئېھتىمال بۇ شۇەنزاڭ زىيارەت قىلغان ۋە ئەينى زاماندا ساكيامونىنىڭ پۇت ئىزى قالغان دەپ مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن

چوڭ قاشتېشى قويۇلغان ساگرام بولۇشى مۇمكىن.
قىزىل تاشكېمىر تۈركۈملىرىدىكى ساكيامونى ياكى باشقا بۇدساتۋا ئوبرازى ھەيكەللىرى ساقلىنىپ قالمىغان. بەختكە يارىشا 1975 ـ يىلى قىزىل 1 ـ نومۇرلۇق يېڭى تېپىلغان كېمىرنىڭ ئارقا خانىسىدىن سۇپىغا④ ياتقۇزۇلۇپ ئىشلەنگەن «نىرۋانادا ياتقان بۇددىھا»⑤ نىڭ لايدا ياسالغان رەڭدار ھەيكىلى بىلەن تاشقا ئويۇلغان رەڭدار ھەيكىلى تېپىلغان. ھەيكەللەر گۈزەل قىلىپ ئىشلەنگەن. بۇنىڭدىن باشقا كېمىرلەردا ھەيكەل قويۇلغان سۇپىلار، مېھرابچە ـ ئويۇقلىرى، ھەيكەل سۇنۇقلىرىلا قېلىپ قالغان. بۇ ھال قەندىھار — پىشاۋۇر تاشكېمىرلىرىمۇ، دۇنخۇاڭ ـ ئېگىزقۇم تاشكېمىرلىرى، يۇنگاڭ تاشكېمىرلىرى، لۇڭمېن تاشكېمىرلىرى، مەيجىشەن تاشكېمىرلىرى، بىڭلىڭشى تاشكېمىرلىرى، شاڭتاڭشەن تاشكېمىرلىرى قاتارلىق خۇاڭخې دەرياسى ساھىلىدىكى ۋە ئاۋشەن، گۇاڭيەن، شىجۇڭشەن قاتارلىق جەنۇبىي ئۆلكىلەردىكى بۇددا تاشكېمىرلەرمۇ دۇچار بولمىغان تارىخىي يوقىتىش ھېسابلىنىدۇ.
قىزىل تاشكېمىرلىرى تۈركۈمىدىكى تام رەسىملىرى گەرچە قاتتىق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما ئىچىدە 80 دىن ئارتۇق تاشكېمىردە ئۇنىڭ رەڭدار — نەپىس ئۆلگىلىرىدىن بىر قىسمى ساقلانغان. بۇ رەسىملەرنىڭ ئۆزىگە خاس بىناكارلىق ـ رەسساملىق ئورۇنلاشتۇرۇش گارمونىيىسى، تېماتىك ـ ھېكايەتلىك تەسۋىرىي كومپوزىتسىيە گارمونىيىسى، بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئېتنولوگىيىلىك ۋە ئېستېتىكىلىق گارمونىيىسى بولغان. ئايرىم رەسىملەرگە ئەينى زامان كۇسەن يېزىقىدا بېغىشلىما ياكى ئىزاھلار بېرىلگەن.
**تۇغراقدەڭ تاشكېمىر تۈركۈمى** — باي ناھىيىسىنىڭ غەربىي يۆنىلىشىدە بەش يېرىم كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، ھازىر بۇ يەر ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىگە قارايدۇ. تۇغراقدەڭ تاشكېمىرلىرى ئالتە خارابە بولۇپ، ئۇنىڭدا قەدىمكى سەنئەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يادىكارلىقلىرى قالمىغان.

تېتى تاشكېمىر تۇركۇمى ــ قىزىل تاشكېمىر تۇركۇمىنىڭ غەربىي شىمال يۆنىلىشىدە بەش كىلومېتىر ئارىلىقتا قېزىلغان. هازىر پەقەت سەككىز تاشكېمىر خارابىسى ساقلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدىمۇ ھېچقانداق بۇددىزم تەسۋىرىي سەنئىتى نەمۇنىلىرى ساقلانمىغان. تېتى تاشكېمىرلىرى جايلاشقان تاغنىڭ كەينىدە بىر ئىبھرام خارابىسىنىڭ ئورنى بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئورقۇن يېزىقى چېكىلگەن ساپال ئىدىش پارچىلىرى تېپىلغان.

توغراقبۇلاق تاشكېمىر تۇركۇمى ــ توقسۇ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمال يۆنىلىشىگە قىيپاش 70 كىلومېتىر يول يۈرگەندىن كېيىن بۇ تاشكېمىر تۇركۇمى كۆرۈنىدۇ. بۇ تاشكېمىرلەر ئىككى گۇرۇپپىغا ــ شەرقىي ۋە غەربىي گۇرۇپپىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئارىلىقتا بەش كىلومېتىر چۆل بار. بۇ قۇرۇغان قەدىمكى كىچىك بوستانلىق بولۇپ، شەرق تەرەپتىكى تاشكېمىرلەر تىزىملىغۇدەك گەۋدىسىدىن ئايرىلىپ قالغان. پەقەت غەرب تەرەپتە 19 كېمىر قالغان. بۇ ۋەيران كېمىرلەر ئىچىدە پەقەت 16 - نومۇرلۇق تاشكېمىردىلا قىسمەن نەپىس تام رەسىملىرى ئۆلگىلىرى ساقلىنىپ قالغان. كېمىرلەرنىڭ سىرتىدىكى سۇنغان ساپال پارچىلىرى بۇ جايدا بىر مەزگىل ئىللىق ھايات داۋام قىلغانلىقىنى دەلىللەيدۇ.

دۇلدۇلئوقۇر بۇددا خارابىسى ــ قىزىل ۋە مۇزات دەريالىرى قوشۇلۇپ ئۆتكەن دەرياسىنى ھاسىل قىلغاندىن كېيىنكى ئۆتكەن دەرياسى ۋادىسىدىكى ئېگىزلىكتە جايلاشقان مۇھىم بىر بۇددا ئىستىقامەتگاھى. بۇ يەردىن دەريا ئېقىنى تۆۋەنلەپ قۇمتۇرا تاشكېمىرلىرىگە بارىدۇ. دۇلدۇلئوقۇر خارابىلىرىنى ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى سۈرەتكە ئېلىپ «يېڭى غەربكە ساياھەت» ناملىق كىتابىدا ئېلان قىلغان.

قۇمتۇرا تاشكېمىر تۇركۇمى ــ كۇچا - توقسۇ تاشيولىنى بويلاپ

غەربىي جەنۇب يۆنىلىشىگە قاراپ 20 كىلومېتىر يول يۈرگەندىن كېيىن «ئۈچكۆۋرۈك» دېگەن جايغا بارىمىز. بۇ يەردىن چۆلگە ئىچكىرىلەپ يەنە سەككىز كىلومېتىر يول ماڭغاندا مۇزات ۋە قىزىل دەريالىرىدىن تەشكىل تاپقان ئۆگەن دەرياسىنىڭ چىقىش جايىدىكى تاغ ئاغزىغا بارىمىز. تاغنىڭ دەريا ئاققان جىلغىسىنىڭ شەرقىي قاسىنىقىدىكى قىياغا قۇمتۇرا تاشكېمىر تۈركۈمى قېزىلغان. تاشكېمىرلەر ئىككى تىزىق بولۇپ، بىر قىسمى جىلغا ئېغىزىدىكى قىياغا، بىر قىسمى جىلغا ئىچىدىكى قىياغا سېلىنغان. هازىر تىزىملانغىنى 99 بولۇپ، يېڭىدىن تېپىلغان ئۈچ تاشكېمىر بۇنىڭ ئىچىدە. بۇلاردىن 72 كېمىر بىرقەدەر تۈزۈك ساقلانغان. تاشكېمىرلەرنىڭ كۆپى ئىبادەت (Vandana) كېمىرلىرى بىلەن ئېتىكاپ - ئىستىقامەت (Caitya) كېمىرلىرى، ئاز بىر قىسمى راھىب - تالىپلارنىڭ ھۇجرا - ياتاق (sanha) كېمىرلىرىدىن ئىبارەت.

قۇمتۇرا تاشكېمىرلىرى قىزىل تاشكېمىرلىرىنىڭ ئىككىنچى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. ئۇ مىلادىيە 5 - ئەسىرلەردىن تاكى مىلادىيە 9 - ، 12 - ئەسىرلەرگىچە قېزىلغان ۋە گۈللەنگەن.

قۇمتۇرا تاشكېمىر تۈركۈمىدىكى بۇددىھا ۋە بۇدساتۋا ھەيكەللىرى قالمىغان. ئەمما، يېقىندا يېڭىدىن تېپىلغان 2 - نومۇرلۇق تاشكېمىردىن بىر دانە ئولتۇرغان بۇددىھا (ساكيامونى) ھەيكىلى تېپىلدى. بۇ چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى بىلەلمىگەن ۋە هازىر شىنجاڭدا بىردىنبىر ساقلىنىپ قالغان بۇددىھا ھەيكىلى. بۇ ھەيكەل باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان، ئىككى قولىنى ئىستىقامەت كۆرۈنۇشتە (Dhyana Mudra — 禅宝印) قويغان بولۇپ، ئاستىدا يەتتە قات نېلۇپەر ئولتۇرۇش سۇپىسى، ئۇ يەرگە ئىككى شىر ئوبرازى قاپارتىپ ياسالغان. يۈزى بەكمۇ ئورۇق - ئۈزۈن ئەمەس، قۇلىقى كالپۇكىغىچە سوزۇق ياسالغان. فون لېكوك ۋە گرونوۋېدىللار قىزىل تاشكېمىرلىرىدىن بۇنىڭغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يېقىن كېلىدىغان بۇدساتۋا ھەيكىلىنى ئۇغرىلاپ كېتىشكەندى.

قۇمتۇرا تاشكېمىر تۈركۈملىرىدىن ئۆگەن دەرياسىنىڭ تاغدىن چىقىش ئاغزىدىكى ھەيۋەت كۆرۈنۈشلۈك شەرقىي قىياغا چوڭ ئويۇق ئويۇپ، 12 مېتىر ئېگىزلىكتىكى بۇددىا ھەيكىلى قويۇلغانلىقى مەلۇم. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شۈي سۇڭ بۇ ھەقتە بىۋاسىتە كۆرگەنلىرىنى يازغان.

قۇمتۇرا تاشكېمىر تۈركۈملىرىدىن 40 تىن ئاتۇق كېمىردىكى تام رەسىملىرى ساقلىنىپ قالغان. بۇلاردىن 31 تاشكېمىرنىڭ خېلىلا مۇكەممەل بولۇپ ھىناياناغا مەنسۇپ يارالمىش قىسسەتلىرى (jataka — 佛本生故事)، بۇددىھانىڭ ئۆمۈر بايانىغا ئائىت رەسىملەردىن باشقا، يەنە ماھاياناغا مەنسۇپ مىڭ بۇت رەسىملىرى، «ئۆزگەرمەك» رەسىملىرى (经变画) كۆپلەپ سىزىلغان. مەسىلەن، 14 ـ كېمىرگە «مايترىنىڭ ئۆزگىرىشى» (弥勒变)، 16 ـ كېمىرگە «غەربتىكى پاك زېمىننىڭ ئۆزگىرىشى» (sukhavati 西方净土变)، «دورىگەرنىڭ ئۆزگىرىشى» (药师变)، ھەتتا 9 ـ كېمىرغا، پۈتۈن بەدىنىگە مىڭ بۇت سىزىلغان گاندارا ۋا (乾婆 , Gandharava) رەسىملىرى ۋە ساكيامۇنى رەسىملىرى سىزىلغان. رەسىملەر ئىچىدە تەمىر ـ ئېھسانچىلار، بېكسۇلار، سەنئەتكارلار بارغانسېرى قەدىمكى كۇسەنلىكلەرنىڭ رېئال قىياپىتى ۋە تۇرمۇشىغا ياندىشتۇرۇلۇپ سىزىلغان. قەدىمكى كۇسەن يېزىقىدىن باشقا، قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە يېغىشلىما خەتلەر كۆپلەپ يېزىلغان. بۇ ھال قۇمتۇرا تاشكېمىرلىرىنىڭ شۇەنزاڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە، بولۇپمۇ «كۇسەن ئۇيغۇر بۇددىزمى» دەۋرىدە گۈللەنگەنلىكىنى، بۇ دەۋردە ماھايانا بۇددىزمىنىڭ ھىنايانادىن ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغانلىقىنى كۆرسەتتى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «ئالتۇنقۇم بىھارىسى» (金砂寺) دەپ ئاتالغان بۇ تاشكېمىرلەردە خەنزۇ راھىبلىرىنىڭ ئىزلىرى كۆرۈنەرلىك بولغان. بەزى تەتقىقاتچىلار

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى ۋاقتىدا بىر قىسىم خەنزۇ راھىبلىرى (Upadhyaya) ئۆز تەمىراتى بىلەن بەزى كېمىرلەرنى ئاچقۇزغان بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلسا، يەنە بەزى تەتقىقاتچىلار ئىچكىرىدىن تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن چىققان بۇددا مۇخلىسلىرى بۇ كېمىرلەردە ئىستىقامەت، تەرجىمە بىلەن شۇغۇللانغان بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىشىدۇ. 9 - نومۇرلۇق كېمىردىن تاكى 16 - نومۇرغىچە بولغان كېمىرلەر بىرقەدەر كېيىن قېزىلغاندەك قىلىدۇ.

**قىزىلقاغا تاشكېمىر تۈركۈمى** — كۇچا ناھىيىسىدىن غەربكە سوزۇلغان غول تاشيولنى بېسىپ كونىشەھەر شامالباغ يېزىسىغا بېرىپ چۆلگە بۇرۇلۇپ، غەربىي شىمال يۆنىلىشىدە مېڭىۋەرگەندە بىر ئېگىز تۇر كۆرۈنىدۇ. شۇ تۇردىن شەرقىي شىمالغا قاراپ بىر كىلومېتىر يۈرگەندە تاغ جىلغىسى ۋە بۇ جىلغىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تەرەپتىكى قاسناقلىرىغا ئويۇلغان قىزىلقاغا تاشكېمىر تۈركۈمى كۆرۈنىدۇ. ھازىر بۇ يەردە تىزىملانغان 46 تاشكېمىر بولۇپ، يېرىمى تەلىم ئۆيى (chaitya — 支提窟)، يېرىمى ياتاق ھەم ئېتىكاپ ئۆيى (vihara — 毗诃罗窟) بولغان. بۇ تاشكېمىر ئىچىدە 38 كېمىر بىرقەدەر تۈزۈك ساقلانغان بولۇپ، 12 كېمىردە قالدۇق تام رەسىملىرى قالغان.

«قىزىلقاغا» دېگەن نام يەرلىك ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ساقلانغان رىۋايەت بويىچە، قەدىمكى كۇسەن خانى بىر قىز پەرزەنتكە ئىگە بولغان، ئۇ كۇنلەرنىڭ بىرى بۇ قىزنى چايان چېقىپ ئۆلىدىغانلىقىنى مۇنەججىمدىن ئاڭلىغان. خان چۆلگە ئېگىز راۋاق ياساپ قىزىنى چوڭ قىلغان. ئەمما، بىر كۇنى پادىشاھ سوۋغات قىلغان ئالمىلار ئارىسىغا يوشۇرۇنغان چايانىنىڭ چېقىشى بىلەن بۇ ساھىبجامال مەلىكە ئالەمدىن ئۆتكەن. كىشىلەر شۇنىڭدىن بېرى بۇ ئېگىز راۋاقنى «قىز قالدى» دەپ ئاتىغان ۋە كېيىنچە بۇ ئىسىم «قىزىلقاغا»غا ئايلىنىپ قالغان.

«قىزىلقاغا» تاشكېمىر تۈركۈملىرىدىكى 16 ـ، 23 ـ تاشكېمىرلەر قىزىلنىڭ 47 ـ تاشكېمىرى بىلەن دەسلەپكى دەۋردە قېزىلغان. كۆپلىگەن تام رەسىملىرى ھىنايانا چوڭ تىپتە ۋە ئالاھىدە ئىشلەنگەن يارالمىش ھېكايىلىرى ۋە ساكيامونى قىسمەتلىرى سىزمىلىرىدىن ئىبارەت. 31 ـ، 32 ـ تاشكېمىرلەردا قىزىل گىل بىلەن تورۇستىكى رومبىغا مىڭ بۇتلارنىڭ كۆپلەپ سىزىلغانلىقىغا قارىغاندا، بۇ كۇسەن ئۇيغۇر خانلىقى ئالدىدىكى ماھايانا بۇددىزمى دەۋرىدە سىزىلغاندەك قىلىدۇ. 14 ـ تاشكېمىر قاتارلىق كېمىرلەردىكى تام رەسىملىرىدە نەيزە، تۇغ تۇتقان قوراللىق ئەسكەرلەر ساكيامونىنىڭ جەسەت كۇلىنى (sarira) تالىشىپ تەقسىم قىلىشىۋاتقانلىقىنى، يەنە قىرقىم چاچ ساۋۇت كىيگەن، قىلىچ ئاسقان، ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك كىيگەن قوراللىق مۇلازىملارنىڭ ساكيامونىغا ماتەم تۇتقان قىياپىتى پۈتۈنلەي يەرلىك قىياپەت ۋە ئېتنىك ئالاھىدىلىكلەر بىلەن سىزىلغان بولۇپ، ئالاھىدە تارىخىي قىممەتكە ئىگە يادىكارلىق ھېسابلىنىدۇ.

سۇبېشى بۇددا خارابىسى ـــ كۇچا ناھىيە بازىرىدىن شىمالىي يۆنىلىشتە 23 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چۆلتاغدىن چىققان كۇچا دەرياسىنىڭ ئاغزىغا جايلاشقان. بۇ يەر قەدىمكى مەشھۇر بۇددا ئىستىقامەتگاھى بولۇپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى بايقىغان. بۇ يەرگە كۆپلەپ بۇددا ئىبادەتخانىلىرى سېلىنغان. چوڭ كۆلەملىك بۇ ئىبادەتخانىلار ياغاچ، تۆمۈر ۋە كېسەكتىن ياسالغان بولۇپ، غەربىي قاشتا ۋەز ـ تەلىم (caitya) ئۆيلىرى، شەرقىي قاشتا بۇددا مۇنارىسى قالدۇقلىرى ساقلانغان. ئىبادەتخانا تاملىرىدىكى قىسمەن ساقلىنىپ قالغان تام رەسىملىرى رەڭدار، نەپىس ئىشلەنگەن.

سىمسىم تاشكېمىر تۈركۈمى ـــ كۇچادىن شەرققە سوزۇلغان تاشيولدا 20 كىلومېتىر يۈرگەندىن كېيىن، يەنە شىمالغا ئون كىلومېتىر يول يۈرۈپ ياقا يېزىلىق ھۆكۈمەت جايلاشقان جايغا

بارىمىز. بۇ يەردىن غەربىي شىمال يۆنىلىشىدە بەش كىلومېتىر يول يۈرسەك چۆلگە كىرىمىز. بۇ يەردىن يەنە بەش كىلومېتىر يول يۈرسەك، قۇرۇقتاغ (جىۋىلتېغى) ئېغىزىغا كىرىمىز. تاغ ئىچىدىن جىلغا سۈيى سىم ـ سىملاپ ئېقىپ چىقىپ، ئەتراپنى كۆكەرتكەن. جىلغىنىڭ ئىككى قاسنىقىغا سىمسىم تاشكېمىرلىرى تۈركۈمى جايلاشقان.

سىمسىم تاشكېمىرلىرى 52 كېمىردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، 19 تاشكېمىر بىرقەدەر ياخشى ساقلانغان. قالغانلىرىنىڭ تام رەسىملىرى ئۆيۈپ كېتىلگەن. تاشكېمىرلەرنىڭ كۆپى كايتايا (Caitya) بولۇپ، 49 ـ كېمىر ئەڭ چوڭ ئىبادەتخانا (بىھارا) بولغانىكەن. تاشكېمىرنىڭ مۇنار ـ تۈۋرۈك تېمىنىڭ تۆت تەرىپىدىكى ئۆيۈقلارغا قويۇلغان بۇددىھا، بۇدساتۋا ھەيكەللىرى يوقالغان. پەقەت نېلۇپەر گۈللۈك ئولتۇرۇش تەكچىلىرى بىلەن ھەيكەللەرگە ماسلاشتۇرۇلغان ئارقا تام رەسىملىرى، نۇر چەمبىرەكلىرى ساقلىنىپ قالغان. سىمسىم تاشكېمىر تۈركۈمىدىكى 3 ـ، 8 ـ، 11 ـ، 15 ـ، 19 ـ، 22 ـ، 30 ـ، 31 ـ، 36 ـ، 37 ـ، 46 ـ تاشكېمىرلەردا مايمۇنلارنىڭ موللاق ئېتىۋاتقانلىقى، بوغىغا مىنىۋېلىپ چېپىۋاتقانلىقى، كۆلدىكى ئاي شولىسىنى بىر قولىدا سۈگەتنى تۇتۇپ تۇرۇپ، بىر قولىدا ئالماقچى بولغانلىقى؛ ئۇچۇۋاتقان توز، خىرىستىكى شىر ـ يولۋاس، ئاق تۆگە تەسۋىرى بىلەن كۇسەن سەنئەتچىلەرنىڭ ساز ۋە ئۇسسۇل بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقى تولىمۇ جانلىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن. 36 ـ، 37 ـ تاشكېمىرلەردە بۇددا راھىب ۋە مۇخلىسلىرىنىڭ سۇترا ئاڭلاۋاتقانلىقى، تەمىر ـ ساخاۋەتچىلەرنىڭ بۇددىھاغا تەلپۈنۈۋاتقانلىقى قاتارلىق ھىنايانا رەسىملىرى كۆپ ئۇچرايدۇ. سىمسىم تام رەسىملىرىدە كۇسەن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى ئالامەتلىرى ئىپادىلەنمىگەن. تاشكېمىر تۈركۈمىنىڭ ئىككى چېتىدە ئىككى يىراققا نەزەر مۇنارىسىنىڭ تۇرغانلىقى بۇ يەرنىڭ كۇسەننىڭ شەرقىدىكى مۇھىم دىنىي

قارارگاھلىقىنى كۆرسىتىدۇ. سىمسىم قىزىل تاشكېمىرلەر تۈركۈمىنىڭ بىرىنچى دەۋرىدىكى تاشكېمىرلەر بىلەن بىللە بىنا قىلىنغان.

مازارباغ — كىرىش تاشكېمىر تۈركۈمى — كۇچانىڭ شەرقىي شىمالى يۆنىلىشىدە 30 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى 5 - رايون 3 - كەنت تەۋەلىكىدە. سىمسىم تاشكېمىرلىرى بىلەن مازارباغ تاشكېمىرلىرىنىڭ ئارىسى بەش كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ تاشكېمىر تۈركۈملىرىمۇ مازارباغ كەنتىدىن غەربىي جەنۇبقا يېرىم كىلومېتىر ئارىلىقتىكى قۇرۇقتاغ باغرىغا جايلاشقان. تاشكېمىرلەر ئورۇن تاشلاپ غەرب، ئوتتۇرا ۋە شەرقتىن ئىبارەت ئۈچ گۇرۇپپا، جەمئىي 34 كېمىر. تاشكېمىرلەرنىڭ كۆپى غۇلاپ چۈشكەن، بىرقەدەر ياخشىراق ساقلانغان 1 -، 9 -، 11 -، 26 -، 29 - كېمىر تاملىرىغا كۆركەم يارالمىش قىسمەتلىرى سىزىلغان. 1 - كېمىردىكى ئاق بۇغىنىڭ سۇترا سۆزلىگەننى ئاڭلاۋاتقانلىقى، ساكيامونىنىڭ ياۋا بۇغىلىق باغدا سۇترا سۆزلەۋاتقانلىقى قاتارلىق كۆرۈنۈشلەر باشقا تاشكېمىرلەردە ئۇچرىمايدۇ.

كىرىش تاشكېمىرىگە قېرى براھماننىڭ پۇكلىنىپ تۇرغان رەڭدار تام رەسىمى، قۇياش دىۋىسىنىڭ چاق ئۈستىگە باداشقان قۇرغان، ئارقىسىدا ئوت چاقناۋاتقان، چەۋەنداز — ھەربىي قىياپەتلىك رەڭدار رەسىمى سىزىلغان. بۇ رەسىم قۇمتۇرا تاشكېمىرلىرىدىكى قۇياش دىۋىسى (sura) سىزىلغان تام رەسىمدىن پەرقلىق ئىشلەنگەن.

يۇقىرىدا كۆسەن تاشكېمىر تىزمىسىدىكى ئون تۈركۈم 501 كېمىر ئىچىدە 276 كېمىردە تام رەسىملىرى ساقلانغانلىقىنى، يېقىندا بىرىدىن بۇددىھا ھەيكىلى تېپىلغانلىقىنى ئېيتتۇق. بۇ تاشكېمىرلەر ئىچىدە ھاياتلىق مەنبەسى بىرقەدەر ياخشى بولغان دائىملىق سۇ ۋە يۇرتقا يېقىن جايلاردىكى قىزىل، قۇمتۇرا، سىمسىم تاشكېمىرلىرى بىرقەدەر ياخشى ساقلانغان. سۇ

مەنبەسى قۇرۇغان جايلاردىكىلىرى بالدۇر خارابلاشقان. بۇلاردىن باشقا، ئىسلامىيەتكە يېقىنراق جايلاشقانلىرىنىڭ ۋەيران قىلىنىشى بالدۇرراق بولغان. چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى ۋەيران قىلغانلىرى ھەممە تاشكېمىرلەردە دېگۈدەك كۆزگە چېلىقىدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ھازىرقى ۋەيرانە ھالەتتىكى كۆلىمى جەھەتتىن قىزىل تاشكېمىر تىزمىلىرى يەنىلا بۇددىزم سەنئىتىنىڭ بۆلىقى ۋە ئىزچىل ئاسرالغان سالونى بولغان پاكىستان ۋە ھىندىستاندىكى قەندىھار، ماخۇرا، ئاجانتا[6] باميان تاشكېمىرلىرىنىڭ ھەر بىرىگە سېلىشتۇرغاندا يەنە زور بولغان. ئۇ ئېگىزقۇم (موگاۋكۇ)، يۈيلىن، غەربىي مىڭئۆي، شۈيشياكۇدىن ئىبارەت تۆت تۈركۈمدىن تەشكىل تاپقان دۇنخۇاڭ (492 كېمى) تاشپكېمىر تىزمىسىدىنمۇ كەم ئەمەس. ئېيتىش كېرەككى، مىلادىيە 10 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئاسىيادا مۇنچىلىك چوڭ، ئاۋات، نەپىس سەنئەت پاۋلىئونى بولمىغاندى.

كۇسەن تاشكېمىر تىزمىلىرى بىلەن تۇرپان تاشكېمىر تىزمىلىرى ئارىسىدا كورلىدىكى ناقساتلا تاشكېمىرلىرى(那克沙特拉石窟) بىلەن قاراشەھەر مىڭئۆي تاشكېمىرلىرى تۈركۈملىرى ساقلانغان. ناقساتلادىن تېپىلغان چېچىنى چوققىسىغا باتتىلىۋالغان، ئىككى قولىنى گۈل تۇتقان ھالەتتە كۆكسىگە قويغان بۇددىھانىڭ يېرىم ھەيكىلى بىلەن بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان، بېلىنى باغلىغان بۇددا ھەيكىلى چەت ئەلگە ئېلىپ كېتىلگەن.

قاراشەھەر ـ شورچۇق مىڭئۆيلىرى ـــ چوڭ كۆلەملىك جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئىبادەتخانا غەربىي شىمالدىكى تاغقا قېزىلغان ئون تاشكېمىردىن تەشكىل تاپقان. تاشكېمىرلەر قىزىل تاشكېمىرلىرىنىڭ 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ.

غەربىي ئىبادەتخانا ئايۋان ۋە 23 مېتىر ئۇزۇن، 21 مېتىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەڭلىكتىكى ساراي، ئىبادەتخانا ئالدىدىكى مۇنار ۋە كۆپلىگەن ھۇجرىلاردىن تەشكىل تاپقان. شىمالىي ئىبادەتخانىنىڭ ئارقىسى ئۈچ سارايدىن تۈزۈلگەن. ئىبادەتخانىنىڭ ئالدىدا ئون مېتىر ئېگىزلىكتە ناغرا مۇنارىسى، كەينىدە ئالتە كىچىكرەك مۇنار (ستوپا) بولۇپ، ھەيۋەتلىك كومپلېكس قۇرۇلما كېسەكتىن ياسالغان. بۇت سۇنۇقلىرى، تام رەسىمى سۈيۈلمىلىرى تېپىلغان.

تۇرپان تاشكېمىر تىزمىلىرىغا تۇيۇق، يارغول، سىڭگىم، بېزەكلىك، لەمجىن، بەشبالىق تاشكېمىر تۈركۈملىرىنى كىرگۈزۈش مۇمكىن.

تۇيۇق تاشكېمىرلىرى ــ ئاۋرېل ستەيننىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، خۇددى ھەرە كۆنىكىدەك پۈتۈن تاغ باغرىنى قاپلىغان. تۇرپان ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بۇ تاشكېمىرلەر قوچۇ شەھەر خارابىسىدىن پەقەت 15 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تۇيۇق جىلغىسىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي ئىككى قاسنىقىغا جايلاشقان. بىرقانچە قېتىملىق يەر تەۋرەشتە كۆمۈلۈپ قالغانلىرىنىڭ بىزگە نامەلۇملۇقىنى نەزەردىن ساقىت قىلغاندا، ھازىر 46 كېمىر ساقلانغان. بۇ كېمىرلەرنىڭ 25 ى غەربىي قاسناقتا، 21 ى شەرقىي قاسناقتا جايلاشقان.

1879 ـ يىلى رۇسىيىلىك بوتانىك لېگىل (雷格尔) بۇ يەردە كاتتا بۇددا ئىبادەتخانىسىنى كۆرگەنلىكىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، 1883 ـ يىلى رۇسىيىلىك روبرووۋسكىي كېلىپ، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە كىتاب، قولىيازمىلارنى ئېلىپ كەتكەن. 1879 ـ يىلى رۇسىيىلىك كېلېمىنتىس ئىسىملىك ئارخېئولوگ كېلىپ، تام رەسىملىرى ۋە قولىيازمىلارنى ئېلىپ كەتكەن. 1903 ـ يىلى ياپونىيىلىك كىزۇيتورو (桔瑞超)، نومۇرا ساكاسىمىسى (野村荣三) ئىككىسى ئەنجۇخان (443 ــ 450) كۆچۈرتكۈزگەن «بۇددىھا ئېيتقان بۇدساتۋالىق

سۇترىسى» (佛说菩萨经) نى ياپونىيىگە ئېلىپ كەتكەن. 1905 ـ يىلى گرونوۋېدېل، فون لىكوك (ئۇنىڭ ياردەمچىسى باتاس) قاتارلىقلار بۇ يەردىكى سەنئەت يادىكارلىقلىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالغان. گرونوۋېدېلدەك ئاۋايلاپ سىزىپ ئېلىشنىڭ ئەكسىچە، فون لېكوك شۇ يىلى ۋە 1907 ـ يىلى 35 ئادەمنى ئىشقا سېلىپ رەسىملەرنى ئويۇۋالغان ۋە خۇپىيە خانىدىكى نومىلارنى ئېلىپ كەتكەن. ئۇ بۇ توغرۇلۇق: «بىز تۇيۇقتىن بىرمۇنچىلىغان چىرايلىق تام رەسىملىرى ۋە بۇد پارچىلىرىنى تاپتۇق. بۇنىڭدىن باشقا، خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە قولىيازمىلارنى تاپتۇق، ئۇلارمۇ ناھايىتى نۇرغۇن» دەپ يازغان.

تۇيۇق تاشكېمىرلىرى تەخمىنەن مىلادىيە 4 ـ، 7 ـ ئەسىرلەرگە مەنسۇپ بولۇپ، تۇرپان بۇددىزمىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تەسۋىري سەنئەت خەزىنىسى ئىدى. ئىسلامىيەت ئىستېرىيىسى ئۇنى خارابىلاشتۇرغاندىن تاشقىرى، يەرلىك ئاھالە ئۇنىڭغا «ئەسھابۇل كەھف» نامىدا سىرلىق ئىسلام يېپىنچىسى ئارتىپ، ئەسىرلەر داۋامىدا بىرقەدەر ساقلاپ كەلدى. ھازىرغىچە دۇنيادا ئۇنىڭدىن ئارتۇق جايدا نامى تەكرارلىنىپ كەلگەن بۇ سەككىز ئەۋلىيا (يەتتە كىشى، بىر ئىت) نىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى ئەپسانىنى مۇللا مۇسا سايرامى «تارىخىي ئەمنىيە» دە رەت قىلغانىدى. شۇنداقتىمۇ كىشىلەر ئۇخلاۋاتقان ئەۋلىيالارغا دەخلى قىلماسلىق روھىيىتى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇنى قوغداپ قېلىش رولىنى ئوينىدى.

تۇيۇق غارلىرى كۇسەن شەكلىدە ئوتتۇرىسىدىن تۇۋرۇك (كېتىك) قالدۇرۇپ ئىشلەنگەن كېمىرلەردىن تاشقىرى، ئاساسەن تۇرپانچە ئۇزۇن كېمىر شەكلىدە قېزىلغان. ئىلگىرى سۇ بويىدىكى تاغ ئاستى تۆپىلىكىگە «ساجۇنىڭ خەرىتىلىك نومى» دا يېزىلغاندەك چوڭ تىپتىكى ئىبادەتخانا ۋە بەش مۇنار بىنا قىلىنغان «ئەۋلىيالار خىلۋەتگاھى» ئىدى. ھازىر ئۇلارنىڭ ئىزلىرىلا قالغان، ئۆزى كۆمتۈرۈلگەن. قارىماققا، تۇيۇق

تاشكېمىر ۋە ئىبادەتخانا ساراي ـ مۇنارلىرى قىزىلدىكىدەك بىر كومپلېكس قىلىپ ياسالغان.

تۆۋۇق تاشكېمىرلىرىدە 1 ـ، 2 ـ، 12 ـ، 20 ـ، 38 ـ، 40 ـ، 41 ـ، 42 ـ، 44 ـ كېمىرلەردىلا تام رەسىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىزى ساقلانغان.

40 ـ، 41 ـ، 44 ـ كېمىردە بىر بۇددىھانىڭ ئىككى بۇدساتۋاغا نوم سۆزلەۋاتقانلىق كۆرۈنۈشى سىزىلغان. بۇنىڭدا بۇددىھا نىلۇپەر گۈلى ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان، ئۇنىڭ ئىككى يېنىدىكى بۇدساتۋالار بۇددىھاغا سەل ئېگىلگەن هالدا ئىككى ئالىقىنىنى جۈپلىگەن. 41 ـ تاشكېمىردە بۇددىھانىڭ بېشىدىكى گۈللۈك تاج باشكىيىمدىن تاشقىرى، تاملارغا قاتار مىڭ بۇرھان ئوبرازلىرى سىزىلغان. ئۇلارمۇ قوللىرىدا ديانا تامغىسى (禅定印) تۇتۇپ، نىلۇپەر ئۈستىدە ئولتۇرۇشقان، 44 ـ تاشكېمىردە ئۇلارنىڭ كىيىملىرى ئوت قىزىل، جىگەررەڭ، گىل رەڭ، كۆل رەڭ، يېشىل قاتارلىق رەڭلەر بىلەن رەتكە تىزىلغان.

بۇ تاشكېمىرلەرنىڭ تۆۋەنكى تاملىرىغا يارالمىش ھېكايىلىرى سىزىلغان بولۇپ، «بۇدساتۋانىڭ دېڭىزغا چۈشۈپ مەرۋايىت سۈزۈشى»، «چانتىپولىنىڭ (提婆株) قول ـ پۇتىنى كەسكەنگە بەرداشلىق بېرىشى»، «شاھزادە تەن موكەن (昙摩钳) نىڭ بۇددارما (بۇددا قانۇنى) يولىدا دوزاخقا كىرىشى»، «مايترىبالارادجا (慈力王) نىڭ بەش يەكسا (夜叉) غا قېنىنى تەقدىم قىلىشى»، «شاھزادە سادونا (萨蚕那) نىڭ ئۆز تېنىنى يولۋاسقا يەم قىلىپ بېرىشى»، «ماھاراجا سىبى (尸毗大王) ئۆزىنىڭ كۆزىنى براخمانغا سەدىقە قىلىشى» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. كېيىنكى «جاتاكا» دا: «بۇرۇنقى زاماندا سادىيارۇق (妙光) ناملىق بىر پادىشاھ بولغانىكەن ...» دېگەن خەتلەر تامغا خەنزۇچە يېزىلغان. بۇ ھېكايە نەزم ـ نەسر شەكلىدە سىبىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمەلدار، خانىكىسى، تېۋىپلارنىڭ نەسىھىتىگە قارىماي

قارىغۇ قىياپىتىدە ئالدىغا كەلگەن براخمانغا ئىككى كۆزىنى ئويدۇرۇپ بېرىپ، تەركىدۇنيا بولغانلىقى، ئاخىر ئىككى كۆزى ۋە ئەقىل كۆزى پەيدا بولغانلىقى ھېكايە قىلىنغان. بۇ تامغا يېزىلغان خەنزۇچە خەتلەرنىڭ ئۇسلۇبىغا قاراپ، بۇ كېمىرنى ئۇ خەتلەر بىلەن ئوخشاش ئۇسلۇبتىكى جىن (晋) دەۋرىدە قېزىلغان بولۇشى مۇمكىن دەپ تەخمىن قىلىنماقتا. كېمىر تورۇسلىرىغا رۇمبا شەكلىگە ئېلىنغان يۇلتۇزلار، بۇددىھانىڭ ئىستىقامەت (دىيانا) قىلىۋاتقانلىقى ۋە بۇددىھانى قوغدايدىغان دىۋاراجا (天王) رەسىملىرى — ساماۋى فىگۇرىلار سىزىلغان. بۇ يەردە دىيانا قىياپىتىدە ئولتۇرغان مىڭ بۇرھان ئوبرازى دىققەتكە سازاۋەر.

2 ـ، 12 ـ، 38 ـ كېمىرلەر كۇسەن شەكلىدە تۇۋرۇك قالدۇرۇپ قېزىلغان بولۇپ، تۇۋرۇكلەر ستۇپا (مۇنار) لىق رولىنى ئوينىغان. بۇلارنىڭ ئويۇنلىرىدىكى بۇددىھا ھەيكىلى ساقلانمىغان. ئويۇقتا يۇلغۇنسىمان نەقىش سىزىلىپ مىڭ بۇرھان رەسىملىرى، ئالتە ياپراق گۈل نەقىشى بىلەن ئۈزۈم شەكلى سىزىلغان. بۇ تاشكېمىرلەرگە سىزىلىشى بىر ـ بىرىدىن پەرق قىلىسمۇ، يەنىلا دىھارما (بۇددا ھېكمىتى) سۆزلەۋاتقان بۇددىھا ۋە تىڭشىغۇچى بۇدساتۋالار سىزىلغان. قالدۇرۇلغان تۇۋرۇكنى بويلىغان تاملارغا دىيانا (ئىستىقامەت) شەكلىدە ئولتۇرغان كۆپلىگەن مىڭ بۇرھانلار سىزىلغان.

غەربىي قاسناقتىكى 1 ـ، 20 ـ، 42 ـ تاشكېمىرلەر ئالاھىدە بولۇپ، قارىماققا بۇ دىيانا (禅那) كېمىرلىرىدەك قىلىدۇ. بۇ كېمىرلەرنىڭ تاملىرى ئاق بويالغاندىن كېيىن قارا رەڭدە كاتەكچىلەر سىزىپ، ئىچىگە سۇ كۆلچەكلىرى، نىلۇپەر، دەرەخ، قۇلۇلە، ئۆردەكلەرنىڭ سۇدا ئويناۋاتقانلىقى ئىپادىلەنگەن. بۇنداق رەسىملەر ئېلىمىزدىمۇ ئۆزگىچىلىككە ئىگە. بۇ يەردىكى رەسىملەر ساماۋى ھايات دىيارىنى، كۆڭۈللۈك دۇنيانى ياكى ئاسماننى، ئەرشئەلادىكى پاك زېمىننى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

(Sukharati — 净土) گەۋدىلەندۈرسە كېرەك. 1 ـ، 42 ـ كېمىرلەرنىڭ ئاستى قىسمىغا «يارالمىش ھېكايىلىرى» سىزىلغان. 42 ـ كېمىرنىڭ تورۈسى بىلەن ئىككى قانىتىغا بېكسۇ — راھىبلارنىڭ ئولتۇرۇپ دىيانا قىلىپ، دىنىي تەپەككۇرىغا غەرق بولغان قىياپەتلىرى سىزىلغان. تورۈسنىڭ ئوڭ تەرەپ ئارقا قىسمىغا بىر بېكسۇنىڭ فىكوس دەرىخى ئاستىدا دىيانا قىلىپ ئولتۇرۇپ دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ تۇرۇشىنى تىنچ كۆزىتىۋاتقانلىقى سىزىلغان. رەسسام بۇ بېكسۇ ئالدىدا ئىككى ناكەسنىڭ قالايمىقان ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلىقىنى سىزىش ئارقىلىق، بېكسۇنىڭ ئىستىقامىتىنىڭ تەسىرگە ئۇچرىمايدىغانلىقىنى ياندىن ئىپادىلىگەن. يەنە بىر تەرەپتىن چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ ھۆرمىتىنى يەرگە ئۇرماستىن، بېكسۇ دىيانا قىلىۋاتقان دەرەخكە بەرباب، غوڭقا، بالىمان قاتارلىق چالغۇلارنى ئېسىپ قويغان. بۇ تاشكېمىرگە سەككىز جايغا ئۇچار مالائىكىلەر (飞天)نىڭ رەسىمى سىزىلغان. تۆيۈق غارلىرىدىن مىلادىيە 9 ـ ئەسىردە ياسالغان 11 باشلىق ئاۋالوكىتېسۋارنىڭ ياغاچ رەڭلىك پۈتۈن ھەيكىلى تېپىلغان.

ئومۇملاشتۇرۇپ قارىغاندا، تۆيۈق تاشكېمىرلىرى تۆرپان دىيارىدا ئەڭ قەدىمكى تاشكېمىرلەر بولۇپ، تام رەسىملىرى دەسلەپ ھىنايانا، كېيىنچە مىڭ بۇرھان ۋە پاك زېمىن قاراشلىرىنى نۇقتىلىق ئورۇنلارغا سىزغان. ساكيامونىدىن باشقا مايترى ئوبرازىمۇ سىزىلغان. بېكسۇلارنىڭ قېتىرقىنىپ بۇددا ھېكمەتلىرىنى ئۆگىنىشكە ئىلھام بېرىدىغان كۆرۈنۈشلەر ئالاھىدە سىزىلغان. دىيانا — تەپەككۇر تەربىيىسى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. كېمىر ئۆيلەردە تۆرپانچە تۈز ئۆيلەر تولىراق قېزىلغان ۋە 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ كېمىرلەردە بۇددىھا ئولتۇرغان نىلۇپەر سۇپا ئورنىغا يەرلىك كارىۋات شەكلى سىزىلغان.

تۆيۈق كېمىرىنىڭ بەزىلىرى، بولۇپمۇ تۈزلۈكتىكى ئىبادەتخانا ۋە شەرقىي جىلغا قاسىنىقىدىكى كېمىرلەر مىلادىيە

9 ـ، 10 ـ ئەسىرلەرنىڭ بېشىدىلا تاشلىنىلىشقا باشلىغان، ئۇلار كېيىنچە ياتاق ھۇجرا ۋە ئامبار ـ قازناق قىلىنغان. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىن باشلاپ تۇيۇق تاشكېمىرلىرى رېمونت قىلىنىشقا باشلىغان. خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى 1928 ـ يىلى تۇيۇق جىلغىسى ئاغزىغا ئورنىتىلغان بىر ئابىدىنى تاپقان، ئۇنىڭدا: «ئىبادەتخانا ئېگىسىز ۋەيران بولۇپتۇ، بىزكى راھىب ئەنسارى (安信僧) بىلەن تۇدۇمۇ سالى (土都木萨盟) ئۇنى رېمونت قىلىپ، يېڭى ئىبادەتخانا قىلدۇق» دېگەن خەت يېزىلغان. بۇ قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىن كېيىن، تۇيۇق كېمىرلىرى يەنە بىر مەزگىل داۋاملاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

سىڭگىم ئېغىزى بۇددا ئىبادەتخانىلىرى — مۇرتۇق جىلغىسىنىڭ چىقىش ئېغىزىنىڭ يالقۇنتاغ شەرقىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، تۆت ئورۇندا جەمئىي ئون كېمىر ساقلانغان. ئۇنىڭ ئىككىسى يالقۇنتاغ ئېغىزىنىڭ يېرىم بېلىدە، قالغان ئىككىسى تاغ باغرىدىكى ھازىرقى تۇرپان ـ پىچان تاشيولىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا، تاغ بېلىگە جايلاشقان كېمىرلەر تاغ قىياسىغا چاپلاپ كېسەك بىلەن خۇددى تاشكېمىردەك ياسالغان بولۇپ، ئۈستىنى كېمىرچە ئەگمە قىلغان. غەرب تەرەپكە كېسەكتىن راھىبلار ھۇجرىلىرى قوپۇرۇلغان. بۇلاردىكى تام رەسىملىرىدە باراقسان مەجنۇنتال، ئۈزۈم تەكلىرى، تورۇسلاردا ساقلىنىپ قالغان مىڭ بۇرھان رەسىملىرىنىڭ قالدۇقلىرى بولۇپ، ھەممە كېمىر ئۆيلەردە دېگۈدەك كونا ئۇيغۇر يېزىقى ئۇچرايدۇ، يول ياقىسىدىكى ئىبادەتخانا ئورنى كېسەكتىن تۈز ياسالغان بولۇپ، قاراشەھەر مىڭئۆي ئىبادەت سارىيىغا ئوخشايدۇ. ئەڭ جەنۇبتىكى خارابىدە براخمى، ئۇيغۇر، خەنزۇ يېزىقلىرى ۋە كەييۇەن تومپۇر پۇلىنىڭ سۇنۇقلىرى تېپىلغان. «قىزىلتاغ» دەپ ئاتىلىدىغان يالقۇنتاغ بويىدىن كونا ئۇيغۇر يېزىقىدا «خان بۇخارىق ئىدىقۇ، قوچۇدىكى قىزىلتاغقا قايتا ئىبھرام ياساتتى» دېگەن خەت چېكىلگەن تاش چىققان. ئەھۋالدىن قارىغاندا، سىڭگىم بۇددا ئىبادەتخانىلىرى تاڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۇلالىسىدىن ئىلگىرى ياسىلىپ، كېيىن قايتا ياسالغان، ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى مەزگىلىدە قايتا ياسىلىپ، گۈللەنگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ بۇددا مەنزىلگاھلىرىدىكى هازىرقى خارابىلەرنى بىردىنبىر خارابە ۋە يادىكارلىق دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈش قىيىن.

بېزەكلىك تاشكېمىر تۈركۈمى — هازىرقى تۇرپان شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 40 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى مۇرتۇق جىلغىسىغا بۇرۇلۇپ ئون كىلومېتىر يۈرۈپ، مۇرتۇق كەنتىگە بارىمىز. بۇ كەنتتىن ئىككى يېرىم كىلومېتىر ئۇزاقلىقتىكى مۇرتۇق جىلغىسىنىڭ غەربىي سۈپىسىغا قېزىپ ئىشلەنگەن بېزەكلىك تاشكېمىر تۈركۈمىگە بارغىلى بولىدۇ.

بېزەكلىك — كۆمۈش تاغلىرىنىڭ شەرقىدىكى ئەڭ چوڭ بۇددا تاشكېمىرى بولۇپ، 57 كېمىر ۋە يېڭى تېپىلغان ئۈچ كېمىردىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭ ئەڭ كۆپ ۋاقىتتىكى ئەسلى سانى بىزگە نامەلۇم.

ئاۋرېل ستەيىن «غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيە خاتىرىلىرى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 186 - بېتىدە (شاڭ دا تەرجىمە قىلغان خەنزۇچە نۇسخىسى): «بايلىقى ۋە تەسۋىرىي سەنئىتى جەھەتتە ئۇنىڭغا تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ھېچقانداق شۇ خىل خارابە تەڭ كېلەلمەيدىكەن، ھەتتا پەقەت دۇنخۇاڭ مىڭئۆيلىرىدىكى مەزمۇنغا باي قەدىمكى رەسىملەر ئۇنىڭغا تەڭلىشەلىشى مۇمكىن» دەپ يازغانىدى. بۇ سۆزلەرنى ئاۋرېل ستەيىن 1914 - يىلى 12 - ئايدا دۇنخۇاڭدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يازغان. ۋەھالەنكى، كېيىنكى مەزگىلدىكى سۇنئىي ۋەيرانچىلىق تۈپەيلىدىن بۈگۈنكى كۈندە مۇنداق يېزىش قىيىن. ئۇ گەرچە تۈركىيىلىك نايىق شەمسىددىن، ئەفرازگولاخان قاتارلىقلار بىلەن بۇ يەردە ئىككى ئاي تۇرۇپ، 50 نەچچە تۆگە، 100 نەچچە ساندۇق گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئوغرىلاپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ ئەينى زاماندىكى

بىر ناچار روھىيەتنى ئەينەن تىلغا ئالغان. ئۇ يۇقىرىقى كىتابىنىڭ 186 ـ بېتىدە مۇنداق دېگەن: «مەبۇدقا ئىشەنمەيدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئاتايىن بۇزغانلىرى ئاز ئەمەس. ھازىرمۇ يەرلىك كىشىلەر يەنە بۇزۇشۇۋېتىپتۇ. ئۇلار تولىمۇ نادانلىق بىلەن تام رەسىملىرىنى بىر قىسىم ـ بىر قىسىمدىن سويۇپ ئېلىشىپ ياۋروپالىقلارغا ساتماقتا»، «ئۇنىڭ يېقىن كەلگۈسىدە بۇزۇلۇپ تۈگەپ كېتىشى ناھايىتى ئېنىق.»

بېزەكلىك تاشكېمىرلىرىنىڭ ئىچىدە ئاز بىر قىسمى (مەسىلەن، 18 ـ كېمىر) يارلىقىنى ئويۇپ، بىر قىسمىنى كېسەكتىن كېمىر ياكى يېرىم تۇخۇم (安荼) شەكىللىك گۈمبەز قىلىپ ياسالغان. تاشكېمىرلەر ئومۇمەن ئىككى خىل بولۇپ، بىرى، ۋەز ـ ئىبادەت پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىبھرام ( caitya) لار، بىر قىسمى، ئىستىقامەت (vihara) كېمىرلىرىدىن ئىبارەت. ئىبھرام كېمىرلىرى (1 ـ، 9 ـ، 16 ـ، 19 ـ كېمىرلەر) ئۇزۇن كېمىرلىك ۋە تۆۋرۈك ـ مۇنارلىق بولۇپ، بىھارا كېمىرلىرى ھەر خىل. ئۇنىڭ بەزىلىرى تۆت چاسا، بەزىلىرى ئۇزۇن كېمىرلىك، بەزىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇت سۇپىسى بار، بەزىلىرىنىڭ ئارقىسىدا يەنە كىچىك ھۇجرىلىرى بار. كونا خارابىلەر ئارىسىدا يەنە ناغراخانىلارنىڭ ئىزلىرى ساقلانغان.

بېزەكلىك تاشكېمىرلىرىدە بۇت ھەيكەللەر — مەيلى بۇددىھا، مەيلى بۇدساتۋا ھەيكەللىرى ساقلانمىغان. تام رەسىملىرى ھەم ھىنايانا، ھەم ماھايانا بويىچە باشقا تاشكېمىر تۈركۈملىرىگە ئورتاقلىقا، ھەم ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى بۇددا مەدەنىيىتى ۋە ئېستېتىكىسىنى گەۋدىلەندۈرگەن ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئېيتىش كېرەككى، كۇچا تاشكېمىرلىرىدە، قاراشەھەر مىڭئۆيلىرىدە «كۇسەن ئۇيغۇرلىرى» بۇددا سەنئىتى ئىپادىلىرى روشەن كۆرۈنگەن بولسىمۇ، قۇمتۇرا ۋە بېزەكلىك تاشكېمىر تۈركۈملىرى بۇ جەھەتتىكى تىپىك ئۈلگە ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

بېزەكلىك تام رەسىملىرى باقان ـ ساخاۋەت قىلغۇچى ئۇيغۇر خانلىق ئائىلىسىنى (Havira — 供养) گەۋدىلەندۈرگەن. ھەتتا تۆت بولۇڭغا سىزىلغان بۇددىھا (ساكيامونى) نى قوغدىغۇچى ئەرش ئىلاھى دىۋاراجا ئوبرازلىرىنىڭ ئورنىغا ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىرى جەمەتى ياكى تەمىر ـ ساخاۋەتچىلەرنى سىزغان. بۇ ئىلاھىيەتكە قارىغاندا بۇددىھانى تەمىر ـ ساخاۋەتچىلەر قوغداۋاتقانلىقىنى تەكىتلىگەندىن بېشارەت بولۇشى ئېھتىمال. موللىلىرىنىڭ يېزىشچە، مۇرتۇق ـ بېزەكلىك تاشكېمىرلىرىگە كىرىش ئىشىكىنىڭ ئوڭ قاسنىقىدا قارا كىيىم كىيگەن، ئىسمى ئۇيغۇرچە يېزىلغان، بېشىغا ئاق باش كىيىمى كىيگەن، 12 ئۇيغۇر قاتار تۇرغان تام رەسىمى سىزىلغان. كىرىش ئىشىكىنىڭ سول قاسنىقىدا سېرىق كىيىم كىيگەن، ئىسمى سانسكرىت يېزىقىدا يېزىلغان، بېشىغا قارا باش كىيىمى كىيگەن 12 ئۇيغۇر قاتار تۇرغان تام رەسىمى سىزىلغان.

20 ـ كېيىمىردىكى، تەخمىنەن مىلادىيە 10 ـ ئەسىردە سىزىلغان دەپ قارىلىۋاتقان تام رەسىمدە خۇددى ئارسلاندەك چەبدەس، بېشىغا تاج كىيگەن، پۇتىغا قارا ئۆتۈك كىيگەن، بېلىدىكى كەمەرگە پىچاق، چاقماق ئاسقان ئۇيغۇر ئارسلانخانى بىلەن خۇددى لاچىندەك غەيۇر، بېشىغا گۈزەل تاج تاقىغان، ئۇستىگە قايرىما ياقىلىق، ئىنچىكە يەڭلىك قىزغۇچ كىيىم كىيگەن خانىكە رەسىمى سىزىلغان. بۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر ئىدىقۇتى بىلەن خانىكىنىڭ بۇددىھا ئالدىغا ساخاۋەت قىلىپ كىرىپ، ئېھتىرام بىلدۈرۈۋاتقان كۆرۈنۈشى سىزىلغان تام رەسىمى بېرلىنغا ئېلىپ كېتىلگەن، بۇ رەسىملەر 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا بېرلىن بومباردىمان قىلىنغاندا كۆيۈپ كەتكەن.

بېزەكلىك تاشكېمىرلىرىنىڭ تاملىرىغا يەنە ھەر ساھەدىكى تەمىر ـ ساخاۋەتچىلەرنىڭ ئوبرازلىرى سىزىلغان بولۇپ، بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر بۇددىزمىنىڭ گۈللەنگەن مەنزىرىسى ئەكس ئەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئەينى زامان ئېتنولوگىيىسىگە ئائىت


بىۋاسىتە تارىخىي ئۇچۇر ۋە تەسۋىرىي كۆرۈنۈش قالدۇرغان. بۇ ساخاۋەتچىلەر تولا ھاللاردا گۈل تۇتقان كۆرۈنۈشتە سىزىلغان.

تۇرپان تاشكېمىرلىرىدە، بولۇپمۇ بېزەكلىك تاشكېمىرلىرىدە «ئۆزگەرتىلگەن قىياپەت»⑦ (لاكشانا — 变相 ) بويىچە سىزىلغان تەمىر - ساخاۋەتچىلەرنىڭ قىياپىتىدە قەندىھار تەسىرى سىقىپ چىقىرىلغان، خەلققە يېقىن، خەلق ئاسان قوبۇل قىلىدىغان رەسىم قىياپەتلىرى بولدى. ئۇلار بېكسۇلارنى، يىراقتىن كەلگەن كارۋانلارنى، دېھقان - چارۋىچىلارنى ئۆز قىياپەتلىرى بىلەن سىزىشقان.

بېزەكلىك تاشكېمىرلىرىدە، فون لېكوكنىڭ يېزىشىچە، يەنە ئۇيغۇر ئىدىقۇتىنىڭ مەھرەملىرى بىلەن شىكارغا چىققانلىقى، ئادەمسىمان باشلىق بىر قۇشنى قوغلاپ كېتىۋاتقان ئوۋچى، ئالتە قوللۇق بىر ئالۋاستىنىڭ بىر توپ بالىلارنى تۇتۇۋالغان كۆرۈنۈشى قاتارلىق تام رەسىملىرى خۇددى ھازىر سىزغاندەك، كۆزنى قاماشتۇرارلىق بولغان. فون لېكوك بۇ يەردىن 620 پارچە تام رەسىمى، 290 دانە ھەر خىل ھەيكەللەرنى 128 ساندۇققا قاچىلاپ، ساندۇقتا پاتمىغانلىرىنى ئىرغىتىپ تاشلاپ چېقىۋەتكەن، قالغانلىرىنى بېرلىنغا ئېلىپ كەتكەن.

تۇرپان بېزەكلىك تام رەسىملىرىدە ھەتتا ساكىيامونى (بۇددا) ئوبرازىمۇ تار ئېغىز، تۆۋەن كالپۇكى قېلىن، ئۈستۈنكى كالپۇكى نىپىز، يۇمىلاق ئېڭەك، پۇتىغا چورۇق كىيگەن. نىلۇپەر سۇپا ( padmasana )دا ئولتۇرغان، مېھرىبان قىياپەتتە دىھارما (ھېكمەت) سۆزلىگەن قول ئىشارىتى (sanda drsana mudra) بىلەن سىزىلغان. ئاۋرېل ستەيىن ئۈستىگە قىزىل كاسايا كىيگەن، كىيىملىرىدىن لېنتىلار ساڭگىلاپ تۇرغان بۇددا ئەتراپىغا ھەر خىل بۇدساتۋا، تەمىر - ساخاۋەتچىلەر ۋە راھىبلارنىڭ ئوبرازى سىزىلغان بۇ رەسىمنى ئېلىپ كەتكەن. بېزەكلىك 33 - كېمىرنىڭ ئارقا تېمىغا ساكىيامونىنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ نىرۋانا سۇپىسىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



33 ـ رەسىم. ساخاۋەتچى بېگلەر

ياتقانلىقى، ئۇنىڭغا ھەر خىل كېيىنگەن مۇخلىسلارنىڭ قايغۇرغانلىقى سىزىلغان. بۇ شاگىرت ـ مۇخلىسلار ھەر خىل كىيىم، پاسون ۋە قىياپەتتە بولۇپ، يىپەك يولى خەلقئارا ئالاقىلىرى تەسىرىنى ئىپادىلىگەن.

ھەر خىل ئۆزگەرتىلگەن تام رەسىملىرى ئىچىدە دوزاخ ئالۋاستىسىنىڭ قىياپىتى (17 ـ كېمىر)، ھەر خىل مىڭ بۇرھان (22 ـ، 27 ـ، 37 ـ كېمىرلەر) رەسىملىرى، يولۋاس تېرىسى يېپىنغان بۇدساتۋا (48 ـ كېمىر) قاتارلىقلار بار. ھەر خىل چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن ـ بەرباب، بالامان، بەلدۇمباق، مىس جەللە، ھەر خىل نەقىشلەر ـــ گۈل، كەلكۈن، يالقۇن، چەمبەر، گېئومېتىرىك شەكىللەر چۈشۈرۈلگەن.

ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەرى شۇكى، كۇسەن ۋە تۇيۇق تاشكېمىرلىرىدەك بېزەكلىكتىكى 5 ـ، 30 ـ كېمىرلەرگە ئاسمان ئوبرازى رەسىملىرى، ئاي، كۈن، يۇلتۇزلار

چۈشۈرۈلگەن. بېزەكلىك كېمىرلىرىنىڭ 9 ـ، 45 ـ، 51 ـ كېمىرلىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە يېزىقلار بولغاندىن تاشقىرى، قالغان كېمىرلەردە قەدىمكى ئۇيغۇرچە يېزىق كۆپلەپ يېزىلغان.



34 ـ رەسىم. ساخاۋەتچى سودىگەر

بېزەكلىك تاشكېمىرلىرى ئارىسىدا ئىلگىرىكى ھىنايانا تام رەسىملىرى ياكى مانىزمەلىق تاشكېمىرلىرى ئۈستىدىن نېپىز لايدا سۇۋىلىپ، ياكى بىر قەۋەت كېسەكتە ئىچكى كېمىر قوپۇرۇلۇپ، يېڭىدىن ماھايانا ياكى ئۆزگەرتىلگەن قىياپەتتىكى تام رەسىملىرى سىزىلغانلىرىمۇ بار. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا قايسىبىر «ئوقۇتقۇچى» باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى باشلاپ چىقىپ، مىڭ بۇرھان رەسىملىرىنى چوقۇتقانلىقى مەلۇم.

1978 ـ يىلى بېزەكلىك تاشكېمىرلىرى بىر قېتىم رەتلەنگەندە يەنە 800 پارچە ھۆججەت تېپىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەسلىي كوماراجىۋا تەرجىمىسىدىن 559 ـ يىلى كۆچۈرۈلگەن «ساددىھارما پونداريكا سۇترا» (妙法莲华经)، «ئاۋالوكىتسا بۇدساتۋا پەزىلىتى» (观音菩萨门品) قاتارلىق نوملار بىلەن بىر چالىنىڭ ئوغلىنى ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلغان ئۇيغۇرچە شېئىر بار.

**يارغول تاشكېمىرلىرى تۈركۈمى** — يارغول شەھەر خارابىسى جايلاشقان ياردىن بىر كىلومېتىر غەربتىكى يارلىقنىڭ

جەنۇبىغا، يېرىم يارلىققا ئويۇلغان بولۇپ، ھازىر يەتتە كېمىر بار. كېمىرلەر ئىچىدە 5 ـ كېمىرنىڭ غەربىي تېمىدا تۈرك ـ ئورقۇن يېزىقىدىكى بېغىشلىما بار. بۇ كېمىرلەرنىڭ ۋاقتى جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىن ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ.

تاشكېمىرلەر ئارىسىدا بىر ئىستىقامەت بىھارىسى، ئالتە ئېھرام كېمىرى (caitya) بولۇپ، ئوتتۇرىدىكى تۆت كېمىرنىڭ تۆت تېمىغا بىھارا ھۇجرىلىرى ئويۇلغان چوڭ تېپتىكى ئېھرام، ئۇنىڭ كىچىك بىھارىلىرى ئاسمان ئوبرازى ۋە ساخاۋەتچىلەر كۆرۈنۈشى سىزىلغان. ئەڭ شەرقىدىكى 7 ـ كېمىر ئۇزۇن كەتكەن گۈمبەزلىك ئېھرام بولۇپ، تورۇسلارغا نىلۇپەر، قۇش، قۇلۇلە ۋە باشقا بېزەكلەر سىزىلغان.

بەشبالىق قەدىمكى خارابىسىدىن تېپىلغان ياتقان بۇددانىڭ ھەيكىلى ئورۇنلاشتۇرۇلغان تاشكېمىر، يەكەن ناھىيىسى جىمەن رايونىدىكى ھېچ نەرسە قالمىغان ئۈچ كېمىر، قورغاس تاش جىلغىلىرىدىكى يېقىنقى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ بۇددا ئېھرامى بىلەن ئۈچ تاشكېمىرلەردە ئاساسلىق تاشكېمىر سەنئىتى ئۆلگىلىرى تېپىلمىغاچقا، نۇقتىلىق توختالمىدۇق.

بىز ئاساسلىقى كۇسەن، تۇرپان تاشكېمىر تىزمىلىرىنى نۇقتىلىق قىلىپ، قالغان تاشكېمىرلەرنى يانداشتۇرۇپ قارىغىنىمىزدا، ھازىر بىزگە 645 تاشكېمىرنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. بۇ پۈتكۈل شەرق بۇددا تاشكېمىر سەنئىتىدە مىسلىسىز زور ساندىن ئىبارەت. بۇ شىنجاڭ تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ ئەينى زامان شەرق گۈزەل سەنئىتى بويىچە ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

### 3. غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى

مەلۇمكى، تاشكېمىرلەر بۇددىزم ئىستىقامىتى ۋە بۇددىزم تەرغىباتىنى مەقسەت قىلىپ ياسالغان بىناكارلىق، شۇنىڭ بىلەن

بىللە ئۇ ئەينى زامان سەۋىيىسىگە لايىق «گۈزەللىك قانۇنىيىتى بويىچە» قېزىلغان بىناكارلىق سەنئەت ئەسلىھەسى. ئۇ يالغۇز بۇددىزملىق تام رەسىملىرى، ھەيكەلتىراشلىق سەنئەت ئەسەرلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان سالون (دەھلىز) بولۇپ قالماي، ئۆزىمۇ بۇددىزملىق بىناكارلىق سەنئەت ئەسىرىدىن ئىبارەت.

ھازىر كۇچا ـ باي، تۇرپان ـ پىچان ناھىيىلىرىدە ساقلىنىپ قالغان تاشكېمىرلەر ئەينى زاماندا تاغ ـ سۇلۇق، خىلۋەت جايغا ياسالغان بىر قاتار بۇددا ئىبادەتگاھى قۇرۇلمىلىرى سىستېمىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇ يەنە بۇددا مۇنارلىرى، نەزەرگاھ تۇرلىرى، چوڭ شەكىلدىكى خانىلىقلار، جەسەت كۈلى مۇنارلىرى، باغ ـ ئارامگاھ، يول ـ كۆۋرۈكلىرى، پائالىيەت ياكى يىغىلىش مەيدانلىرى قاتارلىقلارنىمۇ مۇجەسسەملەشتۈرگەنىدى. بۇلارسىز نوقۇل ھازىرقىدەك تاشكېمىرلەردە مىڭ يىللاپ سوزۇلغان تۇرمۇشنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. نوقۇل تاشكېمىرلەر بىناكارلىقىمۇ پەلەمپەيلەر، ۋادەكلىك دەھلىز ـ كارىدورلار، ئىشىك ـ دېرىزە، تۈڭلۈكلەر بىلەن تۇرمۇشقا ماسلاشتۇرۇلغان بولۇشىدا گۇمان يوق ئىدى. گېرمانىيىلىك گرونوۋېدىل مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا شىزاڭنىڭ لخاسا شەھىرىدىن تىبەتلەرنىڭ تارىم بوستانلىقلىرىنى ئىگىلەپ تۇرغان دەۋرىدە يېزىلغان قىزىل تاشكېمىر ئىبادەتخانىلىرى توغرىسىدىكى بىر قىسىم ماتېرىيالنى قولغا چۈشۈرگەن. بۇ ماتېرىيالدا سىزىلغان بىر خەرىتە بويىچە ئېيتقاندا، قىزىل تاشكېمىرلىرىنىڭ تەركىبىدە ئىبادەتخانىلار بىلەن راھىبلارنىڭ ئۆيلىرى بولغان. ئۇلار ئالدىدا رەتلىك پېشايۋان ۋە ئۇدۇلدىن قويۇلغان پەلەمپەي بولغان. 25 ـ، 26 ـ تاشكېمىرلىرىنىڭ ئۇدۇلىدا چوڭ تىپتىكى يەر ئۈستىگە قوپۇرۇلغان تۆت چاسا بىھارا بولغان. بۇ يەردە يەنە بەش مۇنار بولۇپ، تۆت بۇرجەكتە تۆتى، ئوتتۇرىدا بىرى بولغان. بۇ خىل بىناكارلىق قانۇنىيىتىنى قاراشەھەر شورچۇق مىڭئۆيلىرىگىمۇ قىياس قىلىش مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى، دىنىي ئېتىقادنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن پەستىكى يەر يۈزىگە قوپۇرۇلغان بىنالار خانىۋەيران بولغان. كېيىنچە تاشكېمىرلەرنىڭ پېشايۋانلىرى، بولۇپمۇ ياغاچتىن ياسالغان قۇرۇلما ۋە ماتېرىياللار قومۇرۇپ ئېلىپ كېتىلگەن. پەقەت تاغقا ئىچكىرىلەپ ئويۇلغان كېمىرلەر گويا تەبىئەت ھىمايىسىدە بۇ تاغلار بىلەن بىللە بۈگۈنگە يېتىپ كەلگەن.

غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىنىڭ بىنا قىلىنىشى توغرىسىدا خەلق ئارىسىدا ھەر خىل ئەپسانە - رىۋايەتلەر ساقلانغان. خوتەن خومارا تېغىدىكى تاشخانا توغرۇلۇق بىز يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك مايتىرىنى ياكى زامان ئاخىرىنى كۈتىدىغان ئارخات ياكى ئىمام مەھدى ئاخىر زامان ئەپسانىسى، قەشقەر - ئاتۇش ئۈچما راۋان، قىزىلقاغا تاشكېمىرلىرى توغرىسىدىمۇ بىز يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك مەلىكىنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇش ئەپسانىسى ساقلانغان. مارالبېشى ناھىيىسىدىكى تۇمشۇق توغرىسىدىمۇ ھەزرىتى ئەلىگە باغلانغان «دۇلدۇلئوقۇر مازىرىم» ئەپسانىسى ساقلانغان. قىزىل ۋە قۇمتۇرا تاشكېمىرلىرى توغرىسىدا كۆسەن قىزى شېرىن ئۈچۈن خوتەن شاھزادىسى پەرھات تاغ كېسىپ قانال قازغانلىقىغا ماسلاشتۇرۇلغان رىۋايەت ساقلانغان. تۇرپان ئەسھابۇل كەھف توغرىسىدىمۇ ئۇ يەردە ئۇخلاۋاتقان يەتتە كىشى ۋە بىر ئىت ئەپسانىسى ساقلانغان. بۈگۈنكى ئەپسانىلىرى قاتارىدا يەنە ئاسوكانىڭ ئوغلى قىزىل تاشكېمىرلىرىنى قازدۇرغان دېگەندەك ئەپسانىلەر بار. بۇ ئەپسانىلەر بىر تەرەپتىن بۇ تاشكېمىر تىزمىلىرىنىڭ چوڭ كۆچ تەلەپ قىلىدىغان مۇشكۈل بىناكارلىق ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى بۈگۈنىمىزنىڭ تارقىلىش ۋە سەنئەتلىشىش تارىخىدىن ئايرىپ، سىرلىقلاشتۇرۇۋەتكەن.

تاغ جىلغىلىرىدا دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىش يالغۇز ساكيامونىغىلا خاس بولمىغان. ئىسا ۋە مۇھەممەد پەيغەمبەرلەرمۇ

دەسلەپىدە جىلغا ۋە ئۆڭكۈرلەردە دىنىي تەپەككۇر بىلەن شۇغۇللانغانلىقى مەلۇم. بۇنداق چوڭ تەبىئەت بىلەن تۇتاشقان خىلۋەت جايلاردا تەبىئەت ۋە ئىلاھىيەت تەسەۋۋۇرىنىڭ ھەر ئىككى ھالقىسى تۇتاشقان بولىدۇ. بىز ھەرقايسى دىنغا خاس بەزى شامان، ئارخات، سوپىلارنىڭ جىلغا ۋە ئۆڭكۈرلەردە تىلاۋەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى بىلىمىز. «قۇتادغۇ بىلىك»دە تەسۋىرلەنگەن ئودغۇرمىشمۇ ئۆڭكۈرنى خىلۋەتگاھ قىلىۋالغان بىر زاھىت ئىدى.

غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىنى ئەينى زامان ئېھتىياجى بويىچە بۇددا راھىبلىرى، ئۇلارغا ئېھسان قىلىدىغان ساخاۋەتچى خان ۋە ئەمەلدارلار، ئىستىقامەت قىلغۇچى تالىپلار ئونلىغان ئەسىرلەر داۋامىدا بىر - بىرلەپ قازغان، ئىسلاھ ۋە پەرۋىش قىلغان. ئۇنىڭ بىناكارلىقى، ھەيكەلتىراشلىقى، رەسساملىقىغا كۆپلىگەن سەنئەتكارلار ۋە ئۇلارنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ ئىجادىي ئەجرى سىڭگەن.

بىز شىنجاڭدىكى بۇددا ئىبادەتخانىلىرى، تاشكېمىرلىرىنى ياسىتقان، ئۇلارنى تەمىر قىلىپ تۇرغان خەير - ئېھسان ئىگىلىرىنى بىلمەيمىز، شۇنىڭدەك ھەيكەلتىراش، رەسسام ۋە بىناكارلىق مۇھەندىسلىرىنىڭ كىملىكىنى بىلەلمەيمىز، ئەلۋەتتە. بەزى تاشكېمىرلەرگە بېغىشلىغان شەكىلدە ئىسمىنى يازغان ناھايىتى ئاز ساندىكى سەنئەتكارلار بىلەن بىناكارلىق ئۇستىلىرىنىڭ نامىنى بىلسەكمۇ، ئۇلارنىڭ پائالىيەت كۆلىمىنى يەنىلا بىلەلمەيمىز. شۇنداقتىمۇ «كۆپكە تاۋاپ قىلىش» دېگەندەك بۇلارنىڭ نامىنى يېزىق يۈزىدە جامائەتكە بىلدۈرۈشنىڭ بەلگىلىك ئەھمىيىتى بار.

ئالدى بىلەن مىلادىيە 4 - ئەسىرنىڭ بېشىدىكى مەملىكىتىمىز بويىچە مەشھۇر بۇددا ئىبادەتخانا بىناكارلىقى سەنئەتكارى، كۇسەنلىك مۇھەندىس بۇددىھا چىڭا (buddhatin — 佛图澄) نىڭ نامىنى تىلغا ئېلىشقا توغرا

كېلىدۇ. بۇددىھا چىڭغا جىن سۇلالىسى پادىشاھى سىماجى (司马炽، 284 ــ 313) ھۆكۈمرانلىق قىلغان يىللاردا لوياڭغا كەلگەن ۋە كېيىنكى جاۋ پادىشاھى شىلا (石勒)نىڭ تەختكە چىققان يىلى (319 ـ يىلى) ئۇ دۆلەت ئىشلىرىغا تەكلىپ قىلىنىپ، پادىشاھنىڭ «رەھىمدىللىك» سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشكە ئىلھام بەرگەن. بۇددىھا چىڭغا لوياڭغا كەلگەندە خېلىلا قۇرامىغا تولغان تەجرىبىلىك مۇھەندىس بولۇپ، ئۇنىڭ 893 ئىبادەتخانىنى لايىھىلىگەنلىكى، بۇنداق لايىھىلەش بىناكارلىق، ھەيكەلتىراشلىق، رەسساملىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر يۈرۈش بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق خاتىرە ساقلانغان. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە كۆسەن ئۇسلۇبىدا بىناكارلىق لايىھىلىگەن بۇ ماھىر ئىنژېنېرنىڭ غەربىي يۇرتتا ئۇستاز، شاگىرت ۋە ھەمراھلىرىنىڭ بولۇشى، ئۇنىڭ بىرىنچى باسقۇچتىكى بۇددا ئىبادەتخانا ۋە تاشكېمىرلىرىنىڭ بەزىلىرىگە ھۈنەر بېغىشلانغانلىقىنى قىياس قىلىش مۇمكىن.

خوتەنلىك ۋىجرايا پوچىنا ۋە ۋىجرايا ئىرسانگا بۇددىھا چىڭغادىن كېيىن جۇڭگودا ئالاھىدە ئۇسلۇب ياراتقان غەربىي يۇرت رەسساملىق ئېقىمىنىڭ ۋەكىللىرى بولدى. ئۇلار سىزغان بۇددىھا، بۇدساتۋا، غەربىي يۇرتلۇق راھىبلار، مايترى، پاك زېمىن ئۆزگىرىشى، ئالۋاستىنىڭ چۈشۈشى قاتارلىق رەسىملەرنىڭ جۇڭگو تاشكېمىر سەنئىتىگە كۆرۈنەرلىك تەسىرى بولغان.

شەھرى سەبىز سۇغدى ـ توخرىلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ساۋ جۇڭدا (曹仲达) يەنە بىر ماھىر رەسسام سۈپىتىدە «ھۆل ئېگىن» ئۇسلۇبىدا رەسىم سىزىشنى كېڭەيتتى. بۇنداق ئۇسلۇبتا سىزىلغان رەسىملەر مەشھۇر رەسسام ۋۇداۋزىنىڭ (吴道子) «يەل كۆپتۈرۈپ تۇرغاندەك» تەسىر بېرىدىغان رەسىم ئېقىمىغا تەققاس ھالدا جۇڭگو رەسساملىق سەنئىتى ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى بېيىتتى. كىتابلاردا ساۋ جۇڭدا گەرچە «قوغۇرسۇ ئالتۇنى» (律金斛) رەسىمى ۋە ھەر خىل بۇددىھا رەسىملىرىنى

خۇددى سۇغا چىلاپ چىققان ئېگىنىدەك، بەدەنگە چىلىشىپ تۇرغاندەك قىلىپ، كىيىمنى بەدەنگە بويسۇندۇرۇپ سىزغانلىقى خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ، قىزىل 175 ـ كېمىرنىڭ سول تېمىدىكى بېكسۇ بىلەن قىزىل 1 ـ كېمىردىكى نىرۋانادىكى بۇددىھا رەسىمى، يەنە دۇنخۇاڭ، مەيجىشەن تاشكېمىرلىرىدىكى شۇ خىل ئۇسلۇبتىكى تام رەسىملىرىدە بۇنداق سىزىش ئۇسۇلى گەۋدىلەندۇرۇلگەن. بىز ساۋ جوڭدا غەربىي يۇرتقا كەلمىگەن دېيەلمەيمىز ھەم بۇ ئۇسۇلنى بەلكى غەربىي يۇرت سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى بىر خىل ئۇسۇل سۈپىتىدە ئۇ ئۆزى ئىجاد قىلغان، دەپمۇ مۇئەييەنلەشتۇرەلەيمىز.

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رەسساملىق تەزكىرىلىرىدە نامى قالغان ئوتتۇرا ئاسىيالىق رەسساملارنىڭ غەربىي يۇرت ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كېلىشى تەبىئىي، ساڭرا بۇددا (僧伽佛陀)، ساڭمورو بۇتى (僧摩罗菩提)، ساڭجىتچۇر (僧吉底俱)، كەنسات (康萨陀) قاتارلىق رەسساملارنى بۇنىڭغا مىسال قىلىش مۇمكىن.


قىزىل 212 ـ كېمىرنىڭ سول تېمىغا سىزىلغان سەۋەبىيەت ھېكايىلىرى (Hetupratyaya — 因缘故事) ئىچىدىكى بىر پارچىسىنى سۈرىيىلىك مۇماكاما ئىسىملىك بىر رەسسام سىزغانلىقى تامغا خاتىرىلەنگەن. ئېھتىمال ئۇ بۇددىزم مۇخلىسى بولغان بېكسۇ ياكى سودىگەر بولۇشى مۇمكىن.

شىنجاڭ تاشكېمىرلىرىدىكى، ھەتتا يوقالغان قەدىمكى قەسىرلەردىكى رەسىملەرنى پىلانلىغان، سىزغان ئاساسلىق رەسساملار تەبىئىي يەرلىك رەسساملار بولغان. ئۇلارنىڭ كىملىكى بىزگە روشەن ئەمەس. قىزىل تاشكېمىرلىرىدىكى «رەسساملار كېمىرى» دەپ ئاتالغان كېمىردىكى بوياق ماتېرىياللىرىنى تۇتۇپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان رەسسام رەسىمى ئەنە شۇ يەرلىك نامسىز سەنئەت ماھىرلىرى بەدىئىي ئىجادىيەت پائالىيىتىنىڭ بىر جۇلالىنىشىدىن ئىبارەت، خالاس.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ تەسۋىرىي سەنئەت قارىشى ۋە ئۇسلۇبى ئالاھىدە بىر تىپ ئىدى.

شىنجاڭدا ھازىر ساقلىنىپ قالغان بۇددا ئىبادەتخانىلىرى خارابىلىرىدە ئىبادەت سارايلىرى(Vandana)، چوڭ بىھارىلار (Mahavihara)، بۇددا مۇنارىلىرى(stupa)، كىچىك جەسەت كۆلى مۇنارىچىلىرى (Dagupa, serira stupa) ئىزنالىرى بىلەن بىر قەدەر ئەينەن ساقلانغان تاشكېمىر ئىبھراملىرى (catya)، تاشكېمىر ئىستىقامەت ئۆيلىرى(vihara)، راھىب ھۇجرىلىرى (sangrama)، بۇددىھا ھەيكىلى قويۇلىدىغان سۇپىلار (sana) ۋە ئويۇقلار (Raka) بار، پەقەت ھۆل ئىزلىرى قالغان، تۇز يەرگە كېسەك ـ ياغاچ بىلەن قوپۇرۇلغان ئىبادەت سارايلىرى ۋە بۇددا




35 ـ رەسىم. گرونوۋېدىل سىزغان «رەسساملار كېمىرى» دىكى تام رەسىمنىڭ كوپىيە شەكلى (A) بىلەن گاباتىن خانىم ساخاۋەتچى قوچۇ ئۇيغۇرلىرى دەپ كۆرسەتكەن بۇ رەسىمنى (B) سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى

مۇنارلىرى ھەققىدە روشەن قۇرۇلمىلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش قىيىن. چۈنكى، ھىندىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، ياپونىيىدىكى بۇ خىل بىناكارلىق ئورۇنلىرى شۇ جاينىڭ مىللىي ئەنئەنىسى، دەۋر پەرقى، بوشلۇق مۇھىتى ۋە ماتېرىيال شەرتىگە كۆرە ھەر خىل سېپلىنغان. بىز پەقەت ھازىر ساقلىنىپ قالغان نەچچە يۈزلىگەن تاشكېمىرلەرنىڭ ئەڭ ئاساسى ۋە بىرقەدەر ئورتاق قۇرۇلمىلىق شەكلى ئۈستىدىلا توختىلىش بىلەن چەكلىنىمىز.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئالغاندا، بۇ خىل تاشكېمىرلەر ئاۋات ئاھالە ياشايدىغان جايدىن سەل يىراقتىكى خىلۋەتلىك، مەنزىرىلىك جىلغىلارنىڭ قاشلىرىدىكى تاش - توپىلىق قىيالارغا قېزىلغان، بۇ بىر ئالاھىدىلىك.

ئىككىنچىدىن، شىنجاڭدىن ھازىرغىچە تېخى قىيا تېمىنى چوڭ تىپتىكى ئويۇق (مېھرابچە)تەك قېزىپ، يولغا قارىتىپ بۇددىھا ھەيكىلى ئورۇنلاشتۇرغان ياكى تاغ جىنسىدىن ئويۇپ بۇددىھا ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرگەن تاشكېمىر نۇسخىسى تېپىلمىدى. گەرچە شۈي سۇڭ (徐松) قۇمتۇرادا دەريا ئېغىزىدىكى يارغا چوڭ ئويۇق ئويۇپ، 12 مېتىر ئېگىزلىكتە بۇددىھا ھەيكىلى ئورنىتىلغانلىقىنى خاتىرىلىگەن بولسىمۇ، بۇ مۇقىملاشمىدى[8]. ۋەھالەنكى، باميان، قەندىھار، لۇڭمېن، كوڭۋاڭشەن (孔望山)، لېشەن (乐山) دىكى قىيا قېزىپ، بۇت ئويۇش (摩崖造像) ئۇسۇل - ئۈلگىلىرى تاشكېمىر ئىچىگە بۇددىھا ئوبرازى ئىشلەشتىن پەرقلىق بولغان.

ئۈچىنچىدىن، شىنجاڭ تاشكېمىرلىرى يەر مۇھىتى، تاغ جىنس ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن، كۆپچىلىكى يارلىقنى ئىچكىرىلەپ قېزىش يولى بىلەن، بىر قىسمى ئۈستىنى يېرىم ئەگمە شەكلىدە كېسەك بىلەن گۈمبەز قىلىپ يېپىش ئارقىلىق، يەنە بىر قىسمى تاشكېمىر شەكلىدە تاشكېمىرلەر جايلاشقان يەرلەرگە كېسەكتە كېمىر ئۆي شەكلىدە ياساپ چىقىش ئارقىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىنا قىلىنغان. كېيىنكى ئىككى خىلى قاراشەھەر، تۇرپان تاشكېمىرلىرى قاتارىدا بولۇپ، ساقلانغان خارابىلىرى تولىمۇ ئاز.

تۆتىنچىدىن، تاشكېمىر ئويۇش شەكلى، ئۇنىڭ نېمىگە ئىشلىتىلىدىغانلىقى بىلەن بىللە يەنە تاش جىنس ھەم بېسىم مېخانىكىسى قانۇنىيەتلىرىگە، جۈملىدىن مىللىي بىناكارلىق ئەنئەنىسى، بۇددا سەنئەت بۇيۇملىرى (ھەيكەل، تام رەسىمى)نى ئورۇنلاشتۇرۇش تەلىمىگە لايىق بىر تۇتاش پىلانلانغان. بۇ تۆت ئامىل بىرلىككە كەلگەن تاشكېمىرلەر ھەم پۇختا، ھەم قۇلاي، ھەم گۈزەل بولغان.

بۇنىڭ ئۈچۈن، چوڭ تىپتىكى كېمىرلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا مۇنار شەكلىدە تۈۋرۈك قالدۇرۇش، ئارقاخانىغا كىرىش ئىشىكىنى پاكار ئېچىش ئۇسۇلى ئارقىلىق يۇقىرى تاغ جىنس قاتلىمىنىڭ بوشلۇققا بولغان بېسىمىنى ئازايتىش، تامنىڭ يانلىرىغا دۆڭگەلچىلەر قالدۇرۇش ئارقىلىق كېمىر ئۆيلەردىكى بوشلۇقنىڭ يۇقىرىغا تىرەك بولۇش ئەسلىھەلىرىنى ھەل قىلىشى قاتارلىقلار بىزگە تاشكېمىر قازغۇچىلارنىڭ بىناركارلىق مېخانىكىسى قانۇنىيەتلىرى بىلەن ھېسابلاشقان لايىھە ـ نۇسخىلىرى بولغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ بەردى.

تاشكېمىرلەر ئەنئەنىۋى بىناكارلىق ئەنئەنىلىرىنى ئىمكانقەدەر گەۋدىلەندۈرگەن. بۇ مۇھىمى ئىشىك ـ ئۆتكەل، تەكچە ـ ئويۇق، تورۇسنىڭ ھەرخىل كېمىر شەكلى قاتارلىقلاردا، جۈملىدىن، ئايۋان ـ ساراي، ھۇجرا، قازناق مۇناسىۋىتىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

تاشكېمىرلەرنىڭ بۇددا سەنئىتى غارلىرى ئىكەنلىكى ئېھتىياجىنى تەمىنلەش ئۈچۈن قالدۇرۇلغان تۈۋرۈك ئورنى بۇددىھا مۇنارى، بۇددىھا ھەيكەللىرى قويۇلىدىغان ئويۇق ئورنى، بۇددىھا ھەيكىلى قويۇلىدىغان سۇپا يۆلەنچۈكى، بۇددىھا قىسمەتلىرى تام رەسىملىرى سىزىلىدىغان جاي قىلىنغان. تام ـ

تورۇسلار ياكى بىر تۇتاش، ياكى ئىككى - ئۈچ قاتلامغا بۆلۈنۈپ يارالمىش ھېكايىلىرى، سەۋەبىيەت ھېكايىلىرى، بۇددىھا قىسمەتلىرى، ھەرقايسى بۇدساتۋالار، مىڭ بۇرھان ئوبرازلىرى سىزىلىدىغان بوشلۇق قىلىنغان. كېمىرلەر تاشقى خانىنىڭ يورۇقراق، ئىچكى خانىنىڭ قاراڭغۇراق بولۇشتەك يورۇقلۇق مۇناسىۋىتىنى ھېسابقا ئالغان ئاساستا، ئارقا خانىغا بۇددىھانىڭ ئۆلۈمى، نىرۋانا سۈپىتى، مۇخلىس - شاگىرتلارنىڭ تەزىيىسى قاتارلىق قايغۇلۇق كۆرۈنۈشلەرنى ئورۇنلاشتۇرغان. ساماۋى پەرىشتىلەر، ئۇچقۇر سازەندىلەر، يۇلتۇزلار دۇنياسى تولىراق تورۇسلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئالەم گۈمبىزىگە سىيما قىلىنغان.⑨

بەشىنچىدىن، تاشكېمىرلەر ھەر خىل لايىھىلەنگەن بولۇشىغا قارىماي، ئومۇمەن چوڭ تىپتىكى ئېھرام (caitya — 支提窟) ۋە راھىبلار ئىستىقامەتخانىسى (vihara — 毗诃罗窟) دىن ئىبارەت ئىككى تىپقا بۆلۈنۈپ پىلانلانغان ۋە قېزىلغان.

ئېھراملار — ئىچىگە بۇددىھا ھەيكىلى ئورنىتىلغان، تېۋىنىش ۋە دىنىي ۋەز - نەسىھەتلەر ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىبادەت ئورنى بولۇپ، تولىراق قىيانىڭ سىرتقى كېمىرىگە جايلاشقان، ھەجمى بىرقەدەر چوڭراق بولىدۇ. ئېھراملارنىڭ ئومۇمىي تەلپى خۇددى ئۇنى ئىلاھىيەت ئۆيى سۈپىتىدە قاراشقا قارىتىلغان. ھەرقايسى تاشكېمىر توركۇملىرىدە چوڭ ۋە ئۇنىڭدىن چاققانراق ئېھرام كېمىرلىرى بولغان.

ئىستىقامەت ئۆيلىرى — راھىبلارنىڭ ياتاق ھۇجرىلىرى، ئىبتىكاپ تۇتۇپ ئىستىقامەت قىلىدىغان خىلۋەتگاھلىرى، بىكسۇلارنىڭ ئۆگىنىش ئۆيلىرى قاتارلىقلارغا ئومۇم بولغان تاشكېمىر شەكلى بولۇپ، تولا ھاللاردا تام تۈۋىگە ئورۇن - تۆشەك سۈپىتى، ئىبتىكاپ تۇتۇش ئورنى، ئوچاق ئورنى ۋە قازناقلار ئويۇپ چىقىرىلغان. بۇ ئىككى خىل بىناكارلىق تەلپى — ئورتاقلىقىمۇ، پەرقلىقىمۇ ئىگە. ئۇلار ھەرقايسى

ئورۇنلار ۋە ھەرقايسى دەۋرلەردە بىر ـ بىرىدىن مەلۇم ئۆزگىچىلىكلەر بىلەن پەرقلەنسىمۇ، ئەمما ئۇلار يەنىلا ئورتاق ئالامەتلەرگە ئىگە بولغان.

ئىبھرام (caitya) ۋە ئىستىقامەتگاھ (vihara) لارنىڭ شەكىللىرى خىلمۇخىل بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئورتاقلىقى، دىنىي ۋە مىللىي ـ يەرلىك ئالاھىدىلىكى بويىچە بىرقانچە ئاساسىي شەكىلدىن يىراق بارمايدۇ. ئۇلارنىڭ قىيانى ئويۇپ كىمىر ياساش شەكلى بىلەن بۇ بوشلۇقنى يۇقىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان تۇۋرۇك قالدۇرۇش شەكلى، شۇنىڭدەك كىمىرلەرنىڭ ئورىسىنى ئويۇش ۋە ئىككى ياندىن ئىشىك ئېچىپ، ئارقا خانىنى ئويۇش، ئارقا تامغا نىرۋان سۇپىسى، ئويۇق ـ مېھرابلار چىقىرىش شەكلىدىن تۆۋەندىكى بىرقانچە نەمۇنىنى كۆرستىمىز.

ئىستىقامەت كىمىرلىرى ئارىسىدا تاغ گەۋدىسىدىن ئۇزۇن كارىدور قېزىپ، ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئىستىقامەت ھۇجرىلىرى، راھىب ـ بېكسۇ (تالىپ)لارنىڭ ياتاقلىرى قېزىلغان «تۇتاشما بىھارا» شەكىللىرىمۇ بىناكارلىق مېخانىزمى ۋە ئېستېتىكىسى تەلەپلىرى بويىچە قېزىلغان. تۇتاشما كىمىر شەكلى ئىبھرام كىمىرلىرى قازغاندىمۇ قوللىنىلغان. بىز قۇمتۇرا تاشكىمىر تۇركۇمىنىڭ ئۆگەن دەرياسى بويىدىكى تاغ قىياسىغا شۇنداق تۇتاش كارىدورلۇق بىر قاتار ئىبھرام ئۆيلىرىنىڭ قېزىلغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ يەردە مىسال كەلتۈرۈلگەن 68 ـ، 69 ـ، 70 ـ، 71 ـ، 72 ـ كىمىرلەر ئىچىدە كۆپچىلىكى ئوتتۇرىدىن تۇۋرۇك قالدۇرۇپ، ئىككى ياندىن يان ئىشىك قېزىلىپ ئارقاخانىغا چىقىدىغان ئىككى خانىلىق قىلىپ ئويۇلغان. كارىدورغا ئىككى جايدىن تۆۋەندىكى دەريادىن سۇ تارتىش تۆشۈكى قويۇلغان بولۇپ، سوغا بىلەن سۇ ئېلىش ئاسانلاشتۇرۇلغان.


ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا, تاغ ـ قىيالارنىڭ تۇپراق ئالاھىدىلىكى، كىمىرلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش تەلىپى ئاساسىدىكى كۆپ خىل ۋە رەڭگارەڭ بولۇش ـــ تاشكىمىر لايىھىلىگۈچىلەرنىڭ

دىققەت مەركىزى بولغان.


شىنجاڭدىكى بۇددا خارابىلىرى ۋە تاشكېمىرلىرىدە ناغرا مۇنارى، كۆزىتىش مۇنارلىرىدىن باشقا، يەنە بۇددىستلارنىڭ بۇددا ئېھراملىرى زۆرۈرىيىتىدە ياسىغان مۇنارلىرى بىلەن جەسەت كۆلى مۇنارلىرى ئىزلىرى ئۇچرايدۇ. بۇنداق مۇنارلارنىڭ بەزىلىرى تۆت چاسا شەكىلدە، بەزىلىرى سىلىندىر شەكىلدە بولۇپ، مۇنار ئۇلى، مۇنار گەۋدىسى، مۇنار گۈمبىزىدىن تەشكىل تاپقان. مۇنداق گۈمبەزلەر ھەر خىل بولۇشى مۇمكىن، بىراق تۇرپاندا ئۇ يېرىم شار شەكىلدە قىلىنغان. شىنجاڭدا ياسالغان بۇددا ئىبادەتخانا مۇنارلىرى، ناغرا ۋە كۆزىتىش مۇنارلىرى چوڭ ھەجىملىك بولۇپ، ھىندىستان بۇددا مۇنارلىرىدىن پەرقلىق ھالدا ئىچىدىن ئۈستىگە چىقىش پەلەمپەيلىرى بولغانىدى. بىز قىزىلقاغا يولىدىكى راۋاق مۇنارى بىلەن قاراشەھەر مىڭئۆيلىرى، مىران، كروران خارابىلىرىدىكى بۇددا مۇنارى ئىزلىرىنى، جۇملىدىن تۇرپان ئىدىقۇت شەھىرى، يارغول شەھىرى خارابىلىرىدىكى بۇددا مۇنارى ئىزلىرىنى ئەنە شۇنداق بۇددا ئىبادەتخانىسى يېنىدىكى ستۇپا مۇنارلىرىنىڭ ئۈلگىلىرى دەپ قارايمىز.

جەسەت كۆلى مۇنارلىرى بىرقەدەر كىچىك بولۇپ، ئۇنىڭغا راھىب، بېكسۇلارنىڭ جەسەت كۆللىرى قويۇلاتتى. بۇ ئەسلىدە ھىندىستاندىن كەلگەن ئادەت بولۇپ، رىۋايەت قىلىنىشىچە ساكيامونى قازا قىلغاندا كۆيدۈرۈلگەن جەسەت كۆلى (Serira) مەرۋايىت بولۇپ چىققان ۋە ئۇنى سەككىز دۆلەت پادىشاھلىرى تەۋەرۈك بىلىپ ئېلىپ كېتىشكەن. شۇ ئادەت بويىچە، قازا قىلغان بۇددىستلارنىڭ جەسەت كۆلىمۇ جەسەت كۆلى مۇنارىغا (Serira stupa) قۇتىغا قاچىلىنىپ قويۇلىدىغان بولغان. بۇنداق كىچىك شەكىلدىكى جەسەت كۆلى قاچىلىرى كاھىشتىن، ئۆرۈك، نەشپۈت، قارىياغاچ، تېرەك ياغاچلىرىدىن ھەر خىل شەكىلدە ياسالغان بولۇپ، ئېھراملاردا، چوڭ تىپتىكى مۇنارلاردا،


ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com



36 ـ رەسىم. تاشكېمىرلەرنى توپا تۇۋرۇك قالدۇرۇپ ئويۇش شەكىللىرى




37 ـ رەسىم. تاشكېمىرلەرنىڭ تورۇسلىرىنى چىقىرىش شەكىللىرى



38 ـ رەسىم. قىزىل تاشكېمىرلىرىنىڭ بىناكارلىق سخېمىسى (گرونۋېدىل)


ھەتتا ئائىلىلەردە ساقلانغان. تاشكېمىر تام رەسىملىرىگە تۆھپىكار ساخاۋەتچىلەر رەسىملىرى بىلەن جەسەت كۆلى



39 ـ رەسىم. قۇمتۇرا تاشكېمىرلىرىنىڭ بىناكارلىق سخېمىسى (گرونۇۋېدېل سىزغان)


مۇنارلىرى سىزىلىپ خاتىرىلەنگەن.

شىنجاڭدىكى تاشكېمىرلەر ئىچىدە، يۇقىرىقىلاردىن ئايرىم



40 ـ رەسىم. قۇمتۇرادىكى ئۆتۈشمە تاشكېمىرلەرنىڭ (68 ـ دىن 72 ـ گىچە)
بىناكارلىق سخېمىسى

www.uyghurkitap.com



41 ـ رەسىم. تۇيۇق مازار تاشكېمىرلىرىنىڭ بىناكارلىق سخېمىسى (ئولدېنبورگ سىزغان)

بولغان يەنە ئىككى تۈرلۈك مۇنار شەكلى بار. ئۇنىڭ بىرى، ئېھرام تاشكېمىرلىرىنى قازغاندا قالدۇرۇلغان تۇۋرۇك شەكىللىك تاغ جىنىس بۇددىھا ھەيكەللىرى يانداپ قويۇلىدىغان ياكى ئويۇق ئويۇپ قويۇلىدىغان مۇنار رولىنى ئۆتىگەن بولغاچقا، ئۇ بىناكارلىق نۇقتىسىدىن تۇۋرۇك، بۇددىزم ئېتىقادى نۇقتىسىدىن بۇددىھا مۇنارى كاتېگورىيىلىرى قىممىتىگە ئىگە بولغان. بۇنىڭدىن باشقا تاشكېمىر تام رەسىملىرىگە بۇددىھا ھەيكەلچىسى قويۇلىدىغان ھەر خىل مۇنار شەكىللىرى سىزىلغان. قىزىل 205 ـ كېمىر تورۇسىغا (A) ۋە توغراقيىلان 2 ـ كېمىرنىڭ تېمىغا سىزىلغان بۇددىھا ھەيكىلى مۇنارلىرى بىلەن قىزىل 7 ـ كېمىردىن ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ئېلىپ كەتكەن ئىككى جەسەت كۆلى مۇنارى رەسىمى (C) سىزىلغان⑩. بۇنداق جەسەت كۆلى مۇنارلىرى ھەر خىل قۇتا شەكلىدە ئىشلىنىپ ئائىلىلەردىمۇ ساقلانغان. ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ئېلىپ كەتكەن قىزىل 7 ـ كېمىردىكى بىر تام رەسىمىدە ئىككى جەسەت كۆلى مۇنار شەكىللىك قۇتىسى، ئاستىدا ئىككى جەسەت كۆلى مۇنار شەكىللىك قۇتىسى، ئاستىدا ئىككى ئادەم سىزىلغان.


تۇيۇق تاشكېمىرلىرىدىن تېپىلغان جەسەت كۆلى قاچىسى ياغاچتىن ياسالغان، بورمىلىنىپ ئېچىلىدۇ. ئۈستىدە بەش قەۋەت مۇنار شەكلى بېرىلگەن. ئاساسىي گەۋدىسىگە نىلۇپەر نەقىشى سىزىلغان. قىزىلدىن تېپىلغان جەسەت كۆلى قۇتىسى باشقىچىرەك ياسالغان.

شىنجاڭدىكى تاشكېمىرلەرنىڭ قېزىلغان ۋاقتى بىلەن

تاشكېمىر تام رەسىملىرىنىڭ سىزىلغان ۋاقتى مەسىلىسىنى ئومۇمەن بىر تارىخي دەۋرگە كىرگۈزۈش بىلەن بىللە، يەنە شۇ تاشكېمىرلەرگە سىزىلغان تام رەسىملىرىنىڭ مەزھەپ، سەنئەت ئۇسلۇبى، ئىلگىرىدىن ماھىرراق رەسسامنىڭ كېيىن كېلىشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قايتا سىزىلغانلىقى مۇمكىنلىكىنىمۇ ھېسابقا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ رەسىم قاتلاملىرى ئاساسىدا كونكرېت قارىلىشى لازىم.

شىنجاڭدىكى تاشكېمىرلەرنىڭ قېزىلىشىنى ئۇنىڭ بىناكارلىق ئۇسلۇبى تەرەققىيات قانۇنىيىتى ئاساسىدا ھەل قىلىش بىلەن بىللە، يەنە ئۇنىڭدا گەۋدىلەندۈرۈلگەن تام رەسىملىرى ئۇسلۇبى تەرەققىيات قانۇنىيىتى ئاساسىدا بىر تەرەپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىر تەرەپتىن، ئومۇمىي تارىخىي تەرەققىياتنىڭ باسقۇچلۇقى، يەنە بىر تەرەپتىن، دىنىي ۋە ئېستېتىك قاراشنىڭ ئالمىشىش، راۋاجلىنىش باسقۇچلۇقى توغرا ھەل قىلىنىشى لازىم. ئەمەلىيەت ھىندىستاندا، كوشاندا بۇددىزم چۈشكۈنلۈككە يۈزلەنگەندە، كۇسەندە، تۇرپاندا بۇددا سەنئىتى راسا گۈللىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بۇددىزمى بىلەن شىنجاڭ بۇددا سەنئىتى مۇنارىدىمۇ ناتەكشىلىك ساقلانغان. بۇ بىزگە شىنجاڭ بۇددا سەنئىتى ئۇسلۇب ئۆزگىرىشلىرىنى نوقۇل ھىندىستاننىڭ ئارخېئىزم، ماندىرىزم (بېزەنمىچىلىك)، كلاسسىكىزم قاتارلىق ئۇسلۇب باسقۇچلىرى بويىچە ئىزاھلاشقا كۆچەنمەسلىكنى، شۇنىڭدەك ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بۇددىزمىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى، شىمالىي ۋە جەنۇبىي سۇلالىلەردىكى شىمالىي جۇ دەۋرىدە بۇددىزمنىڭ تەقىب قىلىنىشى، سۇي ـ تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرى بۇددىزمىدا خۇپىيە (密宗) ۋە دىيانا ئېقىملىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى قاتارلىقلار بويىچە شىنجاڭ بۇددا سەنئىتىنى بىر تاياقتا ھەيدەشكە بېرىلمەسلىكنى، بەلكى دەۋرلەرگە بۆلۈنۈشنى بۇ تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ بىۋاسىتە ئۆزىدىن ئىزدەپ، ئۆزى ئارقىلىق ئۆزىنى ئىسپاتلاشنى ئاساس، قالغانلىرىنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە قوشۇمچە قىلىش لازىملىقىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com




42 ـ رەسىم. ھەر خىل جەسەت كۆلى قۇتىلىرى

چۇشەندۈرىدۇ. ئېيتىش كېرەككى، قەدىمكى كۆسەن بىلەن قەدىمكى خوتەن، تۇرپان بۇددىزمىدا ۋە بۇددىزىم سەنئىتىدىمۇ بىر قاتار پەرقلىق، خاسلىقلار ساقلانغان.

تاشكېمىر تام رەسىملىرىنىڭ تارىخى پۈتكۈل ئالاقىدار ئىجتىمائىي ۋە ئىدېئولوگىيە تارىخىنىڭ بىر قىسمى بولۇشى بىلەن بىللە، يەنە بەدىئىي ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنىڭ راۋاجلىنىش ۋە ئالمىشىش تارىخىدىن ئىبارەت. بىر ۋاقىتلاردا قوللىنىلغان بەزى رەڭ، سىرىق، فىگۇرا ۋە ئۇسلۇبلار كېيىنچە باشقىلىرىغا ئالمىشىشى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە قايتا يېڭى ئۇسلۇب شەكلىدە ئېتىبارغا ئېلىنىشى مۇمكىن. بۇنىڭ كىشىگە چۈشكۈنلۈك تەسىرىنى بېرىشى، بەلكى ئۇ بىر خىل ئۇسلۇب ئالماشتۇرۇش بولۇپ، ئۇ تارىخىي جەھەتتىكى چۈشكۈنلىشىشكە تەۋە بولماسلىقى مۇمكىن. بۇ سەنئەتتىكى ئۇسلۇب تەرەققىياتى مەسىلىلىرىنى ئەتراپلىق، توغرا بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، ئوخشاش دەۋردە، بىر رايوندا، بىر تاشكېمىر ئىزمىسىدا، ئوخشىمىغان مەزھەپ ۋە ئېقىمدىكى بۇددا راھىبلىرى پائالىيەت ئېلىپ بارغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋال

نەزەردىن ساقىت قىلىنىپ، بۇ تاشكېمىرلەر ئەسىرلەپ پەرقلەندۇرۇلۇپ ئىزاھلانغاندا، بىر قاراشتا مەنتىقىگە ئۇيغۇن كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلمىلىرى ئۇنىڭدا بۇددىزملىق ھەيكەلتىراشلىق ۋە رەسساملىق سەنئىتى مەزمۇنلىرىنى مۇاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىشلىنىش قىممىتى ۋە دىنىي ـ ئىدىيىۋى ئۇنۇمدارلىقىنى نامايان قىلغان. گەرچە، ھەرقايسى تاشكېمىرلەردىكى ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى ئوخشاش بولمىسىمۇ، تۆۋەندە ئۆرنەك كۆرسىتىش ئۈچۈن قىزىل تاشكېمىر تۇركۈمىدىكى 175 ـ تاشكېمىردىكى ھەيكەل ۋە تام رەسىملەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

قىزىل 175 ـ كېمىر تۈۋرۈكلۈك ئىبرام (Caitya)كېمىرى بولۇپ، توغرا بولۇڭلۇق ئۇزۇنچاق تۆت بولۇڭلۇق شەكىلدە قېزىلغان. ئۇ ئالدىنقى دالانخانا، ئاساسىي سارايخانا، ئارقا ئىچكى خانىدىن ئىبارەت ئۈچ ئۆيدىن تەركىب تاپقان. دالانخانا يار ياقىسىغا يېقىن بولغاچقا ئۆرۈلۈپ كەتكەن. ئاساسىي سارايخانىنىڭ تورۇسىغا رومبا شەكىللىك سەۋەبىيەت ھېكايىلىرى، ئاستىدىكى رەك تورۇس لېۋىگە بىر قاتار رومبا چاقماقلىرى ئىچىگە يارالمىش ھېكايىلىرى سىزىلغان. ئىككى ئاسلىق يان تامغا سىزىلغان بۇددىھا قىسمەتلىرى ساقلانمىغان. ئاساسىي سارايخانىنىڭ ئارقا ئىچكى



43 ـ رەسىم. ئالۋاستىلارنىڭ بۇددىھاغا خىرىس قىلىشى، قۇمتۇرا يېڭى 1 ـ كېمىردىكى تام رەسىمدىن تەقلىدىي كۆچۈرمە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خانىدىن ئايرىلغان تېمى ــ ئىككى يان ئىشكىنى چىقىرىۋەتكەندە مەركىزىي تۈۋرۈك بولۇپ، بۇ يەردە بۇددىھا مۇنارى رولىنى ئۆتەيدۇ. ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا مېھراب شەكىللىك چوڭ ئويۇق ئويۇلغان. بۇ ئويۇقتا ئورۇنلاشتۇرۇلغان باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان بۇددىھا ھەيكىلى يوقالغان. ئويۇق تاملىرىغا سىزىلغان بۇددىھا ھەيكىلىگە ماسلاشتۇرۇلغان تام رەسىملىرىدىن ئىككى تەرەپكە ھۆرمەتتە تۇرغان بۇدساتۋا ۋە ئويۇق ئۈستىگە رومبا ئىچىگە ئىشلەنگەن سەۋەبىيات ھېكايىلىرى بىلەن دىۋاراجا (ئاسمان ئىلاھى)، ئەجدىھا ئىلاھى (Nagaraja — 龙王)، براخمان ۋە ساماۋى نەغمىكەشلەر (伎乐兵) ئوبرازى سىزىلغان. ئىككى يان ئىشىك نەقىشلەپ بېزەلگەن. ئىشىكنىڭ سىرتقى يان قاسنىقىغا قاتار ئىككى كىچىكرەك ئويۇقنىڭ قېزىلىپ، ئويۇقتا بۇددىھا ھەيكەلچىسى قويۇلغان (ھازىر يوق)، ئويۇق سىرتىغا بۇددىھانىڭ ئاتەش ئەجدىھانى يېڭىشى، دىۋاداتتا (提婆达多) يوغان تاش تۇتۇپ بۇددىھاغا تەڭلەۋاتقانلىقى، ئالۋاستىلارنىڭ بۇددىھاغا خىرىس قىلىۋاتقانلىقى سىزىلغان. ئويۇق ئاستىغا بىر قاتار كاتەكچىگە ئىشلەنگەن يارالمىش ھېكايىلىرى سىزىلغان. ئىشىكنىڭ ئىچكى يان قاسنىقىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ساكيامونىنىڭ ئۆلۈپ ـ تىرىلىشىنىڭ تەكرار داۋاملىشىشى (Sansana — 生死论) توغرىسىدىكى كۆرۈنۈشى، سول تەرىپىگە ئىككى قاتار ساخاۋەتچى رەسىمى سىزىلغان. بۇنىڭ يۇقىرىسىغا سەككىز ساخاۋەتچى بېكسۇ، ئاستىغا بەش دەھرىي (世俗) ئەر ـ ئايالنىڭ رەسىمى سىزىلغان.

ئارقىدىكى ئىچكى خانىنىڭ تورۇسلىرىغا رومبا شەكىللىك كاتەكچىگە يارالمىش ھېكايىلىرى ۋە نەقىشلەر سىزىلغان. ئارقىدىكى خانىغا كىرگەندىن كېيىن تۈۋرۈك تامنىڭ كەينىگە، يۇقىرىغا بۇددىھانىڭ تاۋۇتقا كىرىشى، ئاستىغا سەككىز

پادشاھنىڭ جەسەت كۆلىنى بۆلۈۋېلىشى سىزىلغان. ئارقا خانىنىڭ ئىككى تېمىغا ئوتتۇرىدىن چوڭراق ئويۇق قېزىلىپ بۇددىھا ھەيكىلى قويۇلغان (ھازىر يوق). بىر ئويۇققا سىزىلغان رەسىم تۇتۇق، بىلگىلى بولمايدۇ. بىر ئويۇققا بىر ئەر، بىر ئايال ئىككى ئاكتيور (تىياتىر ئارتىسى) سىزىلغان بولۇپ، ئەر ئاكتيور بىر قولىدا ئايالنىڭ مۈرىسىنى تۇتقان، بىر قولىدا ماي چىراغ تۇتقان ھالەتتە، ئايال بولسا قولىدا ياي شەكىللىك غوڭقا (弓形箜篌) تۇتقان ھالدا بېشىنى قايرىپ ئەرگە كۆلۈپ تۇرغان قىياپەتتە سىزىلغان. ئارقا خانىنىڭ ئىككى يان تېمىغا بۇددىھا قىسسەتلىرى (佛传) تەسۋىرلەنگەن رەسىملەردىن بۇددىھانىڭ دەرەخ تۈۋىدە تۇغۇلۇشى، يەتتە قەدەم دەسسەپ خىتاب قىلىشى قاتارلىق سۈژىتلار سىزىلغان. ئۇدۇلدىكى تام تۈۋىگە نىرۋانا سۈپىسى ياسالغان، ئۈستىگە ياتقان ھالەتتىكى بۇددىھا ھەيكىلى قويۇلغان (ھازىر يوق)، تامغا مۇخلىسلارنىڭ ساكيامونىغا تەزىيە بىلدۈرۈۋاتقان رەسىملىرى سىزىلغان.

قىزىل 175 - كېمىردىكى ھەيكەللەر ئورنى جەمئىي ئالتە بولۇپ، قالغانلىرى ھىنايا مەزھىپى تەلەپلىرىگە لايىق سىزىلغان تام رەسىملىرىدۇر. بۇ ئەھۋال ماھايانا ۋە دىيانا مەزھەپلىرى ئۈستۈنلۈك ئالغان كېمىرلەردە مىڭ بۇرھان (مىڭ بۇددىھا) ئوبرازلىرى قاتارلىقلار بىلەن ئالماشتۇرۇلغان. بەزى تاشكېمىرلەردە دىيانا، بەزى كېمىرلەردە مۇزىكا - ئۇسسۇل بۇدساتۋالىرى — گاندارۋا (乾闼波) ۋە ئۇچار پەرىلەر گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

يۇقىرىدا بىز بىناكارلىق سەنئىتى نۇقتىسىدىن غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى، تارقىلىش تەپسىلاتى، تۈزۈلمىلىك ئالاھىدىلىكلىرى ۋە بۇددىزملىق تەرغىبات ئوبرازلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى ئومۇمىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خۇسۇسىيەتلىرىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. بۇ بىزگە بۇ سەنئەتنىڭ بۇددىزم شەكلىنى ئالغان تارىخ خەزىنىسىدىكى ھەيكەلتىراشلىق، رەسساملىق سەنئىتى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، ئۇنىڭ تېماتىك مەزمۇنلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشقا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ.

ئىزاھلار:

① «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 1 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 452 ـ بەت.

② يۇقىرىقى كىتاب، 425 ـ بەت.

③ «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 27 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 236 ـ بەت.

④ بۇ «نىرۋانا سۈپىسى» دېيىلىدۇ.

⑤ نىرۋانا ــ خاتىرجەملىك ماكانى بولۇپ، نىرۋانادا ياتقان بۇددىھا خاتىرجەملىك ماقامىگە يەتكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

⑥ ئاجانتا ــ ئاجانتا تاشكېمىرلىرى 30 خىلدىن تەشكىل تاپقان.

⑦ «ئۆزگەرتىلگەن قىياپەت» ــ بۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىن باشلاپ، جۇڭگو ئۆزىگە سىڭىشلىق، خەلققە بۇددىزمنى تەشۋىق قىلىشقا پايدىلىق بۇددا سەنئىتى قىياپەتلىرىنى قوللانغانلىقىغا قارىتىلغان. بۇ چاغدا ھەتتا نوم ـ سۈترىلاردىمۇ مەلۇم جۇڭگوغا ماس كېلىدىغانلىرىنى ئۆزگەرتىپ جارى قىلىش يۈز بەرگەن. بۇ «ئۆزگەرتىلگەن نوم» (经变) دېيىلگەن. بۇ ماھىيەتتە جۇڭگو بۇددىزمىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى كۆرستەتتى. ئۇيغۇر بۇددىستلىرىمۇ ئۆزىگە لايىق بۇ خىل ئۆزگەرتىش يولىنى تۇتقانىدى.

⑧ شۇ سۇڭ (徐松) 1816 ـ يىلى يازغان «غەربىي يۇرت سۇ يوللىرى» ناملىق كىتابىنىڭ 2 ـ جىلدىدا قىياغا ئويۇلغان ئويۇقچا چوڭ ھەيكەل قويۇلغان، دەپ يازغان بولسا، 19 ـ ئەسىردە يېزىلغان «ياقا يۇرت خاتىرىلىرى» (异域琐录) ناملىق ئەسەردە قىياغا بۇددىھا رەسىمى سىزىلغان دەپ يېزىلغان بولغاچقا، ھۆكۈم قىلىش قىيىن.

⑨ ئاۋرېل ستەين: «غەربىي يۇرتتىكى ئارخېئولوگىيە خاتىرىلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 186 ـ بەت.

⑩ ياپونىيىلىك ئوتانى 1937 ـ يىلى ئېلان قىلغان «يېڭى غەربكە

سایاھەت خاتىرىسى» ناملىق ئىككى توملۇق كىتابىنىڭ 335 ـ، 336 ـ بەتلىرىگە فوتو سۈرەت شەكلىدە قىزىل، قۇمتورا، باغتام، دولدۇلئوقۇر قاتارلىق تاشكېمىر ۋە بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئېنىق كۆرسەتكەن (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى 161323 ـ ئىندېكسلىق كىتاب).

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

# ئالتىنچى باب

# غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدىكى بۇددىزم تېمىلىرى

## 1. بۇددىزم تېمىسىدىكى ئاساسلىق پېرسوناژلار

### بىرىنچى، دىنىي سەنئەت مەسىلىلىرى

دىن بىر خىل خۇراپىي ئېتىقادنى يادرو قىلغان، باشقا ئىدېئولوگىيە شەكىللىرىنى ئۆز مەزمۇنى بويىچە رەتكە تىزغان، نەتىجىدە ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باي ۋە رەڭگارەڭ مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ، ئۇ ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردا ئومۇمىي خاراكتېرلىك تېما بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

دىن بىر خىل خۇراپىي تۇستىكى ئابستراكت ئاڭ بولۇپ، ئۇمۇ بارلىق ئابستراكت ئاڭ شەكىللىرىدەك رېئاللىقتىن (گەرچە، دۇم كۆمتۈرۈلگەن تەرزدە بولسىمۇ) كېلىپ چىققان. ئۇ يەنىلا رېئال، ئوبيېكتىپ نەرسە ۋە ھادىسىلەر ئارقىلىق ئۆزىنى ئىزاھلاشقا ۋە ئىسپاتلاشقا موھتاج. ئۇ گاھىدا دىنىي پەلسەپە، گاھىدا دىنىي ئەخلاق، گاھىدا دىنىي سەنئەت ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق ئۆزىنى تەرغىب قىلىدۇ ۋە گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى، ھەتتا ھەرقايسى پەنلەرنىڭ دەسلەپكى تارىخى دىنىي ئىدېئولوگىيە ۋە ئۇنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالەم قاراشلىرىنىڭ تەسىرىدىن ئايرىلغان ئەمەس.

بۇددىزم سەنئىتى بۇددىزم ئىدىيىلىرىنىڭ سىرلىقلاشقان، ئوبرازلاشقان، ماددىلاشقان ئىزاھاتى ۋە تەرغىبات بۇيۇملىرى

سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن. ئۇ بۇددىزملىق دۇنيا قاراش، بۇددىزملىق ئەخلاق، بۇددىزملىق ئېتىقادنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي تېماتىك مەزمۇنى قىلغان. ئۇ بىۋاسىتە، ئەينەن، رېئال تۇرمۇشقا ئوخشىمايدىغان ئوبراز، سىمۋول ۋە كەيپىيات ئىچىدە رېئاللىقنى سىرلىقلاشتۇرۇپ، ئىدېئاللاشتۇرۇپ ئىنكاس قىلىش ئارقىلىق بۇددىزمغا خىزمەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئېستېتىك تەسىرى ۋە بەدىئىي لەززىتى كۈچلۈك بۇددىزملىق دىنىي روھىيەتكە تولغان، بەزىدە ئەسەبىي، ئاسكېتىزملىق (تەركىدۇنيالىق) ھېسسىياتقا چۆمۈلگەن بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇددىزملىق سەنئەت، ئۆز ئالدىغا خاس سەنئەت ئىدېئولوگىيىسى شەكلى سۈپىتىدە ۋە مۇستەقىل بىر خىل ئىدېئولوگىيە سۈپىتىدە يەنە دىنىي ئىدېئولوگىيىدىن پەرقلىنىدۇ. نەتىجىدە، بۇ خىل دىننى مەزمۇن قىلغان ۋە دىن ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان سەنئەت ئۆز ئىچىدىن دىن ۋە سەنئەتتىن ئىبارەت قوش خاراكتېرگە، قوش ئىقتىدارغا ۋە زىددىيەتلىك مۇرەككەپ مۇناسىۋەتكە ئىگە بولىدۇ. ئۇنى بۈگۈنكى كۈندە ھەم بىرلەشتۈرۈپ، ھەم ئايرىۋېلىپ مۇھاكىمە قىلىش مۇمكىن. چۈنكى، دىنىي ئىدېئولوگىيە ئۆز تەسىرىنى يوقاتقۇچە سەنئەت ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ئېستېتىك قىممىتىنى ئاشكارا گەۋدىلەندۈرۈپ، تارىخىي ئۇچۇر ۋە بەدىئىي قىممەت سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ. غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى بىر تەرەپتىن ئوبرازلاشتۇرۇلغان بۇددىزم دەستۇرى، يەنە بىر تەرەپتىن بۇددىزم يېپىنچىسى ئاستىدىكى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان گۈزەل سەنئەت خەزىنىسى. ئۇنى «ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇددىزملىق باش تېما بويىچە ئىزاھلاش»قىمۇ، «ھەممىنىڭ ھەقىقىي مەنبەسى بولغان رېئال تۇرمۇش نۇقتىسى بويىچە ئىزاھلاش» قىمۇ ياكى «دىنىي يېپىنچىنى سىيرىپ تاشلاپ، سەنئەت تېماتىكىسى بويىچە ئىزاھلاش»قىمۇ بولىدۇ. مەسىلە تارىختىن ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنى تېپىش ئارقىلىق، يوشۇرۇن ۋە سىرلىق

تۇگۇنلەرنى ئىلمىي يوسۇندا يېشىپ بېرىشتە.

بىز غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدىكى بۇددىزم تېمىسىغا يانداشقىنىمىزدا، پۇتۇن ھەيكەللەر، پۇتۇن ئوبرازلار، ھەتتا چالغۇ ئەسۋابلىرىنى تۇتقان، ئۇسسۇلغا چۈشكەن كۆرۈنۈشتىكى ئوبرازلار بىلەن ساخاۋەتچى، تېۋىنغۇچى يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئوبرازلىرىنىڭمۇ بىر مەركىزىي تېمىغا ــ بۇددىزم تېمىسىغا مەركەزلەشكەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇ بىزگە «دەۋر كۆمتۈرۈلگەن نەرسىنى دەۋر كۆمتۈرۈلگەن ھالىتىدە چۈشىنىش ۋە ئىزاھلاش» نىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىز غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدىكى بۇددىزم تېمىسىغا يېقىنلاشقىنىمىزدا، پۇتۇن ئوبرازلار، ھەتتا ساكيامونىدىن تاكى يالىڭاچ گۈزەللەر، تېۋىنغۇچى ئەر ـ ئاياللار، سىزىلغان گۈل ـ گىياھلارنىڭمۇ پۇتۇن مەۋجۇتلۇقىنىڭ بىردىنبىر بۇلىقى ۋە گەۋدىسى بولغان رېئال دۇنيادىن ئېلىنغانلىقىنى كۆرىمىز. دۇنيا بىر پۇتۇنلۇكتۇر، ئۇ رېئال ۋە خىيالىي دېگەن ئىككى دۇنيا ئەمەس. رېئال دۇنياسىز، ھەقىقىي دۇنياسىز دەۋر كۆمتۈرۈلگەن دۇنيا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. دىنىي تەسەۋۋۇر رېئاللىقتىن ئۆرنەك كۆرۈنۈش ۋە ماتېرىيال ئېلىشقا موھتاج. ئاخىرقى ھېسابتا دىن ئەمەس، بەلكى رېئال دۇنيا بىردىنبىر ۋە قانۇنىيەت بويىچە ھەممىنى ئۆزگەرتىدىغان، بويسۇندۇرىدىغان ۋە ھەممە سىرلارغا قادىر ئاچقۇچ سالالايدىغان دۇنيادىن ئىبارەت. بۇ بىزگە «دەۋر كۆمتۈرۈلگەن نەرسىنى قايتا تۇز قويۇپ، ئەسلىي قىياپىتى بويىچە چۈشىنىش ۋە ئىزاھلاش»نىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىدۇ.

غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرى تارىختىن قېلىپقا چۈشكەن مەدەنىيەت يادىكارلىقى. ئۇنى ئىزاھلاشتا، شۇ تارىخىي قېلىپ بويىچە دىنىي تېماتىكىنى ئالدىن ئىزاھلاشقا توغرا كېلىدۇ.

غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدىكى بۇددىزم تېمىلىرى مۇھىم بۇددىزملىق مەزمۇندىكى ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى بىلەن

رەسساملىق سەنئىتى ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

بۇددىزملىق ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى تولۇق تاراشلانغان ھەيكەللەر بىلەن قاپارتما ھەيكەللەردىن ئىبارەت ئىككى شەكىل بويىچە بۇددىھا (ساكيامونى) ۋە ھەرقايسى مەبۇد ۋە بۇدساتۋا ئوبرازلىرىنى ئىپادىلىگەن.

بۇددىزملىق رەسساملىق سەنئىتى مۇھىمى، تاشكېمىرلەرنىڭ تاملىرى، تورۇسلىرى، بۇددىھا ھەيكەللىرى قويۇلىدىغان بۇددىھا ئويۇقلىرى (Raka buddha) تاملىرىغا سىزىلغان بۇددىھا، ھەرقايسى مەبۇد ۋە بۇدساتۋالارنىڭ ئوبرازلىرى، يارالمىش ھېكايىلىرى بىلەن سەۋەبىيەت ھېكايىلىرى، بۇددىھا قىسمەتلىرى، ئاسمان قىياپىتى، ساماۋى نەغمىچىلەر، بېكسۇ - بېكسۇنىلار ۋە تېۋىنغۇچىلار كۆرۈنۈشلىرى، گۈل - گىياھ، ھايۋان ۋە تەبىئىي مەنزىرە تەسۋىرى قاتارلىقلار ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدىكى بۇددىزملىق تېمىنى ئىپادىلەيدىغان بۇ ئوبرازلار بىر تەرەپتىن پۇتكۈل بۇددىزم نوم - سۇترىلىرىدىكى تەسۋىرىي ئوبرازلارنىڭ ئورتاق قانۇنىيەتكە ماسلاشقان ھالدا ساكيامونىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە مەركەزلەشكەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ئوبرازلار ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە بۇددىزمنىڭ ھىنايانا، ماھايانا، دىيانا ئەقىدىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ گەۋدىلەندۈرۈشتە، ئوبرازلارنىڭ قىياپەت ۋە كىيىنىشىنى يەرلىك ئېتنىك ئالامەتلەر بىلەن قايتا گەۋدىلەندۈرۈشتە، ھەرقايسى دەۋرلەرگە خاس ئىپادىلەش ئۇسلۇبىنى روشەن گەۋدىلەندۈرۈشتە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇنداق دېگەنلىك ھەممە خەلقلەردە بۇددىھا ۋە بۇدساتۋا ئوبرازلىرى شۇ خەلقلەرنىڭ مىللىي ۋە ئېستېتىك ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرمەي قالمايدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ؛ بۇنداق دېگەنلىك، ھەرقايسى دەۋرلەردە بۇدساتۋالارنىڭ ئەقىدە قاتلىمىدا تۇتقان ئورنى ئەينى زامان روھىيىتى تەلەپلىرىنى ئىپادىلىمەي قالمايدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

## ئىككىنچى، ساكيامونى ئوبرازى

بۇددىھا — بۇددىزم سەنئىتىدىكى باش پېرسوناژ بولۇپ، بۇ بۇددىھالىق ماقامىغا ئېرىشكەن ساكيامونىدىن ئىبارەت.

ساكيامونى — ساك خەلقىنىڭ دانىشمىنى نامىنى ئالغان سىددىخارتاخا گاۋتاما ئىسىملىك شاھزادە بولۇپ، بۇددا رىۋايەتلىرىدە ئۇ بودساتۋالىق ماقامىدىن بۇددىھالىق ماقامىغا يەتكەن. ئۇ «يارالمىش ھېكايەتلىرى» دە تەسۋىرلىنىشىچە، ئۇ 500 قېتىمدەك ھەر خىل ھايۋان قىياپىتىدە سانسارا بولۇپ (قايتا ـ قايتا تۇغۇلۇپ)، بودساتۋالىق ماقامىنى ئەلا دەرىجىدە بېسىپ ئۆتۈپ، ئاخىر «ھاسىل مۇراد — تاتھاگانا» (如来) تېپىپ بۇددىھالىق ماقامىغا يەتكەن. ئۇ بۇددىزمنى ئىجاد قىلغانلىقى ئۈچۈن «زاماننىڭ غورۇرى» (世尊) دەپ قارىلىدۇ. بۇددىزمنىڭ بۇ ئىجادچىسى ئىلاھ بولماي، ئادەم بولغان بولسىمۇ، كېيىنچە ئۇنىڭ ئەقىدىسىنى قوبۇل قىلىش، ئۇنىڭ ئوبرازىغا چوقۇنۇشقا ئايلىنىپ كەتكەن. ماھايانا بۇددىزمى ساكيامونىنى پەقەت ھازىرقى زامان بۇددىھاسى، بىردىنبىر مەبۇد ئەمەس دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ ئىزاھلىشىچە، ماكان جەھەتتىن، ئەرشتىكى كۆڭۈللۈك ئىقلىمدا (西方极乐世界) ئامىتابھا بۇددىھا(Amitabha — 阿弥陀佛) ، شەرقتىكى بىغۇبار ئىقلىمدا دورىگەر بۇددىھا (بھاشاجياگۇرا 药师佛) بولىدۇ؛ زامان جەھەتتىن، ئۆتمۈشتە چىراغچى بۇددىھا (Dipam kara — 燃灯师) بولغان، كەلگۈسىدە مايترى بۇددىھا (Naytreya — 弥勒师) بولىدۇ؛ ماكان، زاماننىڭ چەكسىزلىكى تۈپەيلى سانسىزلىغان بۇددىھالار مەيدانغا چىقىدۇ. بۇ «مىڭ بۇرھان» (千佛) قارىشىدىن ئىبارەت.

ساكيامونىنىڭ ئەسلىدە قانداق قىياپەتتىكى ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز. ئۇنىڭ ئوبرازى ئورنىغا ئىلۇپەر سۇپا (padma sana — 莲花座) ، ئاق پىل، ئۇ بۇددىھالىققا ئېرىشكەن

دەرەخ تۈۋى سىمۋول قىلىناتتى. كېيىنچە، بولۇپمۇ قەندىھار بۇددا سەنئىتى دەۋرىدىن باشلاپ ساكيامونىنىڭ ھەيكەل ياكى رەسىملەشتۈرۈلگەن ئوبرازى سىزىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئاساسلىق بۇددىزملىق سەنئەت پېرسوناژى سۈپىتىدە گەۋدىلەندۈرۈلدى.

ئىكونوگرافىيە (ئىلاھىي پورترېتلارنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم) نۇقتىسىدىن، قەندىھاردىن تاكى يىراق ياپونىيىگىچە ھەر خىل بۇيۇملاردا گەۋدىلەندۈرۈلگەن ساكيامونى ئوبرازىنى بىر ھەقىقىي، بىردەك پورترېتقا ئىخچاملاش مۇمكىن ئەمەس. گەرچە بۇددىزمنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقاد پرىنسىپلىرىنى ساكيامونى دەپ ئاتالغان سىددىخارتاخا ئىجاد قىلغان بولسىمۇ، ساكيامونى ئوبرازىنى ياخشىلىق ۋە ئالىيجانابلىقنى مىزان قىلغان ھالدا خەلق، ئالدى بىلەن ھەرقايسى شەرق ئەللىرى سەنئەتكارلىرى ئىجاد قىلغان. بىزنىڭ ھۆرمەت ۋە قىزىقىشىمىزنى قوزغايدىغان نەرسىمۇ، مۇشۇ كۆپ مىللەت ۋە كۆپ خىل مەدەنىيەت تۇپرىقىدا قايتا تەسۋىرىي ئوبرازىنى تاپقان ساكيامونى ئوبرازىدىكى كۆپ قىرلىقتىن ئىبارەت. بۇنى ئاۋرېل ستەين ياكى شاڭ دا ئەپەندىدەك نوقۇل گرېك ـ ھىندى قۇيما قېلىپىغا ئۇرۇپ كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنۇش، ئۇلۇغۋار سەنئەت دولقۇنلىرىغا تۇتۇلغان غەيرىي تارىخىي ئەسەبىيلىك ياكى گۆدەكلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.



44 ـ رەسىم. قەندىھار ھەيكەلتىراشلىرى تەسۋىرلىگەن ساكيامونى

ئەلۋەتتە ھەرقانداق پورترېت ساكيامونى ئەمەس. بۇددا ھېكايەت ۋە ساكيامونى قىسسە ـ تەزكىرىلىرىدە، ساكيامونىنىڭ نەچچە

خىل ئالامىتى تىلغا ئېلىنغان. بۇلار: ئىككى قېشى ئارىسىدا ئاق موينىڭ (urna) بولغانلىقى، قۇلىقىنىڭ ئۇزۇنراق بولۇشى، بېشىنىڭ چوققىسىدا دۇمباقچە (usnisa) بولغانلىقى، بوينى تولغان، جەينىكى ئۇزۇنراق بولغانلىقى قاتارلىق ئالامەتلەر (laksana) دىن ئىبارەت. بۇ ئالامەتلەرنى كونكرېت ئىپادىلەشمۇ بىر خىل بولمىغان. گابائىن خانىم «ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىدە تۇرمۇش» ناملىق كىتابىنىڭ «بۇددا ئىكونوگرافىيىسى» دېگەن 17 ـ بابىدا، قوچۇ (تۇرپان) ئۇيغۇرلىرى ئىشلىگەن ساكيامونى ئوبرازىنىڭ يۈزى شەرقىي ئاسىيا گۈزەللىرىنىڭ تىپىك ئاساسىدا بولغانلىقىنى، ئۇلار گرېكلارچە «كالا كۆز» ئورنىغا مېغىز كۆز شەكلىنى قوللانغانلىقىنى، ئۇلار سىزغان ساكيامونى قېشى كېپىنەك بۇرۇتىدەك بۇرۇن يېنىدىن كۆزىنىڭ ئۈستىگە تارتىلىدىغانلىقىنى، بۇرنى قاڭشارلىق، كالپۇكى كىچىك، ئاستىنقى كالپۇكى سەل قېلىن بولىدىغانلىقىنى، بېزەكلىكتىكى بۇ ئالامەتلەر بىلەن كۇچادىكى بۇددىھا پورترېتىنىڭ ئالامەتلىرى ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى يازغان①.

ساكيامونىنىڭ ئوبرازى ئۇنىڭ رەڭگىگە ئەمەس، ئۇنىڭ ھەرقايسى بۇدساتۋالار ئارىسىدا تۇتقان مەركىزىي ئورنىغا قاراپ، ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئارقىسىدىكى نۇر چەمبىرىكى (mandola — 灵光)گە قاراپ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۆرە ياكى ئولتۇرۇش قىياپىتى ۋە قول بەلگىلىرى (mudra — 手印) گە قاراپ، پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

ساكيامونىنىڭ ئۆرە تۇرغان ۋە ئولتۇرغان ھەيكەللىرى، رەسىملىرى كۆپلەپ ئىشلەنگەن. ئۇلاردىكى چازا قۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن قول بەلگىلىرى (mudra — 手印) بىرقانچە خىل بولغان. بۇ خىل ئولتۇرۇش ۋە قول بارماقلىرىنى بەلگە شەكلىدە تۇتۇپ تۇرغانلىقى ئۇنىڭ قانداق پائالىيەت ئۈستىدە تۇرغانلىقىغا بېشارەت بولغان.

شىنجاڭ بۇددا ئىبادەتخانىلىرى خارابىلىرى بىلەن

تاشكېمىرلىرىدىكى بۇددىھا ھەم بۇدساتۋا ھەيكەللىرىنىڭ ئومۇمىي سانىنى بىلەلمەيمىز. بىز دۇڭخۇاڭ تاشكېمىر تىزمىسىدا 16 پادىشاھلىقتىن يۈەن سۇلالىسىغىچە بولغان 1000 يىل ئىچىدە 2400 بۇت ھەيكەل، 45 مىڭ كۋادرات مېتىر ئورۇننى ئىگىلىگەن تام رەسىمى بولغانلىقىغا تەققاس قىلىپلا، شىنجاڭدا خوتەندىن قۇمۇلغىچە بولغان ئىبادەتخانا ۋە كېمىرلەردە تېخىمۇ نۇرغۇن تەسۋىرىي سەنئەت ئەسەرلىرى بولغانلىقىنى قىياس قىلالايمىز. مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى چارىكىگىچە يەنە ساقلىنىپ قالغانلىرىدىن سۋېن ھېدىن، ئاۋرېل ستەين، گرونوۋېدىل، لېكوك، ئوتانى، پېللىئوت قاتارلىق كىشىلەر ئېلىپ كەتكەنلىرىمۇ ئاز ئەمەس. كىتابىمىزنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىدا ئۇلاردىن نەمۇنىلەر كۆرسەتتۇق.

شىنجاڭ تاشكېمىر سەنئىتىدە ساكيامونى ئوبرازىغا بېغىشلانغان تام رەسىملىرىمۇ ئىنتايىن ئاساسلىق ئورۇن تۇتىدۇ ۋە ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە. قىزىل تاشكېمىر تۈركۈمىدىكى 17 ـ، 47 ـ، 69 ـ، 129 ـ، 176 ـ كېمىرلەردە، قۇمتۇرا تاشكېمىر تۈركۈمىدىكى 3 ـ، يېڭى 2 ـ تاشكېمىرلىرىدە، تۇرپان بېزەكلىك 9 ـ تاشكېمىرىدە ساكيامونى مەركەز قىلىنغان گۈزەل تام رەسىملىرى ساقلانغان. بېزەكلىك 9 ـ تاشكېمىرىدىكى «بۇددىھانىڭ ھېكمەت سۆزلىشى» ناملىق رەسىمدە ئۈستىگە قىزىل كاسايا كىيگەن، كىيىملىرىدىن لېنتىلار ساڭگىلاپ تۇرغان ساكيامونىنىڭ پۇتىغا چورۇق كىيىپ نېلۇپەر گۈلىگە دەسسەپ، قولىنى «دىھارما مۇدرا» شەكلىدە تۇتۇپ، سولغا قىيا بېقىپ ئەتراپتىكىلەرگە قاراۋاتقان مېھرىبان قىياپىتى سىزىلغان. بۇ رەسىمدە ساكيامونىنىڭ بېشى ۋە پۈتۈن بەدىنىدىن نۇر چاقنىغان بولۇپ، ئەتراپىغا ئاسمان ئىلاھى (دىۋاراجا)، بۇدساتۋا، ساخاۋەتچى خان ۋە بېكسۇلار، يىراقتىن كەلگەن ئات ـ ئۇلاغلىق تېۋىنغۇچىلار ئوبرازلىرى بېرىلگەن. ئاۋرېل ستەين دەل شۇ خىل تام رەسىمنىڭ ساكيامونى ئوڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەرەپكە قىيا قاراپ تۇرغان يەنە ۋارىيانتىنى ئېلىپ كەتكەن.

شىنجاڭ تاشكېمىرلىرى ۋە بۇددىزم خارابىلىرىدىن ساكيامونى بىلەن بۇدساتۋالارنىڭ دۇردۇنغا، كەندىر توقۇلمىغا توقۇپ ياكى بېسىپ چۈشۈرۈلگەن نەپىس، رەڭدار ئوبرازلىرى كۆپلەپ تېپىلدى. بۇ جەھەتتە مىلادىيە 9 ـ ئەسىردىكى ئىدىقۇت شەھىرى، مۇرتۇق قاتارلىق جايلاردىن گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ئېلىپ كەتكەن ئەر ـ ئايالچە بۇدساتۋا، ساكيامونىنىڭ ھېكمەت سۆزلىشى، ئۇچار قىزلار، قوش باشلىق ساكيامونى، ئۇيغۇر خانى قاتارلىق ئوبرازلار چۈشۈرۈلگەن دۇردۇن، كەندىر رەخت رەسىملىرى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا باينىڭ قىزىلدىن مىلادىيە 7 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ بىر مۇنچە تاختايغا سىزىلغان رەڭدار ساكيامونى رەسىمى، ئىدىقۇتتىن مىلادىيە 9 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ قەغەزگە سىزىلغان بۇددىزم سەنئىتى رەسىملىرى تېپىلغان.

شىنجاڭ تاشكېمىرلىرىدىكى ساكيامونى ئوبرازى بېرىلگەن تام رەسىملىرى تولا ھاللاردا باشقا بۇدساتۋا ۋە ساماۋى تەڭرى ـ مۇئەككەللەر ئوبرازلىرى بىلەن بىللە بېرىلگەن. شۇ سەۋەبلىك بىز ئاساسلىق بۇدساتۋا ۋە ساماۋى مۇئەككەللەر ئۈستىدىمۇ قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## ئۈچىنچى، بۇدساتۋالار ئوبرازلىرى

بۇدساتۋا (Bodhisattva — 菩提萨垂) — بۇددىھالىق ماقامىغا ھازىرلىنىۋاتقانلار، «ئويغىنىۋاتقان مۆتىۋەرلەر» بولۇپ، ساكيامونى بۇددىھا بولۇشتىن ئىلگىرى بۇدساتۋالىقنى باشتىن كەچۈرگەنىمىش. بۇددا دىنىدا بۇدساتۋالار ناھايىتى نۇرغۇن بولۇپ، بىز شىنجاڭ تاشكېمىرلىرىدە بۇددىزم تېمىسىنى بىۋاسىتە گەۋدىلەندۈرۈپ سىزىلغان تۆت ئاساسلىق بۇدساتۋا بىلەن مايترىيا ئوبرازى ئۈستىدە توختىلىش بىلەن چەكلىنىمىز.

ئافىل مانجۇسىرى (Manjusiri — 大智文殊师利) — ساكيامۇنىنىڭ دائىم سول تەرىپىدە كۆرۈنىدىغان ئەڭ زور تۆت چوڭ بۇدساتۋانىڭ بىرىنچىسى بولۇپ، بۇددىزم ئەقىدىلىرىنى مۇنازىرىدە قوغدايدۇ، دەپ تەرىپلىنىدۇ. ئۇ خەنجەر ئاسقان، شىرغا مىنگەن، قەلبىدە دەردلىك پىكىر قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشلەردە تەسۋىرلىنىدۇ.

سامانتا بىهادرا (Samanta bhadra — 三曼多罗跋陀) ياكى (普贤大行) ساكيامۇنىنىڭ دائىم ئوڭ تەرىپىدە كۆرۈنىدىغان تۆت بۇدساتۋانىڭ ئىككىنچىسى بولۇپ، بۇددىزم ھېكمەت (Dharma — 法) لىرىنى كېڭەيتىدىغان، ئۇمۇرنى ئۇزارتىدىغان خىسلەت ئىگىسى دېيىلىدۇ.

ئاۋالوكىتېسۋارا (awalokite svara — 阿波卢吉低舍婆罗) ياكى ئاۋالوكىتېسۋارا بۇدساتۋا (观世音菩萨)، جۇڭگولۇقلار ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىغان، جۇملىدىن ئۇيغۇر بۇددىستلىرى «قونشىئىم پۇسار» دەپ ھۆرمەت قىلىدىغان، مېھىر ـ شەپقەتلىك، ئايال قىياپەتلىك بۇدساتۋا بولۇپ، ئۇ خالايىقنىڭ زارىنى ئاڭلىغۇچى، خالايىقنىڭ ھالىنى كۆرگۈچى شەپقەت مۇئەككىلى دەپ قارالغان. ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى ئۇنىڭ 36 خىل ئۆزگىرىش ۋە 12 خىل مۇشكۇللۇكنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىغا يارىشا 1000 كۆز، 1000 قوللۇق قىلىنىپ، ئاق كىيىم كىيگەن، سۇدىكى ئاي يېنىدا تۇرغان، يوپۇرماقلىق كىيىم كىيگەن، ئات باشلىق ۋە كۆپ باشلىق كۆرۈنگەن ھالەتتە تەسۋىرلىنىدۇ. گابائىن خانىمنىڭ كۆرسىتىشىچە، تۇرپاندىن تېپىلغان بىر رەسىمدە ياردىن سەكرەپ ئۆلۈۋالماقچى بولغان بىر كىشىنى، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ قۇتقۇزۇۋالغان بىر بۇدساتۋا كۆرۈنۈشى سىزىلغان. بۇ ئاۋالوكىتېسۋارا بۇدساتۋادىن ئىبارەت[2]. قۇمتۇرا 12ـ، 15 ـ كېمىرلىرىدە ئاۋالوكىتېسۋارا بۇدساتۋا قولىدا پاكلىنىش قاچىسى (净瓶) تۇتقان قىياپەتتە تەسۋىرلەنگەن.

www.uyghurkitap.com

كىستىگاربھا (Ksitigarbha, 地藏菩萨) — ساكيامونىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە، ساكيامونى قازا قىلىپ، تاكى مايترى ئالەمگە كەلگۈچە، بارلىق جانلىقلارنى ئازابتىن قۇتۇلۇشقا يېتەكلەپ، ئۇلارنىڭ ئارمانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئۈستىگە ئالغان بۇدساتۋا دەپ تەرىپلىنىدۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى ئاسمان - زېمىن ۋە دوزاخ ئارىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرارمىش. ئۇنىڭ ئوبرازى يالاڭ تاقىرباش، چوڭ قۇلاق، ئىككى قولىدا تەسۋى تۇتقان راھىب قىياپىتىدە ئوبرازلاشقان، كىستىگاربھا تۇرپاندا ئۇيغۇرچە «يېر ئاغىلىق بۇدسىتىۋ» (yer ariliqi bodsitv) دەپ ئاتالغان ۋە ئۇنىڭ ئوبرازى بويىنىغا مارجان ئاسقان، ئايالچە قىياپەتتە، نېلۇپەر ئورۇندۇق ياكى سېپىل تېمىغا ئولتۇرغان شەكىلدە سىزىلغان.



45 - رەسىم. قىزىلدىن تېپىلغان بۇدساتۋا ھەيكىلىنىڭ بېشى (بېرلىن مۇزېيىدا)

مايترى (Maitreya — 弥勒) — «مايترىنىڭ دۇنياغا كېلىشى» (Maytreyf viya karana — «弥勒下生经») ناملىق كىتابتا يېزىلىشىچە، ئۇ ئەسلىدە ساكيامونىنىڭ مۇخلىسى بولۇپ، ساكيامونىدىن ئىلگىرى ئالەمدىن ئۆتكەن. ساكيامونى ئالەمدىن ئۆتۈپ، 1 مىليارد 600 مىليون يىلدىن كېيىن مايترى قايتىدىن ئالەمگە تۇغۇلۇپ، ناگايا (龙华树) دەرىخىنىڭ تۈۋىدە بۇددىھالىققا ئېرىشىدۇ. مايترى بۇددىھا بولۇش ئالدىدا بۇدساتۋا دەپ ئاتىلىدۇ. مايترى بۇدساتۋانىڭ قىزىل تاشكېمىرلىرىدىكى

ئورنى مەركىزىي تۇۋرۇك ئۈستىدىكى تام بولۇپ، ئۇنىڭ سۇكھاۋاتى (兜率天宫) دەپ ئاتالغان ساماۋى بەخت دىيارىدا ئاسماندىكى روھلارغا بۇددىزم ھېكمەتلىرىنى سۆزلەۋاتقانلىقى سىزىلغان. مايترى نېلۇپەر سۇپىدا ئەمەس، كۆرپىدە، ئورۇندۇقتا، ھەتتا يەردە ئولتۇرغان قىلىپ سىزىلىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭ پۇتى يەردىن يېرىم چىقىپ تۇرغان ئىلاھە (女神) تەرىپىدىن يۆلەنگەن قىلىپ، بەزىدە پۇتىنىڭ ئىككى يېنىدا شىر تۇرغان قىلىپ سىزىلغان. بۇ قىياپەتلەر ئەلۋەتتە يېگانە قارالماسلىقى لازىم. ئەپسانە قىلىنىشىچە، خوتەندە بىر ئارخات ساكيامۇنىنىڭ ئالەمگە كېلىشىنى كۈتۈپ، خۇمار تېغىدىكى تاش ئۆيدە ياتقانمىش. شىنجاڭدىن تېپىلغان «مايترى سىمىت» ناملىق دراما كىتابى ۋە ياغاچقا ئويۇلغان مايترى ئوبرازلىرى ئەينى زامان كىشىلىرىنىڭ كەلگۈسىگە تەلپۈنگەن روھىيىتىنى گەۋدىلەندۈردى. ھىنايانا ئۈستۈنلۈك ئالغان زاماندا بىر بۇددىھا (ساكيامۇنى) ۋە بىر بۇدساتۋا (مايترى) گە ئىشىنىش مەۋجۇت ئىدى. كېيىنكى زاماندا ماھايانانىڭ ئۈستۈنلۈك ئېلىشى بىلەن مىڭ بۇرھان تەرغىباتى ۋە ئوبرازلىرى مەيدانغا چىقتى.

## تۆتىنچى، ساماۋى مۇئەككەللەر ئوبرازلىرى

ساماۋى مۇئەككەللەر تاشكېمىر تام رەسىملىرىدە ساكيامۇنى، بۇدساتۋالاردىن كېيىنكى ئۈچىنچى ئېرارخىيىلىك (دىنىي دەرىجىلىك) پېرسوناژ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بۇلار سەككىز بولۇپ، تەپسىلاتى مۇنداق:

دىۋاراجا (Divaraja — 天王) — ساماۋى ھاكىم بولۇپ، ساكيامۇنىنىڭ قوغدىغۇچى ھامىيسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار يىلان ئەجدىھالىق دۇبۇلغا كىيگەن، بەدەنلىرى ساۋۇتلانغان، قولىغا ئومۇتلار تۇتقان، يۈز - كۆزلىرى قەھر - غەزەپ بىلەن تولغان بولسىمۇ، ئۇ ئىلاھىيەت دىيارىنى قوغدىغۇچىلار ھېسابلانغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئوبرازى تولىراق تاشكىمىرلەرنىڭ تۆت بولۇڭ تورۇسىغا سىزىلىدۇ.

ناگاراجا (Nagaraja — 龙王) — ئۇلار ئىنسان قىياپەتلىك، ئەمما تاجلىرىدىن بىرقانچە يىلان بېشى چىقىپ تۇرغان كۆرۈنۈشتە سىزىلىدۇ.

ياكسا (Yaksa — 夜叉) — ئالۋاستى دېگەنلىك بولۇپ، ئۇلار زېمىن ياكسالىرى ۋە ئۇچار ياكسالارغا بۆلۈنىدۇ. غەلىتە ـ سەت قىياپەت ئۇلارغا ئوبراز قىلىنغان. دۇۋاراجا قارىمىقىدا 12 سانغۇنلۇق (گېنېراللىق) ياكسالار بولىدۇ. ئۇلار بەزىدە كىشىلەرگە يامانلىق قىلىدۇ. ۋاجراپانى (Vajrapani — 金刚)لار ياكسالاردىن كېلىپ چىققان بولۇپ، بۇددىزمنى قوغداش قىلغان، ساكيامونىنى قوغدايدۇ. بىز ھەممىلا ئىبارەت كىمىرلىرىدە بۇنداق مۇھاپىزەتچى مۇئەككەللەرنى كۆرىمىز. ئۇلار بەزىدە تەقۋادار قىياپەتتە (مەسىلەن، بېزەكلىكتە)، بەزىدە قەھرىمانلارچە ھالەتتە (مەسىلەن، قىزىل 77 ـ كىمىردە)، بەزىدە دەرغەزەپ بىلەن جىن ـ ئالۋاستىلارغا تاقابىل تۇرۇۋاتقان كۆرۈنۈشتە سىزىلغان.

ئاسۇرا (Asura — 阿修罗) — بىر خىل ئادەممۇ، جىنمۇ ئەمەس، ئۈچ باش، ئالتە مۈرىلىك غەلىتە مەخلۇق، ئىككى قولىدا ئاي بىلەن كۈننى كۆتۈرۈپ يۈرگەن قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇ بۇددىھاغا تەسلىم بولغان، دېيىلىدۇ.

گارۇدا (Garuda — 迦楼罗) — ئىنتايىن دەھشەتلىك ئالتۇن قاناتلىق قۇش بولۇپ، ئەجدىھا يەپ ياشايدۇ. بەزىدە قۇش، بەزىدە قۇش شەكىل قالپاق كىيگەن جەڭچى ئوبرازىدا تەسۋىرلىنىدۇ.

ماھارۇكا (摩侯罗迦) — چوڭ يىلان بولۇپ، تولا ھاللاردا يىلان يۈزلۈك ياكى بېشىدىن بىر يىلان چىقىپ تۇرغان قىياپەتتە سىزىلىدۇ. ماھارۇكا يەنە مۇزىكا ئىلاھى بولۇپ، قولىدا زىڭ ياكى بىلىدە بەلدۇمبىقى چېلىۋاتقان ھالەتتە تەسۋىرلىنىدۇ.

يۇقىرىقى ئالتە ئاسمان مۇئەككىلىدىن تاشقىرى يەنە ئۇچار

مۇئەككەللەر (ئۇچار پەرىلەر، 飞天、飞仙) دىن گاندىھارۋا (Gandharra — 乾闼婆) بىلەن كىننارا (Kinnara — 紧那罗) بار. گاندىھارۋا — خۇش پۇراق چاچقۇچى ئىلاھ ھەم مۇزىكا ئىلاھى بولۇپ، كىننارا — گاندىھارۋانىڭ ئايالى، ئۇسسۇل ۋە ناخشا ئىلاھى دەپ تەرىپلىنىدۇ. بۇددا ھېكايىلىرىدە كىننارانى غەربىي ساما دەۋراجاسى ھەم بايلىق ئىلاھى كۇبېرا (Kubera — 俱旧比罗) يەنە بىر ئىسمى ۋايسراۋانا (Vaisravana, 毗沙门天王) نىڭ ناخشا - ئۇسسۇلچىسى دەپ تەرىپلەنگەن. شىنجاڭ تاشكېمىرلىرىدە بۇ ئىككى ئۇچار مۇئەككەللەر ئوبرازى كۆپلەپ سىزىلغان. بۇ ھەقتە كىتابىمىزنىڭ سەككىزىنچى بابىدا تەپسىلىي توختىلىمىز. شۇنىسى روشەنكى، بۇ ئەپسانىۋى پېرسوناژلار خەلق ھېكايىلىرىدىن، ئالدى بىلەن ھىندىستاننىڭ براخمان ئەقىدىلىك ۋە باشقا چۆچەك - ئەپسانىلىرىدىن ئېلىنغان ۋە بۇددىزملىق تېماتىك مەزمۇن بېرىلگەن بولۇپ، ئەسلىدە بۇددىزمدىن مۇقەددەم مەۋجۇت ئىدى. يەنە شۇنىسىمۇ روشەنكى، بۇ پېرسوناژلارنى تەسۋىرىي سەنئەت تۇسىدە سىزغاندا، يەرلىك ئۇسلۇب بويىچە ئىپادىلەش ئۇستۇنلۇك ئالغان ۋە ھەرقايسى كېمىرلەردە ھەر خىل قىياپەتتە سىزىلغان.

## بەشىنچى، مىڭ بۇرھان ۋە ئۆزگەرتىلمىلەر

مىڭ بۇرھان — مىڭ بۇددىھا ياكى سانسىز بۇددىھا دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ماھايانا بۇددىزمىدىكى ئاساسلىق ماكان، زامان ۋە چەكسىزلىك كاتېگورىيىلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ ئىزاھلانغان بۇددىھانىڭ پەيدا بولۇش قارىشىنىڭ مەھسۇلى.

ماھايانا بۇددىزمى مۇنداق قارايدۇ: بۇددىھا — ساكيامونى ئادەم بولۇپ، ھەممە ھەقىقىي بۇددىستلار، راھىب، بېكسۇ، ئارخات، بۇدساتۋالار بۇددىھا ماقامىغا ئېرىشىشى مۇمكىن. ساخاۋەتچىلەر، تېۋىنغۇچىلاردىمۇ بۇ مۇمكىنلىك مەۋجۇت. بۇنداق تەر-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com



46 - رەسىم. قىزىلدىن تېپىلغان مىلادىيە 7 - ئەسىرگە مەنسۇپ رەڭدار
ئىشلەنگەن ساماۋى مۇئەككەلنىڭ كۆكرەك ھەيكىلى
يەرلىك قىياپەتتە قاتۇرۇلغان

غىبات ئارقىلىق ماھايانا بۇددىزمىغا بولغان ئېتىقادنى ئاددىي ئىبادەتتىن پائال ئىنتىلىشكە ئايلاندۇرماق بولدى.

ماھايانا بۇددىزمى يەنە مۇنداق قارايدۇ: ئالەم زامان جەھەتتە چەكسىز، 12 مىليارد 800 مىليون يىل بىر چوڭ ئېرا (大劫) بولۇپ، ھەربىر چوڭ ئېرادا مىڭلىغان كىشىلەر بۇددىھا بولالايدۇ؛ ئۆتمۈش «تەنتەنىلىك ئېراسى» (庄严劫) دېمۇ، ھازىرقى «دانالىق ئېراسى» (贤劫) دىمۇ، كەلگۈسى «ئەختەرلەر ئېراسى» (星宿劫) دىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

ماھايانا بۇددىزمىدىكى بۇ قاراش تولىمۇ كەڭ تەرغىب قىلىنغان سەنئەت تېمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ماھايانانىڭ كۇسەن ۋە قوچۇدا كېڭىيىشى بىلەن، ئۇيغۇر كۇسەن خانلىقى ۋە ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدە بۇ قاراش كەڭ قانات يايدۇرۇلدى. بېزەكلىك ۋە قۇمتۇرا تاشكېمىر تۈركۈملىرى بۇ جەھەتتىكى تىپىك سەنئەت سالونلىرى بولۇپ قالدى. پۈتۈن - پۈتۈن تاملارغا، كېمىر تورۇسلىرىغا، مەركىزىي تۈۋرۈك (مۇنار)

ئەتراپىغا كۆپلىگەن رەتلىك، ئوخشاپ كېتىدىغان كىچىك بۇددىھالار رەسىملىرى سىزىلىشقا باشلىدى. ۋەھالەنكى، بۇ بولغۇسى ئابستراكت بۇددىھالارنىڭ خاس ئوبرازلىرى ۋە تەزكىرە - قىسسەلىرى يوق بولۇپ، پەقەت ماھايانىنىڭ مىڭ - تۈمەن بۇددىھا توغرىسىدىكى ئىدىيىلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكىلا خىزمەت قىلاتتى. تۇرپان بېزەكلىك كېمىرلىرىدە خۇددى زەدىۋال رەختلەردىكى ئويۇق ئىچىگە ئېلىنغان كۆپلىگەن ئاپتۇۋا رەسىملىرىدەك، مىڭ بۇرھان رەسىملىرىمۇ بىر خىل دىنىي نەقىشلىك كۆرۈنۈش بېرەتتى. كومراجىۋا «ساخاسىرا بۇددىھا نىدانا سۇترا» دېگەن كىتابنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان. بۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە مىڭ بۇرھان قاراشلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىغا كۈچلۈك تەسىر يەتكۈزگەن.

ئۆزگەرتىلمىلەر (经变画) تاشكېمىر تام رەسىملىرىدىكى



47 - رەسىم. قۇمتۇرا كېمىرلىرىگە سىزىلغان گارۇدا قۇشى ئوبرازى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ماھايانانىڭ بارغانسېرى جۇڭگولىشىشى ئاساسىدا پەيدا بولغان ئۆزگەرتىلگەن نۇسخىلىرىنى كۆرسىتەتتى. بۇددىزم سۈي ـ تاڭ سۇلالىلىرىدىن كېيىن جۇڭگودا يىلتىز تارتتى، يەرلىك بۇددىزملىق مەزھەپ ـ ئېقىملار مەيدانغا چىقتى. بۇ ئەينى زامان جۇڭگو فېئودالىزمى بىلەن ماھايانا بۇددىزمى بىرلەشكەن دىنىي ئۇستقۇرۇلما بولۇشقا باشلىغانلىقىنى نامايان قىلدى. نەتىجىدە ئىلگىرىكى بەزى ئىستىقامەت ئۇسۇللىرى جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ تەلەپلىرىگە ئۇيغۇن كەلمىدى. تولىراق نوم ـ سۇترىلاردىن ئاۋام ئاسان قوبۇل قىلىدىغان قائىدىلەر تۈزۈلدى ۋە تام رەسىملىرى سىزىلىشقا باشلىدى. مۇنداق نوم ـ سۇترىلارنى تەمسىللىك ئۇسۇلدا رەسىملەشتۈرۈش ئۆزگەرتىلمىلەر (Vdaharana) (变相) دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى. ئەگەر، بۇددىزمىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە تارقىلىشىدا غەربىي يۇرت ئاساسلىق كۆۋرۈك بولغان بولسا، ئەمدى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە شەكىللەنگەن بۇنداق ئۆزگەرتىلمە تام رەسىملەرنى سىزىش غەربىي يۇرتقا تارقالدى. تۇرپان بېزەكلىكتە، قۇمتۇرا 14 ـ كېمىردە «مايترىنىڭ ئۆزگىرىشى» (弥勒变)، 16 ـ كېمىردە «غەربىي پاك زېمىننىڭ ئۆزگىرىشى» (西方净土变)، «دورىگەر ئۇستىنىڭ ئۆزگىرىشى» (药师变) قاتارلىق يېڭى ۋارىيانتتىكى تام رەسىملىرى مەيدانغا كەلدى.

* *

بۇددىھا، بۇدساتۋا، ئاسمان مۇئەككەللىرى مىڭ بۇرھانلاردىن تاشقىرى، راھىب، بېكسۇ، ساخاۋەتچى، تېۋىنغۇچىلارمۇ دىنىي ئېتىقادنىڭ يەنە بىر قاتلىمىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە «يەر تەڭرىسى»، «سۇ تەڭرىسى»، «شامال تەڭرىسى»، «ئوت تەڭرىسى» دىن ئىبارەت تۆت تەڭرى، ئاي ۋە كۈن تەڭرىلىرى

قىزىل تاشكېمىرلىرىنىڭ 8 ـ، 17 ـ، 34 ـ، 38 ـ، 97 ـ، 98 ـ، 118 ـ، 126 ـ، 175 ـ كېمىرلىرىدە، سىمسىم تاشكېمىرلىرىنىڭ 11 ـ، 30 ـ، 44 ـ، 48 ـ كېمىرلىرىدە، قۇمتۇرانىڭ 23 ـ، 31 ـ، 46 ـ، 50 ـ، 63 ـ كېمىرلىرىدە ئىپادىلەنگەن. بولۇپمۇ قىزىل 34 ـ كېمىر بۇ جەھەتتە تىپىك ئورۇن تۇتقان. بۇ ھەقتە ئالاقىدار ماۋزۇلاردا ئايرىم مۇھاكىمە ئېلىپ بارىمىز.

غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدىكى بۇددىزم تېماتىكىسى يەنىلا ساكيامونىنى مەركەز قىلغان ھالدا «بۇددىھا قىسسەتلىرى» (本生故事)، «يارالمىش ھېكايىلىرى» (佛传故事) بىلەن «سەۋەبىيەت ھېكايىلىرى» (Hetupratyaya, 因缘故事) گەۋدىلەندۈرۈلگەن تام رەسىملىرىگە مەركەزلەشكەن.

## 2. «بۇددىھا قىسسەتلىرى» دىن ئۆلگىلەر

شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، گەرچە بۇددىزم شەرقىي ئاسىيا ۋە جەنۇبىي ئاسىيانىڭ تولىمۇ كەڭ زېمىنىدا مىڭ يىللاپ داۋام قىلغان ۋە ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ۋە تەسۋىرىي سەنئەت مۆجىزىلىرى ياراتقان بولسىمۇ، ئەمما بىز بۇ كەڭ زېمىننىڭ ھەممىلا قىسمى، خوتەن، كۇچا، قاراشەھەردىكى شورچۇق، مىران ۋە كروران، قوچۇ بۇددا تاشكېمىرلىرى ۋە ئىبادەتخانىلىرىدىكىدەك رەڭگارەڭ تام رەسىملىرىگە ئىگە بولمىغانلىقىنى كۆرىمىز. ئۇ يەرلەردە بۇددىھا ۋە ھەر خىل بۇددىزملىق مۇئەككەللەر ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى ۋە ياغاچ بىناكارلىق سەنئىتى بويىچە راۋاجلاندى، ھەتتا گۈزەل نەمۇنىلەر ياراتتى. شىنجاڭدا، جۇملىدىن دۇنخۇاڭدا بولسا تام رەسىملىرى ئۆزىنىڭ چوڭ ھەجىملىك رەڭگارەڭ پاۋلىئونىنى تەشكىل قىلدى. ئېيتىش مۇمكىنكى، بىرقەدەر نوقۇل بولغان ھەيكەل

تۇرغۇزۇش سەنئىتىگە نىسبەتەن، مەلۇم ساندىكى ھەيكەل ئوبرازلىرىغا بىرلەشتۇرۇلۇپ ئىشلەنگەن تام رەسساملىقى سەنئىتى كۆپ تېماتىك، شەكلەن، رەڭگارەڭ مەنزىرە ھاسىل قىلغانلىقى بىلەن ئۆز ئەۋزەللىكىنى كۆرسەتتى. روشەنكى، تاشكېمىر ۋە ئىبادەتخانا تاملىرىغا ئالا قويماي سىزىلغان تۈمەنلىگەن «بۇددىھا قىسمەتلىرى»، «يارالمىش ھېكايىلىرى»، «سەۋەبىيەت ھېكايىلىرى»، «سۇترىلار ھېكايىلىرى» ۋە رېئال تۇرمۇش، تارىخىي تېما، سەنئەت تېمىسىغا ئائىت تام رەسىملىرىنىڭ مەزمۇن ۋە كۆرۈنۈشلىرىنى نوقۇل ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى ۋاسىتىسى بىلەن گەۋدىلەندۈرۈش تولىمۇ مۇشكۇل ئىدى. يالغۇز غەيرىي بۇددىزم مەدەنىيىتى رايونىدىن كەلگەن سەييالارلا ئەمەس، بۇ بۇددىزم مەدەنىيىتى ساقلانغان ئەللەردىن كەلگەن سەيياھلار، ھەتتا بۇددىزم مۇخلىسلىرىمۇ بۇ يەردىكى ئاددىي ۋەيرانە تاشكېمىرلەرگە سىزىلغان سەنئەت مۆجىزىلىرىدىن قىزىقىش ھېس قىلىشتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ھەر خىل ھەيكەللەر بىلەن تولغان ئىبادەتخانىلار دىنىي سۇرلۇك روھىيىتى ۋە بەدىئىي تۇرغۇنلۇق سېزىمى پەيدا قىلسا، مۇنداق تام رەسىملىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن ئىبادەتخانا ۋە تاشكېمىرلەر جانلىق، ھەرىكەتچان، ھېكايەتچان تارىخىي ۋە بەدىئىي تۇيغۇ ھاسىل قىلغانلىقى بىلەن پەرقلىنىدۇ. مۇنداق بۇددىزملىق تام رەسىملىرىدىن مۇھىم بىر تۈرى بۇددىھا توغرىسىدىكى تەزكىرە — «بۇددىھا قىسمەتلىرى» دىن ئىبارەت.

بۇددىھا قىسمەتلىرى — ساكيامونى تۇغۇلغاندىن تاكى قازا بولغۇچە يۈز بەرگەن مۇھىم كەچۈرمىشلەرنىڭ ھېكايەتلىك تەسۋىرىي ئوبرازى بولۇپ، يالغۇز قەدىمكى كۇسەن قىزىل تاشكېمىرلىرىدىلا 60 خىلدىن ئاشىدۇ. بۇ كەچۈرمىشلەر ئۇلانما رەسىم شەكلىدىمۇ، تاللانما رەسىم شەكلىدىمۇ سىزىلغان.

تاللانما رەسىملەرمۇ ھەرخىل بولۇپ، تۆت كۆرۈنۈشلۈك رەسىم (四相图)، سەككىز كۆرۈنۈشلۈك رەسىم، 12 كۆرۈنۈشلۈك رەسىم دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈنگەن. تۆت كۆرۈنۈشلۈك رەسىملەر ــ ساكيامونىنىڭ تۇغۇلۇشى، ئالۋاستىنى ئەل قىلىش، ھېكمەتلىك دەۋر قىلىش، نىرۋانا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولسا، سەككىز كۆرۈنۈشلۈك رەسىملەر ــ ئەرشتىن چۈشۈش (兜率天降世)، قورسىقىغا ئاق پىل بولۇپ كىرىش (白象入胎)، قورسىقىدا ھېكمەت تەرغىب قىلىش (住胎说法)، ئوڭ پېشىدىن تۇغۇلۇش (右肋诞生)، شەھەردىن كېتىپ تەركىدۇنيا بولۇش (逾城出家)، دەرەخ تۈۋىدە ئەۋلىيا بولۇش (树下成道)، ھېكمەتلىك دەۋر قىلىش (初转法轮)، ئورماندا ھالاك بولۇش (双杆入灭) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بۇددىزىم ماھايانا مەزھىپىدىكى مىڭ بۇرھان تەرغىباتىدا 12 كۆرۈنۈشلۈك رەسىملەرمۇ كېلىپ چىققان.

بىز تۆۋەندە شىنجاڭ تاشكېمىرلىرىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان بىرقانچە مەشھۇر تام رەسىملىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتۈش بىلەن چەكلىنىمىز.

**«شاھزادىنىڭ تۇغۇلۇشى»** (太子降生图) ــ بۇ رەسىم شىنجاڭدىكى تاشكېمىرلەردە خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. «لالىتاۋىستارا» ناملىق كىتابقا ئاساسەن قىزىل 99 ـ، 157 ـ، 175 ـ تاشكېمىرلىرىگە سىزىلغان بۇ رەسىمنىڭ كۆرۈنۈشى مۇنداق: ساكيامونىنىڭ ئانىسى مايا خېنىم لۇمبىنى (Lumbini) بېغىدىكى «ھەسرەتسىز» (无忧树) دەرەخ تۈۋىدە تەۋەللۇت قىلغاندا بىر ئايال خىزمەتكارنىڭ يەلكىسىگە قولىنى ئارتىپ تۇرغان.

ساكيامونى مايا خېنىمنىڭ بىقىنىدىن تۇغۇلغان. ياندا پۈتۈن بەدىنىدىن نۇر چاقناپ تۇرغان شاھزادىنىڭ رەسىمى بېرىلگەن. بۇ بىر سېكىل رەسىملەر كۇسەن رەساملىرىنىڭ ئاناتومىيە ۋە

www.uyghurkitap.com




48 ـ رەسىم. لۇمبىنى باغچىسىدا تەۋەللۇت قىلىۋاتقان مايا خېنىم

ئېستېتىكىلىق قاراشلىرى بويىچە يالىڭاچ (Node) رەسىم تەلەپلىرى ئاساسىدا تولىمۇ گۈزەل سىزىلغان ئۇسسۇللۇق قىياپەتنى گەۋدىلەندۈرگەن. ساكيامونى ئىنسان قايغۇلىرىنى كۆتۈرۈشكە ۋە ئاۋامنى يېتەكلەشكە ھازىرلانغان ھالدا قول ئىشارىتى قىلمۇۋاتقان شەكىلدە سىزىلغان. بۇ بەدىئىي غايىلەشتۈرۈشنىڭ تىپىك ۋە كلاسسىك نەمۇنىسى سۈپىتىدە كلاسسىك گرېك ۋە قەدىمھار تەسۋىرىي سەنئەت نەمۇنىلىرىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ ئۆتكەن. ساكيامونى گۈزەل غايە ئىگىسى سۈپىتىدە جىسمانىي جەھەتتىمۇ غايىۋىلەشتۈرۈلۈپ، ئايالىلىق گۈزەللىكلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى شەكىل نىسبىتى ۋە شەكىل قانۇنىيەتلىرى بويىچە گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ياۋروپا مەدەنىيەت ئويغىنىشى (رېنىسسانىس) ۋە مەرىپەتچىلىكى دەۋرىدىكى رەسساملار قەدىمكى گرېك - رىم تەسۋىرىي سەنئىتىگە تەقلىد قىلىشنى تەشەببۇس قىلغاندا، شەرقتە، تەكلىماكان چۆللۈكى بىلەن تەڭرىتاغلىرى ئارىسىدا مۇنداق يۈكسەك ئۆلگىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن بىخەۋەر ئىدى. ھېكايە قىلىنىشىچە، شاھزادە تۇغۇلغاندا ئاسىتا (Asita, 阿私陀) ناملىق مۇنەججىم ئۇنىڭدىكى 32 خىل قىياپەت، 80 خىل ئەۋزەللىكنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۇلۇغۋار مۇتەپەككۇر بولىدۇ، دېگەنىمىش.

ئالاھىدە شۇنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، قىزىل تاشكېمىرلىرىنىڭ 8 - كېمىرى، 13 - كېمىرى، 17 - كېمىرى، شورچۇق تاشكېمىرلىرىنىڭ 9 - كېمىرىگە «بۇددىھا ۋە ئالەم» (Buddha 卢舍那佛 Cosmolo Gical) تام رەسىمى سىزىلغان. بۇنىڭدا گۈزەل (خۇددى يېڭى تۇغۇلغان) ساكيامونى رەسىمى چوڭايتىلىپ ئاستىنقى رەسىم قىلىنىپ، ئۈستىگە ئالەمدىكى ھەر خىل ئىلاھلار، ساكيامونى تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرىكى مايمۇن يارالمىش قىسسەسىگە ئوخشاپ كېتىدىغان رەسىملەر، ئاي - يۇلتۇزلار سىزىلغان بولۇپ تېرەن ۋە ھېكمەتلىك ئىپادىلەشنى


ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com


49 ـ رەسىم. ساكيامونىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى

مەقسەت قىلىپ ھازىرلان-
غان.

«ياسودىھارانىڭ چۈشى» دېگەن (耶轮陀罗入梦) رەسىم قىزىل تاشكېمىر-لىرىنىڭ 110 ـ كېمىرىدە ئۇلگىلىك سىزىلغان. بۇ رەسىم ئىككى خىل بولۇپ، بىرى، ساكيامونى شاھزا-دىنىڭ كېچىدە سىرتقا چى-قىپ، تەركىدۇنيا يولىغا مېڭىش ئالدىدا ھەرەمخانى-دىن ئۆتۈشى، يەنە بىر مۇ-ھاپىزەتچىلەر دەرۋازىلارنى چىڭ ساقلىغاچقا قەسىر تېمىدىن ئارتىلىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن. بۇ رەسىمنى گابائىن خانىم «ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىدا تۇر-مۇش» ناملىق كىتاب-ىدا: «شاھزادىنىڭ قەسىردىن چىقىشى» (太子走出图) دەپ ئاتىغان.

شاھزادە ھەرەمخانىدىن ئۆتكەندە تەڭداشسىز گۈزەل خانىش ياسۇدىھارا (Yasudhara) بىلەن شاھزادىنىڭ دادىسى پادىشاھ سۇددىھوۇدانا (净饭王) ئوغلى ئۈچۈن مەخسۇس تاللاتقان گۈزەل ھەرەم قىزلىرى گىلەم ئۈستىدە يېرىم يالىڭاچ يېتىشقان بولۇپ، ئۇلار گۈزەل تاس ۋە ئەۋرىشىم كۆرۈنۈشتە ئىدى. رەسىمدە شاھزادىنىڭ بۇددىزىم يولىدا ھۇزۇر ـ ھالاۋەتنى تەرك ئېتىشنى



50 ـ رەسىم. «ياسودىھارانىڭ چۈشى»

گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن بىللە، بىر توپ ئۈيقۇدىكى گۈزەللەر ئوبرازى يارىتىلغان.

رەسىمدە شاھزادە ھەرەمخانىدىن چىققاندا دەرۋازا توسۇقلۇق بولغاچقا، ياكسا (叉夜) لارنىڭ ياردىمىدە تامدىن ئارتىلىپ شەھەردىن چىققانلىقى تەسۋىرلەنگەن. رەسىمگە شاھزادىنىڭ تامغا چىقىۋالغانلىقى، ئالدىدا شاھزادىنىڭ سادىق خىزمەتكارى چانداكا(candaka, 阐铎迦)نىڭ شاھزادىنىڭ كانتىھاكا (Kanthaka)ناملىق ئېتىنى تۇتۇپ تۇرغانلىقى، شاھزادىنىڭ يېنىدا ياكسا تۇرغانلىقى تەسۋىرلەنگەن.

ۋۇ بەيخۈي (巫百慧) يازغان «بۇددىھا قەسىدىلىرىنىڭ يېڭى تەرجىمىسى» ناملىق ئەسەردە③ بۇ ۋەقە مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

«كۆرگىنىدە ئۇيقۇلۇقتا خىلمۇ خىل،
تولغىنىپ ياتقان گۈزەللەرنى ئېسىل،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇنچە لەززەتلىك كۆرۈنسە ھەممىسى،
تۇتتى شاھزادىنى بىزارلىق ھېسى.
بارچە جانلىقلار ئارا خاتۇن كىشى،
شۇنچە ناپاك ھەم قەبىھدۇر قىلمىشى.
ئالدىنار بولسا ئەرەنلەر ھۆسنىگە،
ئۇ چۈشەر سۆيگۈ دېگەن ئىسكەنجىگە.
ئىستىسە ئەسلىن ئۇنىڭ بىلمەكنى ئەر،
ئۇيقۇلۇق چاغىنى كۆرمەكلىك يېتەر.
بومىغاي مەيتۇن ئۇڭا ئاقىل كىشى،
ساختا ئىدراك بىرلە چۈلغانماس بېشى.
شۇ سۆپەت بىلگەندە بۇ ئىش پەرقىن ھەم.
ئىستىدى ئۇ تۈندە سىرت ياقىقا قەدەم،
بىلدى شاھزادە دىلىنى تەڭرىگاھ،
ئاچتى قەسىردىن چىقىشقا يول ئاڭا.»

«شاھزادىنىڭ كۆڭلىنى ئالماقلىق» (娱乐太子图) ناملىق تام رەسىمدە پادىشاھ سۇددىھۇدانانىڭ ئوغلىنى ۋەلىئەھد قىلىپ، پادىشاھلىققا ۋارىس قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئوردىغا سازاندە ئۇسسۇلچىلار ۋە گۈزەللەرنى توپلاپ، كېچە - كۈندۈز شاھزادىنى كەيىپ - ساپا ئىچىدە تۇتقانلىقى، بىراق تېخى بۇددىھالىق ماقامىغا يەتمىگەن شاھزادىنىڭ بۇنىڭغا بىرىلمىگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن. فون لېكوك بېرلىنغا ئېلىپ كەتكەن 175 - كېمىردىكى «پادىشاھنىڭ ئۇسسۇلچى قىزلارنى تاماشا قىلىشى» (王观舞女图) ناملىق تام رەسىممۇ «شاھزادىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشى» بىلەن بىر تېمىدا بولغان. خوتەنلىك مەشھۇر رەسسام ۋىجرايا ئىرسانگانىڭ «كۇسەن ئۇسسۇلچى قىزلىرى» (龟兹舞女图) نامىدا ئاتىلىۋاتقان (بۇ رەسىمنى ساقلاۋاتقان بىلگىيلىك بىر ۋىنسىن ئەپەندى ئۇنى شۇ نامدا ئاتىغان) رەسىممۇ بۇنىڭغا يېقىنلىشىدۇ. بۇ رەسىمدە شاھزادە رەسىمنىڭ

ئوتتۇرىسىغا سىزىلغان، ئەتراپىغا كېنىزەكلەر ۋە ئۇسسۇلچىلار توپلىشىپ، ئۇسسۇل ئوينىشىۋاتقان، ھەممە پېرسوناژلار يالىڭاچ ھالەتتە تەسۋىرلىنىدۇ. رەسىمدە شاھزادە چوڭقۇر خىيالدا بولۇپ، ئالدىدىكى مەنزىرىگە تەركىدۇنيالىق تەپەككۇرى بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتقان قىلىپ سىزىلغان. رەسسام يەنە ئەينى زامان ئوردا - قەسىر ئېتىنىڭ ھاياتى ۋە كۆرۈنۈشىنى ئىپادىلەشنى ئۇنتۇمىغان. بۇ رەسىم قىزىل تاشكېمىرلىرىدىكى يالىڭاچ رەسىملەرنىڭ شەكلى بولغان.

«تەسلىم بولغان ئۈچ ئايال ئالۋاستى» (降三魔女) ناملىق رەسىم قىزىل 76 - كېمىر («تۇز كېمىر») گە سىزىلغان بولۇپ، فون لېكوك ئۇنى سويۇۋېلىپ «قەدىمكى كۇچا» ناملىق كىتابىدا ئېلان قىلغان.

رەسىمدە مۇنداق كۆرۈنۈش بېرىلگەن: ساكيامونى بۇددىھا بولغاندىن كېيىن چازا قۇرۇپ، ئىككى قولىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىستىقامەت قىلىۋاتقاندا، ئالۋاستىلار پادىشاھى پاشۇن (波旬) ئۇنىڭ كارامىتىنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۈچ قىزنى ئېزىقتۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ. قىزلار ساكيامونىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە پەيدا بولۇپ، يالىڭاچ ۋە چاچلىرىغا مارجان ئاسقان، پاچاقلىرىغا ھەلھەل تاقىغان كۆرۈنۈشتە ھەر خىل ئېزىقتۇرغۇچى نازاكەتلەرنى قىلىشىدۇ. ئەمما، بۇددىھا ئېزىقماي ئىستىقامىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ ۋە بۇ ئۈچ ئالۋاستى قىزنى ئۈچ قېرى موماي غا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. تام رەسىمنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئۈچ قېرى مومايىنىڭ كۆرۈنۈشى بېرىلگەن.

«تەسلىم بولغان ئۈچ ئايال ئالۋاستى» ناملىق رەسىم مەشھۇر بولۇپ، دۇنخۇاڭنىڭ 272 - كېمىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. پەرقى شۇكى، بۇ رەسىم دۇنخۇاڭدا كىيىندۈرۈلگەن، قىزىلدا بولسا پۈتۈنلەي يالىڭاچ سىزىلغان. رەسىمدە ساكيامونىمۇ خۇددى مۇسكۇللۇق ئادەم بەدىنى كۆرۈنۈشلىرىدەك ئۆزىنى ئۇنتۇغان قىياپەتتە يالىڭاچ سىزىلغان. خوتەنلىك مەشھۇر رەسسام بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



51 ـ رەسىم. «تەسلىم بولغان ئۈچ ئايال ئالۋاستى»

تېمىدىكى رەسىمنى گۇاڭزەي ئىبادەتخانىسى(光宅寺)، دوڭ بۇددى (东菩提院)، چىباۋتەي (七宝台) قاتارلىق ئىبادەتخانىلارغا ھەمدە ئايال پادىشاھ ۋۇ زېتيەننىڭ ئىستىراھەتخانىسى پۇشەنتاڭ (普贤堂) نىڭ تاملىرىغىمۇ سىزغان. بۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلى بولۇپ، كۇچا قىزىلدىكى تام رەسىملىرى سۈي سۇلالىسى ياكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە سىزىلغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھال بىزگە قەدىمكى خوتەندە بۇ خىل رەسىملەرنىڭ بولغانلىقىنى قىياس قىلدۇرىدۇ.

«ئۇسسۇلچى قىزنىڭ بىكسۇنى بولۇشى» (舞师作比丘尼缘) دېگەن تام رەسىمى قىزىل 8 ـ كېمىرنىڭ تورۇسىدىكى رومبىغا ئېلىنغان «سەۋەبىيەت ھېكايىلىرى» قاتارىدا ئۇچرايدىغان كارامەت قىسسەلىرى قاتارىغا كىرىدۇ.

رەسىمنىڭ ئوتتۇرىسىدا ساكيامۇنى سۇپىدا ئولتۇرغان، ئۇستىگە كاسايا يېپىلغان، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر يالىڭاچ ئۇسسۇلچى قىز گىلەم ئۇستىدە ئۇسسۇل ئويناۋاتقان، ئىككى ياندا باداشقان قۇرۇپ مۇزىكانتلار گىلەمدە ئولتۇرغان. ئۇسسۇلچى قىز پۇتۇنلەي يالىڭاچ بولۇپ، نېپىز رەخت بىلەن بەدىنىنىڭ بىر قىسمىنى يېپىۋالغان، بىر قولىنى ئالدى بېلىگە قويۇپ، بىر قولىنى باش ئۇستىگە كۆتۈرگەن يۇزىنى قىيا قىلىپ ساكيامۇنىغا قاراپ پۇتىنىڭ ئۇچىدا دىسسەپ يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل ئويناۋاتقان قىياپەتتە سىزىلغان. چالغۇ ئەسۋابلاردىن بالىمان، غوڭقا ۋە بەش تارلىق راۋاب بار.

رەسىمنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇنداق: راجاگرھا (RajaGrha, 王舍城) دىكى گالانتىھا (迦兰陀) بامبۇكزار (yenarana) لىقىدا تۇرۇۋاتقاندا، ئەر - ئايال ئۇسسۇلچىلار جەنۇبتىن يېشىل نىلۇپەر (青莲花) ئىسىملىك بىر ئۇسسۇلچى قىزنى ئېلىپ كېلىدىكەن. بۇ ھەم گۇزەل، ھەم ماھىر ئۇسسۇلچى مەغرۇر بولۇپ، ساكيامۇنىنى مازاق قىلغان. نەتىجىدە ساكيامۇنى ئۇنى 100 ياشلىق كەمپىر قىلىپ قويغاچقا، ئۇ بۇددىھاغا كەچۈرۈم قىلىشنى ئىلتىجا قىلىدۇ. بۇددىھا ئۇنى ئەسلىگە كەلتۇرىدۇ. بۇ قىز ۋە ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى تەسىرلىنىپ بىكسۇ ۋە بىكسۇنى بولىدۇ. گەرچە ھېكايەت مەزمۇنى يۇقىرىدىكىدەك توقۇلما بولسىمۇ، ئۇسسۇللۇق قىياپەت ۋە چالغۇلار كۇسەنىنىڭ قەدىمكى سەنئەت ھاياتىنى ئەكس ئەتكەن.

«بۇددىھانىڭ ھېكمەت سۆزلىشى» (佛说法图) شىنجاڭ تاشكېمىرلىرىدە كۆپ ئۇچرايدىغان ۋە نۇرغۇن پېرسوناژدىن تەشكىل تاپقان مەشھۇر تام رەسىملىرىنىڭ يەنە بىرى. بۇنداق پۇتۇن تامنى ئالغان «ھېكمەت (دىھارما) سۆزلەش» مىنراتورالىرىدىن تاشقىرى يەنە كىچىك شەكىللىك كاتەكچىگە ئېلىنغان «ھېكمەت سۆزلەش» تېمىسىدىكى تام رەسىملىرىمۇ نۇرغۇن.

شۇنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، «بۇددىھانىڭ ھېكمەت سۆزلىشى» بىلەن يەنە گابائىن خانىم «ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۆيغۇر ئېلىدە تۇرمۇش» ناملىق ئەسىرىدە تىلغا ئالغان④، تۇرپان بېزەكلىك، ئىدىقۇت شەھىرى، كۇچا قىزىل، قاراشەھەردىكى شۇرچۇق تاشكېمىر ئىبادەتخانىلىرىدىن تېپىلغان «قەسەم بېرىش سورۇنى» (pranidhana — 誓愿场图) ناملىق تام رەسىمىنى، «بۇغىلىق باغدا (Margadava) ھېكمەت سۆزلەش» (鹿野宛初转法轮) ناملىق رەسىمنى، يەنە قىزىل تاشكېمىرلىرى 98 ـ، 186 ـ، 189 ـ كېمىرلىرىدىكى «ھېكمەت ئاڭلاش» (听法图) نى بىرلەشتۈرۈپ مۇھاكىمە قىلىش مۇمكىن. گەرچە باشقا پېرسوناژ بولسىمۇ، كۆپلىگەن تاشكېمىرلەرنىڭ مەركىزىي تۆۋرۈك ـ مۇنارىنىڭ ئارقا ئىشىك بېشىغا سىزىلغان «مايترىنىڭ سۇكھاۋاتى (Sukhavati) دا ھېكمەت سۆزلىشى» (弥勒菩萨于儿率天宫说法图车) ناملىق رەسىممۇ بىۋاسىتە بۇددىھالارنىڭ بۇددىزم ھېكمەتلىرىنى تەرغىب قىلىشقا قارىتىلغان بولغاچقا، يۇقىرىدىكى «ھېكمەت تەرغىباتى» رەسىملىرى بىلەن تېماتىك ئورتاقلىق ۋە ئىپادىلەش ئورتاقلىقى ھاسىل قىلغان.

بۇددىزم تەرغىب قىلىنغان تاشكېمىر رەسىملىرىدە «ھېكمەت سۆزلەش» ئارقىلىق «غەپلەت»تە قالغان كىشىلەرنى ئويغىتىش باشتىن ـ ئاياغ ئاساسىي سۆزەت سۇپىتىدە ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇ تېمىغا مۇزىكانت، ئۇسسۇلچى، پەرىزات، ھەرخىل كىشىلەر جەلپ قىلىنغان. ھەتتا بەزىدە ئۇ رەسىملەرگە «ھېكمەت» تەنتەنىلىرىگە بېغىشلاپ يالىڭاچ ئۇسسۇل كۆرۈنۈشلىرى قوشۇلغان. بۇ سۆزلىگۈچى بۇددىھا تەرىپىدىن «ھېكمەت سۆزلەش»، ئاڭلىغۇچى (Parivara) لار تەرىپىدىن «ھېكمەت ئاڭلاش» بولغان. «قەسەم» (Pranidhi) بېرىش بۇددىغا مۇخلىسلىق مۇقەددىمىسى سۈپىتىدە ھېكمەت ئاڭلاش نەتىجىسى بولۇپ مەيدانغا چىققان. ھېكمەت مەزمۇنلىرى بۇددىزمنىڭ


دەسلەپكى ۋە ئاساسىي قائىدە ۋە قانۇنلىرىدىن ئىبارەت بولۇشى ئۆز - ئۆزىدىن روشەن.

بىز تۇرپان بېزەكلىك تاشكېمىرلىرىدىكى «ھېكمەت سۆزلەش» كۆرۈنۈشىنىڭ بىر قىسمىنى كۆرگەنىدۇق. قىزىل تاشكېمىرلىرىنىڭ 7 - ، 8 - ، 38 - ، 69 - ، 80 - ، 163 - ، 178 - ، 179 - كېمىرلىرىدە «ھېكمەت سۆزلەش»، 98 - ، 186 - ، 189 - كېمىرلىرىدە «ھېكمەت ئاڭلاش»، 143 - قاتارلىق كېمىرلەردە مايترىنىڭ ئەرشتە ھېكمەت سۆزلىشى، 99 - ، 157 - ، 175 - كېمىرلىرىدە سانسار (ئۆلۈپ - تىرىلىشنىڭ دەۋر قىلىپ تۇرۇشى) ھەققىدىكى رەسىملەرنى كۆرگەنىدۇق. ئەلۋەتتە، بۇ ئۇنىڭ ئەڭ گۈزەللىرىدىن ساقلىنىپ قالغان بىر قىسمىلا، خالاس!

ھېكمەت سۆزلەش ۋە ھېكمەت ئاڭلاش تەسۋىرلەنگەن تام رەسىملىرىدە ساكيامونى ئوتتۇرىدا ھېكمەت سۆزلىگەن قىياپەتتە ئولتۇرغان بولىدۇ. 8 - ، 38 - ، 98 - ، 163 - كېمىرلەردە ساكيامونىنىڭ پۇتى ئاستىدا يالىڭاچ سوزۇلۇپ ياتقان، كۆزى يۇمۇلغان ئايالنىڭ رەسىمى سىزىلغان. بەزى كېمىرلەردە (مەسىلەن، 98 - ، 163 - كېمىرلەر) بۇ سوزۇلۇپ ياتقان يالىڭاچ ئايالنىڭ يېنىدا بۇدساتۋالارنىڭ تۇرغانلىقى سىزىلغان. بۇنىڭ نېمىنى ئىپادىلىگەنلىكى نامەلۇم.

ساكيامونىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىگە بۇدساتۋالار، بىكسۇلار، براخمانلار، نەغمىچىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بەزى تام سۇرەتلىرىدە يەنە نۇرغۇن ئاسمان ئىلاھلىرى ۋە مۇئەككەللىرى، قوغدىغۇچى ۋاجراپنى (Vajrapni — 金刚) بۇدساتۋالار، تۆۋەندە ھەرخىل قىياپەتتىكى شاھ - گاداي، ئۆز يۇرتلۇق، ياقا يۇرتلۇق ساخاۋەتچىلەرمۇ سىزىلغان. سازەندىلەر، ئاسمان ھۆر - غىلمانلىرى (Divaputra — 天子天女) تولا ھاللاردا (مەسىلەن 101 - ، 114 - ، 171 - كېمىرلەردە) يالىڭاچ ياكى يېرىم يالىڭاچ سىزىلغان. دۇنخۇاڭنىڭ 112 - ، 113 - ، 156 - ، 220 - كېمىر-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



52 ـ رەسىم. ئۇسسۇلچى قىزنىڭ بىكسۇنى بولۇشى

لىرىدە بۇلار كە-يىم كىيدۇرۇلگەن هالەتتە سىزىل-غان. قىزىل 38 ـ كېمىرى سەنئەت كېمىرى سۇپىتىدە، هەر ئىككى يان تامغا بىر جۇپ ئەر ـ ئايالدىن بولۇپ 14 جۇپ سازەندە ـ ئۇسسۇلچىلار گۈزەل، سۈزۈك قىلىپ، ئۆرە ياكى ئولتۇرغان قىياپەتتە سىزىلغان. روشەنكى، بۇلار چوڭ ھەجىملىك دىنىي لېتموتىۋ (主旋) لىق پانورامىا (تام رەسىمى) لاردىن ئىبارەت.

ھىندىيانانىڭ «سارۋاستى ۋادنا» (一切有部) قاراشلىرى ئاساسىدىكى «سانسار» (ئۆلۈپ ـ تىرىلمەكنىڭ دەۋر قىلىشى) —— (Dhamachaka) تەرغىب قىلىنغان پانورامىلاردا، ساكيامونى دەل ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان، ئۇستىگە ئوڭ قول ئوچۇق كاسايا كىيگەن، ئارقىسىدا دولقۇنسىمان نەقىش، ئىككى پۇتى نىلۇپەر تەكچىگە چازا قىلىنغان، ئاستىغا «ئازاب دېڭىز» غا سىمۋول قىلىنغان كۆلچەك سىزىلغان، ئىككى يېنىغا تۆۋەنرەك قىلىپ، ئالقانلىرىنى قوشۇپ (ئانجالى مۇدرا) ھېكمەت ئاڭلاۋاتقان بۇدساتۋا سىزىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن بىر قاتار كاتەكچە ياكى چەمبەرلەرگە ساكيامونى ھېكمەت سۆزىنىڭ مەزمۇنلىرى —— «ئالەمنىڭ ئازابلىقى» ۋە «ئۆلۈپ ـ تىرىلىشنىڭ دەۋر قىلىشى

«ياخشى ـ يامانلىقنىڭ لايىق ھېسابى بولۇشى» (chakka) »، تەمسىللىك ئىپادىلەنگەن. بىر ياندا ساماۋى ۋە پانىي ئالەم نەغمە ـ ناۋاسى، بىر ياندا تاۋۇتقا سېلىنغان جەسەتكە قىلىنىۋاتقان يىغا ـ زارىلار، بىر ياقتا ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈش ۋە تېرىسىنى ئېلىش، بىر ياندا چازا قۇرۇپ ئولتۇرغان راھىبنىڭ ئىشارەت بىلەن ئۇنى توسۇشى، بىر ياندا ئاي ـ كۈن پارلىغان ساما، بىر ياندا لاۋۇلدىغان دوزاخ ئوتى قاتارلىقلار نىسبەتلەشتۈرۈپ سىزىلغان.

«قەسەم» مەنزىرىسى گەۋدىلەندۈرۈلگەن پانۇراملاردىن بېزەكلىكتىكى تام رەسىملىرى تىپىك بولۇپ، ئۇنىڭدا ساكيامۇنى ئۇستىگە كاسايا كىيگەن، بەدىنى ئازراق ئوچۇق، ئايىغىنى قىزىل ياكى يېشىل بوغقۇچتا باغلىغان، ئىككى تۇپ نېلۇپەرگە ئىككى پۇتى بىلەن دەسسەپ ئۆرە تۇرغان، چىرايى مېھرىبان، ئوڭ قولىدا ئىشارەت قىلىۋاتقان (Sandarsana mudra) كۆرۈنۈشتە سىزىلغان. ئۇنىڭغا پەستىكىلەردىن بىرى نېمىدۇر بىرنەرسىنى سۇنغان، ئۇ قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، قەسەم بەرگۈچىلەر: «بارلىق تىنغۇچىلار (جانلىقلار) نى ئازاب دېڭىزىدىن قۇتۇلدۇرماي تۇرۇپ، ھەرگىزمۇ بۇددىھا بولمايمەن» دېگەن مەزمۇندا قەسەم (Pranidbi) قىلىشىدۇ. بۇددىھا ئۇلارغا كەلگۈسى بۇددىھا مايترى ھەققىدىكى ئالدىن بېشارەتنى (Vyakarana) ئېيتىدۇ. بۇ تام رەسىمدىكى كۆرۈنۈش تولىمۇ سۈرلۈك بولۇپ، بېزەكلىك 9 ـ كېمىرىدە ئوبدان گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

«نىرۋاناغا سەپەر» (涅磐入灭) ــــ ناملىق تام رەسىمى ساكيامۇنىنىڭ ۋاپاتىنى ئىپادىلەشكە قارىتىلغان. بۇ رەسىمدە ئوڭ يېنىنى بېسىپ ياتقان بۇددىھانىڭ بېشىغا چاسا ياستۇق قويۇلغان. ئۇنىڭ جەستى يېنىدا بۇدساتۋالار روھ قاراۋۇللۇقىدا تۇرغان. تاۋۇت يېنىدىكى يېنىۋاتقان ئوتنىڭ كەينىدىن سەككىز جەسەت كۈلى مۇنارىسى ( Dagoba, Serira stupa) كۆرۈنۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇرغان، ئەتراپتا راھىبلار ھەسرەت چەككەن، ئاسماندا تەڭرى ـ مۇئەككەللەر قايغۇرغان.
بۇنداق ئىپادىلەش خۇددى پەنجىكەنت تام رەسىمىدىكى قازا قىلغان مەلىكىنىڭ تاۋۇتى يېنىدا كىشىلەرنىڭ يىغا ـ زار قىلىۋاتقاندەك كۈچلۈك رېئاللىق تۈسىنى ئالغان. قۇمتۇرا تام رەسىملىرىدە قايغۇلۇق رەڭ ۋە قول ھەرىكىتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. قاراشەھەر شورچۇقتىكى مىڭئۆي تام رەسىملىرىدە بىر ياكسا ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ۋارقىراپ يىغلىغان قىلىپ سىزىلغان. تۇرپاندىكى مىڭئۆي تام رەسىملىرىدە قايغۇرغانلار ئىچىدە بالىلارنىڭ قايغۇسى ئالاھىدە كۆرسىتىلگەن. ئومۇمەن مۇزىكىلار توختىغان، قوغدىغۇچى ۋاجراپىنى (金刚) بۇددساتۋالارمۇ بوشىشىپ قالغان. نېمىس ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىدىن سەنئەت تارىخى مۇتەخەسسىسى دەپ ئاتالغان گرۇنۋېدېل (جۇملىدىن لىكوك) قىزىل 163 ـ كېمىردىكى «نىرۋاناغا سەپەر» ناملىق تام رەسىمى ئالدىدا ھەيران قالغان. «ھېكمەت سۆزلەش» تىن بەدىئىي ماھارەتتە ئۈستۈن بولغان بۇ پانورامىدا ماتەم تۇتقان ساماۋى سەنئەتچىلەر (ئېھتىمال گاندىھارۋا ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى ئاساراس) ئىچىدە ئەرلەر يالىڭاچ، قولىنى ئاياللارنىڭ يەلكىسىگە قويغان ھالەتتە، ئاياللار ئۈستى يالىڭاچ، لېپىتىك (باغىرتاق) تاقىغان، ئىككى پۇتىنى ئالماشتۇرۇپ، كۆكسى، يەلكە ۋە بېلىنى ئەۋرىشىم تۇتۇپ، قولىدا غۇنچىقا تۇتۇپ مۇڭلۇق چېلىۋاتقان كۆرۈنۈشتە سىزىلغان. ئۇلار بۇ رەسىمنى ئېلىپ كەتكەن. بۇ مەزىرە قىزىل 7 ـ، 80 ـ، 179 ـ كېمىرلەردە قىسمەن ساقلىنىپ قالغان.
«سەككىز شاھنىڭ سېرىرا تالىشىشى» (八国王争公舍利) — ناملىق تام رەسىم ئىككى قىسىمدىن تەشكىل تاپقان ۋە ئالاھىدە ئېستېتىك ئىپادىلەش ماھارىتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن يەنە بىرى تېمىدىكى بەدىئىي پانورما بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ تولىراق ساكيامونىنىڭ نىرۋاناغا سەپىرى سىزىلغان تامنىڭ ئۇدۇلىدىكى

بۇددىھا ئويۇقى (راكابۇددىھا) ئۈستىگە سىزىلغان.

رەسىمنىڭ ھەر ئىككىسىدە گوسىناگارا (枸尸城) شەھىرى سىپىلى دۈم شەكىلدىكى ئۈچ بۇرجەك ھالدا — ئەنسىزلىك تۇيغۇسى بېرىدىغان شەكىلدە ھەم يىراقتىكىنى چوڭ، يېقىندىكىنى كىچىك كۆرسىتىدىغان خاۋاتىر پەيدا قىلىدىغان ئۇسۇلدا سىزىپ، ئەسلىي رەسساملىقتىكى نۇقتىلارنى يارقىن كۆرسىتىش (焦点透视法) ئۇسۇلىنىڭ ئەكسىچە، ئىپادىچىلىك (表现主义) يولىنى قوللانغان.

ئۈستىدىكى رەسىم شەھەر سىرتى بولۇپ، ئاجاتاشاترو (阿者世王) قوشۇنلىرى شەھەر ئەتراپىدا جىددىي كەيپىياتقا تولغان ھالەتتە سىزىلغان. سېپىلنىڭ تەتۈر ئۈچ بۇرجەك شەكلى بىلەن جىددىي كەيپىياتقا تولغان زور قوشۇن تېپىك مۇھىت پەيدا قىلغان. تۆۋەندىكى رەسىم شەھەر ئىچى بولۇپ، سەككىز پادىشاھ ئوبرازى بىلەن تولغان. ئىككى رەسىم «مونتاژ» لىق تەپەككۇر ياردىمىدە بىرلەشتۈرۈلگەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە، خۇش پۇراقلىق ھىدىنى تارقاتقۇچى دورنا (Dorna) ناملىق (رېئال سۆز بىلەن ئېيتقاندا مېيىت يۇيغۇچى) براھمان مەرۋايىت بولۇپ قالغان جەسەت كۈلىنى سەككىز پادىشاھقا تەقسىم قىلىپ بەرگەن.

ساكيامونى خاتىرىسى ئۈچۈن بۇت يۆتكەش، بۇت يۇيۇش مۇراسىمى ھەققىدە، مىراندىن ۋە كروراندىن تېپىلغان تارىشا پۈتۈكلەر بىلەن بۇددىزم ساياھەتچىلىرىنىڭ خاتىرىلىرىدە يېتەرلىك تەپسىلاتلار ساقلانغان. بۇنداق مۇراسىملار سەيلە خاراكتېرى ئېلىپ، كۆپ ئەسىر داۋاملاشقان.

«تۆت كۆرۈنۈشلۈك رەسىم» (四相图) — ناملىق رەسىم ھەققەتەن داڭلىق بەدىئىي ئەسەر بولۇپ، ئۇ «پادىشاھ ئاجاتاشاترونىڭ ھېكايىسى» (阿者世王故事) ناملىق مەشھۇر پاننۇراما ئىچىگە سىزىلغان يەنە بىر رەسىمدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھېكايە قىلىنىشىچە، ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈپ تەختكە چىققان پادىشاھ ئاجاتاشاترو گۇناھلىرىغا تۇۋۋا قىلىپ، ساكيامونىنىڭ سادىق مۇرىتى ۋە پائال بۇددا تەشۋىقاتچىسى بولىدۇ. ئۇ ماگادخا ئېلىنىڭ (摩揭陀国) پادىشاھى ئىدى، ساكيامونى ماگادخادا تەلىم ئالغان ۋە بۇددىزم تەرغىباتى بىلەن كەڭ شۇغۇللانغانىدى. ساكيامونىنىڭ نىرۋاناغا سەپەر قىلغانلىق⑤ خەۋىرىنى ئاڭلىغان ھامان پادىشاھ ئاجاتاشاترۇ قان قۇسۇپ ئۆلۈشى مۇمكىن دەپ ئويلىغان يامغۇرچى ۋەزىر⑥، پادىشاھنىڭ باغ ھەرىمىگە سەككىز دانە غوسۇل (يۇيۇنۇش، پاكلىنىش) قىلىش ئىدىشى تەييارلايدۇ، يەنە بىر رەختكە «تۆت كۆرۈنۈشلۈك رەسىم» نى سىزدۇرۇپ، پادىشاھنى خانىكە بىلەن بىللە ئىش بىجىرىۋاتقان تەختلىك سارايدىن باغ ھەرەمگە باشلاپ كىرىدۇ. باغدا پادىشاھقا ساكيامونىنىڭ نىرۋاناغا سەپەر قىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ، پادىشاھ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھوشىدىن كېتىدۇ. بۇ چاغدا يامغۇرچى ۋەزىر پادىشاھنى سۇ تولدۇرۇلغان ئىدىشتا چۆمۈلدۇرۇپ، ھوشىغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن بىر پارچە رەختكە سىزىلغان «تۆت كۆرۈنۈشلۈك رەسىم» نى پادىشاھقا كۆرسىتىدۇ. قىزىل 205 ـ كېمىرگە سىزىلغان بۇ پۈتۈن رەسىم، ئىككى قىسىمدىن تۈزۈلگەن. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئىش ئۈستىدىكى پادىشاھ ئاجاتاشاترۇ ۋە ئۇنىڭ خانىكىسى گەۋدىلەندۈرۈلگەن ھالدا قەسىردىكى ئالىپتە ھايات سىزىلغان. ئۇنىڭ سول تەرىپىگە ساكيامونىنىڭ نىرۋاناغا سەپەر قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ ھوشىدىن كەتكەن پادىشاھنىڭ ئىدىشتا ھوشىغا كېلىشى ۋە يامغۇرچى ۋەزىرنىڭ ئۇنىڭغا «تۆت كۆرۈنۈشلۈك رەسىم» نى كۆرسىتىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن.

«تۆت كۆرۈنۈشلۈك رەسىم»نىڭ ئاستىنقى ئوڭ تەرىپىگە مايا

خىنىمىنىڭ لۇمبىنى بېغىدا ساكيامونىنى تەۋەللۇت قىلىۋاتقانلىقىنى؛ ئاستىنقى سول تەرەپتە، ساكيامونىنىڭ «ھېكمەت سۆزلەۋاتقانلىقى»؛ ئۈستۈنكى ئوڭ تەرەپكە ساكيامونىنىڭ ئۈچ ئايال ئالۋاستىنى تەسلىم قىلغانلىقى؛ ئۈستۈنكى سول تەرەپتە، ساكيامونىنىڭ نىرۋاناغا سەپەر قىلغانلىقىدىن ئىبارەت بۇددىھا ھاياتىدىكى تۆت ئاساسلىق قىسسە — تۇغۇلۇش - ئۆلۈشنىڭ مۇقەررەرلىكى، ھايات ۋە ھېكمەتنىڭ تەققاسلىقى يىغىنچاقلاشتۇرۇلغان.

ھازىرچە، يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغانلار «بۇددا قىسسەتلىرى» تۈركۈمىدىكى ئاساسلىق پانورامالار بولۇپ، دەندان ئۆيلۈك، كونانىيە، يوتقان خارابىسى، شورچۇق (شىكشىن)، كىروران، مىراندىن تېپىلغان پانورامالاردىمۇ (مەسىلەن، «قۇتلۇق تەڭرى خاتون» 吉祥天女图) گۈزەل كۆرۈنۈشلەر گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇ سەنئەت تارىخى ئىلمى بويىچە ئىكونوگرافىيە (ئىلاھلار رەسىم - ھەيكەللىرى ئىلمى 佛神肖像图)، ئانگېلولوگىيە (پەرىزاتلارنى ئېنىقلاش ئىلمى 天使学) دىمونولوگىيە (ئالۋاستىلارنى ئېنىقلاپ ئىزاھلاش ئىلمى 魔鬼学 ) قاتارلىق پەن تارماقلىرى ھەم بۇددىزم دەستۇرلىرى، يەرلىك خەلق فولكلورى ئاساسىدا مۇجەسسەم ئىزاھلاشنى تەلەپ قىلىدۇ.


## 3. «بۇددىھانىڭ يارالمىش ھېكايىلىرى» دىن ئۆرنەكلەر

### بىرىنچى، «بۇددىھانىڭ يارالمىش ھېكايىلىرى» نىڭ غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدە ئىپادىلىنىش ئالاھىدىلىكلىرى

غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدىكى دىنىي تېمىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان يەنە بىر مۇھىم پانوراما — «بۇددانىڭ يارالمىش ھېكايىلىرى» (佛本生故事) دىن ئىبارەت. بۇ ھېكايىلەر پاراكرىت (巴利文) تىلىدىكى «جان» (Jan) دېگەن

تۇپ سۆز ئاساسىدا «جاتاكا» (Jataka) ــ «جاننىڭ ھېكايىتى» مەنىسىدە مەيدانغا كەلگەن، بۇددىزم ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ھەر خىل دىنىي ۋە تەبىئەت ئىلاھچىلىقى قاراشلىرىدا، ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ روھى يوقالمايدۇ، قايتا ـ قايتا تۇغۇلۇپ ـ ئۆلۈپ (شەكلەن) دەۋر قىلىپ (Chakra) تۇرىدۇ، دېگەن قاراش ساقلانغانىدى. بۇ ئەقىدە بويىچە، ھەرقانداق تىنىقلىق جاندارلار ھەر قېتىملىق ھاياتىدا قىلغان ياخشىلىق ياكى يامانلىقلىرىغا ئاساسەن ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك، ياكى تۆۋەن دەرىجىلىك جاندار بولۇپ قايتا تۇغۇلىدۇ، بۇ جەريان مەڭگۈ ئاخىرلاشمايدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

سىددىخارتاخا ــ شاھزادە بولۇپ تۇغۇلۇش ساكيامونى ئۇچۇن ھەم مۇشۇ سۇپەتتىكى ھايات ئايلانمىسىنىڭ باشلىنىشى، ھەم ئۇنىڭ روھىنىڭ پۈتكۈل دەۋر قىلىش جەريانىدىكى پەقەت بىر جەريان ھېسابلىناتتى. گەرچە ساكيامونى بۇددىھالىق ماقامىغا يېتىپ، نىرۋاناغا چىققان ۋە مۇنداق تەكرار ئۆلۈپ ـ تىرىلىش




53 ـ رەسىم. قىزىل 205 ـ كېمىرىگە سىزىلغان تاجا تاشاترونىڭ ھېكايىسى

ئازابىدىن قۇتۇلغان بولسىمۇ، ئۇ سىددىخارتاخا ناملىق شاھزادە بولۇپ تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ روھى قانداق تەكرارلىنىش جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈردى؟ مانا بۇنىڭغا «ساكيامۇنىنىڭ يارالمىش ھېكايىلىرى» جاۋاب بېرىدۇ. بۇ ھېكايىلەر ئۇنىڭ روھىنىڭ ئىلگىرىكى تەكرار يارىلىش سەرگۈزەشتىلىرىنى، بۇ جەرياندا ئۇنىڭ ياخشىلىقنى ئەلا تۇتۇپ، قەدەممۇقەدەم بۇددىساتۋا ۋە بۇددىھالىق ماقامىغا يېقىنلاشقانلىقىنى چۆچەكسىمان بەدىئىي ھېكايەت بىلەن سۆزلەپ بېرىدۇ. مانا بۇ بۇددىزىم ھىنايانا قارىشىدىكى «يارالمىش ھېكايىلىرى» چۈشەنچىسى.

شۇنىسى روشەنكى، بۇ ھېكايىلەر ھىندىستاندىكى ھەرقايسى خەلقلەر ئېغىز ئەدەبىياتىنى مەنبە قىلغان ھالدا ئىپتىدائىي بۇددىزىم بىلەن بىللە تەدرىجىي يارالدى. ساكيامونى ۋاپاتىدىن كېيىن بېيىتىلدى. بۇددىزىمنىڭ چەت رايون ۋە ئەللەرگە تارقىلىش، بۇددىزىم ھەيكەلتىراشلىقى ۋە پاننوراماچىلىقى، بۇددىزىم تىياتىرچىلىقى بىلەن بارغانسېرى ئۆز ئېقىمىنى زورايتىپ باردى.

بۇ خەلق چۆچەكلىرى ئەسلىدە تەمسىللىك (Udaharana) شەكىلدە تۈرلۈك پسىخولوگىيىلىك، ئېتىكىلىق تەربىيە — نەسىھەتنى مەقسەت قىلىپ پەيدا بولغانىدى. سەۋر — تاقەت، ساخاۋەت، ئىشەنچ، ۋاپادارلىق، ساداقەت، راستچىللىق، ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھى، ئاق دىللىق، قانائەت — ئىنساپ قاتارلىق ئىدىيىلەر سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ ھېكايىلەرنىڭ بىر قىسمى ھايۋانلار (مەسىلەن، تاشپاقا، پىل، يولۋاس، كەپتەر، تۇرنا، مايمۇن، ئەجدىھا، كېيىك، بۆركۈت)نى ئاساسىي تەمسىل قەھرىمانى قىلغان، بىر قىسمى ئىنسانلار (مەسىلەن، شاھزادە ماھاسۋا، پادشاھ سىبى راجا، نىلۇپەر مەلىكە قاتارلىقلار)نى تەمسىل قەھرىمان قىلىنغانىدى. بۇددىزىم مۇتەپەككۇرلىرى ۋە ئەدىبلىرى بىرقەدەر تەييار ھېكايە — چۆچەكلەردىن بۇددىزىمغا لايىقلىرىدىن تاللىۋېلىپ، ھېكايىنىڭ باش قەھرىمانىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com



54 - رەسىم. يۇقىرىقى رەسىمدە يامغۇرچى ۋە-
زىر پادىشاھقا كۆرسەتكەن رەختتىكى «تۆت
كۆرۈنۈشلۈك رەسىم» نىڭ كوپىيىسى

ساكيامونىنىڭ بۇددىھا بولۇش ئالدىدىكى «بۇدساتۋا» باسقۇچى سۈپىتىدە، بۇدساتۋا ئۇنداق قىلدى، مۇنداق قىلدى، دېگەنگە ئالماشتۇرۇپ، بىر پۈتۈن ھەشەمەتلىك «بۇددىھانىڭ يارالمىش ھېكايىلىرى» تىزمىسىنى توقۇپ چىقىشتى. بۇ ئىش كۆپ ئەسىر جەريانىدا ھەل قىلىندى. بۇلار ئالدى بىلەن بۇددىزم تەرغىباتىغا ئائىت كىتابلاردا جانلىق ۋە تەسىرلەندۈرگۈچى تەمسىل سۈپىتىدە سۆزلەنگەن. ھازىر ساقلانغان «بۇددىھا يارالمىش ھېكايىلىرى» ناملىق چوڭ ھەجىملىك ئەسەرگە 547 پارچە ئۇزۇن - قىسقىلىقى ھەرخىل بولغان ھېكايە كىرگۈزۈلگەن. مۇشۇ ھېكايە بويىچە ساكيامونى تۇغۇلغۇچە 500 قېتىمدەك ئۆلۈپ - تىرىلىشنى باشتىن كەچۈرگەن. بۇ بىر ئەپسانىۋى توقۇلما، ئەلۋەتتە.

«بۇددىھانىڭ يارالمىش ھېكايىلىرى» بۇددىزم دەسلەپكى تارقالغان رايونلاردا مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2 -، 3 - ئەسىرلەردە بارخۇت (Bharhut — 婆嚕提) مۇنارى بىلەن سانچى (Sanchi — 桑其) مۇنارىغا ئىشلەنگەن قاپارتمىلىق ھەيكەللەردە، كېيىنچە خاس «جاتاكا» (本生故事) دېگەن

ئاتالما بىلەن ئاجانتا (阿旃陀) تاشكېمىرلىرىدە پەيدا بولدى. كېيىنچە ئۇ قەندىھار، غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدە پەيدا بولدى. تاش - تۇپراق ئالاھىدىلىكى تۈپەيلى، بۇ يارالمىش ھېكايىلىرى شىنجاڭ تاشكېمىرلىرىدە تولىراق گۈزەل تەسۋىرىي تام رەسىملىرى شەكلىدە راۋاجلاندى. ئۇلار خەلق ھېكايىلىرىدىن داۋاملىق ئوزۇقلاندى، خەلق ھېكايىلىرىگە داۋاملىق قوشۇلۇپ، خەلق ھېكايە - چۆچەكلىرىدە سىنكرېتىك ھالەت پەيدا قىلدى. ئۇنىڭ شىنجاڭ تاشكېمىرلىرىدىكى تەسۋىرىي كۆرۈنۈشى پۈتۈن بۇددىزم تەسۋىرىي سەنئىتى تارىخىدا ئەڭ كۆپ، ئەڭ گۈزەل پانوراما مۆجىزىسى پەيدا قىلدى. ئېيتىش كېرەككى، ھىندىستاندا بۇ «يارالمىش ھېكايىلەر» ھەيكەلتىراشلىقنىڭ قاپارتمىلىق شەكلىدە پەيدا بولغان بولۇپ، كىچىك مۇھىت كۆرۈنۈشى ۋە رەڭدارلىق ھاسىل قىلالمىغانىدى. بىرما ۋە جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىدە بۇ ھېكايىلەر قاپارتمىلىق ھەيكەللەر شەكلىدىلا چەكلەندى. ياپونىيىدىمۇ بۇددىھا ۋە بۇدساتۋا ھەيكەللىرىنى داغدۇغىلىق ئىشلەشتىن تاشقىرى، بۇ جانلىق، رەڭدار، رەڭگارەڭ تام رەسىملىرى كېڭەيمىگەنىدى. ئۇ يەرلەردە كۆزگە چېلىقىدىغىنى ئارقىدا تام رەسىملىرى بولمىغان ھەر خىل بۇددىزم ھەيكەللىرىدىن ئىبارەت.


«بۇددىھانىڭ يارالمىش ھېكايىلىرى» يالغۇز قىزىل تاشكېمىر توركومىدە ھازىر 135 خىل تېمىدا، 442 ئورۇندا، 36 كېمىرىدە ساقلىنىپ قالغان. بۇ خىل ھېكايىلەر دۇڭخۇاڭ تاشكېمىرلىرىدە ئاران 16 خىل تېمىدا ساقلانغان. بۇ ئەلۋەتتە تېخى ئەسلىدىكى سان ئەمەس. پۈتۈن تەكلىماكاننىڭ تۆت ئەتراپىدىكى ئېھرام ۋە تاشكېمىرلەردە قانداق زور مىقداردا سىزىلغان، ئويۇلغانلىقىنى بىلمەيمىز. ئۇ كروران، دەندان ئۆيلۈكتەك خارابىلىكلەرگە غەرق بولغان. بۇ ھېكايىلەرنىڭ خېلى بىر قىسمى ئۇيغۇر خەلق

ھېكايىلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن.

«بۇددىھانىڭ يارالمىش ھېكايىلىرى» ساكيامونىنىڭ جىنىنىڭ سىددىخارتا شاھزادە بولۇپ تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرىكى روھىي ھاياتىنى تەسۋىرلەشكە قارىتىلغانلىقى ئۈچۈن ھىنايانا بۇددىزمى دەۋرىدىكى شىنجاڭ تاشكېمىرلىرىگە كۆپلەپ سىزىلغان. رەڭگارەڭ ھالەتتە ۋە بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئاجايىپ تەمسىللىك ھېكايەت كۆرۈنۈشلىرى ماھايانا بۇددىزمى ۋە دىيانا بۇددا ئىستىقامەتچىلىكى تەرغىباتى دەۋرىدە «مىڭ بۇرھان» ئوبرازلىرى بىلەن ئالماشتۇرۇلدى ۋە ئىلگىرىكى رەڭگا رەڭلىك ئورنىنى نىسپىي بىر خىللا ھېكمەت سۆزلەۋاتقان بۇددىھا



55 ـ رەسىم. پاراخۇتقا ياسالغان مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى يارالمىش قىسسەلىرىدىن «ئەقىللىق كېيىك رورو ھېكايىسى»نىڭ كۆرۈنۈشى. قاپارتمىلىق شەكىلدە تاشقا ئىشلەنگەن. بۇنداق ھېكايىلەر ھەر خىل دائىرە ئىچىگە رەڭسىز ئويۇلاتتى (بۇ قاپارتما كالكوتتىدىكى ھىندىستان مۇزېيىدا ساقلانغان)



56 ـ رەسىم. گىلەم ـ شىرداقتىكى
رومبا شەكلى

ئوبرازى ئىگىلىدى. مەيلى قانداق بولسۇن، بۇ كۆپ خىللىقتىن نوقۇل بىر خىللىققا چېكىنىش ئىدى. «بۇددىھانىڭ يارالمىش ھېكايىلىرى»، جۈملىدىن ياخشىلىق بىلەن ياخشىلىققا ئېرىشىش، يامانلىق بىلەن جاجىسىنى تارتىش ئىدىيىلىرى تەمسىللەشتۈرۈلگەن. «سەۋەبىيەت ھېكايىلىرى» (Hetupratyaya — 因缘故事) شىنجاڭدا، بولۇپمۇ كۈسەن تاشكېمىرلىرىدە رەڭدار ۋە بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدىغان رومبا (菱格式) شەكلى كەڭ قوللىنىلغان. ئېيتىش كېرەككى، رومبا گەرچە ئالەمشۇمۇل ئورتاق گېئومېتىرىيىلىك ئابستراكت شەكىل بولسىمۇ، ئۇ شىنجاڭدا تاكى يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ ساپال ئىدىشلارغا سىزىلغان نۇسخىلاردىن گىلەم ـ شىرداق ۋە نۇسخىلارغىچە ئىزچىل داۋاملاشقان.

رومبا شەكلىدە ئىشلەش پۈتكۈل پانوراما سەنئىتىدە ئىككىنچى ئورۇنغا قويۇلغان. ئاساسلىق چوڭ ھەجىمدىكى تام رەسىملىرىگە باش تېمىغا ئائىت رەڭدار رەسىملەر سىزىلغاندىن تاشقىرى، تامنىڭ يانلىرى، ئارىلىقلار، بولۇپمۇ تورۇسلارغا رومبا شەكلىدىكى «يارالمىش ھېكايىلەر» نەمۇنىلىرى سىزىلغان. تورۇسلار ئەينى زامان رەسساملىرىنىڭ نەزىرىدە ساماۋى — دىنىي رەسىملەردىنمۇ ساماۋى ھېس قىلىنغان. رومبىلارغا بىر رەسىملىك يەككە مەزمۇنلار، بىر قاتار ئىككى ياكى كۆپ قىسىملىق ئۇلانما رەسىملەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۇلارنىڭ تەرتىپى سولدىن ئوڭغا، بىقىن يېقىنلىقى بىلەن ئۇلانغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆسەن تاشكېمىرلىرىدىكى رومبا شەكىللى نوقۇل ئالماشقان قايتىش سىزىقلار بىلەن كاتەكچە قىلىنماستىن، بەلكى ئوخشىمىغان رەڭدە يالقۇن شەكلىدىكى چوڭ ـ كىچىك چاچراتمىلار بىلەن يوپۇرماقلاشتۇرۇلغان ياكى تاغلاردەك ئۆركەشلەشتۇرۇلگەن. بۇ خۇددى بۇددا ھېكايىلىرىدىكى خىيالىي تەسۋىرىي مېرۇ (Meru, 弥楼山) تاغلىرىدەك ياكى ئوت ئۇچقۇنلىرىدەك قويۇق ئەپسانىۋى مۇھىت ھاسىل قىلغان. ھېچقانداق مۇتلەق سەنئەت بولمىغىنىدەك، «يارالمىش ھېكايىلىرى»مۇ پۈتۈنلەي رومبا شەكلىگە ئېلىپ سىزىلغانمۇ ئەمەس. قىزىلدىكى 38 ـ، 110 ـ، 186 ـ كېمىرلەردە ئۇزۇنغا سوزۇلغان توغرا بۇلۇڭلۇق تۆت بۇلۇڭ شەكلىدىمۇ جاتاكا ھېكايىلىرى سىزىلغان. ۋەھالەنكى، بۇنداق تام رەسىملىرى كېسىپ ئېلىپ كېتىشكە ئەپلىك بولغاچقا چەت ئەللەرگە يۆتكەپ كېتىلگەن. بىز مىراندىن تېپىلغان «ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرگەن ئاق پىلىنى خەيرىيەتچىگە ئاتىۋەتكەن شاھزادە» قاتارلىق يارالمىش ھېكايىلىرىنىڭ دولقۇنسىمان دائىرىلەر ئىچىگە سىزىلغانلىقىنى كۆرىمىز. ھەتتا رومبا شەكلىگە يارالمىش ھېكايىلىرى سىرتىدىكى ھېكمەت سۆزلەش، رېئال تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىمۇ سىزىلغان. بۇنىڭدىن باشقا مىلادىيە 9 ـ، 10 ـ ئەسىرلەرگە مەنسۇپ ئىدىقۇتتىن تېپىلغان قەغەزگە سىزىلغان بۇددىزم ھېكايىلىرى غەربىي يۇرتتا بۇددىزم سۇترىلىرى، يارالمىش ھېكايە كىتابلىرىمۇ شۇ مەزمۇندىكى رەسىملەرنىڭ قارا سىياھتا سىزىلغانلىقىنى كۆرستىدۇ.

شۇنى ئېيتىش ھاجەتكى، مەيلى رەڭدار رومبا شەكلى ياكى ئۇنىڭغا سىزىلغان رەسىملەر بولسۇن، بىر خىل قېلىپتا بولمىغان، بىر ھېكايىنىڭ ھەرقايسى كېمىرلەردىكى ۋارىيانتى (变种) باشقىچىرەك سىزىلغان، ئۆزىنىڭ پەقەت «زىننەت نەقىشى» بولماي، بەلكى ئۆزىگە خاس مەنىدار سەنئەت ئەسىرى ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

## ئىككىنچى، «بۇددىھانىڭ يارالمىش ھېكايىلىرى» دىن ئىخچام تونۇشتۇرما


مەن پۈتۈن يارالمىش ھېكايىلىرىدىن خەۋەردار ئەمەسمەن. خەلق ئەدەبىياتى نەشر قىلغان ۋە گو لياڭجۈن (郭良) ۋە خۇاڭ باۋسەن (黄宝山) تەرجىمە قىلغان ھىندىستان ئەدەبىيات مەجمۇئەسى «بۇددىھا يارالمىش ھېكايىلىرىدىن تاللانما» بىلەن چاڭ رېنشىيا (常任侠) تۈزگەن «بۇددىزىم ھېكايىلىرىدىن تاللانما»نى ئوقۇپ كۆرگەنىدىم. قۇربان ۋەلىنىڭ «قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى ھېكايىسى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى) دە، 38 ھېكايە رەڭدار رەسىملەر بىلەن ئىخچام چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ كىتابلارنى ئوقۇپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

شۇنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇكى، قىزىل تاشكېمىرىگە ساكيامۇنىنىڭ تۇغۇلغانلىقى تېما قىلىنغان رەسىم (46 - رەسىمگە قاراڭ) سىزىلىپ ئۇنىڭ گەۋدىسىنى ئاسماندىن زېمىنغىچە دېگەن مەنىنى سىڭدۈرگەندىن كېيىن، بۇ رەسىمنىڭ ئۈستىگە ساكيامۇنىنىڭ يارالمىش ھېكايىلىرى ۋە قىسمەن ھېكايىلىرىدىكى ئوبرازلار قايتا سىزىلغان. بۇ ساكيامۇنىنىڭ تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ھاياتىنى ئىخچاملاش بىلەن بىللە رەسساملىق سەنئىتىدە ئىپادىچىلىك ئۈلگىلىرىنى كۆرسەتكەن. «ئالەم ۋە بۇددىھا» ناملىق بۇ رەسىم يارالمىش ھېكايىلىرىنىڭ مۇقەددىمىسى بولغان.

«سىبى راجا جاتاكا» (尸毗王本生) — بۇ ھېكايىدە سىبى ئېلىنىڭ پادىشاھى ئارىداپا (阿梨陀罗) شەھىرىدە سەلتەنەت سۈرگەندە، ساكيامۇنى شاھزادە بولۇپ ئالەمگە تۆرەلىدىكەن ۋە سىبى (sibi) دەپ ئىسىم قويۇلىدىكەن. شاھزادە دادىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن پادىشاھ بولىدىكەن. بۇ ھەق يولىدا ساخاۋەت

يۈرگۈزۈش ئۈچۈن ئوردا ئالدىدا ئالتە ساخاۋەت (ئېھسان) خانا ئاچىدىكەن ۋە ھەر ئاينىڭ 8 ـ، 14ـ، 15 ـ كۈنلىرى ئۆزى ساخاۋەت ئىشلىرىنى كۆزىتىشكە چىقىدىكەن. ئۇ بۇ ئىشلىرىغا قانائەتلەنمەي، پۈتۈن ساخاۋەتلىرىم بەدىنىمنىڭ سىرتىدىكى دۇنيا ماللىرى تۇرسا، قانداق ساۋابى بولسۇن، دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، كىم نېمەمنى خالىسا، مەيلى مالاي بولۇشۇمنى، مەيلى گۆشۇمنى ۋە مەيلى كۆزۈمنى تىلىسە، ساخاۋەت قىلىمەن، دەپ جاكارلاپتۇ. ئۇ مۇنداق دەپتۇ:

«ئالەم بىلەن ئادەمدە بار ـ يوقىنى ئاتارمەن،
ھەتتاكى كۆز چەشمەمنى بېرىشكە ھەم قىيارمەن.»



57 ـ رەسىم. قىزىل 17 ـ كېمىرىگە سىزىلغان: «ساخاۋەتچى پادىشاھنىڭ كۆزىنى سەدىقە قىلىشى»

ئۇ تازىلىنىپ، ئىپار - ئەنبەر سېپىپ ساخاۋەت - سەدىقە سورىغۇچىلارنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.
بۇنى ئالەم ئىلاھى ئىندىرا (帝释天) بىلىپ، ئاددىي بىر قارىغۇ براخمان قىياپىتىگە كىرىپ سىبى پادىشاھنى سىنىماقچى بوپتۇ. ئۇ پادىشاھقا:

«مەن بىر قېرى كېلىپمەن، بىر كۆز تىلەپ يىراقتىن،
بىر كۆز ئاتا قىلسىڭىز، تەڭ يەكچەشمە بولساقمىكىن؟»

دەپتۇ. پادىشاھ، راسا ساۋاب پۇرسىتى كەلدى دەپ بىلىپ :

«ئۈمىد بىلەن كېلىپسىز، بىلىپ مېنىڭ قەلبىمنى،
ئۈمىدىڭىزگە بېرەي، ئىككى كۆزۈمنى مەيلى.»

دەپتۇ ۋە ئوردا دوختۇرى ھېپىگا (希婆格) نى چاقىرتىپ، كۆزلىرىنى ئويۇشنى بۇيرۇپتۇ. سەردار، خانىكە، ئەمەلدارلار كېلىپ خانغا يالۋۇرۇپتۇ، يىغلاپ قوشاقلار قېتىپتۇ. پادىشاھ ۋەدىسىدە قاتتىق تۇرغاچقا، دوختۇر ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنى ئويۇپ، قېرى براخمانغا بېرىپتۇ. ئۇنىڭ كۆزى يورۇپتۇ. پادىشاھ ھارۋىغا چۈشۈپ، ئۆيىگە قايتىپ، ئىبادەتتە ئولتۇرۇپ، قىلغان ساخاۋەتنىڭ توغرا بولغانلىقىنى ھېس قىلغاندا، ئاسماندىكى تەڭرى ئىندىرانىڭ تەختى قىزىپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭغا ساداقەتمەنلىك خاسىيىتى ئۈچۈن ئۆز كۆزلىرىنى بېرىۋەتمەك بوپتۇ. ئۇ ھەقتە ھېكايىدە :


«سىنىپ كەلدى ئالتۇن تەختىراۋانغا،
نېلوپەر كۆل يېنىدا بولدى پەيدا.
دېدى، كەلدى ئىلاھ سېنىڭ قېشىڭغا،
ساڭا قىلماق ئۈچۈن ئىنئامنى مۇندا.»

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com


دەپ يېزىلغان. ھېكايىدە ئىلاھ ئۆزىنىڭ كۆزىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكى، بۇ ئادەتتىكى كۆزدىن ئالاھىدە زېمىن كۆزى ئىكەنلىكى تەسۋىرلىنىدۇ.

بۇ ھېكايە تۇرپاندىكى تۇيۇق تاشكېمىرلىرىگىمۇ سىزىلغان. قىزىل 17 ـ كېمىردىكى يارالمىش ھېكايىلىرىدىكى پادىشاھ ـ شاھزادىلەرنىڭ ساخاۋەت ۋە ئۆزىنى قۇربان قىلىش ئۆلگىلىرى قاتارىدىكى رەسىملەرگە پادىشاھ ھېكايىسى سىزىلغان.

«شاھزادىنىڭ ئۆزىنى يولۋاسقا يەم قىلىشى» ــ «ئىككى تېكىن ھېكايىسى»⑦، «ئالتۇن يارۇق»⑧ قاتارلىق كونا ئۇيغۇرچە بۇددا نوملىرىدا بۇ ھېكايە ئوخشىمىغان ئىككى ۋارىيانتتا سۆزلىنىدۇ.



58 ـ رەسىم. قىزىل مىڭئۆيلىرىدىكى 8 ـ، 38 ـ كېمىرلەرگە سىزىلغان شاھزادىنىڭ ئۆزىنى يولۋاسقا يەم قىلىش ۋارىيانتلىرى



59 ـ رەسىم.

«ئىككى تېكىن ھېكايىسى»دە، پادىشاھ ماھاراتھانىڭ «ئەد ئوگلى
تېكىن» (ئاق نىيەت شاھزادە) بىلەن «ئايىغ ئوگلى تېكىن» (قارا
نىيەت شاھزادە) دېگەن ئىككى ئوغلىنىڭ بىرى بولغان ئاق نىيەت
تېكىننىڭ ئىش ئىزلىرى ئارقىلىق، «ئالتۇن يارۇق»تا
ماھاراتھانىڭ ماھابالا، ماھارىۋى، ماھاساتۋا ناملىق ئۈچ ئوغلى
ئىچىدىكى كىچىك شاھزادە ماھاساتۋانىڭ ئىش ئىزلىرى
ئارقىلىق ساكيامونىنىڭ ئۆزىنى ئاچلىقتىن ئۆلەر ھالەتكە
يەتكەن چىشى يولۋاس ۋە ئۇنىڭ كۈچۈكلىرىگە يەم قىلىپ
بەرگەنلىكى تەسىرلىك ھېكايىلەشتۈرۈلگەنىدى. بۇ رەسىم تۆۋۈق
كېيىنرەكلەرگە شاھزادە سادۇنا (萨壤那) نىڭ ئۆزىنى يولۋاسقا
يەم قىلىشى، دېگەن ۋارىيانتتا سىزىلغان. بۇ ھېكايە قىزىل

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

8 ـ، 38 ـ كېمىرلىردە باشقا خىل شەكىلدە تەكرارلانغان. بۇ ھېكايە سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ ئەمگىكى بىلەن چىرايلىق تەرجىمە قىلىنىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەركىبىدە كۆپلەپ بايان قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ھېكايىنى تەكرارلاش ھاجەتسىز. ھېكايە ئىندىرا ۋە بارلىق ساماۋى مۆئەككەللەرنىڭ شاھزادىگە ئوقۇغان ئاپىرىنلىرى بىلەن خاتىملەنگەن.

«پادىشاھ ساردونىڭ قولىنى مەشئەل قىلىشى» (萨埵王燃求商人) ـــ قىزىل 8 ـ، 17 ـ كېمىردە ساقلىنىپ قالغان مۇھىم تام رەسىم ھېكايىلىرىدىن بىرى. بۇنىڭدا 500 سودىگەرنىڭ ئات ـ ئۇلاغلىرى بىلەن خەتەرلىك قاراڭغۇ جىلغىدىكى يولدا ئاداشقانلىقىنى ئاڭلىغان پادىشاھ ساردونىڭ ئۆز قولىنى ياغقا چىلاپ ئوت يېقىپ، مەشئەل قىلىپ، بۇ سودىگەرلەرنى



60 ـ رەسىم. «ئۆز قولىنى مەشئەل قىلغان پادىشاھ»

قۇتۇلدۇرغانلىقى ھېكايە قىلىنغان. «قۇتۇلدۇرۇش» پىداكارانە روھ قىلىنغان بۇ ھېكايىلەردە، بۇددىزمدىكى كىشىلەرنى «سانسار» (生死轮) ئازابىدىن ئەمەس، رېئال ئازاب ۋە تەقەززادىن قۇتۇلدۇرۇش تېمىسى ۋە ئەخلاقىي تەرغىباتى ئاساس قىلىنغان.

«پادىشاھ سىبىنىڭ كەپتەرنى قۇتۇلدۇرۇشى» (肉贸鸽尸毗王割) ـــ قىزىل 17 ـ، 38 ـ، 114 ـ كېمىرلەرگە سىزىلغان پىداكارانە ئەخلاققا ئائىت ھېكايە. بۇ تۇيۇق 44 ـ كېمىردىكى چانتىپولى خانىنىڭ (羼提婆利王) پۇتىنى تىلغاندا بەرداشلىق بېرىشى توغرىسىكى ھېكايە ۋارىيانتىدۇر، بىلىنجېلى خانىنىڭ يارالمىش ھېكايىلىرى (毗楞竭梨王本生) ۋارىيانتىدۇ ئۇچرايدۇ.

بۇ ھېكايە كۆپلىگەن كېمىرلەردە، جۈملىدىن قىزىل 17 ـ، 38 ـ كېمىرلىرى بىلەن تۇيۇق 44 ـ كېمىردە، دۇڭخۇاڭنىڭ دەسلەپ سىزىلغان تام رەسىملىرى ئۇسلۇبىدىكى 254 ـ



61 ـ رەسىم. «پادىشاھنىڭ كەپتەرنى قۇتۇلدۇرۇشى»

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com


كېمىردە سىزىلغان.

ھېكايىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى باشقىلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىش تېمىسىدا بولۇپ، ئۇ مۇنداق:

بىر كۈنى بىر كەپتەر ئۇچۇپ كېلىپ، ئۆزىنى خاننىڭ قوينىغا ئېتىپ لاچىندىن قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىپتۇ. خان ئازاب دېڭىزىدىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا كەپتەرگە ھامىيلىق قىلماق بوپتۇ. ئارقىدىن كەپتەرنى قوغلاپ كەلگەن لاچىن، بۇ كەپتەرنى يېمىسە ئاچلىق ئازابىدا ئۆلىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىمۇ ئازابتىن قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىپتۇ. پادىشاھ كەپتەرنىڭ ئورنىغا گۆش بىلەن لاچىننى قۇتقۇزماقچى بولغاندا، لاچىن كەپتەر بىلەن ئوخشاش ئېغىرلىقتىكى قانلىرى ئېقىپ تۇرغان گۆش تەلەپ قىپتۇ. پادىشاھ ئۆز بەدىنىدىن گۆشنى شىلىۋېلىپ، تارازىدا تارتىپ، لاچىنغا بېرىشنى ۋەزىرلەرگە بۇيرۇپتۇ. رەسىملەردە كەپتەرنىڭ تاجدار شاھ ئالدىغا كېلىۋاتقانلىقى، ئۇنىڭ ۋەزىرلىرىدىن بىرى پادىشاھنىڭ يوتىسىنى يۈكۈنۈپ شىلىۋاتقانلىقى ۋە يەنە بىر ۋەزىرنىڭ تارازا تۇتۇپ تۇرغانلىقى گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

«تومىسىنىڭ لەھەڭ بولۇپ جاراھەتنى داۋالىشى» (跋弥化鱼医疮) — بۇ ھېكايىدە ۋارنا دۆلىتىدە يۇقۇملۇق كېسەل تارقالغانلىقى، خەلقنى كېسەل ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئويلىغان پادىشاھ تومىسىنىڭ بۇ كېسەلگە لەھەڭ گۆشى داۋا بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تەڭرىگە ئىلتىجا قىلىپ، دەرياغا سەكرەپ، لەھەڭگە ئايلىنىپ، خەلق تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ، پارچىلىنىپ يېيىلگەنلىكى، كېسەلدىن قۇتۇلغان خەلقنىڭ ئۇنىڭغا خاتىرە مۇنارى تىكلىگەنلىكى سۆزلىنىدۇ. ھېكايە ئېپىزوتلىرى قىزىل 17 ـ، 38 ـ كېمىرلىرىنىڭ تورۇسىغا بىر ئاق لەھەڭنى چايناپ ـ تىلىۋاتقان ئىككى كىشى رەسىمى سىزىلغان (51 ـ رەسىمگە قاراڭ).

«مەرۋايىت سۇزۇش» — كۆپ ۋارىيانتلىق ھېكايىلەردىن




62 ـ رەسىم. تومسىنىڭ لەھەڭ بولۇپ جاراھەتنى داۋالىشى

بىرى، ئۇنىڭدا پۈتۈن خەلقنى ئەڭ قىممەتلىك مەرۋايىت ـ گۆھەرلەرنى سەدىقە قىلىش بىلەن قۇتقۇزۇشقا بەل باغلىغان شاھزادىنىڭ پۈتۈن قايتا ـ قايتا تۇغۇلغان ۋاقىتلاردىكى ئۆمرىدەك ئۇزۇن ۋاقىت كەتسىمۇ، دېڭىز سۈيىنى يۆتكەپ، ئېچىدىن مەرۋايىت خەزىنىلەر ئېلىپ خەلققە سەدىقە قىلىشقا بەل باغلىغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. قىزىل 14 ـ كېمىردە سىزىلغان بۇ رەسىم 114 ـ كېمىردە باشقا ۋارىيانتتا ئىپادىلەنگەن. تۇرپان تويۇق مىڭئۆيلىرىگە سىزىلغان «شاھزادىنىڭ دېڭىزغا كىرىپ، مەرۋايىت سۈزۈشى» (善友太子入海求珠) ناملىق تام رەسىم ئۇنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتى ھېسابلىنىدۇ.

پادىشاھ ـ شاھزادىلەر ھېكايىلىرىدىن تاشقىرى يەنە كۆپلىگەن ھايۋانات پادىشاھلىرىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى قۇربان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



63 ـ رەسىم. «دېڭىزغا كىرىپ مەرۋايىت سۈزۈش»

قىلىش روھى كۆيلىنىدىغان جاتاكالار كۆپلەپ سىزىلغان.

«مايمۇن پادىشاھىنىڭ ھېكايىسى» (猴王本生) — بۇ كەڭ تارقالغان ھېكايىدە ئېيتىلىشىچە، ۋارنا (波罗奈) ئېلىدە، بودساتۋا قابىل مايمۇن بولۇپ تۇغۇلىدۇ ۋە كېيىن 80 مىڭ مايمۇننىڭ پادىشاھى (راجاكاپ، 猴王 ) بولىدۇ. ھىمالايا تېغىنى ماكان قىلغان بۇ مايمۇنلار گانگى بويىدىكى ماڭگو (ئاما) ۋە باشقا مېۋىلەرنىڭ ئوخشىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ، مايمۇن شاھى بۇ بىر كۈنى بالا كەلتۈرمىگەي، دەپ ئېھتىيات قىلىدۇ. شۇ سەۋەبلىك مېۋىلەر پۇرچاقتەك بولماستا مايمۇنلارغا يېگۈزۈۋېتىدۇ. ئەمما، بىر ئاما شاخ ئارىسىدا راسا ئوخشاپ پىشقان بولۇپ، ئۇ ئۈزۈلۈپ دەرياغا چۈشۈپ كېتىدۇ. دەل شۇ چاغدا پادىشاھ دەريادا تور يېيىۋاتقان بولۇپ، بۇ ئاما ئۇنىڭ قولىغا چۈشىدۇ. ۋارنا ئېلىنىڭ پادىشاھى بۇ ئامانى يەپ كۆرسە



64 ـ رەسىم. «مايمۇن پادىشاھىنىڭ ھېكايىسى»

ئالما ئەمەس، باشقىچە شېرىن مېۋە. ئۇنى ئەمەلدارلىرىمۇ يەپ قانداق مېۋە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. بۇ ماڭگو (ama) ئىدى. پادىشاھ كېمىلەرگە قوشۇن سېلىپ دەريا بويلاپ يۈرۈش قىلىدۇ. بۇلار شاخلاردا يۈرگەن مايمۇنلارنى كۆرۈپ، ئامالارنى يەپ تۈگەتمەسلىك ئۈچۈن ئوقيا ئېتىپ قوغلايدۇ. بۇ چاغدا مايمۇنلار قورشاۋغا چۈشۈپ قالغانىدى. مايمۇنلار پادىشاھى 80 مىڭ مايمۇننى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن پۈتىنى ئەشكەن چىۋىقلار بىلەن دەرەخكە باغلاپ، يەنە بىر جىلغىغا ئېتىلىپ سەكرەپ ئۆتۈپ جىلغىلارنى تۇتاشتۇرىدىغان «كۆۋرۈك» بولىدۇ، ھەممە مايمۇنلار ئۇنى دەسسەپ نېرىقى قاشقا ئۆتىدۇ. دەل شۇ چاغدا بۇدساتۋانىڭ كۈشەندىسى دېۋادادۇ (提婆达多) كىچىك بىر مايمۇن سىياقىدا توپقا قوشۇلۇۋېلىپ، يىراقتىكى شاختىن بارچە ئېغىرلىقى بىلەن مايمۇن شاھى بۇدساتۋا بېلىگە سەكرەپ، ئۇنى سايغا چۈشۈرۈۋېتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرغان پادىشاھ ھايۋان چېغىدا مۇنداق جان پىداكارلىق بىلەن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا ئۆزىنى ئايىمايدۇ، بىز ئادەمغۇ ! دەپ قاتتىق تەسىرلىنىدۇ. مايمۇن شاھىنى سۇپىغا ياتقۇزىدۇ. ئۇستىگە دورىلانغان تېرە ياپىدۇ، مىڭ قېتىم تازىلاپ مەلھەملەرنى سۈركەيدۇ، شېكەر ئېرىتمىسى ئىچۈرىدۇ. پادىشاھ سەل ھوشىغا كەلگەن مايمۇنغا :

«بىخەتەر ئۆتتى مايمۇنلار، كۆۋرۈك بولدى تېنىڭىز،
مايمۇن شاھى ئۈچۈن ئەھلى بىلمىدىم قانداق ئەزىز.»

دەيدۇ. مايمۇن شاھى :

«ئات، قوشۇن، دۆلەت، شەھەرنىڭ ھەممىسى،
شاھقا بولغاي ئەلگە قۇتنىڭ بەلگىسى.»

دەپ ئۆلىدۇ. ئۇنىڭغا پادىشاھلارچە دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ.



65 ـ رەسىم. «مارال پادىشاھىنىڭ پادىشاھىنىڭ ئالدىغا كېلىشى»


شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ بۇدساتۋا يولىنى تۇتىدۇ.

بۇ ھېكايىنىڭ رەسىمى ھەرقايسى تاشكېمىرلەردە ھەرخىل كومپوزىتسىيىلەردە سىزىلغان، مەسىلەن، قىزىل 69 ـ، 38 ـ ۋە باشقا كېمىرلەردىن مىسال قىلىش مۇمكىن.

«مارال پادىشاھى توغرىسىدىكى ھېكايە» (榕鹿本生) — ۋارنا ئېلىدە بۇدساتۋا مارال پادىشاھى بولۇپ ئالەمگە كېلىدۇ. يېقىن ئارىدا بەش بۇغىنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرگەن بىر ئالتۇن بۇغا بار ئىكەن. ۋارنا پادىشاھى ھەر كۈنى بىر ۋاخ شىكار قىلغان ھايۋانلار بىلەن ئوزۇقلىنىدىكەن. ئۇ كىشىلەرگە ئىش توختىتىپ، بۇغا ـ مارال ئوۋلاشنى بۇيرۇپتۇ. كېيىن بۇغا ـ مارالLARنى پادىشاھنىڭ بېغىغا ھەيدەپ كىرگۈزۈپ، ئىشقا چۈشۈشنى جاكارلاپتۇ. ئۇلار باغدىكى بۇغا ـ ماراللارنى نۆۋەت بىلەن سويۇپ، پادىشاھقا غىزا ھازىرلاپتۇ. بىر كۈنى مارال پادىشاھى ئۆلتۈرۈلىدىغان بىر بۇغىنىڭ ھامىلىدار ئىكەنلىكىنى سېزىپ، ئۆزلۈكىدىن كېلىپ قاساپنىڭ يېنىدا ئۆلۈمگە ھازىرلىنىپ تۇرۇپتۇ. بۇ ئىش پادىشاھقا مەلۇم بولۇپ، ئۇ مارال پادىشاھىدىن بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ. مارال پادىشاھى دەرھال ئۆز جېنىنى ئېلىپ، ئۇنى بۇ ساخاۋەتكە ئېرىشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىپتۇ. پادىشاھ قاتتىق تەسىرلىنىپ قامالغان پۈتكۈل بۇغا ـ ماراللارنى ئازاد قىلىۋېتىپتۇ.

«ئالتىچىش كۆلى باغرىدىكى ھېكايە» (jataka shaddanta 六牙本生) — ھىمالايا تېغىنىڭ ئاستىدا ئالتىچىش كۆل دېگەن جاي بولغانىكەن. بۇ يەردە 8000 پىل بولۇپ، بۇدساتۋا پىل شاھزادىسى بولۇپ تۇغۇلىدىكەن. ئاتىسى شاھزادىگە چوڭ مەنجۇ (妙吉)، كىچىك مەنجۇ دېگەن ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىدىكەن. شاھزادە كېيىن بۇ يەردىكى پىللارغا پادىشاھ (blephcnta) بولىدىكەن. ئالتىچىش كۆلى ئەتراپىدا سۇ، يايلاق، تاغ مەنزىرىسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



66 ـ رەسىم. «يوشۇرۇنۇپ پىل پادىشاھىنى ئېتىش»

گۈزەل بولۇپ، ھەر كۈنى پىللار كۆلدە يۇيۇنۇشىدىكەن. پادىشاھ بىر نېلۇپەرنى سۈزۈۋېلىپ چوڭ مەنجۇ خېنىمغا بېرىپتۇ. بۇنىڭدىن كىچىك مەنجۇ خېنىم غەزەپلىنىپتۇ ۋە كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلاپتۇ. ئۇ تەڭرىگە ئاتاپ ھەر خىل مېۋىلەرنى تىزىپ، ئۆلگىنىمدىن كېيىن، ۋارنا پادىشاھىنىڭ خانىكىسى مەنجۇ ئاغىچا بولۇپ تۇغۇلسام، دەپ تىلاۋەت قىلىپتۇ. ئانچە ئۆتمەي، ئۇ يېمەي ـ ئىچمەي ھەسرەتتە ئۆلۈپتۇ. دېگەندەك ئۇ تۇغۇلغاندىن كېيىن ۋارنا پادىشاھىنىڭ 16 مىڭ خانىشى ئىچىدىكى خان ئاغىچا خېنىم بولۇپتۇ. ئۇ پادىشاھنى ئىشقا سېلىش ئۈچۈن كېسەل بولۇپ يېتىۋاپتۇ. پادىشاھ 60 مىڭ شىكارچى قوشۇن بىلەن ھال سورىغىلى كەلگەندە، چۈشىدە كۆرگەن ئالتىچىش

كۆلىنىڭ بويىدىكى پىل پادىشاھىنى تۇتۇپ كېلىشنى تەلەپ قىپتۇ. پادىشاھ بۇ تەلەپ بويىچە مەرگەن توپلاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بۇدساتۋاغا كۆشەندە بىنودورا(婆奴多罗) دېگەن بىر بەتبەشىرە بار ئىكەن. ئۇنى باش قىلىپ، پىل شاھىنى تۇتۇشقا ئەۋەتىپتۇ.

ئۇلار يەتتە يىل يەتتە ئاي يەتتە كۈن يۈرۈپ، پىل پادىشاھىنىڭ تۇرار جايىغا يېقىن ئورا كولاپتۇ. ئۇلار يوللارغا يەنە ئازگال ـ ئورىلار كولاپتۇ. زەھەرلىك ئوق بىلەن پىل پادىشاھىنى ئورىغا ئېتىپ چۈشۈرۈپتۇ.

پىل پادىشاھى ئۇلار بىلەن ئازگالدا ئۇلەر ھالەتتە سۆزلىشىپ بۇنى ئىلگىرىكى ھەسەتخور كىچىك ئايالىنىڭ رەشك ئوتىدا قىلغانلىقىنى بىلىپ، چىشىنى ھەرىلەتكۈزۈپ بېرىپتۇ. پىل چىشىنى ئۇلار يەتتە كۈندە خان ئاغىچىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپتۇ. ئۇ بۇ پىل چىشىنى كۆرگەندە ئىلگىرىكى ئېرى پىل پادىشاھىنى



67 ـ رەسىم. «ئۆز گۆشىنى تەقدىم قىلغان پىل»

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com




68 ـ رەسىم. «گۈلخانغا چۈشۈۋاتقان توشقان»

ھەسەت ئوتىدا سىغىنىپ ئۆلۈپتۇ. چوڭ مەنجۇ باشلىق قالغان پىللار پىل پادىشاھىنى يۆيۈپ، كۆيدۈرۈپ، دەپنە قىپتۇ. بۇ ھېكايە ھەسەتخورلۇقنىڭ ئۆز بېشىغا دۈشمەنلىكىنى تەرغىب قىلىش بىلەن ئاخىرلاشقان. مۇنداق ھېكايىلەردىن يەنە بىر «ئەخلاقلىق پىل ھېكايىلىرى » (有德象本生) بار. بۇنىڭدىن باشقا يەنە «پىلنىڭ گۆشىنى ساخاۋەت قىلىشى» دېگەن ھېكايە قىزىل 8 ـ، 17 ـ كېمىرلەرگە سىزىلغان. بۇنىڭدا بىر توپ ئاچ قالغان سۈرگۈن ـ سەرگەردانلارنى كۆرگەن پىلنىڭ ئۆزىنى تاغدىن سۇ بويىغا ئېتىپ، ئۇلارغا ئۇچراپ، ئۇلارنى ئاچلىق ئازابى ۋە ئۆلۈم خەۋپىدىن قۇتقۇزغان پىداكارلىق روھى تەسۋىرلەنگەن.

ئۆزىنى ئوزۇق قىلىپ باشقىلارنى قۇتۇلدۇرغان ھېكايىلەردىن


قىزىل 8 ـ، 14 ـ كېمىرلىرىدىكى «توشقاننىڭ ھېكايىسى» (兔子本生) بىلەن، قىزىل 17 ـ كېمىردىكى «كەپتەرنىڭ ھېكايىسى» (鸽子本生) كىچىك ھايۋانلارنى تەمسىل قىلىش ئارقىلىق بۇددىزم پىداكارلىقىنى تەرغىب قىلىشقا قارىتىلغان. توشقان 120 ياشقا كىرگەن براخماننىڭ ئىستىقامىتىگە ئۆزلىرىنى ساخاۋەت قىلىنغان مايمۇن، تۈلكە، قۇندۇزلارنى كۆرۈپ، ھېچ ئىش قىلالمىغانلىقىدىن ئۆكۈنۈپ، ئۆزلۈكىدىن چالنىڭ ياققان گۈلخانىدا كاۋاپ بولغانلىقىنى⑨ تەسۋىرلەشكە ۋاستە قىلىغان بولسا، كەپتەر ئاداشقان يولچى دېھقاننىڭ ئاچلىقىنى سېزىپ، ئۆزىنى گۈلخانغا تاشلاپ كاۋاپ بولغانلىقىنى تەسۋىرلەشكە سۇژېت قىلىنغان.



69 ـ رەسىم. قىزىل 14 ـ كېمىردىكى «دۆلدۈل»

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

«دۇلدۇل ھەققىدە ھېكايە» (云马本生) ئىلگىرى شىرلانكا ئارىلىدا ياكسا (ئالۋاستىلار) ياشايدىغان سىرساۋتۇ دېگەن شەھەر بولغانىكەن. ياكسالار بۇ (尸利沙婆图的夜叉城) يەرگە كەلگەن دېڭىز سودىگەرلىرىنى ئالداپ يەپ كېتىدىكەن. بىر ياقتا گىلىئان (格利雅尼) دەرياسى، بىر ياقتا ناكا (那伽) ئارىلى بولغاچقا قاچقىلى بولمايدىكەن. بىر كۈنى دېڭىز ھادىسىسىگە ئۇچرىغان 500 سودىگەر بۇ يەرگە چىقىپ قاپتۇ. ئايال شەكلىدىكى 500 ئالۋاستى ئۇلارنى ئالداپ شەھەردىكى ئۆيلىرىگە ئەكىرىۋاپتۇ ۋە بىردىن ئىگىلىۋاپتۇ. سودىگەرلەرنىڭ ئاقساقىلى يېنىدا ياتقان ئايالنىڭ ئالۋاستىلىقىنى بىلىۋاپتۇ. ئۇلاردىن 250 سودىگەر يېيىلمەي قاپتۇ. ئاقساقالنىڭ باشلىشى بىلەن 250 سودىگەر قېچىپتۇ. شۇ چاغدا بودساتۋا ئاپئاق تەنلىك، قارا باشلىق بىر دۇلدۇلغا ئايلىنىپ، ھىمالايا تېغىنىڭ ئۈستىدە پەرۋاز قىلىپتۇ ۋە 250 كىشىنى ھالاكەت گىردابىدىن



70 ــ رەسىم.

قۇتقۇزۇۋاپتۇ.

«سودىگەرلەرنىڭ ئەجدىھادىن قۇتۇلۇشى» — ئۇنىڭدا بوران تۇپەيلى ئورمانلىقتا قونۇشقا مەجبۇر بولغان بىر توپ سودىگەر يۇتۇۋېلىشقا تەمشەلگەن ئەجدىھا بىلەن، دەل ئۇلارنى قۇتۇلدۇرماقچى بولغان پىل بىلەن شىرنىڭ بىرلىشىپ كۆرەش قىلىشى ئارقىلىق ئەجدىھا يۇتۇۋەتكەن ئادەملەرنى قۇتۇلدۇرغانلىقى ۋە قۇتۇلغان كىشىلەر بۇ جەرياندا ئۆلگەن پىل بىلەن شىرغا خاتىرە مۇنارى ئورناتقانلىقىنى تەسۋىرلىگەن.

يۇقىرىقىلاردىن تاشقىرى، يەنە «ۋاپاغا جاپا» قىلىدىغان نائىنساپلىقىنىڭ ئاخىر يامان نەتىجىگە دۇچار بولىدىغانلىقىنى تەرغىب قىلىدىغان سەلبىي تىپتىكى جاتاكا ھېكايىلىرىمۇ خېلى نۇرغۇن.



71 ـ رەسىم. ۋاپادار مايمۇننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

«ۋاپادار مايمۇننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى» (猕猴本生) — ئۇنىڭ بىر مىسالى قىزىل 100 ـ كېمىردىكى بۇ ھېكايىدە، جىرادىن يىقىلىپ ھالسىزلانغان ئادەمنى ئوبدان كۈتكەن مايمۇننىڭ ئۇ ئادەم تەرىپىدىن مىننەتدارلىق ئورنىغا، ئۆلتۈرۈلۈپ، كاۋاپ قىلىنغانلىقى ۋە بۇ كىشىنىڭ چوڭقۇر سامجىۋا دوزىخىدا كۆيدۈرۈلگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن.

«ۋاپادار تاشپاقىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى» — ئالدامچى سودىگەرلەر دېڭىزدا ھادىسىگە ئۇچراپ يولى توسۇلۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ئاقساقىلى، قايسى جاندار قۇتقۇزسا ئۆمۈر بويى ۋاپا قىلىشقا قەسەم ئىچىپ ۋارقىراپتۇ. بەھەيۋەت بىر تاشپاقا ئۇلارغا رەھىم قىلىپ دېڭىزدىن ئۆتكۈزمەكچى بوپتۇ. تاشپاقا تەكرار توشۇش جەريانىدا بىر دەم ئارام ئالماقچى بولۇپ ئۇخلىغاندا، بۇ



72 ـ رەسىم. «تاشپاقىغا مىنىپ دېڭىزدىن ئۆتۈۋاتقان سودىگەرلەر»

ئالدامچىلار ئۇنى ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى يەپ، كېكىرىپ ئۇخلىشىپتۇ. ئۇلارنى يولدىن ئۆتكەن بىر توپ پىل چەيلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.

شىنجاڭ تاشكېمىرلىرىدە ھېلىمۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن ئارتۇق «بۇددىھا يارالمىش ھېكايىلىرى» تام رەسىملىرى ساقلىنىپ تۇرماقتا. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا «ئەجدىھا ئوردىسىغا قامالغان مەلىكە»، «تۇتىنىڭ ئوت ئۆچۈرۈشى»، «نىلۇپەر ھېكايىسى» (莲花本生)، «ئىككى باش، ئىككى نىيەت قۇش»، «تۇرنا پادىشاھى»، «دېڭىزغا چۈشۈپ مەرۋايىت سۈزۈش ھېكايىسى» (善友太子入海求珠) قاتارلىقلار بار.

* *

غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدىكى بۇددىزىم تېماتىكىسى بىر تەرەپتىن رېئال تۇرمۇش دېتاللىرىغا نىسبەتەن نىسپىي ھالەتتە بولۇپ، مۇتلەق دېگىلى بولمايدىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ھەرقايسى دەۋرلەردە ۋە رايونلاردا قىسمەن ئۆزگىرىشكە ئۇچراشتەك نىسپىي ھالەتتە بولۇپ، مۇتلەق دېگىلى بولمايتتى. مەسىلەن، تەركىدۇنيالىق (ئاسكىتىزم) تەشەببۇسلىرى تۇرپاندا ئەمەس، كۇچادا، ماھايانا دەۋرىدە ئەمەس، ھىنايانا دەۋرىدە كۈچەيگەندى. كۇچا دائىرىسىدە قۇمتۇرا دىيانا ۋە ماھايانا مەزھىپىنىڭ قاراشلىرىدىمۇ پەرقلەر بولغان.

ئىزاھلار:

①، ②، ④ فون گابائىن: «ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىدە تۇرمۇش»، خەنزۇچە نەشرى، 122 — 135 ـ بەتلەر.

③ ۋۇ بەيخۇي: «بۇددىھا قەسىدىلىرىنىڭ يېڭى تەرجىمىسى»، («ھازىرقى زامان بۇددىزمى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1963 ـ يىللىق 3 ـ سان).

⑤ ئۇيغۇرلاردا قازا قىلغانىنى «قۇش بولدى» دېگەن سۆز بار.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

⑥ ئۇيغۇرلاردا، ئۇيغۇر خانلىقلىرىدا خاننىڭ قېشىدا «يادىچى» (يامغۇرچى) ۋەزىر، بەگلەر بولۇپ، ئۇلار يادا تاشقا ئوقۇپ يامغۇر ياغدۇراتتى، دېگەن رىۋايەت بار.

⑦ پېللىئوت 1907 ـ، 1908 ـ يىللىرى بۇ ھېكايىنىڭ كونا ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى دۇنخۇاڭدىن تاپقان.

⑧ مالوۋ 1909 — 1911 ـ يىللىرى جيۇچۈەندىكى سېرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن «ئالتۇن يارۇق» نىڭ كونا ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى تاپقان.

⑨ بۇ ھېكايە «تۆت ھايۋاننىڭ ئەۋلىياغا ساخاۋىتى» (四兽供养仙人) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

يەتتىنچى باب

# غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدىكى رېئالىزم تېمىلىرى

بىز بۇ بابنى ماۋزۇلارغا ئاجراتماستىن، بىر قاتار خاس تېمىلار بويىچە بايان قىلماقچىمىز.

## 1. دىنىي سەنئەتتىكى رېئالىزم مەسلىسى

دىن — بىر خىل ئىدېئولوگىيە سۈپىتىدە، گەرچە ساماۋى ئىدېئولوگىيىلىك كۆرۈنسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىدىن ئىبارەت. شۇنىسى روشەنكى، ئەزەلدىن ساماۋى ئىدېئولوگىيە بولغان ئەمەس! كارل ماركس مۇنداق دەپ توغرا ئېيتىدۇ: «ئىنسان دىننى ياراتقان، دىن ئىنساننى ياراتقان ئەمەس»①. ئىنسانلار دىننى ياراتقان ۋاقىتتا ئۇنى ئۆزلىرىگە، ئۆز ئېھتىياجىغا، ئۆز تۇرمۇشىغا، ئۆز خاھىشلىرىغا ئاساسلىنىپ ياراتقان. شۇنىڭ ئۈچۈن، كارل ماركس «ئا. روگىغا خەت»② ناملىق ئەسىرىدە: «دىننىڭ ئۆزىدە مەزمۇن يوق، ئۇنىڭ يىلتىزى ئاسماندا ئەمەس، بەلكى كىشىنىڭ دۇنياسىدا» دەپ يازغانىدى.

دەرۋەقە، دىنىنىڭ مەركىزىي ماۋزۇسى بولغان ئىلاھىي پېرسوناژ — ئىنساندىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇددا دىنىدىكى ساكيامۇنىنىڭ پۈتۈن روھىيىتى نىجاتلىققا تەلپۈنگەن ئىنساننىڭ روھىيىتىدىن ئىبارەت. بۇددا دىنىدىكى مۇھىت، بولۇپمۇ «ئازاب دېڭىزى» ۋە «ئۆلۈپ - تىرىلىشنىڭ تەكرارلىنىش» مۇھىتى ئىنساننىڭ تۇرمۇش پاجىئەلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىزىشى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئىزچىللىقىنى ئىنسانغا سەزدۈرگەن مۇھىتتىن ئىبارەت. بۇددا دىنىدىكى پاك زېمىن (Jukhavati — 净土) بىلەن نىرۋانا خىلۋەت ماكانى — ئىنساننىڭ جاھان ئازابلىرىدىن قۇتۇلۇش ئىستەكلىرىنى قانائەتلەندۈرۈش ئۈچۈن يارىتىلغان، ئۆز - ئۆزىگە قىلغان تەسەللىسى ۋە غايىۋى دۆلەت تەسەۋۋۇرىدىن ئىبارەت. ئېنگېلس «برونو بائۇئېر ۋە دەسلەپكى خرىستىئان دىنى» ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دېگەنىدى: «ئۇلار ماددىي تۇرمۇشتىكى ئازادلىقتىن نائۇمىدلىك ھېس قىلىشىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا روھىي ئازادلىقنى دەسسەتمەكچى بولۇشتى، ئۇلار ئىدىيىگە تەسەللى بېرىشنى ئىزدەش ئارقىلىق بىر پۈتۈن شەكىلدىكى ئۈمىدسىزلىك گىردابىدىن قۇتۇلۇشتى.»③

مۇنداق روھىي ئازادلىق يەنىلا رېئاللىقنى دىنىي شەكىلدە كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش ئارقىلىقلا، باشقىچە ئېيتقاندا، رېئاللىقنى دۇم كۆمتۈرۈپ ئەكس ئېتتىش ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئېشىش مۇمكىن ئىدى. بۇنداق دۇم كۆمتۈرۈش ئارقىلىق رېئاللىقتىكى تەبىقىچىلىك دىنىدىكى تەبىقىچىلىك شەكلىگە كىردى. ئېنگېلس «ئەنگلىيىنىڭ ئەھۋالى ۋە توماس كالىرىنىڭ ‹ئۆتمۈش ۋە ھازىر› ناملىق ئەسىرىگە باھا» ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق يازغانىدى: «دىن، ئۆز ماھىيىتىدىن ئالغاندا، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ پۈتكۈل مەزمۇنلىرىنى تارتىۋېلىپ، ئۇنى باقىي ئالەم تەڭرىلىرىگە بولغان خام خىيالغا ئايلاندۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ يەنە سىرتقى ئالەمدىكى تەڭرىنىڭ مېھىر - شەپقىتىنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنىڭ شاپائىتى سۈپىتىدە ئىنسان بىلەن تەبىئەتكە قايتۇرۇپ كېلىدۇ.»④ مانا بۇ دىنىنىڭ ئىنسان ئىجادىيىتى ئىكەنلىكى ۋە ئىنساننىڭ ئۆزى ياسىغان بۇ ئىجادىيەت مېۋىسىدىن يەنە شاپائەت تىلەيدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئەڭ ياخشى ئىزاھات.

دىن — رېئاللىقتىكى پانىي ئالەمدىن كېلىپ چىققان باقىي

ئالەم توغرىسىدىكى ئەپسانىدىن ئىبارەت. بۇ ئەپسانە كۈچلۈك ئېتىقاد كۈچى بىلەن پۈتكۈل زامانداش ئىدىيە شەكىللىرىنى ئەخلاقىي، ھوقۇقىي، سىياسىي، پەلسەپىۋى، بەدىئىي ئاڭ فورمىلىرىنى ئۆز تەقەززاسى، ئۆز ئەقىدىلىرى ئاساسىدا سىكىللەشتۈرۈپ (بىرلەشتۈرۈپ — 组合)، سىنكىرتلاشتۇرۇپ (ئارىلاشتۇرۇپ — 混合) دۇنيا ۋە ئادىمىيلىك توغرىسىدا بىر پۈتۈن پانتېئون (万神殿) ياراتقانكى، بۇددىزم ۋە بۇددىزم سەنئىتى ئۇنىڭ بىر پاۋلىئونىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. كارل ماركس: «باقىي ئالەم ئەپسانىلىرى غايىب بولغاندىن كېيىن، تارىخنىڭ ۋەزىپىسى پانىي ئالەم ھەقىقەتلىرىنى ئورنىتىشتىن ئىبارەت»⑤ دەپ توغرا ئېيتقان.

شىنجاڭ تاشكېمىر سەنئىتىدە ساقلىنىپ قالغان دىنىي تېمىدىكى مول ۋە ئاجايىپ - غارايىپ تام رەسىملىرىنىڭ ئاخىرقى يىلتىزىمۇ ئوخشاشلا رېئاللىقتىن ئىبارەت. بۇنداق رېئاللىق ئىككى شەكىلدە — ئىلاھىي ئوبرازلار شەكلىدە مەسىلەن، ساماۋى تەڭرى ۋە قەھرىمانلارنىڭ شەكلىدە، جۈملىدىن بىۋاسىتە ساخاۋەت قىلغۇچىلار، تېۋىنغۇچىلار، ھەرخىل تەبىقىدىكى يەرلىك ياكى ياقا يۇرتلۇق كىشىلەر شەكلىدە ئىپادىلەنگەن. بىز پۈتكۈل ئىلاھىيەتنى ئىنسان ۋە ئۇنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى ئاساسىدا ياساپ - تاراندۇرۇلغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلالمايمىز. بىز غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىنىڭ بىناكارلىق، ھەيكەلتىراشلىق، رەسساملىق سەنئىتى بىلەن ھىندىستان، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، ياپونىيە ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا بۇددا سەنئىتىنى سېلىشتۇرساقلا، ساكيامونى (بۇددىھا)، بۇد ساتۋا، دىۋاراجا ۋە باشقا ئوبرازلارنىڭ قويۇق يەرلىك قىياپەت، كىيىم - كېچەك (بولۇپمۇ تۇماق، ئۆتۈك، كەمەر) ۋە چاچ پاسونلىرىنىڭ يەرلىك مەدەنىيەت ئاساسىدا سىزىلغانلىقىنى كۆرىمىز. ئەگەر بۇ خىل ئوبرازلاردا پۈتۈن بۇددا سەنئىتىگە ئورتاق، شۇ سەۋەبلىك ئۆزگەرتىۋېتىش،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىش قىيىن بولغان ئامىللارنى ئېتىبارغا ئېلىپ غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدىكى يارالمىش ھېكايىلىرىنىڭ قىياپەت ۋە ئېتىنىك مەدەنىيەت تۈسىگە نەزەر سالساق، يەرلىك خەلق ئوبرازىنى ئېنىق روشەن ۋە بىۋاسىتە ئۇچرىتىمىز. ئەلۋەتتە، رېئال دۇنيادا ياشاۋاتقان تېۋىنغۇچىلار، ساخاۋەتچى مۇخلىسلار ئوبرازىدا بۇنداق غەربىي يۇرت ئېتنىك تۇرمۇش مەدەنىيىتى ئوچۇق ئىپادىلەنگەن.

## 2. تېۋىنغۇچىلار، ساخاۋەتچىلەر ئوبرازىدا بىۋاستە ئىپادىلەنگەن رېئالىزم مەسىلىسى

دىنىي سەنئەت ــ رېئالىزمنى غەيرىي رېئال ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادىلىگەندىن تاشقىرى، يەنە رېئال ئوبرازلارنى غەيرىي رېئال ئوبرازلارغا بېقىندۇرۇپ ئىپادىلەشتىمۇ ئۆز خىزمىتىنى ئۆتىگەن. شىنجاڭ بۇددا سەنئىتى تاشكېمىرلىرىدە ئىككى قوتۇپ ــ باقىي ئالەمگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئوبرازلار بىلەن ئۇنىڭغا تېۋىنىدىغان، پانىي ئالەمگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئوبرازلار بىر - بىرى بىلەن تەڭكەش قىلىنغان ھالدا گەۋدىلەندۇرۇلگەن. «ئىنساننىڭ ئۆز - ئۆزىنى ياتلاشتۇرغان مۇقەددەس ئوبرازلىرى»⑥ بىلەن بىللە، بۇ ئوبرازلاردىن شاپائەت تەلەپ قىلغۇچىلار ئوبرازلىرى بىر - بىرىنى تەقەززا قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە.

راھىبلار، بىكسۇ ۋە بىكسۇنىلەر (راھىبەلەر) بىلەن بۇددا ئىبادەتخانىلىرىغا ۋەخپىلەر ئاجراتقان، ئۆز چىقىمى ئارقىلىق بۇددا ئىبھرام ۋە بىھارلىرىنى تەمىر قىلدۇرغان، ئۇلارنىڭ چىقىمىنى تەمىنلەيدىغان، خاس سۇترىلارنى ئۆز چىقىمى بىلەن كۆپەيتكەن، بۇددىزمغا مۇخلىس بولغان نۇرغۇنلىغان كىشىلەر، ئالدى بىلەن خان، خانىكە، ئاقسۆڭەكلەر تاشكېمىرلەرگە ئۆز رەسىملىرىنى سىزدۇرۇش، ئۆز بېغىشلىمىلىرىنى قالدۇرۇشى

تەبىئىي ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئالەمدىن ئۆتكەن ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ نامىغا ساخاۋەت قىلغۇچىلارنىڭ ئوبرازلىرىمۇ، گۈل تۇتۇپ تۇرغان ھايات ساخاۋەتچىلەرنىڭ رەسىملىرىمۇ ئىپادىلەندى. قىزىل كېمىرلىرىگە، بولۇپمۇ 12 -، 42 -، 45 -، 48 -، 107 -، 129 -، 176 -، 227 - كېمىرلەرگە، قۇمتۇرانىڭ 15 -، 16 -، 75 - كېمىرلىرىگە، بېزەكلىكنىڭ 9 -، 28 -، 29 -، 40 - كېمىرلىرىگە سىزىلغان رەسىملەردە ساخاۋەتچىلەر ئىچىدە خان جەمەتىدىن تاكى يولۋاس تېرىسى يېپىنغان قەھرىمان (قىزىل 48 - كېمىر)، ئاتلىق ساخاۋەتچى (42 - كېمىر)، ھەتتا دىۋانە - تىلەمچىلەر ئوبرازلىرى ئىپادىلەنگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە قىزىل 69 - كېمىرگە سىزىلغان كۇسەن خانى ۋە خانىكىسىنىڭ رەسىمى، بېزەكلىككە سىزىلغان ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ خانلىرى ۋە خانىشلارنىڭ رەسىمى، دۇنخۇاڭ 98 - كېمىرگە سىزىلغان خوتەن خانىنىڭ رەسىمى بىلەن ھەرقايسى تاشكېمىرلەرگە سىزىلغان ھەربىي، سودىگەر، بىكسۇ - بىكسۇنى ۋە ھەرقايسى تەبىقىدىكى ساخاۋەتچىلەرنىڭ تەسۋىرىي رەسىملىرى تىپىكتۇر. بېزەكلىكتىكى بەزى جەسەت كۆلى كۆرۈنۈشلىرىدە ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە ئىسمى يېزىلغان شەخسلەر بەلكىم ئىلگىرى ساخاۋەت قىلىپ قۇربان بولغانلار ياكى تاشكېمىرلەردە ھەم ساخاۋەت، ھەم ئىبادەت بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزۈپ قازا قىلغانلار بولۇشى مۇمكىن.

قەدىمكى كۇسەندىن چىققان مەشھۇر بۇددا بىناكارلىق ۋە ھەيكەلتىراشلىق ئۇستىسى بۇددا چىڭا (佛图澄) جۇڭگو تارىخىدا تۇنجى بولۇپ (322 - يىلى) ئۆز خىراجىتى بىلەن تاش بۇددا ھەيكىلىنى تاراشلاپ ئورناتقانلىقى خاتىرىسى ئۈچۈن «بۇددىھا ياساش ئابىدىسى» (造佛碑) تىكلەنگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئېھرام تەمىر قىلغان (Haviraya)، ساخاۋەت كۆرسەتكەنلەرگە ئاتاپ «ئابىدە» تىكلەش ئادىتى خېلى كۆزگە

www.uyghurkitap.com

كۆرۈندى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شياۋمىڭدى (孝明帝) ۋاقتىدا (518 ــ 561)، ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىدىن ئۇنىڭغا مەرۋايىتتا بىر ـ بىرىگە زىچ چاپلاپ ياسالغان بۇددىھا ھەيكىلى سوۋغات قىلىنغان. سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى خۇفېيدى (后废帝) ۋاقتىدا دىڭلىن ئىبادەتخانىسى (定林寺) راھىبى فاشيەن (法显) پادىشاھقا كۇسەندىن ئالدۇرغان، ئالتۇن قاسىراقچىلىرىدىن كەپشەرلەپ ياسالغان بۇددىھا ھەيكىلىنى سوۋغات قىلغان. فاشيەننىڭ «بۇددا ئەللىرى خاتىرىسى» (佛国记) ناملىق كىتابىدا خاتىرىلىنىشىچە، خوتەن ئېلىدە قازا قىلغان مەشھۇر بۇددا راھىبلىرىنىڭ جەسەت كۆلىنى سېغىزلاي بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىگەن بۇددىھا ھەيكىلى بولغان. كۇچا قىزىل تاشكېمىرلىرىدىن 17 ـ كېمىرنىڭ تېمىغا بۇددىھا بەدىنىگە ئاساسىي بۇددىھا قائىدىسى بولغان ئۈچ ئالەم (خاھىش، تۈس، تۈسسىز 欲，色，无色)، ئالتە يول (六道) ۋە ئالەم مەنزىرىلىرى (景象) تەسۋىرلەنگەن تام رەسىمى سىزىلغان بولۇپ، بۇمۇ ئېھتىمال روشىنا (卢舍那) ــ ئاق نىيەتلىك بىكسۇلارنىڭ جەسەت كۆلى ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان لاي سۇۋاقا سىزىلغان بولۇشى ئېھتىمال. بۇلار بۇددىزمدا «خەيرىيەتلىك لاي بۇددىھا» (业泥像) دەپ ئەتىۋارلىناتتى. بىز تۇرپان يالقۇنتاغ (قىزىلتاغ) دىن «خان بۇخارىق ئىدىقۇت، قوچۇدىكى قىزىلغا قايتا ئېھرام ياساتتى» دېگەن خەت يېزىلغان ساخاۋەت ئابىدىسىنىڭ تېپىلغانلىقى بىلەن خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى 1928 ـ يىلى تۇيۇق جىلغىسىدىن: «ئىبادەتخانا ئىگىسىز ۋەيران بوپتۇ، بىز ئەن شېڭزېڭ (安姓僧) بىلەن تودوم سالى (土都木萨里)، ئۇنى رېمونت قىلىپ يېڭى ئىبادەتخانا قىلدۇق» دېگەن خەت يېزىلغان «تودوم سالىنىڭ ئىبادەتخانا سېلىش ئابىدىسى» (土都木萨里造寺碑)نى تاپقان.

بىر تەرەپتىن، مۇنداق ئىقتىسادىي ساخاۋەت بۇددىزمدا چوڭ ساۋاب (大课) ھېسابلانغانلىقى، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ساخاۋەتچىلەر (باقانلار) نىڭ كىيىنىشى، قىياپەت ـ چىرايى گەۋدىلەن-

دۆرۈلگەن ئىجتىمائىي پەرقى ئوخشاشلا رېئاللىقنىڭ، يەرلىك خەلق جانلىق هاياتىنىڭ مۇھىم ئىپادىلىرى سۈپىتىدە غايەت زور ئىلمىي، تارىخىي ۋە ئېتنولوگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇلارنىڭ قانداقتۇر يىراق ھىندىستان دىيارىنىڭ ساخاۋەتچىلىرى بولماستىن، يەرلىك بۇددىزم مۇخلىسلىرى ئىكەنلىكىنى مۇئەيyەنلەشتۈرۈش لازىم.

گابائىن خانىم «ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىدە تۇرمۇش» ناملىق كىتابىدا، تۇرپان دىيارىدىكى بۇت ۋە تام رەسىملىرىدە ئىپادىلەنگەن ئادەم قىياپىتى، كىيىنىش ئەھۋالى، چاچ - ساقال شەكلى، ھەرخىل زىبۇزىنەت ۋە ئۆي جاھازلىرى، كىشىلەرنىڭ ئولتۇرۇش - قوپۇش ئالاھىدىلىكلىرى، قاتناش ۋاستىلىرى، مىللىي تەركىبى، تەبىقە پەرقى، ئوردا - ساراي، باغ ۋە



73 - رەسىم. قىزىل 69 - كېمىردىكى «ياۋا بۇغا بېغىدا ھېكمەت سۆزلەش» ناملىق تام رەسىمنىڭ سول تەرىپىدە. پەسكە سىزىلغان ساخاۋەت قىلغۇاتقان كۇسەن خانى ۋە ئۇنىڭ خانىكىسىنىڭ رەسىمى. تام رەسىمنىڭ تۆۋەنگە كۇسەن يېزىقىدا ساخاۋەتچىنىڭ ئىسمى يېزىلغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تاشكېمىر بىناكارلىقى، ھەرىبي ئەسلىھەلىرى، سەنئەت ئېتنولوگىيىسى، يېزىق ۋە ياغاچ مەتبەئە مەدەنىيىتى، بۇددىزم ھەيكەل ۋە تام رەسىملىرىدە ئىپادىلەنگەن يەرلىك ۋە مىللىي قىياپەت قاتارلىقلار ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەپسىلىي ئىزاھات بېرىپ ئۆتكەن. بىز بۇ كىتابتىن ئوقۇپ پايدىلىنىشنى تەۋسىيە قىلىمىز.

ئىبادەتخانىلار ۋە ئۇ يەردىكى كەسپىي راھىبلارنىڭ دائىمىي تەمىراتىدا، بىر قىسىم راھىبلار ۋە بىكسۇلار بولۇپ، تەركىدۇنيا بولغان ئاقسۆڭەكلەرنى ھېسابلىمىغاندا، ساخاۋەتچىلەرنىڭ خەير - ئېھسانلىرى (Dana 布施) سالماقلىق ئورۇن تۇتاتتى. بۇنداق بولغاچقا تەقدىم قىلغۇچىلارنىڭ كىچىكلىتىلگەن رەسىمىنى سىزىش، ئۇ رەسىمنىڭ يېنىغا قايىنامىسىمان بېزەك سىزىپ، ئۇ-




74 ـ رەسىم. ھەرخىل كەسپتىكى ساخاۋەتچىلەر: A. بېزەكلىكتىكى ئۇيغۇر ئايال ساخاۋەتچى؛ B. بېزەكلىكتىكى ساخاۋەتچى ئوغلان؛ C. كۇسەندىكى قىلىچ ئاسقان كىشى؛ D. كۇسەندىكى ياش ساخاۋەتچى



75 - رەسىم. E. مۇراسىم كىيىمى كىيىپ
تېۋىنىۋاتقان ئايال

نىڭ ئىسمىنى يېزىش ئادى-
تىنى قوللانغان. بۇ ئىلگى-
رىكى «مەڭگۈ تاش» ۋە بال-
بال (سىنتاش) ئەنئەنىسى
بىلەن ئالاقىدار بولسا كې-
رەك. بەزى رەسىملەردە
ئىككى قولىنى يېڭىدىن
چىقارماي، ئۈستىدىكى بۇد-
دىھا ياكى بۇدساتۋا سۈپى-
سىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان
كۆرۈنۈش بېرىلگەن. بەزىدە
ئادەت ۋە ساۋاب تۇپەيلى ئانا
ساخاۋەتچىلەر گۈل تۇتقان
ئوغلى ياكى باللىرىنى
بىللە ئېلىپ كېلىپ پەر-
زەنتى نامىدا ساخاۋەت قىل-
غان. گابائىن خانىمىنىڭ
ئىزاھلىشىچە، ساخاۋەتچى-
لەرنىڭ رەڭگىرويى، كىيى-
نىشى كۆچلۈك مىللىي ۋە
يەرلىك ئالاھىدىلىكنى
گەۋدىلەندۈرگەن. بەلۋاغ، ئۆتۈك، چاچ پاسونى، نىمچە ۋە تونچە
كىيىملەر، ئەرلەر ئاسقان پىچاق - چاقماق قاپچۇقلىرى، ھەربىي
قوماندان ۋە قەھرىمانلارنىڭ خۇددى بالباللاردىكى ئوبرازلاردەك،
قولىغا مەي قاچىسى تۇتۇپ تۇرغانلىقى توغرىدىن - توغرا تۈر-
مۇش رېئاللىقىدىن ئېلىنغانىدى.


بىز مىلادىيە 9 - ئەسىردە ئىدىقۇتتا ياسالغان تەڭىسىمان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئويۇقۇقا ياغاچقا رەڭدار ئىشلەنگەن بىكسۇنى ئوبرازى بىلەن مىلادىيە 8 ـ ئەسىردە ئىدىقۇتتا ياغاچقا رەڭدار ئويۇلغان يېرىم يالىڭاچ نەيزىچى (سۇنگۇچى) ۋە كىچىك ئوغۇل ئوبرازىدىن يەرلىك خەلق تۇرمۇش رېئاللىقىنىڭ بىر قىسمىنى كۆرۈۋالالايمىز.

## 3. «بۇددىھا يارالمىش ھېكايىلىرى» بىلەن «بۇددىھا قىسمەتلىرى» دە گەۋدىلەنگەن تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى

شىنجاڭ تاشكېمىرلىرىگە سىزىلغان دىنىي مەزمۇندىكى رەسىملەردە رېئالىزم تېمىسى ۋاستىلىك ئىپادىلەنگەن. ئۇلاردا تولىراق ساكىيامۇنى سىرتقا چىققاندا دېھقانلارنىڭ قوش ھەيدەپ، كەتمەن چېپىپ جاپا چېكىۋاتقانلىقى ياكى ساكىيامۇنىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان ئاسمان مۇئەككەللىرىنىڭ تۇتقان قورال ـ لىرى ماھىيەتتە ئەينى زاماندىكى كۇسەن، قاراشەھەر، تۇرپان خانلىقلىرىنىڭ قەسىر ھاياتى ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ تۇرمۇشى «باقىي ئالەم»لەشتۈرۈپ ئىپادىلەنگەن. ساماۋى پادىشاھلار (دېۋاراجالار)نىڭ كىيىمىشى، قورال ـ لىرى، بولۇپمۇ سەككىز دۆلەت قوشۇنىنىڭ ساكىيامۇنىنىڭ جەسەت كۈلىنى تالىشىش ۋاقتىدىكى تۈغ ـ ئەلەملىك ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشلىرى پۈتۈنلەي ئەينى زامان ھەربىي كۈچلەر رېئاللىقىغا ئۇيغۇن بولغان ئاتلاردا ئولتۇرۇش ۋە ئاتقا لايىق چەۋاندازلىق شالۋۇرى (ئىشتىنى) كىيىشى، ئاتنىڭ يالى ۋە قۇيرۇقلىرىنىڭ قىرقىلىشى ياكى تۈگۈپ قويۇلۇشى، ئاتنىڭ دۈمبىسىدىكى قوش باشلىق نەقىش چۈشۈرۈلگەن ئېگەر، ئاتنىڭ ئۈستىدە ئالدى ۋە ئارقىسىغا ئوخشاش ئۇق ئاتىدىغان مەرگەن قاتارلىقلار يەرلىك ـ مەركىزىي ئاسىياچە «ئات مەدەنىيىتى»نى ئىپادىلىگەن. (قىزىلقاغا 11 ـ، 14 ـ) 30 ـ كېمىرلىرىدىكى سەككىز دۆلەت ئەسكەرلىرىنىڭ جەسەت كۈلى تالىشىش كۆرۈنۈشى، ئۇلارنىڭ



76 ـ رەسىم. يۇقىرى يېنىسەي قىياسىغا سىزىلغان ئۈچ بۇرج يالىلىق ئات (A) ۋە كۇچا تاش-
كېمىرىگە سىزىلغان ئۈچ بۇرج يالىلىق ئات (B) رەسىمى

قورال، ئۆتۈك، كىيىملىرى قەدىمكى كۈسەنلىكلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئوتانى كوزۇئى ئەپەندى جاۋخې 12 ـ يىلى (1937 ـ يىلى) ئېلان قىلغان ئىككى توملۇق «يېڭى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»نىڭ 1 ـ تومىدا، قاراغوجىدىن تېپىلغان ئىككى ئەسكەرنىڭ باش سۈرىتى بېرىلگەن. ئۇلار بېشىغا پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بۇرۇن ئۈستىگە ساڭگىلىغان بۇرۇندىقى بولغان دۇبۇلغا كىيىشكەنىدى. تاشكېمىرلەرگە سىزىلغان قايرىما ياقا، بەلۋاغلىق تون، ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك، قوشۇما قاش، قاڭشار بۇرۇن، ئىنچىكە بۇرۇت سىياقىنى بىز تۇرپاندىن تېپىلغان «ئاتچى» دەپ نام بېرىلگەن بۇ ياغاچ قورچاق ھەيكەلدىن ئوچۇق كۆرۈۋالالايمىز. بۇ بۇددا تاشكېمىرلىرىدىكى سەنئەتنىڭ ئېتنولوگىيىلىك ئاساسلىرىنى چۈشىنىشكە مەنپەئەتلىك مۇھىم ئەۋرىشكە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇددىزىم سەنئىتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن تاشكېمىرلەرگە سىزىلغان، ساكيامۇنى تەرىپىدىن «قوشقا قېتىلغان ھايۋانلارمۇ ئازاب چېكمەۋاتىدۇ» دەپ قارالغان بۇ تام رەسىمى (قىزىل 175 ـ كېمىرنىڭ ئوڭ تېمىدىكى)، يەنى يەرلىك ئۆي ـ ئۆكۈز بىلەن

www.uyghurkitap.com



77 ـ رەسىم. قوش ھەيدەۋاتقان دېھقان

يەرگە ساپان سېلىۋاتقان دېھقانلار كۆرۈنۈشىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. بۇ ساماۋى رەسىم تۇرپان ئاستانىدىن تېپىلغان ئات، تۆگە، ئات ھارۋىسى تام رەسىملىرى ۋە كالىنى سۆرەمگە سالغان تام رەسىمى بىلەن ئوخشاش رېئاللىقتىن ئېلىنغان ۋە رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇنداق خاسلىق ساماۋى ئەپسانىگە ئەمەس، رېئال تېرىقچىلىق تۇرمۇشىغا تەئەللۇقتۇر.

شۇنى تىلغا ئېلىش جەھەتكى، غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىگە سىزىلغان ئۇسسۇللۇق قىياپەتلەرنىڭ ھىندىستانچە «Z» شەكلىدىن پەرقلىق «S» شەكلىدە ئەۋرىشىملىكى، چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ ئەينى زامان يەرلىك چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن ئىكەنلىكى بۇددا سەنئىتى چەمبىرىدە مۇقەررەر ئەكس ئەتكەن غەربىي يۇرت ماكان، زامان ۋە مىللىي مەدەنىيەت رېئاللىقى ئىكەنلىكى شۈبھىسىز. قايرىما ياقىلىق ۋە گۈل ئېتەكلىك كىيىملەر، ھەر خىل كۆپتۈرۈلگەن، تۈگۈنچەكلەنگەن، شاخلاندۇرۇلغان چاچ پاسونلىرى، كىيىم ـ كېچەك ۋە زىبۇزىننەتتىكى يۇقىرى سەۋىيىلىك




78 - رەسىم. يۇڭ يىپ ئېگىرگۈچى ئوبرازى

مانىردىزم (ياسىداقلىق) ئالامەتلىرى ھەرگىزمۇ ھىندىستان بۇددىزمىنىڭ كۆچۈرۈلمىسى ياكى رەسسامنىڭ دەرمەھەللىك ئىلھامى نەتىجىسى بولماستىن، ئەجدادلىرىمىز تۇرمۇش مەدەنىيىتىنىڭ يىراق زامان قاتلىمىدىكى رېئال كارتىنىسىدىن ئىبارەت بولغان. روشەنكى، بىر خىل چاچ، كىيىم - كېچەك ۋە زىبۇزىنىنەت شەكلىنى ئىختىرا قىلىش بۈگۈنكى كۈندە مودا ئىنژېنېرلىرى ئۈچۈنمۇ جاپالىق ئىزدىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ بىزگە ئەينى زامان رەسساملىرىنىڭ بۇ مەسىلىنى رېئاللىقتىن ئېلىپ ھەل قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

## 4. يىپەك يولى ئالاقىلىرى ۋە يىپەك يولى ئوتتۇرا بەلۋېغى مەدەنىيىتى — رېئالىزمنىڭ بۇددا سەنئىتىدىكى ئىپادىلىنىشى

غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرى يەرلىك يايلاق ۋە بوستانلىق مەدەنىيەتلىرى ۋە شىمال - جەنۇب مەدەنىيەتلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا، ھىندىستان بۇددىزمى ۋە ھىندىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەرق - غەرب يىپەك يولى مەدەنىيەت ئالاقىلىرىدىن مول ئوزۇق ئېلىش جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن كۆپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



79 ـ رەسىم. مىللىي پاسوندىكى ياشىنىڭ ئوبرازى

قاتلاملىق، سىنكرېتىك سەمەردىن ئىبارەت. بۇنداق مەدەنىيەت ئالدى بىلەن ئىبادەتخانىلارغا ئەمەس، باقىي ئالەم پانتېئونىغا (万神殿) ئەمەس، رېئال دۇنياغا، پانىي ئالەم تۇرمۇشىنىڭ پاۋلىئونلىرىغا كىرىپ كەلدى ۋە ئۆزئارا تەسىر ئالماشتۇرۇشتى. ئۇ ئەكس قايتقان نۇر شەكلىدە، يەرلىك ۋە مىللىي تۇرمۇش ئوچاقلىرىنىڭ تاۋلىنىپ، ئىللوزىيىلىك تۇستە ئاندىن دىنىي ئىبادەت ئورۇنلىرىغا قەدەم قويدى. ھېچقاچان، ھېچقانداق بىر مەدەنىيەت، جۈملىدىن دىنىي ئىدېئولوگىيە يەرلىك ھاكىمىيەت، يەرلىك تۇرمۇش، پۈتكۈل ئىقتىسادىي بازىسىنى بىر يانغا تاشلاپ قويۇپ، توغرىدىن ـ توغرا دىنىي ئىبادەتخانىنىڭ ياكى سەنئەت سالونىنىڭ (沙龙) مۇنبىرىدىن ئورۇن ئالغان ئەمەس. بۇ نۇقتىدا ئاۋرېل ستەيننىڭ «غەربىي يۇرتتىكى ئارخېئولوگىيە خاتىرىلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ 190 ـ بېتىدىكى: «تارىم ۋادىسىدىكى مەدەنىيەتتە بىچارە مىللەت، پەقەت بۇددىزم مەدەنىيىتى ئارقىلىقلا قەددىنى ئوڭشىۋالالىدى» دېگەن سۆزى تولىمۇ بىمەنە، ئىنگلىزملىق مۇھاكىمىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

بىز ئىزچىل يوسۇندا خۇددى شۆەنزاڭ ئېيتقاندەك، بۇددا ئېھراملىرى بىلەن شەھەر قەسىرلىرىنىڭ سەنئەت جەھەتتە بېزەلدۈرۈلگەنلىكى كۆسەن، ئۇدۇن قاتارلىق جايلارنىڭ مەدەنىي ھاياتىنىڭ مۇھىم ئالامىتى ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. قەدىمكى كۆسەندىكى ئال، شوركەنت ۋە ئالبادىن ئىبارەت ئۈچ ئىبادەتخانىدا كۆكئارت (پامىر) نىڭ غەربىدىكى خان جەمەتى ئوغۇل ـ قىزلىرىدىن 160 تىن ئارتۇق بىكسۇ (تالىپ)، بىكسۇنى (تالىبە) بولۇپ ئوقۇشقا كەلگەنلىكى، ئىچكى ئۆلكىلەردىن بۇددا سۇترىلىرىنى ئالغىلى كەلگەن مەشھۇر راھىبلارنىڭ ھىندىستانغا بارمايلا كۆسەن، خوتەنلەردىن قايتقىنىنى، ھەتتا ھىندىستانغا بارغان شۆەنزاڭ قاتارلىق ئاتاقلىق راھىبلارنىڭ ئۇ يەردە بۇددىزمنىڭ چۈشكۈنلەشكەنلىكىدىن ئۇچۇر بەرگەنلىكى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەينى زاماندىكى شىنجاڭ شەرق ـ غەرب

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئاددىيلا ئۆتكىلى ئەمەس، بەلكى ئۇچرىشىدىغان سەھنىسىگە ئايلانغانلىقى بىلەن بىر خىل مەدەنىيەتنىڭ غەربكە ياكى شەرققە يۈرىدىغان ھەممە ئۆتكەللىرىدىن كۆپ تارىخىي ئەۋزەللىككە ئىگە بولغانىدى.

شۇنى تەكىتلەش ھاجەتكى، رىئال تۇرمۇشتىكى بىناكارلىق ۋە تام رەسىملىرى نوقۇل بۇددىزم ئىپادىلىرى بىلەن چەكلەنگەن ئەمەس، ئەلۋەتتە. رىئال تۇرمۇش، يىپەك يولى كارۋان سودىسى، خەلقنىڭ ھەر خىل گۈزەل ئەپسانە - رىۋايەتلىرى كۆرۈنۈشلىرى، قەھرىمانلىق لېگىندىللىرى، گۈزەل تەبىئەت مەنزىرىلىرى ئىزچىل يوسۇندا ھەممە يەردە، ھەرقاچان تەسۋىرىي سەنئەتنىڭ ئاساسى ۋە دائىمىي تېمىسى بولغان. بىز بۇ ئەھۋالنى ھىندىستاندىمۇ، كوشان خانلىقى يادىكارلىقلىرىدىمۇ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددىزم تەسىر كۆرسەتكەن رايونلاردىمۇ، جۇملىدىن جۇڭگودا، ياپونىيىدە ۋە جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىدە ئۇچرىتىمىز. دەندان ئۆيلۈكتىن تېپىلغان رەسىمدە قولىغا يىپەك يولىدىكى دوستلۇق شارابىنى ئېلىپ يىراقتا سەپەرگە چىققان ۋە كىيىنىشى ئوخشىمايدىغان ئاتلىق ۋە تۆگىلىك ئىككى كىشى سىمۋوللاشتۇرۇلغان. ئاقىل رەسسام ئات ۋە تۆگىگە مال قاچىلانغان تۇگۈن ياكى ساندۇقلارنى ئەمەس، بەلكى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان ئىككى مەي قاچىسىنى ئەپچىل ئورۇنلاشتۇرۇپ، نەچچە مىڭ يىللىق خەلقئارا ماددىي مۇناسىۋەتنىڭ مەنىۋى ماھىيىتىنى ئېچىپ بەرگەن. 120 - رەسىمدىكى ھالەت خۇددى «سۇي سۇلالىسى ئومۇم نەزمىلەر توپلىمى» دىكى «خوتەندە گۈل سەيلىسى» دېگەن بىر كۇپلېت شېئىردىكى تەسۋىرگە ئوخشاپ كېتىدۇ، ئۇ مۇنداق ئىدى:

«قانچە پەرقلىق بولسىمۇ تاغ ۋە دىيار،
چۆپ - دەرەخلەر تەڭ سىزەر كەلسە باھار.


شەرق ۋە غەربتە تۇرسىمۇ يۇرتلار، بىراق،
كېلىدۇ گۇل سەيلىسىگە سەيلىكار.»

مۇنداق سودا ئالاقىلىرىنى ئالتاي تاغلىرى بازىرىق 5 ـ نومۇرلۇق قەدىمكى قەبرىگاھلىقتىن چىققان، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 5 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ دەپ ھۆكۈم قىلىنغان، رەڭدار قوي يۇڭى بىلەن توقۇلغان چايشاپتىكى قاتار ـ قاتار قاتناۋاتقان ئاتلىقلار بىلەن قاتار ـ قاتار دالا كەزگەن بۇغا ـ مارالالارنىڭ رەسىمىدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. ئاتلىرىنىڭ قۇيرۇقىنى تۈگۈۋالىدىغان ۋە گىلەم ـ چايشاپ ياپقان توقۇم ـ ئېگەر ئۈستىگە مىنگەن ئاتلىقلار قەدىمكى بۇغا ـ مارال قاتنايدىغان ۋە ھەممە ياقتا يېيىلغان بۇ قەدىمكى يولدا «ئات مەدەنىيىتى» تىزمىسىنى ھاسىل قىلغان. گابائىن خانىم «ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىدە تۇرمۇش» ناملىق كىتابىنىڭ (خەنزۇچە نەشرى) 27 ـ بېتىدە: «ئات قۇيرۇقىنى چەرمەنمەك» (تۈگۈنچەكلەش 马尾巴的结 ) دېگەن ماۋزۇنى قويغان، شۇ كىتابنىڭ 210 ـ بېتىگە تۇرپان بېزەكلىكتىكى بۇددا تاشكېمىرلىرىگە سىزىلغان ساكيامونى مىنگەن ئاتنىڭ («كانتىھاكا» ناملىق ئات) قۇيرۇقى تۈگۈنچەكلەنگەنلىكىنى، ئاۋرېل ستەيننىڭ «قەدىمكى خوتەن» ناملىق كىتابىغا بېرىلگەن، دەندان ئۆيلۈكتىن تېپىلغان ئات رەسىمىدىمۇ بۇ چىپار ئاتنىڭ قۇيرۇقى تۈگۈنچەكلەپ چىگىلگەن. ئۇ شۇ كىتابىدا يەنە يىراقتىن كەلگەن ساخاۋەتچىنىڭ چۆكتۈرۈلگەن تۆگىسىنىڭ رەسىمىنى بەرگەن. بۇنىڭدىن باشقا تۇرپان ئاستانىدىكى قەدىمكى قەبرىدىن تېپىلغان ئالدىغا ـ ئارقىغا ئوخشاش ئوقيا ئاتىدىغان مەرگەننىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن توقۇلمىدىكى چېپىپ كېتىۋاتقان ئاتنىڭمۇ قۇيرۇقى تۈگۈنچەكلەپ چېگىلگەنىدى.

بىز يۇتكۇل يىپەك يولى ئالاقىلىرىدە دوستانىلىكنى «مەي كاساسى» ئارقىلىق ئىپادىلەشتىن تاشقىرى، يەنە بىر گورۇپپا

مۇزىكىچىلارنىڭ تۆگىگە مىنىپ، يىراققا بېقىپ، بالىمان، بەربابلىرىنى چېلىشىپ سەپەرگە چىققانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ھەيكەلدىن كۆرۈۋالالايمىز. شىمالىي چى (北齐) دەۋرىگە مەنسۇپ ئەنياڭدىن تېپىلغان ياپىلاق كومزەككە نېلۇپەر سۈپىدا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان بىر ئەركەكنىڭ ئوڭ قولىنى ئېگىز، سول قولىنى پەس قىلىپ، بېشىنى ئارقىسىغا سىڭايان قىلىپ تۇرغان كۆرۈنۈشى بىلەن بالىمان، بەرباب، جەللا (مىس چالغۇ) ۋە چاۋاك چېلىپ تەڭكەش قىلىۋاتقان تۆت سازەندىنىڭ قايناق كۆرۈنۈشى چۈشۈرۈلگەن. ئۇلار بەللىرىنى پوتىدا باغلىغان، تون كىيگەن غەربىي يۇرت سەنئەتچىلىرى ئىدى. ئۇلارنى ئاۋرېل ستەيىننىڭ سۆزى بويىچە، «مەدەنىيەتتە بىچارە مىللەت»، شاڭ دا ئەپەندىنىڭ سۆزى بويىچە «ھىندىستان مەدەنىيىتىنىڭ ئېشىندىلىرى» بىلەن تەمىنلەنگەن «ئۆزىدە ئەسلىي مەدەنىيەت بولمىغان خەلق» دېگىلى بولماس.

بىز گابائىن خانىمىنىڭ يۇقىرىقى «ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىدە تۇرمۇش» ناملىق كىتابىدىن خارادا (原田) ئەپەندى 1969 ـ يىللىق «ئارخېئولوگىيە» ژۇرنىلىنىڭ 17 ـ توپلام 15 ـ بېتىدە ئېلان قىلغان قاراشەھەردىكى شورچۇقتىن تېپىلغان مەي ئىدىشلىرى رەسىمى بىلەن تونۇشتۇق. رەسىمدە 11 دانە قورساقلىق جام، يەتتە دانە ئالتە قىرلىق ئىستاكان (ئاياغ)، ئىككى دانە مەي قۇمىرى (ئىۋرىق) سىزىلغان. ئىۋرىقلارنىڭ بېشىغا ئەنقا (بەخت) قۇشى بىلەن مارال بېشىنىڭ نۇسخىسى ئويۇلغان، ئۈستىگە گۈل ۋە پۆپۈك قادالغان. ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇ ئىۋرىقلاردا ئەر ـ ئاياللار ئۈچۈن ئايرىم ـ ئايرىم مەي قاچىلىنىدىغان بولۇشى مۇمكىن. «قەدىمكى بۇددا مۇقەددەس دەرگاھى» ناملىق كىتابىنىڭ «ئىدىقۇت شەھىرى» قىسمىدا قاراشەھەر شىكشىن ـ شورچۇقتىن تېپىلغان ۋە لېنىنگراد ئىرمىتاژدا ساقلانغان بىر مەي ئىۋرىقىنىڭ رەسىمى بېرىلگەن.



80 ـ رەسىم. بېزەكلىكتە سىزىلغان
رەسىمدىكى ئات قۇيرۇقى

ئۇستىگە بۇددىھا ۋە قۇياش سىزىلغان بۇ ئىۋرىققا يەنە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى يېزىلغان (69 ـ رەسىمگە قارالسۇن).

بۇ ئىۋرىق ۋە ئاياش (ساغراق) ـ رۇمكىلار بىزگە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا مىسال كەلتۈرگەن قەدىمكى مەي قوشىقىنى ئەسلىتىدۇ:

«كۆكلەر قامۇغ تۇزۇلدى،
ئىۋرىق ـ ئىدىش تىزىلدى.
سانسىز ئۇزۇم ئۈزۈلدى،
كەلگىل ئامۇل ئوينالىم.
ئىۋرىق باشى قازلايۇ،
ساغراق تولۇ كۆزلەيۇ.
ساقىنچ كۆزى كىرلەيۇ،
تۈن ـ كۈن بىللە سەۋنەلىم.»


روشەنكى، بىز قەدىمكى نىيە خارابىلىرىدىن ئۈزۈم تەكلىرىنىڭ ئىزلىرىنى كۆرۈپلا قالماستىن، يەنە تۇرپان تۇيۇق 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ تۇتاشما كېمىرلىرىگە سىزىلغان كۆپلىگەن ئۈزۈم تاللىرىنىڭ رەسىملىرىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ جەھەتتە تاڭ تەيزۇڭنىڭ چۇر ۋېنتاي باشچىلىقىدىكى قوچۇ خانلىقىنى تىنچىتىپ، چاڭئەنگە سايۋا ئۈزۈم ئەكەلدۈرگەنلىكى، ئۈزۈم هارىقىنى پارلاندۇرۇپ ئىشلەش تېخنىكىسىنى كىرگۈزگەنلىكىنى تىلغا ئېلىش كۇپايە. مۇشۇ رېئاللىق تاشكېمىر سەنئىتىدە ئىپادىلەنمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. مەسىلە ئۇنىڭ بىۋاستە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

ياكى ئىلاھىي شەكىلدە ئىپادىلەنگەنلىكىدىلا خالاس.

غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ ئۇلى يەنىلا رېئاللىقتىن ئىبارەت. مەيلى ئۇ قوللانغان بىناكارلىق، رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق ماددىي ماتېرىياللىرى ياكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئۇسلۇبى بولسۇن، مەيلى تارىخىي ئۆزگىرىشلەرگە ئەگىشىپ، ئۆزىنىڭ تەسۋىرىي تېمىسىنى ئۆزگەرتىشى بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى رېئال مەۋجۇدىيەتتىن، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن ئايرىلىپ ھەل قىلىنغان ئەمەس. ف. ئېنگېلس «لىيۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە نېمىس كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دېگەنىدى: «دىن شەكىللەنگەندىن باشلاپلا ئەنئەنىۋى ماتېرىياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ»، «تارىختىكى ئۇلۇغ ئۆزگىرىشلەرگە دىنىي ئۆزگىرىشلەر ھەمراھ بولۇپ كەلگەن. ھازىرغىچە مەۋجۇت دۇنياۋى ئۈچ دىن ــ بۇددىزم، خرىستىئانىزم ۋە ئىسلام دىنىدا ئەھۋالمۇ خۇددى شۇنداق.»⑦

بىز غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدىكى سەنئەت تېمىسى ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا، بۇ رېئالىزمنىڭ باقىي ئالەم شەكلىدىكى ئىپادىلىرى يەنىلا كۈچلۈك رېئاللىق سالاھىيىتىنى گەۋدىلەندۈرگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ يەرلىك مىللىي ئالاھىدىلىكىنى كۆرىمىز. تەكىتلەش لازىمكى، غەربىي يۇرت ھېچقاچان قۇرۇق «كارىدور»، نوقۇل «قانال» بولمىغان! ئۇ، بۇددىزمدىن سۈترىچىلىق، سۈترا تەرجىمىشۇناسلىقى، بىناكارلىق، ھەيكەلتىراشلىق، رەسساملىق جەھەتلەردە بىر پۈتۈن غەيرىي ھىندىستان تىپىگە ــ غەربىي يۇرت تىپىگە ئايلاندۇرغان. بىز بۇ يەردىن ھىندىستان، ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك ۋە يىراق شەرقتىن پەرقلەنگەن «غەربىي يۇرت بۇددىزمى» نى كۆرىمىز. بۇ نۇقتىغا دىققەت مەركىزىدە تۇرغۇزۇلۇشى لازىم.




81 ـ رەسىم.

ئىزاھلار:

① ك. ماركس: «گېگىل ھوقۇق پەلسەپىسى تەنقىدىگە مۇقەددىمە»، خەنزۇچە نەشرى، ( «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 1 ـ توم، 432 ـ بەت).

② ③ «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 19 ـ توم، 334 ـ بەت.

④ يۇقىرىقى كىتاب، خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ توم، 647 ـ بەت.

⑤ ⑥ يۇقىرىقى كىتاب، خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ توم، 453 ـ بەت.

⑦ «ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 4 ـ توم، 273 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## سەككىزىنچى باب

# غەربىي يۇرت تاشكىمىرلىرىدە سەنئەت تېماتىكىسى

بۇ بابنى بىرقانچە مەخسۇس تېمىلار بويىچە بايان قىلىمىز.

### 1. بۇددا تاشكىمىرلىرىدە سەنئەت تېماتىكا چۈشەنچىسى

بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنىڭ ئالاھىدە شەكلى بولغان تاشكىمىرلەر بۇددىزم تەرغىباتى ئېھتىياجى بىلەن، ھۆكۈمران سىنىپلار ۋە ھاللىق تەبىقىلەر تەمىنلىگەن ساخاۋەت راسخوتى ئاساسىدا بىنا قىلىنغانلىقى ئېنىق. ئۇ ئەينى زامان ئىدېئولوگىيىسى مۇھىتىدا دىنىي ئىستىقامەتگاھ سۈپىتىدە تونۇلغان. ئەمما، بۇ تاشكىمىرلەرنىڭ قېزىلىش جەھەتتىكى بىناكارلىقى، ئۇنىڭغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھەيكەل ۋە تام رەسىملىرى ئومۇمەن گۈزەللىك قانۇنىيىتى بويىچە، خۇسۇسەن بىناكارلىق سەنئىتى، ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى، رەسساملىق سەنئىتى كەسپىي تەلەپلىرى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنغان. ئۇ بۇددىزم مەزمۇنلىرىنى، يەرلىك مىللىي تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنى، سەنئەتچىلەرنىڭ ئېستېتىك غايىسى ۋە سەنئەت ئېڭى ئۆزىدە ئەكس ئەتمەي قالمىغان. بۇ غەربىي يۇرت تاشكىمىرلىرىگە قوش خاراكتېر ئېلىپ كەلگەن. ئۇنىڭ بىرى، ھەيۋەتلىك، دەبدەبىلىك، مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن دىنىي تەرغىبات نۇر چەمبىرەكلىرى، نېلۇپەر سۇپىلىرى ۋە مۇھىم ھېكمەت تەۋسىيىلىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن بۇددىزم تېماتىكىسى. بۇ ئىنسانىنى ئۆز - ئۆزىنى ئۇنتۇپ، ئىلاھىي دەرگاھقا پۈتۈنلەي

قۇربان بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ ئۇنىڭ يەنە بىرى، گۈزەل، جانلىق، ماھارەتلىك، كونكرېت ئوبرازلىق رەڭگارەڭ سەنئەت. بۇ ئىنسانىنى ئۆز - ئۆزىنى تېپىۋېلىشقا، ئىلاھىيەت خاراكتېرىدىن ئىنسانىي خاراكتېرنى، ئىلاھىيەت ئۇلۇغلۇقىدىن ئىنسانىي ئۇلۇغلۇقنى، ئىلاھىيەت گۈزەللىكىدىن ئىنسانىي گۈزەللىكنى بايقاپ بىلىشكە ئىلھام بېرىدۇ. بۇ قوش خاراكتېر نوقۇل غەربىي يۇرت سەنئەت ئۇستىلىرىنىڭ ئىرادىسى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە مەيدانغا كەلگەن بولماستىن، تاكى ھازىرغىچە تۇنجى رەسىم دەپ تونۇلغان، فرانسىيىنىڭ ئالتامىرا غارىدىكى كونا تاش قورال-لار دەۋرىگە مەنسۇپ كالىلار رەسىملىرىدىن باشلاپ سەنئەتنىڭ ناھايىتى ئۇزاق تارىخى دىنىي ئاڭ بىلەن بىللە پەيدا بولغان ۋە راۋاجلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ بىر قانۇنىيەتلىك ھادىسە سۈپىتىدە غەربىي يۇرت سەنئەتكارلىرىغا ئىلھام ۋە قۇدرەت بېغىشلىغان.

دىن بىلەن سەنئەتنىڭ مۇجەسسەملەشكەن دەۋرىدە دىن مۇھىم مەزمۇن بولۇش بىلەن بىللە ھاياتىي كۈچى ھەر ھالدا قىسقا بولغان مەزمۇن ئىدى. سەنئەت بولسا بۇنىڭ ئەكسىچە، ھاياتىي كۈچى تولۇق ۋە ئەبەدىيلىك مەدەنىيەت بولۇپ مەيدانغا چىققان. تارىخنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن بۇگۈنكى كۈندە قەدىمكى تاشكېمىرلەردىكى بۇددىزمنى مەزمۇن قىلغان سەنئەت شەكلى ۋە ۋاستە ھېسابلانغان بۇ مۇناسىۋەت ئۆزگەردى، سەنئەت بۇددىزم ئىسكەنجىسى بىلەن ئىلاھىيەت يېپىنچىسىدىن ئايرىلىپ، ئۆز - ئۆزىنى جۇلالاندۇرۇشقا مۇمكىنلىك تۇغۇلدى. مانا بۇ «ئازاد قىلىنغان پرومېتى»[1] دەل بۇددا تاشكېمىرلىرىدىكى سەنئەت تېماتىكىسىدىن ئىبارەت.

بۇددىزم تاشكېمىرلىرىدە باشتىلا دىنىي مەزمۇنلار بىلەن سەنئەت ۋاستىلىرى ئارىسىدا زىددىيەت ساقلانغانىدى. بۇ خىل زىددىيەت مۇنداق ئۈچ جەھەتتە ئىپادىلەندى:

بىرىنچىدىن، بۇددىزمنىڭ ئابستراكت مەزمۇنلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئوبرازلىق ئىپادىلەشنىڭ ئۆزى بىر زىددىيەت ئىدى. بىر تەرەپتىن كەڭ ئاۋامغا بۇددىزم تەرغىباتى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن يالغۇز براخمى سۈترىلىرىلا كۇپايە قىلمايتتى. ساۋاتسىز ۋە كۆپ مىللەتلىك ئاھالە ئارىسىدا تەسۋىرىي ئوبرازلار بىلەن بۇددىزم تەرغىباتىنى ئېلىپ بېرىش پايدا بېرەتتى. ئەمما، مۇقەددەس ئوبرازلارنى سىزىشتا يەنىلا پانىي (رېئال) ئۈلگىلەردىن باشقا ئۆرنەك يوق ئىدى. ساكيامونى دەسلەپ پىل، نېلۇپەر، چاكىرا چاقى شەكلىدە سىزىلغان بولسا كېيىنچە، بولۇپمۇ كانىشكا دەۋرىدىن باشلاپ ئادەم سىياقىدا ئوبرازلاندۇرۇلدى.

ئىككىنچىدىن، بۇددىزمنىڭ دىيانا — ئىستىقامەتچىلىكى ھەرقايسى بېكىسۇ، بېكسۇنى، راھىبلارنىڭ يەككە (تەنھا) تەركىدۇنياچىلىقىنى، ئۆز نەپسى - خاھىشلىرىنى چەكلەشتە كامالەتكە يېتىشنى تەلەپ قىلاتتى. دىيانا ئىستىقامەتچىلىكى ئۆز - ئۆزىنى تەربىيىلەش ھىنايانا بۇددىزمىنىڭ ئاساسىي شەرتى ھېسابلىناتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالتە سەزگۈ — ئالتە ئوغرى دېيىلىپ، ئۇنى تىزگىنلەش تەلەپ قىلىندى. ساكيامونىنىڭ بىر پۈتىدا يالىڭاچ گۈزەل بىر قىزنى دەسسەپ تۇرۇپ ھېكمەت سۆزلىشى، ئوردا گۈزەللىرى يالىڭاچ ئۇخلاۋاتقاندا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ، جامائەتكە ھېكمەت سۆزلىشى، ساكيامونىنى ئازدۇرماقچى بولغان يالىڭاچ ۋە گۈزەل ئالۋاستى قىزلارنى 100 ياشتىن ئاشقان بەتبەشىرە مومايغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشى بۇ جەھەتتىكى ئەمەلىي - ئەخلاقىي دىيانا ئۈلگىسى ھېسابلىناتتى. بۇنداق گۈزەل قىزلارنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئالدانماسلىق ئۈلگىلىرى رەسىم ئارقىلىق ئوبرازلاشتۇرۇلۇپ، ئىبادەت - ئىستىقامەت كېمىرلىرىگە سىزىلدى. بۇنداق رەسىملەر قانچە گۈزەل بولسا ۋە ئۇنىڭدىن ئۆز - ئۆزىنى قاچۇرۇش قانچە كۈچلۈك بولسا شۇنچە ياخشى بولغان بولاتتى.

ئۈچىنچىدىن، بۇددىزم گەرچە ھىندىستاندا پەيدا بولغان بولسىمۇ، ئۇ خەلقئارالىششىقا قاراپ يۈزلەندى. ئۇنى قوبۇل

قىلغان غەيرىي ھىندىستان ئاھالىلىرى بۇددىزم ئوبرازلىرىنى گەرچە دەسلەپتە بىر قەدەر ئەينەن، تەقلىدىي قوبۇل قىلغان بولسا، ئەمما ئۇنى يەنىلا كەڭ ئاۋام ياخشى كۆرىدىغان قىياپەت، كىيىنىش، مۇھىت ۋە ھەرىكەت بىلەن گەۋدىلەندۇردى. نەتىجىدە ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە، ھەرقايسى رايونلاردا، ھەرقايسى خەلقلەر ئۆز قىياپىتى، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجى تەقەززالىرى، ئۆز ئېستېتىك قاراشلىرى بويىچە بۇددىزم سەنئىتىنى ئۆزگەرتىپ چىقىشتى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە كۆڭزىچىلىق ۋە تەرىقەتچىلىك قاراشلىرىنىڭ تەسىرىدە يالىڭاچ كۆرۈنۈشلەر، ئاسمان مۇئەككەللىرى كىيىندۈرۈلدى ياكى كۆپلەپ سىزىلمىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە كۇسەندە بۇنداق ئوبرازلار تېخىمۇ يالىڭاچ ۋە تېخىمۇ ئەۋرىشىم قىلىنىپ كۆپلەپ سىزىلدى. بۇ بىر تەرەپتىن، يەرلىك ـ مىللىي فولكلور (民俗) ئامىلىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ يەرلىك ھىنايانا ئۇستازلىرىنىڭ «ئەخلاقىي بۇزۇلۇشقا قارشى»، «ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشنى چىڭىتىش» ئىنتىلىشلىرىنى ئىپادىلىدى. مېنىڭچە، ئەينى زاماندا تۇرپانغا كېلىپ تەربىيىلەنگەن دىيانا راھىبلىرى مەسىلەن، فاخۇي(法惠 ) بەلكى بۇ جەھەتتە خاس چېنىقىشنى بىر مۇددەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئېيتىش كېرەككى، بۇددىزم ھىندىستاندىلا يەرلىك باشقا مىللەت ۋە رايونلارنىڭ خەلق ھېكايىلىرى، دىنىي ئېتىقادى ۋە ئەپسانىلىرىدىكى بىر قاتار پېرسوناژلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. ئۇ چەت ئەللەرگە كەڭ تارقالغانسېرى مۇنداق مەزمۇنلار كۆپەيدى. ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ھەتتا ئاتەشپەرەسلىك، مانى دىنى ئىلاھلىرى بىلەن بۇددا مۇئەككەللىرىنى ئارىلاشتۇردى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە تەرىقەتچىلىك ۋە كۆڭزىچىلىقنى بۇددىھا ئوبرازىغا قېتىشتۇرۇلغان ئەھۋاللار كۆرۈلدى.

يۇقىرىدىكىلەر «قارىمۇقارشى نەرسىلەرلا بىر پۈتۈن بولالايدۇ» (相反相成) دېگەن دىئالېكتىكىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەبىئەت دۇنياسىدىمۇ «چۆللىشىش ھادىسى» غايەت زور «ھۆللۈك ھادىسىسى» بىلەن قوشماق زەنجىر ھاسىل قىلغان بولىدۇ. بۇ دىئالېكتىكىلىق تەپەككۇر ئۇچۇن چۈشىنىشلىك، ئىنتايىن تەبىئىي ۋە ئىنتايىن نورمال ھادىسە.

غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرى گەرچە بىناكارلىق سەنئىتى، ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى ۋە رەسساملىق سەنئىتىنى مۇجەسسەملەشتۇرگەن چوڭ تىپتىكى، تارىخى ئۇزۇن، تەسىرى كۈچلۈك سەنئەت مۇزىيى بولسىمۇ، ئۇنىڭدا رەسساملىق سەنئىتىنىڭ تۇتقان ئورنى ناھايىتى زور بولغان.

شۇنى ئېنىقلاش ھاجەتكى، مەن ھەرگىزمۇ ھازىرقى شىنجاڭ تاشكېمىرلىرىدە پەقەت بىر - ئىككى بۇددا ھەيكىلى ساقلىنىپ قالغانلىقى، ناھايىتى نۇرغۇن بۇددىھا ۋە بۇدساتۋا ھەيكەللىرىنىڭ قوم ئاستىدا قالغانلىقى، بۇزۇلغانلىقى، ئوغرىلىنىپ كېتىلگەنلىكى ئۈچۈن، بۈگۈنكى كۈندە ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى، دېمەكچى ئەمەسمەن. شىنجاڭ بۇددىزىم سەنئىتى ناھايىتى نۇرغۇن ئۆرە ھالەتتىكى بۇددا ھەيكەللىرى، ئويۇقلارغا قويۇلىدىغان ئولتۇرغان ھالەتتىكى بۇددا ھەيكەللىرى، قاپارتمىلىق ھەيكەللەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىز يالغۇز تاشكېمىرلەردىكى نېلۇپەر سۇپىلار، گۈللۈك ئويۇقلار، گەجخا نەقىش رامكىلىرىدىن كۆرۈپلا قالماستىن، يەنە كۆپلىگەن بەھەيۋەت ئېگىز، يۇزلەپ بۇددا ئويۇقلىرىغا ئىگە بۇددا مۇنارلىرىدىن بايقايمىز. بۇددىزىم ساياھەتچىلىرىنىڭ خاتىرىلىرىدە بۇ جەھەتتە يېتەرلىك ئۇچۇر ساقلانغان. ئەمما، شۇنىسى روشەنكى، شىنجاڭ تاشكېمىرلىرىدە ئەزەلدىن ئەڭ ئاساسلىق ۋە ئەڭ كۆركەملىك سەنئەت ژانىرى پۈتۈن تاشكېمىر تاملىرى، تۈۋرۈكلىرى، ئويۇقلىرى، تورۇسلىرىنى تولۇق قاپلىغان تام رەسىملىرى (پانوراما)دىن ئىبارەت بولغان. بۇ ئۇنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى تاغ باغرىغا قېزىلغان چوڭ بۇددىھا ھەيكىلى ياكى ئاساسلىقى ھەرخىل

شەكىلدىكى بۇت ھەيكەللىرى تىزىلغان بۇددا ئىبادەتخانىلىرى بىلەن ياپونىيە، شەرقىي جەنۇبى ئاسىيادىكى بۇددا ئىبادەتخانىلىرى ئىبادەتخانىلىرى بەرپا قىلىنغان مۇھىم ئالاھىدىلىكى ۋە ئەۋزەللىكى.

بىر تەرەپتىن، بۇت ھەيكەللىرىنى ياساش ماتېرىياللىرىنىڭ كەمچىللىكى، يەنە بىر تەرەپتىن، نوقۇل بۇت ھەيكەللىرىنىڭ كەڭ ھېكايەتلىك تەسۋىرىي سەنئەت تېمىلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە قاتتىق چەكلىمىگە ئۇچرايدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشكېمىر سەنئىتى ھىنايانىڭ دىيانا ئىستىقامەتلىرى تەلەپلىرىدە مۇنداق تام رەسىملىرىنىڭ تەلەپ قىلىنىدىغانلىقى، بولۇپمۇ غەربىي يۇرتنىڭ تاش قۇراللار دەۋرىدىن باشلاپ قىيا تاش، ساپال بۇيۇملار، يۇڭ توقۇلمىلارغا رەسىم سىزىدىغان كۆچلۈك بەدىئىي ئەنئەنىسى مانا مۇشۇ ئەۋزەللىكنى مەيدانغا چىقارغان. بىز مەلۇم مەنىدە قەدىمكى مىسىر، كىرىت ئاراللىرى، بابىلون ۋە گرېك رەسساملىق سەنئىتىدىمۇ مۇنداق كەڭ سەھنە (بوشلۇق)گە تۇتاش ۋە رەڭگارەڭ رەسىم سىزىلغان بىرەر ئۈلگىنى كۆرەلمەيمىز. فىرئەۋن ماۋزۇلېيلىرىغا، مىسوپوتامىيە تاش تاملىرىغا، گرېك ئىبادەتخانىلىرىغا سىزىلغان ئارخېئىزملىق ۋە كلاسسىك رەسىملەر تولىمۇ چەكلىك بولغان. مەشھۇر ئاجانتا، بامىيان ۋە قەندىھار بۇددا سەنئىتىدە تام رەسىملىرى ھېچقاچان شىنجاڭنىڭكىدەك كۆپ، رەڭگارەڭ ۋە نەپىس بولغان ئەمەس.

ئېيتىش ھاجەتكى، شىنجاڭدا تاشكېمىر تاملىرىغا رەسىم سىزىش، مۇنداق رەسىملەرنىڭ پۈتۈن چىقىملىرىنى ئۈستىگە ئېلىش خۇددى بۇددا نوم - سۇترىلىرىنى كۆچۈرتۈپ كۆپەيتىش، تەرجىمە قىلىشتەك ساخاۋەت ھېسابلىنىدىغان، بىر خىل ساۋابلىق ئىش دەپ قارالغان.

شىنجاڭ تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ سەنئەت تېماتىكىسى بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. بۇ سەنئەت تېماتىكىسى يەنە كېلىپ تام رەسىملىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغانلىقى ھېچقانداق سىر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەمەس. شىنجاڭ تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ پۈتكۈل بۇددىزم تارىخىدا، پۈتكۈل رەسساملىق سەنئىتى تارىخىدا تۇتقان بۇ ئالاھىدە تارىخىي ئورنى ۋە ئۇ ياراتقان سەنئەتنىڭ تارىخىي قىممىتى گۈزەل سەنئەت (美术) تارىخىدا شانلىق ئورۇن ئالغان. ئەپسۇسكى، ھازىرقى گۈزەل سەنئەت تارىخى پەقەت گرېك - رىم ۋە ياۋروپا رېنېسسانسى (文艺复兴) گۈزەل سەنئىتىنى مەنبە قىلىپ يېزىلماقتا. بۇ ياۋروپاچە مەدەنىيەت ھاكاۋۇرلۇقى ۋە ياۋروپاچە مەدەنىيەت بېكىنمىچىلىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس!

غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدە بەدەن سەنئىتى (人体艺术) — تام رەسىملىرىنىڭ يادروسى سۈپىتىدە گەۋدىلىك ئورۇن تۇتقان. بۇ شىنجاڭ تاشكېمىر تام رەسىملىرى بىلەن ئىسلام تام رەسىملىرىنى ئايرىيدىغان مۇھىم ئالامەت بولۇپ قالغان. مەلۇمكى، ئىسلام تەسۋىرىي سەنئىتى ئىككى ھالقىدا — بىناكارلىق سەنئىتى بىلەن غەيرىي ئىنسانىي نەقىش سەنئىتىدە ئىپادىلەنگەندى. ۋەھالەنكى، شىنجاڭ بۇددا تام رەسىملىرى ھەر خىل نەقىش شەكلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا نۇقتىلىق ئىنسان ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈردى. بۇ قەدىمكى شىنجاڭ رەسساملىرى بەدەن سەنئىتى بارلىق تەسۋىرىي سەنئەتنىڭ مەركىزى ھەم ئالىي نۇقتىسى دېگەن ئاڭغا ئىگە ئىدى، دېگەن ھۆكۈمگە ئاساس بولۇپ بېرىدۇ.

شىنجاڭ تاشكېمىرلىرىگە سىزىلغان رەسىملەرنىڭ تۈرى خىلمۇخىل. ئۇلار بۇددىھانىڭ ھەرخىل قىياپەتتىكى رەسىمى؛ ھەرخىل بۇدساتۋالارنىڭ رەسىملىرى؛ «بۇددىھا يارالمىش ھېكايەتلىرى»گە ئالاقىدار ئادەم، ھايۋان، مەنزىرە رەسىملىرى؛ كىيىندۈرۈلگەن، كىيىندۈرۈلمىگەن، يېرىم ۋە پۈتۈن يالىڭاچ رەسىملەر؛ ساماۋى ئۇچار مالائىكىلەرنىڭ رەسىملىرى؛ ھەرخىل گىرۋەك، نەقىش رەسىملىرى؛ ساخاۋەتچىلەرنىڭ رەسىملىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز مۇشۇ كىتابىمىزنىڭ

ئالتىنچى بابىدا بۇددىزم تېماتىكىسى بويىچە بۇ ھەقتە ئىزاھات بېرىپ ئۆتتۇق، تۆۋەندە بەدەن سەنئىتىگە ئالاقىدار يالىڭاچ رەسىم(Nude)، كىيىندۈرۈلمىگەن رەسىم (Naked)، ئۇچقۇر مالائىكىلەر، مۇزىكا ـ ئۇسسۇل ـ تىياتىر تېمىسىدىكى رەسىملەر ئۈستىدە سەنئەت نۇقتىسىدىن توختىلىپ ئۆتىمىز:

## 2. ساكيامونىغا بىۋاسىتە ئالاقىدار يالىڭاچ ئوبرازلار

يالىڭاچ رەسىملەر تاكى بۇددىھانىڭ تۇغۇلۇشىدىن رۇمبا كاتەكچىلىرىگە سىزىلغان جاتاكا ھېكايەتچىلىرىگىچە ھەممە ساھەدە «مۇقەددەس دەخلىسىزلىك» توساقلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئۇلۇغ گۈزەللىك ئىنتىلىشلىرىنىڭ تەنتەنىسىنى دەبدەبە قىلغان. ئۇنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بۇددىھانىڭ تۇغۇلۇشى، تەۋەللۇت ئۈستىدىكى مايا خېنىم، شاھزادىنىڭ ئايالى «ياسۇدىھارانىڭ چۈشى»، «شاھزادىنىڭ كۆڭلىنى ئالماقلىق»، «ئۇسسۇلچى قىزنىڭ بىكسۇنى بولۇشى»، «تەسلىم بولغان ئۈچ ئايال ئالۋاستى»، «پادىشاھ ئاجاتاشاترونىڭ ھېكايىسى»، «ھېكمەت ئاڭلاش»، «ھېكمەت سۆزلەش» قاتارلىق رەسىملەرمۇ يالىڭاچ، يېرىم يالىڭاچ ياكى كىيىندۈرۈلمىگەن ھالەتتە تەسۋىرلىنىپ، بەدەن گۈزەللىكى سەنئىتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇ جەھەتتە بولۇپمۇ كۇسەن تاشكېمىرلىرى ئالاھىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇپ، ھىندىستان ۋە دۇنخۇاڭ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بۇددا رەسىملىرىدىن روشەن ھالدا پەرقلىنىدۇ.

ئەگەر بىز «شاھزادىنىڭ تۇغۇلۇشى» (太子出生图)، «ياسۇدىھارانىڭ چۈشى» (耶输陀罗入梦)، «شاھزادىنىڭ كۆڭلىنى ئالماقلىق» (娱乐太子图)، «تەسلىم بولغان ئۈچ ئايال ئاۋاستى» (降三魔女) قاتارلىق تېمىدىكى رەسىملەرنى قانداق بولمىسۇن يالىڭاچلىق بىلەن ئالاقىدار تېمىدىكى يالىڭاچ رەسىملەر (Nude) دەپ قارىساق، ئۇ ھالدا بىز «ھېكمەت

سۆزلەش» (说法图)، «ھېكمەت ئاڭلاش» (听法图)، «پادىشاھ ئاجاتاشرونىڭ ھېكايىسى» (阿者世王故事) قاتارلىق تېمىدىكى رەسىملەر كۇسەن تاشكېمىرلىرىدە كۆپىنچە «كىيىندۈرۈلمىگەن رەسىم» (Naked) شەكلىدە سىزىلغان. بۇ كىيىنىش لازىم بولغان مەيدان (مۇھىت) دا، ئەكس ھالدا كىيىندۈرۈلمىگەن رەسىملەر، رېئالىزملىق «چىنلىق» نى، بەدەن گۈزەللىكى چىنلىقىغا غەرق قىلغان رەسىملەر تۈركۈمىنى ھاسىل قىلغان. بۇ كۇسەندىكى بىر ئىجادىيەت بولۇپ، گرېك - رىم ۋە قەندىھاردىكى يالىڭاچ رەسىملەرمۇ بۇ دەرىجىدە بولمىغان.

ھىندىستاندا ئىشلەنگەن «ئالۋاستىنىڭ تەسلىم بولۇشى» ئىپادىلەنگەن قاپارتمىلىق تەسۋىرىي رەسىمنىڭ ئوتتۇرىسىغا ساكيامونى بۇددىھاغا ئايلانغاندا دەرەخ ئاستىغا ئورۇندۇق شەكلىدىكى ئىككى نىلۇپەر نۇسخىسى سىزىلغان. بۇ دەسلەپكى بۇددىزم دەۋرىدە ئىشلەنگەن ئەسەر بولۇپ، تېخى ساكيامونى ئوبرازلاشتۇرۇلمىغانىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىغا بىرقانچە يالىڭاچ، يېرىم يالىڭاچ مۇئەككەللەر ئوبرازلىرى ئويۇلغان. بۇ كۇسەندىكى ئوخشاش تېمىدىكى تام رەسىملىرىگە سېلىشتۇرغۇسىز دەرىجىدە ئاددىي بولغان.

بىز مىلادىيە 2 - ئەسىردە راسا گۈللەنگەن قەندىھار بۇددا سەنئىتىدىن «بۇددىھانىڭ چەت ئەل خەلقىگە ھېكمەت سۆزلىشى» دېگەن قاپارتمىلىق ھەيكەل بىلەن كۇسەن 39 - كېمىردىكى «ھېكمەت ئاڭلاش» (ھازىر بېرلىندا) ناملىق تام رەسىمنى سېلىشتۇرساقمۇ ئوخشاش تېمىنىڭ پۈتۈنلەي پەرقلىق كومپوزىتسىيە ۋە ئۇسلۇبتا ھەل قىلىنغانلىقىنى كۆرىمىز. كۇسەن قىزىل 39 - كېمىردە ھېكمەت ئاڭلىغۇچى ئاسمان مالائىكىلىرى يالىڭاچ قوللىرىدا چالغۇ ئەسۋابلىرى تۇتقان كۆرۈنۈشتىكى بۇ تام رەسىمنى ئىشلىگەن. ئۇ قەندىھار قاپارتما ھەيكەل تەسۋىرىگە سېلىشتۇرغاندا ئاللىقاچان بۇددىھانى ئىنسانىنىڭ بەدەن گۈزەللىكى ۋە بەدەن سەنئىتىنىڭ پاۋلىئونىغا

غەرق قىلىنۋەتكەن. قىزىل 118 ـ كېمىردىكى گاھىدا «ھېكمەت سۆزلەش»، گاھىدا «شاھزادىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش» ھالقىلىق بۇددساتۋا ۋە يالىڭاچ قىزلار قورشىۋالغان كۆرۈنۈشتىكى تام رەسىمىمۇ دەل «ھېكمەت ئاڭلاش» رەسىمىدىكىدەك «كىيىندۈرۈلمىگەن» ھالەتتە سىزىلغان. بۇ رەسىم ھازىرغىچە «شاھزادىنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش» دەپ ناتوغرا ئىزاھلىنىپ كېلىندى. روشەنكى، ساكيامونىنىڭ دادىسى شاھزادىنى تەركىدۇنيالىق يولىغا چىقىپ كېتىشتىن توسۇش ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرغان كۆڭۈل ئېچىش سورۇنىغا بېشىغا نۇر چەمبىرىكى تاقىغان بۇددساتۋالار قاتناشمىغان بولۇشى لازىم ئىدى. بۇ تام رەسىمدە ساكيامونى، بۇددساتۋالار، چالغۇ ئەسۋابلىرىنى تۇتقان نەغمىچىلەر، ئۇسسۇلچىلار، ھەتتا ساكيامونىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئۇنىڭغا تەخسىدە نەرسە (بەلكى يېمەكلىك) سۇنغان ساخاۋەتچىلەر باشتىن ـ ئاياغ يالىڭاچ ھالەتتە، ئۆلچەملىك ئايالىق گۈزەللىكى قىياپىتىدە سىزىلغان. بۇ تام رەسىممۇ ئەسلىدە كىيىنگەن تەرغىبات مۇھىتىدا سىزىلىشى لازىم ئىدى. ۋەھالەنكى، ئۇ باشقا شۇ خىل رەسىملەردەك (مەسىلەن، قىزىل 186 ـ كېمىردىكىدەك) «كىيىندۈرۈلمىگەن» ھالەتتە سىزىلغان، رەسىمدە ساكيامونى ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان، ئۇنىڭ ئارقا ـ يېنىدا بېشىغا نۇر چەمبىرىكى تاقىغان بىرقانچە بۇددساتۋالار تۇرغان، ساكيامونى بىلەن ئۇنىڭ سول تەرىپىدىكى بۇددساتۋا بويىنىغا ئۆزۈن تەسۋى ئاسقان بۇ ھالەت ئەسلىدە رەسىمي بۇددىزم ھېكمىتى سۆزلىنىدىغان، ئوبرازلار كىيىنگەن ھالەتتە تەسۋىرلىنىدىغان سورۇن ئىدى. ۋەھالەنكى، ئۇ «كىيىندۈرۈلمىگەن»، يالىڭاچ ھالەتتە سىزىش ئۇسۇلى بىلەن بىر تەرەپ قىلىنغان. فون لېكوك قىزىلدىكى 175 ـ كېمىردىن بېرلىنغا ئېلىپ كەتكەن ۋە «پادىشاھنىڭ ئۇسسۇلچى قىزلارنى تاماشا قىلىشى» دەپ ناتوغرا نام بېرىلگەن تام رەسىممۇ ساكيامونى ئەتراپىدىكى يالىڭاچ، يېرىم يالىڭاچ ئۇسسۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئويناۋاتقان قىزلارنى تەسۋىرلەش بىلەن ئىشلەنگەن. روشەنكى، ساكيامونى ياكى بۇددىزم ئەقىدىلىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن «پادىشاھنىڭ ئۇسسۇلچى قىزلارنى تاماشا قىلىشى» دىن ئىبارەت ئادەتتىكى ئوردا تۇرمۇشى دىيانا كېمىرلىرىگە سىزىلمىغانىدى.

ساكيامونى ئوبرازىغا ئالاقىدار يالىڭاچ، يېرىم يالىڭاچ رەسىملەرنىڭ يەنە بىر تىپىك مىسالى قىزىل 69 ـ كېمىردىكى «ياۋا بۇغىلىق باغدا (مارگا داۋادا) ھېكمەت سۆزلىشى» (鹿野苑说法图) ناملىق تام رەسىمىدىن ئىبارەت. بۇ رەسىم ئاساسىي خانا (ساراي) ئىشكىنىڭ ئۈستىدىكى يېرىم چەمبەر شەكىللىك تامغا خىلىلا چوڭ پانوراما قىلىپ سىزىلغان. رەسىمدە ساكيامونى بۇددىھا ماقامىغا ئېرىشكەندىن كېيىن ياۋا بۇغىلىق باغدا تۇنجى ھېكمەت سۆزلىگەن مەنزىرە گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇنىڭدىن باشقا قىزىل 98 ـ، 110 ـ، 188 ـ، 193 ـ، 205 ـ، 224 ـ كېمىرلەردىمۇ مۇشۇ تېمىدا، ئوخشىمىغان كومپوزىتسىيىدە «ھېكمەت سۆزلەش» مەنزىرىسى سىزىلغان. بۇ مەنزىرىلەر ساكيامونى ئورنىغا چاق قويۇلغان، ئەتراپىغا ھېكمەت تىڭشىغۇچىلار ئۆرە ھالەتتە قاپارتما قىلىنغان ھىندىستاندىكى سانچى مۇنارىنىڭ غەربىي ئىشىكىگە ئويۇلغان «ياۋا بۇغىلىق باغدا ھېكمەت سۆزلەش» كۆرۈنۈشىگە تامامەن ئوخشىمايدۇ. قىزىل 69 ـ كېمىردىكى بۇ «ھېكمەت سۆزلەش» ناملىق تام رەسىمدە ساكيامونى ئوردىدا يېرىم يالىڭاچ ھالەتتە چازا قويۇپ ئولتۇرغان بولۇپ، ئالدىدا «سانسار چاقى» (法轮) — ۋە «ئۈچ ئەڭگۈشتەر» (Triradua — 三宝)، ئىككى ياۋا بۇغا، ئەتراپىدا ئۇنى ئىلگىرى تاشلىۋېتىپ، ئەقىل تېپىپ قايتىپ كەلگەن تۇنجى بەش كىشىلىك شاگىرت ـ مۇخلىسلىرى، ئىككى يېنىدا ئالتە بۇدساتۋانىڭ كۆكسى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ شۇ كۈنى 60 مىڭ ئاسمان جانلىقلىرى ھېكمەت ئاڭلىغانلىقتا سىمۋول قىلىنغان. ئالاھىدە يېرى شۇكى، ساكيامونىنىڭ سول تەرىپىدە چاچ قويغان، تاج تاقىغان، خەنجەر ئاسقان، كۆسەنچە پاسوندا

كىيىنگەن كۇسەن خانى ۋە ئۇنىڭ خاتۇنىنىڭ ئوبرازى بېرىلگەن. بۇ رەسىمدىمۇ بىر قاتار يالىڭاچ، يېرىم يالىڭاچ فىگۇرىلار گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ بېشىدا قاتمۇقات نۇر ھالقىسى بولغان، پۈتۈن بەدىنىدىن نۇر چېچىلىپ تۇرغان، ئىككى يەلكىسىدىن ئاتەش چاقناپ تۇرغان ساكيامونىنىڭ تۇنجى ھېكمەت سۆزلىگەنلىكىنى تەنتەنە قىلىشقا بىرلەشتۈرۈلۈپ سىزىلغان.

## 3. ئۇچار مالائىكىلەر شەكلىدىكى يالىڭاچ ئوبرازلار

ئۈچ ماكان — يەر، ئاسمان، يەر ئاستى؛ ئۈچ زامان — ئۆتمۈش، ھازىر، كەلگۈسى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەر ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ قەدىمكى تەبىئەت ۋە ئىلاھىيەت قاراشلىرىدا بىخلانغان قارىشى ئىدى. ھەرقايسى خەلقلەر ۋە ئېتىقادلار ئۇنى ھەر خىل تەسەۋۋۇر قىلىشقان ۋە ئۇنىڭغا لايىق ھەر خىل ئوبرازلار ئىجاد قىلىشقان.

ئۇچار مالائىكىلەر — ئاسمان مۇئەككەللىرى، مالائىكىلەر سۈپىتىدە بۇددىزمدا سەككىز قىسىم بولۇپ، بۇلاردىن ئىككىسى ناخشا (مۇزىكا)، ئۇسسۇل مۇئەككەللىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇلارنىڭ بىرى، گاندىھارۋا (Gandharva — 乾达婆) بولۇپ، بۇلۇت ئىلاھى كۆل بويىدىكى فىكۇس دەرىخىنىڭ تۈۋىدە ئويناپ يۈرىدۇ، ئۇ يېڭى چىققان شەپەق بىلەن بىللە خۇش پۇراق چاچقاچقا، خۇش پۇراق ئىلاھى (DurNa — 香神) ۋە نەغمە ئىلاھى (乐神) مۇ دېيىلىدۇ.

ئۇلارنىڭ يەنە بىرى، كىننارا (Kinnara — 紧那罗)بولۇپ، ئۇ ئۇسسۇل ئىلاھەسى ھەم گاندىھارۋانىڭ رەپىقىسى. ئۇلارنىڭ ئوبرازى شىنجاڭ تاشكېمىرلىرىدە كۆپلەپ سىزىلغان بولۇپ، كۆپىنچە ئۇلار يېرىم يالىڭاچ ۋە ئەركىن پەرۋاز قىلىۋاتقان، ئەر - ئايال ئايرىلماس ھالەتتە نامايان قىلىپ، ساماۋى خانىدانلىق ۋە ئىلاھىي ھېكايەتلىك بىر قات تۈتەك ئاستىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىنسان بەدەن گۈزەللىكى، روھىي ئازادلىك ۋە سەممىي ھەم دائىممىي مۇھەببەتنى ئوبرازلاشتۇرىدۇ. كۈسەندىكى بۇددا تاشكېمىرلىرىگە سىزىلغان بۇ سەنئەت مۇئەككەللىرى ھېكايە جەھەتتە، گەرچە ھىندىستان بۇددىزمىدىن ئاپىرىدە بولغان بولسىمۇ، ئەمما پۈتۈن ئۆڭ - قىياپىتى، روھىيىتى، تۇرق ھالىتى، كىيىنىشلىرى رېئال كۈسەن كىشلىرىنىڭ ئۆلگىلىك كۆرۈنۈشلىرىدىن مۇجەسسەملەشكەن. «ئالەمنىڭ بىنا بولۇشى توغرىسىدا نوم» دا (起世经) دېيىلىشىچە، ھىندىقۇشنىڭ جەنۇبىدىكى كۈنشىل شەھىرىنىڭ (昆舍离) شىمالىدا، يەتتە - قارا تېغىنىڭ شىمالىدا گاندىھارۋا بىلەن كىننارا «بەش خاھىشى تەخ، كۆڭۈل ئېچىپ ئويناي‍دۇ» (具受五欲，娱乐游戏) دەپ يېزىلغان. قارىماققا بۇددا كىتابلىرىدىمۇ چەكلەنگەن «بەش خاھىش» (panj Rajas) بىلەن «كۆڭۈل ئېچىش» ساماۋى ئوبرازلار ھوقۇقى سۇپىتىدە تىلغا ئېلىنغان.

ئۇچار ئوبرازلار يالغۇز گرېك سەنئىتىنىڭ يېگانە دۇردانىسى بولماستىن، ئۈچ ماكان — يەر، ئاسمان، يەر ئاستى تەسەۋۋۇرىغا ئىگە پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان، ئىنسانىيەتنىڭ تۇتېم دەۋرىدىكى «ئىلاھىي كۈچلەر ئاسماندىن كېلىدۇ»، «ئۇچار قاناتلارنى ئىلاھىي كۈچلەرگە خاس ئىقتىدارغا ئىگە» دېگەن قاراشقا دەسلەپ خاتىمە بەرگەن تەسۋىرىي سەنئەت بۇيۇمى ئورارتۇ شاھىنىڭ تەختىنىڭ يېنىغا تۈچ بىلەن ياساپ، ياقۇت كۆز قويۇپ ئىشلەنگەن ئادەم باشلىق قاناتلىق شىر ھەيكىلى بولدى. بۇ زىننەت بۇيۇمى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 7 - ئەسىردە پادىشاھلىق ھوقۇقىنى ساماۋى ئىلاھىيەت قۇدرىتىگە تەڭلەشتۇرۇشنىڭ بەدىئىي ئىپادىسى قىلىپ كۆرسەتتى. گرېكلار ئەركىن ئىدىيىنى كۈيلىدى، ئەمما ئۇلار ياسىغان قاناتلىق ئوغۇل ياكى قاناتلىق قىزلار خرىستىيانچىلىقتىن ئىلگىرى ئولۇمپىيە تېغىدىكى ئىلاھلارغا، خرىستىيانچىلىقتىن كېيىن بولسا، بۈۋى مەريەمنى چۆرىدەپ يۈرگەن ئوماق ئوغۇل - قىز باللارغا خاس بولۇپ قالغاندى. ھىندىستان بۇددىزمىدا، ئومۇمەن ئالتۇن

قاناتلىق قۇش(优盘难陀)، ئۇپاناندا (Suparna, 金翅鸟)، ناندا (难陀)، گاندىھارۋا، كىننارا، براخمان تاپىنىدىن تۆرەلگەن ئۇششاق جىنلار بىلەن ساماۋى روھلاردا ئۇچۇش ئىقتىدارى بار، دەپ قارىلاتتى.

ئوتتۇرا ـ مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىدە، جۈملىدىن ئۇيغۇرلاردا ئۇچار قاناتلىق ئوغلان، ئۇچقۇر ساماۋى تەڭرىلەر توغرىسىدا قەدىمكى ئەپسانىلەر ساقلانغان بولۇپ، ھەتتا كۆسەندىن تېپىلغان جەسەت كۆلى قۇتىسىنىڭ قاپقىقىغا قاناتلىق ئوغۇلنىڭ رەسىمى سىزىلغان. ئۆلگۈچىنىڭ باش سۆڭىكىنىڭ ئوتتۇرىسىنى تېشىپ قويۇش ۋە كەلگۈسى ئالەمدە شۇ تۆشۈكتىن جاننىڭ ئۇچۇپ كېلىپ قايتا تۇغۇلۇشى توغرىسىدىكى ئەقىدە ۋە ئادەت لوپنۇر، قۇمۇل، ئالتاي قاتارلىق جايلاردىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن چىققان جەسەتلەرنىڭ دەپنە قىلىنىشىدا بىردەك ئىپادىلەنگەن. ئاۋرېل ستەيىن مىران خارابىلىرىدىن دەل ياپونىيىلىكلەر كۆچا سۇبېشىدىن تاپقان جەسەت كۆلى قۇتىسىدىكى نىياز چاچلىق② قاناتلىق بالىغا ئوخشايدىغان رەسىمنى كۆرگەندە ھەيران قېلىپ: «مەن ئۆزۈمنى جۇڭگودىكى بۇددا ئىبادەتخانىسىدا ئەمەس، سۈرىيىدە ياكى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقتىكى ئۆلكىلىرىدىكى داچىدا تۇرغاندەك ھېس قىلدىم»③ دەپ يازغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، قاناتلىق ئوبراز پەقەت گرېك مەدەنىيىتىگە تالىق ئورىگىنال تىپىكلىك بولسا كېرەك. مەسىلە شۇ يەردىكى، يېقىنقى كۆنلەرگىچە بۇ قاراشنى مۇھاكىمىسىز قوبۇل قىلغۇچىلار خېلىلا كۆرۈندى.

ئاۋرېل ستەيىن سىكتايلارنىڭ مىلادىيەدىن بەش ـ ئالتە ئەسىر ئىلگىرى ئىشلىگەن قاناتلىق ئالتۇن جانىۋارلار ئوبرازلىرىنى يادىدىن چىقىرىپ قويۇپلا قالماي، ئۆزى 1906 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئىككىنچى قېتىم خوتەنگە كەلگەندە خادىلىق ئىبادەتخانىسىنىڭ شەرقىدىن تاپقان تولىمۇ قەدىمكى كاھىش (ساپال) غا قاپارتىپ ئىشلىگەن ئۇچار مالائىكىنىڭ ئوبرازىنى، خوتەننىڭ يوتقان قەدىمىي شەھىرىدىن تېپىلغان تېخىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قەدىمكى كاھىش قاپارتمىسىدىكى مۇنداق ئۇچۇۋاتقان ئىككى قىز ئوبرازىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى لېنتا تۇتقان قىزلار ئوبرازلىرى ئىدى.


شىنجاڭ تاشكېمىرلىرىدە ئاسمان مالائىكىلىرى ھىندىستان ئاسمان مالائىكىلىرىگىمۇ، دۇنخۇاڭ تاشكېمىرلىرىگە سىزىلغان ئاسمان مالائىكىلىرىگىمۇ ئوخشىمايدىغان بەدىئىي ئۇسلۇبتا سىزىلغان.

ھىندىستاننىڭ ئاجانتا ۋە قەندىھار غارلىرىدا تەسۋىرلەنگەن ئاسمان مالائىكىلىرى سېمىز، پاكار ۋە كىچىك سەبىي قىزچاقلارنى ئاساس قىلغان، سىزىقلىرى ئاددىي، قىياپىتى سوزۇك ئەمەس، قول - پۇتىدا ھېسسىياتسىز قاتماللىق كۆرۈنۈپ تۇرغان، رەڭلىرى قويۇق، قارامتۇل ئىشلەنگەن.



82 - رەسىم. قىزىل يېڭى 1 - كېمىردىكى گاندىھارۋا رەڭلىك رەسىمنىڭ كۆپىيىسى

دۇنخۇاڭ تاشكېمىرلىرىدە ئاسمان مالائىكىلىرىنىڭ سانى ئاز، بېشىدا بۇدساتۋالىق نۇر چەمبىرىكى ئېلىپ تاشلانغان، تولىسى ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە بۇلۇتقا مىنگەن ھەم گاندىھارۋا بىلەن كىنىنارا ئايرىم - ئايرىم سىزىلغان. قىياپىتىمۇ خەنزۇلارنىڭ ئۆڭىدە تەسۋىرلەنگەن. كۇچا قۇمتۇرادىكى 15 -، 16 -، 45 - كېمىرلەردە مۇنداق ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك



83 ـ رەسىم. قىزىل 8 ـ، 38 ـ، 98 ـ، 163 ـ، 189 ـ كېمىرلىرىنىڭ «بۇددىھانىڭ يارالمىش ھېكايىلىرى» ئارىلىرىدىكى ئارتۇق رومبىلارغا سىزىلغان يالىڭاچ، ئەركىن پەرۋاز قىلىۋاتقان مالائىكىلەر

ئۇسلۇبىدىكى ئاسمان مالائىكىلىرى ئوبرازلىرى ئۇچرايدۇ.

كۇسەن تاشكېمىرلىرىدە ئۇچار مالائىكىلەرنىڭ تۈرلىرى كۆپ، ئۇلار بۇددىھا ئەتراپىدا، ساماۋى نەغمە كۆرۈنۈشلىرىدە، جاتاكا ھېكايىلىرى ئىچىدە، بېزەك ئورنىدا سىزىلغان نەقىش رەسىملەر ئارىسىدا ئۇچرايدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قوللىرىغا نىلۇپەر تولدۇرۇلغان تەخسىلەرنى كۆتۈرۈپ زېمىنغا گۈل چاچىدۇ، بەزىلىرى ھەرخىل چالغۇ ئەسۋابلىرى كۆتۈرۈپ نەغمە قىلىدۇ، بەزىلىرى يەرلىك مېۋىلەر — ئۈزۈم، ئۆرۈك تولدۇرۇلغان سېۋەتنى كۆتۈرۈۋالغان ياكى قولىدا بىر شىنگىل ئۈزۈم تۇتۇۋالغان ھالەتتە تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇچار مالائىكىلەرنىڭ قاناتلىقلىرىمۇ، لېنتىغا تايىنىپ ئۇچىدىغانلىرىمۇ، كۇنلۇك تۇتۇپ ئۇچقانلىرىمۇ بولىدۇ. ئۇلار ھەرقايسى كېمىرلەر ۋە تام رەسىمى چەمبەرلىرىدە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com



84 - رەسىم. ئىدىقۇت خارابىلىرىدىن تېپىلغان دۇردۇنغا تامغىلانغان رەڭدار ئاسمان مالائىكىسى ئۈزۈمچى قىز تەسۋىرىدە بېرىلگەن

هەرخىل كومپوزىتسىيە-
دە ۋە ھەرخىل رەڭدە
سىزىلغان بولۇپ، قانات-
لىقلىرىمۇ، رومال بىلەن
ئۇچقانلىرىمۇ بار. كۇسەن
ئاسمان مالائىكىلىرىنىڭ
ئىچىدە ئەر قىياپەتلىكى
ھىندىستان ۋە دۇنخۇاڭ-
دىن پەرقلىق ھالدا كۆ-
پەيتىلگەن. ھىندىلاردا با-
لىلار، تولغان بەدەنلىك
ئاياللار شەكلىدە سىزىل-
غان. كۇسەندىكى ئاسمان
مالائىكىلىرىدە سىزىق
ماھارىتى تەڭداشسىز دە-
رىجىدە جارى قىلدۇرۇل-
غان. ئەگەر كۇسەن تام
رەسىملىرىگە، بولۇپمۇ
ئاسمان مالائىكىلىرىگە
نەزەر تاشلىساق، سىزىق
تېخنىكىسىغا قانچىلىك
ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى
كۆرىمىز.

بۇ ھەقتە لىيۇ زېڭچى (刘增祺) مۇنداق دەيدۇ: «كۇسەن سەنئەتچىلىرىدىكى سىزىق چۈشەنچىسى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، كۇسەندە تاشكېمىر قېزىشتىن بۇرۇن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى شەھەر - قەلئە ئەللىرىنىڭ رەڭدار ساپاللىرىدىلا ناھايىتى پىشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.»①

كۇسەن ئۇچار مالائىكىلىرى كۆزلىرى چوڭ ـ چوڭ پېشانىسى كەڭ، يۈزى يۇمىلاق، بۇرنى قاڭشارلىق، بەدىنى گۈزەللىك ئۆلچىمىگە تولغان، ھەرىكىتى چاققان ۋە ھېسسىياتچان، روھىيىتى مەغرۇر، ئەركىن ۋە ئىشەنچلىك قىلىپ سىزىلغان. ئۇلار ئىسسىق رەڭ ياكى سوغۇق رەڭدە ئەمەس، نىسپىي ئاجىزلاشقان ئارىلىق رەڭدە، روشەن يالاڭ بەدەن ھالىتىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

## 4. غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدىكى مۇزىكا ـ ئۇسسۇل كۆرۈنۈشلىرى (A)

براخمانىزم ئەپسانىلىرىدە ئالەمنى بىنا قىلغۇچى تەڭرى ئىندىرانىڭ ساماۋى ئوردىسىدا گاندىھارۋا ئەلنەغمىلىرىنى باشقۇرىدۇ، كىننارا ھېكمەت (دىھارما) نەغمىلىرىنى باشقۇرىدۇ. گاندىھارۋا بېشىغا سەككىز مۆڭگۈزلۈك تاج كىيگەن، سول يېنىغا نەي، ئوڭ يېنىغا خەنجەر ئاسقان، بەزىدە يېرىم ئادەم، يېرىم ھايۋان قىياپەتلىك، بەدەنلىرى يۇڭلۇقمۇ كۆرۈنىدۇ، كىننارا بولسا بېشى ئاتقا ئوخشاش بولۇپ، ناخشا ئوقۇيدۇ، قۇيرۇقى ئۇسسۇل ئوينايدۇ، دەپ تەرىپلىگەن. بۇددىزم مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، بۇددا دىنىدا ئىندىرا (帝释天, 因陀罗) ساكيامونىغا خەيرخاھلىق قىلغۇچى ھامىي باش تەڭرىگە ئايلانغان. ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىدا ئۇ مانىزم دىنىدىكى باش تەڭرى ئاخرۇمازدا (ئۇيغۇرچە خورمۇزدا) بىلەن قوشۇلۇپ تەسەۋۋۇر قىلىنغان.

غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدىكى مۇزىكا ـ ئۇسسۇل كۆرۈنۈشلىرى بۇددىزم نۇقتىسىدىن ئالغاندا گاندىھارۋا بىلەن كىننارانىڭ ھەر خىل چالغۇلارنى چېلىشى، ھەرخىل ئۇسسۇللار ئويىنىشىنى، شۇ ئارقىلىق بۇددىھانىڭ تۇغۇلۇشى، بۇددىھالىق ماقامىغا يېتىشى، بۇددىھانىڭ ھېكمەت سۆزلىشى قاتارلىقلارغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەنتەنە قىلىش بىلەن يەنە ساماۋى تۇرمۇشنىڭ بەختىيار، كەڭ ـ كۇشادە ۋە ئەركىن ـ ئازادىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغان.

بۇلاردىن باشقا، غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىگە «بۇددىھانىڭ يارالمىش ھېكايىلىرى» گە، «بۇددىھانىڭ قىسمەتلىرى» گە ئائىت كۆپلىگەن سۇژېتلار بىلەن ئالاقىدار يالىڭاچ، يېرىم يالىڭاچ، «كىيىندۈرۈلمىگەن» ھالەتتىكى ئۇسسۇللۇق تېپىك قىياپەت ۋە بەدىئىي كۆرۈنۈشلەر سىزىلغان. بۇ غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدىكى مۇزىكا ـ ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئىككىنچى تۈركۈمىنى تەشكىل قىلغان. بۇلار يەنە ناندا (Nanda — 难陀)، ئۇپاناندا(upa Nanda — 优磐难陀)، راساراجا (午王)، لاكشىمى(lakshmi吉祥天女) قاتارلىق ساماۋى پېرسوناژلارنىڭ ئۇسسۇللۇق قىياپەتلىرىنى ئومۇمىي مالائىكىلەر (Apsaras — 天男天女) نامىدا ئۆز ئىچىگە ئالغان.

ئىزاھلاش ھاجەتكى، غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدە بۇددىزم مەزمۇنلىرىدىن تاشقىرى ھىندىستان براخمانىزمىغا، بېشنىو (vishnu — 毗湿奴) ۋە شىۋا⑤ (shiva — 湿婆) ئېتىقادىغا، كرىشنا⑥ (Krishna — 黑天) ئوبرازىغا ئائىت بىۋاسىتە كۆرۈنۈشلەر ئۇچرىمايدۇ.

غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدىكى مۇزىكا ـ ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەر مەيلى گاندىھارۋا، كىننارا قاتارلىق ساماۋى ئوبرازلار بولسۇن، مەيلى بۇددىھانىڭ يارالمىش ھېكايىلىرىدە گەۋدىلەنگەن خەلق پېرسوناژلىرى ياكى بۇددىھانىڭ ئۆمۈر بايانىدا كۆرۈلگەن پېرسوناژلار بولسۇن، سەنئەت نۇقتىسىدىن ئەڭ تېپىك، ئەڭ گۈزەل، ئەڭ ئەركىن ئىنسان بەدىنى گۈزەللىكى، ئىنسان ھەرىكىتى گۈزەللىكى ۋە ئىنسان ھېسسىياتى گۈزەللىكىنى دىنىي يېپىنچا ئاستىدا ئەكس ئەتتۈرگەن. ئېيتىش كېرەككى، رەسساملىق تەلپى بويىچە ئۇچ

قاتلىما (三道弯) ھالەت ئاشۇرۇپ سىزىلغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ ئۇسسۇل ـ مۇزىكا پېرسوناژلىرى كۇسەن، قوچۇ يەرلىك ئاھالىلىرىنىڭ قىياپىتىنى ۋە ھەرىكەت ئالاھىدىلىكلىرىنى ئاساسلىق مودېل — ئەندىزە قىلغان، بىز ھەممە تاشكېمىرلەردىن جۇملىدىن قىزىل 18 ـ، 98 ـ كېمىرلىرىدەك كىچىك كېمىرلەردىن تاكى قىزىل 38 ـ كېمىر — «سەنئەت كېمىرى» غىچە بۇ جەھەتتە تولۇق ئۇچۇر ۋە قايىل بولارلىق تەسىرات ئالالايمىز. كۇسەن قىزىل تاشكېمىرلىرىدە كۇسەنلىكلەرنىڭ ئىنتايىن سەنئەت خۇمارلىقى — ئەكس ھالدا، ئۇنىڭغا زىت دىيانا ئىستىقامەتچىلىكىنىڭ ئالاھىدە چېك تەكىتلەنگەنلىكى — بۇنىڭغا ئاۋۋال كۆزنى گۈزەللىك بىلەن ئاداشتۇرىدىغان يالاڭ ۋە گۈزەل ئوبرازلارنى كۆپلەپ سىزىش بىلەن، ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەشنى تەكىتلەش — «جەمئىيەت ـ ئىستىقامەت ـ سەنئەت» ئۈچ قاتلىما تۈزۈلمىسىنى (三道弯结构) پەيدا قىلغان. «كۇسەن جەمئىيىتىدە جىنسىي چەكلىمىلەر سۇس بولغان». «ئۇ كۇسەن تاشكېمىرلىرىدە ئىپادىلەنگەن» دېگەن مۇھاكىمە تولىمۇ يۈزەكى مۇھاكىمە بولۇپ، جەمئىيەت ئادىتى توغرىدىن ـ توغرا تاشكېمىر تاملىرىغا سىزىلىدىغان بولسا، بۇ بۇددا تاشكېمىرلىرى بولماي، گۈزەللەر كۆزگەرمىسىگە ئايلىنىپ قالغان بولاتتى.

گاندىھارۋا بىلەن كىننارا يەنىلا بىرىنچى تۈركۈمدىكى ساماۋى كەسپىي مۇزىكا ـ ئۇسسۇلچىلار سۈپىتىدە تاشكېمىر تاملىرىدا گەۋدىلىنىدۇ.

بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىدىغان بىرىنچى تۈركۈمدىكى تام رەسىملىرى بىر تۈركۈم يېرىم يالىڭاچ، ھەر خىل چاچ پاسونى، كىيىم، تاج، زىبۇزىننەت بىلەن جابدۇنغان، ھەربىرى بىر رامكىدا خۇددى پۈتۈن پورترېتتەك بىزگە قاراپ تۇرغان رەڭدار سەنئەتكارلارنىڭ ساماۋى يېپىنچىدىكى رېئال كۆرۈنۈشىدىن ئىبارەت.

بۇنداق كۆرۈنۈشلەر دىنىي نۇقتىدىن ساماۋى گەۋدە سىمۋولى

بولغان گۈمبەز، تورۇسلارغا سەنئەت نۇقتىسىدىن ئەڭ كۆرۈنۈشلۈك بولغان يۇقىرى بوشلۇقتا سىزىلدى ۋە نۇر چەمبىرەكلىرى بىلەن بۇدساتۋالىق ماقام (دەرىجە) بىلەن تەسۋىرلەندى. بىز بۇنداق جاھازىغا ئېلىنغان پورترېت شەكلىنى قىزىل 77 ـ كېمىردىن باشقىچە ۋارىيانتتا ئۇچرىتىمىز. 77 ـ كېمىردىكى كېمىر تورۇسىغا سىزىلغان سەنئەت بۇدساتۋالىرى رامكىلىرى 135 ـ كېمىر، قۇمتۇرا 7 ـ كېمىردىكىدەك گۈمبەزلىك تورۇسقا لايىق بىر تەرىپى كەڭ، بىر تەرىپى تار تۆت بولۇڭ شەكلىدە ئەمەس، بەلكى كېمىر تورۇسىغا لايىق ئاساسىدا بىر ـ بىرىگە باشلىرى قارشى تۆت بۇلۇڭ شەكلىدە سىزىلغان.

بۇ رەسىملەردە سەنئەت مۇئەككەللىرى ئاستىغا يوپكىدەك ئورىما تامبال كىيگەن، باشلىرىغا تاجلار كىيىپ، بويىنىغا مارجان ئېسىپ، قوللىرىغا گاھىدا چالغۇ ئەسۋابلىرى تۇتۇپ، ھەر خىل قىياپەتتە ھەم ئوماق، ھەم سالاپەتلىك سىزىلغان.

بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىدىغان ئىككىنچى تۈركۈم يالىڭاچ، يېرىم يالىڭاچ مۇزىكا ـ ئۇسسۇلچىلار ئوبرازى، ھەر خىل كۆرۈنۈشتىكى گاندىھارۋا ۋە كىننارالاردىن ئىبارەت. بۇ ئوبرازلار دەسلەپتە ھىندىستاننىڭ ئاجانتا تاشكېمىرلىرىنىڭ 1 ـ، 17 ـ كېمىرلىرىگە سىزىلغانىدى. شاڭ دا ئەپەندىنىڭ «ھىندىستان تېپشىندىلىرى» ناملىق مەشھۇر ھۆكمىنىڭ دەل ئەكسىچە، كۆسەن تاشكېمىرلىرىدىكى گاندىھارا بىلەن كىننارا ئوبرازى ئاجانتا تام رەسىملىرىدىن تۇپتىن پەرقلىق، پۈتۈنلەي ئازادە، مەردانە ۋە نەپىس ئىشلەنگەنلىكى ھەم ئادەم قىياپىتى، كىيىنىش ئادىتىنىڭ ئۆزىگە خاسلىقى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا كۆسەندە بۇ سەنئەت مۇئەككەللىرى ئىزچىل نۇر چەمبىرىكى بىلەن سىزىلغان.

مەشھۇر «سەنئەت كېمىرى» — 38 ـ كېمىردە 28 نەغمىچى 14 جۈپ سىياقىدا، ھەر جۈپى بىر دائىرە ئىچىدە سىزىلغان. بۇ دائىرە خۇددى ياۋروپا بالېت ـ تىياتىر كۇلۇبلىرىدىكى ئىككى

كىشىلىك لوۋىغا ئوخشاپ قالغان، بولارنىڭ بىرى ئەركەك، قوڭۇر رەڭدە، بىرى ئايال ئاق رەڭدە سىزىلغان. ئۇلار ئوخشاشلا بويىنىغا مارجان تاقىغان. ئەرلىرى بېشىدا تاج ۋە تاج لېنتىسى بىلەن، ئاياللار تورۇۋالغان چاچ ياكى ئۆنچە ـ مارجان بىلەن بېزەلدۈرۈلگەن چاچ بىلەن، ھەر ئىككىسىنىڭ ئۈستى تەرىپى ئوچۇق قىلىپ سىزىلغان.

ئوڭدىن، سول تامدا:

1 ـ جۈپلەرنىڭ بىرى نەي، بىرى چەكمە چالغۇ چالغان؛

2 ـ جۈپلەرنىڭ بىرى ئۇسسۇل ئوينىغان، بىرى گۈل تەخسە تۇتقان؛

3 ـ جۈپلەرنىڭ بىرى رۇەنشيەن (阮咸 ـــ تارلىق چالغۇ)، بىرى يېتىق نەي چالغان؛

4 ـ جۈپلەرنىڭ بىرى غوڭقا چالغان، بىرى گۈل تەخسە تۇتقان؛

5 ـ جۈپلەرنىڭ بىرى ئۇسسۇل چۈچىسى، بىرى گۈل تەخسە تۇتقان؛

6 ـ جۈپلەرنىڭ بىرى بەش تارلىق پىپا، بىرى بالىمان چالغان؛

7 ـ جۈپلەرنىڭ بىرى جەللا (铜钹)، بىرى تىزما نەي (排箫) چالغان.

شەرقىي تامدا:

8 ـ جۈپلەرنىڭ بىرى بەش تارلىق پىپا، بىرى يېتىق نەي چالغان؛

9 ـ جۈپلەرنىڭ بىرى ئۇسسۇل چۈچىسى تۇتقان، بىرى چاۋاك چالغان؛

10 ـ جۈپلەرنىڭ بىرى رۇەنشيەن (阮咸)، بىرى تىزما نەي (排箫) چالغان؛

11 ـ جۈپلەرنىڭ بىرى غوڭقا چالغان، بىرى گۈل تەخسە

تۇتقان؛

12 ــ جۇپلەرنىڭ بىرى يېتىق نەي (横笛)، بىرى دالا دۇمبىقى (答腊美鼓) چالغان؛

13 ــ جۇپلەرنىڭ بىرى بالىمان، بىرى بەش تارلىق بەرباپ چالغان؛

14 ــ جۇپلەرنىڭ بىرى ئۇسسۇل چۇچىسى تۇتقان، بىرى ئەينەك تۇتقان قىياپەتتە سىزىلغان.

مۇنداق بىر جۇپتىن كۆرۈنۈش بېرىش قىزىل 98 ــ، 100 ــ غارلىرىنىڭ تاملىرىدا، 18 ــ كېمىرنىڭ ئويۇق تېمىدا ئۇچرايدۇ. 100 ــ كېمىر گەرچە كىچىك بولسىمۇ 51 نەپەر ئەلنەغمىچى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئەپسۇسكى، بۇ كۆركەم تام رەسىملىرى ئىسلىشىپ تونۇغۇسىز ھالغا كەلتۈرۈپ قويۇلغان.

مۇنداق ئەلنەغمە ۋە ئۇسسۇلچىلار كۆرۈنۈشلىرى قىزىل، قىزىلقاغا، قۇمتۇرا قاتارلىق كۇسەن تاشكېمىرلىرىدە بىشىدا بۇدساتۋا دەرىجىسىگە لايىق نۇر ھالقىسى بىلەن، تۇرپان تاشكېمىرلىرىدە نۇر ھالقىسىز، ئىدىقۇت ئوردا تاملىرىدا بولسا ئەينى زامان خانلىق مۇزىكا ئوركېستىرىغا لايىق كىيىنگەن ھالەتتە سىزىلغان. بۇ ھال بىزگە تاشكېمىر تاملىرىغا سىزىلغان ساماۋى ئەلنەغمىچىلەر بىلەن مەھەللىي ئەلنەغمىچىلەرنىڭ قىياپىتى، كىيىنىشى، روھىيىتى بىردەك ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرى بىلەن ئۇسسۇلۇق تامغىلىرىنىڭ بىردەك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

تۇرپان ئەلنەغمىلىرىگە ئائىت تاشكېمىر رەسىملىرىدىن بېزەكلىك 6 ــ، 20 ــ كېمىرلەردىكى سەنئەت دۇردانىلىرىنى 1913 ــ يىلى ياپونىيە ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ئېلىپ كەتكەن، كېيىن توكيودىكى كىمۇراسادازو (木村贞造) ناملىق كىشىنىڭ خۇسۇسىيغا ئۆتۈپ كەتكەن. ئۇ بېزەكلىك 22 ــ كېمىردىكى ئەلنەغمىچىلەر كۆرۈنۈشىگە يېقىن بولۇپ، ئالتە ئەر ــ ئايال مۇزىكانتنىڭ بۇددىزم دىنىي ئوركېستىرى

چېلىنىۋاتقانلىقى قىياپىتىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆرۈنۈشىدىن مۇزىكىچىلار ھەم ۋارقىراپ ناخشا ئوقۇغانلىق دېرىكى كېلىدۇ. بېزەكلىكتىن فون لىكوكمۇ شۇ خىلدىكى ئەلنەغمە كۆرۈنۈشلىرىنى كېسىپ ئېلىپ كەتكەن. 7 ـ، 9 ـ كېمىرلەردىكى كۆزلىرى چوڭ، قاشلىرى قويۇق سازەندىلەر ئوبرازى سىزىلغان تام رەسىملىرىمۇ بېرلىندا ئىدىقۇت خانلىق ئوردىسىدىكى ئاچا قالپاقلىق ئوردا كىيىمى بىلەن خاس كىيىنىپ، ئوردا ئۇسسۇلچىلىرىغا تەڭكەش قىلىنىۋاتقان سازەندىلەر كۆرۈنۈشىدىكى رەسىم بىللە ئۇرۇش ئوتىدا كۆلگە ئايلانغان. ئىدىقۇت ئوردا ياكى مانى ئىبادەتخانا تاملىرىغىمۇ، مانى دەستۇرلىرى سەھىپىلىرىگىمۇ چالغۇچىلار بەرباب چېلىپ ناخشا ياكى ھېكايەت سۆزلەۋاتقان كۆرۈنۈشلەر سىزىلغان.

بۇنىڭدىن باشقا تۇيۇق تاشكېمىرلىرى يېنىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن چىققان يىپەك رەختكە بىر ئايال قولىدا زىڭ چالغۇسىغا ئوخشايدىغان مۇزىكا ئەسۋابى تۇتۇپ تۇرغان كۆرۈنۈش بېرىلگەن. ئىدىقۇت ۋە يارغوللاردىن بالىلارنىڭ نەي چالغان، ئەگرى ساپاقلىق قوبۇز چالغان كۆرۈنۈشلىرىمۇ تېپىلغان. يىراق نىيە ناھىيىسىدىكى قەدىمكى قەبرىلىكتىن تېپىلغان گۈللۈك توقۇلمىدىمۇ يەرلىك قىياپەتتىكى ساز چېلىۋاتقان ئايال ئوبرازى روشەن ئىپادىلەنگەن. ئۇمۇملاشتۇرۇپ ئالغاندا، شىنجاڭ تاشكېمىرلىرى ۋە ئوردا تاملىرىدا، كىتاب سەھىپىلىرى بىلەن توقۇلما رەختلەرنىڭ قالدۇقلىرىدا تۆۋەندىكى چالغۇ ئەسۋابلىرى ئوبرازى ئۇچۇر قىلىنغان:

پىپا (ئەگرى ساپلىق بەرباب). رۇەنشيەن، بەش تارلىق پىپا، غوڭقا (箜篌)، نەي، بالىمان (筚篥)، زېڭ (筝)، يېتىق نەي (横笛)، تىزىق نەي (排箫)، سېڭ (笙)، سۇناي، داپ (羯鼓)، ياندۇمباق (腰鼓)، دالا دۇمبىقى (答蜡鼓)، ناغرا (大鼓)، جەللا (铜钹) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ دەۋردىكى قەشقەر، كۇسەن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قوچۇ سازەندىلىرى كېيىنىشى ۋە ئوركېستىرى توغرىسىدا مەن «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى» ناملىق كىتابىمدا مەخسۇس توختالغانلىقىم ئۈچۈن قايتا تەكرارلاشنى ھاجەتسىز دەپ قارايمەن. بۇ خىل چالغۇلارنىڭ ماھىرلىرى، تەسىرى ۋە بۇ چالغۇلاردا كۈيلەنگەن ئاھاڭلار، بۇ ئاھاڭلارغا ئوينالغان ئۇسسۇللار توغرىسىدىكى تاڭ دەۋرى شېئىرىيەت مۇنبىرىدىكى مەشھۇر شائىرلارنىڭ گۈزەل مىسرالىرى يۇقىرىقى كىتابىمدا سۆزلەنگەنلىكى ئۈچۈن بۇ يەرنى قىسقارتىپ ئۆتمەكچىمەن.

## 5. غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدىكى مۇزىكا ـ ئۇسسۇل كۆرۈنۈشلىرى ( B )

ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەر غەربىي يۇرت تاشكېمىر تام رەسىملىرىدە گەۋدىلەنگەن يەنە بىر مۇھىم سەنئەت دۇردانىسىدىن ئىبارەت.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئۇسسۇل بەدەن سەنئىتى، بەدەن ئارقىلىق ھېسسىياتنى ئىپادىلەش مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت. بۇنداق بەدەن سەنئىتى ئۇسسۇل قىياپىتى، ئۇسسۇل تىلى، ئۇسسۇل رىتىمى، ئۇسسۇل سىمۋوللۇقى ۋە ئۇسسۇل گۈزەللىكىنى مۇجەسسەم قىلغان، ئۇسسۇللۇق كومپوزىتسىيە ۋە ئۇسسۇللۇق ھېسسىياتقا ئىگە بولغان ئۇسسۇللۇق بەدەن ھەرىكىتىدىن ئىبارەت. شىنجاڭ قىيا تاشلىرىغا ئۇنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئىنفورماتسىيىسى كۆپلەپ چېكىلگەن. تارىخىي خاتىرىلەردە ئۇنىڭ گۈزەل تارىخىي مەدھىيىسى يېزىلغان. ئۇنىڭ ئوبرازلىق، رەڭدار، تىپىك ۋە كلاسسىك شەكلى شىنجاڭ تاشكېمىرلىرى تام رەسىملىرىدە كۆزگە تاشلىنىدۇ.

شىنجاڭ تاشكېمىرلىرىدە ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەر يەنىلا گاندىھارۋا بىلەن كىنناراني ئاساس قىلغان ساماۋى ئوبرازلاردىن




85 - رەسىم. قىزىل 176 - كېمىردىكى
ئۇسسۇلچىلار رەسىمى

باشقا، «بۇددىھانىڭ يارالمىش ھېكايىلىرى» بىلەن «بۇددىھانىڭ قىسمەتلىرى»دىكى بۇدساتۋالارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇسسۇلچىلار ياكى ئۇسسۇللۇق قىياپەتلەردىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي تۈردە گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇ ماھىيەتتە يەنىلا ئەينى زاماندىكى يەرلىك خەلقنىڭ رېئال ۋە ئەنئەنىۋى مىللىي ئۇسسۇللىرىنىڭ نۇرلاندۇرۇلغان، ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە دىنىي تۈس بېرىلگەن شۇلىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئالاھىدە يېرى شۇكى، ئەينى زامان سەنئەتكار - رەسساملىرى ئۆزىنىڭ بەدەن سەنئىتى غايىلىرىنى ئۇسسۇل كۆرۈنۈشلىرىدە ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلىگەن.

ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەر شىنجاڭدىكى ناھايىتى نۇرغۇن تاشكېمىرلەردە بەدەن گۈزەللىكىنىڭ مىسلىسىز ئۆلگىسىنى نامايان قىلغان. ئۇ ماھىيەتتە شەرقلىق ئادەم تۈركۈمىنىڭ تەبىئىي بەدەن گۈزەللىكى ئالامەتلىرىنى، بەدەن گۈزەللىكىگە بولغان ئۆلگىلىك قاراشلىرىنى گەۋدىلەندۈرگەن. قىزىل 8 - كېمىردىكى ئۇسسۇلچى قىز ئوبرازى ماھىيەتتە كۆسەن رەسساملىرى تۇرمۇشتىن ئېلىپ مۇجەسسەملەشتۈرگەن شەرق ۋېنىراسىنىڭ شانلىق كۆرۈنۈشىدىن ئىبارەت.

مەلۇمكى، كۇسەندە «پۇتۇن خەلق ناخشا ـ مۇزىكىغا ماھىر» (俗善歌乐)[7] بولۇپ، ئۇ «ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى» نىڭ ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇراتتى. كۇسەندىن ۋىدۇساكا ئىسىملىك مۇزىكانت[8]، سۇجۇپتەك مەشھۇر كۈيشۇناس، بايمىندادەك ئاتاقلىق كومپوزىتورلار يېتىشىپ چىققان. سۇجۇپ ۋە بايمىندانىڭ چاڭئەندىكى پائالىيىتى سۇي ـ تاڭ سۇلالىلىرى مۇزىكا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان. كۇسەن مۇزىكا ـ كۈيلىرى يالغۇز قەشقەر، قوچۇ، ئىۋىرغول، ھەتتا گەنجۇ مۇزىكا ـ كۈيلىرىنىڭ ئۆلچەملىك ئاساسى بولۇپ قالماي، يەنە قوملۇقنىڭ شىمالىدىكى تۈرك خانلىقى ۋە ماۋرائۇننەھرىدىكى توققۇز جاۋۇپ مۇزىكا ـ كۈيلىرى ئۈچۈنمۇ ئۆلچەملىك مۇزىكا ئاساسى بولغان. بۇ كەڭ رايونلارنىڭ ھەممە مۇزىكا ۋە ئۇسسۇللىرىنى كۇسەن مۇزىكا ـ ئۇسسۇللىرى ئاساسىدا ئويناش ۋە تەڭشەش مۇمكىن ئىدى. سۇي ـ تاڭ سۇلالىلىرىنىڭ توققۇز قىسىم ۋە ئون قىسىملىق ئوردا مۇزىكىلىرىدا، ئۇسسۇللىرىدا، بىلىم يۇرتلىرى دەرس ۋە مەشىق پائالىيەتلىرىدە كۇسەن مۇزىكا ـ ئۇسسۇللىرى كۈي (曲)، يەن (艳)، لۇەن (乱) قاتارلىق ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنۈپ، مۇقاملارنىڭ (大曲)



86 ـ رەسىم. قىزىل 8 ـ كېمىردىكى رومبا ئىچىگە سىزىلغان يالىڭاچ ئۇسسۇلچى



87 ـ رەسىم. قىزىل تاشكېمىر توركۆمىدىكى ئۇسسۇللۇق تام رەسىملىرىنىڭ سىزىۋېلىنغان كوپىيىلىرى

چوڭ نەغمە، داستان ۋە مەشرەپتىن ئىبارەت ئۈچ قىسىملىق تۈزۈلۈشكە ئاساس سېلىنىشقا باشلىغان⑨.

بىز تاشكېمىرلەردىكى ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەردىن، خۇددى دۇ يۇ (杜佑) نىڭ «قانۇنلار قامۇسى» (通典) بىلەن تاڭ دەۋرىنىڭ شائىرلىرى تەسۋىرلىگەندەك ئەينى زامان كۇسەن ئۇسسۇللىرى (جۈملىدىن پۈتۈن غەربىي يۇرت ئۇسسۇللىرى)نىڭ بىر قاتار خاس شەكىل ھاسىل قىلىش تامغا ـ ئالامەتلىرىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇلار مۇنداق:

تەمكىن، ئازادە ۋە ئۆزىگە ئىشەنگەن غۇرۇر بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشۈش، بەدەن، قولنى دىرىلدىتىپ ئۆزىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى نامايان قىلىش؛

ئالدى ـ كەينىگە قايرىلىپ، ئاچا، تەتۈر ئاچا، ئۈچ پۈكلىمە ھەرىكەتلەر بىلەن مەردانە ئەۋرىشىملىك ھاسىل قىلىش؛

قاچۇرما ھەرىكەتلەرنى باش، گەۋدە، قول ۋە پۇتتا ئورۇنداش.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

بەزىدە پىرقىراش ئارقىلىق ئۇسسۇللۇق گۈزەللىك يارىتىش؛

ئىما ـ ئىشارەتنى پۈتۈن ئۇسسۇللۇق قىياپەتكە بىرلەشتۈرۈپ، كۆز ئوينىتىپ، ئېڭەك تاشلاپ، مەيدە ۋە قول ـ بېغىشلارنى بىر پۈتۈن گەۋدىلەندۈرۈش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.



88 ـ رەسىم. ئاۋرېل ستەين دەندان ئۆيلۈكتىن ئېلىپ كەتكەن لاكشمى رەسىمى

تاڭ سۇلالىسى شائىرلىرى بۇنى «پىرقىرىغان نىلۇپەر»، «چۆرگىلىگەن پانۇس چىراغ»، «بوشلۇقتا دولقۇن ياساش»، «تېپىپ سەكرەش»، «قايناپ ئويناش»، «كۆكرەك سىلاش»، «يەڭ شىمايلاش»، «قاش ئۇچۇرۇپ، كۆز ئېتىش»، «تىز قويۇش»، «قولىنى بەلگە ئېلىش»، «قاش ئېتىشىپ ئۇسسۇل ئويناش»، «ساغرا تولغاپ، بەل ئوينىتىش»، «يەڭگىل قەدەم تاشلاپ، ئەۋرىشىم مېڭىپ كېلىش»، «سۇلكىتى كىيىمدىن ئارتۇق گۈزەل بولۇش» دېگەندەك ھەرىكەت ۋە قىياپەت ئىبارىلىرى ئارقىلىق ئومۇملاشتۇرغان.

تاشكېمىردىكى ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەردە قول بارماقلىرىمۇ مۇئەييەن ئىپادىلەش تامغىلىرى — «قول تامغىلىرى» (手印 — Mudra) بىلەن تەسۋىرلەنگەن. بۇ خىل «قول تامغىلىرى» ئەينى زاماندا خاس ياكى

سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە بولغانىدى. مېنىڭچە، ئۇنىڭ ھەرقايسى مۇقىم ھالىتى مەلۇم پىكىر ھېسسىيات مۇھىتىغا ئىزنا ـ بەلگە بولۇش مۇمكىن.

شىنجاڭدا يالغۇز تاشكېمىرلەردىلا ئەمەس، قەدىمكى قەبرىلەردىن چىققان دەپنە بۇيۇملىرىدىكى رەسىملەردە، قەبرىلەرنىڭ تاملىرىغا سىزىلغان رەسىملەردە، ئىبادەتخانا ۋە ئوردا ـ قەسىر تاملىرىغا سىزىلغان رەسىملەردە، ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلاردىن تېپىلغان ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشتىكى ھەرخىل قورچاق بۇتلاردا ئۇسسۇل ئوبرازى بېرىلگەن. بۇنداق قورچاقلار چاڭئەن، لوياڭ، شەنشى ئۆلكىسى لىچۈەن ناھىيىسى (礼泉) جېگرېنتەي قەبرىگاھلىقىدىن (郑仁泰) كۆپلەپ تېپىلدى. چاڭئەندىن تېپىلغان تۆگىگە مىنىپ سەپەرگە چىققان سەنئەتچىلەرگە سىمۋول قىلىنغان سازەندىلەر ھەيكىلى ئەينى زامان تاشكېمىرلىرىدىكى مۇزىكا ـ ئۇسسۇل كۆرۈنۈشلىرى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، تاشكېمىرلەردىكى سەنئەت تېماتىكىسىنىڭ رېئال، ئېتنىك ئاساسىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئاۋرېل ستەين دەندان ئۆيلۈكتىن تاپقان «قۇتلۇق تەڭرى خاتۇن» (Lakshmi — 吉祥天女) رەسىمى ئۆزىنىڭ مىسلىسىز گۈزەللىكى بىلەن يالىڭاچ ھەم «ئۈچ پۈكلىمە» شەكلىدىكى ئۇسسۇللۇق قىياپەتتە سىزىلغان. ھىندىستاندا دەندان ئۆيلۈكتىكىدىن ئون نەچچە ئەسىر كېيىن ئىشلەنگەن لاكشمى ھەيكىلى بىرقەدەر ئاددىي ئىشلەنگەنلىكىگە قارىماي، يەنىلا ئۇسسۇللۇق قىياپەت بىلەن ئىشلەنگەن. لاكشمى تەسۋىرى ياپونىيىدە تولۇق كېيىندۇرۇلگەن.

## 6. بۇددا يادىكارلىقلىرىدىكى تىياتىرلىق ئوبرازلار

تىياتىرلىق كۆرۈنۈشلەر شىنجاڭدا قىيا تاش سىزمىلىرىدىكى نىقابلىق كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. تىياتىرلىق كۆرۈنۈشلەر قەدىمكى شامان ـ توتېم مەشرەپلىرىدىلا ئۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىخىنى كۆرسەتكەنىدى. خەلق ئارىسىدىكى نورۇز ـ سۈمەلە (ئۈندۈرمە) مەشرەپلىرىمۇ روشەن ئويۇن ـ تىياتىر شەكلىگە ئىگە بولغانىدى. تىياتىرغا ھەۋەس قىلىدىغان ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئوتتۇرا ئاسىياغا قەدەم قويۇشى بىلەن كۆپلىگەن تىياتىر ئاكتيورلىرىنى ئۆز قوشۇنى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەن. قازاقىستاندىكى يەتتىسۇ رايونىنىڭ كوستانا دېگەن جايىدىن تېپىلغان مېتال تاۋاقتا چىكانكا قىلىپ ئىشلەنگەن ئۈچ پېرسوناژنىڭ بىر قاتار تراگېدىيىلىرىدىكى كۆرۈنۈشلەر كلاسسىك گرېك تىياتىرىنىڭ سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىمۇ ئوينالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ⑩.

بۇنىڭدىن باشقا خوتەننىڭ يوتقان قەدىمىي شەھەر خارابىسىدىن تېپىلغان، مىلادىيە 1 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ كومېدىيىلىك ئادەم قىياپەتلىرى، قىزىقچىلار كۆرۈنۈشى بىلەن قاراشەھەر شورچۇق مىڭئۆيلىرى خارابىسىدىن تېپىلغان



89 ـ رەسىم. ياپونىيە ئوتانى ئەترىتى كۇچا سۇبېشىدىن ئېلىپ كەتكەن جەسەت كۆلى قۇتىسىنىڭ سىرتىغا سىزىلغان تىياتىرلىق كۆرۈنۈشتىكى پېرسوناژ ئوبرازلىرى

كومېدىيىلىك قاپارتما ئادەم بېشى ھەيكەللىرى (ھەتتا بەزى ساپال ھەيكەللەر يالىڭاچ ياسالغان) تىياتىر چۈشەنچىسى ۋە پائالىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسىتىدۇ.

فاشىيەن ۋە شۈەنزاڭنىڭ ساياھەت خاتىرىلىرى بىلەن لوپنۇر رايونىدا تېپىلغان قولىيازمىلارنىڭ ئۈچۈر بېرىشىچە، خوتەن، كروران، لوپنۇر، كۇسەنلەردە داغدۇغىلىق «بۇت يۆتكەش مۇراسىمى»، «بۇت يۇيۇش مۇراسىمى» پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلگەن، بۇلار ئۆز تەركىبىگە تىياتىر سەنئىتى مەزمۇنلىرىنى ئالغان. قۇمۇل ۋە كۇسەندىن تېپىلغان «مايترى سىمىت» تىياتىر كىتابى كۆپ پەردىلىك بۇددا تىياتىرىنىڭ ئۇيغۇرچىغا ئۆزلەشتۈرۈلۈپ ئوينالغانلىقىنى دەلىللەيدۇ. جۇڭگو يىلنامىلىرى بىلەن باشقا تارىخىي مەنبەلەردە ئەينى زاماندا سېركچىلىك، دارۋازچىلىق، قىزىقچىلىق ئويۇنلىرى، نىقابلىق (大面具) تىياتىرلار، ھەر خىل چوڭ تىپتىكى نەغمىلەر مەسىلەن، «باتۇر» (拔头)، «سۇمۇز» (苏莫祇) قاتارلىقلار شىنجاڭدىن ئىچكىرىگە كېلىپ قويۇلغانلىقى، بۇ ئويۇنلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىنغانلىقى، ھەتتا ياپونىيىگە تارقالغانلىقى يېزىلغان. بىز شىنجاڭ تاشكېمىرلىرىگە سىزىلغان «بۇددىھانىڭ يارالمىش ھېكايىلىرى»دا كۆپلىگەن دراماتىك سۈژىتلارنىڭ بارلىقىنى كۆرىمىز. ئۇلارنىڭ تراگېدىيىلىك، كومېدىيىلىك ژانىرلىرى كۆزگە روشەن تاشلىنىدۇ.

شىنجاڭدا كەڭ تارقالغان خەلق داستانلىرى، مۇقاملارنىڭ داستان قىسمى، كلاسسىك ئەدەبىياتتىكى داستانچىلىق ژانىرى، ھەتتا «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ كومپوزىتسىيىلىك تۈزۈلمىسىمۇ تىياتىرلىق خۇسۇسىيەتنى گەۋدىلەندۈرگەن.

بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بىرقانچە تەرەپنى نەزەردىن ساقىت قىلمىغان ھالدا، شىنجاڭ خەلقى ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ماھىر، ئەمما تىياتىر ھەققىدە ھېچقانداق خەۋىرى يوق، دېگەن خۇلاسىگە قوشۇلالمايمىز.

www.uyghurkitap.com


ياپونىيە ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ئېلىپ كەتكەن جەسەت كۆلى قۇتىسىنىڭ سىرتىغا سىزىلغان تىياتىرلىق كۆرۈنۈش كۆسەندىلا ئەمەس، پۈتۈن قەدىمكى شىنجاڭدا تىياتىرلىق كۆرۈنۈشلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئاساس يارىتىپ بېرىدۇ. بۇ رەسىملەردە كۆسەن كىشىلىرى قىياپىتى ئوچۇق كۆرۈنۈپ قالماستىن يەنە، هايۋان شەكلىدە گىرىم قىلىنغان ئاكتىيورلارمۇ كۆرۈنىدۇ. بۇ خىل كىيىنىش ۋە گىرىملار كۈچلۈك كومېدىيىلىك هالەت پەيدا قىلغان. كۆسەن تىياتىرلىرىغا ئالاقىدار تارىخىي مەنبەلەردە، يېڭى يىل كىرگەندە ئات، كالا، تۆگە سوقۇشتۇرۇپ ئويۇن ئوينىلىدىغانلىقى، كۆزدە بېشى ئىتقا، يۈزى مايمۇنغا ئوخشايدىغان گىرىم قىلغان «ۋۇرۇچ» (波罗遮) ئويۇنى ئوينىلىدىغانلىقى، بۇنىڭدىن باشقا يەنە توسۇ (透索) ياكى ۋۇسۇ (握塑) ناملىق ئويۇننىڭ بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن شۇاڭلۇ (双 陆) دېگەن شاهماتتەك ئويۇنغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكى يېزىلغان.

## 7. شىنجاڭ تاشكېمىرلىرىدىكى باشقا تەسۋىرىي سەنئەت نامايەندىلىرى

شىنجاڭ تاشكېمىر سەنئىتى ئۆزىنىڭ دىنىي ۋە بەدىئىي تېمىلىرىدىن باشقا يەنە ئۆسۈملۈك، ئۇچارقۇش، باشقا هايۋانلار، هەر خىل نۇسخا ـ نەقىش شەكىللىرى قاتارلىق سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇلار ئاساسىي تېمىنىڭ تەركىبىي قىسمى، ئىپادىلەنگۈچى ۋاسىتىسى، تەمسىلى سۈپىتىدە ياكى زىننەت ـ بېزەك ئورنىدا سىزىلغان. شۇنداق بولۇشقا قارىماي، ئۇ رەسساملىق سەنئىتىنىڭ خاس ساهەسى ۋە رېئال تۇرمۇشنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى سۈپىتىدە مۇهىم بەدىئىي ئەهمىيەتكە ۋە چىنلىق قىممىتىگە ئىگە بولغان.

بىز قىزىل 14 ـ كېمىردىكى مايمۇن، شىر ۋە بۆركۈتنىڭ؛ 80 ـ كېمىردىكى قىزىل مايمۇن، بىر جۈپ كەپتەرنىڭ؛ 110 ـ

كېمىردىكى چېپىپ كېتىۋاتقان قوچقارنىڭ؛ 144 ـ كېمىردىكى ئۆچكىنىڭ؛ 205 ـ كېمىردىكى قىزغۇچ چوڭ پىلنىڭ؛ 224 ـ كېمىردىكى بىر جۈپ كەپتەر، كۆك مايمۇننىڭ؛ قىزىلقاغا 11 ـ كېمىردىكى ئاق قۇش قاتارلىق قۇشلارنىڭ؛ 13 ـ كېمىردىكى قىزىل قۇشنىڭ؛ 23 ـ كېمىردىكى قىرغاۋۇلنىڭ؛ سىمسىم 26 ـ كېمىردىكى قۇشنىڭ؛ 28 ـ، 44 ـ كېمىردىكى توزنىڭ؛ 37 ـ، 44 ـ كېمىردىكى قۇش ئۆركەشلىك ئاق تۆگىنىڭ؛ قۇمتۇرا 16 ـ كېمىردىكى ئادەمباشلىق ـ قۇش قۇيرۇقلۇق مۆجىزاتنىڭ؛ 24 ـ كېمىردىكى يىلاننى ئۇۋلىغان بۆركۈتنىڭ؛ 43 ـ كېمىردىكى ھېكمەت ئاڭلاۋاتقان بىر جۈپ بۇغىنىڭ؛ 46 ـ كېمىردىكى ئاق قۇشنىڭ؛ 63 ـ كېمىردىكى پىل مىنگەن مايمۇننىڭ؛ تۇرپان بېزەكلىكتىكى تاشكېمىرلەر (ئۇ چاغدا تىزىملاپ نومۇر قويۇلمىغان)نى فون لېكوك ئېلىپ كەتكەن



90 ـ رەسىم. تاشكېمىرلەردىكى بىر قىسىم ھايۋانات ئوبرازلىرى

www.uyghurkitap.com

«بۇددىھانىڭ ھېكمەت سۆزلىشى» ناملىق چوڭ ھەجىملىك پاننورامىغا ساخاۋەتچىلەر مىنىپ كېلىپ چۆكتۈرۈپ قويۇلغان بىر جۈپ كارۋان تۆگىسىنىڭ رەسمى بىلەن ئاۋرېل ستەين مىراندىن ئېلىپ كەتكەن شاھزادە يېتىلگەن ۋە كېيىن ساخاۋەت قىلىۋەتكەن ئاق پىلنىڭ رەسمى قاتارلىقلارنى شىنجاڭ تاشكېمىرلىرىدىكى ھايۋانات رەسىملىرىنىڭ نەمۇنىلىرى سۈپىتىدە تىلغا ئالىمىز.

بۇ ھايۋانات رەسىملىرى مۆلچەر دەرياسى بويىدىكى قىيا تاشلارغا، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قىيا تاشلارغا سىزىلغان ھايۋانات رەسىملىرى بىلەن ياندىشىدۇ. فون لېكوك كۇچا قىزىلدىن ئېلىپ كەتكەن «مەرۋايىت ھالقا» ئىچىگە ئېلىپ نەقىش ئىشلەش، كۆپ ئورۇندىن ھەر خىل ۋارىيانتتا تېپىلغان. ھەتتا كۇچا سۇبېشىدىن تېپىلغان جەسەت قۇتىسىنىڭ سىرتىغا سىزىلغان قاناتلىق بالىمۇ «مەرۋايىت ھالقا» ئىچىگە ئېلىنغان، بۇ خىل نۇسخىدا ئىشلەنگەن كۆرۈنۈش يەنە ئەپراسىياپ خارابىسىنىڭ تېمىغا مىلادىيە 7 ــ، 8 ــ ئەسىرلەردە سىزىلغان ئۈچ ئەلچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان باش ئەلچىنىڭ تونىغا سىزىلغان مارجانلىق ئاسقا چىشلىگەن قۇشقا ئوخشايدۇ. بۇ ئەپراسىياپ شەھىرىگە شەرقتىن كەلگەن ئەلچىلەر ئىدى. ھايۋانلارغا مونچاق ئېسىش تەسۋىرلەنگەن بۇنداق رەسىملەرنىڭ يەنە بىرى ھازىر ياپونىيىدە ساقلىنىۋاتقان مونچاق ئاسقان تېكە رەسىمىدىن ئىبارەت.

تاغ ــ دەريالار، گۈل ــ گىياھلار رەسىملىرىمۇ رېئاللىق ئاساسىدا سىمۋوللاشتۇرۇلغان. بۇددا ھېكايىلىرىدە كۆپلەپ تىلغا ئېلىنغان قارلىق تاغ (ھىندىقۇش)، مېرۇ (Meru弥楼山) تېغى قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق بىر تەرەپ قىلىنغان.

تاشكېمىرلەردىكى نەقىش بېزەكلەر ھەم ئېتنىك تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك ھەم ئېستېتىك شەكىل گۈزەللىكى قانۇنىيەتلىرىگە ئۇيغۇن بولۇپ، بۇ خىل نەقىش سەنئىتى شىنجاڭ تاشكې-

مىرلىرى ئارقىلىق ئىلگىرىكى تارىختىكى ساپال بۇيۇملار، ياغاچ ۋە توقۇلمىلارغا ئىشلىتىلگەن نەقىشلەر ئۇسلۇبىنى كېيىنكى ئىسلام دەۋرى ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى ۋە ھۈنەر ـ سەنئىتىگە تۇتاشتۇرغان.

ئىزاھلار:

① پرومېتى — گرېك ئەپسانىلىرىدىكى جاسارەتلىك، خەلقپەرۋەر ئىنسان سىيماسى. ئۇ ئولىمپىك تېغىدىكى باش تەڭرى زېۋس تەرىپىدىن چەكلەپ قويۇلغان ئوتنى ئىنسانلارغا ئوغرىلاپ بەرگىنى ئۈچۈن، زېۋس تەرىپىدىن كاپكاز تېغىغا زەنجىرلەنگەن، دەپ ھېكايە قىلىنىدۇ.

② «نىياز چاچ» — چېكىلەك چېچى ھازىرغىچە ئۇيغۇرلاردا ئادەت قىلىنغان.

③ ئاۋرېل ستەين: «غەربىي يۇرتتىكى ئارخېئولوگىيە خاتىرىلىرى»، 88 ـ بەت.

④ «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1989 ـ يىللىق خەنزۇچە 3 ـ سان، 59 ـ بەت.

⑤ شىۋانىڭ ناتاراجا( 午 王 — Nataraja) ، لىنگا (linga 楼加) قاتارلىق ناملىرىمۇ بار.

⑥ بۇ بىشنو ئېتىقادىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى. ئۇنى «دىۋاكارا»، «قاراخان تەڭرى» دەپمۇ ئاتايدۇ.

⑦ «يېڭى تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» گە قارالسۇن.

⑧ ۋېرنېر توماس: «توخار تىلى دەرسلىكى (Toc harisches Elmenlar) (ھېيدېلبېرگ، كارل ۋىنتېر ئۇنىۋېرسىتېتى نېمىسچە نەشرى، 2 ـ قىسىم، 49 ـ بەت).

⑨ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىن: «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى».

⑩ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىن: «ئوتتۇرا ئاسىيادا ئېللىنىزم مەدەنىيىتى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1989 ـ يىللىق 2 ـ سان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# توققۇزىنچى باب

# غەربىي يۇرت تاشكېمىرىدە مانىزىم ئىپادىلىرى

## 1. غەربىي يۇرتتا مانىزىم

ھەممىگە مەلۇمكى، مانىزىم بىر خىل دىن سۈپىتىدە پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن ئىلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا، ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئۆزىنىڭ كۆرۈنەرلىك تەسىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. شۇنىسى روشەنكى، ئۇ پۈتكۈل ئاھالە ۋە دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە، قىسمەن ۋاقىتلاردا، مۇئەييەن دائىرىدە ئاساسلىق ھۆكۈمران ئىدېئولوگىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، كۆپ ھاللاردا ئۇ زورو ئاستىرىزم (ئاتەشپەرەسلىك) ۋە بۇددىزىم بىلەن بىللە ساقلانغان.

غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدە، جۈملىدىن ئېغىز ۋە يازما ئەدەبىيات ساھەسىدە مانىزىمنىڭ سەنئەت شەكلىدىكى كۆرۈنەرلىك ئىپادىلىرى گەۋدىلەنگەن. دەرۋەقە، مۇستەقىل دىنىي ئېتىقاد ھېسابلانغان مانىزىم، گەرچە بۇددىزىم سەنئىتىدەك كەڭ ۋە تەسىرلىك تارىخىي ئىزلار قالدۇرمىغان بولسىمۇ، يەنىلا بۇ ئېتىقادنىڭ سەنئەت، بولۇپمۇ تاشكېمىر سەنئىتىدىكى ئىزنالىرى ھەققىدە مەخسۇس توختىلىپ ئۆتمەي بولمايدۇ.

دەرۋەقە، مانى ئۇيغۇر، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىياتىدا ۋە بۇ ئەدەبىياتقا ئاساس سالغان خەلق نەزىرىدە تەڭداشسىز سەنئەتكار رەسسام ۋە ئادالەتپەرۋەر ئالىم ھېسابلىنىپ كەلدى. ئەلشىر نەۋائىي «پەرھاد ۋە شېرىن» داستانىدا:

«ختا مۇلكىدە ئېردى ئىككى ئۇستاد،
ئىكەۋلەن تەۋە ئەمەنلىخ بىرلە ھەمزاد.
لەقەبدە بىرى بانى، بىرى مانى،
بۇنى كۆرگەن تەسەۋۋۇر ئەيلەپ ئانى،
قىلىپ مىمارلىق بانى ئىشىن خاش،
كېلىپ مانى ختا مۇلكىدە نەققاش.»

دەپ ماننى جۇڭگولۇق ماھىر نەققاش ئوبرازىدا تەسۋىرلىسە، ئۇ «لىسا ـ نۇتتەيىر»(قۇشلار تىلى) داستانىدا ماننى ئالەمنى كۆركەم ياراتقان ماھىر ئىجادكار دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، گۈزەلنىڭ جامالىنى كۆرۈپ مانىمۇ غەيرەتتە قالغانلىقىنى مۇنداق يازغان:

«سۈرەتىڭدىن ئاجىز ئولسا مانى ئىرمەستۇر ئەجەب،
قايدا نەققاش ئەيلەگەي كىلكى قىزا تەسۋىرىدىن.»①

مانى ھەققىدە سابىر تىرمىزى، يۇسۇپ ئەمىرى، مەجلىسى، ئابدۇرەھىم نىزارىمۇ گۈزەل مىسرالار قالدۇرغان. ئۇلار مۇھىمى مانىزم ئېتىقادى ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى مانى نامىدا گەۋدىلەندۇرگەن تام رەسىملىرى ۋە سەھىپە سۈرەتلىرى ئۈستىدە تەسەننا ئوقۇشقان.

مانى دىنى ئىراننىڭ ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ياشىغان مانى (240 — 275) ناملىق كىشى تەرىپىدىن يارىتىلغان. مانى بابىلوننىڭ نەھر ـ قۇتا — (Kutha Naht) دەرياسى بويىدىكى مەردىنۇ (Uardinu) دېگەن يېزىدا پەتەك لەقەملىك كىشى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. مانى كىچىكىدىن ئاقساق بولۇشىغا قارىماي 24 يېشىغىچە ۋىزانتىيىدىن كەشمىر ۋە ھىندىستانغىچە (ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەن دېيىلىدۇ) كېزىپ، ھەر خىل دىني تەلىماتلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن تونۇشقان. ئۇ ساسانىيلارنىڭ پادىشاھى شاپۇر I (241 — 272) تەختكە چىقىش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەندە، بۇ مۇراسىمغا قاتنىشىپ، ئۆز تەلىماتىنى ئېلان قىلغان. مانىزم قەدىمكى بابىلون ئېتىقادى بولغان زىرىۋانىزم ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئوتتۇرا شەرققە تارقالغان زوروئاستىرىزمنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرى ئاساسىدا شەكىللەندى. زىرىۋانىزم تەلىماتى قاراڭغۇلۇق بىلەن يورۇقلۇق بىر ـ بىرىگە زىت ئىككى سۇبستانسىيە (本体)، ئالەم ئۇنىڭ ئۆزلۈكسىز كۆرۈشى دەپ قارايتتى. زوروئاستىرىزم پاك سۇبستانسىيەدىن ھاسىل بولغان يورۇقلۇق تەڭرىسى، ئاخرۇ مازدا بىلەن ناپاك سۇبستانسىيەدىن ھاسىل بولغان ئاخرۇ ماينۇ ئارىسىدىكى زىددىيەت ئالەمنىڭ نېگىزىنى ھاسىل قىلىدۇ، دەپ قارايتتى. مانى دىنى بۇ خىل ئىدېئولوگىيىلىك قاراشلارنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنى ئەينى زامان بۇددىزمىنىڭ، جۈملىدىن خرىستىئان دىنى رىم ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قورالىغا ئايلانغاندىن كېيىنكى «خرىستىئان ئاسىيلىرى» نىڭ قاراشلىرىدىن ئوزۇقلانغان ئاساستا پاكلىق ۋە يورۇقلۇقنى ئىدىئال غايە قىلغان ئۆز تەلىماتلىرىنى ياراتقانىدى.

مانى تەلىماتى «ئىككى يىلتىز، ئۈچ ئۆتكۈ (زامان)» نى ئاساس قىلغان. ئۇ يورۇقلۇق — ئىزگۈلۈك بىلەن قاراڭغۇلۇق (جاھالەت) — قاباھەتنى ئالەمنىڭ بىر ـ بىرىگە زىت ئىككى يىلتىزى (مەنبەسى) دەپ قارايتتى. مانىچە، ئەسلىدە يورۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇق چەك ـ چېگراسى ئېنىق ئىككى ئىقلىم ئىدى. ئۆتمۈش (بىرىنچى) زاماندا قاراڭغۇلۇق يورۇقلۇققا زوراۋانلىق قىلىپ، كۆرەش قوزغىدى. ھازىرقى (ئىككىنچى) زامان دەل ھەر ئىككى كۈچنىڭ كۆرەش دەۋرىدىن ئىبارەت. كەلگۈسى (ئۈچىنچى) زامان يورۇقلۇقنىڭ — ئىزگۈلۈكنىڭ غەلىبە زامانى بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى يىلتىزلىق كۈچ ئۆز دائىرىسىدە بولىدۇ، قاراڭغۇلۇق — قاباھەت زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلالمايدۇ. مانى تەلىماتىدا ئۇلۇغ نۇر تەڭرى (يارۇق بۇرھان)،

تەڭرى نۇرى (ئاي، كۈن، يۇلتۇزلار)، تەڭرى قۇدرىتى (پاك ۋە خىسلەتلىك سۇ، ئوت، شامال ۋە پاك نەپەس)، تەڭرى پاراستى (مانىزمنىڭ يەتتە دەستۇرى، ئۈچ چەكلەش، ئون قىلماسلىق[2]) دىن ئىبارەت تۆت مۇقەددەسلىك گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئالەمنىڭ قارىمۇقارشى ئىككى كۈچ كۈرىشىنى تەكىتلىگەن مانىزم پەلسەپىۋى قاراشلىرىنىڭ كونكرېت ئاساسى، مۇھىمى ئىجتىمائىي تەلىمات سۈپىتىدە تەڭسىزلىككە قارشى تەڭ تەقسىماتچىلىق ۋە مۈلۈك ئومۇملۇقى قاراشلىرىنى ئۆز پائالىيىتىنىڭ يېتەكچى پرىنسىپى قىلغانىدى. ئۈمىدسىز - روھانىيەتچىل سوپىزمغا ئوخشىمايدىغان، ئۈمىدۋار ۋە ئىنسان قىممىتى توغرىسىدىكى مانىزم قاراشلىرى بىر مەزگىل ساسانىيلار شاھلىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغانىدى. بۇ تەخمىنەن خۇددى ئۇبۇلقاسىم پىردەۋسى «شاھنامە» دە تەسۋىرلىگەندەك شاپۇر I بىلەن ھورمۇز I دەۋرىگە توغرا كەلسە كېرەك. كېيىنچە، مانى دىنى بارغانسېرى ئۈستۈنلۈك ئېلىۋاتقان زوروئاستىرىزم دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ نارازىلىقى ۋە بەھرام شاھ (273 — 293) باشچىلىقىدىكى ساسانىيلار يۇقىرى تەبىقىسىنىڭ ئۇنى باستۇرۇشى بىلەن قاتتىق پاجىئەگە ئۇچرايدۇ. مانى 275 - يىلى قەتلى قىلىندى، ئۇنىڭ جەمئىيىتى تارقىتىۋېتىلدى، مۇقەددەس دەستۇرلىرى كۆيدۈرۈۋېتىلدى. ھېكايەت قىلىنىشىچە، مانى بىر قېتىملىق ئوردىغا تەكلىپ قىلىش سۈيىقەستى ۋاستىسى بىلەن قولغا ئېلىنغان ۋە بەھرام شاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۆلتۈرۈلۈپ، تېرىسىگە سامان تىقىلىپ، ھەمەدان شەھىرىنىڭ دەرۋازىسىغا ئېسىپ قويۇلغان.

مانى ئاقساق بولۇشىغا قارىماي، ئوتتۇرا - يېقىن شەرقنىڭ كۆپ جايلىرىنى كەزگەن، ئۆز ئەسەرلىرىنى سۇرىيە تىلىدا، شاپۇر I گە ئاتىغان «شاھ بۇراگان» ناملىق كىتابىنى پەھلىۋى تىلىدا يازغان، ئارامىيە ئېلىپبەسى ئاساسىدا يېڭى بىر خىل يېزىق — مانى يېزىقى ئىجاد قىلغان، ئۇ ئۇستا رەسسام ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ رەسىملىرى ئۇ يازغان كىتابلىرىغا قىستۇرۇلغانىدى.

مانى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆپلىگەن مۇخلىسلىرى شىمالىي ئافرىقا، جەنۇبىي فرانسىيە، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىياغا قېچىپ كەتتى ۋە بۇ رايونلاردىكى ئاھالە ئارىسىدا كۆپلىگەن ھىمايىچىلەرگە ئېرىشتى. مەلۇم مەنىدە ماۋرائۇننەھر، تارىم ۋادىسى، خۇاڭخې ھەم ئورقۇن بويلىرىدا مانىزىم بازىلىرى پەيدا بولدى. ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا مانىزىم بۇددىزىم بىلەن بىللە ئىككىنچى ۋەتەنگە ئىگە بولغانىدى.

مانى دىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا مانىنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمىدىن ئىلگىرىرەك، تەخمىنەن 270 ـ يىللىرى تارقالغان. بۇ رايونلاردا بۇددىزىم سەنئىتى ئومۇمىيۈزلۈك كېڭىيىۋاتقان چاغلار ئىدى. يىپەك يولىدىكى ھارماس چاربازارچىلار ـــ سوغدىلار ئارىسىدا مانىزىم مۇخلىسلىرى كۆپ ئىدى. مانىزىم بۇ رايونلاردا مەزدەك تەلىماتىغا ئاساس بولدى. مەزدەك تەلىماتى مانى دىنى تەشەببۇسلىرىنى ئۇمىدۋارلىق بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، يامانلىق پادىشاھلىقىنى يوقىتىپ، ياخشىلىق جەمئىيىتىنى چوقۇم بەرپا قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. مانى ـ مەزدەك مۇخلىسلىرى 780 ـ يىللاردا بۇخارادا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشتى. مانى ئېتىقادى توققۇز ئوغۇزلار ئارىسىدىمۇ تارقالدى. بۇ ھەقتە ئاكادېمىك ئى. س. براگىنىسكىي «تاجىك مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» ناملىق كىتابىدا: «مانى دىنى قۇدرەتلىك ئۇيغۇر خانلىقىغا تارقالدى، ئۇيغۇرلار مەزدەك قوزغىلىڭىغا ئاۋاز قوشتى. ئۇ تەڭ تەقسىماتچىلىق تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرگەنىدى. شۈبھىسىزكى، بۇ تۈركىي تىلدىكى خەلقلەرنىڭ فارابى ۋەتىنىدىكى ئىجتىمائىي ئوتوپىيىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە تەسىر كۆرسەتكەن①» دەپ يازغانىدى.

مانىزىم تەخمىنەن مىلادىيە 5 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭغا تارقالغانلىقى مەلۇم. ئۇ، چۇ ۋادىسى ـــ سۇيئاب ـ ئاقپېشىم تەرەپتىن كىرگەن بولۇشى مۇمكىن. دۇنخۇاڭدىن

تېپىلغان ھۆججەتلەرگە قارىغاندا، ۋۇ زېتيەن پادىشاھ ۋاقتىدا، 694 ـ يىلى لوپنۇر بويىدىكى سوغدىلار رايونى بولغان تاشبالىق (石城) دا ساداقەتمەن مانى دېگەن راھىب بولغان. ئەينى زاماندا چاڭئەندە ئوينالغان «ئاقدىل مانى» (善善马尼) دېگەن نەغمىگە قاراپ، شۇ چاغدا شىنجاڭدا مانىزمنىڭ مۇزىكا ـ ئۇسسۇل جەھەتتىمۇ نەتىجىگە ئېرىشكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. تارىخىي مەنبەلەردە پودويان (拂多诞) 694 ـ يىلى چاڭئەنگە كەلگەن تۇنجى پارس مانىزم ئالىمى دېيىلىدۇ. بۇ مانى ئۆلىمالىرىنىڭ ئۇلۇغ موزاك (慕者) تىن كېيىنكى يەنە بىر دىنىي ئۇنۋانى «ئاختادان» بولۇپ، مانى دىنىنى تارقاتقۇچىنىڭ ئىسمى ئەمەس ئىدى.

كېيىنچە چاڭئەندىمۇ مانىزم ئىبادەتخانىلىرى پەيدا بولدى. بۇ يەردە ئاق بۇلۇت ئىبادەتخانىسى (白云寺) ئۇنىڭ مۇئەسسەسى بولسا كېرەك. ئۇيغۇر ئورقۇن خانلىقى مانىزمنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، چاڭئەن ـ لوياڭلاردىمۇ مانىزم ئابرۇيى تېخىمۇ ئاشتى. بۇنىڭدىن باشقا، يىپەك يولى سودىسىدا ئۆزىنى ئۇيغۇر ئاتىۋالغان ياكى توققۇز جاۋۇپ ئۇيغۇرلىرى (九姓照武回鹘) دەپ ئاتىۋالغان سوغدىلارنىڭ تەسىرىدە مانىزم چاڭئەن، لوياڭلاردا ئىقتىسادىي ئارقا تىرەككە ئېرىشتى. بۇنى تاڭ دەۋرىدىكى شائىر لو شاڭشۇنىڭ «بۇخارا ئىبادەتخانىسى شەنىگە» ناملىق شېئىرىدىن كۆرگىلى بولىدۇ:

«ھەزرىتىم زەن قويسىڭىز ئاق باش قىرائەت شەيخىگە،
نىسپىسى قەسىر ـ ھەرەم سازەندى ھەم رەققاسىدۇر.»

بۇنىڭدا مانىزم مۇخلىسلىرىنىڭ ئاق باشكىيىمى كىيىدىغانلىقى، دىن بىلەن نەغمە ـ ناۋانى بىللە تۇتىدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

مانى مۇخلىسلىرى لوپنۇر، تۇرپاندىن باشقا، ئوردوس

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بويىدىكى «ئالتىسۇ» دېگەن جايدىمۇ كۆپ ئىدى. ئۇيغۇر قەبىلىلىرى دەسلەپتە ھەم شامانىزم تەسىرىدە سۆيگۈن (史思明) ھەم مۇقان قاغان، ئىستېمى قاغانلار قوبۇل قىلغان بۇددىزم تەسىرىدە بولغانىدى. ئىستېمى قاغان يۈلتۇز، كۇچا، چۇ ۋادىسىدا بۇددىزمغا ھامىيلىق قىلدى. ئۇنىڭ ۋارىسلىرى شۇەنزاڭغا كۆپ خەيرخاھلىق قىلغانىدى. ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ تەسىر مەۋجۇت ئىدى. قوچۇ ۋە جۇڭغارىيىدىكى ئۇيغۇرلىشىش جەريانىدا تۇرغان قەبىلىلەرگىمۇ بۇ خىل دىنىي تەسىر ئۆزىنى كۆرسەتمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

بىراق، يازما مەنبەلەردە، ئۆڭلۈك (安禄山)④ توپىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن مويۇنچور قاغاننىڭ ۋارىسى ئۆتىكىن قاغان لوياڭ ــ چاڭئەندىن قارابالغاسۇنغا قايتىشتا نىسىي قاتارلىق تۆت مانىزم ئۆلىماسىنى بىللە ئېلىپ كەتتى، دېيىلگەن. بۇ چاغدا قاغان دىنىي ئىسلاھاتقا موھتاج بولۇپ، مانىزمنى كۆپ ئېتىقادلىقتىن، دۆلەت دىنى قىلىش ئارقىلىق كىشىلەر قەلبىنى ۋە ئىرادىسىنى بىرلەشتۈرۈشنى ئويلىغان بولسا كېرەك. ئۆتىكىن قاغان نەزىرىدە، شامانىزم دەۋردىن چەتتە قالغان، بۇددىزم تولىمۇ سىپايىلىقنى تەلەپ قىلغاچقا، ئۇيغۇرلارنىڭ جەڭگىۋارلىق روھىيىتىگە لايىق كەلمىگەن، پەقەت مانىزم جەڭگىۋار ھەم ئۈمىدۋار تەلىمات بولۇپ كۆرۈنگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۆتىكىن قاغان تۆت مانى ئۆلىماسى بىلەن ئۇچۇق - يورۇق سۆزلەشكەن ۋە مانى دىنىنى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ جەڭگىۋار ئېتىقادى قىلىپ تىكلىگەن.

ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەن ۋە ئادىئېزلار باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تارىم - تۇرپان ئويمانلىقىغا يۆتكەلگەن، ياغمىلار باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى گەنجۇ (نەنسەن) ئەتراپلىرىغا يۆتكەلگەندىمۇ ئۇلار ئورتاق مانىزم ئېتىقادىدا ئىدى. ئەمما، بۇ رايونلار بۇددىزم گۈللەنگەن رايونلار

ئىدى. ئۇيغۇر ـ ئادىئېز قەبىلىلىرىنىڭ ئولتۇراقلىشىشى، ئۇلارنى نىسپىي مەنىدە يايلاق تىپىدىكى جەڭگىۋار تۇرمۇش شەكلىدىن، بوستانلىق تىپىدىكى تېرىقچىلىق تۇرمۇشى شەكلىگە ئۆتۈشتىن ئىبارەت تارىخىي خاراكتېرلىك بۇرۇلۇشقا ئېلىپ كەلدى. بۇ جەريان تەدرىجىي، ئەمما كۆرۈنەرلىك تېزلىكتە ئورۇندالماي يىپەك يولىدا قەد كېرىپ تۇرغىلى بولمايتتى. ماددىي ـ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى بۇ ئۆزگىرىشلەر، ئۇيغۇرلارنى، ھەتتا پۈتكۈل ئىدىقۇت خانلىقىنى مانىزمدىن بۇددىزمغا ئۆتۈشكە ئېلىپ كەلدى. تەخمىنەن مىلادىيە 866 ـ يىلىدىن كېيىنكى بىر ئەسىرگە يەتمىگەن ئارىلىقتا ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ماھايانا بۇددىزمىنىڭ ئېتىقادچىلىرى بولۇپ قېلىشتى. ئەمما، بۇ مانىزم پۈتۈن ئېتىقادتىن قالدى ۋە چەكلەندى دېگەن سۆز ئەمەس، ئەلۋەتتە. بىز مەسئۇدىنىڭ «ئالتۇن يايلاق» ناملىق كىتابىدا، توققۇز ئوغۇزلاردا مانىلار بولغانلىقى ھەققىدە يازغانلىرىنى، جۈملىدىن سۇڭ تەيزۇڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن 939 — 1006 ـ يىللىرى 100 كىشىلىك ئەلچى ئۆمىكىنى باشلاپ قوجۇغا كەلگەن ۋاڭ يەندېنىڭ ئىدىقۇتتا بۇددا دىنىدىن باشقا، «پارس راھىبلىرى» شۇغۇللىنىدىغان مانى دىنىنىڭ بارلىقى توغرىسىدا بەرگەن ئۇچۇرىنى بىلىمىز. ئەرەب ساياھەتچىسى تەمىم ئىبن بەھر ئىدىقۇتتا مانى مۇخلىسلىرىنىڭ بارلىقىنى يازغان. مانىزم بۇددا دىنى بىلەن بىللە راۋاجلاندى، ھەتتا سالماقلىق بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت تەسىرىنى قالدۇردى.

## 2. مانىزم ۋە ئۇيغۇرلار

مانى دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا مۇھىمى سوغدى ۋە «توققۇز جاۋۇپ ئۇيغۇرلىرى» دەپ ئاتالغان توخارلار ئارقىلىق ئومۇملاشقان. بىز مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى تەرىپىدىن روشەنلەشتۈرۈلگەن مانىزم

تەسىرى ۋە تەسۋىرىي سەنئىتى تۇرپان دىيارىدا دەپ قارىغانىدۇق. ھازىر بىرقەدەر ئېنىق بولغان مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، مانى دىنى سىر دەرياسى ۋادىسىدىكى فاراب، ئىسپىجاپتىن تاكى لوپنۇر ۋادىسىدىكى سۇغدى بىرچەكلىرى (ئاھالە رايونلىرى)، تۇرپان، دۇنخۇاڭ، ئالتىسۇ ۋە سېلىنگا دەرياسى ۋادىسىغىچە يېتەرلىك تەسىر قالدۇرغان. بىز كروران ـ لوپنۇر ۋادىسىنىڭ ئىلگىرى ئېغىر ۋەيران بولۇپ كەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن ئۇ يەرنىڭ مانىزم ئېتىقادى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. بىز يېقىندىن بېرى تۇرپان بېزەكلىكتىكى ۋە دۇنخۇاڭ موگاۋكۇ تاشكېمىرلىرىدىكى بىر قاتار كېمىر ياكى تام رەسىملىرىنىڭ مانىزمغا ئائىتلىقىنى بايقاۋاتىمىز. ئۇيغۇر خانلىقىدا خېلى زامان دۆلەت دىنى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن، دۇنخۇاڭدا ساۋ (كابودان) جەمەتى ھاكىمىيىتى سۇپىتىدە مىلادىيە 10 ـ، 11 ـ ئەسىرلەردە ھۆكۈم سۈرگەن سۇغدى ھاكىمىيىتى ساقلانغانلىقىنى تولا ۋاقىتتا دىققەتتىن چەتلەشتۈرۈپ قويىمىز. مېنىڭچە، كوشان خانلىقىنىڭ ھالاكىتى، بۇددىزمنىڭ قەندىھار ـ باميان لىنىيىسىدە خارابىلىشىشى بىلەن كۆپلىگەن توقۇز جاۋۇپ بۇددىستلىرى مانىمزغا ئۆتكەن. مەلۇم مەنىدە، ئىسلامىيەتنىڭ ماۋرائۇننەھردىكى كۈرەشلىرى مۇھىمى مانى تۈركلىرى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان.

ھازىر 914 — 1002 ـ يىللىرىغىچە، ساۋ جەمەتى ھاكىمىيىتى ۋە كېيىنكى گەنجۇ (دۇنخۇاڭ) ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى دەۋرىدىكى دۇنخۇاڭ تاشكېمىرلىرى مەخسۇس تېما سۈپىتىدە ئېنىقلانغىنى يوق. روشەنكى، دۇنخۇاڭ قولىيازمىلىرىدىكى ئۇيغۇر ـ سۇغدى مەنبەلىرى تاشكېمىرلەردىن ئايرىلغان يەككە ھادىسە ئەمەس. ئالىملار بەزىدە بۇددا، بەزىدە «ئىران تەسىرى» دەپ قاراۋاتقان بىر قاتار ئوبيېكتلارنىڭ مانىزم — سۇغدى تەسىرىگە ئالاقىدار بولۇشى تولىمۇ ئېھتىمال.

گەردىزىنىڭ «زەينۇل ئاخبار» (گۈزەل خەۋەرلەر) ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە يېزىلىشىچە، قوچۇ ئۇيغۇر خانى مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، ھەر كۈنى 300 ــ 400 كىشى مانى ئىبادەتخانىسى ئەتراپىغا توپلىشىپ مانى دىني كىتابىنى قىرائەت قىلىشقان⑤. بارتولد «كاتولوگ» (目录) ناملىق كىتابتىن نەقىل كەلتۈرۈپ، توققۇز ئوغۇزلارنىڭ خاقانى سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ سەمەرقەنتتە ياشاۋاتقان مانى دىنى مۇخلىسلىرىغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇ يەرگە ئادەم ئەۋەتىپ، سامانىيلار خانىغا: قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىكى مۇسۇلمانلار سامانىيلار سۇلالىسىدىكى مانى مۇخلىسلىرىدىن نەچچە ھەسسە نۇرغۇن ئىكەنلىكىنى، ئەگەر سامانىيلار سۇلالىسىدىكى مانى مۇخلىسلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىنسا، قوچۇ خانلىقى زېمىنىدىكى مۇسۇلمانلارغىمۇ زىيانكەشلىك قىلىنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان. بۇنىڭدىن قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىدە بۇددىزىم ۋە مانىزمدىن تاشقىرى، يەنە مۇسۇلمان ئاھالىسىنىڭ بولغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

تۇرپاندىن تېپىلغان ئىككىنچى مانى تۈركۈمگە (ئىككى ئانچىم تېگرىلەر) قاراشلىق مانى ئىبادەتخانىسىنى باشقۇرۇش نىزامىغا قارىغاندا، مانى دىنى ۋە مانى ئىبادەتخانىلىرى پائالىيىتى ھوقۇق ھەم زور ئىقتىساد بىلەن تەمىنلەنگەنلىكى مەلۇم. نىزامنامىدە: «ئۇلۇغ قۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر دۆلىتى»نىڭ مانى دىنىنى قوغدايدىغانلىقى، ئۇلارغا بېرىلگەن ئىمتىياز ۋە راسخوت، باش راھىب «ئېۋىرخان تەڭرى موزاك»، باش ئۆلىما «ئاختادان»، ئەر ـ ئوپاس، ئايال ـ ئوپا سانىغ راھىب ـ راھىبەلەرنىڭ ھوقۇق، ۋەزىپىلىرى، جارچى (شىرۇخان)، تېۋىپ (ئوتاچى)، مالچى (سۇگۇچ)، جېسەكچى (يارغان) ۋە جازا (قاۋرىق) قاتارلىقلارنىڭ ئىش ـ ئەمەللىرى يېزىقلاشتۇرۇلغان. بۇ مانىزمنىڭ ئىمتىيازلىق ئۇستقۇرۇلما ھالىتىدە تۇرغانلىقىنى كۆرستىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىدىقۇت خارابىلىرىدىن ۋە قەغەز سەھىپىلىرى بىلەن يىپەك ـ كەندىر رەختكە سىزىلغان رەسىملەرگە قارىغاندا مانىزم مائارىپى ئالىي مائارىپ كۆرۈنۈشىنى بەرگەن. ئوخشاش كېيىنگەن، قەلەم تۇتۇپ خەت يېزىۋاتقان كۆرۈنۈشنى بىز تېخى بۇددا تام رەسىملىرىدىن ئۇچراتمىدۇق.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا (ئېھتىمال ئىلگىرىكى ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى، كېيىنكى گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە ساجۇ ساۋ جەمەتى ھاكىمىيىتىدە) مانىزم مۇخلىسلىرى 840 ـ يىلىدىن كېيىن مانىزم تەقىب قىلىنغان چاڭئەن ـ لوياڭ ۋە ئىران ئەللىرىدىكىدەك مەخپىي پارول بىلەن ئالاقىلىشىدىغان خۇپىيانە تەشكىل قۇرۇشقا ھاجەتسىز بولسا كېرەك.

ئىدىقۇتتا ئاپىرىنچورتېكىن قاتارلىق مانىزم غايىسىدىكى شائىرلار، يۇلتۇز تېكىندەك ساداقەتمەن مانىزم شاھزادىلىرى بولغان.


مانى مۇخلىسلىرى جاپاغا چىدامىلىق بولۇش، ئۆزىنى تىزگىنلەش، ئۆزئارا ھەمكارلىشىشنى تەلەپ قىلاتتى. ئىبادەتتە مانىغا بېغىشلانغان قەسىدە «مەھرنامەك» قىرائەت قىلىناتتى. بۇ قەسىدە ئۇيغۇر تىلىدا:

«ئالقۇ بىش ئاژۇنلارنىڭ ئومۇغى،
ئارىيىشار يىلتىزنوم ... چى.
ئايانچاڭ كۆڭۈلىن يۇتۇگۇ،
ئاياغلىغ ئاتلىغ قاڭىم مانى بۇرقانىم.»⑥

دەپ باشلىنىپ ئوقۇلاتتى. ئۇ پۈتۈنلەي باش قاپىيىلىك ئۇيغۇر ئۇسلۇبىدا بولغانلىقى بىلەن مەزمۇنى دىنى، شەكلى ئۇيغۇر شېئىرىنىڭ بىر نەمۇنىسىنى كۆرسىتەتتى.

مانى دىنىدىن بۇددىزمغا ئۆتكەندە ئۇيغۇر بۇددىستلىرى مانىزمدا ئىشلەتكەن بىر يۈرۈش دىنىي ئىبارىلەرنى مانى

دىنىدىكى ئاتالمىغا بۇددىچە مەنە بېرىپ ئىشلەتتى. مەسىلەن، «براخما» نى «ئارۇئا» دەپ، «ئىندرا» نى «خورمۇزدا» دەپ، «بۇددىھا» نى «بۇرھان» (بۇرقان) دەپ، دىنىي سۇترا ـ نوملارنى «نوم» دەپ، «نىرۋانا»نى «نىرۋانىخ» دەپ قوللانغان. يەنە ئۆزلىرىگە خاس ئۇيغۇرچە ئاتالغۇلارنى قوللانغان. مەسىلەن: «قايتا ئۆلۈپ ـ تۇغۇلماق» نى «تۇغۇمۇغ ئاژۇنۇخ» دەپ، «ئازاب» نى «ئادالار» دەپ، «قۇتۇلۇش» نى «ئۇززۇن» دەپ ئالغان. مانى دىنىمۇ دۇنيانىڭ ئازابلىقى، ئالتە ئاداشتۇرغۇچى سەزگۇ، قۇتۇلۇش، قايتا ئۆلۈپ ـ تىرىلىش ۋە خاتىرجەملىك ماقامى — نىرۋانا ھەققىدە سۆزلىگەن. مانى يېزىقىدا قوچۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ ۋەكىللىرى مەيدانغا كەلگەنىدى.



91 ـ رەسىم.

گابائىن خانىمنىڭ «ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىدە تۇرمۇش» ناملىق كىتابىنىڭ 86 ـ، 91 ـ، 150 ـ بەتلىرىدە قوچۇ مانىزىم مۇخلىسلىرىنىڭ ئاقسۆڭەكلەرچە كىيىنىشلىرىنى، ئۇلار ئومۇمەن باشلىرىغا چېكىلىكسىز ئاق باشكىيىمى كىيىدىغان، مەيدىلىرىگە ئىزناك ياكى مېدالىئوندەك نەرسە تاقىۋالغانلىقىنى يازغان ۋە بۇنى شۇ كىتابىنىڭ 113 ـ، 114 ـ رەسىملىرىدە سىزىپ كۆرسەتكەن (79 ـ رەسىمگە قارالسۇن). يۇقىرىدىكى رەسىم ئاق يۈز نىقابى (پەرەنجە) لىك، چېكىلەكسىز ئاق قالپاق كىيگەن ۋە قالپاق لېنتىسىنى ساڭگىلاتقان ئايالنىڭ ۋە تۆۋەندىكىسى چېچىنى تارىغان، بېشىغا قىزىل لېنتىلىق ئاق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قالپاق كىيگەن ئەركەك مانى راھىبىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى. مانىلارنىڭ خۇددى خانلاردەك چېچىنى ئۇزۇن قويۇشىدىن ۋە كىيىنىش ئالاھىدىلىكىدىن ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي مەۋقەسىنى باھالىغىلى بولىدۇ. بىز ئەگەر تۇرپان ئىدىقۇت خارابىسى بىلەن بېزەكلىك قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان ئۇيغۇر خانلىرى ۋە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ بىر قاتار رەسىملىرىگە قايتا نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، مانىزم ئالامەتلىرىنى ياكى بۇددا ـ مانىزم ئارىلاشما كىيىنىش ئۇسلۇبىنى ھېس قىلىمىز.

### 3. غەربىي يۇرتتا تېپىلغان مانىزم تەسۋىرىي سەنئىتى

مانىزم ــ سەنئەتخۇمار ۋە سەنئەت ۋاستىسى بىلەن ئۆز ئەقىدىلىرىنى كەڭ تارقىتىشقا يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلگەن دىن بولۇشى بىلەن بىللە، ئۇ ھەيكەلتىراشلىق بىلەن (ئېكون ياساش بىلەن) شۇغۇللانمىغان. ھەيكەللەرگە چوقۇنماسلىق مانىزمنىڭ بىر نىزامى بولغان. مانىزم ــ تام ۋە سەھىپە (رەخت) رەسىملىرىگە، مۇزىكا ۋە تەسىرلىك شېئىرىيەتكە بېرىلگەن.

شىنجاڭ تاشكېمىرلىرى ۋە دىنىي ئىبادەتخانا خارابىلىرى بىلەن كىتاب ـ قولىيازمىلار كۆپرەك تېپىلغان ئورۇن ئىدىقۇت شەھەر خارابىسى، بېزەكلىك بولدى. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قولىيازمىلاردىمۇ بۇ جەھەتتىكى يادىكارلار خېلى كۆپ.

ئىدىقۇت شەھەر خارابىسى بىلەن مۇرتۇق ـ بېزەكلىك خارابىلىرىدىن تېپىلغان رەسىملىك كۆرۈنۈشلەرگە نەزەر سالغىنىمىزدا، مانىزم ئاسمان ئىلاھلىرى بىلەن راھىبلارنىڭ رەسىمى كەينىگە نۇر چەمبىرەكلىرى سىزىلغان. كۈن بىلەن يېڭى چىققان ئاي (شەمسى ـ قەمەر) بەلگىسى تولا ھاللاردا مانى دىنى ئىجادچىسى مانى ئوبرازىغا قوشۇمچە قىلىنغان.

گرونوۋېدىل بىلەن فون لېكوك تۇرپان ئىدىقۇت شەھەر خارابىلىرىگە يېقىنلاشقاندا دېھقانلار بىر دانە ھازىرلا ئېچىلىپ

چىققان تەڭداشسىز مانىزم تام رەسىمنى ئۇلارغا ساتقان. بۇ رەسىمدە كېلىشكەن، بېشىدا نۇر ھالىقىسى چاقناپ تۇرغان مانىنىڭ ئوبرازى، ئەتراپىدا ئەر - ئايال راھىبلار قىياپىتى سىزىلغانىدى. بۇ ئېيتىلىشىچە، دۇنيادا يېگانە ئۇچرىغان مانى تەسۋىرلەنگەن نادىر ئەسەر ھېسابلىنىدىكەن. ئۇلار بۇ تام رەسىمنى بېرلىنغا ئېلىپ كەتكەن.

مانى دىنى يەتتە ئىبارىسىنى ئۇلۇغ بىلگەنلىكىنىڭ سەۋەبى ئېنىق ئەمەس. مانى دەستۇرلىرىمۇ يەتتە مۇقەددەس كىتابتىن تەشكىل تاپقانىدى. تۇرپاندىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مانىزمغا ئائىت كىتابلاردىن «ئالەم بىنا تەلىماتى»، «ئىككى يىلتىزلىق نوم» (二宗经)، «مانى راھىبلىرىنىڭ ئىستىغپار نامىسى» (مۇئاسىت ۋانفىت — 摩尼教徒阡悔录 )، «مانىغا مەدھىيە» (Mahrnamag — 摩尼赞诗) قاتارلىق نوم - قەسىدىلەر تېپىلدى.

مانى مۇخلىسلىرىنىڭ ئېتىقادى كونا بابىلون زىرىۋان ئېتىقادىدىن باشلانغان. ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا، سومېرلار ئىران ئېگىزلىكىگە ئېلىپ كىرگەن مۇنەججىملىك ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغانىكەن. ئۇلار ھەپتىنى يەتتە كۈنگە ئايرىپ، ئۇنى تۇپراق، سۇ، يەل، ئوت، ئالتۇن، كۈن، ئاي دەپ ئاتىغان. بۇ ئادەت ھازىر يىپەك يولى يادنامىسى سۈپىتىدە ياپونىيىدە قوللىنىلماقتا. 12 يىلنى توشقان، كالا، يولۋاس قاتارلىق 12 ھايۋان نامىدا ئاتاش ئادىتى مەركىزىي ئاسىيالىقلار سىياقىدىكى مانى مۇخلىسلىرىدىمۇ شۇنداق ئىدى.

مانىزم سەنئەتكارلىرى تولىراق مانى ئىبادەتگاھلىرى ۋە ئوقۇش يۇرتلىرىغا گۈزەل تام رەسىملىرى سىزغان. ھازىرغىچە مەلۇم بولۇشىچە، ئىدىقۇت شەھىرىدىكى مانى ئىبادەتخانىسى تېمىدىن مانى ۋە ئۇنىڭ مۇخلىسلارغا تەلىم سۆزلەۋاتقان رەسىمى تېپىلغان. بۇ رەسىمدە چوڭايتىپ سىزىلغىنى مانى، ئەتراپىدىكى ئاق قالپاقلىقلار ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى دەپ قارالماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىدىقۇتتىكى ئىبادەتخانا خارابىسىدىن بىر ۋاقىتتىلا ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۆلۈكلەرنى تويلاپ قويغان ئۆيدىكى قۇرۇپ كەتكەن جەسەتلەر ۋە ئۈزۈلگەن خىش پارچىلىرى ئارىسىدىن مانى ئېتىقادىدىكى ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ رەڭدار تام رەسىمىدىن سۇنغان نەمۇنە چىققان. بۇ خانىۋەيرانلىق ئىدىقۇتتا موڭغۇللار ئۇرۇشى ياكى خىزىر خوجا «غازات» چىلىرى ۋاقتىدا بولغان بولۇشى ئېھتىمال.

غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدە مانىزم تەسۋىرىنىڭ ئاز ساقلانغانلىقى مەسىلىنىڭ مۇھىم تەرىپى بولسىمۇ، بۇ مۇتلەق مۇھىم تەرىپى ئەمەس. لوپنۇر ۋە ئىدىقۇت خارابىلىرىدە نابۇت بولغانلىرى بىزگە مەلۇم ئەمەس. شەخسەن مەن تۇرپان مۇرتۇق ـ بېزەكلىكتىكى قايتا سۇۋالغان ياكى ئۈستىگە قايتا كېسەك كېمىر تىزىپ ئىشلەنگەن تاشكېمىرلەرنىڭ ئاستىنقى كېمىرلىرىدە مانىزم تېمىسىغا ئائىت تام رەسىملىرى بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلايمەن. چۈنكى، ئاستىنقى قەۋەتتىكى تاشلانغان رەسىملەردە كونا ئۇيغۇر يېزىقى قالدۇقلىرى كۆپرەك كۆزگە تاشلانغانلىقىنى كۆرگەنىدىم.

مانىزم سەنئەتكارلىرى ۋە خەتتاتلىرى كىتاب سەھىپىلىرىگە گۈزەل تەسۋىرىي رەسىملەرنى سىزغان. مەزمۇنەن ئالغاندا بەزى سەھىپە رەسىملىرىدە نۇتۇق سۆزلەۋاتقان ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ سۆزىنى ئىخلاسمەنلىك بىلەن خاتىرىلەۋاتقان شاگىرتلار سىزىلغان. ئەپسۇسكى، ئۇستاز ئوبرازى ياخشى ساقلانمىغان. مانى سەھىپە رەسىملىرى شەكلەن ئالتۇن ھەل بىلەن، كۆك، قىزىل، سېرىق رەڭلەردە ئادەم، قۇش ۋە گۈل ـ گىياھلار تەسۋىرىدە بېزەلدۈرۈلگەن، ئۇنىڭدا بەرباب، داپ ۋە نەي چېلىۋاتقان سازەندىلەر رەسىملىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئەينى زامان ئىدىقۇت ئۇيغۇر مانىستلىرىنىڭ تۇرمۇشى، ئىبادىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان رەڭدار رەسىملەرمۇ تېپىلغان.

تۇرپاندىن تېپىلغان يىپەك، كەندىر ۋە تېرىگە ئىشلەنگەن



92- رەسىم. دۇنخۇاڭ تاشكېمىرلىرىگە سىزىلغان نېستورىئان پوپىنىڭ رەسىمى

رەسىملەر ئارىسىدىمۇ ئۇيغۇر مانىلىرىنىڭ قويۇق ئوبرازى بېرىلگەن.

فون لېكوك «جۇڭگو تۈركىستانىدىكى گۆھەرلەر» ناملىق كىتابىدا، ئۆزىنىڭ بىر كىتاب ئۆيىدە سودا نەملەنگەن شۇنچە كۆپ كىتابلارنى كۆرگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدىكى گۈزەل بېزەكلەرنى كۆرۈپ ھەيران قالغانلىقىنى، ئەمما قول ئۇزارتقان ھامان تىتىلىپ كېتىپ، قولغا ئېلىشقا مۇمكىن بولمىغانلىقىنى ئەپسۇسلىنىپ يازغان.

كىتاب مۇقاۋىلاش، نەقىشلىك سەھىپىلەر ئىشلەش، ھۆسنخەتچىلىك مانى ئۇيغۇرلىرىدىن مەركىزىي ئاسىيا كىتابچىلىقىغا ئەنئەنە بولۇپ قالغاندى. بىز بۇنى ئىران مانى مۇخلىسلىرىدىمۇ ئۇچرىتىمىز. «شاھنامە»، ھەر خىل «خەمسە» داستانلىرى، «بابۇرنامە» دىكى رەڭدار قىستۇرما (مىنىراتۇرا) رەسىملەرگە مانى سەنئەتكارلىقى ئۇسلۇبى تەسىر قىلماي قالمىدى. سابىر تىرمىزى (؟ — 1151).

«باھار پەسلى كېلىپتۇر، يەڭگى تارەخى باھار ئەيلە.
ئۆيۈڭنى قەندىھار بۇتخاناسىدەك لالىزار ئەيلە.»
«بولدى باغ بۇتخانا يەڭلىغ لالەگۈللەر ھۆسنىدىن،
راستىنى ئىبىتسام چىنۇ قەشقەرلىق سەنەملەر بەرق ئۇرار.»

دەپ يازغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇنى قوشۇپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىدىقۇت شەھەر خارابىسىدىن خىرىستىئان ئاسىيلىرى دەپ ئاتالغان نېستورىئان ئېتىقادىغا ئائىت قىممەتلىك تام رەسىملىرى تېپىلغان. رەسىمدە يەنىلا قوشۇما قاش، قايرىما ياقا، ئۆتۈك كىيگەن يەرلىك ئاھالىنىڭ مەي قاچىسى ۋە گۈل تۇتۇپ تۇرغان ئەنئەنىۋى ئۆمۈر تىلەش پائالىيىتى تەسۋىرلەنگەن. نېستورىئان دىنىغا ئائىت تام رەسىملىرى دۇنخۇاڭ تاشكېمىرلىرىدىنمۇ تېپىلغان.

ئىزاھلار:

① مەنىسى مۇنداق: «سۇرىتىڭنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرۈپ مانى ئۆز ماھارىتىنىڭ بۇنداق ھۆسن ـ جامالىنى سىزىشقا ئاجىزلىقىنى ھېس قىلىسا ھەيران بولما، تەڭرىدىن باشقا قايسى نەققاش ئۆلۈم ھادىسىسى توغرىسىدىمۇ قەلەم تەۋرىتەلىگەن.»

② مانىزمنىڭ يەتتە دەستۇرى. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان «مانى نۇر بۇرھان ئېتىقادنامىسى» (摩尼光佛教法仪) ناملىق كىتابتا مۇنداق ساناپ كۆرسىتىلگەن: «چەكسىز تۇمەن قائىدىلەر يىلتىزى بولمىش ئەقىل دەستۇرى»، «پاك روھلارنىڭ خەزىنە نومى»، «قائىدە نومى»، «خۇپىيانە قائىدە نومى»، «ئۆتمۈشنى ئىسپاتلاش نومى»، «باھادىرلىق نومى»، «مەدھىيە (ماھىرنامەگ) نومى» دىن ئىبارەت. ئۈچ چەكلەش — ئېغىزدىن (ھاراق ئىچىش، يالغان سۆزلەش، گۆش يېيىش) چەكلەش؛ قولنى (يامان ئىش ـ ھەرىكەتتىن) چەكلەش؛ كۆكرەكنى زىنادىن چەكلەش بولۇپ، ئوننى قىلماسلىق: بۇتقا چوقۇنماسلىق، يالغان سۆزلىمەسلىك، خىيانەت قىلماسلىق، قاتىللىق قىلماسلىق، زىنا قىلماسلىق، ئوغرىلىق قىلماسلىق، كاززاپلىق قىلماسلىق، ئەپسۇنگەرلىك قىلماسلىق، ئالا كۆڭۈل بولماسلىق ۋە ھورۇنلۇق قىلماسلىقتىن ئىبارەت ئىدى.

③ ئى. س. بىرگىنىسكى: تاجىك مەدەنىيىتى تەتقىقاتى»، 1977 ـ يىلى موسكۋا رۇسچە نەشرى، 272 ـ بەت.

④ ئۆگلوكنى ياپونىيە ئالىملىرى ئەن (安 — بۇخارا) روشەن، دەپمۇ تەلەپپۇز قىلىدۇ.

⑤ ياكوۋىسكىي: «ئەرەب - پارس مەنبەلىرىدە 9 -، 10 - ئەسىرلەردىكى تۇرپان ئۇيغۇر خانلىقى ھەققىدىكى مەنبەلەر»، («شەرق مەدەنىيەت ۋە سەنئەت تارىخى تەتقىقاتىغا دائىر ئەمگەكلەر»)، 4 - توپلام، 1947 - يىلى لېنىنگراد نەشرى، 423 -، 443 - بەتلەر.

⑥ يەشمىسى:

بەش تۇرلۇك ئالەمنىڭ ئۇمىدى،
ئارىياشار يىلتىزلىق نوم ... چى.
ساڭا قەلبىمدىن ئىتائەت قىلىمەن،
ھۆرمەت ۋە شۆھرەتلىك ئاتىمىز — مانى بۇرھانىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئونىنچى باب

# غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىدىكى ئېتنىك ئالاھىدىلىك ۋە ئېستېتىك ئۇسلۇب

## 1. غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىدىكى ئېتنىك ئالاھىدىلىك

كارل ماركس: «مىسىر ئەپسانىلىرى ھەرگىزمۇ گرېك سەنئىتىنى پەيدا قىلىدىغان تۇپراق ياكى بالىياتقۇ بولالمايدۇ» دەپ توغرا ئېيتقانىدى. ھەرقايسى مىللەت ۋە دۆلەت خەلقى ئۆزىگە خاس، تىپىك ئېتنىك مەدەنىيەتنى يارىتىدۇ، راۋاجلاندۇرىدۇ، ھەرگىزمۇ باشقا مىللەت ۋە دۆلەت خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس، تىپىك مىللىي مەدەنىيىتىنى ئۆز دىيارىدا، ئۆز خەلقى ئارىسىدا كۆرگەزمە قىلىش ياكى ئۆز مەدەنىيىتى قىلىپ نامايان قىلىش جەريانىنى پەيدا قىلمايدۇ. ھازىرغىچە بولغان ھەقىقىي مەدەنىيەت تارىخىدا، مەيلى يىراق قەدىمكى زاماندا بولسۇن، مەيلى يېقىنقى زاماندا بولسۇن، ئۆزىگە خاس مىللەت روھىيىتىنى گەۋدىلەندۈرمىگەن، «ئەسلىدىن مەدەنىيىتى بولمىغان تەبىئىي مىللەت» بولغان ئەمەس.

غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدىكى بىناكارلىق سەنئىتى، ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى، رەسساملىق سەنئىتى، ئۇسسۇل ـ مۇزىكا ـ تىياتىر سەنئىتى جاۋاھىراتلىرىنى كىم ياراتقان؟ بۇ جاۋاھىراتلار كىم ئۈچۈن يارىتىلغان؟ بۇ جاۋاھىراتلاردا كىمنىڭ ئىجتىمائىي ئوبرازى، ھەرىكەت رىتىمى، مەنىۋى مېلودىيىسى گەۋدىلەندۈرۈلگەن؟ بۇ مىسلىسىز جاۋاھىراتلارنىڭ كۈچلۈك

ئىزناسى ۋە چاقناق شولىسى ھازىر شىنجاڭدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى داۋامىدا ئىپادىلەنگەنمۇ، يوق؟ مانا بۇلار بىزدىن غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ ئېتنىك ئالاھىدىلىكىنى مۇھاكىمە قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

بىز مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىغا كەلگەن چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى، خۇسۇسەن ئاۋرېل ستەيىننىڭ يازغان ئەسەرلىرى بىلەن ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۇئەللىپلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىن داۋاملىق ئىلمىگە يات سادالار ئۈزۈلمەي چىقىپ تۇردى. ئۇلارنىڭ تارىخىي پاكىتقا زىت «مەدەنىيەت دىففۇزىيىسى» ۋە «غەرب مەركەز» نەزەرىيىلىرى شۇنچە تېتىقسىز ۋە بىر ـ بىرىگە زىت بولۇشىغا قارىماي، «ئىلىم نوپۇزى» ھەيۋىسىدە يېڭى قەلەم ئىگىلىرىنى قايمۇقتۇرۇپ كەلدى. ئۇنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۆۋەندىكىچە ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن:

— غەربىي يۇرتتا ئەسلىدىن مەدەنىيەت بولمىغان. غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى ھىندىستان مەدەنىيىتىنىڭ ئېشىندىلىرىدىن ھاسىل بولغان.

— بۇددىزم تارىم ئويمانلىقىدىكى بىچارە ھالەتتە تۇرغان دىنىي ئېتىقاد، بىلىم ۋە تۇرمۇشقا نىسبەتەن ناھايىتى روشەن تەسىر كۆرسەتكەن ھادىسە بولدى. بۇددىزم جۇڭگو چېگرا رايونىدىكى ياۋايى مىللەتلەرنى ئاقارتتى.

— جاڭ چيەن (مىلادىيەدىن ئىلگىرى؟ — 127) غەربىي يۇرتقا كەلگەندە، بۇ يەردىكىلەر ئۇرۇقداش قەبىلىلەر ھالىتىدە تارقاق ياشايتتى.

— غۇز (胡) ئىبارىسى ئىران ـ ساسانىيلارنى كۆرسىتىدۇ.

— بۇ يەردىكىسى ھىندىستان بۇددىزمى، گرېك سەنئىتىدىن ئىبارەت.

— كۇسەن تام رەسىملىرىنىڭ ئالدىنقى دەۋرى قەندىھار،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېيىنكى دەۋرى ئىران ئۇسلۇبىغا مەنسۇپ.

— بۇ يەردىكى ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى گرېكلارنىڭ تەسىرىگە ناھايىتى قاتتىق ئۇچرىغان شەرقىي ئىران، شىمالىي ھىندىستاندىن كەلگەن. بىز ھازىرغىچە قەدىمكى ئاسمان مالائىكىلىرى رەسىمىنى گرېكلاشقان ئوتتۇرا شەرقتە قانداق ھەل قىلىدىكىن، دەيمىز. مەن ئۆزۈمنى جۇڭگودىكى بۇددا بىھارىسىدا ئەمەس، بەلكى سۈرىيە ياكى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقىي ئۆلكىلىرىدىكى بىرەر داچىدا تۇرغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن. تاشىلا① پادىشاھىنىڭ يارلىقىنىڭ تېپىلغانلىقىغا قارىغاندا، بىر زامانلاردا خوتەن ئۇنىڭ مۇستەملىكىسى بولغان بولۇشى مۇمكىن.

— جۇڭگودا يالىڭاچ رەسىم سىزىش ئەنئەنىسى بولمىغان. قەدىمكى گرېتسىيە سەنئىتى ئادەم بەدىنىنى سىزىشنى ئاساس قىلغان. ئۇنىڭ تەسىرىدە ھىندىستان سەنئىتى ئادەمنى تەسۋىرلەيدىغان ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلدى. بۇددىھانىڭ بىرىنچى ئوبرازىنى ياراتقان گرېكلار بولدى.

— بۇددا تاشكېمىرلىرىدە قايىنام شەكلى، نەقىش تۇۋرۇك، پۆپۈك ۋە لېنتىلار پۈتۈنلەي گرېك سەنئىتىگە مەنسۇپ.

— شىنجاڭنىڭ ئەسلىدىكى ئاھالىسى ئىران ئېگىزلىكىدىكى ئاھالە بىلەن بىر سىستېمىغا تەۋە، سوغدى تىلى تۈرك تىلى سىستېمىسىغا تەۋە بولۇپ، ئىران تىلى بىلەن بىر تۈرگە ياتىدۇ. غەربىي تۈركلەر ئىرانلاردۇر.

... ...

ۋەھاكازا، ۋەھاكازالار.

مەن ئاۋرېل ستەين (چەت ئەلدىن)، شاڭ دا (جۇڭگودىن) نىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغاندىن سىرت، باشقا مۇئەللىپلەرنىڭ نامى ۋە ئەسەرلىرىنى تىلغا ئېلىشتىن ئۇيالدىم. ئۇلاردىكى ئاساسىي ئىبارىلەرنى ئېيىنەن، ئەمما كۆرسەتكۈچسىز يېزىپ چىقتىم. مېنىڭچە، بۇ يېتەرلىك! ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە

بىر ـ بىرلەپ توختىلىش بىلەن ئۆز كىتابىمىنىڭ بايان قىلىش ئىزىدىن چىقماقچىمۇ ئەمەسمەن.

* * *

ھەممىمىزگە روشەنكى، گرېتسىيە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تارىخىدا تۇنجى قېتىم مىسىر، مىسوپوتامىيە، ھىندىستان، يىراق شەرق مەدەنىيەتلىرى (بولۇپمۇ سىمىلىيان ۋە سىكتايلار ئارقىلىق)نى زور دەرىجىدە قوبۇل قىلىپ، ئالەمشۇمۇل تارىخىي خاراكتېرلىك مەدەنىيەت تىپى ياراتقان تىپىك قۇلدارلار دۆلىتى ئىدى. ئۇ ئۆزى تەلىم ۋە تەسىر ئالغان ئۇستازلىرىدىن ھالقىغان، ئەسلىدىكى گرېك مەھەللىي مەدەنىيىتىدىن ھالقىغان، ئۆز ـ ئۆزىدىن ھالقىغان بىرىنچى دۇنياۋى سىنكرېتىك مەدەنىيەت ياراتتى. گرېك مەدەنىيىتىنى «مەدەنىيەت دىففۇزىيىسى» ۋە «غەرب مەركەز» نەزەرىيىسى بويىچە چۈشەنگىلى، چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. ئانتىك، كلاسسىك گرېك مەدەنىيىتى ـ ئېللىنىزم ھادىسىسى — سىنكرېتىك ھادىسىدىن ئىبارەت، بۇنداق مۆجەسسەملىكنىڭ ئانا گەۋدىسى شۈبھىسىزكى كونا گرېك مەھەللىي مەدەنىيىتىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە ئەمەس.


گرېكلار ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىش يادنامىسى سۈپىتىدە گرېكلەشكەن دۆلەتلەر سىستېمىسى ۋە شەرق ئېللىنىزمىنى پەيدا قىلدى. شەرق ئېللىنىزمى ماھىيەتتە ئوتتۇرا ـ يېقىن شەرق، شىمالىي ھىندىستان، ماۋارائۇننەھردىكى ھەم بۇ يەردىكى يەرلىك مەدەنىيەتلەرگە تەسىر كۆرسەتكەن، ھەم بۇ رايونلاردىكى يەرلىك مەدەنىيەتلەردىن ئوزۇق ئالغان، شەرق ئۇسلۇبىغا ئۆزلەشكەن گرېك مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇنداق شەرق ئېللىنىزمى مەدەنىيىتى ئىسكەندەرنىڭ غەلىبىلىرىگە قارىغاندا، ئۇنىڭ مەغلۇبىيىتى، چېكىنىشىدىن كېيىن، ئەسىرلەر داۋامىدا، مەدەنىيەت

www.uyghurkitap.com

تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىگە مۇناسىپ ھالدا، تەدرىجىي شەكىللەنگەن.

گرېك مەدەنىيىتى ئىران، ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستان ۋە جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىغا بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ تەسىر پۈتكۈل يىپەك يولى ئالاقىلىرى تارىخىدا شەرق ـ غەرب خەلقلىرى ئارىسىدىكى كۆپ قىرلىق ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئېقىمىنى شەكىللەندۇردى. بۇددىزمنىڭ شەرق ئېللىنىزمى تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى ئىنكار قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بىر قاتار رايونلاردا گرېك تەسەۋۋۇرى، ئەپسانىلىرى ۋە ھەيكەلتىراشلىق ئۇسلۇبىدىكى بۇددىزم سەنئىتى نامايەندىلىرى، بۇددىھا ھەيكەللىرى ياسالغانلىقى روشەن پاكىت. شىمالىي ھىندىستاندىكى گرېك پادىشاھلىرىدىن «مىلاندا پانھا» (Milanda panha — 弥兰王问经)ناملىق بۇددا سۇترىسىدا تەرىپلەنگەن مىلاندادەك گرېك شەخسلىرىنى ساكيامونى گرېك ئېتىقادىدىن بۇددىزمغا جەلپ قىلالىغان.

مەسىلە شۇ يەردىكى، ھىندىستاندا ساكيامونى ئوبرازى تۇنجى ئادەم تەسۋىرىي ئوبرازى ئەمەس. ساكيامونى «ئاق پىل»، «نىلۇ-



93 ـ رەسىم. گرېتسىيىدىكى ئافىنادا مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 9 ـ، 7 ـ ئەسىرلەردە ياسالغان كوزىغا سىزىلغان دەپنە مۇراسىملىرى رەسىمى




94 ـ رەسىم. ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى دالۋېرزىن تېپەدىن تېپىلغان تارغاق. مىلادىيە 2 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ بۇ تارغاققا يېرىم يالىڭاچ يەرلىك قىزلار تەسۋىرى چېكىلگەن

پەر»، «چاق»، «فىكوس (ئەقىل) دەرىخى» ئار-قىلىق سىمۋوللۇق تەرزدە ئىپادە قىلىن-غان. قاپارتمىلىق ھەي-كەللەردىمۇ كۆپلىگەن ئادەم، دىۋە ـ پەرى (天王与飞天) كۆرۈ-نۈشلىرى ئىشلەنگەن.

ئوخشاشلا بۇددىزم سەنئىتى كەڭ تارقالغان دۆلەت ۋە رايونلار ئۇ-چۇنمۇ ئادەم تەسۋىرى ئوبرازى پەقەت بۇددىزم سەنئىتى بىلەنلا كىرىپ كەلگەن ئەمەس. ئىنسا-نىيەت مەيلى ئۆزىنى ياكى ئۆز نەزىرىدىكى ئىلاھ ـ مەبۇدلارنى ئىپتىدائىي تۇرمۇش سەپىرىدىلا ياغاچلار، تاشلار ۋە يۇمشاق مېتاللارغا سىزىپ كەل-گەن. ئەگەر ئوخشاپ كېتىدىغان پۈتۈن سەنئەت ۋە مەدەنىيەتنى كۆپ مەنبەلىك، كۆپ خىل پاراللېل ئاپىرىدە بولغان دەپ قارى-ماستىن، پەقەت گرېكلارنىڭ ئەۋرىشكىلىرى بويىچە تەسۋىرلى-نىپ ياسالغان دېيىلسە، 81 ـ رەسىمدىكى مىلادىيەدىن ئىلگىرى-كى 9 ـ ، 8 ـ ئەسىرلەردە ياسالغان ئافىنا كوزىسىدىكى ئادەم رەسىملىرى بىلەن شىنجاڭ قۇتۇبى ناھىيىسى كاڭجا شىمىنىزى (قىزىلتاش) قىيا تاشلىرىغا چېكىلگەن 120 كۇادرات مېتىردىكى نەچچە يۈز ئۇسسۇلچىنىڭ ئۈچ بۇرجەك كۆكسى، ئىنچىكە قولى،

ئۇزۇن پۇتى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرغان ۋە تامامەن ئافىنا كوزىسە-
دىكى ئادەم قىياپىتىگە ئوخشايدىغان رەسىم تۇركۇملىرىنى
قانداق ئىزاھلاش مۇمكىن②؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ قىيا رەسىم-
لىرى پۈتۈنلەي يالىڭاچ سىزىلغان. ئويلايمەنكى، بىزنىڭ پلانىت-
تىمىزدا مۇنداق رەسىملەر ياكى ئوخشاپ كېتىدىغان مەدەنىيەت
مۆجىزىلىرى بۇنىڭ بىلەن چەكلەنمىسە كېرەك. ۋەھالەنكى،
ھىندىستان ئارخېئولوگى مالاشۋام (马拉师珑互密) ئەڭ دەس-
لەپكى ساكيامونىنى ئادەم قىياپىتىدە ئىجاد قىلغان سەنئەت
گرېك سەنئىتى بولماستىن، بەلكى ماتورا (株菟罗) بۇددا سەن-
ئىتىنى ياراتقانلار، دېگەن ھۆكۈمنى چىقاردى③.

قاناتلىق «پەرىشتە»، «مالائىكىلەر» نوقۇل گرېك
تەسەۋۋۇرىنىڭ مەھسۇلى بولمىسا كېرەك. «ئادەم» بىلەن
«قانات»نى بىرلەشتۈرۈپ تەسەۋۋۇر قىلىش قوشما تەسەۋۋۇرنىڭ
ئەركىن خىزمىتى سۈپىتىدە تولىمۇ سىرلىق نەتىجە ئەمەس.
گرېكلار مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 7 ـ ئەسىردە سىكتايلار
ئارقىلىق جەڭ هارۋىسىغا ئات قوشۇشنى، ئاتتىن پايدىلىنىشنى،
بىۋاستە ئاتقا مىنىش تېخنىكىسىنى ئۆگەندى. بىز مىلادىيەدىن
ئىلگىرىكى 7 ـ ئەسىردە ياسالغان ساپال كوزىنىڭ سىرتىغا
تۇنجى ئاتلىق ئادەم تۇركۇملىرىنىڭ سىزىلغانلىقىنى كۆرىمىز.
ۋەھالەنكى، بۇنىڭدىن بىر ياكى ئىككى ئەسىر كېيىن ياسالغان



95 ـ رەسىم. قاناتلىق تاغ تېكىسى ۋە چەۋەنداز

ئافىنا كوزىلىرىدا ھارۋىغا چىقىۋالغان گىرېكلار تەسۋىرى بېرىلگەنىدى. قاناتلىق ئوبرازلار گرېك كوزىلىرىغا ئەڭ دەسلەپ ئىسپارتادا ياسالغان كوزىغا سىزىلغان، يەنە كېلىپ گرېكلارنىڭ شۇ زاماندىكى سەنئەت ئۇسلۇبىغا لايىق سىزىلغان. بىز غەربىي يۇرت قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدا برونزا قوراللار دەۋرىدە قاناتلىق تاغ تېكىسى ۋە قاناتلىق چەۋەنداز ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن بۇيۇملارنىڭ بولغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ مەسىلىدىمۇ مۇتلەق بىر مەركەز ۋە «مەدەنىيەت دىففۇزىيىسى» نۇقتىئىنەزەرلىرىگە كۆچەپ بېرىلىشىنىڭ ئورنى يوق.

ئىران — قەدىمكى مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن بىرى بولغان مىسوپوتامىيە مەدەنىيىتىنىڭ قانۇنىي ۋارىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرا - يېقىن شەرق مەدەنىيىتىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇنىڭ ئاخمېندلار دەۋرى ۋە ساسانىيلار دەۋرى ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئىران مەدەنىيىتىنىڭ ئىككى چېچەكىنى ئېچىلدۇرغان: ئۇ شەرقتىمۇ، غەربكىمۇ كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. ئەمما ئىراننى «غەرب مەركەز» قاراشلىرى بويىچە، گرېك مەدەنىيىتىنىڭ نوقۇل شەرقىي قانىلى قىلىپ قويغىلى بولمايدۇ. ئىران مەدەنىيىتىدىمۇ مىللىي - مەھەللىي مەدەنىيەتنى غول قىلغان ھالدا شەرق، غەرب مەدەنىيەت سىنكرېتىزمىنىڭ بىر قاتار تارىخىي قاتلاملىرى بولغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلغىلى بولمايدۇ. «شەرقىي ئىران نەسلى»، «شەرقىي ئىران مەدەنىيەت تەرتىپى» ئىبارىلىرى ئېنىق سۈپەت ئېنىقلىمىسىغا ئىگە قىلىنىشى، پارسلار بىلەن پامىر - لوپنۇر ساكلىرى پەرقلەندۈرۈلۈشى، غەربىي يۇرت ۋە غۇز ئىبارىلىرى ئەينى زاماندىكى ئاساسلىق قاراتمىلىقى ۋە ئۇنىڭ ھەممىدىن ئىلگىرى تارىم ئاھالىسىنى، مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنى كۆرسىتىدىغانلىقى روشەن تەكىتلىنىشى لازىم. مېنىڭچە، «شەرقىي ئىران» ئىبارىسى مىلادىيەدىن خېلىلا ئىلگىرى دارانىڭ تەسىر دائىرىسىدە، ئەمما ئۇنىڭ قارشى قانىلىق جەڭلەر ئىچىدىكى ماۋرائۇننەھرنى ۋە ئۇنىڭ ساك، سۇغدى ئاھالىلىرىنى

ئۆز ئىچىگە ئالماسلىقى، ھەتتا ئۇلۇغ توخرىيلار — كوشانلار، جۈملىدىن قەندىھار سەنئىتى «شەرقىي ئىران» دېگەن مۇقىمسىز جۇغراپىيىلىك نام ئاستىدا مۇقىم ئېتنولوگىيىلىك نام بولۇپ قالماسلىقى كېرەك④.

ھىندىستان قەدىمكى كۆپ مىللەتلىك مەدەنىيەتلىك ئەل. ھىندىستانغا مەركىزىي ئاسىيا باغرىدىن سىكتاي ـ ئارىئان قەبىلىلىرىنىڭ كۆپلەپ كۆچۈپ كېلىشى، ھىندىستان مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزىي ئاسىياغا ئۇزاق ۋە سالماقلىق بىلەن تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئىنكار قىلىش مۇمكىن ئەمەس. مەركىزىي ھىندىستاندا ياكى ئۇنىڭ شىمالىي قانىتىدا سىكتايلار، ئۇلۇغ توخرىلار (كوشانلار)، ئېفتالىتلار قەبىلىلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي تىللىق خەلقلەردىن غەزنەۋىلەر، بابۇرىلار ئۆز ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزگەن. ھىندىستان بۇددىستلىرىمۇ ئوتتۇرا ئاسىياغا، ھەتتا جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىگە مىڭ يىللاپ ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ھەشەمەتلىك بۇددىزم ئەقىدىلىرىنى يەتكۈزگەن.

* * *

جۇڭگونىڭ غەربىي ساھىلى — ھازىرقى شىنجاڭ رايونىنىڭ يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا بەلۋېغىغا جايلاشقانلىقى، ياپلاق ـ بوستانلىق مەدەنىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۇنىڭدا مىلادىيەدىن ئىلگىرىلا شەھەر ـ قەلئە سودا ئىگىلىكى ۋە شەھەر مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ يەرنىڭ خەلقى پاسسىپ ئۆتەڭكەش سۈپىتىدىلا ئەمەس، ئاكتىپ كارۋان سودا ئەھلى ۋە ئاكتىپ مەدەنىيەت سىنكرېتىزمچىلىرى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى. بىز قەدىمكى بالبال (سىنتاش) لاردا قولىغا قەدەھ تۇتقان ئادەم ئوبرازلىرىنى ئۇچراتتۇق (ئالاقىدار رەسىملەرگە قارالسۇن). بىز كارۋان سودىسىدا قولىغا قەدەھ ۋە چالغۇ

ئەسۋابلىرى تۇتقان ئادەمنىڭ ئوبرازلىرىنى ئۇچراتتۇق. ھازىرمۇ قولىغا قەدەھ، پىياله تۇتۇپ، دوستلۇقنى كۈيلەيدىغان گۈزەل ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرى بۇ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىنى ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرماقتا.

غەربىي يۇرت ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك مۇھىتتىن ئىبارەت بىر ماكان. «چۆللۈك ـ بوستانلىق — چۆللۈك ـ بوستانلىق»، مانا بۇ ئۇنىڭ فورمۇلىسى. غەربىي يۇرت، بولۇپمۇ تەكلىماكان قۇم دېڭىزىنىڭ تۆت ئەتراپى ئېگىز تاغلار قورشاۋى ئىچىدىكى چۆللۈك ـ بوستانلىق سىخېمىسى بويىچە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن بالدۇرلا شەھەر ـ قەلئە دۆلەتلىرى بولۇپ شەكىللەندى. بۇ خۇددى نۇرغۇن «ئارال ـ دېڭىز قولتۇقى ـ ئارال» فورمۇلىسىدىكى قەدىمكى گرېتسىيە شەھەر دۆلەتلىرىدەك كۆرۈنۈشتە بىر ـ بىرىدىن مۇستەقىل تۇرسىمۇ ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا، مەدەنىي ئالاقىدە بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالىغان ئەمەس. ئۇلار ئۆزئارامۇ، باشقا رايون، خەلقلەرگىمۇ ئىشىك تاقىۋېلىش، ئۆز ـ ئۆزىنى قامال قىلىش يولىنى تۇتمىغان. بۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ھالاكەت نىشانى ئىدى. بۇ خۇسۇسىيەت چوڭ تىپتىكى، كۆچلۈك مەركەزلەشكەن يېزا ئىگىلىك رايونى بولغان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن پەرقلىق ھالدا، تۇرمۇش زۆرۈرىيىتى بىلەن شەھەر ئىگىلىكىنى ھەممىدىن مۇھىم ئورۇنغا قويۇشقا ئېلىپ كەلدى. شەھەر ـ قەلئە ئىگىلىكى، شەھەر ـ قەلئە مەدەنىيىتى، شەھەر ـ قەلئە پىسخولوگىيىسى تەدرىجىي، ئەمما پۇختا راۋاجلاندى. بۇ شەھەر ـ قەلئەلەر چەكسىز ئىگەي دېڭىزىدەك، بەھەيۋەت قۇم دېڭىزىدىكى كىچىك ـ كىچىك ئارال سىياقىدىكى بوستانلىقلارنىڭ ھاياتىي ئىقتىدارىنىڭ پەقەت تۆت تەرەپ بىلەن ئالاقىلەشكەندىلا مەۋجۇت بولالايدىغانلىقىنى ھەر مىنۇت جاكارلاپ كەلگەن ! بۇ تېخى كىشىلەر كۆڭۈل بۆلمىگەن مۇھىم بىر مەسىلە.

غەربىي يۇرت شەھەر ـ قەلئەلىرى ئەتراپتىكى تېرىقچىلىق

ۋە تاغ ئارىلىرىدىكى چەكلىك ـ چەكلىك يايلاقلار ئىگىلىكىنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ، شۇ ئاساستا شىمال ـ جەنۇب ۋە شەرق ـ غەرب ئالاقىلىرىگە پائال ئىشتىراك قىلدى. بۇ جەريانىدا داۋاملىق كۆچەيگەن شەھەر ـ قەلئە دۆلەتلىرى ئۆزى ئىگىلىگەن زېمىنىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى، سۇغىرىش ۋە سىرتقى سودا سىستېمىسىنىڭ ئەۋزەل ياكى ئەمەسلىكىگە قاراپ، بىر ـ بىرىنى ھالاك قىلىپ، ئۇدۇن، ساكارائول، سۇلې، كۈسەن، كروران، قوچۇ قاتارلىق بىرقانچە يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنى شەكىللەندۈردى. بۇ ئىچكى تەرەققىياتنىڭمۇ تەقەززاسى، شۇنىڭدەك سىرتقى خەلقئارا سودىنىڭمۇ تەلىپى ئىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا كۈسەن يەنىلا ئىقتىسادىي تۇرمۇش بىلەن مەدەنىيەت تۇرمۇشى جەھەتتە سۇلې، ئۇدۇن، كروران، قوچۇ ۋە توققۇز جاۋۇپ (九姓照武) قاتارلىق بوستانلىقلارنىڭ مەدەنىيەت چەمبىرىدە ئالدىنقى ئورۇن تۇتقان ۋە باشلامچى رولىنى ئوينىغانىدى.

كۈسەن جۇغراپىيىلىك مۇھىت جەھەتتە تەڭرىتاغلىرى بىلەن تارىم ۋادىسى ئارىسىدىكى چوڭ بىر بوستانلىقتا جايلاشقان. ئۇنىڭ ئەتراپىغا بىرقانچە كىچىك بوستانلىقلار(يۇرتلار) جايلاشقان. كۈسەن ئەتراپىدىكى تاغلار ــ چۆلتاغ، قورۇقتاغدىن توشقان، قۇمئېرىق، قىزىل، مۇزات، ئۆگەن دەريالىرى ئېقىپ چىققان بولۇپ، يەر ـ سۇ مۇھىتى ئالاھىدە ئەۋزەللىككە ئىگە ئىدى. كۈسەنىنىڭ قاتناش ـ ئالاقە مۇھىتى ياخشى بولۇپ، شىمالدا مۇزداۋان ئارقىلىق ئىلى ۋادىسىغا، ئۆچتۇرپان ئارقىلىق ئىسسىقكۆل ــ سۇيئاپ ۋادىسىغا، غەربتە قەشقەر ـ خوتەنلەرگە، شەرقتە قاراشەھەر بىلەن تۇرپان دىيارىغا، جەنۇبتا كورلا ئارقىلىق لوپنۇر تەرەپكە قاتنايدىغان كۆپ يۆنىلىشلىك يوللار بار بولۇپ، بۇ يوللار ئۇنى بىر يۆنىلىشتە يىپەك يولى ئالاقىلىرىگە تۇتىشىدىغان يۇرتلاردىن ئېيتقۇسىز ئەۋزەللىككە ئىگە قىلغان. بۇ ئەۋزەللىك ئۇنىڭ سودا ـ تىجارەت

ئىقتىسادىدىن ئىبارەت بولغان. كۆسەن مىلادىيەنىڭ بېشىدىلا ئۆز ماكانىنى ئەرەبلەرگە تارتقۇزۇپ قويۇپ، بۇ يۇرتلارغا كۆپلەپ كۆچۈپ كەلگەن سوغدىلاردىن خېلى ئىلگىرى يىپەك يولى سودىسىغا كىرىشكەن. نەتىجىدە ئۇ خۇددى «جىنىنامە. ئەتراپتىكى ياقا يۇرتلار تەزكىرىسى» بىلەن شۈەنزاڭنىڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» ناملىق كىتابىدا يېزىلغاندەك، بىرقانچە ئۇچقات سېپىللىق شەھەر ۋە باشقا شەھەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەھەر ئىگىلىكى چەمبىرىنى تەشكىل قىلالىدى. خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىشىدا يالغۇز يەنچېڭ شەھىرىنىڭ سېپىلى ئۇچقات بولۇپ قالماي، توپو (托浦)، ئۇچقات سېپىلى، چوڭ شەھەر (顷希阿尔)، بوستانتوغراق، تاشدۆڭ، يانتاق قەدىمكى شەھەرلىرىمۇ كاتتا بولغان. ئۇ بۇ يەردىن 33 دانە چوڭ تىپتىكى هاراق ساقلايدىغان تۇڭلارنى تاپقان. قىزىل 13 - كېمىردە تۆگە، ئات، ئېشەك كارۋىنى رەسىمىدىن باشقا، قىزىلغا 21 - كېمىرگە دېڭىز كېمىسىنىڭ رەسىمى سىزىلغان.

ئېيتىش كېرەككى، مۇنداق ئىچكى ۋە خەلقئارا سودا ئىگىلىكى بولمىسا، نەچچە يۈزلىگەن تاشكېمىرلەرنى بىنا قىلىپ، مىڭلاپ راهىب، بىكسۇلار ۋە بىكسۇنىلارنى تەمىنلىگىلى بولمايتتى. بىز شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدىكى هۆكۈمرانلاردىن يى چۈشەن (伊阙山) نىڭ ئاران ئۈچ كېمىرنى بىنا قىلىشقا 800 مىڭ ئەمگەك كۈچى قىممىتىدىكى چىقىم خىراج قىلغانلىقىنى ئەسلىگىنىمىزدە، كۆسەن تاشكېمىرلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە گەرچە تەدرىجىي بولسىمۇ قانچىلىك زور چىقىم كېتىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. بۇنداق چىقىمنى نوقۇل دېھقانچىلىق كىرىمىگە تايىنىپ هەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس!

كۆسەندە شەهەر مەدەنىيىتى چوڭ تىپتىكى تەسۋىرىي سەنئەت، ناخشا - ئۇسسۇل - تىياتىر سەنئىتى، شەهەر مائارىپى ۋە يازما ئەدەبىياتى ئۇچۇن قۇلايلىق شارائىتلارنى ياراتتى. ئۇزاق

داۋام قىلغان تىنچ مۇھىت بۇ جەھەتتىكى باشلانغان ھەربىر قەدەمنى ئاخىرىغا يەتكۈزۈشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. كۇسەن مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى ئۆز تەرەققىياتى تارىخىدا ئۆزگە خاس ئېتنولوگىيىلىك پۇراقنى يارقىن گەۋدىلەندۈرىدىغان كۇسەن ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈردى. بۇ ئۇسلۇب كىيىنىش، تارىنىش، مۇزىكا ــ ئۇسسۇلدىن تاكى تاشكېمىر سەنئىتىگىچە بولغان مەدەنىيەت ساھەلىرىدە خاس ــ ئورىگىناللىق پەيدا قىلدى. بۇ، دېھقانچىلىق ۋە ھۈنەر ــ سودا ئىگىلىكى، خەلقئارا شەھەر، ئوچۇق مەدەنىيەت ۋە رەڭدار سەنئەتنىڭ روياپقا كېلىشىدىكى ئىجتىمائىي ئالدىنقى شەرتلەر توغرىسىدىكى قىسقىغىنا بايانىمىز.

* * *

غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى ئۆزىنىڭ ئېتنولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە ھىندىستان بۇددىزم سەنئىتىگىمۇ، دۇنخۇاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەردىكى بۇددىزم سەنئىتىگىمۇ ئوخشىمايدۇ. بۇ جەھەتتە تۆۋەندە قىسقىچە سېلىشتۇرما تەھلىل ئېلىپ بارىمىز:

تارىخىي جەھەتتىن ئالغاندا، ھىندىستان بۇددا سەنئىتى ئاسوكا دەۋرىدىن تاكى مىلادىيە 8 ــ ئەسىردە ئەمەلدىن قالغۇچە بىر قاتار باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتتى. ئۇ مىلادىيە 4 ــ، 5 ــ ئەسىرلەردىكى گۇپتا (笈多) سۇلالىسى دەۋرىگە يەتكەندە تىپىك ۋە كلاسسىك ھىندى ئېستېتىك غايىلىرى بىلەن بەدىئىي ئۆلچەملىرىگە لايىق ئېتىنىك ۋە بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرىنى روشەن تىكلىۋالدى. ئۇنىڭ تىپىك يادىكارلىقى جامالپور (ھازىرقى بىخار) بىلەن مارگاداۋادىن تېپىلغان ئىككى ھەيكەلدىن ئىبارەت.

ئاجانتا تاشكېمىرلىرىدىكى مىلادىيە 4 ــ، 5 ــ ئەسىرلەرگە مەنسۇپ ھەيكەل ۋە رەسىملەردە ئىپادىلەنگەن ئۇچ قاتلىما

(Tribhenge) فىگۇرىلىق ئوبرازلار قەندىھار سىنكرېتىك بۇددا سەنئىتىدىن كېيىنكى ھىندىستان سەنئىتىنىڭ خاس مىللىي ئۆلگىسى دەپ قارالماقتا.

ئاجانتا تاشكېمىرلىرىدە بۇددىھانىڭ يۈزى سوزۇنچاق، كۆزى كۇنجۇت يوپۇرمىقى ياكى نېمۇن دەرىخى (楝树) يوپۇرمىقىدەك، ئاغزى يۇمۇق، يەلكىسى پىلنىڭ بۇرنىدەك ئەگرى سىزىق، تاپىنى نىلۇپەر يوپۇرمىقىدەك سىزىلغان. ئۇلار بۇددىھا ئوبرازىنى گۈل - گىياھ ۋە تەبىئەت ئۆلگىسىدە سىزىشنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان.

بامىياندا ئاسمان مالائىكىلىرىنىڭ بەدىنىنىڭ يۇقىرىسى يالىڭاچ، تۆۋەن قىسمى كىيىنگەن ھالەتتە، ئىككى پۇتىنى بىر - بىرىگە چاپلاپ ئۇچقان ھالەتتە سىزىلغان.

دۇنخۇاڭ تاشكېمىرلىرىدە شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىدىن باشلانغان بۇددىھا ۋە بۇدساتۋالار ئوبرازلىرى ئومۇمەن ئورۇق - ياغاقىراق، يالىڭاچ ھالەتتىن قاچقان، سۇرلۇك ھەم ئۆزىنى قورۇۋالغان (收敛) ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن. ئېگىزقوم (موگاۋكو) كېمىرلىرىدىكى ئاسمان مالائىكىلىرى كۇسەندىن ئاز ھەم تولىسى ئۇزۇن - ئۇزۇن تاۋار - دۇردۇن لېنتىلارغا پۇتىنى يوشۇرۇپ، تولۇق كىيىنىپ، شامالغا تايىنىپ ئۇچىدىغان ھالەتتە سىزىلغان.

كۇسەن تاشكېمىرلىرىدە ئادەم قىياپىتى، بولۇپمۇ ساكيامونى دومىلاق يۈزلۈك، بەش ئەزا يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر - بىرىگە يېقىنراق مەركەزلەشكەن، بەش ئەزا سىرتىدىكى يۈز سەتئىسى كەڭ، كۆزلىرى چوڭ، قوشۇما قاش، قاڭشارلىق، بوينى توم، ئاغزى كىچىك، يۇقىرى كالپۇكى نېپىز، تۆۋەن كالپۇكى سەل قېلىنراق قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. كۇسەن تاشكېمىرلىرىدە ئاسمان مالائىكىلىرىنىڭ بېشىغا نۇر چەمبىرىكى سىزىلغان، بەدىنىنىڭ ئۇستۇنكى قىسمى يالاڭ، ئاستىنقى قىسمى ئېتەكلىك كىيىندۇرۇلگەن، ئۇچقاندا ئىككى پۇتى بەزىدە ئاچا ھالەتتە، بەزىدە ئەركىن ھالەتتە، ھەر ھالدا ئىككى پۇتى چاپلاشمىغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com



96 ـ رەسىم. مىلادىيە 9 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ ئۈچ قاتلىما فىگۇرىدىكى ئۇسسۇلچى

ھالەتتە سىزىلغان. كۇسەن تاشكېمىرلىرىكى بۇددىھا ۋە بۇدساتۋالار بېشىغا ئۈنچە ـ مارجانلىق تاج تاقىغان. ھەرىكەت جەھەتتە تىپىك ئۈچ قاتلىما ـــ (Z) شەكلىنى ئەمەس، گۈزەل ئەۋرىشىملىكنى ـــ (S) شەكلىنى قوللانغان. تاقلىما (出胯) ۋە ساغرىنى سىلكىش (扭腰) ھالەتلىرى كۆرۈلمىگەن. كىيىنىش جەھەتتە يەرلىك كىيىم ئاساس قىلىنغان. بولۇپمۇ ساخاۋەت ئۈچۈن كەلگەن كىشىلەر كۆرۈنۈشلىرىدىن ئۈتۈك، تاسما، قاپچۇق، قايرىما ياقىلىق كىيىم، يەرلىك چاچ پاسونى، ئەسكەرلەردە قىلىچ ـ خەنجەر، شاھانە تاج ۋە باشقا باشكىيىمى، ئات ۋە قوش ئۆركەش تۆگە قاتارلىق مىللىي تۇرمۇش بۇيۇملىرى گەۋدىلەنگەن. بۇ ھالەت فاشيەندىن ۋاڭ يەندېگىچە غەربىي يۇرتقا كەلگەن ساياھەتچى ۋە ئەلچىلەرنىڭ خاتىرىلىگەنلىرى بىلەن ئوخشاش بولغان. ھەتتا ئاۋرېل ستەينمۇ «غەربىي يۇرتنىكى

ئارخېئولوگىيە خاتىرىلىرى» دە: مىران ئىبادەتخانىلىرىغا سىزىلغان «ھېكمەت ئاڭلاش» رەسىملىرى بىلەن «بۇددىھانىڭ يارالمىش قىسمەتلىرى» توغرىسىدىكى رەسىملەردە ئادەملەرنىڭ كۆزلىرى چوڭ ـ چوڭ، كىيىنىشى مەركىزىي ئاسىياچە، دەپ يازغان.

1971 ـ يىلى خېنەن ئۆلكىسى ئەنياڭ ناھىيىسىنىڭ خۇڭخېدۇن (洪河屯) يېزىسىدىكى شىمالىي چى سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى فەن سۇي (范粹) نىڭ قەبرىسىدىن تېپىلغان چۆگۈننىڭ بىقىنىغا تۆت سازەندىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان بىر ئەركەكنىڭ ئوبرازى بېرىلگەن. بۇنىڭدىن باشقا شەنشى ئۆلكىسىدىكى شىڭپىڭ ماۋلىڭ (兴平茂陵) بۇتخانىسىنىڭ ئۇل تېشىغا كۇسەنچە كىيىنگەن ئەركەكنىڭ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئوبرازى ئويۇلغان. بۇ رەسىملەر ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلىرىگە ئوخشايدۇ. كۇسەن ياكى ئىدىقۇت ئاھالىسىنىڭ چوڭ قايرىما ياقىلىق كىيىنىشى تاشكېمىر ۋە جەسەت كۇلى قۇتلىرىغا سىزىلغان رەسىملەردىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرى ھىندىستان بۇددىزمى ۋە ھىندىستان بۇددىزم سەنئىتىنىڭ كۈچلۈك ئىلھامىدا، يەرلىك ئاھالە ۋە بۇددىزم مۇخلىسلىرىنىڭ پىداكارانە تىرىشچانلىقىدا، ئەمگەكچى خەلق ۋە ئۇلارنىڭ ئوبرازلىق تەپەككۇر نامايەندىلىرى بولغان ھەيكەلتىراش، رەسسام، ئارخىتېكتورلارنىڭ كۈنى تۈنگە، تۈنى كۈنگە ئۇلاپ جاپالىق ئىشلىشى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. بۇ تارىخىي جەريانغا قەندىھار بۇددىزم سەنئىتىنىڭ كۆرۈنەرلىك رىغبىتى، ئۈلگىسى ۋە تەسىرى بولغان. مىلادىيە 3 ـ، 5 ـ ئەسىرلەردە راسا گۈللەنگەن غەربىي يۇرت، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىپتىخار تاجى بولغان كۇسەن بۇددا سەنئىتى ئىچكى ئۆلكىلەرگىمۇ، جۈملىدىن قەندىھار سەنئىتىنىڭ كېيىنكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

باسقۇچلىرىغا — ماتورا ھەم ئاجىنتا بۇددىزم سەنئىتىگىمۇ ئۆز ئەكس تەسىرىنى كۆرسەتكەن. بۇ ئومۇمىي ئۇسلۇبتا ھازىر گەرچە جۇڭگو ئۇسلۇبى دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، مۇھىمى ھىندىستان ئېتنولوگىيىسىگە خاس مىللىي ئوبرازلارنى سىزىشتىكى «كىيىمنى سۇدىن ئېلىپ كىيگەندەك» سىزىش ئۇسلۇبىدا ئىپادىلەندى.

بىز مەيلى گرېك ياكى ئىران، مەيلى ھىندىستان ياكى جۇڭگو تەسۋىرىي سەنئىتىدە بولسۇن، ئاساسلىق بىردەكلىك — گۈزەللىك ۋە يۈكسەكلىكنى قەدىرلەش، ئىلاھىي ئوبرازلارنى ئەنە شۇ گۈزەللىك ۋە يۈكسەكلىكنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىپادىلەش ئىكەنلىكىنى، ئەمما بۇ ئىلاھىي ئوبرازلارنى ئىپادىلەشتىكى گۈزەللىك ۋە يۈكسەكلىكنى يەنىلا ئۆزىنىڭ مىللىي تۇرمۇشىدىن، ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى جەمئىيىتىدىن، ئۆزىنىڭ رېئال ئادەملىرىدىن ئېلىپ، ئۇنى بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق ئىپادىلىگەنلىكىنى تەكىتلەيمىز.

## 2. غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىدىكى ئېستېتىك ئۇسلۇب

مەلۇمكى، ئېستېتىك ئۇسلۇب — سەنئەتنىڭ ئىجادىيەت خاسلىقىنى، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى بەدىئىي ئىپادىلەش ئىقتىدارى ۋە شەكلىنىڭ تەرەققىيات ھالقىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. «غەربىي يۇرت ئۇسلۇبى» سەنئەت تارىخچىلىرى شىنجاڭ تاشكېمىر سەنئىتىدىكى خاس ۋە ئەۋزەل ئۇسلۇب ئالاھىدىلىكىگە قارىتا بەرگەن بىر ئىلمىي ئىبارە.

غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرىدە ئۇنىڭ ئېستېتىك ئۇسلۇبى گەۋدىلەنگەن. بۇ بەدىئىي ئالاھىدىلىك مۇھىمى تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك ئىپادىلىنىدۇ:

## بىرىنچى، بەدىئىي ئورۇنلاشتۇرۇش گارمونىيىلىك بىر گەۋدە قىلىنغان

(1) غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى تاشكېمىر تۈركۈملىرى غايەت زور ئىقتىسادىي كۈچنى ئارقا تىرەك، ئۇزۇنغا سوزۇلغان تىنچ ـ خاتىرجەم ئىجتىمائىي مۇھىتنى ئاساسىي شەرت قىلغان، يېتەرلىك مەدەنىيەت قاتلىمى ۋە مەدەنىيەت ئىقتىدارىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان تارىخىي خاراكتېرلىك بىناكارلىق بولۇپ، مەدەنىيەت بىلەن ئىقتىسادنىڭ گارمونىيىلىك بىر پۈتۈنلۈكى ھەممىنىڭ ئۇلى ھېسابلىنىشى لازىم.

(2) غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى ھىندىيانا ـ دىيانا ئىستىقامەتچىلىكى ئېھتىياجى ئۈچۈن ھەم چوڭ مەركەزلەرگە يېقىن، ھەم ئاۋات بازار ـ راباتلاردىن يىراق، ھەم تەبىئەت ئىچىگە چۆككەن، ھەم جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ كەتمىگەن ئارىلىق گارمونىيىسى ئۆلچەم قىلىنىپ بىنا قىلىنغان تاشكېمىرلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(3) غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرى بىناكارلىق سەنئىتى بويىچە كېمىر ئۆيلەر، تۈۋرۈك مۇنارلار، يان ئىشىك ۋە ئويۇقلار، ئىچكى ۋە تاشقى خانىلارنىڭ گارمونىيىلىك بىر پۈتۈنلۈكىنى، بۇنىڭدىن باشقا ئىستىقامەت ئۆيلىرى بىلەن تۇرمۇش ھۇجرىلىرىنىڭ گارمونىيىلىك بىر پۈتۈنلۈكىنى ھەل قىلىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

(4) ھەيكەللەر بىلەن رەسىملەرنىڭ ھەر خىل ھەيكەللەر بىلەن ھەر خىل رەسىملەرنىڭ تاشكېمىر ئىچىدىكى بوشلۇقتا تۇتىدىغان ئورنىنى گارمونىيىلىك بىر تەرەپ قىلغان. ئومۇمەن، ئالدىنقى يورۇق خانىدا، مەركىزىي تۈۋرۈك باغرىدا ئويۇق ئىچىگە ياكى نېلۇپەر سۇپا ئۈستىگە ئۆرە ياكى ئولتۇرغان بۇددىھا ھەيكىلى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. تاشكېمىرلەرنىڭ ئارقا — قاراڭغۇراق خانىسىغا بۇددىھانىڭ قازا قىلغانلىقى ۋە نىرۋانىغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بارغانلىقىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئۆنىڭ ياتقان ھەيكەللىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇددا تاشكېمىرلىرىنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى بويىچە تاغ باغرىدىكى ئوچۇق ئويۇق شەكلىدە ئەمەس، يېپىق كېمىر ئۆيلەر شەكلىدە بۇددا تاشكېمىرلىرىنى بىنا قىلىش، تاشكېمىرلەرگە مەركىزىي تۈۋرۈك قويۇپ ئىككى ياندىن ئارقا خانىغا كىرىش ئىشىكى ئېچىش كۇسەن تاشكېمىرلىرىدىكى خاس بىناكارلىق سەنئىتى ئىجادىيىتى ھېسابلىنىشى كېرەك.

(5) رەسىم سەنئىتى غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇپ، ھەر خىل مەزمۇندىكى رەسىملەرنىڭ تاشكېمىر ئىچىدىكى ھەر خىل بوشلۇقلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىمۇ گارمونىيىلىك بىر پۈتۈن بولغان. تاشكېمىرلەر ئادەتتە ئالدى خانا، ئارقا خانا، ئوتتۇرا تۈۋرۈكنىڭ ئالدى ــ كەينى، ئوڭ ــ سول يېقىنلىرى (ئىشىك كارىدورلىرى)، ئۈست تورۇسى، ئوڭ ــ سول ئاساسىي يان تام قاتارلىق ماكان مۇناسىۋەتلىرىگە ئىگە ئىدى. بۇ خىل ئوخشىمىغان ماكان ــ بوشلۇقلارغا مۇناسىپ ئەڭ ئەۋزەل ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئۆزى بىر سەنئەت ھېسابلىنىشى كېرەك. كۇسەن قاتارلىق بوستانلىقلاردىكى، بولۇپمۇ كۇسەندىكى تاشكېمىرلەرگە ھەر خىل رەسىملەر مۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلغان:

ئالدى خانىغا ئەڭ ئاساسلىق چوڭ تېپتىكى تېماتىك تام رەسىمى ــ «بۇددىھانىڭ ھېكمەت سۆزلىشى» ۋە «ھېكمەت ئاڭلاش» پانورامالىرى[5] سىزىلغان. كۇسەن، شورچۇق ۋە تۇرپان تاشكېمىرلىرىدە رەڭگارەڭ ۋە تەكرارلانماس كۆركەم ھېكمەت سۆزلەش تام رەسىملىرى بولغانىدى. ئادەتتە بۇ ئاساسىي ئىجابىي تېما مەركىزىي تۈۋرۈك ــ مۇنارنىڭ ئۇدۇلىغا سىزىلغان بولۇپ، يانلىرىغا بىرقانچە قاتلام رەسىملەر ئارقىلىق ئاسمان ئىلاھلىرى، نەغمىچى مۇئەككەللەر، ھامىي بۇدساتۋالار، بۇددىھانىڭ سول ئاستىنقى يان تەرىپىدە بىلىنىپ تۇرىدىغان يەرلىك ساخاۋەتچىلەرنىڭ رەسىملىرى بېرىلگەن. «بۇددىھانىڭ ھېكمەت سۆزلىشى» پانورامالىرى ئۆز ئىچىدىنمۇ كۆپ

ئىرارخىيلىك (دەرىجىلىك) بولۇپ، ئادەملەر، ئىلاھلار، ئۇچار مالائىكىلەر، ساخاۋەتچىلەر، ھەتتا تاغ، دەرەخ، ھايۋانلارمۇ خۇددى «سۇلايمان پەيغەمبەر ئىنس ـ جىنلار ئارىسىدا» دېگەن رەسىمدەك ئۇلۇغ تەبىئەت گارمونىيىسىنى پانتاستىك ھالەتتە ئىپادىلىگەن.

تاشكېمىرلەرنىڭ ئىككى يان تاملىرىغا «بۇددىھا قىسمەتلىرى» گە ئائىت گۈزەل پانوراما رەسىملىرى سىزىلغان. ئۇنىڭ مۇھىملىرى ساكيامونىنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرىدىن ئىبارەت بولغان.

تاشكېمىرلەرنىڭ خۇددى ئاسمان سەتھىسىدەك گۈمبەز، كېمىر شەكىللىك تورۇسلىرىغا ئەپسانە خاراكتېر ئالغان، خەلق ھېكايىلىرى بىلەن يىلتىزداش بولغان «بۇددىھانىڭ يارالمىش قىسمەتلىرى» سىزىلغان. بۇنىڭدىن باشقا، «سەۋەبىيەت ھېكايىلىرى» (因缘故事)، كېيىنچە ماھايانا مەزھىپىنىڭ مىڭ بۇرھان رەسىملىرى بىلەن نەقىش رەسىملەرمۇ بۇ يەرگە سىزىلغان.

تاشكېمىرلەرنىڭ ئالدىنقى يورۇق خانىدىن ئارقىدىكى غۇۋا خانىغا كىرىش ئىشىكى خېلى كەڭ بوشلۇق بولۇپ، ئوڭ ـ سولدىكى ئىشىكلەرنىڭ ئۈستىگە ساماۋى پادىشاھلار ــ ساكيامونىنىڭ ھامىيلىرى، ئاستىغا زېمىن خان ـ پادىشاھلىرى ــ تاشكېمىرلەرنىڭ ھامىي، ساخاۋەتچىلىرىنىڭ رەسىملىرى سىزىلغان.

تۆۋرۈك تېمىنىڭ ئارقا قىسمىدىكى ئىچكى خانا غۇۋا (قاراڭغۇلۇق) بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ تۆۋرۈك ئارقىسىدىكى تېمىغا ساكيامونىنىڭ قازا قىلغانلىقى، ئۇنىڭغا يەر ـ جاھاننىڭ ماتەم تۇتۇۋاتقانلىق كۆرۈنۈشى، ئەڭ ئارقىسىدىكى ئۇدۇل تامغا ساكيامونىنىڭ نىرۋاناغا كەتكەنلىكى، سەككىز دۆلەت پادىشاھىنىڭ جەسەت كۆلىنى تالاشقانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگەرگەن (变经) شەكىللىرى سىزىلغان. بۇ ماكان، يورۇقلۇق، تېماتىك مەزمۇنلارنى ئەينى زامان ئالەم پەلسەپىسى ۋە ئىرارخىيە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

قاراشلىرى بويىچە گارمونىيىلىك بىر گەۋدە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش سەنئىتىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

### ئىككىنچى، قەدىمكى گېئومېترىيىلىك شەكىل — رومبىدىن ئىجادىي پايدىلانغان

رومبا شەكلىدىن يەنە شەكىل ھاسىل قىلىپ ئىجادىي پايدىلىنىش — شىنجاڭ تاشكېمىر سەنئىتىدىكى يەنە بىر بەدىئىي ئىجادىيەت ۋە ئېستېتىك قىممەت يارىتىش ماھارىتى.



97 - رەسىم. قارا شەھەر شورچۇق مىڭئۆيلىرى-
دىكى مىلادىيە 8 - ئەسىرگە مەنسۇپ ئۇيغۇر سا-
خاۋەتچى ئەر - ئايالنىڭ تام رەسىمى

رومبا شەكلى ئەسلىدىكى ھەرقايسى ئەللەر ۋە خەلقلەر ئىپتىدائىي تۇرمۇشىدا كەڭ قوللانغان نەقىش شەكلى، ئىپتىدائىي گېئومېتىرىيىلىك، ئابستراكتلاشقان شەكىل گۈزەللىكى نۇسخىلىرىدىن بىرى بولۇپ، بۇ شىنجاڭدا قەدىمدىن ھازىرغىچە ھۈنەر - سەنئەتتىكى مۇھىم نۇسخا بولۇپ داۋاملاشماقتا.

«بۇددىھانىڭ يارالمىش قىسمەتلىرى»، «سەۋەبىيەت ھېكايىلىرى»نى ھىندىستاندا دەسلەپتە تاش مۇنارلارغا، توغرا بۇلۇڭلۇق تۆت بۇلۇڭ شەكىللىك رامكىلارغا ياكى يۇمىلاق شەكىللىك رامكىلارغا چېكىش مەيدانغا كەلگەنىدى. بۇددىزم سەنئىتىنىڭ شەرققە تارقىلىشى بىلەن ھەرقايسى رايونلاردا بىردەك ھىندى ئۇسلۇبى ئىشلىتىلگەن

ئەمەس. بىز گاۋا ئارىلى بالابدۇر مۇنارىغا ئىشلەنگەن «جاتاكا» ھېكايىلىرىنىڭ سوقا چاسا شەكلىدە ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. جۇڭگونىڭ موگاۋكۇ تاشكېمىرلىرىدە بۇ ھېكايىلەر تۆت چاسا كاتەكچە ئىچىگە سىزىلغان.

شىنجاڭ تاشكېمىرلىرىدىكى «جاتاكا» ھېكايىلىرىنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيىتى مۇنداق تۆت نۇقتىدا گەۋدىلەنگەن: (1) قاپارتمىلىق ھەيكەل شەكلىدە ئەمەس، رەڭدار رەسىم شەكلىدە بېرىلگەن؛ (2) مۇنار - تۇۋرۇكلەر تام يانلىرىغا ئەمەس، ئاسمان شەكىللىك تورۇسلارغا سىزىلغان؛ (3) تولىراقى يۇمىلاق چەمبەر، سوقمچاق، ئۇزۇن توغرا بۇلۇڭلۇق تۆت بۇلۇڭ، تۆت چاسا شەكىلدىلا ئاماس، بەلكى رۇمبا شەكىلدىكى دائىرە ئىچىگە سىزىلغان؛ بىر ھېكايەت دۇنخۇاڭ موگاۋكۇ غارلىرىدەك بىرقانچە كاتەكچىدە كۆپ قىسىملىق ئۇلانما رەسىم قىلىپ ئەمەس، ئاساسەن بىر ھېكايىدىكى ئەڭ تىپىك، ئەڭ ھالقىلىق بىر كۆرۈنۈش گەۋدىلەندۈرۈلۈپ سىزىلغان.

شىنجاڭ تاشكېمىرلىرىدىكى رۇمبا شەكلى كۇسەن تاشكېمىرلىرىنى مىسال قىلغاندا يەنە ئۆز ئالدىغا تۆت يېڭىلىق پەيدا قىلغان:

بىرىنچى، رۇمبا شەكلى ئادەتتىكىدەك تۆت بۇلۇڭ (◇) ھالەتتە ئەمەس، بەلكى خۇددى ئوت يالقۇنى، يوپۇرماق ئۇچى، سۇ دولقۇنى قاتارلىق شەكىللەر ( - ) ئۆركەشلىك قىلىپ ئىپادىلەنگەن؛ ھەر بىر رۇمبا ئوخشىمىغان رەڭدە تۆت تەرەپتىكى رۇمبىلاردىن ئايرىلىپ تۇرغان؛ رۇمبىلارنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئاساسەن ئوخشاش بولۇش شەرتىدە، ھېكايەت مەزمۇنىغا قاراپ ئۇنىڭ ئۆركەش دائىرىلىرى چوڭراق ياكى كىچىكرەك قىلىنغان؛

ئىككىنچى، ھەرقايسى كېمىرلەردىكى «بۇددىھا يارالمىش قىسمەتلىرى»، «سەۋەبىيەت ھېكايىلىرى» بىر - بىرىدىن پەرقلىق سىزىلغان، ھەممىسى بىر خىل ئەندىزىدە سىزىلمىغان.

www.uyghurkitap.com

ئۈچىنچى، بەزى رۇمبىلارغا توغرىدىن ـ توغرا بۇددىھا ـــ ساكيامونى ئوبرازى سىزىلغان.

تۆتىنچى، بەزى تاشكېمىرلەردە بىر رەسىم بىرقانچە رۇمبىدىن ھالقىتىپ سىزىلغان.

بەشىنچى، بۇنىڭدىن باشقا غەيرىي رۇمبا شەكلىمۇ قوللىنىلغان.

يۇقىرىقىدىكىلەر شىنجاڭ بۇددا سەنئەتچىلىرىنىڭ ئاددىيلا رۇمبا ئۇسسۇلى قوللانماستىن، ئۇنىڭدا ئەركىن ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى قولانغانلىقىنى، ئالەمنىڭ ئەسلىدىن ئەركىن تەپەككۇر ئوبيېكتى ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۇرگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

### ئۈچىنچى، بەدەن سەنئىتى ئېستېتىك ئىپادىلەشنىڭ مەركىزىي ھالقىسى قىلىنغان

شىنجاڭ تاشكېمىرلىرىنىڭ رەسساملىق سەنئىتىدىكى يارقىن يەنە بىر بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ـــ ئىلاھىيەت تېماتىكىسىدىن ئىنسانىي سەنئەت ئۇنۇمى ھاسىل قىلغانلىق، ئىنسانىي ئوبرازلاردا بەدەن گۈزەللىكىنى مەركىزىي ھالقا قىلغانلىق، مۇقەددەس ئوبرازلارنىڭ يېنىغا كىيىندۈرۈلمىگەن پېرسوناژلارنى سىزغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىش ھاجەتكى، شىنجاڭ تاشكېمىرلىرىدىكى سەنئەت تېماتىكىسى ناھايىتى كەڭ ۋە رەڭگارەڭ. ئۇ سان جەھەتتە «جاتاكا»، «سەۋەبىيەت» ھېكايىلىرى بىلەن بۇددىھا ساكيامونى تەرجىمىھالى كۆرۈنۈشلىرىنى پۈتۈن بۇددا سەنئىتى پاۋلىئونلىرى بويىچە ئەڭ كۆپ ئۆزىگە سىغدۇرغان خەزىنە. سۈپەت جەھەتتە، چوڭ تىپتىكى «ھېكمەت ئاڭلاش» قاتارلىق بىر قاتار يىگانە پانورامىلار ۋە مانىنىڭ بىردىنبىر رەسىمى، شۇنىڭدەك ئۆزگىچە ئىشلەنگەن «جاتاكا» رەسىملىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان.

بۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭ تاشكېمىرى بەدەن سەنئىتى جەھەتتە، ئۆزگىچە بولغان تەسۋىرىي سەنئەت ئۇلگىلىرىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ ئەركىن ئېستېتىك تەپەككۇر ۋە گۈزەل بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ كۆزنى قاماشتۇرۇپ، كۆڭۈلنى رام قىلىدىغان كۆپلىگەن ئويناق نەمۇنىلىرىنى ياراتقان. بۇ رەسىملەرنى كۆرگەندە گرونوۋېدىل، فون لېكوك، ئاۋرېل ستەين قاتارلىقلارمۇ ئۆزىدە پەيدا بولغان تەئەججۇپ، قايىللىق ھېسسىياتلىرىنى يوشۇرالمىغانىدى. فون لېكوك: «بىز بارغانلا يەرنىڭ ھەممىسىدە مۇكەممەل تۇرغان، بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچرىمىغان ئىبادەتخانىلارنى ئۇچراتتۇق. كىشىنى ئەڭ قىزىقتۇرىدىغىنى، بەدىئىي جەھەتتە كامالەتكە يېتىپ تولۇپ تۇرغان تام رەسىملىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا دەسلەپكى دەۋرلەردە سىزىلغانىكەن»⑥ دەپ يازغان.

شىنجاڭلىق رەسساملار مۇزىكا ـ ئۇسسۇللۇق پېرسوناژلارنىمۇ بۇدساتۋالىق مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈپ، نۇر چەمبەرلىك سىزىشقان. يالىڭاچ رەسىملەرنى سىزىش جەھەتتە ئېلىمىز بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرۇش بىلەن بىللە، خۇددى ۋۇ دياۋ (吴焯) ئېيتقاندەك: «گرېكلەردىن ئېشىپمۇ ئۆزۈپ، جاھان يالىڭاچ بەدەن سەنئىتىنىڭ ئالدىغا چىققان»⑦. بىز قىزىل 17 ـ، 18 ـ، 48 ـ، 69 ـ، 77 ـ، 99 ـ، 110 ـ، 118 ـ، 171 ـ، 175 ـ، 186 ـ، 188 ـ، 193 ـ، 198 ـ، 224 ـ كېمىرلىرى، سىمسىم 33 ـ، قىزىلقاغا 13 ـ، 23 ـ كېمىرلىرىدە مۇنداق يالىڭاچ كۆرۈنۈشلەرنىڭ تىپىك ئۇلگىلىرىنى ئۇچرىتىمىز. دۇنخۇاڭ موگاۋكۇ 112 ـ، 156 ـ، 220 ـ كېمىرلىرىدىكى چوڭ تىپتىكى ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەردە ئەر ـ ئاياللار پۈتۈنلەي كىيىندۈرۈلۈپ سىزىلغان.

«كىيىندۈرۈلمىگەن سىزىش» نەمۇنىسىنى ئەركىن پىكىرلىك، ئىپادىلەشنى ئەكس ئېتىشتىن ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان كۇسەن رەسساملىرىنىڭ ئىجادىيەت تۆھپىسى دېيىش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

كېرەك، ئەلۋەتتە. ئۇ «گرېك بەدەن سەنئىتى بىلەن بىللە مەيدانغا كەلگەن»[8]، گرېكلاردىن يىراقلاپ ئۈزۈپ كەتكەن»[9]، «دۇنيا بەدەن سەنئىتى خەزىنىسىگە ھۆسندار گۈل - چېچەك بولۇپ قوشۇلغان»[10] سەنئەت دۇردانىسى.

كۇسەن يالىڭاچ رەسىملىرى بىلەن كىيىندۈرۈلمىگەن رەسىملىرى كۆپ ھاللاردا ئاياللار بەدىنىنى گۈزەللىك ئۆلچىمى سۈپىتىدە گەۋدىلەندۈرۈپ، بەدەن گۈزەللىكىنىڭ ماھىيىتىنى ۋە تىپىك ئۆلگىسىنى ئىپادىلىگەن. ساكيامونى ئوبرازى نېترال (ئەر - ئايال ئارىسىدا) تەسۋىرلەنگەن. كۇسەن رەسساملىرى بەدەن گۈزەللىكىنىڭ شەكىللىۋازلىرى ئەمەسىدى. ئۇلار يەنە ئۆز پېرسوناژلىرىنى مېھرىبان ھەم سۇرلۇك، نازىنىن ھەم چەبدەس روھىي ھالەت ياراتقانلىقى بىلەنمۇ بىزنىڭ ھۆرمىتىمىزنى قوزغايدۇ. ئۇلار بەدەن سەنئىتى بىلەن ھېسسىيات ئىپادىلەشنى بىر گەۋدە قىلغان. بەدەن قىياپىتى، كۆز ھالىتى، قول بارماقلىرىنىڭ مىمىكىسى (مۇدرا، 手势, 手印) بىرلەشتۈرۈلگەن. بۇ رەسىملەرنىڭ ئېستېتىك كۈچىنى يوقاتمىغان، دەل ئەكسىچە ئۇنى كۈچەيتكەن؛ رېئال تۇرمۇشتىن ھالقىپ كەتمىگەن، دەل ئەكسىچە كۈچلۈك يەرلىك تۈسكە ئىگە بولۇپ، كۇسەن ئاھالىلىرىدىكى بەدەن ۋە قايناق ھېسسىيات گۈزەللىكلىرىنى ئومۇملاشتۇرغان؛ كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي قاراشلىرىغا زىت بولمىغان، دەل ئەكسىچە يەرلىك خەلقنىڭ بەدەن گۈزەللىكىگە، ئىللىق روھىيەتكە بولغان ئەنئەنىلىك قاراشلىرى بىلەن بەدەن سەنئىتىگە بولغان تەلەپلىرى ئەكس ئەتكەن. بۇنداق بولمىسا، ئۇ ھېسابسىز چىقىم بىلەن بىنا قىلدۇرۇلۇپ، مىڭ يىللاپ مەشئەلدەك چاقنىماس ئىدى. بۇ يەنە ھىندىيانا تەقۋادارچىلىقى — دىيانا (禅那) قاراشلىرىنىڭمۇ تەقەززاسى ئىدى.

دەرھەقىقەت، گرېك رەسىملىرىمۇ، گرېك ھەيكەللىرىمۇ بەدەن سەنئىتىنىڭ مۇھىم ئانتىك ئۆلگىسى ئىدى. ياۋروپا مەدەنىيەت

ئويغىنىش دەۋرىدىكى رەسساملار گرېك ـ رىم تەسۋىرىي سەنئەت ئۈلگىلىرى ئاساسىدا ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل ھەيكەل ۋە ماي بوياق رەسىملىرىنى سىزدى. ئۇلار كۈسەن پاننوراملىرىدىن خەۋەرسىز ئىدى. ھازىرقى زامان غەرب سەنئەت تارىخچىلىرىمۇ بۇ بايلىقنى تېخى چۈشەنگىنى يوق. بىز بۇ يەردە ياۋروپا رېنېسسانسى دەۋرىدە يارىتىلغان ماي بوياق رەسىملەرنى، ھەتتا قەدىمكى گرېك تېمىسى گەۋدىلەندۈرۈلگەن رەسىملەرنى قەدىمكى گرېك سەنئىتى دەپ قارىماسلىقىمىز، ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈپ، ئانتىك گرېك تەسۋىرىي سەنئىتى ھەققىدىكى دەل، تارىخىي چۈشەنچىنى تۇرغۇزۇشىمىز لازىم.

## تۆتىنچى، يەرلىك ئېتنىك قىياپەت ۋە تۇرمۇش سەنئەتلىك ئىپادىسىنى تاپقان

روشەنكى، «سەنئەت — تۇرمۇشنى كۆرسىتىشتىن ئىبارەت» (گوگول)، سەنئەت — تۇرمۇشتىن ئېلىنىپ، تۇرمۇشقا قايتا تەسىر كۆرسىتىدىغان، سىرتلاشقان، ئوبرازلىق ئىجتىمائىي ئاڭ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىز ھەرقايسى مىللەت ۋە خەلقلەر سەنئىتىدىن شۇ مىللەت ۋە خەلقلەرنىڭ قىياپىتىنى، تۇرمۇشىنى، ئادىتىنى، مۇھىتىنى كۆرىمىز. بۇ ئۆزگەرمەس بىر قانۇنىيەت.

بىز مۇشۇ بابنىڭ بىرىنچى ماۋزۇسىدا بۇ ھەقتە يېتەرلىك توختالدۇق. شۇ نەرسىنى تەكىتلىمەكچىمىزكى، خۇددى قۇمتۇرا يېڭى ئېچىلغان 1 ـ، 2 ـ كېمىرلىرىدىكى ئۈنچە ـ مارجانلار تاقىغان ۋە ھەر خىل چىرايلىق كىينگەن بۇدساتۋالار، بېزەكلىك ۋە قىزىل تاشكېمىرلىرىدىكى ئالىپتە كىيىنگەن ساخاۋەتچىلەر يەرلىك ئاھالىنىڭ ئەينى زامان يىپەك يولى گۈللەنگەن ۋاقىتتىكى تۇرمۇش رېئاللىقىدىن غايىۋى نۇرلاندۇرۇش ئاساسىدا رەسىملەشتۈرۈلگەن. يىپەك يولىنىڭ خارابىلىشىشى، شىنجاڭنىڭ

بىكىنمىچىلىك ئىچىگە قامىلىشى، خەلق ئىگىلىكىدە خەلقئارا ۋە چوڭ تىپتىكى كارۋان سودىسىنىڭ كۆنتەرتىپىدىن قېلىشى، فېئوداللىق، جاھانگىرلىك، مىلىتارىستلىق ۋە ئىشانچىلىق ئاسارىتى تۈپەيلىدىن قەدىمكى ئەجدادلىرىدىن قالغان كۆمۈش ۋە يارماقلارنى بوراندىن كېيىنكى چۆلدىن تېرىشتۇرۇپ يۈرىدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالغان ئەۋلادلارنى ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىدىن ئۈزۈۋېلىپ قارىماسلىق كېرەك. بولمىسا، بۇ مەدەنىيەت يىپەك يولى قايتا ئېچىلغۇچە ئەسھابۇلكەھفتەك ئۆز ئۇيقۇسىدىن ئويغانمايدۇ، ئەلۋەتتە. شۇنىسى ئۇمىدلىككى، يىپەك يولى زامانىۋى كامالەت بىلەن ئېچىلىدۇ، بۇ يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا بەلۋېغىدىكى شىنجاڭلىقلار ئۈچۈن بىر نىجادىيەت، ئەلۋەتتە.

### بەشىنچى، بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلى بويىچە خاس ئۇسلۇب شەكىللەندۈرگەن

(1) غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدىكى رەسساملار ئادەمنىڭ نۇرغۇن ۋە ھەرىكەتتىكى ھالىتىگە ئاساس سالغان سۆڭەك ۋە مۇسكۇل تۈزۈلمىسى ئاناتومىيىسىنى بىلگەن. ئۇلار بەدەن سەنئىتىنى كىيىم بىلەن ئەمەس، ئالدى بىلەن ئادەم بەدىنىنى ئاساس قىلىپ چۈشەنگەن ۋە ئەكس ئەتتۈرگەن. بىز كۆسەن ۋە ئىدىقۇتقا ئائىت كۆپلىگەن تېببىي كىتابلارنىڭ تېپىلغانلىقىنى بىلىمىز. بىز يەنە ئۇيغۇرغۇللۇق (伊吾) زانباشلاق دېگەن كىشىنىڭ تېبەتكە ئەمچىلىك ئۈچۈن بارغانلىقى ۋە «تىرىك بەدەننىڭ ئۆلچەملىرى»، «جەسەتنىڭ تۈزۈلمىلىك سۈرىتى» ناملىق ئەسەرلەرنى يازغانلىقىنى بىلىمىز. بىز يەنە دۇيۇنىڭ «قانۇنلار قامۇسى» (通典) ناملىق ئەسىرىدە غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ باش سۆڭىكىنى يېرىپ، خالتىلىق قۇرتنى ئالغانلىقى، كۆزنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئاق پەردىنى ئاچقانلىقى توغرىسىدا يازغىنىنى بىلىمىز. ئاتلىق مەدەنىيەت ياراتقان

قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا قەبىلىلىرى سۆگەك ۋە مۇسكۇل توغرىسىدا خېلى ئۇزاق تەجرىبە ۋە تېببىي چۈشەنچىگە ئىگە بولغانلىقى شۈبھىسىز. بۇ ھال غەربىي يۇرت رەسساملىرىنىڭ ئادەم بەدىنىدىكى بوغۇم ۋە پەيلەردىن، سۆگەك ۋە مۇسكۇللاردىن يېتەرلىك خەۋەردار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. روشەنكى، بەدەن سەنئىتىنىڭ بىرىنچى مەسىلىسى زىبۇزىنىنەت، كىيىم ـ كېچەك بولماستىن، دەل سۆگەك ۋە مۇسكۇل تۈزۈلمىسى، ئۇنىڭ ھەرىكەتلىنىپ شەكىل ھاسىل قىلىش رايونلىرىدىن ئىبارەت.

(2) غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىگە رەسىم ئىشلىگەن رەسساملار رەسىم سەنئىتىنىڭ كۆز بىلەن كۆرۈنىدىغانلىق خاراكتېرىگە ئاساسەن يورۇق ۋە گۈڭگالىق ئارقىلىق ستېرېئولۇق ئۈنۈمدارلىق ھاسىل قىلىشتا خوتەنلىك رەسساملار ۋىجىرايا پوچېنا ۋە ۋىجىرايا ئېرسانگا نامى بىلەن باغلانغان «ئويما ـ قوپما ئۇسۇلى» (凹凸法)نى كەڭ قوللانغان. بۇ ئۇسۇلدا يالغۇز ئادەم بېشى ۋە يۈزىدىكى ئويما ـ قوپما پەرقلەرنى گەۋدىلەندۈرۈپ قالماي، يەنە بەدەن مۇسكۇللىرىنى بۆلجۈڭ گۆش تۈگرەكلىرىگە بۆلۈپ، ئۇنىڭ كۆپكەن ۋە كىرىشكەن جايلىرىنى رەڭ پەرقى ئارقىلىق ئويما ـ قوپما قىلىپ، كىشىدە «يىراقتىن قارىساڭ ئويما ـ قوپما كۆرۈنەر، يېقىن باقساڭ ھەممىسى تەكشى ئېرۈر» دېگەندەك ستېرېئولۇق تەسىر پەيدا قىلغىلى بولىدۇ. بىز مۇشۇ كىتابتىكى رەسىملەردىن بۇنىڭ ئۈلگىلىرىنى كۆرەلەيمىز. بۇ ئۇسۇل غەربىي يۇرت رەسساملىرىنىڭ قاپارتمىلىق ھەيكەل ئۇسۇلىدا ستېرېئولۇق ئۈنۈمدارلىقىغا ئىگە بولغان ھىندىستان تەسۋىرىي سەنئىتىگە قارشى ئىككى ئۆلچەملىك (二维) گېئومېتىرىيىلىك تۈزلۈكتە ستېرېئولۇق ئۈنۈم ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان رىقابەتلىرىدىكى غالىب قورال ئىدى. بۇ خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى جاڭ يەنيۈەننىڭ «دەۋرلەردىن قالغان مەشھۇر رەسىملەر» (张彦远：历史名画记) ناملىق نوپۇزلۇق رەسساملار تەزكىرىسىدە مەدھىيىلەنگەن.

(3) قەدىمكى غەربىي يۇرت رەسساملىرى سىزىقتىن كۆپ تەرەپلىمە پايدىلىنىشنىڭ بەدىئىي ئۇسۇللىرىنى ئىجاد قىلغان. ئۇلارنىڭ مۇھىمى جۇڭگو رەسساملىق مۇنبىرىدە «تۆمۈرنى ئېگىپ سىم چىقىرىش» (屈铁盘丝) ۋە «ئېگىننى سۇدىن ئېلىپ كىيدۈرۈش» (曹衣出水) دەپ ئاتالغان ئىككى خىل «سىزىقتا تەسۋىرلەش ئۇسۇلى» (线描法) دىن ئىبارەت.

شۇنىسى ئېنىقكى، سۆڭەك، مۇسكۇل ۋە ئۇنىڭ بوغۇم، بۇلجۇڭ گۆشلىرىنى ھېسابقا ئالغان ئاساستا ئادەم بەدىنىنىڭ ئەۋرىشىم ھەرىكىتىنى، ئادەمنىڭ كىيىم - كېچىكىنى ئىپادىلەشتە يەنىلا «سىزىقتا تەسۋىرلەش» ئۇسۇلى تەلەپ قىلىنىدۇ. غەربىي يۇرت رەسساملىرىنىڭ يىراق ئەجدادلىرى قاتتىق قايراق تاش ۋە قىيالارغا «سىزىقتا تەسۋىرلەش ئۇسۇلى» بويىچە قىيا تاش رەسىملىرى ۋە بالبالLARنى چېكىشكەنىدى. ئۇلار مەيلى ساپال ئىدىش گۈللىرى ياكى توقۇلما نەقىشلەردىن بولسۇن



98 ـ رەسىم. قىزىل 176 ـ، 224 ـ كېمىرلىرى، سىمسىم 26 ـ، 22 ـ كېمىرلىرى
قاتارلىقلاردىكى سىزىقتا تەسۋىرلەش ئۇسۇلى

ھەر خىل سىزىقلار بىلەن ھەل قىلىشقان. مۇسكۇلنى ئېلاستىك سىزىش نوقۇل ئۈچ قاتلىما شەكىلدىن، شۇنىڭدەك نوقۇل تۈپتۈز سىزىش ئۇسۇلىدىن گۈزەل ۋە سۆيۈملۈك تەسىر پەيدا قىلاتتى. مۇسكۇلنى ئېلاستىك سىزىش بەدەن سەنئىتى ئېستېتىك تەلەپلىرىدىكى مۇھىم ئۆتكەل ئىدى. مۇسكۇلنى ئېلاستىك سىزىش ئېڭى، رەسساملىق ئېستېتىكىسىدىكى مۇھىم سۇبيېكت بىلىش كامالىتى بىلەن ئالاقىدار ئىدى. مۇسكۇل ئۆزىمۇ ماھىيەتتە تالا (سىزىق)، چاچمۇ تالا (سىزىق)، كىيىممۇ تالا (سىزىق) لىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىدى. شۇڭا، سىزىق ئۆتكىلىنى ئاتلاپ، ئالدىراپ رەڭ - بوياق بىلەن سىزىش تەسۋىرىي سەنئەتتە ئۇتتۇقلۇق يول ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۇنى غەربىي يۇرت رەسساملىرى ئاڭلىق چۈشەنگەن ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئېستېتىك قىممىتى بولغان، ئۆزىگە خاس «سىزىقتا تەسۋىرلەش ئۇسۇلى» نى كەڭ قوللانغان.

«تۆمۈرنى ئېگىپ سىم چىقىرىش» ئۇسۇلى دەل سىزىق بويىچە تەسۋىرلەش ئۇسۇلى بولۇپ، بۇ ئۇسۇل پۈتۈن بەدەن، ھەرىكەت، روھىي ھېسسىيات، كىيىم گۈزەللىكى قاتارلىقلارنى سىزىق بويىچە تەسۋىرلەشتە ئىنچىكە ھەم ئۇنۇملۈك ئۇسۇل ئىدى.

«ئېگىننى سۇدىن ئېلىپ كىيدۈرۈش» ئۇسۇلى كىيىم - كېچەك گۈزەللىكى بەدەن گۈزەللىكىنى يوقىتا چىقارماستىن، ئۇنىڭغا ماسلاشقان بولۇشىدا مۇھىم تەسۋىرىي ئۇسۇل سۈپىتىدە كەڭ قوللىنىلغان. بۇ ئۇسۇلمۇ ئادەم بەدىنى سەنئىتىدە سۆڭەك - مۇسكۇل تىركەك قىلىنغان بەدەن گۈزەللىكىنى مەركىزىي ھالقا قىلىش، كىيىندۈرۈلمىگەن ياكى يالىڭاچ سىزىلغان رەسىملەردە «ئويما - قوپما ئۇسۇلى» بىلەن «تۆمۈرنى ئېگىپ سىم چىقىرىش» ئۇسۇلىنى قوللىنىش، كىيىندۈرۈلگەن رەسىملەردە بۇ كىيىملەرنى خۇددى سۇدىن ئېلىپ بەدەنگە چاپلاپ كىيگەندەك سىزىش ئارقىلىق بەدەن بىلەن كىيىم ئوتتۇرىسىدا يەنىلا بەدەن

گۈزەللىكىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان گارمونىيىلىك بىردەكلىك ھاسىل قىلىشقا قارىتىلغانىدى. رەسىمدىكى كىيىندۈرۈلۈپ سىزىلغان بۇدساتۋالار كىيىمى «ئېگىنىنى سۇدىن ئېلىپ كىيدۈرۈش» ئۇسۇلى ھەم «تۈمۈرنى ئېگىپ سىم چىقىرىش» ئۇسۇلى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنغان. «كىيىمنى سۇدىن ئېلىپ كىيدۈرۈش» ئۇسۇلى شەھىرى سەبىزلىك توقۇز جاۋۇپ توخرىلىرىدىن بولغان غەربىي يۇرتلۇق ساۋ مياۋدا (曹妙达) كەڭ قوللانغان ئۇسۇل بولغاچقا ئۇنىڭ نامىدا ئاتالغان. بۇ خىل «سىزىقتا تەسۋىرلەش ئۇسۇلى» بىلەن سىزىلغان تام رەسىملىرى خۇددى «بەدىنى تامدىن چىقىپ تۇرغاندەك» (身若出壁) ئېستېتىك ئۈنۈم ھاسىل قىلغان. بۇ خىل ئۇسۇلدا روھىي ھالەتنى تەسۋىرلىگەندە تېخىمۇ زور جانلىق پسىخىك ئىپادىلەش ئۈنۈمدارلىقىنى ياراتقىلى بولىدۇ.

(4) غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدىكى تام رەسىملىرىنى ياراتقان رەسساملار ئۆزگىچە خاس رەڭ بېرىش تېخنىكىسىنى قوللانغان.

ھەقىقەتەن، شىنجاڭ تام رەسىملىرىگە بېرىلگەن رەڭ ـ بوياقلار ئەينى زاماندا ئېسىل بولۇپلا قالماستىن، رەڭ بېرىش تېخنىكىسى تولىمۇ ئۈستۈن بولغان. بۇ ھەقتە فون لىكوك ئۆزىنىڭ مۇنداق تەئەججۇپلەنگەنلىكىنى يازغانىدى: «چاقناپ نۇر چېچىپ تۇرىدىغان كۆك بوياقلار كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇۋېتىدۇ. مۇنداق ئەتىۋارلىق بوياق ياۋروپادا مەدەنىيەت ئويغىنىشى دەۋرىدىكى سەنئەتكارلار تەرىپىدىن ئىنتايىن قەدىرلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ قىممىتى ئالتۇندىن ھەسسىلەپ ئارتۇق تۇراتتى».

غەربىي يۇرت رەسساملىرى گەج، گىل، كۆكتاش، يېشىل تاش، قىزىل سېغىز قاتارلىق بوياق ماتېرىياللىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. ئۇلارنىڭ بوياق بېرىش ئۇسۇلىمۇ بەدەن قاتلاملىرىغا مۇۋاپىقلاشقان بولۇپ، ئاستى بوياق، ئارا بوياق ۋە ئۈستى بوياق



99 - رەسىم. غەربىي يۇرت برونزا قورالLAR دەۋرىدىكى بېزەكلەر.
رەسىمنى ئازات (ئالمائاتا) تەمىنلىگەن

قاتلاملىرىغا بۆلۈنگەن. ئۇلار ئومۇمەن ھەم جانلىق، ھەم ستېرېئولۇق ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۈستى قاتلامدا ئاستى قاتلام كۆرۈنىدىغان ئۈنۈم ھاسىل قىلىشنى بەدەن سەنئىتى تەسۋىرىدىكى مۇھىم ماھارەت دەپ قارىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەيلى ئۇدۇن، كىروران، كۇسەن، قوچۇ رەسساملىرى بولسۇن، بىردەك ئاستىنقى رەڭلەرنى قېنىق رەڭلەر بىلەن، بولۇپمۇ گىل رەڭلىك قىزىل بوياقلار بىلەن بويىغان. ھەتتا، مۇسكۇل ۋە بۇلجۇڭ گۆشلەرنىڭ ئويما - قوپمىلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن بۇلجۇڭ گۆشلەرنىڭ چەمبەر قاپارتمىلىرىنىڭ چۆرىسىنى قېنىق، ئوتتۇرىسىنى سۇس ياكى يالتىراق رەڭلەر بىلەن بوياشقان. ئۇلار ئاستىنقى رەڭنى ئۇل قىلىپ، ئۈستۈنكى رەڭلەرنى تەدرىجىي سۇسلاشتۇرۇپ، كىيىمدە بەدەن كۆرۈنىدىغان، بەدەندە بەدەن گۈزەللىكى جىلۋىلىنىدىغان كۆرۈنۈش ھاسىل قىلغان. ئۇلار سىزغان رەسىملەر ئومۇمەن قىزىل ۋە كۆك رەڭنى ئىككى گەۋدىلەندۈرگۈچ ئاساسىي رەڭ قىلغان بولۇپ، بۇ ھېلىمۇ ئۇيغۇر خەلقى ياخشى كۆرىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىككى ئاساسىي رەڭ بولۇپ كەلمەكتە. بۇ ئىسسىق ۋە سوغۇق رەڭلەر ئارىسىدا ئەت رەڭ، ناۋات رەڭ، سېرىق رەڭ ۋە تۇخۇم سېرىقى قاتارلىق رەڭلەر كەڭ ئىشلىتىلگەن. غەربىي يۇرت رەسساملىرىنىڭ رەڭ بېرىش تېخنىكىسىنى مەخسۇس تەتقىق قىلىش قىممىتى بار.

(5) ئەكس ئېتىش بىلەن ئىپادە قىلىشنى بىرلەشتۈرگەن كومپوزىتسىيە ئۇسۇلىنى قوللانغان.

مەلۇمكى، سەنئەتتە بەدىئىي پىكىر بىلەن سۈژىتنى بىرلەشتۈرۈپ تەشكىللىگۈچى ھالقا كومپوزىتسىيىدىن ئىبارەت. بىز غەربىي يۇرت رەسساملىرىنىڭ بەدەن سەنئىتىگە بولغان ھەم چىنلىقنى تولۇق گەۋدىلەندۇرۇپ، ھەم مەنىنى ئەركىن ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئېستېتىك ئېڭىنى كۆرمەكتىمىز. ئۇلار قەدىمكى تۇتېمىزملىق ئەركىن كۆپتۈرۈپ ئىپادىلەشنىڭ تارىخىي ئەنئەنىلىرىنى ئىرغىتىپ تاشلىمىغان. ئۇلار مۇھىم نۇقتىنى تاللاپ ئۇنى ھەم چىن، ھەم تىپىك ئىنكاس قىلىش بىلەن بىللە، ماھىيەت، مەنىۋى ھالەت، پىكىر - ھېسسىياتنى ئىپادىلەشتە، ھەتتا تەتۈر قويۇپ جانلاندۇرۇشتەك مۇبالىغە ئۇسۇلىنى قوللانغان. ئۇلار «سەككىز دۆلەت پادىشاھلىرىنىڭ جەسەت كۈلىنى تالىشىش» مەنزىرىسىنى سىزغاندا، شەھەر سېپىلىنىڭ ئىچى - سىرتىغا قوشۇنلارنىڭ تولۇپ كەتكەنلىكى، ۋەزىيەتنىڭ «قىلدىن ئىنچىكە، قىلىچتىن ئىتتىك» لىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، چىشلىق تاملىرى بولغان شەھەر سېپىلىنى دۈم قىلىپ سىزغان. بۇ ھېچقايسى سەنئەت رايونلىرى ۋە پاۋلىئونلىرىدا كۆرۈلمىگەن يۈرەكلىك ئىجادىي ئۇسۇل. مۇنداق كۆچەيتىلگەن ئىپادىلەش ئۇسۇلى پەقەت ھازىرقى زامان ئىپادىچىلىكى ئۇسلۇبىدىكى رەسىملەردىلا كۆرۈلگەن ھادىسە ئىدى. مۇنداق ئۇسۇل نوقۇل كۇسەن ياكى تۇرپان رەسساملىرىنىڭ ئىجادىيىتى بولۇپ قالماستىن، خۇددى غەربىي يۇرتتا ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئۇسۇل ئىدى. بەزى رەسىمدە ئاتىنىڭ باش قىسمى بىلەن ئاياغ

قىسمى بىر يۆگىلىپ تەتۈر قىلىپ سىزىلغان. ئالتۇن ـ كۈمۈش زىبۇزىننەتلىرىگە تولىمۇ ھېرىس بولغان غەربىي يۇرت قەدىمكى خەلقلىرى مۇنداق ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى خېلى ئىلگىرىلا ئۆز تۇرمۇشىدا قوللانغان. بۇ بىر خىل كۈچەيتىپ تەسۋىرلەش ئۇسۇلى بولۇپ، خۇددى ئۇيغۇر تىلىدىكى «يامان ياخشى» دېگەن سۆزنىڭ تولىدىن ـ تولا ياخشى دېگەن مەنىنى كۈچەيتىپ ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلىدىغانلىقىغا ئوخشايدۇ.

بۇنداق مەزمۇننى كۈچەيتىپ ئىپادىلەش بەزىدە ئادەم قىياپىتىنى ھېسسىيات ئارقىلىق ئالاھىدە تەسۋىرلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق بېرىلسە، بەزىدە ئادەم بەدىنى، ئادەم قىياپىتىنى ئۆزگەرتىۋېتىپ، ئۇنى باشقىچە تەسۋىرلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بىز بېزەكلىك تام رەسىملىرىدىكى سازەندىلەرنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن رەسىم بىلەن قىزىلدا ئىككى لاي تۈۋرۈك ئارىسىغا قىزىل لايدا ياسالغان قاناتلىق ئايال ھەيكىلى ئوبرازىدىن مەزمۇننى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئۇنىڭ يالاڭ بەدىنىگە يەنە ئىككى كۆز، بىقىنىغا بۇرۇن قويۇلغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ ئىپادىچىلىك ئېستېتىك چۈشەنچىلىرىنىڭ ئەينى زاماندىكى قايىل قىلغۇچ تارىخىي پاكىتى ھېسابلىنىدۇ.

* * *

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن مەلۇمكى، غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى، بولۇپمۇ رەڭدار پاننوراما سەنئىتى غەربىي يۇرت رەسساملىرىنىڭ ئۇلۇغ ئىجادىي ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۆز ئالدىغا بىر ئۇسلۇب، ئېقىم ۋە سىستېما ياراتقان. مۇنداق بولۇشى غەربىي يۇرت رەسساملىرىنىڭ تەسۋىرىي سەنئەت ئەنئەنىسىنى پىششىق بىلگەنلىكى، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ تەسۋىرىي سەنئەت ئۇتۇقلىرىدىن پائال پايدىلانغانلىقى، ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئاددىيلا تەقلىدىيەت نەزەرىيىسى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەمەس، بەلكى خېلى يۇقىرى دەرىجىلىك ئېستېتىكىلىق قاراشقا ئىگە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتىن مەيدانغا چىققان. دەرۋەقە، خۇددى رۇس يازغۇچىسى گوگول ئېيتقاندەك: «سەنئەتچىنىڭ بارلىق ئەركىن ۋە كۆڭۈللۈك نەرسىلىرى ئادەتتىن تاشقىرى بېسىم ئاستىدا ئېرىشكەن بولىدۇ. يەنە ئۇ ئۇلۇغ تىرىشچانلىقنىڭ مەھسۇلى.»

ئىزاھلار:

① ھىندىستاننىڭ پەنجاپ رايونىدىكى قەدىمكى يۇرتنىڭ نامى.

② مۇشۇ كىتابنىڭ 31 ـ بېتىدىكى 7 ـ رەسىمگە سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ.

③ چاڭ رېڭشيا: «ھىندىستان ۋە شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا گۈزەل سەنئەت تارىخى»، خەنزۇچە نەشرى، 23 ـ، 24 ـ بەتلەر.

④ مارىئاۋ، بوسساگلى «ئوتتۇرا ئاسىيا غارلىرى» ناملىق كىتابىدا قەندىھارنىمۇ «شەرقىي ئىران» دەپ تىلغا ئالغان.

⑤ پانورا — چوڭ تېپتىكى ھېكايەتلىك مۇجەسسەم رەسىم.

⑥ «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى، 222 ـ، 223 ـ بەتلەر.

⑦، ⑧، ⑨، ⑩ — «يىپەك يولى تەسۋىرىي سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 254 ـ بەت

# ئون بىرىنچى باب

# غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ شەرققە تەسىرى

## 1. ئىككى خىل تەسىر كۆرسەتكەن تارىخىي جەريان

شۇنى ئىزاھلاپ ئۆتۈش ھاجەتكى، غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ شەرققە تەسىرى ئومۇمەن بۇددىزم ئىدېئولوگىيىسى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ، خۇسۇسەن بۇددىزم سەنئىتىنىڭ شەرققە بولغان تەسىرىدىن ئىبارەت غايەت چوڭ تېمىنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ تېمىنى يۇقىرىدىكى ئېغىر تەتقىقات بىناكارلىقى بويىچە بايان قىلىشقىمۇ، جۇملىدىن ئەڭ ئومۇمىي تارىخىي مەنزىللەر بويىچە قىسقىچە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكىمۇ بولىدۇ. بىز كېيىنكى — قىسقىچە مۇھاكىمە قىلىش يولىنى تاللىۋالدۇق. ئەگەر ئۇنى كېڭەيتىپ بايان قىلىشقا توغرا كەلسە، شىمالىي جۇڭگو بۇددىزم ۋە جەنۇبىي جۇڭگو بۇددىزم سەنئىتى، تاشكېمىر سەنئىتى ئۈستىدە ئاز - تولا سۆزلەشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلىدۇ. بىز مۇنداق قىلمايمىز. بىرقەدەر «بوز» ھالدا تاشلىنىپ قالغان شىنجاڭدىكى تاشكېمىر سەنئىتىدىن باشقا، جۇڭگونىڭ بۇددىزم مەدەنىيىتى ۋە تاشكېمىر سەنئىتى توغرىسىدا قەدىمدىن ھازىرغىچە يېتەرلىك مۇھاكىمە قىلىنغان ئەسەرلەر نۇرغۇن. چاۋشيەن ۋە ياپونىيىلەردىمۇ بۇددىزم سەنئىتى توغرىسىدىمۇ يېزىلغان خاس ئەسەر ۋە ئالبوملار نەشر قىلىنغان. بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىشىمىز ھاجەتسىز. مۇشۇ سەۋەبلەرنى ھېسابقا ئېلىپ، بىز شىنجاڭ تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ لياڭجۇ (ۋۇۋېي)، پىڭچېڭ (داتوڭ) ۋە دۇنخۇاڭ تاشكېمىرلىرىگە

بولغان تەسىرى بىلەن، ئىچكى ئۆلكىلەردە يىلتىز تارتىپ راۋاجلانغان تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ قومتۇرا، بېزەكلىك قاتارلىق سەل كېيىن قېزىلغان تاشكېمىرلەردىكى بۇددىزم سەنئىتىگە بولغان ئەكس تەسىرى ئۈستىدە قىسقىچە ئىزاھات بېرىپ ئۆتۈش بىلەن چەكلىنىمىز. مېنىڭچە، بۇ ئەڭ مۇۋاپىق، ئەڭ گارمونىيىلىك تاللاشتىن ئىبارەت.

بىز ئۆز ئالدىغا خاس بولغان بۇ تېمىنى بىرقانچە مەسىلىلەر بويىچە مۇھاكىمە قىلماقچىمىز:

بۇددىزم ئىدىيىسى، نوم ـ سۇترىلىرى راھىب ـ ئاقارىلار، رەسسام، مۇزىكانت، ئۇسسۇلچى، تىياتىر ماھىرلىرى ئارقىلىق ئىچكى ئۆلكىلەرگە پەقەت غەربىي يۇرت ـــ ھازىرقى شىنجاڭ ئارقىلىقلا كەلگەن ئەمەس. جۇڭگونىڭ جەنۇبى ۋە غەربىي جەنۇبىدىن بۇددىزم ئېتىقادى ئېقىپ كىرگەنلىكى ھەققىدىكى بىر قىسىم پاكىتلارمۇ يوق ئەمەس. ئەمما، بۇددىزم مەدەنىيىتى يەنىلا جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرت شەھەر ـ قەلئەلىرىدە گۈللەنگەن بۇددىزم مەدەنىيىتىنى ئاساسىي مەنبە قىلغان ھالدا خېشى كارىدورىنى ئاساسىي قانال قىلىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغان. بۇ جەرياندا توققۇز جاۋۇپ توخرىلىرى، سوغدىلار ۋە ھىندىستانلىق بۇددا ئۆلىما ـ ئاقارىلىرىمۇ يەنىلا غەربىي يۇرت ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن. جۇڭگودىن چاۋشيەن، ياپونىيىگە تارقالغان بۇددىزم ئېتىقادى ۋە بۇددىزم مەدەنىيىتى بىلەن سەنئىتىمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە، بولۇپمۇ چاڭئەن، لوياڭلاردا يىلتىز تارتىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بۇددىزم تېپىنى ھاسىل قىلغان دىنىي ئېتىقاد ۋە سەنئەت، مەدەنىيەتنى ئاساس مەنبە ۋە ئۆرنەك قىلغان. ئۇ بىۋاستە ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بۇددىزم سەنئىتىنى ۋاستە قىلغان ھالدا چاۋشيەن، ياپونىيىگە غەربىي يۇرت بۇددىزم سەنئىتىنىڭ بىر قاتار ئالامەتلىرى ۋە تەسىرىنى يەتكۈزگەن. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بۇددا مۇخلىسلىرىدىن فاشيەن، شۈەنزاڭ

قاتارلىق ئاقارلار گەرچە ھىندىستانغا بارغان بولسىمۇ، چاۋشيەن (سىللا ــ 新罗 ) لىك بۇددا مۇخلىسلىرىدىن خۇيچاۋ (慧超) قاتارلىقلار غەربىي يۇرت (قوچۇ، كۇسەن)قا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئاساسەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك غەربىي يۇرتتىن، چاۋشيەن، ياپونىيىلەر ئوتتۇرا جۇڭگودىن كەلگەن مۇنداق دىنىي مەدەنىيەت تەسىرىگە ئۇچرىغان ۋە ئۇنى پائال قوبۇل قىلىپ، ئۆزىگە خاس دىنىي ئېتىقاد ۋە مەدەنىيەت ـ سەنئەت شەكىللەندۈرگەن. مانا بۇ، زېمىن ئاتلاپ بىۋاسىتە قوبۇل قىلىشنى چەتكە قاقمىغان ھالدا يۈز بەرگەن چوڭ كۆلەمدىكى كۆپ قىرلىق دىيارمۇدىيار قوبۇل قىلىش ھادىسىسىنىڭ تارىخىي چىنلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. غەربىي يۇرت مەدەنىي ھاياتى، مۇزىكا ـ ئۇسسۇللىرى، سودا تىجارىتى دەل مۇشۇ جەريان بىلەن قوشۇلۇپ داۋاملاشقان. بۇ بىر تارىخىي ھەقىقەت.

بۇنىڭدىن باشقا، غەربىي يۇرت بۇددىزمى كەشمىر ۋە كوشان بۇددىزمىدىن، كەشمىر ۋە كوشان بۇددىزم سەنئىتىدىن ئىلھام ئالغان ۋە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولغان مەشھۇر خوتەن، قەشقەر، كۇسەن، تۇرپان بۇددىزمى بىلەن ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى بولغان بۇددىزم سەنئىتىنى ياراتقاندىن كېيىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆپ تەرەپلىمە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىش بىلەن بىللە، يەنە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بۇددىزمىدىكى دىيانا، مايترى، مىڭ قول، مىڭ پۈت بۇدساتۋا، مىڭ بۇرھان گەۋدىلەندۈرۈلگەن ماھايانا مەزھىپىنىڭ ھەم رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق بەدىئىي ئۇسۇلىنىڭ ئەكس تەسىرىگە ئۇچرىغان. بۇ ئەكس تەسىر غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبى بىلەن قوشۇلۇپ ھەتتا ھىندىستان بۇددىزم سەنئىتىگە قىسمەن تەسىر كۆرسەتكەن. دەرۋەقە، بۇ ھىندىستاندا بۇددىزم سەنئىتى چۈشكۈنلەشكەن دەۋرگە توغرا كەلگەچكە، ئۇزاق داۋاملىشالمىدى، خالاس. مانا بۇ ئەكس تەسىر كۆرسىتىش ھادىسىسىنىڭ تارىخىي چىنلىقىنى ئىسپاتلايدىغان يەنە بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تارىخىي ھەقىقەت.

بۇ ئىككى خىل تارىخىي جەرياننىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تەكىتلەش بىلەن بىللە، ئالدىنقى تارىخىي جەرياننىڭ سالماقلىق، ئاساسىي جەريان ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش تارىخىي چىنلىقنى ئۆيغۇنلۇر.

## 2. لياڭجۇ ۋە پىڭچېڭ پايتەخت قىلىنغان دەۋرلەردە غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرى

خەن ـ جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدە بۇددا دىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرىشنىڭ دەسلەپكى تارىخىي باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتتى. بۇ چاغدا غەربىي يۇرتمۇ بۇددىزم دىنىي ئىدېئولوگىيىسىدىن سەنئەتلەشكەن دىنىي ئىدېئولوگىيىگە قاراپ راۋاجلىنىشقا باشلىدى. بىر قاتار دىنىي ئىمادەتخانىلار ۋە تاشكېمىرلەر بۇددىزم سەنئىتىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە باشلىدى. كوشان ۋە ئۇنىڭ توققۇز جاۋۇپ قىسىملىرىدىن، جۈملىدىن دىنىي ھىممەت كۆرسىتىشنى خالىغان غەربىي يۇرتلۇق بىر قىسىم بۇددا راھىبلىرى ئىچكى ئۆلكىلەرنى بۇددىزمنى كېڭەيتىشنىڭ مۇھىم ئوبيېكتى دەپ بىلىشتى.

260 ـ يىلى جۇ شىشىڭ (朱士行) نىڭ غەربىي يۇرتقا چىقىشى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە بۇددىزم دىنىغا بولغان قىزىقىشنىڭ پائالىيەتچان باسقۇچقا يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتى.

كېيىنچە، 16 پادىشاھلىق ۋە شىمالىي ۋە جەنۇبىي سۇلالىلەر ( 314 ـــ 589) دەۋرى باشلاندى.

ئالدىنقى لياڭ پادىشاھلىقىنىڭ (314 ـــ 386) ئاخىرقى پادىشاھى جاڭ تيەنشى (363 ـــ 386 张天锡) لياڭجۇ شەھرىگە كۇسەنلىك بۇددا تەرجىمانلىرىنى تەكلىپ قىلىپ 59 قىسىم، 79 جىلد بۇددا سۇترىسىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدۇردى.

ئالدىنقى چىن پادىشاھلىقى (351 — 394) نىڭ پادىشاھى فۇجيەن 383 - يىلى چەۋەندازلار قوشۇنىنىڭ سانغۇنى لۈي گۇاڭنى كۇسەنگە يۈرۈش قىلىپ كومراجىۋانى ھۆرمەت - ئىززەت بىلەن ئەكېلىشكە بۇيرۇغانىدى. كومراجىۋا 384 - يىلىدىن 401 - يىلىغىچە لياڭجۇدا تۇردى. بۇ جەرياندا كېيىنكى چىن پادىشاھلىقى (386 — 416) نىڭ پادىشاھى ياۋشىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققانىدى. لۈي گۇاڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ لياڭجۇنى بېسىۋالدى ۋە ئۆزىنى كېيىنكى لياڭ پادىشاھلىقى (386 — 401) نىڭ پادىشاھى دەپ ئېلان قىلدى.

لۈي گۇاڭ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان (386 — 399) مەزگىللەردە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى بىرىنچى تۈركۈم بۇددىزم تاشكېمىر تۈركۈمى بولغان ۋۇۋېيدىكى تيەندىشەن (天梯山) ئاستىدىكى 1 -، 4 - كېمىرلەرنى جيۇچۈەندىكى بۇددىزم ئىبادەتخانىلىرىنى ياساتقۇزدى. كېيىنچە لياڭجۇدا ھاكىمىيەت قۇرغان شىمالىي لياڭ (401 — 446) پادىشاھى قۇتقۇمۇنسۇن (且渠蒙孙) دەۋرىدە تاشكېمىر قېزىش تېخىمۇ جىددىيلەشتى. ئۇ ۋاپات بولغان ئانىسى ئۈچۈن ساخاۋەت قىلىپ، ئالتە تاش ھەيكەل قويغۇزدى، تاش مۇنار تىكلەتتى ۋە بىڭلىڭسى (炳灵寺) ئىبادەتخانىسى بىلەن 169 - كېمىرنى قازدۇردى. ئەينى زاماندا 169 - كېمىرنى ياساتقان ساخاۋەتچى، دىيانا ئۇستازلىرىدىن دارمابى (昙摩毗) بىلەن شۈەنجاۋ (玄绍) لارنىڭ نامى تارىختا قالغان. بۇنىڭدىن باشقا، لياڭجۇلۇق راھىب شۈەنگاۋ (玄高) 100 شاگىرتنى تەربىيىلەيدىغان مەيجىشەن تاشكېمىرلىرىنى ساخاۋەت بىلەن بىنا قىلىشنى باشلاپ بەرگەن ۋە ئۆزىمۇ شۇ يەردە ئىستىقامەت قىلغان.

مانا بۇ غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كېڭىيىشىدىكى بىرىنچى باسقۇچ ۋە بىرىنچى نەتىجە — لياڭجۇ تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى.

لياڭجۇ تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئىككى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغانىدى. ئۇنىڭ بىرى، ئەينى زاماندا لياڭجۇ شىمالىي جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت، ئىقتىساد ۋە سىياسەت مەركەزلىرىدىن ئىدى. ئۇ يىپەك يولىدا تۇرپان، كروراندىن كېيىنكى يەنە بىر چوڭ ئۆتكەل ئىدى. ئۇ بۇددىزم ئىدېئولوگىيىلىرى جۇڭگودا يىلتىز تارتىۋاتقان ئەڭ پائالىيەتچان شەھەرگە ئايلانغانىدى. ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بېرىۋاتقان ئىچكى ئۇرۇشلار، ئۇمۇمىيۈزلۈك خاتىرجەمسىزلىككە تەلپۈنۈش ۋە كىشىلەر ئىدىيىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش تەقەززالىرىنى بۇددىزمنى كەڭ ئاممىغا تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق ھەل قىلىش كونتەرتىپكە قويۇلغانىدى. ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، لۈي گۇاڭ يالغۇز بۇددىزم مۇتەپەككۇرى، ئالىم ۋە تەرجىمان كومراجىۋانى لياڭجۇغا ئەكەلدى ۋە ئۇنىڭ ئۇچۇن لياڭجۇ، چاڭئەنلەردىكى بۇددا نوملىرى تەرجىمىچىلىكى ئۇچۇن يېڭى مۇھىت ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىپلا قالماستىن، يەنە كۈسەن خانلىقىنى ئۆز قولىدا تىزگىنلەپ، 20 مىڭ ئۇلاغ، ھەر خىل ئوردا بىساتلىرى، كۈسەن مەدەنىيىتى بۇيۇملىرى، تاشكېمىر سەنئىتى ئۈلگىلىرى، مۇزىكا ـ ئۇسسۇل، رەسسام ۋە تىياتىر سەنئەتچىلىرى، قىممەتلىك زىبۇزىننەتلەرنى لياڭجۇغا يۆتكەپ كېلىپ، ئۆز ئوردىسىنى زىننەتلىدى، لياڭجۇ تاشكېمىرلىرىنىڭ تەمىراتى ۋە ئۈلگىلىرىنى تەمىنلىدى. «كۈسەن ئەلنەغمىسى» ئاساسىدىكى مەشھۇر «لياڭجۇ ئەلنەغمىسى» نىڭ ئۇلىنى تىكلىدى.

لياڭجۇ تاشكېمىرلىرى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى تاشكېمىرلىرى بىناكارلىق سەنئىتى ئۇسلۇبى، ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى ئۇسلۇبى ۋە تام رەسساملىقى سەنئىتى ئۇسلۇبى جەھەتتىن بولسۇن، كۈسەن ئۇسلۇبىنى گەۋدىلەندۇرگەنىدى، لياڭجۇ بۇددا ئىبادەتلىرى ئۇدۇن ـ كروران ۋادىسىغا يېقىن تۈزۈلمە ۋە ئۇسلۇبتا بولدى. تاشكېمىر ۋە ئىبادەتلارغا بۇددىھا، پۈتىنى ئالماشتۇرۇپ ئولتۇرغان مايترېيا، دېھيانا (تەپەككۇرچان) بۇت، ئوڭ تەرەپ بۇت، ئامىتابا بۇت ھەيكەللىرى، بۇددىھانىڭ

ھېكمەت سۆزلىشى، ساخاۋەتچىلەر رەسىملىرى سىزىلدى. بۇددىھا ۋە بۇدساتۋالار يۇمىلاق يۈزلۈك، ئۇزۇن سوزۇنچان كۆز، قاڭشار بۇرۇن، گەۋدىلىك قىلىپ، خۇددى غەربىي يۇرتنىڭكىگە يېقىن ئىشلەندى، ئاسمان نەغمە مالائىكىلىرى سەل چوڭايتىلدى. بىز بەزىدە ئەسلىدىكى ئەندىزە، قېلىپلارمۇ ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئىنكار قىلالمايمىز.

شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى تەيۋۇدى (太武帝، 424 ــ 452) 439 ـ يىلى بىردىنلا بۇددىزمنى مەنئى قىلىشقا، ئىلگىرىكى تەرىقەتچىلىكنى (道教) تەشەببۇس قىلىشقا كىرىشتى. پايتەختنى لياڭجۇدىن پىڭچېڭ (平城، ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىدىكى داتۇڭ 大同 شەھىرى) گە يۆتكىدى. 452 ـ يىلى ۋېنچېڭدى (文成帝، 452 ــ 465) شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرۇپلا قايتىدىن بۇددىزمنى كەڭ يولغا قويدى. مەيجىشەن تاشكېمىرلىرىدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان لياڭجۇلۇق راھىب ــ ئاقارى شۈەنگاۋ (玄高) شىمالىي ۋېي سۇلالىسى شاھزادىلىرىگە ئۇستاز ــ ئاتا بەگ بولدى. لياڭجۇلۇق راھىبلار ئاقساقىلى شىشيەن (师贤) ئاقارى پىڭچېڭغا كەلدى. تەن ياۋ (昙曜) ناملىق راھىب باشچىلىقىدا يۇنگاڭ (云岗) تاشكېمىرلىرى قېزىلىشقا باشلىدى. بۇ ئىش تەخمىنەن 460 ـ، 524 ـ يىللىرىغىچە داۋاملاشتى.

پىڭچېڭ دەۋرىدىكى شىجۇشەن (西洲山) يانباغرىغا ياسالغان يۇنگاڭ تاشكېمىرلىرى ئەينى يىللاردا سىيانپىي، توغبات قاتارلىق شىمالىي سۇلالە قەبىلىلىرىنىڭ خەنزۇلار بىلەن چوڭ قوشۇلۇش دەۋرىدە يۈز بەرگەنلىكى ئۇنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدىكى ئۇسلۇب ۋە ئېتنىك تۈرقى ـ ھالەت، كىيىم ـ كېچەك ئۆزگىرىشلىرىدە ئىپادىلىنىپ تۇرغان. 1 ـ، 2 ـ، 5 ـ، 6 ـ، 7 ـ، 8 ـ، 9 ـ، 10 ـ، 11 ـ، 13 ـ، 16 ـ، 20 ـ كېمىرلەر شاۋۋېندىنىڭ تەيخېنىڭ 10 ـ يىلى (486 ـ يىلى)

ئېلىپ بارغان تەسۋىرىي سەنئەت ئۇسلۇبىدىكى ئۆزگەرتىش پەرمانىدىن ئىلگىرى، كۇسەن ۋە لياڭجۇ بۇددا سەنئىتى ئاساسىدا ئىشلەنگەن.

پادىشاھ شياۋۋېندىنىڭ 486 ـ يىلىدىكى پەرمانى بىلەن تۇرمۇشتا، ئوردا ھاياتىدا خەنزۇچە قائىدىگە ئەمەل قىلىش ۋە خەنزۇچە كىيىنىش دەۋەت قىلىندى. تاشكېمىر ۋە ئېھراملاردىكى تەسۋىرىي ئوبرازلار خەنزۇ قىياپىتى، ئېتنىك ئالاھىدىلىكى ۋە خەنزۇچە كىيىندۈرۈلۈشكە باشلاندى. بۇ ھەر ھالدا جۇڭگودا بۇددىزم مەھەللىي يىلتىز تارتقانلىقىنى كۆرسەتتى. بۇنداق ھادىسە شەرقىي شىمالدا لياۋنىڭ ناھىيىسىدىكى تۈمەن بۇتگاھ (万佛堂) دىن غەربىي شىمالدىكى دۇنخۇاڭ موگاۋكۇ تاشكېمىرلىرىگىچە تەسىر قىلىپ، ئايرىم تارىخىي قاتلام ھاسىل قىلدى.

دۇنخۇاڭ تاشكېمىرلىرى لياڭجۇ، پىڭچېڭ دەۋرلىرىنىڭ كېيىنكى باسقۇچىدا مەيدانغا چىقىشقا باشلىدى.

## 3. دۇنخۇاڭ تاشكېمىر سەنئىتىگە غەربىي يۇرت بەدىئىي ئۇسلۇبىنىڭ تەسىر كۆرسەتكەنلىكى

گەرچە دۇنخۇاڭ قاشقوۋۇق (玉门) ۋە ياڭگۇەن قوۋۇقىنىڭ سىرتىدىكى بىرىنچى چوڭ تىپتىكى بۇددا تاشكېمىر سەنئىتى خەزىنىسى بولسىمۇ، ئۇ غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى ئەڭ دەسلەپ تەسىر كۆرسەتكەن بۇددىزم دەرگاھى ئەمەس. بۇنىڭغا سەۋەب بولغان نەرسە، لۇي گۇاڭ كۇسەن بۇددا سەنئىتى، بولۇپمۇ تاشكېمىر سەنئىتى ئۇلگىلىرىنى ئۆز پايتەختىدىن يىراقتىكى دۇنخۇاڭ رايونىغا ئەمەس، ئەڭ ئالدى بىلەن لياڭجۇغا ماكانلاشتۇرغانىدى. بۇنىڭدىن باشقا، گەرچە دۇنخۇاڭدا تاشكېمىر قېزىشقا قولايلىق شەرتلەر بولسىمۇ، بۇ مەركىزىي شەھەرلەردىن يىراق ماكان مەركىزىي شەھەرلەرنىڭ تەسىرى بىلەن سەل

كىچىكىپ تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ پاۋلىئونغا ئايلاندى. بۇ، بوستانلىق دۆلەتلىرىدە يەنىلا ئاساسلىق شەھەرلەرنىڭ مەدەنىيەت مەركەزلىرى بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

دۇنخۇاڭ موگاۋكو تاشكېمىرلىرى ئالدىنقى چىن (351 — 394) پادىشاھلىقىنىڭ جەنيۈەن يىللىرىنىڭ (365 — 385) بېشىدا ياسىلىشقا باشلىغان. ئۇنى شەرقتىن كەلگەن لې زۇن (乐樽)، فا لياڭ (法良) ناملىق ئىككى راھىب بىنا قىلدۇرغانلىقى مەلۇم. ھازىر ئەڭ دەسلەپ قېزىلغان تاشكېمىرلەر قالمىغان، پەقەت شىمالىي لياڭ (397 — 445) دەۋرىنىڭ 420 ـ، 442 ـ يىللىرى قېزىلغان 268 ـ، 272 ـ ، 275 ـ كېمىرلەر ساقلانغان.

دۇنخۇاڭ تاشكېمىرلىرىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچتىكى كېمىر قېزىلىشى، بىناكارلىق سەنئىتى، ئىچكى مەزمۇن ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، تەسۋىرىي سەنئەت ئۇسلۇبى كۇسەننى ئاساس قىلغان غەربىي يۇرت سەنئىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىنى نامايەندە قىلدى. بۇ باسقۇچ شىمالىي ۋېي پادىشاھى شاۋۋېندىنىڭ مەشھۇر تەيخې يىللىرى پەرمانىغىچە داۋاملاشتى. بۇ چاغدا كۇسەندىكى بۇددىھانىڭ يارالمىش قىسمەتلىرى، سەۋەبىيەت ھېكايىلىرى، بۇددىھا قىسمەتلىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، ئادەم ئوبرازلىرى يۈزى يۇمىلاق، تۆت ئەزاسى تومـ سۇمبات، بېلى ئىنچىكە، كۆكرىكى چوڭ، نىسبىتى ئەينەن، روھىي قىياپىتى ھەيۋەتلىك بولۇپ، بېشىدا تاج، بەدىنىنىڭ ئۈستى كۆپىنچە يالاڭ، كىيىنىشى غەربىي يۇرت پاسونىدا تەسۋىرلەنگەن. رەسىملەر ستېرېئولۇق تۈيغۇ بېرىدىغان قىلىنغان، ئويما ـ قويما ئۇسۇلى قوللىنىلغان، ئېنىق رەڭ ئاساسىدا ئىسسىق تەسىرلىك سىزىلغاندى. يالىڭاچ بۇدساتۋالار، ئاسمان مالائىكىلىرى، ساماۋى مۇزىكانتلارمۇ سىزىلغاندى. كېيىن كۆڭزىچىلىق ۋە تەرىقەتچىلىك تەسىرىدە بۇنداق رەسىم ـ فىگۇرىلار دۇنخۇاڭدىن يوقىلىشقا باشلىدى.

تەيخې پەرمانىدىن كېيىن دۇنخۇاڭ تاشكېمىرلىرىدىكى

www.uyghurkitap.com



100 ـ رەسىم. ئاۋرېل ستەين دۇنخۇاڭدىن فوتو سۈرەتكە ئالغان بۇدساتۋانىڭ رەسىمى. ئۇنىڭدا غەربىي يۇرت ئۇسلۇبى قىسمەن ساقلانغان

تەسۋىرىي سەنئەت ئۇسلۇبى جىددىي ئۆزگىرىشكە باشلىدى. بۇ دۇنخۇاڭنى ئاساس قىلغان هالدا، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىن، غەربىي ۋېي، شىمالىي جۇ مەزگىلىنى بېسىپ ئۆتۈپ، تاكى سۇي سۇلالىسى دۆلەتنى بىرلەشتۈرگۈچە بولغان بىر ئەسىر (489 ــ 581) ئىچىدە بۇددا تاشكېمىر سەنئىتىدە غەربىي يۇرت ئۇسلۇبىدىن ئوزۇقلانغان، ئەمما ئۇنىڭدىن روشەن پەرقلەنگەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئۇسلۇبىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ جەريان ماهىيەتتە، شىمالىي سۇلالىلەردىكى سىيانپېي، توغبات، هۇن قاتارلىق خەلقنىڭ خەنزۇلىشىشى بىلەن بۇددىزمنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكلەشتۈرۈش، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە خاس بۇددا مەزهەپلىرىنى شەكىللەندۈرۈش جەريانلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن.

ئىككىنچى باسقۇچتىن باشلاپ دۇنخۇاڭ تەسۋىرىي سەنئىتىدىكى ئادەم قىياپەتلىرى يۈزى ئورۇقراق، قاش ـ كۆزى سوزۇنچاق، روهىيىتى يەڭگىل، كىيىملىرى كۆپ تاسما ـ لېنتىلىق سىزىشتىن تاشقىرى، يەنە پادىشاه، بەگزادىلەر رەسىملىرى، تارىخىي شەخسلەرنىڭ رەسىملىرىمۇ سىزىلىشقا

باشلىدى. مەسلەن، ئوماي، فۇيى، خەن ۋۇدى، جاڭ چيەن، سۇي ۋېندى، خوتەن پادىشاھى ۋە باشقىلار پائالىيىتىنىڭ بەزى كۆرۈنۈشلىرى ئىپادىلەندى. بۇ ئومۇمەن بۇددا تاشكېمىرلىرىدە ئەنئەنىۋى، تارىخىي تېمىلارنى ئىپادىلەش بىلەن بۇددىزم تېمىلىرىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە خاس ئىپادىلەشنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ قالدى. بۇ ماھىيەتتە خەنزۇلاشتۇرۇلغان ئىپادىلەش ئۇسلۇبى ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ھازىرغىچە ساقلانغان بىر قاتار كېمىرلەردە ئەبجەش - ئارىلاشما ئامىللار داۋام قىلغانلىقىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق لازىم.

494 - يىلى پايتەخت لوياڭغا يۆتكەلگەندىن كېيىن، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى جەنۇبىي سۇلالىلەردىكى بۇددىزم سەنئىتىگە قىزىقىشقا باشلىدى. خۇاڭخې ۋادىسىدا يۇنگاڭ (داتۇڭدا)، مەيجىشەن (تيەنشۈيدە)، دۇنخۇاڭ موگاۋكۇ تاشكېمىرلىرى تېخىمۇ خەنزۇلارنىڭ ئالامەتلىرىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان كېمىرلەر بىلەن بېيىتىلدى. لوياڭ ئەتراپىدىكى لۇڭمېن (龙门) تاشكېمىرى خەنزۇچە ئۇسلۇبتا ياسالدى ۋە زىننەتلەندى. ئۇ تەيخې پەرمانىدىن كېيىنكى بۇددىزم تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ نەمۇنىسىنى ياراتتى.

شىمالىي جۇ (557 — 589) ۋە شىمالىي چى پادىشاھلىقلىرى (550 — 557) بىللە مەۋجۇت بولغان دەۋرلەردە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ ئالاقىلىرى تېخىمۇ قويۇق بولدى. كۇسەنلىك ماندا ئاقارى (白明达)، بايجىتۇڭ (白智通)، سۇجۇپ (苏祗甫) ۋە خوتەنلىك ۋىجىرا (尉迟) جەمەتىدىن، قەشقەرلىك ئاموز (阿摩拔)، توققۇز جاۋۇپ ساۋ (曹)، ئەن (安)، كاڭ (康)، مى (米)، خې (何) جەمەتلىرىدىن ماھىر سازەندە ۋە ئۇسسۇلچىلار چاڭئەنگە توپلاندى. موغانخاننىڭ قىزى مەلىكە ئاسىنا پادىشاھ جۇ ۋۇدىغا ياتلىق قىلىنغاندا، كۇسەن قاتارلىق جايلارنىڭ ماھىر سەنئەتچىلىرىنى چاڭئەنگە ئەكەلگەنىدى. جۇ ۋۇدىنىڭ بۇددىزمنى چەكلەش ھەرىكىتى ئۇزاق

داۋام قىلمىدى. ئۇ بۇددىزمنى تەرغىب قىلغاندا شىمالىي چى پادىشاھى گاۋ ۋېيدى (高纬帝) داۋاملىق بۇددىزم ۋە غەربىي يۇرت سەنئىتىنى قوغداش مەيدانىدا تۇردى.

## 4. غەربىي يۇرت ئۇسلۇبىنىڭ سۈي ـ تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە تەسۋىرىي سەنئەتكە تەسىر كۆرسەتكەنلىكى

سۈي ـ تاڭ (581 — 907) سۇلالىلىرى جۇڭگونىڭ بىرلىككە كەلگەن ۋە گۈللەنگەن دەۋرى سۈپىتىدە تارىخ سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالدى. روشەنكى، سۈي ـ تاڭ مەدەنىيىتى ئالەمشۇمۇل تەسىر پەيدا قىلغان شانلىق مەدەنىيەت بولۇشى بىلەن بىللە، يەنە شىمالىي ۋە جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى ۋە پۇتكۇل يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ سىنكرېتىك تۆھپىلىرىنى ئۆزىگە مۇھىم بىر ئاساس قىلغانىدى. بۇددىزم ۋە سەنئەت دەل بۇنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنىدىن ئىبارەت.

سۈي ـ تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە چاڭئەن بىلەن لوياڭ مەشھۇر خەلقئارا شەھەر بولۇش سۈپىتى بىلەن چەتكە قارىتا ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېتىشنىڭ نەمۇنىسىنى تىكلىدى. جۈملىدىن غەربىي يۇرت مۇزىكا ـ ئۇسسۇل ـ تىياتىر سەنئىتى، رەسساملىق ۋە ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتىگە كەڭ ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. سۇجۇپ ۋە بامىندا ۋەكىللىكىدىكى مۇزىكا سەنئىتى، بۇددىچىڭا (佛图澄) ئاساس سالغان بۇددا بىناكارلىقى ۋە ھەيكەلتىراشلىقى، ۋىجىرا ياپوچىنا ۋە ۋىجىرايا ئىرساڭگا ئاساس سالغان تام رەسىمچىلىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سەنئىتىدە نوپۇزلۇق ياكى تەسىرلىك ئىلمىي مەكتەپ بولۇپ قالدى. بىز ئۆز تەتقىقاتىمىزدا بۇ سەنئەت ئۇستىلىرى توغرۇلۇق مەخسۇس توختالمايمىز.

سۈي ـ تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە غەربىي يۇرت سەنئىتى ۋە

ئۇنىڭ بىۋاستە تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن لياڭجۇ ئەلنەغمە ۋە تىياتىر سەنئىتى چاڭئەن، لوياڭلار ئارقىلىق ۋاستىلىك يوسۇندا جەنۇبتىكى ئۆلكىلەرگە، دالى (大理) پادىشاھلىقىغا چاۋشيەنگە ۋە ياپونىيىگە ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن. بۇ ئالاقىدار تارىخىي ھۆججەتلەردە روشەن بايان قىلىنغان تارىخىي پاكىت.

ياپونىيە ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدىن باشلاپ، شىمالىي ۋە جەنۇبىي سۇلالىلەر ۋاقتىدا جۇڭگوغا ئەلچى ئەۋەتىپ بۇددا نوملىرىنى ئېلىپ كەتكەن، ئۇنىڭدىن كېيىنكى سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە بىناكارلىق، كىيىم - كېچەك، سىياسىي ھايات، مۇزىكا قاتارلىقلاردا جۇڭگو مەدەنىيىتىگە بولغان كۈچلۈك مايىللىقىنى ئىپادىلىگەن. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياپونىيىدىن 13 قېتىمدىن ئارتۇق ئەلچىلەر ئۆمىكى، نەچچە يۈزلەپ ئوقۇغۇچى كەلدى. ياپونىيىنىڭ مەشھۇر سەنئەت ئۇستىلىرىدىن فاتىرېت (佛彻) بىلەن بادھىسېنا (正菩提仙那) شۇ زامانلاردا جۇڭگوغا كېلىپ كەتكەندى. چاۋشيەن ۋە ياپونىيىگە تەسىر قىلغان سۈي - تاڭ دەۋرى مەدەنىيىتىدە غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى قاتلىمىنىڭ مەۋجۇتلۇقىمۇ تارىخىي پاكىت.

غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى شەرققە تەسىر كۆرسەتتى. ئوخشاشلا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ تاشكېمىر سەنئىتى غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىگە ئەكس تەسىر كۆرسەتتى. بۇ يىپەك يولى سەنئەت ئالاقىلىرىدە تەكرار ئىپادىلەنگەن قانۇنىيەتلىك ھادىسە ئىدى.

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ تاشكېمىر سەنئىتى غەربىي يۇرتقا ئاساسلىقى ئىككى خىل يول بىلەن تەسىر كۆرسەتكەندى. ئۇنىڭ بىرى، ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن راھىبلار، بېكسۇلار ۋە ساخاۋەتچىلەر قازدۇرغان تاشكېمىرلەردە گەۋدىلەنگەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئۇسلۇبىدۇر. بۇمۇ ئىككى قاتلاملىق مەنىدە بولۇپ، تام رەسىملىرىدە كۆرۈلگەن غەربىي يۇرتنىڭ «ئويما - قوپما» (凹凸法) ئۇسۇلى ۋە «تۆمۈرنى ئېگىپ سىم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

چىقىرىش» (屈铁盘丝)[1]، «ئىگىنىنى سۇدىن ئېلىپ كىيدۈرۈش» (曹衣出水)[2] ئۇسلۇبىدىن تاشقىرى، يەنە «ۋۇنىڭ بەلۋېغى شامال توسۇش» (吴带当风) ئۇسلۇبىدۇر. بۇ كىيىم بىلەن بەدەن ئارىسىغا شامال كىرگۈزۈپ سىزىش ئۇسۇلى ئىدى؛ ئۇنىڭ يەنە بىرى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك تاشكېمىرلىرىدە خەنزۇ مىللىتى ياقتۇرىدىغان ئوبرازلار كۆپەيتىلدى. بىز قۇمتۇرادىكى بەزى تاشكېمىر سەنئىتىدىن مۇنداق «قايتقان - ئەكس تەسىر» ھادىسىسىنى كۆرۈۋالايمىز. پېشانىسىدىكى سىزىقلار گەۋدىلىك چىقىپ تۇرغان، يۈزى سېمىزرەك، كۆز قۇيرۇقى يۇقىرىراق قىڭغايغان، بوينى ئوتتۇرا ھال خەنزۇ قىياپىتى ھەم قولنى قىيپاش تۇتۇش كۆرۈنۈشلىرى قۇمتۇرا تاشكېمىرلىرىدە، بولۇپمۇ خەنزۇچە بېغىشلىما يېزىلغان رەسىملەردە ئۇچرايدۇ. 727 - يىلى ھىندىستانغا بېرىپ كۇسەنگە قايتقان چاۋشيەنلىك راھىب خۇيچاۋ (慧超) «بەش ئەنەتكەك ئېلىگە زىيارەت» (往五天竺国) ناملىق ئەسىرىدە، كۇسەندە دايۈنسى (大云寺) ناملىق ئىبادەتخانىدا چاڭئەن جۇاڭيەنسى (庄严寺) نىڭ راھىبى يىچاۋ (义超) ئىستىقامەت قىلىدىغانلىقىنى، يەنە بۇ ئىبادەتخانىدا چاڭئەنلىك مىڭيۈن (明恽) قاتارلىق راھىبنىڭ بارلىقىنى. لۇڭشىڭشى (龙兴寺) ئىبادەتخانىسىنىڭ شەيخى كۇسەندە تۇغۇلغان خەنزۇ فاخەي (法海) دېگەن كىشى ئىكەنلىكىنى يازغان. قۇمتۇرادىكى خەنزۇ راھىب، ئارخاتلارنىڭ بېغىشلىمىلىرى 847 -، 851 -، 872 -، 885 -، 887 -، 894 - يىللىرىدا يېزىلغانىدى.

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىگە تەسىر كۆرسىتىشىدىكى ئىككىنچى يول، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ۋە كۇسەن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن تېخىمۇ روشەنلەشتى. سۇي - تاڭ سۇلالىلىرى مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە كۈچلۈك ئۇچرىغان

ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ماھايانا بۇددىزمى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن دىيانا مەزھىپى ئالاھىدىلىكلىرىنى خەنزۇ بۇددىزمى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان دەرىجىدە گەۋدىلەندۇردى. ئۇلار خېلىلا بىر قىسىم نوم ـ سۇترىلارنى خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئىشلەتكەنىدى. بۇ ئەھۋال كېيىنچە تۇرپان بېزەكلىكىدە بىرقەدەر ئېنىق ئىپادىلەندى.

مىلادىيە 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ھازىرقى جاڭيېنى مەركەز قىلغان گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى مەيدانغا چىقتى.

دۇنخۇاڭ رايونىدا نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار ۋە توققۇز جاۋۇپ ئۇيغۇرلىرى توپلىشىپ ياشايتتى. ئۇ يەردە مىلادىيە 10 ـ، 11 ـ ئەسىرلىرى ئارىسىدا بىر ئەسىر سۇغدى ـ ساۋ جەمەتى ھاكىمىيىتى ساقلاندى. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى ئارىسىدىكى دۇنخۇاڭ ساۋ جەمەتى ھاكىمىيىتى ئۆز نامىنى ئۇيغۇر نامىغا ئۆزگەرتتى. «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» دا بۇ نام «ساجۇ ئۇيغۇر پادىشاھلىقى» دەپ يېزىلدى. دۇنخۇاڭدا مىلادىيە 11 ـ، 12 ـ ئەسىرلەردىن باشلاپ ئىسلامىيەتتىن يىراقلاشقان ئۇيغۇر بۇددىستلىرى كۆپەيدى. ياپونىيە ئالىمى مۇرى ياسۇتاكاۋ (森安孝夫) نىڭ «ئۇيغۇرلار ۋە دۇنخۇاڭ» ناملىق ماقالىسىگە قارىغاندا، ئەڭ كەم ھېسابلىغاندىمۇ يۇەن سۇلالىسىدىن تاكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىگىچە دۇنخۇاڭ ئىزچىل ئۇيغۇر بۇددىزمىنىڭ بىر مەركىزى ئۇچىقى بولدى. كۆپلەپ ۋەخپىلەر، چىلانزارلىقلار تەسەررۇپ قىلىنىش بىلەن بىللە، ئۇيغۇر كېمىرلىرى تەمىر قىلىندى.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تەسىر كۆرسىتىش ۋە كېيىنچە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ قايتا تەسىر كۆرسىتىشىگە ئۇچراش ئارقىلىق داۋاملىق بېيىدى ۋە رەڭگارەڭلەشتى. بۇنداق تارىخي جەريانىنى ئوخشىمىغان تارىخي دەۋرلەردە غەربىي يۇرت

سەنئەت مەركەزلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قەندىھار سەنئەت مەركەزلىرى ئاساسىدا يۈز بېرىپ ئۆتكەن تەسىرلىنىش ۋە تەسىر كۆرسىتىش ھادىسىلىرىدىمۇ كۆرۈلگەن دەپ ئېيتالايمىز. بۇ تەپسىلىي سېلىشتۇرما تەتقىقاتىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئىزاھلار:

① بۇ، ئادەم بەدىنىنى ئەۋرىشىم سىزىش ۋە سىزىقلارنى ئىنچىكە سىم ياكى قىلدەك ئېلىپ سىزىش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ.

② بۇ، ساۋ مياۋدا (曹妙达) ۋەكىللىك قىلغان رەسىملەردە كىيىمنى خۇددى ھازىر سۇدىن ئالغان كىيىمدەك بەدەنگە چاپلاپ سىزىپ، بەدەن گۈزەللىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ.

## ئون ئىككىنچى باب

# غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ خارابلىشىشى

### 1. تارىخىي ۋە ئىستىخىيىلىك خارابلىشىش

#### بىرىنچى، مۇئەللىپىنىڭ نەچچە ئېغىز سۆزى

«غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ خارابلىشىشى»، بۇ تولىمۇ مەيۈسلۈك ماۋزۇ. شەيئىنىڭ پەيدا بولۇشى، راۋاجلىنىشى، گۈللىنىشى ۋە چۈشكۈنلىشىشىدىن تاكى خاراب بولۇشىغىچە بولغان پۈتۈن جەريانىدىكى دىئالېكتىك قانۇنىيەتنىڭ سەنئەت ھادىسىسىنىمۇ ئۆز ئىلكىدە تۇتىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشەنگەن ھالدا، غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ تارىخى ۋە ئىستىخىيىلىك تۈرىدىكى خارابلىشىشى بىلەن سۈنئىي ۋە بۇزغۇنچىلىق تۈرىدىكى ۋەيران قىلىنىشىنى كۆزىتىپ چىقىش مۇھىم ئىلمىي ئەھمىيەتكە ئىگە. بىر تەرەپتىن، تارىخىي يوسۇندا تاشلىنىشى، تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ نابۇت قىلىشى، دىنىي «غازات» ئۇرۇشلىرى بىلەن دىنىي قىساسكارلىق قۇترىتىشلىرىنىڭ ئېغىر خاراب قىلىشى، يەنە بىر تەرەپتىن، نامراتلىق، نادانلىق تۈپەيلى، بولۇپمۇ «گۆھەر تېپىش» ئەسەبىيلىكىدە تۈنجۇقۇۋاتقان بۇ گۈزەل سەنئەت شاھزادىسى ئاخىرىدا ئاتالانتىك ئوكيان بىلەن ئۇلۇغ ئوكيان ساھىلىدىن كەلگەن ئەجنەبىي تەۋەككۈلچىلەرنىڭ دەپسەندە قىلىشى بىلەن ئاخىرقى تىنىقىدىن قالدى. بۇ سەنئەت سالونىدا ئىشانچىلىق ۋە ئېچكى سۈيىقەست قۇيۇنلىرى كىروران بىلەن شەھىرى كېتىكنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

ۋەيران قىلىنغان قارا بوراندەك كۆزنى ئاچقۇسىز مۇشكۇلاتقا دۇچار قىلىنغان بۇ مومېنتلاردە!، غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ بەدىنىنى شىلىپ كەتكەن ئەجنەبىي ئالۋاستىلار ئىلىم - پەن دۇنياسىدا ئوسكار ۋە نوبېل فوندى تەمىنلىگەن شۆھرەت دۇلدۇلىغا مىنىپ راسا كېرىلىشۋېلىشتى. تارىخ خۇددى ھېلىقى ۋاپادار تاشپاقىنى ئۆلتۈرۈپ، كاۋاب قىلىپ يېگەن ئالدامچى سودىگەرلەرنى چەيلەپ ئۆلتۈرگەن بىر توپ سەپەردىكى پىللاردەك، بۇ شۆھرەت ئىگىلىرىنىمۇ مۇقەددەس قۇم بارخانلىرىنىڭ تېگىگە كۆمۈپ تاشلىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، تارىخ پۈتۈن قىلمىش - ئەتمىشلەرنى ئادالەت تارازىسىدا يەكۈنلىمەي قويمايدىغان ئوخشايدۇ! بۇمۇ، سەنئەت - مەدەنىيەتنىڭ ماددىلاشقان ھالىتى خاراب بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھەقىقىي روھىيىتىنىڭ ھاياتىي كۈچىگە بىر بېشارەت بولسا كېرەك ...

كىشىنى ئېچىندۇرىدىغىنى ئىككى نەرسە: غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى خارابلاشتى، ئەمما ئۇ ئاڭلىق سۈبيېكت تەرىپىدىن، ئۆز يېرى ۋە ئۆز خەلقى تەرىپىدىن، ئىلىم دۇنياسى تەرىپىدىن بىرقەدەر تولۇق، بىرقەدەر توغرا تەتقىق قىلىنىپ، ئۆز - ئۆزىنى كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ خارابلاشقىنى يوق! بۇ ئۇنىڭ ئىختىراچىلىرى ئۇچۇنمۇ، ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بولغان بىز ئۇچۇنمۇ ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن تارىخىي قىممىتى ئۇچۇنمۇ، تەتقىقات ئىشلىرى ئۇچۇنمۇ ئېغىر ئۇزۇلۇش خاراكتېرىدىكى پاجىئەلىك يوقىتىش!

غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى خارابىلىرى ئۆز مىللىتى تارىخىدا ۋە ئۆز ئېلىدە مىلادىيەنىڭ ئالدى - كەينىدە مۇنداق مەدەنىيەت، مۇنداق سەنئەت خەزىنىسى بولمىغان، پەقەت يېقىنقى زامان سانائىتى تۈپەيلىدىن ئالدىنقى قاتارغا ئېرىشكەن ئەللەرنىڭ ئارخېئولوگلىرى، شەرقشۇناسلىرى تەرىپىدىن داۋاملىق قېزىپ كېتىلدى، داۋاملىق يەڭگىلتەك ھۆكۈم ۋە مۇھاكىمىلەر ئېچىگە

زورلاپ كىرگۈزۈلدى، ئۇلارنىڭ «غەرب مەركەز» نەزەرىيىسىگە قۇربانلىق قىلىنىۋېتىلدى. ئۆتمۈشتە يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئودالىزملىق ئاسارەتكە تۇنجۇققان ئېلىمىز جۇڭگودىمۇ ئەجنەبىيلەرنىڭ تىلىنى دورايدىغان شاتۇتىلار پەيدا بولدى. نەتىجىدە غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى تەتقىقاتى ياتلاشتى!

مانا بۇ، ئومۇمىي خارابىلىشىش قانۇنىدىن ئېشىپ چىققان ئىككى ئالاھىدە پاجىئەلىك ئالاھىدىلىك!

بىز غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ خارابىلىشىشى مەسىلىسىگە يېقىنلاشقاندا، ئۇنىڭ دىنىي ئۆزگىرىشلار تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى بىلەن چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى تەرىپىدىن بۇزۇپ - چۇۋۇلغانلىقى قاتارلىقلار ئۈستىدىكى ھەر خىل مۇھاكىمىلەرگە دۇچ كېلىمىز. بەزىدە، بۇنداق بۇزۇپ - چۇۋۇلغانلىق «قۇتقۇزۇۋېلىش» دەبدەبىسى بىلەن، بەزىدە بۇنداق بۇزۇپ - چۇۋۇلغانلىق «ئەجنەبىي ئالۋاستىلارنىڭ تالان - تاراج قىلىنغانلىقى» تەنىسى بىلەن كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ. بىز بۇ جەھەتتىمۇ تولۇق، توغرا، ئەتراپلىق، ئادىل يەكۈن تەۋسىيە قىلىنىشقا تەمشىلىمىز.

غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى ۋە باشقا بۇددىزم خارابىلاشقان ئوبيېكتلار ئۇچۇن مەيلى تەبىئىي شارائىت، تەبىئىي ئاپەت، جەڭگى - جېدەل، ئىستىخىيىلىك ۋە ئاتايىن پىلانلانغان بۇزغۇنچىلىقلار جەھەتتىن بولسۇن بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. بۇ بىزدىن خارابىلاشقان ئوبيېكتلارنىڭ خارابىلىشىش جەريانلىرىنى كونكرېت، قاتلاملىق، پەرقلىق تەھلىل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

### ئىككىنچى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزلۈكسىز بىلەن يۈز بەرگەن خارابىلىشىش

روشەنكى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھەرقانداق مەدەنىيەتنىڭ ئالدىنقى شەرتىدىن ئىبارەت. شىنجاڭ رايونى ئۇچۇن، بولۇپمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەكلىماكان چۆللۈكىنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى مەدەنىيەت ئوچاقلىرى ئۇچۇن، تەڭرىتاغلىرى بىلەن پامىر، كۇئېنلۇن ۋە ئالتۇن تاغلىرىدىن ئېقىپ چۈشىدىغان، ئۆزىنىڭ سۇغىرىش ئىقتىدارىنى بىرقەدەر مۇقىم ساقلاپ تۇرالايدىغان دەريا ۋە ئېقىنلارنىڭ بولۇشى ئالدىنقى شەرت ھېسابلىنىدۇ. تەكلىماكاندىكى ھەيۋەتلىك كۆچمە قۇم بارخانلىرى بىلەن پارچە - پارچە بوستانلىقلارنى كۆكەرتىدىغان دەريا - ئېقىنلار ئەزەلدىن بۇ يۇرتتا بوستانلىق شەھەر - قەلئەلىرىنىڭ ھايات - ماماتى ئۇچۇن بىرىنچى دەرىجىلىك مەنبە بولۇپ كەلگەن. خۇددى مىلادىيەنىڭ ئالدى - كەينىدە بولغانلىقىنى قىياس قىلغىلى بولىدىغان قۇم كۆچۈش ھادىسىسى مىلادىيە 3 -، 5 - ئەسىرلەردە كرورانىنى، مىلادىيە 13 - ئەسىردە شەھىرى كېتىكنى ئۆز قوينىغا ئالغان. خەلق ئاغزىدا ئېيتىلىپ كەلگەن «تەكلىماكاندا 300 شەھەر قۇم ئاستىدا قالدى» دېگەن سۆز قانداق بولسۇن مۇشۇ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئەڭ ئالدى بىلەن خارابىلاشقان بۇددا مەدەنىيەت نۇقتىلىرى يەنىلا سۇسىزلىق ۋە قۇم ئاپىتى تۈپەيلىدىن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئۈزۈلۈشى بىلەن خارابىلاشقان جايلاردىكى مەدەنىيەت نۇقتىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا، ئىجتىمائىي ھايات ھازىرغىچە داۋاملاشقان بوستانلىقلاردىكى بۇددا پائالىيىتى، بولۇپمۇ ئاۋات يۇرت ئىچىدىن تەركىدۇنيا بولۇپ، ئاسكىتىزملىق ئىستىقامەت بىلەن شۇغۇللىنىش پائالىيىتى ئاخىرلاشقان نۇقتىلاردىن ئىبارەت. بۇ بىرىگە تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ زەربىسى بىلەن يۈز بەرگەن تەبىئەت ئىستىخىيىسى بىلەن خارابىلاشقان ئوبيېكتلارغىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمىغان پەرقلىق مۇئامىلە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. كروران، مىران تەكلىماكاننىڭ شەرقىدىكى سۇ مەنبەلىرى يىراق رايونغا جايلاشقان بولسا، دەندان ئۆيلۈك، كونانىيە ۋە كونا ئەندىرە قاتارلىق شەھەر - قەلئەلەر

قەدىمكى كۈئېنلۈندىن ئېقىپ چىقىدىغان ۋە ئۆز ئېقىنىنى يۆتكەپ تۇرىدىغان تارماق ئېقىنلار بويىغا جايلاشقان. بۇ ئۈچ بۇرجەك قۇملۇق رايون شەرقتىن، شەرقىي شىمالدىن كېلىدىغان قۇم كۆچۈش ھادىسىسىنىڭ تەھلىكىسىگە خېلى ئىلگىرىلا دۇچ كەلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قۇملۇق باغرىدىكى قەدىمكى بوستانلىقلاردا يەر شارائىتى تۈپەيلى تۈز يەرگە ياسالغان ۋە ئىچىگە لىم ئېلىنغان، چىۋىقلارغا لاي بىلەن چاپلاپ قوپۇرۇلغان لاي - كېسەك بىناكارلىقىدىن باشقا، تاشكېمىرلەر قېزىش ئىمكانىيەتلىرى بولمىغان. گەرچە يەكەن ۋە قەشقەر رايونلىرىدا مەرۋانبۇت، ئۈچمەرۋان (توققۇزھۇجرا)، تۇمشۇق، توققۇزسارايدەك تاغ - جىلغىغا ياسالغان بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى بىنا قىلىش مۇمكىنچىلىكلىرى بولسىمۇ، بۇ رايونلار تارىختا ئىپتالىتلار، قىتانلار، بولۇپمۇ ئىسلام دىنىنىڭ جىددىي ھۆكۈمرانلىقى تىكلەنگەن ۋە ئۇزاق ھۆكۈم سۈرگەن نۇقتىلىق رايونلىرى بولغان. بىرمۇنچە بۇددىزم يادىكارلىقلىرى خاراب قىلىنغان ياكى ئىسلاملاشتۇرۇلغان مازار ياكى يەر ناملىرى يېپىنچىسىدا كۆزدىن غايىب بولۇپ، پەرقلەندۇرۇش قىيىن بولغان تارىخىي ئىزنالارغا ئايلانغان. تارىم ۋادىسىنىڭ تەكلىماكانغا يېقىن بوستانلىقلىرىدىكى ئاددىي كېسەكتە قوپۇرۇلغان بۇددا يادىكارلىقلىرى، خۇددى ھازىرقى توقسۇ ناھىيىسى ئەتراپىدىكى شەھەر خارابىلىرىدەك سۇسىزلىق، قۇم قاپلاش ۋە ۋاقىتنىڭ رەھىمسىز كۈچلىرى بىلەن ئۆز قەددىنى داۋاملىق تىكلەپ تۇرۇش مۇمكىنلىكلىرىدىن مەھرۇم بولغان. شەھىرى كېتىك (金柱城)، ئۈچقات سېپىللىق شەھەر قاتارلىق قۇم دېڭىزىغا غەرق قىلىنغان قەدىمكى مەدەنىيەت ماكانلىرى ئۇنىڭ يارقىن مىسالى.

قاراشەھەر ۋادىسىدىكى شورچۇق - شىكشىن مىڭئۆيلىرى

قاراشەھەر دەرياسى بىلەن كۆنچى دەرياسى ھەم باغراش كۆلى ئۈچبۇرجىكىدىكى زەيلىك زېمىنغا جايلاشقانلىقى تۈپەيلى، تاغ

جىلغىلىرىدىكى تاشكېمىرلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئادەتتىكى كېسەك ۋە ياغاچتىن قوپۇرۇلغان بىناكارلىق ئىزلىرى ۋاقىت ۋە زەيلىكنىڭ تەسىرىدە غۇلاپ چۇشۇشكە مەجبۇر بولغان. كىشىنى تەئەججۇپكە سالىدىغىنى بۇ نەملىك خارابىلەردا ئۆت كەتكەنلىك ئالامەتلىرىمۇ كۆزگە روشەن چېلىقىپ تۇرىدۇ.

كوچا دىيارىنىڭ مۇزات ۋادىسىغا يېقىن، ھېلىمۇ بوستانلىق ھالىتىنى يوقاتمىغان قىزىل، قۇمتۇرا قاتارلىق جايلىرىدىمۇ تۇزلەڭلىككە سېلىنغان كېسەك ئېھراملار ۋاقىت سىناقلىرىغا ئۆز تەبىئىتىگە يارىشا بەرداشلىق بېرەلىشى مۇمكىن ئىدى. بۇددىزم ئېتىقادىنىڭ كۆچتىن قېلىشى، بۇددا ئېھراملىرىنى دائىم يېڭىلاپ تۇرۇشى زۆرۈرىيەتلىرىنىڭ بىكار قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، بۇ خىل بىناكارلىقلارمۇ يەر بېغىرلاپ يېتىشقا مەجبۇر بولغان. قەدىمكى كۇسەن بۇددىزم بىناكارلىقىدىن پەقەت مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىغىچە قىزىل، قۇمتۇرا، سىمسىم، قىزىلقاغا، توغراقدەڭ، تېتى، توغراقىيلان، مازارباغ، دۇلدۇلئوقۇر، توڭگۇزبېشى، باغتام، قاراقۇشيار (دەقيانۇس تۇرى)، ئوتتۇزئوقۇر، سۇبېشى، ئىسسىقسۇ قاتارلىق جايلاردىكى تاشكېمىرلەر بىلەن چوڭ تىپتىكى مۇنار، بىناكارلىق قالدۇقلىرى ئېشىپ قالغان. ئەلۋەتتە، بۇ مەدەنىيەت ئىزنالىرى خېلىلا ھالىدىن كەتكەنىدى.

تۇرپان دىيارىدىمۇ ئىدىقۇت شەھىرىدىكى غايەت زور ھەجىمدىكى، مىڭ بۇرھان قويۇلىدىغان كۆپ ئويۇقلۇق بۇددا مۇنارى، بىر قاتار بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنىڭ تاشلاندۇق خارابىلىرى، تېخى ئېچىلمىغان ئاستانە كونا قەبرىگاھلىقى، تۇيۇق، سىڭگىم، بېزەكلىك، يارغول تاشكېمىرلىرى تاشلانغان ۋە ھالىدىن كەتكەن قىياپەتتە مۇشۇ ئەسىرگە ئاران ئۇلىنالىغانىدى. بۇ مەدەنىيەت نۇقتىلىرى تاشلانمىغان بوستانلىقلاردىكى تاشلانغان خارابىلەرگە ۋەكىللىك قىلاتتى.

يۇقىرىدىكىلەردىن مەلۇمكى، غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ خارابلىشىشىغا تەسىر كۆرسەتكەن بىرىنچى ئامىل بۇ خىل ئوبيېكتلار جايلاشقان بوستانلىقلارنىڭ ئىجتىمائىي ھايات كاتېگورىيىسىدىن چىققانلىقى بىلەن، بۇ خىل ئوبيېكتلارنىڭ دىنىي پائالىيەت ۋە تۇرمۇش پائالىيەتلىرىدىن مەھرۇم بولغانلىقى ھېسابلىنىدۇ.

### ئۈچىنچى، تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن يۈز بەرگەن خارابلىشىش

ئوت، شامال، قۇم ـ توپا، يەر تەۋرەش قاتارلىقلار تەبىئەتنىڭ دائىمىي ھەرىكەت يادنامىسى. بۇ خىل تەبىئەت ھەرىكىتى شىنجاڭدىكى تاشكېمىرلەرنىڭ گۇمۇرۇلۇپ چۈشۈشى، قۇم ـ توپىغا كۆمۈلۈشى، ئۈنىڭدىكى ھەيكەل، تام رەسىملىرى، يازما ھۆججەتلەرنىڭ چىرىپ كېتىشىنى نورمال ۋاقىتنىڭ سوزۇلۇشىدىن بولىدىغان خارابلىشىشنى تېزلىتىدۇ، ئەلۋەتتە.

بىز ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى كۇچا ـ باي ناھىيىلىرى تەۋەسىدە تارتقان فوتو سۈرەتلەردىن سۇبېشى، دۇلدۇلئوقۇر، توڭگۇزبېشى، باغتام، ئوتتۇزئوقۇر، قاراقۇشيار، قىزىل تاشكېمىرلىرى، مۇنارلىرى، ئېھراملىرىنىڭ سۇ يالاپ كېتىشى، يەر تەۋرەش، بوران ـ چاقماق زەربىسى تۈپەيلىدىن گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەندىن كېيىنكى ھالىتىنى كۆرەلەيمىز.

«يېڭى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» (1937 ـ يىلى ئۇلۇغ ياپون مەتبەئە شىركىتى باسقان) 1 ـ كىتابنىڭ، 338 ـ بېتىنىڭ يېنىغا توڭگۇزبېشى كېمىرلىرىنىڭ قىياپىتى بېرىلگەن. توپىلىق قىياغا كېمىر ئويۇپ ياسالغان بۇ سەنئەت سالونى تاشقىن سۇ ۋە مىقدارى كۆپ بولمىغان ساي سۇلىرىنىڭ دائىم يالاپ تۇرۇشى نەتىجىسىدە پۈتۈن كېمىر خۇددى پىچاقتا تىلغاندەك كېسىلىپ چۈشكەن. ئېچىلىپ قالغان قىيا باغرىدا خۇددى ئېگىز يارلىقتا مىخلاپ قويۇلغاندەك بىر قاتار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەيكەللەرنىڭ قول - پۇت ۋە گەۋدىلىرى چاپلاشقان پېتى ئېچىلىپ چىقىپ قالغان. بىر قاراشتا، بۇ ھەر خىل ئەۋرىشىم قىياپەتتىكى قىزغۇچ تۇپراق رەڭگىگە كىرىپ كەتكەن ھەيكەللەر تۈركۈمى تام تۈۋىگە تىزىپ قويۇپ، ئوقۇقا تۇتۇلغان مەھبۇسلاردەك ھەرەڭ - سەرەڭ پېتى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. باغتامنىڭ غەربىي تەرىپىدە ھېلىغىچە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مۇنار (Stupa) خۇددى ئاتۇش شەھىرى بىلەن قەشقەر بەشكېرەم يېزىسى ئارىسىدىكى قۇمساغىر دېگەن جايدىكى مۇنارغا ئوخشايدىغان بولۇپ، تەبىئەت ۋەيران قىلغان بۇ مۇنارنىڭ سۈرىتى «يېڭى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»نىڭ 346 - بېتى يېنىغا قىستۇرما قىلىنغان. ياپونىيىلىكلەر باغتامدىن ئېلىپ كەتكەن تام رەسىمىگە بىر سېۋەتكە ئالتە كىشىنىڭ بېشى تاشلانغان. ئىككى كالتەك - نوغۇچ تۇتقان كىشى بۇ باشلارنى قوچۇۋاتقان، بىر ياندا قىزىل رەڭدار كاسايادىن ئوڭ قولىنى چىقارغان بۇددىھا قولىنى ھېلىقى ئالتە باشقا سوزغاندەك ئىشارەت قىلىپ تۇرغان كۆرۈنۈش سىزىلغان. بۇ ئېھتىمالىم كۆسەن ھىنايانا تەقۋادارچىلىقىنىڭ «ئالتە قاچىغ (ئالتە ئوغرى)» دەپ ئاتالغان ئالتە سەزگۈ ۋە ھەۋەسنى تەقىب قىلىش تەشەببۇسلىرىنىڭ تەسۋىرىي ئىپادىلىرىدىن بولۇشى مۇمكىن.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان كىتابنىڭ 368 - بېتىگە قاراقوشياردىكى دەقىيانۇس تۆرى دەپ ئاتالغان ئۈچ قەۋەت ئېگىزلىكتىكى خۇددى بىر - بىرىدىن كىچىك ئۈچ دوپپىنى بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرىنى قويغاندەك ياسالغان بۇددا مۇنارىنىڭ خاراب كۆرۈنۈشى بېرىلگەن. بۇ مۇنارنىڭ 2 -، 3 - قەۋەتلىرىدىكى بۇددا ھەيكىلى ئويۇقلىرى (buddha — 神龛 Raka) ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئاستىدىكى قەۋەتتىكى چوڭ ئويۇقلار بۇزۇلغان بولۇپ، ئۇ يەرگە ئېھتىمالىم چوڭ ھەجىملىك ھەيكەللەر ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى تەخمىن قىلىش مۇمكىن. «يېڭى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» نىڭ 369 -، 370 - بەتلىرى

ئارىسىدىكى فوتو سۈرەتلەر ئىچىدە يار بېشىغا سېلىنغان ئوتتۇز ئوقۇر ئىبادەتخانىسىنىڭ بىرقانچە قاتار ئۈچ قىرلىق (△△△) كۆرۈنۈشتىكى ئارقا تېمىنىڭ قالدۇقى بېرىلگەن. مانا بۇ مەدەنىيەت نۇقتىلىرى سۇ يالاپ كېتىش، يەر تەۋرەش قاتارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ھالاكەتچان تەسىرىگە ئۇچراش ئارقىلىق تەدرىجىي ۋەيران بولغان.

گېرمانىيە ئارخېئولوگى فون لېكوكنىڭ يېزىشىچە، ئۇ كۇچا قىزىل مىڭئۆيلىرىدىكى ۋاقىتىدا توساتتىن يەر تەۋرەپ، كېمىر ئۆي ئەتراپىدىن شېغىل تاشلارنىڭ غۇلاپ چۈشكەنلىكىنى كۆرگەن. ئۇ 1913 ـ يىلى ئىچىدە تام رەسىملىرى بارلىقىنى كۆرگەن بىر تاشكېمىرنىڭ ئۈچ يىل ئۆتۈپ، بۇ يەرگە قايتا كەلگىنىدە، يەر تەۋرەشتە ۋەيران بولۇپ كەتكەنلىكىنى يازغانىدى①. مۇنداق يەر تەۋرەش تۈپەيلىدىن تۆيۇقتىكى بىرقانچە غار مۇشۇ ئەسىرنىڭ 10 ـ يىللىرىدا بېسىلىپ كۆمۈلۈپ قالغان.

ئوت ئاپىتى سۈنئىي ۋە تەبىئىي چېقىن چۈشۈش ئارقىلىق يۈز بېرىشى مۇمكىن. قاراشەھەر شورچۇقتىكى بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدا كۆيگەن، كۆل قاپلىغان ئىزنالار ساقلانغان.

يۇقىرىدىكىلەردىن مەلۇمكى، غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىنىڭ خارابلىشىشىغا تەسىر كۆرسەتكەن يەنە بىر ئامىل سۇ يالاپ كېتىش ئالاھىدە گەۋدىلەنگەن يەر تەۋرەش، بوران ـ چاقماق قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەردىن ئىبارەت بولغان. فون لىكوك تۇرپان قارا قوچۇ ـ ئىدىقۇتتا تېپىلغان بىر كىتاب ھۇجرىسىدىكى كىتابلارنىڭ نەملىشىپ، قولغا ئالغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى يازغاندا، «غايەت چوڭ بىر گۆھەر خەزىنىسى بۇ يەردە غايىب بولدى» دېگەنىدى. ھازىرمۇ كۇچا قۇمتۇرا تاشكېمىرلىرى تاغ ئېغىزىغا ياسالغان قىزىل سۇ ئامبىرىدا سۇنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى بىلەن خارابلىشىش جەريانىنى تېزلەشتۈرمەكتە!

## تۆتىنچى، ئۇرۇش، بولۇپمۇ «غازات» ئۇرۇشلىرى بىلەن يۈز بەرگەن خارابلىشىش

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، شىنجاڭدىكى تاشكېمىر سەنئىتى، مەيلى ئۇدۇندىكى ۋىجرايا جەمەتى ياكى كۇسەندىكى بەي جەمەتى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەر بولسۇن، ئۇزاق داۋام قىلغان نىسپىي خاتىرجەملىك ۋە تىنچلىق مۇھىتىدا تېز گۈللەنگەن، ھەتتا قەندىھار سەنئىتى ئۇتۇقلىرى پەللىسىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ ئۆتۈپ، ئالاھىدە ھەم كۆپ جەھەتتە ئىپادىلەنگەن خاس ئۇسلۇب ياراتقان، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە يىراق شەرق بۇددىزم سەنئىتىگە سالماقلىق تەسىر كۆرسەتكەنىدى. مېنىڭچە، ئومۇمەن ھەممە ئۇرۇشلار، جۈملىدىن لۈي گۇاڭنىڭ (吕光) مىلادىيە 383 ـ يىلى كۇسەننى ئىشغال قىلىشى، ئېفتالىتلارنىڭ مىلادىيە 5 ـ ئەسىردە كۇسەن ـ ئۇدۇندىكى قىرغىنچىلىقلىرى، تاڭ تەيزۇڭنىڭ 646 ـ يىلى قوچۇ، كۇسەننى تىنچىتىشى، تىبەت قوشۇنلىرىنىڭ مىلادىيە 8 ـ ئەسىردە خوتەن، مىران، قوچۇ قاتارلىق 18 جاينى بېسىۋېلىشى قاتارلىق ئۇرۇش ھادىسىلىرى، ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ خاتىرجەم ۋە نورمال راۋاجلىنىشىغا، جۈملىدىن سەنئەت ئىشلىرىغا مەلۇم تەسىر كۆرسىتىشى تەبىئىي، ئەمما بۇ يەردە ئىككى نەرسىنى پەرقلەندۈرۈش لازىم: ئۇنىڭ بىرى، بۇددىزم ئېتىقادىغا زىت بولغان ئىستېلاچى كۈچلەر. مەسىلەن، ئېفتالىتلارنىڭ ئاتايىن ئېلىپ بارغان بۇزغۇنچىلىقى بىلەن، بۇنداق زىت ئېتىقادتا بولمىغان كۈچلەرنىڭ بىر مەزگىل پەيدا قىلغان زىيانلىرىنى پەرقلەندۈرۈش لازىم؛ ئۇنىڭ يەنە بىرى، بۇ خىل لەرزىگە كەلتۈرگۈچى كۈچلەردىن كېيىن، بۇ رايونلار ۋە بۇددىزم سەنئىتىنىڭ پۈتۈنلەي ھالاكەتكە يۈز تۇتقانلىقى بىلەن ئۇنىڭ قايتا ئەسلىگە كېلىپ گۈللەنگەنلىكىنى پەرقلەندۈرۈش لازىم. مەسىلەن، لۈي گۇاڭ مىلادىيە 383 ـ يىلىدىلا 20 مىڭ

ئۆلاغ كۆسەن ئوردا ـ ساراي زىبۇزىننەتلىرىنى بۇلاپ، لياڭجۇ (جاڭيې)غا ئەكەتكەن بولسىمۇ، بۇددىزىم كۆسەندە تاكى موڭغۇل ئىمپېرىيىسى شەكىللەنگۈچە داۋاملىق گۈللىنىپ تۇردى. ۋەھالەنكى، ئىسلامىيەتكە بەيئەت قىلىشتىن باشلاپ بۇددا سەنئىتى خارابلىشىشقا يۈزلەندى.

گەرچە شىنجاڭدا بۇددىزىم سەنئىتىنىڭ خارابلىشىشىغا سەۋەب بولغان جەڭ ـ جېدەللەر يالغۇز «غازات» ئۇرۇشلىرى بولمىسىمۇ، ئەمما بەزى چاغلار ۋە بەزى جايلاردا ئىسلامىيەتتىن كېيىن بۇددىزىم سەنئىتىنىڭ دەھشەتلىك بۇزغۇنچىلىقلارغا ئۇچرىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك.

ئېيتىش كېرەككى، ئىسلامىيەت ــ ئىسلام ئېتىقادىنى يادرو قىلغان بىر خىل ئۇنىۋېرسال مەدەنىيەت ھادىسىسى ۋە مەدەنىيەت سىستېمىسى بولۇپ، ئىسلامىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالەم قاراشلىرى، پائالىيەتچان كىشىلىك قاراشلىرى، مەدەنىيەت ـ سەنئەت، بولۇپمۇ گۈزەل ۋە ھەيۋەتلىك بىناكارلىق سەنئەت ئۇتۇقلىرى بولغان. ئىسلام ئەخلاقى ۋە ئىسلام بىناكارلىقى ئۆزى تەسىر كۆرسەتكەن ئوتتۇرا ئاسىياغا قەدەر بولغان كەڭ ئىسلام شەرقىدە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ يېڭى قاتلىمىنى ياراتتى. بۇ ئۆز ئالدىغا خاس بىر تېما. ئەمما، ئىسلامىيەتتىن كېيىن، بۇددىزىم سەمەرەلىرىگە رەقىبلىك نەزىرىدە مۇئامىلە قىلىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلدى. ئەمەلىي تارىخ دەل شۇنداق بولدى.

سىر دەرياسىنىڭ شىمالىي قانىتىدىكى ئوترار، سايرام، ئاقپېشىم (سۇيئاپ) قەلئەلىرى بىلەن بىللە قەشقەردىمۇ ئىسلامىيەت قاراخانىيلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا، كېيىنچە بىردىنبىر دۆلەت دىنىغا كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئەرەب ۋە سامانىيلارنىڭ «غازات» (مۇجادىلە) ئۇرۇشلىرى نەتىجىسىدە مۇسۇلمانلاشقان ياغما قارلۇق ئۇيغۇرلىرى خوتەنگە ئىسلام ئېچىش «غازات» ئۇرۇشى ئېلىپ باردى. بىر قەرنە داۋام قىلغان، ئاتا ـ بالا ئارسلانخانلار داۋاملاشتۇرغان بۇ ئۇرۇش رەسمىي

قانلىق ئۇرۇشلارغا ئوخشاشلا ئىنتايىن كەسكىن بولدى. قەشقەر بىر مەزگىل قولدىن كېتىپ ماۋرائۇننەھردىكى ئىسلام پىدائىيلىرى ياردىمىدە قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن، قەشقەر دىيارىدىكى بۇددىزمنى تازىلاش ۋەھىمىسى قىزىتما گىرادۇس ئالدى. مەرۋانبۇت، موراتام، ئۇچمەرۋان، تۇمشۇق، توققۇزساراي قاتارلىق جايلاردىكى، بەلكى قاراخانىيلار بىلەن كۆسەن ئۇيغۇر خانلىقى چېگراسىدىكى ئىسسىقسۇ، توغراقدەڭ قاتارلىق جايلاردىكى بۇددىزم سەنئەت نۇقتىلىرى ئېھتىمال شۇ قېتىمدا ھالاك قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن، يۇسۇپ قىدىرخان تەرىپىدىن ھالاك قىلىنغان ۋىجرا سۇرا (尉迟苏拉) نىڭ ئەڭ ئاخىرقى نەپەس ئەسەرلىرى ماھىيەتتە خوتەندە بۇددىزمنىڭ تارىخي جەھەتتىن ئاياغلاشقانلىقىنى كۆرسەتتى. بۇ ھادىسە بەزىدە تېزدىن، بەزىدە تەدرىجىي، بەزىدە غالىبلار تەرىپىدىن، بەزىدە ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلىپ تەقۋادارلاشقان ئىلگىرىكى بۇددىستلار ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى تەرىپىدىن «بۇت يوقىتىش»، «رەسىم يوقىتىش» ھەرىكىتى شەكلىدە داۋاملاشتى. يوتقان، راۋاق، مەلىكەئابات، دەندان ئۇيلۇك، خادىلىق، قارادۆڭ، كونانىيە، ئەندىرە، چەرچەن، چارقىلىق قاتارلىق بۇددا نۇقتىلىرى ئىچىدە خارابلاشمىغان بارچە ئوبيېكتلار بۇددىزم سەنئىتىنى تازىلىدى، خارابلاشقان نۇقتىلارغا بولىدىغان سېغىنىش روھىيىتى ئاخىرلاشتى. شۇنداقتىمۇ كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ بۇزۇپ - چېچىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئەقىللىق كىشىلەر بەزى بۇددا يادىكارلىقلىرىنى ئىسلامىيەتكە ئالاقىدار مۇقەددەس جاي ۋە مازارلار نامىدا ئاتاشقا ئادەتلەندى.

كۆسەن - چالىش (قاراشەھەر) ۋادىسىدا ئىسلاملىشىش تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ (1348 ـــ 1363 - يىللىرى ھاكىمىيەت بېشىدا بولغان) مەۋلانە ئەرشىدىن ناملىق بۇخارالىق ئۆلىمانىڭ دەۋىتى ئارقىلىق مۇسۇلمان بولۇشىدىن باشلىنىپ، مەۋلانە ئەرشىدىن باشچىلىقىدىكى دىنىي تەشكىلاتنىڭ كۆچەپ ھەرىكەت

قىلىشى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلدى. گۈزەل كۆسەن، شىكشىن ـ شورچۇق بۇددا ھەيكەللىرىنىڭ زور تۈركۈمدىكى ۋەيران بولۇشى مۇشۇ ئىشان باشلىغان دىنىي ئۇيۇشما مۇخلىسلىرىنىڭ بىۋاستە «غازات»لىرى بىلەن رويابقا چىقتى. بىراق، ناھايىتى زور ھەجىمدىكى ھەم ئاھالە رايونلىرىدىن يىراقتا بولغان بۇ سەنئەت سەمەرىلىرىنىڭ سالماقلىق بىر قىسمى يەنىلا ساقلىنىپ قالغانىدى.

تۇرپان دىيارىدا تىنچ ـ ئاسايىشلىق كۈنلەر ئۇزۇنغا بارمىدى. بىرقانچە دىن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئالاھىدە ۋەزىيەت ئاخىرلاشتى. 1260 ـ يىلى قۇبلايخان تەختكە ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىنىسى ئارىق بوقا بىرلا مەزگىلدە قاراقورۇمدا خانلىق ئېلان قىلىپ، تەخت تالىشىشتىن تاكى 1280 ـ يىلى قۇبلايخان تەگرىتېغىنىڭ شىمالى، جەنۇبىنى تىنچلاندۇرغىچە ئىدىقۇت خانلىقىدا جىددىي بوھران ۋە قانلىق جەڭلەر داۋام قىلدى. قۇبلاي بىلەن ئارىق بوقا ئوتتۇرىسىدىكى جەڭدە ئارقا سەپ بولغان ئىدىقۇتتا چاغاتايخانىنىڭ نەۋرىسى دوۋا ۋە ئۇنى قوترانقان سەركەردە قايدۇلارنىڭ 1269 ـ يىلى بەشبالىقتا قىلغان ھۇجۇمى قۇبلايخانغا سادىق ئىدىقۇت قوچقارتېكىن (1266 — 1277) تەرىپىدىن چېكىندۈرۈلدى. 1275 ـ يىلى قايدۇ، دوۋالار 120 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن قارا غوجىغا تاشلاندى. يېرىم يىللىق مۇھاسىرىدە قالغان بۇ قەدىمكى شەھەر خېلىلا ۋەيران بولدى. قايدۇ، دوۋالار يارغولنى خارابىگە ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. قوچقار تېكىن مۇھاسىرىچىلەرنى ھەيدىۋەتتى. قۇبلايخان بۇ غەلىبىنى تەبرىكلەپ قىزى باھارېكىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلدى. ئەمما، ئۇزاق ئۆتمەي قايدۇ قوشۇنلىرى ئېلى ئاجىزلاشقان، خەلقى پىتىراپ قومۇل، گەنسۇغا تارقىلىپ كەتكەن ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر خانلىقىنى مۇنقەرز قىلدى. قۇبلاي گەرچە 1278 — 1280 ـ يىللىرى چېچىلغان ئۇيغۇرلارنى يىغىش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بۇ ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تارىختىن ئۆچكەندى. شۇنىڭدىن كېيىن بىرەر ئەسىر ۋاقىت ئۆتتى، تۇرپاننىڭ شىمالىي دائىرىسىدە مۇسۇلمانلاشقان موڭغۇل ئەۋلادلىرىنىڭ تەسىرى كۈچەيدى. تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ كىچىك ئوغلى خىزىرخوجا باشچىلىقىدىكى مۇسۇلمانلاشقان موڭغۇل ئەۋلادلىرى 1393 ـ يىلى تۇرپاندىكى ئۇيغۇر بۇددىستلىرىغا زور كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغىدى. ھازىر خاراب ھالىتىدە ياتقان ئىدىقۇت شەھىرىگە ئېھتىمالىم سىڭگىم ئېغىزىغا تولدۇرۇلغان مۇرتۇق سۈيىنى قويۇپ بەرگەن بولۇشى ئېھتىمال. قەلئە سۇ بىلەن يالانغان ۋە ئۆيۈلۈپ كەتكەن. ئەسلىي دەشتلەر ئورنىنى قىيان ئېقىنى ئاققان جىرا ئىزلىرى ئىگىلىگەن. تۇرپان بېگى تېۋىنۇر ھالاك قىلىندى. 1387 ـ يىلى قۇمۇلغا «ئىسلام ئېچىش» يۈرۈشى بولدى. بۇ «غازات» ئۇرۇشلىرى پاجىئەلىك ئۆتتى. فون لېكوك «جۇڭگو تۈركىستانىدا ساقلىنىۋاتقان گۆھەرلەر» ناملىق ئەسىرىدە يېزىشىچە: «قان بىلەن داغلىنىپ كەتكەن كاساياغا ئورالغان راھىبىنىڭ قۇرۇپ قالغان جەسەتلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ»[2]، « جەنۇبتىكى بىر گۇمبەزدە قورقۇنچلۇق بىر ئىشنى ئۇچراتتۇق. ئىشىكنى ئېچىشىمىز بىلەن تەڭلا كەم دېگەندە 100گە يېقىن بۇددا راھىبىنىڭ دۆۋىلەپ قويۇلغان جەسىتىنى كۆردۇق. ئۇلارنىڭ تېنىدە قورقۇنچلۇق جاراھەت ئىزلىرى ھازىرغىچە ساقلانغان. بىرىنىڭ بېشى چوققىسىدىن ئۇستىدىكى ئېڭەككىچە بىر قىلىچ بىلەنلا كېسىپ تاشلانغاندەك كۆرۈنىدۇ.»[3]

بۇ خىزىرخوجىنىڭ تۇرپاندا «ئىسلام ئاچقان»دىن بىرقانچە يۈز يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى ئەھۋال. دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق ۋە دىنىي تەھدىت تۈپەيلى كىشىلەر بۇ خاراب قىلىنغان قەلئەنى تاشلىۋېتىپ، شەھەر سىرتىدىكى مەھەللىلەردە ياشىغان، بۇ قەلئەنى ئىسلاھ قىلىشقا روھىي جەھەتتە پېتىنالمىغان. ئىدىقۇت خارابىسىدىن باشقا، ئاھالە جايلاشقان يۇرت ئىچىدە تاشلىنىپ تۇرغان ئىككىنچى شۇنداق خارابىنىڭ ئالەمدە بارلىقىنى بىلمەيمەن. ئاھالە رايونلىرىدىن يىراقتا قالغان خارابىلەر

نۇرغۇن، ئەلۋەتتە.

شۇنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇكى، ھىراتلىق ھافىز ئەبرۇنىڭ 1430 ـ يىلى يازغان «مەجمە ئەتۇل تاۋارىخ» ناملىق كىتابىدا يېزىلىشىچە، 1419 ـ، 1422 ـ يىللىرى شاھرۇھ مىرزا، ئۇلۇغبېك، بايسۇنقۇر مىرزا زامانىدا ئەمىر شادى خوجا باشچىلىقىدا ئەلچىلەر ئۇمىكى بېيجىڭغا بارغان بولۇپ، ئۇلار قاتارىدا بايسۇنقۇر مىرزا ئەۋەتكەن خوجا غىياسىددىن نەققاش ناملىق مەشھۇر رەسسام بولغان. بۇ ئەلچىلەر 1420 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى قەشقەردە، 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ، 13 ـ كۈنلىرى تۇرپاندا، 16 ـ، 21 ـ كۈنلىرى قاراغۇجىدا، 30 ـ كۈنى ۋە 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ، 5 ـ كۈنلىرى سوفى ئاتا ۋە قۇمۇللاردا بولىدۇ، غىياسىددىن نەققاش تارىم ـ تۇرپان ـ قۇمۇل ۋادىسىدا كۆرگەن رەسساملىق نەمۇنىلىرى ھەققىدە مىرزا بايسۇنقۇرغا دوكلات قىلغان. بۇ ئەھۋال يەنە ئابدۇرازاق سەمەرقەندىنىڭ «مەتلەئى سەدەين»، «ئەجايىبۇل لەتايىف» ناملىق ئەسىرىدە تەكرار ئىپادىلەنگەن. بۇ بىزگە غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدىن ئىبارەت سەنئەت خەزىنىسىنىڭ مىلادىيە 15 ـ ئەسىر ـ تۆمۈرىلەر دەۋرىدىمۇ مەھلىيا كۆچىنى ساقلىغانلىقىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ[4].

يۇقىرىدىكىلەردىن مەلۇمكى، غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىنىڭ خارابىلىشىشىغا تەسىر كۆرسەتكەن يەنە بىر مۇھىم بۇزغۇنچى ئامىل ئۇرۇشلار، بولۇپمۇ «غازات» ئۇرۇشىنىڭ ھالاك قىلغۇچى زەربىسىدىن ئىبارەت بولغان. فون لىكوك يۇقىرىقى كىتابىدا ئىدىقۇت ئەتراپىدىكى بىر دېھقاننىڭ تام ئارىسىدىن بىر ھارۋا تۇشقۇدەك كونا قولىيازمىلارنى تېپىۋالغانلىقىنى، بىراق موللامنىڭ جازالىشىدىن قورقۇپ، دەرياغا تاشلىۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن[5]، دەپ يازىدۇ. دېھقاننىڭ ئېيتىشىچە، بۇ قولىيازمىلارنىڭ سەھىپىلىرى ئالتۇن ھەل بېرىلگەن، ھەر خىل رەڭدار رەسىملەر بىلەن بېزەلگەنىكەن. تۇرپان، كۇچا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تاشكېمىرلىرىدە ئاتايىن سامانغا ئوت يېقىپ ئىسلاپ تام رەسىملىرىنى قارايتىۋېتىش ھادىسىلىرى يۈز بەرگەن⑥. فون لېكوكنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يەردىكى كىشىلەر ئىدىيىسىدە رەسىمدىكى ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ كۆزى بىلەن ئاغزىنى ئويۇۋېتىش لازىم، بولمىسا ئۇ كېچىلىرى تىرىلىپ ئادەم، ھايۋان ۋە زىرائەتكە زىيانكەشلىك قىلىدۇ، دېگەن قاراش ساقلانغان⑦. بۇ ئىدىيىلەر ھېلىمۇ تۈزىتىلگىنى يوق.

## بەشىنچى، نادانلىق ۋە نامراتلىقنىڭ بۇزغۇنچىلىق سىيلىشى بىلەن يۈز بەرگەن خارابلىشىش

شىنجاڭدا مەدەنىيەت ئاسارئەتىقىلىرىنىڭ خارابلىشىشىغا سەۋەب بولىدىغان يەنە ئىككى ئامىل مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. ئۇنىڭ بىرى، «كونا ئوغۇت» يىغىش، ياغاچ ماتېرىياللىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش بولسا، ئۇنىڭ يەنە بىرى، «گۆھەر ئىزلەش»، «گۆرگە ئوغرىلىققا چۈشۈش» تىن ئىبارەت.

ياغاچ ماتېرىياللىرىنىڭ قىسلىقى سەۋەبىدىن، ئىلگىرىكى ئەمەلدار ـ بايلار ئادەم ياللاپ بۇددا ئىبادەتخانىلىرىغا تەۋە كۆپلىگەن ياغاچ ـ تاشلارنى ئېلىپ كەتكەن. ئادەتتىكى ئاھالە ئىچىدىمۇ بۇ خىل ئېگىسىز ياغاچ ـ تاشلارنى يۆتكەپ كېتىش ھادىسىلىرى بولۇپ تۇرغان. نەتىجىدە تاشكېمىرلەر ئىلگىرىكى پەلەمپەي، سىرتقى كارىدور تۈزۈلمىسىدىن تۈز يەرگە ياسالغان ئىبادەتخانىلار لىم ـ تۈۋرۈكلىرىدىن مەھرۇم بولغان.

پاستىرمىرىدا بىل بىلەن فرانسىسكا خىرىنچ يازغان «چۆلدىكى قۇم بارخانلىرى» ناملىق كىتابتا، بىر دېھقاننىڭ كونا ئىدىقۇت خارابىسى توپىسىنى كەتمەندە چوقۇۋاتقانلىقى، ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن بۇ توپىنى چوقۇيدىغانلىقى سورالغاندا، ئۇنىڭ بۇ توپىنىڭ يەرگە ناھايىتى ياخشى ئوغۇت بولىدىغانلىقىنى

ئېيتقانلىقى يېزىلغان[8]. بۇ ھېچقانداق سىر ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر دېھقانلىرى خېلىلا كۆنگەن بىر خىل ئادەت، ئاۋرېل ستەين ئىدىقۇت شەھىرىگە بارغاندا تۆت ئادەم بويى ئېگىزلىكتىكى كېسەك سۇپا ئۇل ئۇستىگە يەتتە ئادەم بويى ئېگىزلىكتە بەش قەۋەت قىلىپ قوپۇرۇلغان، ھەر قەۋىتىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئالتىدىن 12، يان تەرەپلىرىدە ئۈچتىن ئالتە، جەمئىي 18 بولۇپ، بەش قەۋەتتە جەمئىي 90 بۆت ئۆيى بولغان بەھەيۋەت بۇددا مۇنارىسى يېرىلىپ كەتكەن ھالەتتە مەۋجۇت بولغان. بۇ مۇنار كېيىنكى يىللاردا ئوغۇت قىلىنغان ۋە يېقىندا ئاستىدىكى سۇپىسى رېمونت قىلىنىپ قويۇلغان. مېنىڭ قوشنامنىڭ مۇقىت ناملىق ئىنىسى ئۆسمۈرلۈكىدە بۇ مۇناردىن توپا ئالغانلىقىنى ماڭا ھېكايە قىلىپ بەردى.

«گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر»، «كېپەن ئوغرىلىرى» ئالاھىدە بىر ئىجتىمائىي كۈچ سۈپىتىدە شەكىللىنىپ ئۈلگۈردى. ئۇلارنىڭ
قارا قولى يالغۇز چەت ئەل ئېكسپېدىتسىـ
يېچىلىرىدىن ئىلگىرى كونا خارابىلەرگە
تەگكەنلىكى بىلەن قالماستىن، يەنە ئازادـ
لىقتىن كېيىن قېزىلغان قەدىمكى قەبرىدـ
لەرنىڭ خېلى مۇھىم بىر قىسمىغا بۇلارـ
نىڭ قارا قوللىرى تەگكەنلىكى مەلۇم
بولدى. ئۇلار، جۇملىدىن دۇنخۇاڭدىكى
قولىيازمىلارنى چەت ئەللىك ئېكسپېدىتـ
سىيەچىلەرگە كۈمۈش تەڭگىگە ساتقان،
قىلمىشلىرى ئۈچۈن دارغا ئېسىلغان ۋاڭ
راھىب، جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيەت
تارىخىدا مەڭگۈ لەنەت تاختىسىغا
مىخلانغان ۋەتەن ساتقۇنلىرى ھېسابـ
لىنىشى كېرەك.



101 ـ رەسىم. خوتەندە كۆزگە كۆرۈنگەن ئاسارئەتىقە بۇلاڭـ چىسى ئىسلامئاخۇن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



102 ـ رەسىم. ۋاڭ راھىب

تەكلىماكانغا دەسلەپ قەدەم قويغان چەت ئەل جۇغراپىيون ۋە ئارخېئولوگلىرىدىن سۋېن ھېدىن، ئۇلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقلىرى بولمىغاندا بەزى مۇھىم مەدەنىيەت ئوبيېكتلىرىنى بىرقەدەر ياخشى ساقلىغىلى بولىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ نوقۇل ئالتۇن ـ كۆمۈشتىن باشقا بارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئەرزىمەس نەرسىلەر دەپ بۇزۇپ ـ چاچىدىغانلىقىنى، ھەتتا بەزىدە بۇتلارنىڭ ئىچىدىن گۆھەر چىقىدۇ، دەپ، بۇتلارنى نابۇت قىلىدىغانلىقىنى يازغان⑨. سۋېن ھېدىن كېرىيەنىڭ بوراسان دېگەن يېرىدىكى بۇ كەسپىي «كېپەن ئوغرىلىرى» نىڭ يىلدا بىر كېلىدىغان بوراندىن كېيىنكى ئېچىلىپ قېلىش پەيتىنى زادى قولدىن بەرمەيدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان⑩.

بۇ «كېپەن ئوغرىلىرى» گۇرۇھىدىن ئىبارەت «گۆھەر تاپقۇچى»لار ئۆتكەن ئەسىردىن باشلاپ ئەنگلىيە بىلەن چارروسىيە دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرىنى ئۆزلىرى تاپقان قىممەتلىك مەدەنىيەت بۇيۇملىرى بىلەن قىزىقتۇرۇپ كەلگەنىدى. ئۇلار مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىنىشى بىلەنلا سۋېن ھېدىن، ئاۋرېل ستەين، گرونوۋېدېل، فون لېكوك، پېللىئوت ۋە ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرى بىر قۇر ئالتۇن ـ كۆمۈشلىرىنى ئېلىۋالغان كونا خارابىلىكلەرگە باشلاپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى يىپەك يولى خارابىلاشقاندىن كېيىن باش كۆتۈرگەن مەخدۇم ئەزەم ئەۋلادلىرىنىڭ ئىشانچىلىق ئەسەبىيلىكى ۋە

خەلقنى ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق پىرقىلىرىگە ئايرىپ پەيدا قىلغان قانلىق نىزالىرىدىن كېيىنكى يەنە بىر تارىخىي ئىللەت بولۇپ قالدى. بىز ئاۋرېل ستەين، فون لېكوك قاتارلىق قاتتىق قول چەت ئەل مەدەنىيەت بۇلاڭچىلىرى ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا، ئۇلاردىن ئىلگىرى (كېيەن ئوغرىلاش) بىلەن شۇغۇللانغان ۋە ئۇلارغا ماسلىشىپ دۆلەت ۋە مەدەنىيەت جاۋاھىراتلىرىنى ئەجنەبىيلەرگە كۆرسىتىپ بەرگەن، ھەتتا ساتقان ئىسلامئاخۇن، ۋاڭ راھىب قاتارلىق ساتقۇنلارنىڭ ئۆز ئېلىمىزدىن چىققانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىمىز لازىم.

## 2. چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيچىلىرىنىڭ يۆتكەپ كېتىشى بىلەن بولغان خارابلىشىش

### بىرىنچى، شىنجاڭدا مەدەنىيەت خارابىلىرىنى قىدىرىش قىزغىنلىقى ۋە سۈرۈن ھېدىن

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى چارىكىدە يالغۇز شىنجاڭ ئۆلكىسىگىلا ئەمەس، بەلكى كۆپلىگەن ئاسىيا ئەللىرى ۋە رايونلىرىغا قارىتىلغان ئىلمىي ئىزدىنىشلەر، بولۇپمۇ چوقان ۋەلىخانوۋ، ئىۋانوۋ تىيانشانىسكىي، كوزلوۋ، روبروۋسكىي، كېلىمېنتس قاتارلىق چەت ئەل جۇغراپىيونلىرىنىڭ ۋە چەت ئەل ئارخېئولوگلىرىنىڭ ئېكسپېدىتسىيىلىرى باشلىنىپ كەتتى. مېنىڭچە، بۇ ھەم ئىلىم ـ پەننىڭ، بولۇپمۇ يەر ۋە تارىخ، ئېتنولوگىيە ۋە تىلشۇناسلىق پەنلىرىنىڭ بىۋاستە تەقەززاسى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، كاپىتالىزمنىڭ مۇستەملىكىلەر، خام ئەشيا مەنبەلىرى، تاۋار ئېگىلىكى بازىرى، تەسىر دائىرىسى ئىزدەش نىشانلانغان ئىمپېرىئالىزم باسقۇچىغا ئۆتكەنلىكى بىلەن تۇغۇلغان ئومۇمىي ھەم ۋاستىلىك ئېھتىياجلىرى تۈپەيلى تاشقىنلانغان ھادىسە

بولسا كېرەك. دەرۋەقە، بۇ ئىش ياكى ئىلگىرىكى ئەسىرلەردە، ياكى خەلقئارا مۇستەملىكە سىستېمىسى ھالاكەتكە دۇچ كەلگەندە ئۆركەشلىگەن ئەمەس.

ھەممە تارىخىي جەريانغا ئوخشاش سۇيىن ھېيدىننىڭ تەكلىماكان ياقىلاپ ئېلىپ بارغان ساياھىتىگىچە، خېلى ئۇزاق بىر باسقۇچ « مۇقەددىمىلىك قىدىرىش » پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلدى.

1870 ـ يىلى بەدۆلەت ـــ ياقۇببەگنىڭ يېنىغا كەلگەن ئەنگلىيىلىك دوگلاس فورسىيت دۇنيادا تەڭدىشى يوق قۇم دېڭىزىغا غەرق قىلىنغان بۇ مەدەنىيەت نۇقتىلىرىغا خېلىلا قىزىققانىدى. ئۇ پەقەت بىر ئائىلە بۇتىغا ۋە بىر ساپال مايمۇن ھەيكىلىگە ئېرىشەلىدى.

1877 ـ يىلى رۇسىيىلىك نىكولاي پرژېۋالىسكىي لوپنۇر ساھەسىنى ئۆلچەپ قايتتى.

1879 ـ يىلى رۇسىيىلىك بۇتانىك ئالبېرت رېگېل تۇيۇق تاشكېمىرلىرىنى ۋە ئىدىقۇت خارابىسىنى كۆرۈپ، ھەيران قالغانىدى.

1883 ـ يىلى رۇسىيىلىك روبىروۋسكىي تۇرپانغا كېلىپ بىر قاتار قولىيازمىلارنى ئېلىپ كەتكەن ۋە «تەڭرىتېغىدىن نەنسەنگە » ناملىق كىتابىنى ئېلان قىلغانىدى.

1887 ـ يىلى ئەنگلىيىلىك فرانسىس ھاسبېن «چوڭ قىتئەنىڭ يۈرىكى» ناملىق ئەسىرىگە مەنبە بولالىغۇدەك چەكلىك زىيارەتتە بولغانىدى.

1889 ـ يىلى ئەنگلىيىلىك سىرگاملىتون بوۋېر كۇچا ئەتراپىدىكى باغتام مۇنارىنىڭ ئىچىدىكى قولىيازمىلار ئۆيىنى ئاچقان. ئۆيدە كالا ۋە باشقا «قوغدىغۇچى» ھايۋانلار ئۆرە جەسەت بولۇپ قالغانىدى. بۇ يەردىن تېپىلغان قولىيازمىلار كالكوتتىدىكى دوكتور رودىلىف ھوبېرنېلى تەرىپىدىن مىلادىيە 5 ـ ئەسىردىكى قەدىمكى سانسكرىت يېزىقى ـــ براخما يېزىقىدىكى تېببىي

كىتاب ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. مەسىلە شۇ يەردىكى، ھىندىستاندىمۇ بۇنداق ئەڭ قەدىمكى براخما يېزىقى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، دۇنيا بويىچە بۇ يېزىقنىڭ ئەڭ كونا ئۆلگىسى بولۇپ قالدى.

1890 - يىلى دوترېئۇئىل رىنىس ۋە فېرناندگىر ئارد ئىسىملىك ئىككى فرانسۇزمۇ بۇ دىيارغا قەدەم قويدى. ئەمما، ئۇنىڭ بىرى تىبەتلىكلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئىككىنچىسى ئىككى ئۆركەشلىك تۆگە ھەيكىلى بىلەن ساقاللىق بۇت ھەيكىلىنىڭ باش قىسمىنى قولغا چۈشۈرۈپلا تىكىۋەتتى.

1897 - يىلى رۇسىيىلىك دېمىتىر كېلېمىنتىس تۇرپانغا كېلىپ، 130 چە تاشكېمىرنى ئايلانغاندىن كېيىن، بىر قىسىم تام رەسىملىرى بىلەن قولىيازمىلارنى ئېلىپ قايتتى.

شۇنداق قىلىپ، خۇددى جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدا ئەنگلىيە بىلەن چاررۇسىيىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش كۈرىشى ئۆتكۈرلەشكەندەك، ئېكسپېدىتسىيە ساھەسىدىكى رىقابەتمۇ كەسكىن بولدى. رۇسىيىلىك كوزلوۋ، بىلىزوۋىسكىي، ۋوكىن، ئودىنبورگ، مالوۋ ئىدىقۇت ۋە بۇ ئەتراپتىكى قەدىمكى خارابىلەردىن بىر قىسىم قولىيازمىلار، تام رەسىملىرىنى ئېلىپ كەتتى. ئەنگلىيە بۇ جەھەتتە ئاۋرېل ستەين ئارقىلىق ناھايىتى نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى قولغا چۈشۈردى.

شىنجاڭدا مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا غەربىي ياۋروپا ئۈچۈن ئىختىرا خاراكتېرلىك قىدىرىش نەتىجىلىرىگە ئېرىشكەن بىرىنچى شەخس شۋېت جۇغراپىيونى سۋېن ئاندېرس ھېدىن (1865 — 1952) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سۋېن ھېدىن 1890 - يىلى 12 - ئايدا قوقەند - ئوش ئارقىلىق قەشقەرگە كىرگىنىدە جۇغراپىيىلىك مەقسەتلەر بىلەن پائالىيەت ئېلىپ باردى. 1894 - يىلى 5 - ئايدا يەنە قەشقەرگە كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ مۇزتاغنى تەكشۈرۈپ قايتتى. ئۇ قەشقەردە شۋېتلارنىڭ تەسىرى بارغانسېرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېشەۋاتقان، «شۋېت دوختۇرخانىسى» پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان چاغدا، ھەر قېتىملىق قىدىرىش ھەرىكىتىنى قەشقەرنى مۇھىم بازا قىلىپ تۇرۇپ ئېلىپ باردى. 1895 ـ يىلى 5 ـ ئايدا قەشقەرگە كىرىپ، مارالبېشىنى ئايلىنىپ، تۇمشۇقتىكى توققۇز سارايىنى ئىسلام يادىكارلىقى دەپ خاتا مۆلچەرلەپ، خوتەن تەرەپكە ئۆتۈپ خەرىتە ئىشلىدى. ئۇ پىرژىۋالىسكىيغا ئوخشىمايدىغان جۇغراپىيىلىك يەكۈن چىقىرىش مۇمكىنلىكلىرىگە قىزىقاتتى. بۇ قېتىم ئۇ ئۆلۈم خەۋپىدىن بىر قېتىم قۇتۇلدى.

سۋېن ھېدىن 1896 ـ يىلى خوتەن ـ كىرىيە دەرياسىنى بويلاپ، يەرلىك «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر»نىڭ ياردىمىدە، 2 ـ ئايدا دەندان ئۆيلۈكنى تەكشۈردى. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ نەزىرىدە جۇغراپىيىلىك ئېنىقلاش ۋە ئازىموتلۇق ئورۇن بەلگىلەش ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىشتىن مۇھىم تۇراتتى. ئۇ خوتەننىڭ غەربىدىكى بوراساندىن 500 پارچىگە يېقىن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى، جۈملىدىن ئادەم ۋە تۆگىلەرنىڭ ھەيكەللىرىنى تاپتى. ئۇ دەندان ئۆيلۈكتىن بۇددھا ۋە بودساتۋالار تام رەسىملىرىنى كۆرۈپ ھەيرانلىقتا چۆككەندى. ئۇ گەجدىن ياسالغان بۇددا ھەيكىلى، قاپارتمىلىق ھەيكەل پارچىلىرى، ئايال كىشىنىڭ نېپىز كىيىنگەن كۆرۈنۈشى تەسۋىرلەنگەن تام رەسىملىرىنى تاپتى. ئۇنىڭدىن كېيىن قارادۆڭ خارابىلىرىنىمۇ تەكشۈردى.

ئۇ 1892 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1900 ـ يىلىنىڭ 1 ـ ئېيىدا شۋېتسىيە كارولى ئوسكار ۋە مىليونېر نوبېل قاتارلىقلارنىڭ قوللىشى بىلەن تارىم دەرياسىدا ئۈچ ئاي قېيىقتا يۈرۈپ كورلا، چەرچەن ئەتراپىدا پائالىيەت ئېلىپ باردى. ئۇ 1900 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا تۇنجى قېتىم كروران خارابىسىنى تېپىپ چىقتى. بۇ ئەسلىدە يولدا كۈرەكنى چۈشۈرۈپ قويغان ۋە ئۇنى ئىزدەشكە چىققان يەرلىك دېھقان ئۆردەكنىڭ يالغۇز ئىختىراسى بولۇپ، ئۇ كېيىن سۋېن ھېدىننى بۇ خارابىگە باشلاپ

كەلگەندى. سۋېن ھېدىن كۈتۈلمىگەن بۇ ۋەقەدىن تولىمۇ مىننەتدار بولدى ۋە ۋاقىتىنچە كرورانىنى قىسمەن قىدىرىپ، شىزاڭغا يۈرۈپ كەتتى. 1901 - يىلى سۋېن ھېدىن قايتا كېلىپ كروران خارابىسىنى مەخسۇس قازدۇردى. ئۇ 120 پارچە قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكلەر، 36 پارچە خەنزۇ يېزىقىدىكى قەغەز ھۆججەت ۋە سىمىكەرنى تاپتى. ئۇ يەنە ياغاچقا ئويۇلغان نەقىشلەر، ئادەم ھەيكەللىرى، گۈزەل تام رەسىملىرىنى تاپتى. سۋېن ھېدىن كروراندىكى قەدىمكى ھايات، جەمئىيەت باشقۇرۇش سىستېمىسى، دىنىي ئېتىقاد، ئىپتىدائىي مائارىپ، ھەتتا بۇ يەرنىڭ قوم ھۇجۇمىغا دۇچ كەلگەندە، ئۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆچكەنلىكىگە دائىر مەلۇماتلارغا ئىگە بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تۇرپان بېزەكلىكتىكى بۇددا ئىبادەتخانىلىرى بىلەن تاشكېمىرلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ 1928 - ۋە 1933 - يىللىرى ئۈرۈمچى ئارقىلىق لوپنۇرغا بېرىشنى ئويلىغانىدى، ئەمما ئەينى يىللاردىكى يەرلىك ئەمەلدار ما جۇڭيىڭ تەرىپىدىن كورلىدا، ئۇنىڭدىن كېيىن شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ كېيىن قويۇپ بېرىلدى.

سۋېن ھېدىن جاپالىق ئەمگەككە كۆنگەن، قارا بوران قايناپ تۇرغان دەشت - چۆلنى، قۇملارنىڭ ھەيۋىسىنى يەڭگەن قەيسەر كىشى بولۇش بىلەن بىللە، يەنە كۆپ خىل تىل بىلىدىغان، ئۇنىڭ تەبىئىي ۋە سەنئەت پەنلىرىدىن خەۋەردار بىلىم قۇرۇلمىسى، ئەستايىدىل ئىنچىكە ئىشلەش ئادىتى ئۇنىڭغا مۇۋەپپەقىيەت ئېلىپ كەلدى. ئۇ شىنجاڭ ۋە شىزاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك خەرىتىسىگە قوشقان تۆھپىلىرى توغرا بولۇپ چىقتى. ئۇ پەقەت ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىدا گېرمانىيە مەيدانىدا تۇرغانلىقىنى ھېسابلىمىغاندا، تۇنجى تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى مەدەنىيەت ئىزلىرىنى دۇنياغا تونۇشتۇرغان قەيسەر ئېكسپېدىتسىيىچى. بىز ئۇنىڭ مەخسۇس بۇلاڭ - تالاڭنى قەلبىگە پۈكۈپ ئىش ئېلىپ بارمىغانلىقىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھۆرمەتلەيمىز.

سۇۋېن ھېدىن 55 توملۇق ئەسەر قالدۇرۇپ، 87 يىل ياشاپ ئۆلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئارخېئولوگىيىلىك پائالىيەتكە ئائىت ئاساسىي ئەسىرى «ئاسىيا باغرىدىكى ساياھەت» تىن ئىبارەت.

### ئىككىنچى، ئاۋرېل ستەيىننىڭ ئىدىيىسى ۋە قىلمىشلىرى

يەھۇدىي نەسەبىدىن بولغان ۋېنگرىيىلىك ماركو ئاۋرېل ستەين (1862 ــ 1943) ئەنگلىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى. ئۇ 1904 ـ يىلى ئەنگلىيە تەۋەلىكىگە ئۆتكەن، كالكوتتا ۋە بېرلىنلاردا كۆچلۈك ھامىيلىقتا ئېرىشكەنىدى. كىچىكىدىن گرېك ـ رىم سەنئەت تارىخىنى، ئۇنىڭ سىرتقا كۆرسەتكەن تەسىرىنى بىلىشكە قىزىققان ئاۋرېل ستەين ئۆزىنىڭ كېيىنكى پائالىيەتلىرىنى برىتانىيىنىڭ ئاسىيادىكى مەنپەئەتلىرىگە بېغىشلىدى. ئۇنىڭ ئۆزىگە يارىشا مەنتىقىسى ۋە شۇ ئاساستىكى تەپ تارتماس قاراملىقى بار ئىدى. ئۇ «جۇڭگو تۈركىستانىنىڭ جەنۇبىي قىسمى ئەنگلىيىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە تەئەللۇق»، «بىز ئەسلىدە ئۆزىمىزگە تەئەللۇق بولغان شان ـ شەرەپكە باشقىلارنىڭ ئىگە بولۇشىغا ھەرگىز يول قويمايمىز»[11] دېگەنىدى. گرېك ـ رىم مەدەنىيىتى مەنبەچىلىكى، باشقىچە ئېيتقاندا، غەرب مەركەزچىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئەسەبىي «دەۋاگار» ۋە ئاشكارا بۇلاڭچى بولۇشقا پېتىنغانىدى. ئۇنىڭچە، گرېك ـ رىم مەدەنىيىتى ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولۇپ قالماي، يەنە گرېك باكتىرىيە، ھەتتا كوشان ـ قەندىھار مەدەنىيىتىمۇ ئۇنىڭغا مەنسۇپ، «ئەسلىدە» ئۇنىڭغا «تەئەللۇق» «شان ـ شەرەپ» ئىدى. گاۋرېل ستەين قانداقتۇر «سىر ھىندىيە» ئاتالغۇسىنى ياساپ چىقىپ، شىنجاڭنى «جۇڭگو» ۋە «ھىندىستان» ئارىسىدىكى جاي دەپ ئاتاپ يۈردى. ئۇنىڭ «ھىندى ــ ياۋروپا» دېگەن ئىبارىسى، بۈگۈن گەرچە خېلىلا كەڭ ئىستېمال قىلىنغان

بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا قەدىمكى گرېك، رىم ۋە ئەينى زاماندىكى برىتانىيە ئارقىلىق ھەممىنى ئىزاھلىماق ۋە بىر تەرەپ قىلماقچى بولغانىدى. بۇ خىل تارىخىي قاراش ئۇنىڭ سىياسىي ئارخېئولوگ ۋە قارام مەدەنىيەت ئوغرىسى بولۇشلۇقىنى بەلگىلىدى. ئەپسۇسلىنىشقا تېگىشلىكى شۇكى، ئۇنىڭ تەڭگە پۇللىرى، دۇنخۇاڭدىكى ۋاڭ راھىبنى ئالداپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ بىر قىسىم ئىدىيىلىرى مەملىكىتىمىزنىڭ بەزى تەتقىقاتچىلىرىغا مەلۇم تەسىر كۆرسەتتى.

ئاۋرېل ستەين شىنجاڭغا كىرىش ئۈچۈن فاشيەن بىلەن شۈەنزاڭنىڭ ساياھەت خاتىرىلىرىنى ئوقۇپ چىقتى. ئۇ شۇ يول بىلەن قەدىمكى بۇددا مەدەنىيەت ئىزلىرىنى تاپماقچى بولدى. ئۇ 1900 ـ يىلى 5 ـ ئايدا قاراقۇرۇمدىن قەشقەر چىنىباغقا كېلىپ چۈشتى. 10 ـ ئايدا خوتەنگە بېرىپ، يەرلىك «گۆھەر تاپقۇچى» تۇردىئاخۇننىڭ يول باشلىشى بىلەن، 12 ـ ئايدا دەندان ئۆيلۈككە كەلدى. ئاۋرېل ستەين دەندان ئۆيلۈكنىڭ ئىسلامئاخۇن، تۇردىئاخۇن قاتارلىقلار تەرىپىدىن ئوغرىلانغانلىقىنى بىلسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆچى چاغلىق، ئالتۇن ـ كۈمۈشكىلا بېرىلىدىغانلىقىنى، سۋېن ھېدىنىنىڭ بۇ يەردە پەقەت بىر كۈنلا تۇرغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ 30 مەدىكار بىلەن 20 كۈن قازدۇ. ئۇ دەسلەپ بۇددا دەرسخانىسىنى ئېنىقلايدۇ، كۆپلەپ قاپارتما ھەيكەللەرنى تاپىدۇ، ئاندىن قۇم ئاستىغا كۆمۈلگەن بۇددا ئىمارەتلىرىنى ئېچىپ، كۆپلەپ تام رەسىملىرىنى تاپىدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر زاماندا خوتەننى ئاپەتتىن قۇتقۇزغان دەپ رىۋايەت قىلىنغان تاج كىيگەن چاشقان پادىشاھىنىڭ رەسىمى ۋە باشقا تاختا رەسىم، قولىيازمىلارنى تېپىۋالدى. بۇ ھۆججەتلەرگە قارىغاندا، دەندان ئۆيلۈك مىلادىيە 8 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى خارابلاشقان، دېگەن تونۇشقا كەلدى. بۇنىڭدىن باشقا خارابىدىن ئاتلىق، تۆگىلىك كارۋانلارنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن رەسىمنى تاپتى. دەندان ئۆيلۈك ئاۋرېل ستەيننىڭ ئاساسلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئارخېئولوگىيىلىك ئۇتۇقى بولۇپ، 14 ئىمارەت خارابىسىنى قازدۇردى ۋە بىرقانچە يۈز پارچە مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى قولغا چۈشۈردى. بۇ نەرسىلەرنى تۆگىگە قاچىلاپ ماڭدۇردى.

1901 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئاۋرېل ستەين كونا نىيە خارابىلىكىگە يۈرۈش قىلدى. ئىبراھىم ئىسىملىك «گۆھەر تاپقۇچى»نى ياللاپ، نىيە خارابىسىدىن ئۈستىگە نەقىش ئويۇلغان 85 پارچە تارىشا پۈتۈكنى، نەقىشلەنگەن ئورۇندۇق، كۆپلىگەن تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى تاپتى. ئاندىن شەرققە قاراپ كونا ئەندىرە خارابىلىرىنى بىر ھەپتە قېزىپ، بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسى، كۈل رەڭ نەقىشلىك خىشلار، ئادەم چوڭلۇقىدىكى بۇددىھا ھەيكىلى قاتارلىقلارنى تاپتى. ئۇ قارادۆڭ، راۋاق خارابىلىرىدىن قاتار ـ قاتار بۇددا ھەيكەللىرىنى تاپتى. راۋاق ئەسلىدە كۈچادىكى قاراقۇشيار، ئىدىقۇتتىكى بۇددا مۇنارىسىدەك كۆپ بۇت ئويۇقلىرى بولغان غايەت چوڭ مۇنار خارابىسى ئىدى. ئاۋرېل ستەين 91 بۇت ھەيكىلىگە، يەنە كۆپلەپ باشقا ھەيكەلتىراشلىق بۇيۇملىرىغا، تام رەسىملىرىگە ئىگە بولدى. ئاۋرېل ستەين جىنايى ئىشلار ئىچىدە بىر مەردلىك كۆرسەتتى. ئۇ بولسىمۇ ئادەمدىن چوڭ بىر ھەيكەلنى قېزىپ چىقىرىپ بولۇپ، ئېلىپ كېتەلمەيدىغان بولغاچقا قايتا كۆمۈپ قويدۇق. ئاۋررېل ستەين بۇ قېتىملىق خوتەن دىيارىدىكى پائالىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، «غەنىيمەت» لىرىنى يەرلىك كارۋانلارغا توشۇتقۇزدى.

ئاۋرېل ستەين 1906 ـ يىلى قەشقەرگە كەلدى. 10 ـ ئايدا كونا نىيەنى يەنە كۆزدىن كەچۈردى. 1907 ـ يىلىنىڭ 1 ـ ئاي مەزگىلىدە كرورانغا كەلدى. ئۇ بۇ يەرنىمۇ يەرلىك كىشىنىڭ تېپىپ بېرىشى بىلەن تاپتى ۋە 11 كۈن قازدى. ئۇنىڭ ئاساسىي ئۇتۇقى تارىشا پۈتۈك ۋە خەنزۇچە ھۆججەتلەر بولدى. كېيىن ئۇ مىرانغا باردى. ئۇ بىر قاتار تام رەسىملىرىنى، قاناتلىق ئوغۇل رەسىمىنى تاپتى. ئۇ ئۆزىنى باسالماي، بۇنى رىملىقلار سىزغان، بۇ جاي ئىلگىرى ھىندىستان پادىشاھىنىڭ شەرقىي قاراۋۇلى

بولسا كىرەك، دېگەندەك سۆزلەرنى قىلدى. ئۇ پۈتۈن گۈزەل رەسىملەرنى قېزىپ چىقىرىپ، قاچىلاپ ئېلىپ كەتتى. ئۆزى دۇنخۇاڭغا بېرىپ، ۋاڭ راھىبتىن قەدىمكى قولىيازمىلارنى قولغا چۈشۈرۈش كويىدا بولدى.

ئاۋرېل ستەين قاراشەھەر، كىچىك ھېسار (بۈگۈر يېڭىسار)، شورچۇق مىڭئۆيلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. 1914 ـ يىلى جىمسار خارابىسى، تۇرپان قارا قوچۇ (ئىدىقۇت) خارابىسىنى، كېيىن بېزەكلىك تاشكېمىرلىرىنى، 1915 ـ يىلى ئاستانە قەدىمكى قەبرىگاھلىقىنى، لۈكچۈندىكى كىچىك ئاستانىنى كەزدى. ئۇ قولىيازمىلار، تام رەسىملىرى، يىپەك رەختتىكى نۇسخىلىق مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنى ئېلىپ كەتتى. ئۇ بېزەكلىكتە 100 ساندۇق تام رەسىملىرىنى قېزىۋېلىپ يېڭى دېھلىغا يولغا سالدى. ئۇ ئاستانىدىنلا بەش پارچە ئابىدە تېشىنى ئوغرىلىغانىدى.

ئاۋرېل ستەين 1943 ـ يىلى 82 يېشىدا ئافغانىستاندا قازا قىلدى. تىپىك مەدەنىيەت قاراقچىسى ئاۋرېل ستەين «سىرھىندىيى» (西域) ناملىق بەش توملۇق كىتاب، «غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيە خاتىرىلىرى» ناملىق تۆت توملۇق كىتاب، «قۇمغا كۆمۈلگەن قەدىمكى خوتەن» (ياكى «جۇڭگو تۈركىستانىدا ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىش») ناملىق كىتابلارنى ئېلان قىلدى.

### ئۈچىنچى، گرونوۋېدىل ۋە فون لېكوكنىڭ قىدىرىشلىرى

ئالبېرت گرونوۋېدىل (1856 ـــ 1935) بىلەن ئالبېرت فون لېكوك (1860 ـــ 1930) باشچىلىقىدىكى نېمىس قىدىرىش ئەترىتى شىنجاڭ بويىدا مەدەنىيەت خارابىلىرىنى ئېچىشتا بىر ئېكىزلىك پەيدا قىلدى. گرونوۋېدىل شىنجاڭغا كەلگەن تونجى سەنئەت تارىخچىسى بولسا، فون لېكوك باشقا خاراكتېر قۇرۇلمىسىغا ئىگە شەرقشۇناس ئىدى. فون لېكوكنىڭ

شەرقشۇناسلىقىدا غەرب بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئەينى زاماندىكى شەرقشۇناسلىقىنىڭ سىياسىي ۋە كىشىلىك قاراشلىرى خېلىلا تىپىك كۆرۈنۈش ئالغان. فون لېكوكنىڭ باتاسىنى ئۆزىگە ئەگەشتۇرۇپ، گرونوۋېدىلنى قايىرىپ قويۇپ گۈزەل تام رەسىملىرىگە ئۆتكۈر قىرغۇچ كۈرەك سېلىشىدا، بۇ ئىككىيلەننىڭ ئارىسىدا مۇئەييەن پەرق روشەن ئىپادىلەنگەنىدى.

گرونوۋېدىل 1902 ــ 1903 ـ يىللىرى ئارىسىدىكى ئالتە ئاي ئىچىدە تۇرپاندا قولىيازمىلار، گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرى بىلەن ھەپىلەشتى. ئۇ 46 ساندۇق قولىيازما، تام رەسىمى ۋە ھەيكەللەرنى قاچىلاپ قايتتى. نەتىجىدە گېرمانىيە كارۇلىمۇ، فېترى كلۇبېر نامىلىق ھەربىي ئەسلىھە كاپىتالىستىمۇ داۋاملىق شىنجاڭنى قىدىرىش ئۈچۈن نۇرغۇن خىراجەت ئاجراتتى. ئۇ 1905 ـ يىلى ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ، بۇيرۇق بويىچە فون لېكوك بىلەن ئۇچرىشىپ، بۇ ئىشنى بىللە داۋاملاشتۇردى. بۇنىڭغىچە فون لېكوك بىلەن باتاس تۇرپاندا دەسلەپكى قىدىرىش پائالىيىتىنى باشلىۋەتكەنىدى.

فون لېكوك 1904 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 1905 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە تۇرپاندا بولدى. ئۇلار ئىدىقۇت شەھىرىدە خەلق قولىدىن ناھايىتى گۈزەل مانىنىڭ ئۆز مۇخلىسلىرىغا سۆزلەۋاتقان ۋاقتىدىكى رەسىمىنى سېتىۋالدى. بۇنىڭدىن باشقا رەختكە نۇسخا چېكىلگەن قەدىمكى توقۇلمىلارنى، قولىيازمىلارنى، ئادەمدەك چوڭلۇقتىكى بېشى يوقالغان نەپىس بۇددىما ھەيكىلىنى، ھەيكەل ئىشلەش سېخىنىڭ خارابىسىنى، ئاۋرېل ستەين سۈرەتكە ئالغان چوڭ مۇناردىكى ئىككى كىتاب ھۇجرىسىنى تاپتى، بىرقانچە تاغار قولىيازمىلارنى قاچىلىۋالدى. بۇ يەردىكى تۆت ئايلىق قىدىرىشتىن كېيىن مۇرتۇق بويىدىكى بېزەكلىككە يېتىپ باردى. جددىي خىزمەت ئارقىلىق بۇ ھەيكەللىرى ۋە تامدىن كېسىپ ئويۇۋېلىنغان كاتەك ـ كاتەك

نادىر تام رەسىملىرىنى ساندۇقتا سېلىپ بېرلىنغا يەتكۈزۈۋالدى. ئۇلار تۇيۇق تاشكېمىرلىرىگە يۆتكىلىپ بۇددا راھىبلىرىنىڭ ئۆيىنى تاپتى. نوم كىتابلار، رەسىملىك كەشتىلەردىن ئىككى تاغارنى توشقۇزدى. يەنە خرىستىئان دىنىغا ئائىت قولىيازمىلارغا ئېرىشتى. ئۇلار قۇمۇلغا بېرىپ بۇزۇلغان بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنىڭ خارابىلىرىنى تاپتى. ئۇنىڭدىكى نەرسىلەر نەمدىلىپ تۈتقۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى.

گرونوۋېدىل 1905 - يىلى 12 - ئايدا قەشقەرگە كەلدى. ئۇنى فون لېكوك بىلەن باتاس قۇمۇلدىن كېلىپ كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇلار كۇچا - باي رايونىدىكى تاشكېمىر، ئىبادەتخانا خارابىلىرىگە شۇنچە قىزىقتىكى، ئۇ سەنئەت جەھەتتە ھەقىقەتەن ئاسىيادا مىسلىسىز ئىدى. سىمسىمدا ئۇلار رۇسىيىلىكلەردىن ئاكا - ئۇكا بىلىزوۋېسكىي قاتارلىقلار بىلەن تالىشىپ قېلىشتى. ئۇلار قوراللىرىنى چىقىرىشىپ «مېنىڭ تەسىر دائىرەم» دېگەن نېمىلەر توغرىسىدا تاكاللاشتى. نادان، مەدىكار ئۇيغۇرلار يەرگە قارىغان پېتى تۇرۇۋەردى.

بۇ يەردىكى قول تەگمىگەن كۆپلىگەن گۈزەل تاشكېمىرلەردىكى تام رەسىملىرى كۆپ، تاكامۇل ۋە گۈزەل ئىدى. بۇ يەرگە سۋېن ھېدىن بىلەن ئاۋرېل ستەيىنىنىڭ قولى نۇقتىلىق تەگمىگەنىدى. بۇ ئاجايىپ سەنئەت ئۆلگىلىرىگە گرونوۋېدىل ئۇنى سىدام پېتى كۆچۈرۈپ سىزىدىغان رەسساملىق قەلىمىنى كۆتۈرۈپ چىققان بولسا، فون لېكوك ۋە باتاس ئۆتكۈر كۈرەكلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇلار ئارىسىدا قىزىلدىلا ئىختىلاپ تۇغۇلدى. گرونوۋېدىل بەدىئىي ئەسەرنى بۇلاپ كېتىشكە قوشۇلمايدىغانلىقىنى، ھەممە مەدەنىيەت نۇقتىلىرىنى ھەم ئەينەن، ھەم بىر - بىرىگە ئالاقىدار بىر پۈتۈن ئەسلىدىكى گەۋدە سۈپىتىدە تەتقىق قىلىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. فون لېكوك بولسا، مۇمكىن بولسا ھەممىنى بېرلىنغا يۆتكەپ شۆھرەتكە ئېرىشىشنى، 1000 يىللىق سەنئەتنى، مىڭلىغان

كىشىلەر ئەمگىكىنىڭ نەتىجىلىرىنى ئۆز سۈيىقەستىگە ھالاك قىلىشنى خالايتتى. ئاقىۋەتتە قەدىمكى كۇسەن تاشكىمىرلىرىدىكى ئېسىل سەنئەت نەمۇنىلىرى فون لېكوك، باتاسلار تەرىپىدىن قىرقىلىپ، بېرلىنغا يەتكۈزۈلدى.

گرونوۋېدىل قاراشەھەر شورچۇق ـ شىكشىن مىڭئۆيلىرى ئۈستىدە توختالغاندا، فون لېكوك، باتاسىنىڭ بۇ يەردە قىلغان ـ ئەتكەنلىرى ئۈستىدە يېزىپ كېلىپ: «ئۇلار نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق ئىزلارنى قالدۇرغان، ئەڭ گۈزەل بېزەلدۈرۈلگەن ھەيكەللەرنى ھەممىلا يەرگە تاشلىدى. يۆتكەپ كېتەلمىگەنلىرىنى، ھەجمى چوڭ ھەيكەللەرنى سىرتقا تاشلاپ، ئۇنى شامال، يامغۇر، ئاپتاپ ۋە يولۇچىلارنىڭ دەپسەندە قىلىشىغا قالدۇردى» دېگەنىدى. ئەگەر ئاۋرېل ستەيىن ئوغرى نىيىتىنى ھەر ھالدا بېزەپ بولسىمۇ، راۋاق (خوتەن تەۋەسىدە) خارابىسىدىكى يۆتكەپ كەتكىلى بولمايدىغان چوڭ ھەيكەلنى قايتىدىن قۇملۇققا كۆمگەن بولسا، فون لېكوكتا بۇنچىلىك ئىنساپمۇ قالمىغانىدى.

گېرمانىيىلىكلەر بۇلاڭ ـ تالاڭچىلىقتا يېڭى رېكورت ياراتتى. فون لېكوكنىڭ ئىقرارىچە: «گرونوۋېدىل توسقانغا قارىماي باتاسنى ئېلىپ بېزەكلىككە كەلدۇق. قۇم ئاستىدىكى سەل كۆرۈنۈپ تۇرغان كېمىرنى كۆرۈپ ئادەم يالاپ قۇم تازىلاتتۇق. ئىككى ياندىكى تامدىكى ھەر خىل رەڭدار رەسىملەرنى كۆرۈپ ۋارقىرىۋەتتۇق. رەسىملەر شۇنداق ئېنىق ئىدىكى، رەسسام ھازىرلا سىزغاندەك تۇراتتى!» «بىز ئۇزاق، جاپالىق ئىشلەپ، بۇ تام رەسىملىرىنى كېسىۋالدۇق. ھەممىنى بېرلىنغا ساق يەتكۈزدۇق. ئۇلار مۇزېينىڭ بىر زالىنى توشقۇزۇۋەتتى!» «بۇ پەقەت بىر بۇددا ئۆيىدىكىلا رەسىملەر! پۈتۈن بۇددا زالىدىكى بارلىق تام رەسىملىرىدىن بېرلىنغا يۆتكەلگەنلىرى ئۇنىڭ بىرلا قىسمى»⑫.

شۇنداق قىلىپ، نېمىسلار تۇرپاندىن 233 ساندۇق، كۇچا ـ

قاراشەھەردىن 452 ساندۇق كېسىلگەن تام رەسىملىرىنى بېرلىنغا يۆتكەپ كەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە 290 ھەيكەل، 620 پارچە تام رەسىمى ۋە باشقا برونزا، ياغاچ، ساپال، يىپەك بۇيۇملار بار ئىدى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بېرلىننى بومباردىمان قىلغان ۋە توپقا تۇتقاندا، بۇ نەرسىلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى شىنجاڭ ئۇيغۇر رايونىنىڭ بۇ قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىغا بەرگەن، مەڭگۇ ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدىغان غايەت مۇھىم چىقىمى بولدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ساخاۋەتكە كەلگەن ئىدىقۇت ۋە ئۇنىڭ خاتۇنىنىڭ تام رەسىمى (ئەسلىي 3 -، ھازىرقى 20 - كېمىردىن كېسىپ كەتكەن)، ئىدىقۇت شەھىرى يەرلىك ئاھالىسىدىن سېتىۋالغان، دۇنيادا يېگانە مانى ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن تام رەسىمى قاتارلىق 28 پارچە چوڭ ھەجىملىك پاننوراما بار ئىدى.

گرونوۋېدىل 1912 - يىلى «گرېتسىيە، تۈركىستاننىڭ قەدىمكى زامان بۇددا ئىبادەتخانىلىرى»، 1920 - يىلى «قەدىمكى كۇچا» ناملىق كىتابىنى ئېلان قىلدى. فون لېكوك «جۇڭگو تۈركىستانىدا ساقلىنىۋاتقان گۆھەرلەر» ناملىق ساياھەت خاتىرىسىنى نەشر قىلدۇردى.

گرۇنوۋېدىل 79 يىل ياشىدى، لېكوك 70 يىل ياشىدى. ئۇلار تارىخ ئالدىدا قىزىل، قۇمتۇرا، شورچۇق - شىكشىن، ئىدىقۇت - بېزەكلىك تاشكېمىرلىرىنى يالىڭاچلاپ قويۇشتا كەچۈرگۈسىز جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئۇستىگە ئېلىشى لازىم.

## تۆتىنچى، ئوتانى قىدىرىش ئەترىتىنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرى

ياپونىيە جودو شىنشۇ دىنىنىڭ نىشموتوگېن ئىبادەتگاھى (净土真宗西本愿寺派) ئېقىمى بۇددىزمنىڭ سۇكھاۋاتى (净土) (پاكلىق) ئېقىمى بولۇپ، بىر خىل مۇددىزم غايىسىنى

تەشەببۇس قىلىنغان دىنىي مەزھەپ ئىدى. ئوتانى كوزى (1876 ـــ 1948) ئۇنىڭ 22 ـ ئەۋلاد مەزھەپ شەيخى بولۇپ، 27 يېشىدا ئۇنىڭغا بۇ دىنىي مەرتىۋە مىراس قالغان.

ئوتانى كوزۇئى 1902 ـــ 1910 ـ يىللىرىغىچە شىنجاڭغا ئۈچ قېتىم قىدىرىش ئەترىتى ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئەينى زامان ياپونىيە ئىمپېرىيىسى ۋە مىلىتارىزمى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئەترەت تەركىبىدە دېڭىز ۋە قورۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرلىرىنىڭ بولغانلىقى، ئۇلارنىڭ نوقۇل بۇددىزم راھىبلىرى ياكى ئۆز مەزھىپىنىڭ كېلىشى مەنبە ۋە ئېقىملىرىنى تەكشۈرگۈچى نوقۇل بۇددىزم تارىخى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى بولماي، ئۆلچەش ـ سىزىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ھەققىدە «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار» ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى پېتېر خوبكېرىك توختىلىپ ئۆتۈپتۇ. بىز ئۆز تېمىمىزغا يارىشا پەقەت ئۇلارنىڭ شىنجاڭ تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ خارابلىشىشىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئۈستىدىلا توختىلىمىز.

1902 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئوتانى كوزى، خوندا ئىنىريۇ (本多惠隆)، ئىنوئۇئې كوئېن (井上丹弘)، ۋاتانابى تىششىن (渡边哲信)، خورى كېنيۇ (雄  ) قەشقەرگە توپلىشىدۇ. ئۇلار يەكەن، خوتەننى كېزىپ، قەشقەرگە قايتىپ كەلدى، 1903 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئوتانىنىڭ دادىسى قازا قىلغاچقا يۇرتىغا قايتتى. قالغانلىرى مارالبېشى، كۇچا، تۇرپان، قۇمۇلغا باردى ۋە كېيىن شىئەن بىلەن قايتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ۋاتانابى تىششىن، خورى كېنيۇ تۆت ئاي سەرپ قىلىپ، كۇچا، قاراشەھەر، كورلا ۋە تۇرپان رايونىدا مۇھىم قىدىرىشلارنى ئېلىپ باردى. سۇبېشى، توڭگۇزبېشى، باغتام، قاراقۇشيار، ئوتتۇزئوقۇر، قىزىل، قۇمتۇرادا ئۇلار غايەت زور غەنىيمەتكە ئىگە بولدى، نۇرغۇن كۆرۈنۈشلەرنى سۈرەتكە تارتتى. مەشھۇر جەسەت كۆل قۇتىسى

شۇ نۆۋەت قولغا چۈشكەندى،

1908 - يىلى 10 - ئايدا ئوتانى كوزى ئەمدىلا 19 ياشقا كىرگەن تاجىۋا نازىچاۋ (橘瑞超) بىلەن نومۇرا ئېيزابىرونى (野村荣三郎) ئەۋەتتى. ئۇلار بېيجىڭدىن ئۈرۈمچىگە كەلدى. ئۈرۈمچى، تۇرپاندا يېڭى يىلنى ئۆتكۈزۈپ، كورلىغا كەلگەندىن كېيىن، ئىككىسى ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ، قەشقەردە ئۇچراشماقچى بولۇشتى. 17 ياشلىق تاجىۋا نازىچاۋ جەنۇب يۆنىلىشتە لوپ ۋە خوتەن ئارقىلىق، نومۇرا ئېزابىرو شىمال يۆنىلىشتە كۇچا ئارقىلىق مېڭىپ قەشقەردە ئۇچراشتى. تاجىۋانا زىچاۋ كىروراندىن لىبو (李伯)نىڭ كېنىگىت پادىشاھى (قاراشەھەر خانى) لۇڭشى (龙熙)غا ئەۋەتكەن خېتىنى تېپىۋالدى. ئۇلار يەكەن ئارقىلىق قايتتى.

1910 - يىلى 8 - ئايدا ئوتانى كوزى تاجىۋانا زىچاۋنى، 1911 - يىلى 6 - ئايدا يوشىكاۋا شوئىجىرۇ (吉川小一郎) نى ئۈچىنچى قېتىملىق قىدىرىشقا ئەۋەتتى. بۇلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىدە ئون ئاي پەرق بولدى. شۇڭا، تاجىۋانا زىچاۋ خۇببۇس ناملىق بىر ئىنگلىزنى ياللىۋالغانىدى. ئۇلار بەشبالىق، تۇرپان، لوپنۇرغا بېرىشتى، كېيىن چۆلنى كېزىپ بۇگۇرگە، ئاندىن كۇچاغا بېرىشتى. تاجىۋانا زىچاۋ خۇببۇسنى بالدۇرلا كۇچاغا يولغا سالغان بولسىمۇ، ئەمما خۇببۇس قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن كېزىك كېسىلى بىلەن قازا قىلدى. تاجىۋانا زىچاۋ قەشقەرگە بېرىپ ئۇنى دەپنە قىلىپ، خوتەنگە بېرىپ بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى تەكشۈردى، كېيىن دۇنخۇاڭغا راۋان بولدى.

يوشىكاۋا شوئىجىرۇ دۇنخۇاڭدا تاجىۋانا زىچاۋ بىلەن ئۇچراشتى. ئۇلار ئۈرۈمچىدە يەنە ئايرىلدى، تاجىۋانا زىچاۋ تارباغاتاي، ئالتاي تەرەپكە كەتتى. يوشىكاۋا شوئىجىرۇ تۇرپان، جىمسار، ئۈرۈمچىدە يىل يېڭىلاپ، كۇچا، قەشقەر، خوتەننى ئايلىنىپ يەنە ئۈرۈمچىگە كەلدى. دائىم تەسۋى سىيرىپ تۇرىدىغان 27 ياشلىق بۇ زات بېيجىڭ ئارقىلىق ياپونىيىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قايتتى. ئۇ 1975 ـ يىلى 92 ياشقا كىرگەندە خاتىرە ئۇچۇن يەنە بىر قېتىم شىنجاڭغا كەلگەنىدى.

ئوتانى كوزى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ھەرقايسى ئاساسلىق ئەزالىرىنىڭ قىدىرىش خاتىرىلىرى ۋە فوتو سۈرەتلىرىنى توپلاپ 1915 ـ يىلى «غەربىي يۇرتنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك رەسىملىك شەجەرىسى» (西域考古图谱) ناملىق ئىككى كىتاب، 1937 ـ يىلى «يېڭى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» (ئىككى توم) ناملىق كىتاب، «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتى » (ئالتە توم) نەشر قىلدى. مەن 1986 ـ يىلى 10 ـ ئايدا كيوتو شەھىرىدىكى ئوتانى ئارخېئولوگىيە ئىلمى ئىنستىتۇتىنى زىيارەت قىلغىنىمدا، ئۇلار باشقا ھەممە قولىيازمىلارنىڭ ئېنىقلانغانلىقى ۋە بىر پارچە پاختا قەغەزگە يېزىلغان ئارگومېنتىنىڭ مەنىسى نامەلۇملۇقىنى ئېيتىپ، ئۇنى سىلىندىر قۇتىدىن ئېلىپ مەخسۇس ئۇستەلگە قويدى، بۇ ئەسلىدە تۇمشۇقتىن تېپىلغان ئىشق مەكتۇپىنىڭ بىر سەھىپىسى ئىكەن.

### بەشىنچى، پائۇل پېللىئوتنىڭ شىنجاڭغا ئاياغ بېسىشى

پائۇل پېللىئوت (1878 ـــ 1945) فرانسۇز شەرقشۇناسى، خەنزۇ تىلىغا پىششىق بولۇپ، خەنزۇچە (伯希和) دېگەن ئىسىم بىلەن تونۇلغان.

ئۇ 1906 ـ يىلى موسكۋا تاشكەنت ئارقىلىق قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. ئۇ قەشقەر يېڭىشەھەر پايناپتىكى ئېفتالىتلارنىڭ ئەۋلادى بولغان ئابداللارنى تەكشۈرۈشكە قىزىقتى. كېيىنچە، كۇچاغا مېڭىش سەپىرىدە مارالبېشى تۇمشۇقتىكى توققۇزساراي خارابىسىنى يېقىنقى «ئوقۇر مازىرىم» ئەپسانىسى بىلەن يوپۇقدالغان ئىسلامىيەتكە ئائىت خارابە دەپ ئويلىدى. سۈيىن ھېدىن قاتارلىقلارمۇ شۇ قاراشقا ئىشىنىپ قالغانىدى، پائۇل پېللىئوت دەم ئالغان چېغىدا قامچىسىنى يەرگە جىجاپ تۇرغاندا، توساتتىن قولىغا كىچىككىنە بىر بۇت ـ قەندىھار ئۇسلۇبى

روشەن بولغان دەسلەپكى ھەيكەل چىقىپ قالدى ! بۇ يەردە بىر يېرىم ئاي قېزىش بىلەن شۇغۇللاندى ۋە رەڭدار بۇتلارنى، باشقا قېزىلمىلارنى ئېلىپ كۇچاغا ماڭدى.

پائۇل پېللىئوت بارغۇچە كۇچا تاشكېمىر ۋە ئېھراملىرىدىكى قېزىشلار بىر يەرگە بارغانىدى. ئۇ راسا كۆڭۈل بۆلۈنمەي قالغان يېپىق، كۆمۈك نۇقتىلارنى ئىزدىدى. ئۇ سەككىز ئاي ئىزدىنىش ۋە قېزىش ئارقىلىق سۇبېشى، دۇلدۇلئوقۇر، قاراقۇشياردىن بەزى قولىيازمىلارنى تاپتى. تارىشا پۈتۈك، ياغاچ ئويما، تامغا ۋە كونا پۇللار يىتەرلىك تېپىلدى. ئۇ توخرى يېزىقى دەپ ئاتالغان كۇسەن يېزىقىدىكى يولخېتىنى تاپتى. بۇنى لېۋي ئەپەندى ئوقۇپ يېشىپ بەرگەندىن كېيىن، توخرى تىلى A، B گۇرۇپپىلىرى دېگەن قاراش ئايرىدە بولغان.

پائۇل پېللىئوت 1908 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئاۋرېل ستەيننىڭ دۇنخۇاڭدىن كۆپلەپ قولىيازمىلارنى سېتىۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ، دەرھال دۇنخۇاڭغا بېرىپ، ۋاڭ راھىب بىلەن ئۇچراشتى ۋە كۆپ خىل تىل قابىلىيىتىنى جارى قىلىپ، كىتاب ئۆيىدىكى كىتابلارنى تاللاپ، 5000 پارچە ھۆججەتنى 500 تەڭگە كۈمۈشكە سېتىۋېلىپ، 24 ساندۇق غەنىيمەتلىرى بىلەن پاراخوت ئارقىلىق فرانسىيىگە يولغا سالدى. ئۆزىمۇ بېيجىڭغا بېرىپ، ئەمدى دۇنخۇاڭ قولىيازمىلىرىنى ساتماسلىق ھەققىدىكى جىددىي ھۆكۈمگە ئىلھام بېرىپ قويۇپ، 1909 ـ يىلى 10 ـ ئايدا پارىژغا كەتتى.

پائۇل پېللىئوت شىنجاڭدا سۈرەتكە تارتقان ماتېرىياللارنى ئالتە توپلام قىلىپ نەشر قىلدۇردى. ئۇ رەقىبلىرىنىڭ رەشك ـ ئىغۋالىرىنى يېڭىپ، پىتنە ـ بوھراندىن غالىب بولۇپ مەيدانغا چىقتى.

پائۇل پېللىئوت ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى 1892 ـ يىلى خوتەننى قىدىرىپ كەتكەن ساياھەتچى دۇترېئوئىل دې رېنىس فرانسىيىنىڭ ئاساسلىق شىنجاڭدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى بولۇپ قالدى.

ئامېرىكا بۇ جەھەتتە ئارقىدا قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يېڭىچە خىمىيىۋى دورا بىلەن قالغان تام رەسىملىرىنى ئېلىپ كېتىشنى پىلانلىدى. 1923 ـ يىلى ۋارنېر بىلەن جەيىن شۇ خىل خىمىيىۋى ئېرىتمىنى ئېلىپ تۇرپانغا كېلىپ 12 پارچە رەسىمنى يۇلۇۋالدى. ئەمما، ھاۋا سوغۇق بولغاچقا ئېرىتمە ياخشى ئۈنۈم بەرمىدى. ئۇلار «20 يىلغا قالمايلا، بۇ يەرنىڭ ھېچ كۆرگۈچىلىكى قالمايدۇ!» دېيىشتى. بۇ خۇددى بىر گۈزەلنىڭ ساھىب جامالىنى نابۇت قىلىش ئۈچۈن قولىغا پىچاق ئېلىپ تۇرغان ئادەمنىڭ ئاغزىدىن چىققان سۆز ئىدى!

مانا بۇ، غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ خاراب بولۇش تارىخى ۋە ئۇنىڭ رەڭگارەڭ ئىستىخىيىلىك ۋە ئاڭلىق سەۋەبكارلىرى توغرىسىدىكى تەپسىلات.

ئىزاھلار:

① پېتېر خوپكىرك: «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 8 ـ، 224 ـ بەتلەر.

②، ③ يۇقىرىقى كىتاب، 188 ـ بەت.

④ ئا. مۇھەممەدئىمىن: «كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا مانى تەسۋىرى ۋە شىنجاڭدىن تېپىلغان مانىزم سىزما يادىكارلىقلىرى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى مۇنبىرى» ژۇرنىلى، 1992 ـ يىللىق 4 ـ سان.

⑤، ⑥، ⑦ «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار»، 8 ـ، 199 ـ، 185 ـ بەتلەر.

⑧، ⑨، ⑩ يۇقىرىقى كىتاب، 9 ـ، 89 ـ بەتلەر.

⑪يۇقىرىقى كىتاب، 105 ـ بەت.

⑫ۋاڭ بىڭخۇا: «تۇرپاننىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 1975 ـ، 1796 ـ بەتلەر.

# ئون ئۈچىنچى باب

# غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى ئۈستىدىكى تەتقىقات

## 1. غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنىڭ ئەھۋالى

غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى غايەت مۇھىم تەتقىقات تېمىسى ئىكەنلىكى ئۆز - ئۆزىدىن روشەن. بىز مەيلى گۈزەل سەنئەت تارىخى نۇقتىسىدىن، مەيلى بۇددىزم سەنئىتى تارىخى نۇقتىسىدىن، مەيلى خەلقئارا يىپەك يولى مەدەنىيەت ئالاقىلىرى تارىخى نۇقتىسىدىن بولسۇن، غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىنى، بولۇپمۇ بۇددىزم سەنئىتى كەڭ تارقالغان رايونلارغا نىسبەتەن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە گۈزەل، رەڭدار ۋە يۇقىرى ئىجادىيەت ماھارىتى بىلەن تويۇندۇرۇلغان تام رەسىملىرى سەنئىتىنى نۇقتىلىق تەتقىق قىلىشنىڭ ئىلمىي، تارىخىي ۋە ئېستېتىك قىممىتىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز.

دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى تەتقىقاتى كىشىنى مەيۈسلەندۈرەرلىك ئەھۋال ئاستىدا تەمتىرىمەكتە.

بىرىنچىدىن، ئۇ ئەسلىي ماكانى، ئەسلىي ياراتقۇچىلىرىدىن ياتلاشتۇرۇلغان سەنئەت بولۇشتەك قىسمەتنى ئۆز بېشىدىن كەچۈردى، مۇنداق ياتلىشىش كۆپ جەھەتلىمە، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ مەنىدىكى ياتلىشىش بولۇپ تۇرماقتا.

ئۇ ئەسلىي كېمىرلىرىدىكى كومپوزىتسىيون ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدىن ئايرىلدى!

ئۇ ئەسلىي تاشكېمىر تۈركۈملىرىدىكى مۇناسىپ ئورۇنلىرىدىن ئايرىلدى!

ئۇ ئەسلىي يۇرتى، ئەسلىي ياراتقۇچىلىرى، ئەسلىي مەنبەلىرى، ئەسلىي زوقلانغۇچىلىرىدىن ئايرىلدى!

ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ بىر پۈتۈن، مۇجەسسەم گەۋدىسىدىن ئايرىلدى! ئۇ بۇددىزم سەنئىتى ھۆكۈم سۈرمىگەن (ياۋروپادا) ياكى ھۆكۈم سۈرگەندىمۇ بۇنداق سەنئەتنىڭ خاس ئېتنولوگىيىلىك يىلتىزى ۋە گۈلشەنلىرى بولمىغان ياقا يۇرتلارغا يۆتكەپ كېتىلدى.

ئىنسانلار بىرەر تەلۋە ئاڭ ـ ھېسسىياتتىن تۇغۇلغان خاتالىقلارنى تونۇشقا كىرىشكەنلىرىدە، بۇنداق غەيرىي نورمال، مۇنداق ھاقارەت خاراكتېرلىك، مۇنداق ئاقسۆڭەكلەرچە، مۇنداق دېڭىز قاراقچىلىرىدەك ھادىسىلەرگە قارىتا ئەسلىگە قايتۇرۇش تەلەپلىرىنى ۋە مەردلىكلىرىنى قانداق ئىپادىلىيەلەر. ئەگەر مىتروپولىيە، يېرىم مىتروپولىيە خاراكتېرىدىكى مەدەنىيەت ھاكىمموتلەقلىق دېيىلسە، جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىدا يۈز بەرگەندەك ئەبەدىي قايتىپ كېلەلمەس ئاقىۋەت ۋە پۈتۈنلەي يالىڭاچلىنىپ قېلىشتەك بۇلاڭچىلىق قىلمىش يەنە قەيەردە يۈز بەرگەن؟!

ھەر ھالدا بىر ھەققانىي پرىنسىپ شۇكى، ئۇ قايتۇرۇلۇشى، ئۆز قىممىتى بىلەن قايتۇرۇلۇشى كېرەك! بىز بۇ پاجىئەلىك ئۆتمۈشنى شۇ پېتى تاشلاپ قويساق، كەلگۈسىگە قانداق يۈزلىنەلەيمىز؟!

ئىككىنچىدىن، ئۇ قېرىنداش ھەمشىرىلىرىدىن ئايرىلغان، مېيىپ ھالەتكە كىرگەن، سەرگەردان جاھانكەزدى سەنئەتكە ئايلىنىپ قالدى! مۇنداق ھىجرانكەش، مەجرۇھ، سەرگەردان سەنئەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا تارىختا، دۇنيانىڭ يەنە قايسى جايىدا شۇنداق سەنئەت مەۋجۇت؟! ئۇنىڭ سىرتتىن كېلىپ ئوغرىلىغۇچىلىرى، مەيلى سىياسىي جاسۇس ياكى «غەرب

مەركەز» نەزەرىيىسىگە سادىق شەرقشۇناس ــ ئالىم بولسۇن، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ بۇ بىباھا جاۋاھىراتلارنى ساتقۇچىلار، مەيلى مۇسۇلمان «گۆھەر يىغقۇچى» ياكى بۇددىست ۋالىڭ راھىب بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى زېمىن تەكتىدە چىرىپ بولدى. بۇ جاۋاھىراتلارنىڭ بىر قىسمى لوندوندا، بېرلىندا، دېھلىدا، توكيو ۋە كيوتودا، ئامېرىكىنىڭ نارسۇن مۇزېيىدا، پارىژنىڭ سېرنۇسچ مۇزېيىدا، لېنىنگرادتا، ستوكھولمدا، ئۇنىڭ بىر قىسمى شەخسلەرنىڭ قولىدا تارقىلىپ يۈرمەكتە. بۇ جاۋاھىراتلارنى ئۆز پاۋلىئونلىرىدىن يۇلۇۋېلىشتا سەرپىيات چىقارغان مالىيە ئىگىلىرى ئۇلارنى جەملەشكە، ئۇلارنى خەلقئالەمگە تونۇشتۇرۇشقا، ئۇلارنى تەتقىق قىلىشقا كەلگەندە لام ـ جىم دېمەي تۇرۇۋېلىشتى.

ھەر ھالدا يەنە بىر ھەققانىي پرىنسىپ شۇكى، ئۇ ئىنسانىيەتكە تونۇشتۇرۇلۇشى لازىم. بىز يىپەك يولىدا بىرقانچە قاتلام سىنكرېتىك مەدەنىيەت ئۇتۇقلىرى ئۇستىدە يەنە بىر خاس ئۇسلۇبقا ئىگە مەدەنىيەت قاتلىمى پەيدا قىلغان بۇ سەنئەت مۆجىزىلىرى بىلەن ئۇچراشماي تۇرۇپ، يىپەك يولىنى قايتا ئېچىش بىناكارلىقىغا قانداق ئۇل قويالايمىز؟!

ئۇچىنچىدىن، ئۇ ھەممىلا يەردە، ئۆزى ساقلانغان ھەممە ۋاقىت ئىچىدە، كەلگۈسىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىۋاتقان مەدەنىيەت تارىخىدا بىر شىكايەتچى سۈپىتىدە نەھرە قىلىدۇ! بۇ نەھرىنىڭ ئاۋازىنى يەتكۈزگۈچىلەر بارغانسېرى كۆپىيىدۇ، خەلقئارا تۈس ئالىدۇ.

1921 ـ يىلى خوتەنلىك مۇئەللىپ موللا نازىم موللانىياز ئۆزىنىڭ «كۆيدۈرۈلگەن جاۋاھىراتلار»① ناملىق ماقالىسىدە 1914 ـ يىلى، ئېسىل قولىيازما ۋە كىتابلارنى ئىنگلىز، پەرەڭ، شۋېت قاتارلىقلارغا يۆلەنگەن، يەرلىك مۇتەئەسسىپ، مۇناپىق، بەتنىيەتلەرنىڭ خانىۋەيران قىلغانلىقى، مۇنداق ھادىسىنىڭ قەشقەر، كۇچالاردىمۇ يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئاممىغا

www.uyghurkitap.com

كۆچلۈك سىگنال چالغانىدى.

ئابدۇقادىر ئەزىزى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ يالقۇنلۇق نۇتۇق ۋە غەزەللىرىدە نادانلىق ۋە خۇراپىي قاراشلار قاتتىق ئەيىبلىنىشى بىلەن بىللە، جاھانگىرلىك زوراۋانلىقىغا قارشى ھەققانىي ئاڭ گەۋدىلەندۈرۈلگەنىدى. ئۇلار دەل شىنجاڭدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تالان ـ تاراج قىلىنغان ئاشۇ يىللاردا ياشىغان.

بۇ خىل ئاڭ ئەمدىلىكتە چەت ئەلدىكى ھەققانىيەتچى ئىلغار كىشىلەرنىڭ قەلبىدىمۇ ئۆز مەشئىلىنى ياندۇردى. ئەنگلىيىلىك ئاپتور پېتېر خوپكىرىكنىڭ «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار» ناملىق كىتابىدىكى بىر قاتار قايناق سادالار ئۇنىڭ روشەن نامايەندىسىدىن ئىبارەت. بۇنداق سادا بارغانسېرى ئۆرلىگۈسى.

غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئاندا ـ مۇندا تەتقىقات ماقالىلىرى دىسسېرتاتسىيە ياكى ئىلمىي يىغىنلارغا قاتنىشىش لاياقىتىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يېزىلغانلىرىدىن باشقا، تېخى كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشكىنى يوق، بۇ جەھەتتىكى ئىلمىي پائالىيەتلەر ئاساسەن پالەچ ھالەتتە تۇرماقتا. پۈتۈن ئالاقىدار تام رەسىملىرىنى مەركەزلەشتۈرگەن ئالبوملۇق مۇلاھىزىلەر كەمدىن ـ كەم بولدى. خەيرىيەتلىكى، ئۈرۈمچىدە يىپەك يولى تەتقىقات مەركىزى قۇرۇلدى. بۇ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دوستلار بىلەن ئەتتىپاقلىشىپ، مۇشۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈشكە قوزغاتقۇچى بولۇشى مۇمكىن.

شىنجاڭدىن ئېلىپ كېتىلگەن بىرقانچە يېزىقتىكى قولىيازمىلار ئۈستىدە ئىشلەش ـــ شەرقشۇناسلىقنىڭ ئېغىر ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپىسىدۇر. ھېلىمۇ بۇ قولىيازمىلار ئۈستىدە ئىشلەش ئىنتايىن ئىنچىكە ۋە مۇشكۈل خىزمەت بولۇشىغا قارىماي، ناھايىتى ئاز ساندىكى ئالىملار تەرىپىدىن بىر مەزگىل

تەتقىق قىلىنغاندىن تاشقىرى، ئۇلار ئەينى پېتى ھەرقايسى مۇزېيلاردا، كىتاب ئىسكىلاتلىرىدا قامىلىپ ياتماقتا. بۇ جەھەتتىكى فوند ۋە تەتقىقاتلار كۆرۈلمىدى. بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرگە يەرلىك ئالىملار جەلپ قىلىنمىدى. ھەرقايسى ئەللەر شەرقشۇناسلىرى، قولىيازما تەتقىقاتچىلىرى ئارىسىدا بىرلەشمە پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلغىنى يوق. بىز ھەتتا چوڭ مۇزېيلارنىڭ قاراڭغۇ خانىلىرىغا تاشلىنىپ كەتكەن بۇ قولىيازمىلارنىڭ روشەن، مۇكەممەل كاتولوگىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىدۇق. بۇ ھەر ھالدا مۇشۇ ئەسىردىكى غەيرىي سىۋىلىزاتسىيە ھادىسىسى ھېسابلىنىشى كېرەك.

## 2. غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى تەتقىقاتىدىكى مەسىلىلەر

غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى ئۈستىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك ئەسەرلەر بىلەن تەتقىقات ۋە سېلىشتۇرما تەتقىقات، خاس سەنئەت تۈرلىرى توغرۇلۇق ماقالىلەر توپلاملىرى گەرچە سۆز يۈزىدىكى كۆپۈكتەك بولسىمۇ مەيدانغا چىقتى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ بىر قاتار ئىدېئولوگىيە ۋە مېتودولوگىيىلىك مەسىلىلەرمۇ رەسمىي ئىلمىي قاراش سۈپىتىدە جامائەتچىلىكنىڭ دىققەت نەزەرىگە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. مەسىلە شۇ يەردىكى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى جاھانگىرلىك مۇستەملىكە سىستېمىسىنىڭ ھالاكىتى دەۋرىگە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ شەكىللىنىش دەۋرىگە خاس، ئەسەبىي، غەيرىي ئىلمىي قاراشلار بولۇپ، بۇ قاراشلار ھېلىمۇ دەخلىسىز نوپۇزلۇق ئىلمىي ئاكسىئوما دەپ يورۇتۇلماقتا. بۇ غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى دۇچ كەلگەن بىرىنچى پاجىئە — تارىخىي پاجىئەدىن كېيىنكى ئىككىنچى پاجىئە — ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى پاجىئەدىن ئىبارەت. مەلۇم مەنىدە بۇ خىل ئىدېئولوگىيىلىك، پاجىئەلىك كۆزقاراشلار ئاۋرېل ستەين ۋە فون لېكوكنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شىنجاڭدىكى پائالىيىتى ۋە ئۇنىڭ پائالىيەت خاراكتېرىگە مەنبە بولغانىدى !

بىرىنچى مەسىلە، چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ شىنجاڭ تاشكېمىر سەنئىتى نەمۇنىلىرىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىگە قارىتىلغان باھا مەسىلىسى.

بۇ ھەقتە، ئۇلارنى «ئۇلۇغۋار ساياھەتچى»، «ئۇلۇغ ئىختىراچى»، «شەرقشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىلىرى» دېگەن باھامۇ، ئەكس ھالدا «جاسۇس»، «ھەربىي خەرىتە سىزغۇچى»، «مەدەنىيەت قاراقچىسى» دېگەن باھامۇ مەۋجۇت، ئۇلارنىڭ سەنئەت نەمۇنىلىرىنى يۆتكەپ كېتىشنى «قۇتقۇزۇۋېلىش» دېگۈچىلەرمۇ، «يۆتكەپ كېتىلمىگەن بولسا تېخىمۇ ئوبدان ساقلىناتتى» دېگۈچىلەرمۇ بار. بۇ بىر - بىرىگە زىت ئىككى خىل قاراش پۈتۈنلەي ئاساسسىز شەكىللەنگەن ئەمەس. مېنىڭچە، مەسىلىنى مۇتلەقلەشتۈرمەسلىك شەرتى ئاستىدا، مەسىلىنىڭ ئاساسىي تەرىپىنى تەكىتلىگەن ياخشى.

چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيىتى ئومۇميۈزلۈك تارىخىي جەھەتتە جاھانگىرلىك مۇستەملىكە سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشى، سىرتتىن تەسىر دائىرىسى ئىزدەش يۆنىلىشىنىڭ بىر قوشۇمچىسى سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە كىرىپ كەلگەن. مۇنداق سىرتقا كېڭىيىش توقۇنۇشلىرى مۇرەسسە قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئۆتكۈرلەشكەندە 1 - دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاپ چىقتى.

چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنى ئۇلارنىڭ ئومۇمىي تارىخىي تامغىسىدىن باشقا، يەنە ئۆزىگە خاس ئىدېئولوگىيىلىك قۇرۇلمىسىغا، ئۇلارنىڭ سەنئەت نەمۇنىلىرىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىگە قاراپ يەنە پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. سۋېن ھېدىن، گرونوۋېدىل بىلەن ئاۋرېل ستەين ۋە فون لېكوكلارنىڭ قايسىلىرىنى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار دېيىش كېرەك؟ قايسىلىرىنى ئەجنەبىي قىدىرغۇچىلار دېيىش كېرەك. بۇنىڭدا پەرق بولغىنى

ياخشى.

«قۇتقۇزۇش» چوقۇم ئېلىپ كېتىش ئەمەس. چۆل ـ جەزىرىلەردە 1000 يىلدىن ئارتۇق ساقلانغان، «گۆھەر تاپقۇچى»لارنىڭ قولى يەتمىگەن كۆمۈك ھالەتتىكى يادىكارلىقلار بىلەن قىزىل ـ قۇمتۇرا، بېزەكلىك ـ تۇيۇق تاشكېمىرلىرىدە ئىسلام «غازات»چىلىرىنىڭ قىرغىنچىلىقىدىن كېيىنمۇ ساقلىنىپ كەلگەن بۇ گۈزەل بۇيۇملار يەنە بىرقانچە ئون يىل ساقلىنالماسمىدى؟! ھەقىقىي قۇتقۇزغۇچى خەلق، ئالدى بىلەن بۇ مىراسلارغا ھەقدار خەلق! ھېچقاچان «ساما» دىن چۈشكەن «قاناتلىق ئىلاھ» ئەمەس! ئەگەر پائۇل پېللىئوت دۇنخۇاڭ قوليازمىلىرىنى «قۇتقۇزماقچى» بولسا، ئۇنى 500 تەڭگىگە سېتىۋالماستىن، شۇ ۋاقىتتىكى بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە تەكلىپ بېرىشى مۇمكىن ئىدىغۇ! ئاۋرېل ستەين، فون لېكوكلارنىڭ ئۆتكۈر كۈرەك، ھەرە ۋە ساندۇقلىرىنى «قۇتقۇزغۇچى ماھايانا كېمىسى» دېيىش مۇمكىنمۇ؟! بۇ بۇيۇملار ھېلىمۇ قۇتقۇزۇلغىنى يوق! ئۇلارنى ھازىرقى پاجىئەدىن قۇتقۇزغۇچىلار قاچان چىقار؟!

ئىككىنچى مەسىلە، غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدىكى (جۈملىدىن ئەينى زامان ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى) سەنئەت مەدەنىيىتىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى.

ئاۋرېل ستەين «سىرىندىيە» (غەربىي يۇرت) ناملىق ئارخېئولوگىيە خاتىرىسىدە، قانداقتۇر: تارىم ۋادىسىدا ياشايدىغان بىچارە ئاھالە پەقەت ھىندىستان بۇددىزم مەدەنىيىتى ئارقىلىق ئۆز قەددىنى رۇسلىۋالالىدى[2] دېسە، ئۇنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرىنى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان مەشھۇر دۇنخۇاڭشۇناس، ئالىم شاڭ دا ئەپەندى: «غەربىي يۇرتتا ئەزەلدىن مەدەنىيەت بولمىغان، غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى ھىندىستان مەدەنىيىتىنىڭ ئېشىندىلىرىغا ئېرىشىشتىن ھاسىل بولغان» دېگەن قاراشنى تەرغىب قىلىپ يۈردى. ئەگەر ئالدىنقى ئاپتور بۇ گەپنى غەربلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ساياھەتچى سۇپىتىدە تىلغا ئالسا، كېيىنكى ئاپتور جۇڭگولۇق ئالىم سۇپىتىدە تەكرارلىدى. بۇ پاجىئە — ئىدېئولوگىيىلىك پاجىئە ئەمەسمۇ؟! بۇ ھەقتە ئامېرىكا ئالىمى مىگۇۋرىن، ئېلىمىزدىكى داڭلىق تارىخشۇناس گۇ باۋ، كۆزگە كۆرۈنگەن سەنئەت تارىخى ئالىمى جۇ چىڭباۋ، پېشقەدەم تارىخچى، پروفېسسور سۇ بىخەي ئەپەندى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ كۈچلۈك رەددىيە ماقالىلىرى، ئەسەرلىرى بار. بۇ توغرۇلۇق مەن مۇشۇ كىتابنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى بابلىرىدا توختالغاچقا، قايتا توختالمايمەن. شۇنى تەكىتلەش ھاجەتكى، ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن ئىشىكنى تاقىۋالغان ئەمەس، شۇنىڭدەك پۈتۈنلەي تەييارغا ئېرىشكەنمۇ ئەمەس. مىلادىيەنىڭ ئالدى - كەينىدە قەدىمكى شىمالىي ئاسىيا ئىنسان تۈركۈمىنىڭ غەربىي گۇرۇھى بولغان سىكىف (سىكتاي) سىستېمىسىغا تەۋە خەلقلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى گرېك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسا، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1000 - يىللارنىڭ بېشىدا گرېكلەر، غەربىي ئاسىيالىقلار دەل ئات ئۈستىدە ئوقيا ئېتىپ يۈرگەن سىكتايلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. ئەگەر بۇ ئات ۋە ئوقيا سەنئىتى بولمىغان بولسا، ئىسكەندەر قوشۇنلىرى دارا III نى يېڭىپ، جەيھۇن ۋادىسىغا كېلەلمىگەن بولاتتى. بۇ جەھەتتە، «مەدەنىيەت ئېۋولىيۇتسىيىسى» (文化进化论) نەزەرىيىسىمۇ، «مەدەنىيەت دىففۇزىيىسى» (文化扩撒论) نەزەرىيىسىمۇ مەسىلىنى ھەل قىلالمايدۇ، پەقەت «مەدەنىيەت سىنكرېتىك - قاتلام نەزەرىيىسى» (文化混合层次论)[3] لا ئىلمىي مېتودولوگىيىلىك ئىقتىدارىنى جارى قىلالايدۇ.

ئۈچىنچى مەسىلە، غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ (جۈملىدىن مەدەنىيىتىنىڭ) ھازىرقى ئۇيغۇر مىللىتىگە بولغان ئالاقىسىنى قانداق چۈشىنىش مەسىلىسى. بۇ مەسىلىدە نوقۇل سىياسىي نۇقتىدىن ياكى نوقۇل سالنامە نۇقتىسىدىن مۇھاكىمە قىلىش بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ خىل

سەنئەتنى ياراتقان ئەينى زاماندىكى خوتەنلىك، قەشقەرلىك، كۇسەنلىك، قوچۇلۇق ئاھالە بىلەن مىلادىيە 840 ـ يىلىدىكى ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھالاكىتى بىلەن بۇ جايلارغا يۆتكەلگەن ئۇيغۇر ئىتتىپاقىدىكى قەبىلىلەرنىڭ ئېتنىك مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىش ئۈچۈن، مېنىڭچە تۆۋەندىكى تارىخىي نۇقتىئىنەزەر ئېتىبارغا ئېلىنىشى لازىم.

(1) ھازىرقى ئۇيغۇر ئېتنىك گەۋدىسى بىر قاتار تارىخىي باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتۈپ شەكىللەنگەن ۋە پۈتۈن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى غوللۇق مىللەت ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇتلۇق شەكلى بولۇپ، بۇ مىللەت ئۈچۈن پۈتۈن شىنجاڭدا ياشىغان ئىلگىرىكى خوتەن، قەشقەر، كۇسەن، قوچۇ قاتارلىق جايلاردىكى ئاساسلىق ئاھالىلەر ئەجداد ھېسابلىنىدۇ. روشەنكى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرى ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ ئېتنوگېنىز، مەدەنىيەت جەھەتتىكى رېئال، ھەقىقىي ۋارىسلىرى ۋە تارىخىي داۋامىدىن ئىبارەت.

(2) ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك گەۋدىسى جۇڭگو سالنامىلىرىدە تىلغا ئېلىنغان تېلى (تۇرا) ۋە ئۇيغۇر ئورقۇن خانلىقى تەركىبىدىكى بەزى قەبىلىلەرنى بىر پۈتۈن قەبىلە سۈپىتىدە ئۆز ئىچىگە ئالمىغان. بۇنىڭغا ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىكى دەسلەپكى يېتەكچى قەبىلە ـــ ياغلىقارلارنى مىسال قىلىش مۇمكىن. ياغلىقار قەبىلىلىرى ھاكىمىيەتنى قارلۇق، ياغما قەبىلىلىرىگە يېقىن بولغان ئادىئىزلارغا تارتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن، ئۆكتىچى قەبىلە سۈپىتىدە قىرغىزلارنىڭ قوشۇنىنى باشلاپ كېلىپ، بۇ خانلىقنى مۇنقەرز قىلغان. نەتىجىدە يۈز بەرگەن كۆرەش جەريانىدىمۇ پانتېكىن باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر ـــ ئادىئىزلار بىلەن غەربىي يۇرتقا كۆچمەستىن، نەنسەن (چىلەنشەن) ئېتىكىدە گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان. ئۇلار باشقا تەركىبلەر بىلەن قايتا تەشكىللىنىپ، كېيىنكى سېرىق ئۇيغۇر ـــ يۇگۇ مىللىتى بولۇپ

شەكىللەندى. بۇ بىزگە ھەرىكەتچان ھالەتتىكى (动 态) مىللەت گەۋدىسى (تەركىبى) بىلەن تۇرغۇن ھالەتتىكى (静 态) ئېتنونىم (مىللەت نامى) نى پەرقلەندۇرۇش لازىملىقىنى، ئاتالغۇ ياكى خەت (تامغا) كە مېتافىزىكىلەرچە ئېسىلىۋالماسلىق لازىملىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

(3) غەربىي يۇرت ئىبارىسىنى خالىغانچە ئوتتۇرا دېڭىزغىچە كېڭەيتىش ياكى پەقەت پامىر بىلەن چەكلەش توغرا ئەمەس. بۇ ئىبارە گەرچە خەن سۇلالىسىغىچە، ئابستراكت (مەسىلەن، «مۇتىيەنزىنىڭ تەرجىمىھالى»، چۈي يۈەننىڭ «ساماغا سوئال» قاتارلىق ئەسەرلەردە) بولسىمۇ، خەن سۇلالىسىدىن كېيىن، بولۇپمۇ تاڭ سۇلالىسى زامانىدا بىرقەدەر روشەن بولدى. ئۇ خاس مەنىدە ھازىرقى شىنجاڭ بىلەن سىر دەرياسى ۋە يەتتىسۇ ۋادىسىنى، كەڭرەك مەنىدە يەنە ماۋرائۇننەھرنى كۆرسەتتى. بۇ رايونلاردا يالغۇز ھازىرقى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەجدادلىرى ياشاپ قالماي، يەنە ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەركىبىدىكى باشقا قەبىلىلەر، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ياشىغان. ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان ئۇيغۇرلار شىمالىي ۋە جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدە تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئىككى تەرىپىدە، قوچۇ — بەشبالىق رايونىدا ئۇيغۇرلىشىش جەريانىنى ئورۇنداپ بولغان. بۇ ئاساس بولمىسا، كۆكتۈرك خانلىقىنى غۇلىتىپ، ئۇيغۇر خانلىقى تىكلىگىلى بولمايتتى. بۇ ئۇيغۇر قەبىلىلىرى، ئۇنىڭ ئىتتىپاقچىلىرى قەدىمكى دىڭلىڭ (تۇرا)، خۇجىي (护揭)، ئوغۇز (乌护)، قاڭقىل - قۇش (故师, 车师)، توخرىلار (月氏)، (ساك) نامىلىرىدا بۇ رايونلاردا ياشىغان بولۇپ قالماي، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىستېمى قاغان، تۈركەش خانلىقى، قارلۇق يابغۇلۇقى دەۋرىدىمۇ بۇ رايونلاردا ياشىغان، قويۇق سىڭىشىش ھالىتىدە تۇرغان. بۇنى قۇياش سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشى جەريانىدىكى قويۇق قويۇن شەكىللىك تۇتەككە ئوخشىتىش مۇمكىن.

(4) ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرى ئەمەلىي تۇرمۇش فولكلورىدىمۇ (民俗) غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى، سەنئىتى، ئېستېتىك قاراشلىرىنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۇرگەن. مەيلى تۇرقى ـ ھالەت، روھىي خۇسۇسىيەت، مۇزىكا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى جەھەتتىن بولسۇن، شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى بىلەن شىنجاڭ تاشكېمىرلىرىدىكى سەنئەت ئىزنالىرى ۋە مەدەنىيەت ئىنفورماتسىيىسى بىر ـ بىرىگە يات ئەمەس.

توخرى ياكى توخار تىلى دېگەنگە كەلسەك شۇنى ئېيتىش كېرەككى، توخرى قەبىلىلىرىنىڭ چىلىيەنشەندىكى ۋاقتىدا قوللانغان تىلى بىلەن ئۇنىڭ ئاساسىي قىسمى ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا يۆتكەلگەندىن كېيىنكى دەۋرىدە قوللانغان تىلى ئەلۋەتتە زور ئۆزگىرىشكە ئۇچرىغان. بىر مىللەت ئۆز تارىخىدا، بولۇپمۇ چوڭ يۆتكىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تارىخىدا ئىككى، ھەتتا بىرقانچە تىل ئالماشتۇرغان بولۇشى، ئىككى، ھەتتا بىرقانچە يېزىق قوللانغان بولۇشى تامامەن مۇمكىن. بۇ زامان، ماكان، مۇھىت بىلەن بىرلەشتۇرۇلۇپ تەتقىق قىلىنمىسا، تىلشۇناسلىقتىكى مېتافىزىك ۋە ئىدېئالىستىك قاراش پەيدا قىلىشى تەبىئىي.

تۆتىنچى مەسىلە، غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىنى نوقۇل بۇددىزم بويىچە ئىزاھلاش تەشەببۇسى بىلەن ئۇنى نوقۇل رېئالىزم ۋە سەنئەت بويىچە ئىزاھلاش مەسىلىسى ھېچقانچە تالاشقۇدەك مەسىلە ئەمەس. روشەنكى، غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى بۇددىزم ئىدىيىلىرى، ھېكايىتى ۋە ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن، زور كۆلەملىك ساخاۋەت چىقىمى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. ئۇنىڭ سىرىنى بۇددىزمدىن ئىبارەت بۇ تارىخىي ھادىسە ئارقىلىق ئىگىلەشنى چەتكە قاقماسلىق كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ رېئاللىق ئاساسىدا، رېئاللىقتىن كېلىپ چىققان، رېئاللىق بىلەن مەزمۇن بېرىلگەن ۋە ياسالغان ھېكايەتلەر ئاساسىدا، رېئاللىق دىنىي سەنئەت شەكلىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان،

ئوبرازلاشتۇرۇلغان، ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭ سىرىنى ماددىي تۇرمۇشتىن ئىبارەت تۇپ ئۇل ئاساسىدا ئىزاھلاشنىمۇ چەتكە قاقماسلىق لازىم. مىسال ئالايلى، قىزىل تاشكېمىرلىرىدىكى يالىڭاچ رەسىملەر بۇددا تەركىدۇنياچىلىقى جەھەتتىن ئالغاندا، «ئالتە قاچىغ» دەپ ئاتالغان «ئالتە سەزگۇ»نى پاكلاشتۇرۇش ئۇچۇن، ساكيامونىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئۇلگىلىك پائالىيەتلىرىنى گەۋدىلەندۇرۇش ئۇچۇن سىزىلغان. شۇنىڭدەك ئۇ رېئال تۇرمۇشتىكى گۇزەل ۋە ئۆلچەملىك بەدەن گۇزەللىكلىرى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. گرېكلارنىڭ يالىڭاچ رەسىملىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىمۇ دىنىي ياكى ئەپسانىۋى تېمىلارغا بېغىشلانغان ئەمەسمىدى!

مانا مۇشۇ تۆت مەسىلە، غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى تەتقىقاتىدىكى گەۋدىلىك ئىدىيىۋى، مېتودولوگىيىلىك مەسىلە بولۇپ تۇرماقتا. بۇ مەسىلىلەر ئومۇمىيۈزلۈك ھەل قىلىنماي تۇرۇپ، بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتنى ساغلام داۋاملاشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

ئىزاھلار:

① ز. قادىر: «ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، تاشكەنت «پەن» نەشرىياتى 1971 ـ يىلىدىكى نەشرىدە بۇ مەنبە ئەينەن بېرىلگەن.

② ئاۋرېل ستەين: «غەربىي يۇرتتىكى ئارخېئولوگىيە خاتىرىلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 190 ـ بەت.

③، ④ ئا. مۇھەممەدئىمىن: «ئىلمىي مېتودولوگىيە ـــ سىنكرېتىك قاتلام نەزەرىيىسى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1987 ـ يىللىق 1 ـ سان.

# خاتىمە

بىز بۇ كىتابتا تاشكېمىر سەنئىتىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ھالدا، پۈتۈن غەربىي يۇرتنىڭ ئىپتىدائىي تەسۋىرىي سەنئەت نەمۇنىلىرىدىن باشلاپ ئۆز مۇھاكىمىمىزنى ئىزچىللاشتۇرۇپ كەلدۇق. بۇ جەرياندا بىز شىنجاڭ گۈزەل سەنئىتىنىڭ پەيدا بولۇش، راۋاجلىنىش مەنزىرىسىنى كۆزىتىپ، پۈتۈن بىر سەنئەت خەزىنىسىنى تاپقاندەك ھېسسىياتقا ئېرىشتۇق. بىزدە بۇ سەنئەت خەزىنىسى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەر شەكىللەندى.

غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى غەربىي يۇرتنىڭ قىيا تاشلىرىدا روياپقا چىققان. ئۇنىڭدىن كېيىن بالبال، قورچاق مۇئەككەللەر ۋە توقۇلما بۇيۇملارنى ئىشلەش ھۈنەر ـ سەنئىتىدە كەڭ قوللىنىلغان. بۇنداق سەنئەت ھەم يەرلىك، مىللىي خاسلىققىمۇ، ھەم خەلقئارا ئومۇملۇققىمۇ ئىگە ئىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن، ئۆز يۇرتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، يەنە بىر تەرەپتىن، يىپەك يولىدىكى بارچە تەسىر كۆرسەتكۈچى مەدەنىيەتلەرنىڭ كۆرۈنەرلىك تەسىرىگە ئىگە بولغان. ئۇنىڭ يېڭىلىقلىرى ئومۇمەن مۇشۇ دىئالېكتىك مۇناسىۋەت ئاساسىدا يەرلىك كىشىلەر تەرىپىدىن، ھەممىدىن ئىلگىرى يەرلىك رەسساملار تەرىپىدىن مەيدانغا چىقىرىلغان.

غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى ھەم بۇددىزملىق، ھەم سەنئەت تارىخى خاراكتېرلىك ھادىسە سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن. غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدىكى سەنئەت مۆجىزىلىرى بۇددىزم پېرىنچىپى ئاستىدا ئىنسانىي گۈزەللىكنى، ئىنساننىڭ ئەرك سۆيەر مۇقەددەس ئىنتىلىشلىرىنى گەۋدىلەندۈردى. گەرچە ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇددىزم ئېتىقادى ئەسەبىيلەرچە ئومۇملاشقان مۇھىتنىڭ مەھسۇلى بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ مۇستەقىل سەنئەت ئىدېئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى ۋە قانۇنىيەتلىرى تۈپەيلىدىن، يەنىلا ئىجتىمائىي ئىنسانىنىڭ رېئال تۇرمۇشىنىڭ بەدىئىي ئۇچۇرى، ئىنسانىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ئىزدەش يولىدىكى تارىخىي خاراكتېرلىك پىكىر دولقۇنى، ئىنسانىنىڭ ئۆز ـ ئۆزى بىلەن ئېللوزىيىلىك ساماۋى پېرسوناژلار شەكلىدە قايتا ئۇچرىشىدىغان خىلۋەتخانىسى بولۇپ قالدى. دىن پەقەت ئۇلۇغ پىرومېتىنى بەھەيۋەت تاغۇتاشلارغا ماتاپ تۇتۇپ تۇرغان زەنجىردەك، گەرچە بۇ گۈزەل تەسۋىرىي سەنئەت دۇردانىلىرىنى چىرماپ تۇرغان بولسىمۇ، دىن بىلەن سەنئەت باشقا ـ باشقا ئىككى ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە ئىدى، خالاس. روشەنكى، يۈكۈنۈپ تېۋىنىۋاتقان ئىنسان بىلەن، ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغان بۇددىھا ياكى ساماۋى تەڭرىلەر ھەر ئىككىسى ماھىيەتتە يەنىلا ئىنسانىنىڭ ئۆزى، ئۆز تەسەۋۋۇرى، ئۆز روھىيىتى، ئۆز قەلبىنىڭ تارىخىي شەكلىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇنداق ئېتىقادنى ئىنسان ياراتتى. مۇنداق سەنئەتنى پادىشاھ ياكى ئاقسۆڭەكلەر ئەمەس، يەنىلا ئۇلۇغ، ئەمما مۇشۇ ئۇلۇغلۇقتا ئۆزىنى ئەبەدىي كۆمۈپ تاشلىغان كۆپلىگەن نامسىز رەسساملار، ھەيكەلتىراشلار، بىناكارلىق سەنئەتچىلىرى ياراتتى.

غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى مۇنداق تۈپ قانۇنىيەتنىڭ مەھسۇلى، شاھىتى سۈپىتىدە غايەت زور مەدەنىيەت قىممىتى ياراتتى، ئۇ بولسىمۇ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ بىردەكلىك قانۇنى، ۋارىسلىق قانۇنى ۋە راۋاجلىنىش قانۇنىدىن ئىبارەت.

مەلۇمكى، غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى مەھەللىي جەھەتتىن جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىدا، بولۇپمۇ تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا بىنا قىلىنغان، مەيدانغا كەلگەن كۈچلۈك ئېتنىك ۋە تېررىتورىيىلىك ئالامەتلىرىنى

گەۋدىلەندۈرگەن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بۇ باشقا رايون ۋە باشقا مىللەت خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت ۋە سەنئەتلىرىگە زىت ئەمەس، ئۇنىڭدىن تەنھا ياكى ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىسىز ئەمەس. دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى قانۇنىيىتىنىڭ غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىدىكى گەۋدىلىنىشىنى ئىنكار قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى بۇددىزم شەكلىدىكى سەنئەت بولۇپ، بۇددا مۇخلىسلىرى تەۋسىيەسى ۋە ساخاۋىتى بىلەن بىنا قىلىنغان، مەيدانغا كەلگەن ۋە كۈچلۈك بۇددىزم ئالامەتلىرىنى گەۋدىلەندۈرگەن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇ مەدەنىيەتنىڭ ھەر خىل تۈرلىرى ۋە شەكىللىرىگە زىت ئەمەس. ئۇنىڭدىن تەنھا ياكى ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىسىز ئەمەس. ئۇمۇ دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى قانۇنىيىتىنىڭ باشقۇرۇشىدىن سىرتتا ئەمەس، ئەلۋەتتە.

غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى يالغۇز مەھەللىي، مىللىي مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىپ قالماستىن، يەنە مۇشۇ ئاساستا ئۆزىگە تەسىر كۆرسەتكەن ۋە ئۆزى قوبۇل قىلغان بارلىق غەيرىي مەھەللىي، غەيرىي مىللىي مەدەنىيەت ئامىللىرىغىمۇ ۋارىسلىق قىلدى، ئۇنى ئۆز سەنئىتىگە سىڭدۈردى. غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ پۈتۈن تارىخى بىزگە، مۇنەۋۋەر يەرلىك، مىللىي مەدەنىيەت نەمۇنىلىرىگە يالغۇز شۇ رايون، شۇ مىللەت مەدەنىيىتى ۋارىسلىق قىلىپ قالماستىن، يەنە باشقا رايون ۋە باشقا مىللەتلەرمۇ ۋارىسلىق قىلىشى مۇمكىنلىكىنى كۆرسەتتى. دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئالدىنقىلىرىغا كېيىنكىلىرى ۋارىسلىق قىلىش قانۇنىيىتى ھەرقايسى رايون ۋە مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ھادىسىسىنىڭ ماھىيىتىنى گەۋدىلەندۈرگەن. ئۇ ھەر بىر رايون، ھەربىر مىللەت مەدەنىيىتى بېكىنمە ھالەتتە، ئۆز - ئۆزىگە ۋارىسلىق قىلىپ راۋاجلىنىدۇ دەيدىغان «مەدەنىيەت ئىۋولىيۇتسىيىسى نەزەرىيىسى»نىڭ ساختا ئىلىم ئىكەنلىكىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاشكارىلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە مەدەنىيەت پەقەت بىر ياكى بىرقانچىلا مەدەنىيەتلىك مىللەتلەر ياراتقان مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ مەدەنىيىتى، مەدەنىيەت يارىتالمايدىغان، ئەزەلدىن مەدەنىيىتى بولمىغان «تەبىئىي مىللەت»لەرگە تارقىتىش ئارقىلىق راۋاجلىنىدۇ، دەيدىغان «مەدەنىيەت يۇقۇملىنىش نەزەرىيىسى» ياكى باشقا ناملىرى بىلەن ئېيتقاندا «مەدەنىيەت دىففۇزىيىسى» (كېڭىيىشى) نەزەرىيىسىنىڭمۇ ساختا نەزەرىيە ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلايدۇ.

دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىش قانۇنىيىتى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ بىر دەكلىك قانۇنىيىتى بىلەن ۋارىسلىق قىلىش قانۇنىيىتى ئاساسىدىلا ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلىدۇ. ئۇنى توغرا چۈشەندۈرىدىغان نەزەرىيە مەدەنىيەتنىڭ راۋاجلىنىشى توغرىسىدىكى قاتلاملىق سىنكرېتىك نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت. بۇ نەزەرىيە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى باسقۇچلۇق جەريان، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ھەربىر قاتلىمى يېڭى سىنكرېتىك ئېرىشىملەردىن تەشكىل تاپقان بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ تارىخىي ماتېرىيالىزملىق كۆزقاراشنىڭ مۇرەككەپ مەدەنىيەتنىڭ راۋاجلىنىشى ساھەسىدىكى مۇھىم تەتبىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى مىللىي مەدەنىيەت، مەھەللىي مەدەنىيەت ئاساسىدا، ھىندىستان (مۇھىمى قەندىھار)، ئىران، گرېتسىيە ۋە جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك قاتارلىق جايلىرىدىن كۆپلىگەن مەدەنىيەت ۋە تەسۋىرىي سەنئەت ئوزۇقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز قاتلاملىرىنى بېيىتتى. شۇنىڭدەك ئۇ بۇ جايلارغا ئۆز تەسىرىنى كىرگۈزۈپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت قاتلاملىرىغا ئىز قالدۇردى. قەندىھار بۇددا سەنئىتى ئۆزى بىر سىنكرېتىك قاتلام ئىدى. ئۇ ھىندىستاندىكى مەھەللىي ۋە مىللىي كاتېگورىيىدىن ھالقىپ چىقمىغان مەدەنىيەت ۋە سەنئەتكە نىسبەتەن، دۇنياغا يۈزلەنگەن، مىللىي ۋە مەھەللىي

ئۇسلۇب ۋە ئالاھىدىلىكىنى ساقلىغان ھالدا، يەنە ئۇنىڭ بىلەن چەكلەنمىگەن، بەلكى ئالەمشۇمۇل — تارىخىي قىممەتكە ئىگە مەدەنىيەت تىپى يارىتىشقا يۈزلەندى. كېيىنكى زاماندا ھىندىستاننىڭ گوپتا سۇلالىسى دەۋرىدە تولۇق ۋە تىپىك ھىندىستان ئۇسلۇبىدىكى بۇددىزم سەنئىتى مەيدانغا كەلدى. ماتۇرا ۋە ئاجانتانىڭ گۇپتا سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ بۇددىزم سەنئەت نەمۇنىلىرى دەل شۇ چاغدا مەيدانغا كەلدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، كوشان دەۋرى بۇددا سەنئىتى ۋە مەدەنىيىتى قەندىھارنى ئۈلگە قىلىپ غايەت زور سىنكرېتىك چۆكمە ھاسىل قىلغانىدى.

غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ گۈلتاجى بولغان كۇسەن بۇددىزم سەنئىتىمۇ مىللىي، مەھەللىي ئالاھىدىلىكلىرىنى گەۋدە قىلغان ھالدا، ئۆز تەرەققىياتىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچىدا تېخى تەقلىدچىلىك شەكلىدىكى سىنكرېتىزمىدىن خالىي بولالمىدى. ئۇ ئۆز تەرەققىياتىنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىدا پۈتۈن مىللىي، مەھەللىي ئەنئەنە بايلىقى بىلەن سىنكرېتىك قوبۇل قىلغان بايلىقلار ئاساسىدا، ئىلگىرىكى ئۆزىنىڭكىگىمۇ، قەندىھارنىڭكىگىمۇ ئوخشىمايدىغان يېڭى بۇددا سەنئىتى تىپىنى پەيدا قىلدى. مانا بۇنى مەن ئىزچىل يوسۇندا كوشان — كۇسەن بۇددا سەنئىتى تىپى، دەپ ئاتاپ كەلدىم. بۇ دېگىنىم، بۇلار ئوخشاش ئۇسلۇبتىكى سەنئەت دېگەنلىكىم بولماي، بەلكى ئۇلارنى خۇددى دالان ۋە سارايدەك ئىككى خانىغا ئاجراتقان ھالدا، يەنىلا گرېك - رىم مەدەنىيىتى تىپىدىن كېيىنكى، ئىككىنچى ئالەمشۇمۇل — تارىخىي خاراكتېرلىك مەدەنىيەت تىپىگە كىرگۈزۈپ قارىغانلىقىمنى كۆرسىتىدۇ. مېنىڭچە، جۇڭگونىڭ سۇي - تاڭ سۇلالىلىرى مەدەنىيەت تىپى، ئەرەب يېزىقى مەدەنىيەت تىپى، ياۋروپا رېنېسانسى يېزىقى مەدەنىيەت تىپى بىلەن يۇقىرىقى ئىككى مەدەنىيەت تىپى مەھەللىي قىممەتتىن ھالقىغان دۇنياۋى — تارىخىي ئەھمىيەتكە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىگە بولغان بەش خىل مەدەنىيەت تىپىنى كۆرسەتسە كېرەك، ئەگەر بۇ قاراش توغرا بولىدىكەن، غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى كوشان — كۇسەن مەدەنىيەت تىپىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولىدۇ.

غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى خەلقىمىزنىڭ يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا بەلۋېغىدا ياراتقان يەنە بىر ئۇلۇغ سەنئەت مۆجىزىسى. ئۇ قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا ئۆتكىلىدە هازىرغىچە بىز بىلىدىغان تۆت كاتتا مەدەنىيەت مۆجىزىلىرىدىن بىرى. بۇلار: يىپەك يولى كارۋان سودىسى ۋە شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى؛ رەڭدار تام رەسىملىرىنى ئاساس قىلغان غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ خاس ئۇسلۇب يارىتىشى؛ غەربىي يۇرت مۇزىكا - ئۇسسۇل سەنئىتى ۋە ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى؛ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئىجادىيەت ئېقىمىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. شۇنى تەكىتلەش هاجەتكى، يۇقىرىدىكى تۆت چوڭ مۆجىزات، پەقەت شەرق - غەرب مەدەنىيەت ئالاقىلەر قانىلى — يىپەك يولى ۋە ئۇنىڭ كۆپ مەنبەلىك، سىنكرېتىك مەدەنىيەت تەسىرى بىلەن تاۋار ئىگىلىكى مەنپەئەتدارلىقى شەرتى ئاستىدىلا مەيدانغا چىقالىغان. شەرق - غەرب مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنىڭ قۇرۇقلۇقتىكى ئاساسىي لىنىيىسى بولغان يىپەك يولىنىڭ خارابلىشىشى بىلەن ئۇنىڭ نادىر شېخىدىن پەيدا بولغان كۆپلىگەن شېرىن مېۋىلەر، بولۇپمۇ يۇقىرىدىكى تۆت سەر خىل جاۋاهىرات هاياتىي كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، هەتتا خارابىلىققا قاراپ يۈزلەندى. بۇ تارىخىي هەقىقەت، بۇ تارىخىي قانۇنىيەت.

هازىرقى كۈندە شىنجاڭدىكى تاشكېمىرلەر دۇردانە چىشلىرى يۇلۇۋېلىنغان كوماك ئېغىزدەك هالەتكە پېتىپ قالدى. شىنجاڭدىكى «مىڭئۆي» لەر خۇددى قاراقچىغا ئۇچرىغان كىشىدەك يېرىم يالىڭاچلىقتا تىترەشمەكتە. ئۇ پاجىئەلىك يادنامىگە ئايلىنىپ قالدى. «كىشىدىكى قىممەتلىك نەرسىنى

خانىۋەيران قىلىۋېتىپ، ئۇنى شۇ كىشىگە كۆرسىتىش» — مانا بۇ، لۇشۇننىڭ تراگېدىيىگە بەرگەن تەرىپى.

ئەگەر، ھالاك قىلىنغۇچىدىن ئابىدە ياكى بىرەر گۈزەل ئەسلىمە قالمىغان بولسا، دۇنيادا يەنە بۇنىڭدىنمۇ ئېچىنىشلىق پاجىئە بولامدۇ؟ !

مەن، مۇشۇ كىتابىم ئارقىلىق غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ ئەسلىي مېۋىسىنى ۋە كېيىنكى خارابىلىكى توغرىسىدا خەلقىمگە بىر ئالبوم، بىر ئابىدە، بىر ئوچېرك تەقدىم قىلالىسام چەكسىز ئىپتىخارغا چۆمگەن بولاتتىم.

كىتابنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە سەمىمىي غەمخورلۇق كۆرسەتكەن ئۇستاز ۋە دوستلارغا سەمىمىي مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن.

1991 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قوشۇمچە:

## سوغدىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئېتنىك ۋارىسلىرى توغرىسىدا

غەربىي يۇرت تاشكىمىر سەنئىتى ۋە باشقا بىر قاتار مەدەنىيەت ھادىسىلىرى يالغۇز ئۇيغۇرلارنىڭ ئورقۇن ۋادىسىدىكى «توققۇز ئۇيغۇر»، «ئون ئۇيغۇر» قەبىلىلىرى بىلەن ئالاقىدار بولۇپ قالماي، يەنە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇھىم ئېتنىك مەنبەسى ۋە تەركىبى بولغان توخار، ساك، سوغدىلار بىلەنمۇ بىۋاستە ئالاقىدار. ۋەھالەنكى، بۇ راسا ئېتىبار بىلەن قارالمىغان ۋە يورۇتۇلمىغان كۆپ قىرلىق ئىلمىي تېما. مەن بۇ ماقالىنى ئۇشبۇ كىتابقا ئىلاۋە قىلىش ئارقىلىق بۇ جەھەتتىكى ئېچىلمىغان كۆزنەككە بىر نەزەر ئاغدۇرۇشنى پايدىلىق دەپ قارايمەن.

— ئاپتور

# 1

«يېپەك يولى» نىڭ قايتا ئېچىلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا ۋە قەدىمكى يىپەك يولى مەدەنىيەت تارىخىغا قايتا نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، كۆز ئالدىمىزغا قەدىمكى شانلىق مەدەنىيەتلىك ئېتنىك تۈركۈمنىڭ بىرى سوغدىلارنىڭ كېلىدىغانلىقى شۈبھىسىز.

سوغدىلار گرېك، ئىران ـ پەھلىۋى، كۆكتۈرك — ئۇيغۇر، خەنزۇ يېزىقىدىكى مەنبەلەردە ئەسلىي زېمىن ۋە ئېتنىك نامىدىن يىراقلاشمىغان «سوغدىيان»، «سوغدى»، «سوغد»(Srwg)، «سوغداق»(Sywgyk)، «سوگا» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان ۋە يېزىقلاردا يېزىلىپ كەلگەن.

«سوغدى» ئىبارىسىنىڭ ئېتىمولوگىيىلىك مەنىسى ھەققىدە قەدىمكى گرېك تارىخچىلىرىدىن دىئودورۇس «خەزىنە» ناملىق ئەسىرىدە، قەدىمكى ساك ئايال سەركەردىسى تۇمارىسنى قەھرىمان سوغچىن (سوغكىن؟) نىڭ قىزى، سوغىچىن — ئالۋاستىلارنى يەڭگەن غالىب دېگەن سۆز، دەپ ئىزاھلايدۇ.

«سوغدى» ئېتنونىمى (مىللەت نامى)نىڭ قاچان مەيدانغا كەلگەنلىكى نامەلۇم.

يازما تارىخ بويىچە تارىخىي ئىلىمنىڭ ئاتىسى دەپ ئاتالغان گرېك تارىخچىسى ھېرىدوت (مىلادىيەدىن ئىلگىرى 484 — 425) ئۆزىنىڭ «تارىخ» ناملىق ئەسىرىدە سوغدى ئىبارىسىنى ئەمەس، بەلكى سىكفلارنىڭ ئۈچ خىل جايلاشقان گورۇپپىسىنىڭ نامىنى — «سىكف ئامورگىيا»، «ئارتوكاربانت»، «تىگرايتارا» — تىلغا ئالغان. مىلادىيەدىن ئالتە ئەسىر ئىلگىرى ئىراننىڭ پىرسپول يېنىدىكى نەقشى رۇستەم قىياسىغا چېكىلگەن ئىرۇ گىلىفلىق يازمىلاردا ساكلارنىڭ ئۈچ خىل گورۇھى يېزىلغان. ئۇلار: «ساكا — خائۇ ماۋاركا» (ئامورگا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ساكلىرى)، «ساكا — تىئايتارا دەريە»، «ساكا — تىگراخۇ ئۆرە» دىن ئىبارەت. بۇ ھېرىدوتنىڭ ئۇچۇرىغا ياندىشىدۇ.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 8 ـ، 7 ـ ئەسىرلەردە مەيدانغا كەلگەن زوروئاستىرىزم دەستۇرى «ئاۋېستا»دا: «ئادىمى كۆپ، چارۋا ـ مېلى نۇرغۇن» سوغدىلار تىلغا ئېلىنغان. «ئاۋېستا»دا كېرشاسىپ ۋە ئاخمېندلار پادىشاھلىرى تىلغا ئېلىنىماستىن، سوغدىنىڭ تىلغا ئېلىنىشى سوغدى خەلقى ئېتنىك نامىنىڭ ئاخمېندلار ۋە نەقشى رۇستەم ئابىدىلىرىدىن ئىلگىرى مەۋجۇتلۇقىنى دەلىللەيدۇ. سوغدى تېررىتورىيىسىدىكى «تالى پەرزۇ» دىن قۇياش (ئاتا تەڭرى مېترا)، يەر ـ سۇ (ئانا تەڭرى — ئاناخىت) ۋە ئۇلارغا ئاتاپ ئات قۇربانلىق قىلىش ئادىتىگە دائىر قېزىلمىلار بىلەن تۇنجى ئادەم — بۇقا سىياقىدىكى «گەۋا مەردا» ۋە ئۇنىڭ ۋارىيانتى گىلىگا مىشنىڭ ساپالغا ئىشلەنگەن ئوبرازىنىڭ تېپىلىشى، سوغدى مەدەنىي ھاياتىنىڭ «ئاۋېستا»دىن ئىلگىرى باشلانغانلىقىنى ئەسلىتىدۇ. روشەنكى، قۇياشقا (مېتراغا) چوقۇنۇش ئاساسىدا، ۋاقىت (زامان) مۇئەككىلى زىرىۋان ۋە زىرىۋانىزم قاراشلىرى ئاساسىدا زوروئاستىرىزم، ئۇنىڭدىن كېيىن مانىزم ئېتىقادلىرى زەنجىرى شەكىللەنگەن. شۇ سەۋەبلىك زوروئاست (تۆگىچى) ئۆز دىنىنى ياراتقاندا زىرىۋانى زوروئاستىرىزمدىكى ياخشىلىق ۋە يورۇقلۇق ئىلاھى ئاخرۇمازدا بىلەن يامانلىق ۋە جاھالەت ئىلاھى ئەخرەمەننىڭ ئاتىسى دەپ ئاتىغان.

## 2

سوغدىلار ھەققىدىكى قەدىمكى خەلق ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى بۇ خەلقنىڭ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1000 ـ يىللاردا ئولتۇراقلىشىپ، چارۋا ۋە تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، قەلئە ـ شەھەر قۇرۇپ، ئۆز خەلقى ۋە ئۆز ماكانلىرىنى قوغداش

جەڭلىرىگە ئاتلىنىپ، قەھرىمانلىق داستانلىرى پەيدا قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. پەرغانە رايونىنىڭ چوست دېگەن جايى بىلەن خارەزىمگە يېقىن ئاناۋ مەدەنىيىتى بىزگە سوغدىلارنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي قىسمىدىكى ئىككى دېھقانچىلىق نۇقتىسىدىن تارىخىي ئۇچۇر يەتكۈزۈپ بەردى.

بىز «ئاۋىستا» دا كېرشاسپىنىڭ توقماق بىلەن ئەجدىھانى يەڭگەنلىكى يېزىلغانلىقىنى كۆرىمىز. كۇسەن شاھى شىمالىي تاغقا جايلىشىۋېلىپ خەلققە تەھدىت سالغان ئەجدىھانىڭ ئۈستىگە مىنىۋېلىپ جەڭ قىلغاندا، ئەجدىھا بىردىنلا شىرغا ئايلانغانلىقى، شۇنىڭدىن كېيىن شاھلىق تەختلىرىنىڭ پۈتى شىر ئوبرازىدا ئىشلىنىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئەپسانە بىلەن قەدىمكى كۇسەن شىر ئۇسسۇلى بىزگە كېرشاسپ رىۋايىتىنى ئەسلىتىدۇ.

ئەپراسىياپ رىۋايىتى «ئاۋىستا» دا ئىران پادىشاھلىرى بىلەن جەڭ قىلغان تۇران شاھى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. «ئاۋىستا»دا سوغدى ساكلىرى «جەڭگىۋار تۇرانلار» دەپ يېزىلغان. ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىي «شاھنامە» ناملىق ئەسىرىنى يېزىشقا مەنبە توپلىغاندا قەدىمكى سوغدى شەھىرى ئەپراسىياپ (سەمەرقەنت يېنىدا) نىڭ تۇران شاھى ئەپراسىياپ تۇرغان شەھەر ئىكەنلىكى، سىياۋۇش بىلەن بەرزۇ سوغدى قەھرىمانى ئىكەنلىكى، رۇستەم ساك خەلق قەھرىمانى ئىكەنلىكى، ئىسپەندىيار باكتىرىيىلىك قەھرىمان ئىكەنلىكى روشەن ئىدى. ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى ئىراننىڭ بىرقانچە مىڭ يىللىق تارىخىنى داستانلاشتۇرۇپ چىقىش ئۇچۇن، بۇ قەھرىمانلارغا ئىران ـ تۇران ئىككى جەڭگاھ قەھرىمانلىرى تۇسىنى سىڭدۇردى. «شاھنامە» دە ئەپراسىياپنىڭ تۇر ـ تۇران (جۇملىدىن چىن ـ خوتەن) شاھى سۈپىتىدە ئىران شاھلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان قانلىق جەڭلىرى كەڭ تەسۋىرلەنگەن. بىز «ئاۋىستا»، «شاھنامە»گە ئاساس سالغان مەنبەلەردە سوغدىلارنىڭ جەڭگىۋار تۇرانلار ئىكەنلىكىنى،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سوغدىلاردىن ئىبارەت مەشھۇر ئىتنىك تۈركۈمدە ساك ۋە تۇران ئىبارىلىرىنىڭ بىردەكلىكىنى كۆرىمىز. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا تىلغا ئېلىنغان قەدىمكى سەمەرقەنت ـــ ئەپراسىياپ ھاكىمى ئەپراسىياپنىڭ دەل ئالىپ ئەرتۇڭا ئىكەنلىكىنى، بۇ نۇقتىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا «تۇرك بېگى» دەپ تىلغا ئالغانلىقىنى كۆرىمىز. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا قەدىمكى تۈركىي تىلىدا ئەپراسىياپ ۋاپاتىغا بېغىشلانغان خەلق قوشاقلىرىدىن بىۋاسىتە نەمۇنىلەر ساقلانغان.

ليۇ يىتاڭ ئەپەندى «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق كىتابىنىڭ 553 ـ بېتىدە، ياپونىيىلىك مەشھۇر تارىخشۇناس بەيكۇشىدىن دەلىل كەلتۈرۈپ، كانگىيىلىكلەر تۈركلەر ئىدى، دەيدۇ.

ساك سەركەردىسى توماس، ساك شاھى ئومارگىنى كىرىنىڭ تۇتقۇنلىقتىن قۇتۇلدۇرغان ئايال قەھرىمان سىپارتىدا، ئومارگىنىڭ قىزى ئاتادىداغا ئاشىق بولغان سىكىف شاھزادىسى زەرىئادىر، ساك مەلىكىسى زەرىنە بىلەن مىدىيە شاھزادىسى ستىرىئانگى، ئەپراسىياپ قىزى مەنىچە بىلەن ئىران چەۋەندازى بىجان ئارىسىدىكى مۇھەببەت داستان ـ رىۋايەتلىرى سوغدىلاردا جەڭگىۋارلىق ۋە ئىشق تېمىسىدىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1000 ـ يىللاردا، ھەتتا «ئاۋېستا» دىن مۇقەددەم شەكىللىنىشكە باشلىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

## 3

قەدىمكى گرېك تارىخچىلىرىدىن ستىرابون (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 63 ـ يىلى ـــ مىلادىيە 20 ـ يىلى)، ئارىيئان (مىلادىيەدىن ئىلگىرى 95 ـــ 75)، دىئودورۇس، دىئادار، پولىتارخ، كۈرتىس رۇف قاتارلىق مۇئەللىپلەر ئىسكەندەر

زۇلقەرنەيىنىڭ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 329 ـ يىلى باھاردا ھىندىقۇش تاغلىرىدىن ئۆتۈپ ئامۇ ـ سىر (ئوكسۇس ـ ياكسارت) دەريالىرى ئارىسىغا كىرگەندە، سۇغدىلارنىڭ جەڭگىۋار قوشۇنلىرى بىلەن توقۇنۇشقان جەريانلار ھەققىدە تەپسىلىي ئۇچۇر قالدۇرغان.

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن سۇغدى قەھرىمانى سىپتامىن باشچىلىقىدىكى قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، ئىلگىرىكى غالىبلىق ئەلپازىدىن ئايرىلدى. فەرنۇخىس قوماندانلىق قىلغان گرېك ـ ماكېدونىيە قوشۇنلىرى مالاكەندا (سەمەرقەنت) يۇرۇشىدە زەرەپشان (پولىتىمېت ـ ھۇرمەت) جىلغىلىرىدا سىپتامىن ئەترەتلىرى تەرىپىدىن ھالاك قىلىندى. ئارىئاننىڭ ئېيتىشىچە، ئىسكەندەر ئاداۋەت ئۇچۇن زەرەپشان دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىدىكى يېزىلارغا ئوت قويۇپ، 12 مىڭدىن ئارتۇق سۇغدىنى قىرغۇتكەنىكەن. ئۇ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 329 ـ يىلى مالاكەندا شەھىرىنى قولغا كىرگۈزسىمۇ بۇ يەردە خاتىرجەم قىلالمىدى. ئۇ سىر دەرياسى بويلىرىدا ساكلار تەرىپىدىن ئۇمۇرلۇك جاراھەتلەندى. سۇغدى سەركەردىلىرىدىن ئوكسىئارت (گرېكچە نامى ۋاخشۇن ۋارتا) ئۇسترۇشان ۋە ھىسار تاغ تىزمىلىرىغا جايلاشقان قىيا ئۈستىدىكى قەلئەلىرىنى بازا قىلىپ ئىسكەندەر قوشۇنلىرىنى قاتتىق خوراتتى. سۇغدى قىياسى، سىزمىتىر قىياسى، ئارىماز قىياسى، خوربىن قىيالىرىدا يەنە پارىتاگداگى، سىكپىتىر، خلئان قاتارلىق سۇغدى ئاقسۆڭەكلىرى جايلىشىۋالغانىدى. ئىسكەندەر سۇغدى ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن يارىشىش ئارقىلىقلا سۇغدىلارنىڭ جەڭگىۋار سېپىنى پارچىلىدى. ئۇ ئەسىر ئېلىنغان ئوكسىئارتنىڭ قىزى مەلىكە روخسانەگە ئۆيلەندى. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن پەرغانە ۋە سىر دەرياسىنىڭ شىمالىغا ئاياغ باسالماي ھىندىستانغا يۈرۈش قىلدى. ئىسكەندەرنىڭ سۇغدىيانادىكى ھەرىكىتى مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تىز پۈكمەس

قارشىلىق كۆرسىتىش ئىقتىدارىنى، يۇقىرى قاتلامدىكى ئاقسۆڭەكلەرنى سىتىۋېلىش سىياسىتى ئارقىلىقلا ئۇلارنى تىزگىنلەش ۋە پارچىلاش مۇمكىنلىكىنى كۆرسەتتى. ئاخمېندلار پادىشاھلىرىنىڭ ساك ۋە سوغدىلارنىڭ قولىدا ھالاك بولۇشىدىن پەرقلىق ھالدا، ئېغىر زەخىملەنگەن ئىسكەندەر يۇقىرى قاتلامدىكى ئاقسۆڭەكلەر بىلەن سۇلھىلىشىش، ئۇلارنى سېتىۋېلىپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتناشتۇرۇش يولىنى تۇتتى.

سوغدىلار شۇنىڭدىن كېيىن گرېكلەشكەن دۆلەتلەر (ئېللىنىزم) — سېلىۋكلار، گرېك ـ باكترىيە ۋە كوشان خانلىقلىرى قارىمىقىدا ياشىدى.

## 4

سوغدىلار مەركىزىي ئاسىيا تۇران ـ ساكلىرىنىڭ ئامۇ ـ سىر دەرياسى ئارىلىقىدىكى مۇھىم ئېتنىك تۇركۇمى سۈپىتىدە مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2000 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا برونزا قوراللار دەۋرى ۋە ئىپتىدائىي تېرىقچىلىقتا قەدەم قويغان. ئۇلار مەركىزىي ئاسىيا ئارى ـ ئاندىرونوۋ تىپىدىكى ئىنسان تۇركۇملىرىنىڭ پەرغانىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئۇستىروشان (سودۇسانا ـ سوغدىيانا؟) تاغلىرى بىلەن زەرەپشان، قەشقەر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنلىرىنى ماكان قىلىپ، چارۋا ـ دېھقانچىلىق، ھۈنەر ۋە قەلئە بىناكارلىقى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئولتۇراقلاشقان بىر قىسمى ئىدى.

ئېنگېلس ئۆزىنىڭ «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» ناملىق مەشھۇر كىتابىدا بۇ ھەقتە توختىلىپ، ئوكسۇس ـ ياكسارت دەريالىرى ئارىسى ئارىئانلارنىڭ ئاپىرىدە بولغان جايى ئىدى، دەپ كۆرسىتىدۇ. ھازىرقى زامان ئالىملىرى بۇ دائىرىنى كەڭرەك مەنىدە ئىزاھلىمىدى، خالاس.

شۇنى تەكىتلەش ھاجەتكى، مەركىزىي ئاسىيا تۇران ـ ساكلىرى گرېك، پارس ـ پەھلىۋى، «ئاۋېستا» ۋە جۇڭگو مەنبەلىرىدە، «سىكى»، «سىكتاي»، «ساك» (سەك)، «ماساغېت» (ماھاسىكتاي؟)، «سارىماتىن» (سارماتاي؟)، «سەيجۇڭ»، «خۇ» (خۇر)، «رۇڭ»، «زەي» (دى)، «غۇز»، «تۇر» (تۇران) قاتارلىق ئىبارىلەردە ئاتالسىمۇ، ئۇلار ئانتروپولوگىيىلىك ئىنسان گۇرۇھى جەھەتتە ئاندىرونوۋ ـ ئارى (ئارىئان) لارنىڭ كۆچمە ـ جەڭگىۋار چەۋەندازلىق «ئات مەدەنىيىتى» دەۋرىدىكى جۇغراپىيىلىك يۆنىلىشى، تارقىلىشى ۋە باشقا خەلقلەر نامىدىكى ئاتىلىشى ئىدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن ياۋروپادىن مەركىزىي ئاسىياغا كۆچۈپ كەلگەن ياۋروپا ئاق جىنسلىرى بولماي، بەلكى يىراق شەرق سىبىرىيە تەنلىكلىرىگە قوشۇلمىغان ئاسىيا تىپىدىكى ئاق جىنسلىق ئىنسان، باشقىچە ئېيتقاندا، دەسلەپ پامىر تىپىدىكى، كېيىنچە كافكاز تىپىدىكى (جۇملىدىن شەرقىي شىمالى ئوتتۇرا دېڭىز تىپىدىكى) ئاق جىنسلىق ئىنسان ئىرقى ئىدى. ئۇلار يەنە بىر تەرەپتىن، شەرقىي سىبىرىيىدىكى قەدىمكى «موڭغۇلوئىد» ئىنسان تۈركۈملىرى كانادا ۋە ئامېرىكا قىتئەسىگە كۆچكەندىن كېيىن، تەدرىجىي يېنىسەي ۋادىسىدىن رۇس دىيارى ئارقىلىق شەرقىي ۋە جەنۇبىي ياۋروپا، غەربىي ئاسىياغا قاراپ تارىختىكى سىمىلىيانلار، ئۇنىڭدىن كېيىن سىكفلار نامىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشتى. بىز مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1000 ـ يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا نەزەر سالساق ئاسسۇرىيە، بابىل، مىدىيە، گرېك، ئاخمېنىدلار پىرسىيىسى تارىخىدا سىمىلىيان ـ سىكتاي ساكلىرىنىڭ ئوينىغان رولىنى كۆرىمىز. ئۇلار ئارال ۋە جەنۇبىي كاسپى ۋادىلىرىنى بويلاپ ھىندىستاندىكى خاراپپا مەدەنىيىتىنى ياراتقان قەدىمكى خەلقلەر ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىپ، ئۆزىنىڭ ئارىئان ـ ساك ئېتىقادى ۋە مەدەنىيىتىنى تارقىتىپ، ئىلام (ئىران) ئېگىزلىكىگە يۈرۈش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىپ، ئۇ يەردىكى سىمىلىيان ـ سىكتاي تەسىرىنى كۆچەيتتى. هازىرقى كۆندە، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2000 ـ يىللاردا ھىندىستانغا كۆچكەن ئارىلاردىن يەنە 1000 يىل ئىلگىرى ئىران — قەدىمكى بابىلونغا مەركىزى ئاسىيادىن سومېرلارنىڭ كۆچكەنلىكى مۇئەييەنلەشمەكتە. بۇنداقتا، ئامېرىكا قىتئەسىگە كۆچكەن ئىندىئان ئەجدادلىرىدىن كېيىن، سۇمېرلار ئىرانغا، ئارىلار ھىندىستانغا، سىمىلىيان — سىكفلار قىرىم ۋە شەرقىي جەنۇبى ياۋروپا بىلەن مىسوپوتامىيىگە يۆتكەلگەن بولۇپ چىقىدۇ. بولمىسا، جۇڭگو يىلنامىلىرىدە تىلغا ئېلىنغان هازىرقى گەنسۇنىڭ شەرقى، نىڭشىيا ۋە ئوردوس (خۇاڭخې دەرياسىنىڭ دوقمۇشى) نىڭ شىمالىدىكى گۇيفاڭ، زەي ـ دى، خۇ ـ رۇڭ قەبىلىلىرىنى جىڭ جوۇڭۋاڭدىن (مىلادىيەدىن 825 يىلى) تاكى موگوۇڭغىچە (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 753 يىلى) بولغان ئارىلىقتا غەربكە ۋە شىمالغا سۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى ئۇلار قاچاندىن باشلاپ بۇ دىياردا ياشاپ كەلگەن؟ دېگەن سوئال بىلەن چىڭ ـ خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە چىلىيەنشەن — دۇنخۇاڭ ئارىسىدا ياشىغان ساك ۋە توخار خەلقى قاچاندىن بۇ زېمىننى ماكان قىلغان؟ دېگەن مۇئەممانى يېشىش قىيىن. بۇ بىزگە، ئىنسانىيەت يېزىققا قەدەم قويۇشتىن ئىلگىرى بايقالدىن كۆكنۇرغىچە، كراسنو يارىسىكتىن ھىندىقۇش تاغلىرىغىچە ئارى — ساك ـ تۇر تىپىدىكى ئاسىيا ئاق جىنىستىدىكى ئىنسان تۈركۈملىرى ياشىغانلىقىنى، بىرونزا قورالىلار، ئاتلىقلار مەدەنىيىتىنى نىشان قىلغان ۋە مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3000 ـ يىللاردىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1000 ـ يىللارغىچە داۋام قىلغان ئارىئان تىپىدىكى خەلق يۆتكەلگەندە ئۇلارنىڭمۇ بىر قىسمى شەرق ـ غەرب ـ جەنۇب تەرەپلەرگە يۆتكەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھازىرقى ئانتروپولوگىيە، ئارخېئولوگىيە ۋە ئېتنولوگىيىلىك پاكىتلار تەكرار ۋە سىستېمىلىق ئىسپاتلىغان تارىخىي ھەقىقەت بولۇپ قالدى.

## 5

سوغدىلار مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2 ـ ئەسىردە ئۆز ماكانلىرىغا كۆچۈپ كەلگەن توخارلار ۋە دونخۇاڭ ـــ چىلىيەنشەن ساكلىرىغا ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسەتمىدى ۋە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە گرېك ـ باكترىيە ھاكىمىيىتىنى غۇلىتىپ، كوشان ئىمپېرىيىسىنى تىكلىدى. ئۇنىڭ بىر قىسمىغا ۋە ئارقا تايانچلىرىدىن بىرىگە ئايلاندى. ئېفتالىتلار كوشان خانلىقىنى غۇلاتقاندىن كېيىن بىر قىسىم كوشانلىق توخارلار تارىم ۋادىسىغا قايتتى، بىر قىسمى پارچىلىنىپ «توققۇز جاۋۇپلار» نامىدا ئاتالدى. بۇ چاغدا سوغدىلار ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ۋاقتىدىكىدىن پەرقلىق ھالدا ئۆز ئېتنىك گەۋدىسىنى ئۇمۇم ساك ـــ تۇران تىپىنى ساقلىغان ھالدا توخار ـ ئېفتالىت (ئاۋارى) تەسىرى بىلەن ئۆزگەرتتى. ئېيتىمىش كېرەككى، توخارلارمۇ بۇ چاغدا مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 176 ـ يىللىرى دونخۇاڭ ـــ چىلىيەنشەندىن يۆتكەلگەن دەسلەپكى ۋاقىتتىن تارتىپ تىل ۋە ئېتنىك جەھەتتە مۇناسىپ ئۆزگىرىشكە ئۇچرىغاندى.

سوغدىلار «توققۇز جاۋۇپ» نامىدا ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىن سىر دەرياسىنىڭ شىمالىغىچە بولغان شەھەر ـ بوستانلىقلاردا ياشىدى. پەرغانە ۋادىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئۇستىرۇشان تاغلىرى بىلەن زەرەپشان دەرياسى ۋادىلىرىنى بويلاپ شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان سودىسانا (ئۆرەتۆپە)، پەنجىكەنت، ئەپراسىياپ، سەمەرقەنت، موللاقورغان، پەيئىېرىق، بۇخارا ۋە ئۇنىڭ شەرقىدىكى ھازىر قۇمغا كۆمۈلۈپ ياتقان ۋاراھشاھ شەھەر خارابىلىرى، ئۇستىرۇشان تاغلىرىدىن قەشقەر دەرياسى ئېقىنىنى بويلاپ بۇزۇلغان تالى بەرسۇ، شەھرى سەبىز، تايلاق، كافۇر قەلئە، يەككە بەگ، پاخال تىپە، يەر قورغان شەھەرلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىلەن شاش (تاشكەنت)، قوم (سوئىئابىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بارسغان) شەھەرلىرى ئاساسلىق سوغدىلارنىڭ ماكانلىرى ئىدى. تارىخىي قاتلىمى ھەر خىل بۇ شەھەرلەر ئىچىدە سەمەرقەنت — ئەپراسىياپ، پەنجىكەنت، بۇخارا ـ ۋاراھشاھ قاتارلىقلار ئاساسلىق سوغدى مەركەزلىرى ئىدى. تالى بەرسۇ، پەنجىكەنت، ئەپراسىياپ، ۋاراھشاھ خارابىلىرى ئۈستىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر سوغدىلارنىڭ قىياپىتى، تۇرمۇش مەدەنىيىتى، دىن ۋە سەنئىتىگە ئائىت قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن بىزنى تەمىنلىدى.

مېنىڭ قارىشىمچە، سوغدىلار ئەجداد يېقىنچىلىقى جەھەتتىن تارىم ـ تەكلىماكان قەدىمكى ئىنسان تۇركۇملىرى («ئاتۇش ئادىمى» بىلەن «كروران گۈزىلى» نى ئۆلگە قىلغان) بىلەن بولغان ئانتروپولوگىيىلىك مۇناسىۋەتتىن تاشقىرى يەنە، كوشان ـ ئېفتالىت خانلىقلىرى ئاخىرلاشقان، جۇڭگودا شىمالىي سۇلالىلەرنىڭ غەربكە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش جەريانى داۋام قىلغان، كۆكتۈرك ۋە غەربىي تۈرك خانلىقى تىكلەنگەن زامانلاردا شەرققە كۆپلەپ يۆتكىلىپ، يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا ۋە شەرقىي لىنىيىسىدە گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. بۇ جەريان سوغدىلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە شەرقىي ساك ـ شەرقىي تۇرانىي ئالامەتلەر ئېلىپ كىرمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئېيتىش مۇمكىنكى، سوغدىلار مىلادىيەدىن ئىلگىرى مىدىيە، كىياندىتلار (كىياندىئانلار)، ئاخمېندلار، ئىسكەندەر ـ سېلىۋكىلار ـ گرېك ـ باكتىرىيە ئىستېلاسىغا قارشى ئۇزاق قەھرىمانلىق دەۋرنى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى كوشان ـ ئېفتالىتلار دەۋرنى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى پەنجىكەنت ـ ۋاراھشاھ مەركەز قىلىنغان، گۈللەنگەن فېئودال «توققۇز جاۋۇپلار» دەۋرنى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى غەربىي تۈرك ۋە ئۇيغۇر خانلىقى ھامىيلىقىدىكى دەۋرنى باشتىن كەچۈرۈپ، قاراخانىيلار زامانىسىدا ياغما ئۇيغۇرلىرى، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ۋە گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ

مىللىي تەركىبىگە سىڭىپ كەتتى. ئۆنىڭ بىر قىسمى يەنە غەربىي قاراخانىيلار، چاغاتاي ۋە تۆمۈرىيلەر ئارقىلىق هازىرقى ئۆزبېك تۈركلىرىنىڭ ئېتنىك تۈزۈلمىسىگە ئايلاندى.

## 6

ئۆزبېكىستان تېررىتورىيىسىدىكى ئۇستۇرشان تاغلىرى، زارا ئۆتساي، سايچان ساي، سارمىش ساي قاتارلىق تاغلىق - جىلغىلىق ۋادىلاردىكى ئېپتىدائىي قىيا تاش رەسىملىرى پامىر، تەڭرىتاغلىرى، ئالتۇنتاغ (بولۇپمۇ مۆلچەر دەرا جىلغىلىرى)، تارباغاتاي ۋە ئالتاي، چوغاي تاغلىرىدىكى ئېپتىدائىي قىيا تاش رەسىملىرى بىلەن كۆندۈرۈلگەن هايۋان، ئوۋ قىلىنىدىغان هايۋان رەسىملىرى، ئۇسسۇللۇق هەرىكەت قىياپىتى، قۇياشقا چوقۇنۇش كۆرۈنۈشى، هارۋا شەكلى، پېرىخونلۇق كۆرۈنۈشلەر ۋە ئۇچۇر تامغىلىرى بولغان قىيا تاش رەسىملىرى ئورتاق مەدەنىيەت چەمبىرىنى هاسىل قىلغاندى. ئوخشاشلا بۇ تېررىتورىيىلەردىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن چىققان دەپنە بۇيۇملىرى بىلەن قەبرە تۈزۈلمىسى ۋە دەپنە رەسمىيەتلىرىدىمۇ نۇرغۇن ئوخشاشلىقلار، جەسەت تېپلىرىدىمۇ جىنسىي يېقىنلىقلار كۆرۈلگەندى.

گەرچە ئىلاھ - ئېكون ناملىرى پەرقلەنسىمۇ، مەركىزىي ئاسىيا خەلقى قۇياشنى ئاتا تەڭرى، زېمىننى ئانا تەڭرى بىلىپ، ئات قۇربانلىق قىلىدىغانلىقىنى هىرىدوتتىن تارتىپ تاكى جۇڭگو يىلنامىلىرىنىڭ مۇئەللىپلىرىگىچە يېزىپ قالدۇرۇشقاندى، سۇغدىلارنىڭ ماكانلىرىدىن تېپىلغان ساپال - مىس هەيكەللەر بىلەن قىياغا سىزىلغان قۇياشقا چوقۇنۇش رەسىملىرى ۋە قەبرىلەرنىڭ قۇياش شەكلىدىكى قوزۇقلار بىلەن ياسىلىشى، مېترا مەدهىيىسى كۇيلەنگەن «ئاۋىستا» قوشاقلىرى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

سوغدىلارنىڭ مېترا، ئاناخىت ئىلاھلىرى كېيىنچە گرېك ئىلاھلىرىنىڭ زەربىسىدە، ئۇنىڭدىن كېيىن زورو ئاستىرىزىم، كوشان بۇددا ئىكونلىرىنىڭ تەسىرىدە ئۆزگىرىشكە ئۇچرىسىمۇ، زورو ئاستىرىزىم ۋە مانىزمنىڭ يورۇقلۇق ئىلاھى ئاخرۇمازدا ــ ھورمۇز سىمۋولىدا يەنە ئىزچىل ساقلاندى.

سوغدىلار تەخمىنەن كوشان شاھى كانىشكا زامانىدىن كېيىن بۇددىزمنى قوبۇل قىلدى. بۇددىزم ئومۇمەن توخارلاردا ئىزچىل خارەزىم، سوغدىلاردا بىر مەزگىل داۋام قىلدى. تۇنجى قېتىم جۇڭگوغا كەلگەن بۇددا تەرجىمانى سىروكاشا (支谶) توخار ئىدى. مىلادىيە 3 ـ ئەسىردىن كېيىن جۇڭگودا كاڭ جۈي (巨康)، كاڭ مېڭشياڭ (康孟详) قاتارلىق سوغدى بۇددا تەرجىمانلىرى پەيدا بولغان. بەزى تارىخىي مەنبەلەردە ئاسوكا ۋاقتىدا خوتەن، كانىشكا ۋاقتىدا كۇسەن ئۇلارنىڭ تەسىر دائىرىسىدە بولغان دەپ قارالماقتا. بۇ ھەر ھالدا بۇددىزمنىڭ بۇ ئىككى گۈللەنگەن زامانىدا غەربىي يۇرتتىكى ئىككى بۇددا مەركىزىنىڭ ھىندىستان ۋە كوشان ئىمپېرىيىسىگە يېقىن مۇناسىۋەتتە تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاتاقلىق بۇددا تەتقىقاتچىسى لۋي جى ئەپەندى «ھىندىستان بۇددىزمىنىڭ ئېقىملىرى» ناملىق كىتابىدا، كانىشكانى جىنتيەن (خوتەن 真檀) لىك دېسە، ليۇ يىتاڭ ئەپەندى يۇقىرىدا ئىسمى دېيىلگەن كىتابىدا خوتەن شاھى ۋىجراياسىنانىڭ قىزى بۇددىزمنى قەشقەرگە تارقىتىشتا تۆھپە ياراتقانلىقىنى، ئوغلى ۋىجرايا كېيىن كانىشكا بىلەن بىللە ھىندىستانغا قوشۇن تارتقانلىقىنى تىلغا ئالغان.

سوغدىلار ئۈچۈن خاراكتېرلىك بولغىنى ئاتەشپەرەسلىك بىلەن مانىزمدىن ئىبارەت. ئاتەشپەرەسلىك مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 7 ـ ئەسىردە خارەزىم ـ سوغدىدا پەيدا بولدى دېگەن شەرق قارىشى بىلەن ئىراندا پەيدا بولغان دېگەن غەرب قارىشى مەۋجۇت. ليۇ يىتاڭ ئەپەندى زورو ئاستىرنى سىپاتامىن

ئۇرۇقىدىن ئىدى، دەيدۇ. ئۇنداقتا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنگە قارشى جەڭ قىلغان بۇ خەلق قەھرىمانى ھەم قەبىلە ـ خەلق نامى بولۇپ چىقىدۇ. روشەنكى، سىپاتامىن سوغدى ئىدى. «ئاۋىستا» ساسانىيلار سۇلالىسىنى قۇرغان ئەردەشىر زامانىدا قايتا توپلانغان. ئاتەشپەرەسلىك شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگوغا سوغدىلار تەرىپىدىن قىسمەن ھالەتتە تارقالغان. مانىزم خرىستىئان، بۇددا ئامىللىرى بىلەن ئۆزگەرتىلگەن دېگۈچىلەر بار. ئۇنى بابىلونلۇق مانى ئىجاد قىلغان. ئۇنى بەھرەمگور ئۆلتۈرۈپ، تېرىسىگە سامان تىقىپ، پادىشاھ شاپۇر نامىدىكى دەرۋازىغا ئېسىپ قويغان، كېيىنچە بۇ دەرۋازا «مانى دەرۋازىسى» دەپ ئاتالغان. مانى مۇخلىسلىرى شۇنىڭدىن كېيىن مەخپىي پائالىيەتكە ئۆتكەن. كۆپ قېتىملىق تراگېدىيىلىك قىسمەت ئۇلارنى قەيسەر مىسسىئونېرلار قىلىپ چېنىقتۇرغان. ئۇلار ئىلىم، رەسساملىق، مۇزىكا، ئۇسسۇل (رەقس) ۋە مەكتەپ، ئىبادەتخانا باشقۇرۇشىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغان.

ئىراندا تەقىپ قىلىنغان مانىزمچىلار زوروئاستىرىزم — ئاتەشپەرەسلىك ماكانى سوغدىدا ھامىيلىققا ئېرىشكەن. ئۇلار بۇددىستلار قىياپىتىدە مەيدانغا چىقىپ، ئۆز ئېتىقادىنى تەشۋىق قىلغان. مۇغتاغدىكى زەخمەدئاد رايونىدا ئىككى قەۋەت قىيا ئۇستىدىكى قەلئە — «دىۋاشتىچە قەلئە — ئەرش قەلئەسى» خوددى مۇزات دەرياسى بويىدىكى (شىنجاڭ كۇچا رايونى) قۇمتۇرا تاشكېمىرلىرىگە ئوخشاش، كارىدور ئارقىلىق خانىلار تۇتىشىدىغان قوغدىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىستىقامەت ئورنى ئىدى. بۇ يەردىن كۇلالچىلىق ۋە توقۇلما بۇيۇملىرى، كۈمۈش بۇيۇملار، چەۋەنداز ئوبرازىدىكى تام رەسىمىنىڭ تېپىلىشى بۇ تاش قەلئەنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرى ياسالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

مانىزم قەدىمكى قوچۇ شەھەر خارابىسى، بېزەكلىك تاشكېمىرلىرى، دۇنخۇاڭ مىڭئۆيلىرىدە ئۆز ئىزلىرىنى روشەن قالدۇرغان. قوچۇ شەھىرىدىن فون لېكوك كېسىپ ئېلىپ

كەتكەن، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا ئىككىنچى فرونت ئايروپىلانلىرى بومباردىمان قىلغاندا ۋەيران بولغان مانىنىڭ مۇخلىسلىرىغا سۆزلەۋاتقان كۆرۈنۈشى دۇنيادا يېگانە مانى ئوبرازى ئىدى. قوچۇ ــ دۇنخۇاڭدىن تامغا، يىپەك رەخت، كىتاب سەھىپىلىرىگە سىزىلغان مانىزم رەسىملىرى بىلەن سوغدى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان مانىزم دەستۇرلىرى تېپىلدى. قىزىقارلىقى شۇكى، بۇنداق مول مانىزم ھۆججەتلىرى ئىران ۋە ماۋرائۇننەھردىن بۇنداق كۆپلەپ تېپىلغان ئەمەس. تەتقىقاتچىلار كۇسەن، تۇرپان، دۇنخۇاڭ تاشكېمىرى ئىچىدە مانىزم غارلىرى بارلىقىنى ئېنىقلىغان. پەنجىكەنت تام رەسىملىرىدىكى ئۆلگەن مەلىكىگە ئاتاپ قولىقىنى كېسىپ، يۈزىنى تاتىلىتىپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ ماتەم بىلدۈرگەن كۆرۈنۈش دۇنخۇاڭ 1598 ـ كېمىردە ئۆز ۋارىيانتىنى تەكرارلىغان. تۇرپان بېزەكلىك يارلىقىنىڭ تېگىدىكى سايدا خۇددى ئەپراسىياپ خارابىسىدىكىدەك جەسەت سۆڭىكى قاچىلانغان ساپال ساندۇق تېپىلغان.

ئۇيغۇر ئورقۇن خانلىقى تېررىتورىيىسىدە مانىزم مۇخلىسلىرى خېلى ئىلگىرىلا مەۋجۇت ئىدى. مىلادىيە 763 ـ يىلى ئۆتلۈك ـ سۈيگۈن ـ تويلىقىنى تىنچىتىش ئۈچۈن تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن مويۇنچۇر قاغانىنىڭ ئوغلى بۆكۈتېكىن قوشۇن باشلاپ كېلىپ، غەلىبە بىلەن قايتىشتا تىسى قاتارلىق تۆت مانى ئۇستازىنى قارابالغاسۇنغا ئېلىپ كېتىپ، مانىزمنى ئورقۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ دۆلەت دىنىغا ئايلاندۇرغان. تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەكلىپى بىلەن چاڭئەن، لوياڭ قاتارلىق شەھەرلەردە مانى ئىبادەتخانىلىرى قۇرۇشقا يول قويغان.

ليۇ يىتاڭ ئەپەندى «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ئەسىرىدە مانى دىنى ماۋرائۇننەھردە سوغدى يېزىقىنى قوبۇل قىلىپ، ئىراندىكى ھالاكەتتىن كېيىن يەنە ھاياتقا

ئېرىشكەنلىكىنى تىلغا ئالدى. مانى — سوغدى يېزىقى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ شەرقتىكى گۈللىنىش مەنزىرىسىگە ئېرىشتى. يەرلىك بىرەر يېزىققا ئوخشىمايدىغان يېزىقنى قوللانغان نىستورىئان دىنىنىڭ ئەھۋالى باشقىچىرەك بولدى.

گەرچە جۇڭگوغا مىلادىيە 694 ـ يىلى تۇنجى مانى مىسسىئونېرى بولغان خۇرۇستادان ناملىق پارس كەلگەندىن باشلاپ مانىزم تەرغىباتى باشلانغان بولسىمۇ، ئۇيغۇر ئورقۇن خانلىقى مانىزمنى دۆلەت دىنى قىلغاندىن كېيىنكىدەك ئېتىبارغا ئېرىشمىگەنىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ مانىزمغا يول قويۇشى كەييۈەننىڭ ئاخىرقى يىللىرى (742) دىن خۇيچاڭنىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 843) غىچە ئۇردىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مانىزم قاتتىق چەكلەنگەنگە قەدەر بىر ئەسىر داۋام قىلدى. يالغۇز چاڭئەندىلا 72 ئايال مانى مۇخلىسى قازا قىلىندى. بۇ ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى مۇنقەرز بولۇپ، ئاھالە ھەر تەرەپكە پىتىراپ كېتىپ بولغان مەزگىلگە توغرا كەلدى. مانىزم گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى، ئىسلامىيەتكىچە بولغان قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت دىنى بولۇپ كۆپ ئەسىر داۋام قىلدى. قاراخانىيلار ھەتتا بۇخارادىكى سوغدى مانىستلىرىنى باستۇرغان سامانى مۇسۇلمان خانلىرىغا ئۆز بېسىملىرىنى توختاتمىسا، ئۆز زېمىنىدىكى مۇسۇلمانلارغا قاتتىق قوللۇق قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىلغانىدى.

## 7

سوغدىلار كوشان خانلىقى زامانىدا بىر مەزگىل قىسمەن بۇددىزمغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى بىز تىرمىزدىن، جۈملىدىن بىشپەكتىن تېپىلغان بۇددا ھەيكەللىرى بىلەن «Sarrastivada» سۇترىسىدىن بىلىمىز. ئەمما، غەربىي تۈرك يابغۇلۇقى ۋاقتىدا سوغدى زېمىنىدىن ئۆتكەن تاڭ سۇلالىسى راھىبى شۈەنزاڭ بىلەن

ئۇنىڭدىن بىر ئەسىر كېيىن سوغدىلارنىڭ زېمىنىدىن ئۆتكەن خۇيچياۋ بۇ يەردە بۇددىزمىنىڭ سۇسلىشىپ، ئاتەشپەرەسلىك ۋە مانىزمىنىڭ كۈچەيگەنلىكىنى ئۇچۇر قىلغانىدى.

غەربىي تۈرك يابغۇلىرىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى فېئوداللىق دەۋرىدە سوغدى زېمىنىدا سەنئەت خۇددى تارىم ۋادىسىدىكى تاشكېمىرلەردەك بۇددىزم شەكلىدە ئەمەس، رېئال تۇرمۇش ۋە مانىزم شەكلىدە راۋاجلاندى.

مىلادىيە 5 - ، 7 - ئەسىرلەردىكى پەنجىكەنت، ئەپراسىياپ، ۋاراهشاھ قاتارلىق ئاۋات سوغدى شەھەر خارابىلىرى ئۈستىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر بىزگە دەل مۇشۇ دەۋردىكى مارالبېشى توققۇزساراي، كۇسەن، شورچۇق، قوچۇ بۇددا تاشكېمىر سەنئىتى بىلەن گەرچە دىنىي مەزمۇن جەھەتتە بولمىسىمۇ، ئومۇمىي ئېتنولوگىيىلىك تۇرمۇش رېئاللىقى ۋە سەنئەت ئۇسلۇبى جەھەتتە بىر خىل ياندىشىلىقنىڭ ساقلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇلارنىڭ مۇھىملىرى: كۆركەملىك، گەجلەنگەن بىناكارلىق، بىنا تۈۋرۈكلىرى، قاپارتمىلىق ئادەم ۋە گۈل نەقىشلەر؛ شىر ۋە ئارسلان بىلەن ئاتقا مىنىپ جەڭ قىلىۋاتقان چەۋەنداز؛ ئۈستىگە پۇل، شىر ۋە قۇش سۈرىتى تامغىلىرى چۈشۈرۈلگەن تون كىيگەن ئۈچ ئەلچى؛ يىپەك يولىدا قاتناۋاتقان ئاتلىق - تۆگىلىك كارۋانلار؛ بوينىغا لېنتا چىگىلگەن سەركە؛ بەزمىگە ھازىرلانغان ئۇسسۇلچىلار بىلەن مەشئەل تۇتۇپ گۈلخان پىرقىراۋاتقان ئايال؛ قازا قىلغان مەلىكىگە ماتەم ھازىدارلىق بىلدۈرۈۋاتقان كۆرۈنۈش؛ ئىلەڭگۈچتە ئولتۇرغان ئۇششاق ئۆرۈمە چاچلىق قىز بىلەن بوۋاي؛ قول - پۇتىغا ۋە كىيىم لېنتىسىغا قوڭغۇراق ئاسقان زەنگۇلە ئۇسسۇلچىسى؛ يىلان باشلىق ئارپا (ۋىنا) چالغۇچىسى؛ قىلىچلىرىنى تامغا ئېسىپ، مەي جاملىرىنى تۇتۇپ مەشرەپتە ئولتۇرغان جەڭگىۋار ئەركەكلەر؛ ياغاچ تارغاق ئۈستىگە چېكىلگەن يېرىم يالىڭاچ ئايالنىڭ ئوبرازى؛ كاھىش جەسەت

ساندۇقىنىڭ سىرتىغا سىزىلغان مۇزىكا ـ ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈش قاتارلىق تەسۋىرىي سەنئەت يادىكارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ بىزگە سوغدىلارنىڭ ئەينى زاماندىكى قىياپىتى، كىيىنىشى، تۇرمۇش مەدەنىيىتى، چالغۇ ئەسۋابلىرى، فولكلور ئادەتلىرىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ، بىز بۇنىڭدىن سوغدىلارنىڭ ئۇيغۇر ئېتنىك تەركىبىگە كىرىپ كېلىشىدىن ئىلگىرىكى يىراق ئېتنىك مەنبەداشلىقى بىلەن ئەينى زاماندىكى ئۇرۇقداشلىقىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

## 8

سوغدىلارنىڭ تارىم ۋادىسى ۋە تەكلىماكان ئەتراپى بىلەن گەنسۇ ھەم سىبىرىيەگە قاچان كېلىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان ۋە ماكانلاشقانلىقى نامەلۇم. ئەمما، ئۇلار يىپەك يولىنى بويلاپ بۇددىزم، زوروئاستىرىزم ۋە مانىزم تەرغىباتى، سەنئەت ۋە سودا ـ تىجارەت پائالىيىتى بىلەن كۆكتۈرك خانلىقى قۇرۇلۇشتىن خېلى ئىلگىرىلا بۇ رايونلاردا ئۆز ئىزنالىرىنى قالدۇرغان. مىلادىيە 3 ـ ، 5 ـ ئەسىرلەردە خارابىلىشىشقا باشلىغان لوپنۇر ـ مىران ـ كىروران رايونلىرىدا تېرىلغۇ، سودا مەركەزلىرى ۋە ئاھالە رايونلىرى — «بېرچەك» لەر بولغانلىقى، ئۇلارنىڭ كوشان خانلىقى غۇلىغاندىن كېيىنلا بۇ يەرلەرگە تارقالغانلىقىنى دەلىللەيدۇ. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، دۇنيادىكى سۇسىز دەشت ـ چۆل «سەھرايى كەبىر»دەك مەشھۇر قۇملۇقلاردىن بىرى بولغان، تۆت ئەتراپى سۇ ئېقىنلىرى بىلەن قورشالغان ئالاھىدە تىپتىكى قۇملۇق «تەكلىماكان» نىڭ نامىمۇ، تەكلىك ئۈزۈم باغلىرى بەرپا قىلىپ، ئۈزۈم شىرنىسى ۋە ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەپ چىقىرىپ، ئۈزۈم تەسۋىرلەنگەن نەقىشلەر سىزىشقا ئادەتلەنگەن سوغدىلار تەرىپىدىن قويۇلغان بولۇشى ئېھتىمال. تەكلىماكان ئەتراپىدىكى خارابىلەر ۋە تەسۋىرىي بۇيۇملاردىن ئۈزۈم تالزارلىقى ۋە ئۈزۈم نەقىشلىرى كۆپلەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تېپىلغان.

تارىخىي مەنبەلەردە يېزىلىشىچە، 630 ـ يىللىرى سوغدى سەركەردىسى كاڭ ياندان (康艳典) بىر قىسىم قوشۇن ۋە ئاھالە بىلەن لوپنۇر ئەتراپىغا كېلىپ نۇزكەنت، ئۇزۇم (بور، تەك) كەنت، تاشبالىق قاتارلىق توققۇز شەھەر بىنا قىلغانلىقى، كېيىنچە تاشبالىق «دانقى شەھىرى» (典合城) دەپ ئاتالغانلىقى مەلۇم.

سوغدىلارنىڭ تارىم ـــ تەڭرىتاغ ـــ ئورقۇن بويىدىكى ئاھالە رايونلىرى غەربىي تۈرك يابغۇلۇقى مەيدانغا كەلگەن ۋاقىتتىن ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگۈچە بولغان تۆت ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە تارىخىي ئەۋجىگە يەتتى، دېيىش مۇمكىن. بۇ چاغدا پەرغانە ۋادىسىدىكى مىڭبۇلاق بىلەن تەڭرىتېغى ئېتىكىدىكى مۇزئارت ۋادىسىغا جايلاشقان چوڭ يۇلتۇز غەربىي تۈرك يابغۇ (خان) لىقىنىڭ ئىككى بارگاھى بولۇپ، يىپەك يولى قاتنىشىدا تۈرك ـ ۋىزانتىيە ھەمكارلىقى يولغا قويۇلغانىدى. جۇڭگودا شىمالىي سۇلالىلەر بارغانسېرى غەربكە يىپەك يولىغا يۈزلىنىپ، مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيىتىنى ھەر تەرەپلىمە قوبۇل قىلىشقا قىزىققانىدى. بۇ ۋاقىتلاردا سوغدىلار لوپنۇر ـــ مىران ـــ كروران رايونلىرىغا قارىغاندا قوچو ـــ قۇمۇل ئەتراپىغا، دۇنخۇاڭ ـــ گەنجۇ ئەتراپىغا كۆپلەپ توپلانىدى. سەمەرقەنتلىك سوغدىلار بىلەن قوچۇ (تۇرپانلىق) ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇ مەنبەلىرىدە ئوخشاش «كاڭ» (康) ئىېروگلىفىنى فامىلە قىلغانلىقى، سوغدى ۋە تۇرپان ۋادىسىدىكى «كارىز» قۇرۇلۇشىدىكى ئوخشاشلىق، ئەينى زامان تۇرپان تىلىدىكى «يابغۇ»، «نوم»، «نوغدار» (مانى گۇرۇپپىلىرى)، «كارىز»، «بورلۇق» (ئۈزۈملۈك)، «تەك»، «بۇرھان»، «ئورمۇز» قاتارلىق سوغدى ئىبارىلىرىنىڭ موللۇقى، قوچۇنىڭ تەڭرىتاغ ئېتىكىدىكى سوغدىلارنىڭ تەسىرىدە مىسلىسىز مانىزم ئوچىقىغا ئايلانغانلىقى، قۇمۇل (ئوغۇرغول)، باغداش ئەتراپىدىكى سوغدى

شەھەر ـ راباتلىرى، تونجى سوغدى يېزىقى ئاساسىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ تورپانىنى بازا قىلىپ مەيدانغا كەلگەنلىكى بىزدە تورپان ئاھالىلىرى تەركىبىدىكى سەمەرقەنت سوغدىلىرى ئامىلىلىرىنىڭ روشەن سالمىقى ھەققىدىكى تارىخىي تەسەۋۋۇرنى ئويغىتىدۇ.

## 9

ئەرەبلەرنىڭ ماۋرائۇننەھرگە بېسىپ كىرىشى، ئىسلامىيەتنىڭ مەجۇسى (ئاتەشپەرەسلىك)، مانى دىنلىرىنى مەنسۇق قىلىشى بىلەن ئورقۇن ۋادىسىدا ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ تىكلىنىشى پاراللېل زامان چەمبىرى ھاسىل قىلدى. بۇ ھال سوغدىلارنىڭ يەنە بىر كۆچۈش تارىخىي قاتلىمىنى شەكىللەندۇردى.

غەربىي تۈرك خانلىقى ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىلا ماۋرائۇننەھردىكى سوغدىلار بىلەن تارىم — تەكلىماكان — تەڭرىتاغ ئەتراپىدىكى ئاھالىلەر بىلەن بىر تەرەپتىن ئەسلى ـ ۋەسلىدىكى ساك ـ توخار مىللىيەتلىكى بويىچە، يەنە بۇنىڭ ئۈستىگە كوشان ـ ئېفتالىت ئىمپېرىيىلىرى پارچىلانغاندىن كېيىنكى بۇ جايلارغا قايتقان (مىلادىيەدىن ئىككى ئەسىر ئىلگىرىكى توخار ـ ساكلاردىن تارىخىي قاتلام پەرقى ھاسىل قىلغان) توخار ـ ساك ـ سوغدى ـ قاڭقىل قەبىلىلىرى قايتا قوشۇلۇپ، كۆكتۈرك خانلىقى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى كونترول قىلغان يىپەك يولى مۇھىتى بىلەن مىللىي مەدەنىيەت ئورتاق چەمبىرىكى مۇھىتىغا كىرىپ كەلدى.

تارىخىي مەنبەلەردە «توققۇز جاۋۇپ» ئىبارىسى بۇ مەنبەداش قەبىلىلەرنىڭ قايتا قوشۇلۇش جەريانىدا تۇرغانلىقىنى كۆرسەتسە، «توققۇز جاۋۇپ ئۇيغۇرلىرى» ئىبارىسى ئۇلارنىڭ كۆكتۈرك ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى ئاخىرلىشىپ، ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى زامانىدا ئۇيغۇرلارنى ئوق قىلىپ ئۇنىڭ ئېتنىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەركىبىگە قوشۇلۇش جەريانىغا كىرگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇ جەريان شەرقتىكى ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىن باشلىنىپ، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى، ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر خانلىقى، ئەڭ ئاخىرى قاراخانىيلار دەۋرىدە تۈگەللەندى.

سۇغدىلار، جۇملىدىن كوشان ئىمپېرىيىسى پارچىلانغاندىن كېيىنكى توخارلار خېلى ئۇزۇن مۇددەت ئامۇ ـ سۇرخان دەرياسى، بولۇپمۇ زەرەپشان ۋە قەشقەر دەرياسى ۋادىلىرىدا پارچە شەھەر بەگلىكلىرى سۈپىتىدە ياشاپ، «توققۇز جاۋۇپلار» دەپ ئاتالدى. ئۇلار ساۋ (كابودان)، شەرقىي ساۋ (سودىسانا، ئۆرەتىپە)، كاڭ (سەمەرقەنت)، سى (شەھرى سەبىز)، مى (مايمورگ)، شى (شاش، تاشكەنت)، قۇم (سۈيئاپنىڭ شەرقىي شىمالى، كېيىنكى بارسغان، قاراقۇم؟)، ئەن (بۇخارا)، خارەزىم (火寻)، ۋاراھشاھ (戊地 ۋىدى) قاتارلىقلار بولۇپ، مۇھىمى، كاڭ، ئەن، ساۋ، شى تۆت فامىلىلىكلەر ئىدى. بۇ ناملارنىڭ خەنزۇچە ئىپادىلىنىشى ئەسلىي يۇرتتىكى بىرەر ئاھاڭغا ماسلاشقان ياكى ۋەكالەت قىلىنغان. شۇڭا، خەنزۇ يېزىقى ئاساسىدا ئەسلىي «توققۇز جاۋۇپ» لارنى تەلەپپۇز قىلىشقا كۆچەيتمەسلىك لازىم.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، چاڭئەن ـ لوياڭ، لياڭجۇ شەھەرلىرىدىكى «توققۇز جاۋۇپ» لارنىڭ بەزىلىرى يېقىندىلا ماۋرائۇننەھردىن، غەربىي يۇرتتىن كەلگەن، بەزىلىرى ئىلگىرى كەلگەنلەرنىڭ قان ئارىلاشقان ئەۋلادلىرى ئىدى. تاڭ شۆەنزۇڭ ۋاقتىدىكى مەشھۇر سەركەردە ئۆڭلۈك لۇكچۇنلۇك سۇغدى ئىدى.

«توققۇز جاۋۇپ» لار كېيىنچە «توققۇز جاۋۇپ ئۇيغۇرلىرى» دەپ ئاتالدى. ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە «توققۇز جاۋۇپ» ئىبارىسى چۈشۈپ قالدى. بىز «لى ۋېنراۋ توپلىمى»دىكى «ئۇيغۇر شى جيەجىنىڭ قىلمىشلىرى» (ئۇيغۇر جيەجى شاشىنىڭ قىلمىشلىرى) دېگەن ھۆججەتتە «ئۇيغۇر شى جيەجى، شى فۇچىڭ توققۇز جاۋۇپ ئۇيغۇرلىرىدىندۇر» دېيىلگەن.

بىز تاڭ سۇلالىسى ئاخىرلىشىپ ئانچە ئۇزۇن بولمىغان زاماندا، ماۋرائۇننەھرگە ساياھەت قىلغان ئەرەب ئاپتورلىرىنىڭ «توققۇز جاۋوپ ئۇيغۇرلىرى» ئىبارىسىنى ئەمەس، بەلكى «توققۇز غوز»، «توققۇز ئوغۇز» ئىبارىسىنى ئۇيغۇرلارغا قاراتقانلىقىدىن ھېچقانداق تاسادىپيلىق ھېس قىلمايمىز. ليۇ يىتاڭ ئەپەندى ئۆز كىتابىنىڭ 553 ـ بېتىدە: «پارسلارمۇ سوغدىلارنى ئۇيغۇر تۈركلىرى دەيدۇ» دەپ يازغانلىقى ئاساسسىز ئەمەس.

ئەزەلدىن چەتتىن كەلگەن ھەر قانداق قۇدرەتلىك ئىستېلاچىلارغا قارشى ئېگىلمەي ـ سۇنماي قارشى شانلىق كۈرەش قىلغان، ئەپراسىياپ، تۇمارس، شىراق، سىپارتىدا، بەرزۇ جەڭگىۋارلىق داستانلىرىنى ياراتقان سوغدىلار نېمە ئۈچۈن ئىزچىل ساك ـ توخار ـ ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگە يۆلەندى ۋە ئۇيغۇرلارنى ئۆزەك قىلىپ، ئۆز قېرىنداشلىرى مىللىي تەركىبىگە سىڭىپ كەتتى؟ بۇ مۇھىم ۋە قىزىقارلىق تەتقىقات تېمىسى، ئەلۋەتتە.

## 10

غەربىي يۇرت بىناكارلىق، مۇزىكا، ئۇسسۇل، تىياتىر، سېركىلىك سەنئىتى غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسەتكەن. بىز «خوتەن نەغمىسى» بىلەن «ماھادۇر» كۈيىنى بۇ جەھەتتىكى دەسلەپكى ئەۋرىشكە دەپ تىلغا ئالىمىز.

شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە غەربىي يۇرتچە بۇددا تاشكېمىر بىنكارلىقى، ھەيكەلتىراشلىقى، رەسساملىقى، تەرجىمىشۇناسلىقى بىلەن مۇزىكا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى شىمالىي ۋېي، شىمالىي چى، شىمالىي جۇ سۇلالىلىرى تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىندى.

كۆكتۈرك قاغانى مۇغان قاغاننىڭ قىزى ئاسىنا مەلىكىنى سىيانپىي نەسەبىدىن بولغان جۇ پادشاھىغا ياتلىق قىلغاندا،

www.uyghurkitap.com

مۇغان قاغان ئىنىسى ئىستەمى باشقۇرغان غەربىي يۇرت ۋە غەربىي تۈرك يابغۇلۇقىدىن كۆپلەپ سەنئەتچىلەرنى ئالدۇرۇپ كەلدى. ئۇنىڭغىچە، شىمالىي چى پادىشاھى گاۋۋۇدى ھۇزۇرىدا ساۋ پولومىن، سياۋ مياۋدا، كاڭ كۇنلۇن (قۇتلۇق قاڭقىل) قاتارلىق سۇغدى مۇزىكانتلىرى بولىغانىدى. ئاسىنا كۇسەنلىك سۇجۇپ، بايچىتۇڭ، بايمىندا قاتارلىق مۇزىكا نەزەرىيىچىلىرى ۋە كۈي ئىجادچىلىرىنى چاڭئەنگە ئېلىپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ، سۈي سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە سۇلې (قەشقەر)، كۇسەن مۇزىكىلىرى بىلەن بۇخارا — سەمەرقەنت مۇزىكا - كۈيلىرىمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سەنئەت مۇنبىرىگە ھۆسن قوشتى. سۇغدىلارنىڭ «چەش ئۇسسۇلى»، ساۋ گاڭنىڭ بەرباب ماھارىتى، ئۈڭلۈكنىڭ ئەرەنچە ئۇسسۇلى ئەينى زامان سەنئەت گۈلزارىدا شۆھرەت قازانغانىدى. بىز كېيىنچە، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا مانىزم مۇزىكانتلىرىنىڭ ئىدىقۇت سەنئىتىگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقانلىقىنى كۆرىمىز. سەنئەت تارىخى بىزگە غەربىي يۇرت، ماۋرائۇننەھر، چۆللۈكنىڭ مۇزىكا - ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ خۇددى ئېتنىك تۇرمۇش مەدەنىيىتى ۋە فولكلور مەدەنىيىتىدەك بىر پۈتۈن مەدەنىيەت تۈركۈمى ۋە چەمبىرى ھاسىل قىلغانلىقىنى كۆرسەتتى.

## 11

سۇغدىلار غەربىي تۈرك يابغۇلۇقى زامانىدىلا سىياسىي ۋە دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرىگە جەلپ قىلىندى. ئۇلار يىپەك يولىدىكى چېۋەر مەدەنىيەتلىك خەلق، جاھانكەزدى ساياھەتچى ۋە سودىگەر، بىرقەدەر ئورتاق تىل ماھىرلىرى — تەرجىمانلار ئىدى.

مىلادىيە 568 - يىلى، ئىستېمى قاغان (ياۋروپالىقلار زابول خان دېيىشىدۇ) مانىئاخ (Maniakh) ئىسىملىك سۇغدىنى پېرسىيىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. ئۇ يىپەك يولى رىقابىتىدە

پارسلار بىلەن تۈركلەرنىڭ تەڭ مەنپەئەتدار بولۇشىنى توختام قىلىشنى مەقسەت قىلغانىدى. ئەمما، بۇ قېتىملىق سەپەر نەتىجە قازانمىغاچقا، مانىئاخ داۋاملىق يول يۈرۈپ ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى كونستانتىن II بىلەن كۆرۈشتى ۋە كونستانتىنپولدىكى بۇ ئىمپېراتورغا ئىستېمىنىڭ سىكتاي يېزىقىدىكى دۆلەت خېتىنى تاپشۇردى. بۇ ئېھتىمال سوغدى يېزىقىدىكى مەكتۇپ بولۇشى مۇمكىن. بۇ مىلادىيە 99 - يىلى كۇشان ئەلچىسىنىڭ رىمغا بېرىشىدىن كېيىنكى يەنە بىر مۇۋەپپەقىيەتلىك دىپلوماتىيە پائالىيىتى بولدى. نەتىجىدە، ساسانىيلارغا پايدىسىز تۈرك - ۋىزانتىيە ئىتتىپاقى تۈزۈلدى.

سوغدىلاردىن بولغان كاڭ دەيىبىن كۆكتۈرك يابغۇ - ساتراپى، ئەن مۇرۇڭ، خې خىنۇ ۋە شى شىنۇ قاتارلىق كىشىلەر مەشھۇر كۆكتۈرك سانغۇنلىرى ئىدى.

سوغدىلار شىمالىي سۇلالىلەر، سۇي - تاڭ ئوردىلىرىغىمۇ خىزمەت قىلغان. شىمالىي ۋېي پادىشاھى تەيزۇ (386 — 404) ئەن نوبەنتۇ ناملىق بۇخارالىق سوغدىنى ئۆزىگە ۋاكالىتەن كۆكتۈرك خانلىقىغا ئەۋەتكەن. شىمالىي چى پادىشاھى گاۋۋۇدى لىيۇ شىچىڭ ئىسىملىك سوغدىنى «بۇددىھاۋانا سۇترىسى»نى تۈركچە تەرجىمە قىلدۇرۇپ كۆكتۈرك قاغانىغا سوۋغا قىلغان.

سۇي سۇلالىسى ئاخىرلىشىۋاتقان، بوھرانغا چۆككەن، تاڭ سۇلالىسى تېخى تىكلەنمىگەن، ئەمما ھاكىمىيەت ئالمىشىشنى سىلىق ئىشقا ئاشۇرۇش نىيىتىدە بولۇۋاتقان چاغدا، كاڭ شاۋلى (康鞘利) ئىسىملىك سوغدى سۇي سۇلالىسى ئوردىسىغا ۋەكالىتەن تەيۋەنگە بېرىپ بولغۇسى پادىشاھ تاڭ گاۋزۇڭ — لى يۈەن بىلەن سۆھبەتلەشكەن.

مىلادىيە 625 - يىلى تاڭ تەيزۇڭ لى شىمىن كۆكتۈرك ئېلىخانى (颉利可汗) ئەۋەتكەن ئەلچى بىلەن مەخپىي سۆھبەتلەشكەندە، بۇخارالىق ئەن يۈەنشۇ (安元寿) ئىسىملىك سوغدى يالغۇز تەرجىمانلىق قىلغان. مىلادىيە 630 - يىلى تاڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەيزۇڭ ئەن شۈرېن (安修仁) ئىسىملىك سۇغدىنى كۆكتۈرك خانلىقىغا ئورۇنباسار ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن.

يىپەك يولى سىياسىي مۇناسىۋەتلەر تارىخىدا سۇغدىلاردىن جاسۇسلار، جاسۇسلۇققا قارشى ئىش يۈرگۈزگۈچىلەر، ھەرقايسى ھاكىمىيەتكە سادىق ياكى ئىسيان كۆتۈرگەن سەركەردىلەر بولغان. مىلادىيە 721 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ سۇغدى سانغۇنى كاڭ دەيبىن (康待宾) ئىسيان كۆتۈرۈپ، بىر يىلدىن كېيىن باستۇرۇلدى. بۇ چاغدا «ئالتە غوز ئايمىقى» (六湖州، ئېھتىمال «ئالتە سۇ» ئايمىقى) بازا قىلىنىپ، 70 ~ 80 مىڭ سۇغدى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. بۇلاردىن 20 مىڭى قىرىپ تاشلاندى. ئاردىن 35 يىل ئۆتۈپ، يەنى مىلادىيە 756 ـ يىلى ئۆڭلۈك قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى.

بىلگە قاغان زامانىدا ئاشىېدلاردىن چىققان دانىشمەن ۋەزىر تونيۇقۇق ئاشىېد (؟ — 711) سۇغدىلارنىڭ زېمىنىغا — سۇغدىياناغا بارغانىدى.

## 12

ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى، بولۇپمۇ مانىزمنى دۆلەت دىنى قىلىشى سۇغدىلارنىڭ پائالىيەتچانلىقىغا ئىلھام بولدى. ئېيتىش كېرەككى، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىلا دۇنخۇاڭ، گۇزاڭ (لياڭجۇ)، تەيىۋەن تەرەپلەردە سۇغدى ئاھالە رايونلىرى — سۇغدى بېرچەكلىرى خېلىلا كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغانىدى، ھەتتا دۇنخۇاڭدا ساۋ جەمەتى (كابۇدانە) تۈركۈمى كۆچىيىپ، لياڭجۇ شەھىرىگە كۆپلەپ كىرىپ ئورۇنلىشىپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى بىلەن بۇ شەھەرنى تالاشقانىدى. شىمالىي ۋېي پادىشاھلىقى (445 — 534) لياڭجۇدىكى سۇغدىلارنى تۇيۇقسىز تۇتقۇن قىلغاندا، دۇنخۇاڭدىكى سۇغدىلارنىڭ ئاقساقىلى ئۆزرىخاھلىق بىلدۈرۈپ، تۇتقۇنلارنى كەچۈرۈم

قىلدۇرغانىدى.

كۆكتۈرك خانلىقى دەۋرىدە چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى سوغدىلارنى تۇڭگا تېكىن باشقۇرغانىدى، بۇ چاغدا بايقال كۆلىنىڭ شىمالىدىكى ئەنقار ۋادىلىرىدىمۇ سوغدىلار ماكان تۇتقان. ئۇلار يەنە دۇنخۇاڭدىن باشقا، شىڭجۇ (泾州)، يوجو (幽州)، يىڭجۇ (营州)، ئەندىڭ (安定)، لياۋزو (辽左) دىمۇ نۇرغۇن سوغدىلار بولغان.

630 ـ يىلى كۆكتۈرك خانلىقى هالاك بولغاندا 80 ـ مىڭ سوغدى تاڭ سۇلالىسى زېمىنىغا كۆچكەن. ئۇلار ئاساسەن «ئالتە غۇز ئايمىقى» غا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

سوغدىلارغا ئائىت مەلۇمات هەتتا «تۇنيۇقۇق»، «مويۇنچۇر»، «بىلگە قاغان» مەڭگۈ تاشلىرىغا چېكىلگەن. «تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»دا: «سوغداق بودۇن قاپ كېلتى» دېگەن ئىبارە؛ «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى» دا: «سوغداق تابغاچقا سېلىنگادا باي بالىق بەردىم»؛ قوشۇسايدامدىكى «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دا: «سەككىز يىگىرمە ياشىمدا ئالتە سوب سوغداققا تاپا سۇلەدىم» (لەشكەر تارتتىم) دەپ يېزىلغان. بۇ دۇنخۇاڭدىن تاكى سېلىنگا ۋادىسىغا 100 مىڭدىن ئارتۇق ئولتۇراق سوغدىلارنىڭ بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

دۇنخۇاڭدا مىلادىيە 10 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىلا ساۋ جەمەتى پادىشاھلىقى قۇرۇلۇپ، بىر ئەسىرگە يېقىن بىرقانچە ئەۋلاد سەلتەنەت سۈردى. ئۇلار:

ساۋ رېنگۇي (曹仁贵 914 — 920)

ساۋ يىجىن (曹议金 920 — 935)

ساۋ يۈەندې (曹元德 935 — 940)

ساۋ يۈەنشېن (曹元深 940 — 945)

ساۋ يۈەنجۇڭ (曹元忠 945 — 974)

ساۋ يەنگۇڭ (曹延恭 974 — 978)

ساۋ يەنلۇ (曹延禄 978 — 1002)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

ئېيتىش كېرەككى، يەنە ساۋ شيەنشۈن (曹贤顺) دېگەن سۇغدى خانىنىڭ بولغانلىقى، ساۋ فامىلىسى مىلادىيە 1023 ـ يىلىدىن كېيىنلا «ساجۇ (قۇمئاتا) ئۇيغۇرلىرى» دېگەن ئىبارە بىلەن ئالماشقانلىقى مەلۇم. «كونا بەش دەۋر تارىخى»، «يېڭى بەش دەۋر تارىخى»، «ئۇيغۇر تەڭرى قاغانغا يوللانغان مەكتۇپ»، «ساۋ يىجىننىڭ ئۇيغۇر ۋەزىرلىرىگە يوللىغان مەكتۇپى» بىلەن ساۋ يۈەنجۇڭ زامانىدا دۇنخۇاڭغا قېزىلغان، مەخسۇس ساۋ ــ ئۇيغۇر ــ خوتەن خانلىرى قۇدا ـ باجىلىق، دوستانىلىك مۇناسىۋىتىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ياسالغان (61 ـ نومۇرلۇق) تاشكېمىر ىدىكى رەسىم ۋە بېغىشلىمىلارغا قارىغاندا، ساۋ يىجىن گەنجۇ ئۇيغۇر شۇنخۇا خاقان (928 ــ 933) بىلەن ئاتا ـ بالا دېيىشىپ، قىز (جۇملىدىن ئاچا ـ سىڭىل) بېرىشكەن، تۇغۇلغان پەرزەنتلەر خانلىق سەلتەنىتىنى سۈرۈشكەن. خوتەن خانى تەڭرىدىن خان بولمىش (天册皇帝) نىڭ ئۈچىنچى قىزى ساۋ يىجىن خانغا، ساۋ يىجىننىڭ قىزى خوتەن خانىغا خانىكە بولغان. ساۋيىجىن ۋە ساۋ يۈەنجۇڭنىڭ خانىكىلىرىنىڭ بىرى گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىن، بىرى خوتەن خانلىقىدىن كەلگەن مەلىكىلەر ئىدى.

دۇنخۇاڭ مانى سۇغدى هاكىمىيىتى تىنچ ـ ئىناق ۋە خەلقئارا سودا سىياسىتى يۈرگۈزۈپ زور دەرىجىدە بېيىغان، كېيىن ئۆزلۈكىدىن «ساجۇ (قۇمئاتا) ئۇيغۇرلىرى» دەپ ئاتالغان. مىلادىيە 1127 ـ يىلى «ئالتۇن خانلىق تارىخى» دا: «ساجۇ ئۇيغۇر خۇلاسان قاغان» (沙州回鹘话刺散可汗، قۇمئاتا ئۇيغۇر خورسان قاغان؟ خوراسان قاغان؟) دېگەن نام ئۇچرايدۇ. بۇ مىلادىيە 1073 ـ يىلى تاڭغىت خانلىقى دۇنخۇاڭنى ئىگىلىگەندىن كېيىنمۇ بۇ يەردە ئۇيغۇر ۋە ئۇيغۇرلاشقان سۇغدىلارنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، بىزنىڭ دىققىتىمىزنى دۇنخۇاڭدىكى سۇلې ــ «سۇۋلاغ»، شەھىرى سەبىز بىلەن بۇخارا ئارىسىدىكى قەشقەر دەرياسى،

شىنجاڭدىكى قەشقەر («تۈركىي تىللار دىۋانى»دا: «سۇلاغ») دىن ئىبارەت ئۈچ نامنىڭ بىر خىل ئاتىلىشى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. تاڭ سۇلالىسى زامانىسىدا شۆھرەت قازانغان قەشقەرلىك تىلشۇناس فى خۇيلان قەشقەرنىڭ نامىنى «كاشى كالى» (迦师佶黎) دەپ يازغانىدى. ماۋرائۇننەھردىكى «قارشى» (ئوردا، قەسىر) شەھىرىمۇ قەشقەر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىغا جايلاشقانىدى. زەرەپشان دەريالىرىنىڭ بىرى يەكەنگە (يەكەن دەرياسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، بىرى ماۋرائۇننەھرگە جايلاشقانلىقىمۇ تاسادىپىي بولمىسا كېرەك. بۇ بىزگە سۇغدىلار بىلەن غەربىي يۇرت ۋە دۇنخۇاڭ، گەنجۇ، ئورقۇن ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى ئېتنىك ۋە تارىخىي يېقىنلىقنى ئۇقتۇرىدۇ.

## 13

سۇغدىلار يىپەك يولىدىكى ئەنئەنىۋى خەلقئارا سودىدا ئومۇم ئېتىراپقا ئېرىشكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ يېقىن ياردەمچىلىرى ئىدى. ئۇيغۇر - توخار - سۇغدى سودىگەرلىرى باشقا بوستانلىق سودا - تىجارەتچىلىرىدەك ئۆز ماكانىدا دۇكان - ساراي ئېچىپ سودا قىلىشتىن ھالقىغان ھالدا يۇرت كېزىپ، شەرقتىن غەربكە، شىمالدىن جەنۇبقا قاتناپ يىپەك يولىنى ھەقىقىي راۋان ۋە گۈللەنگەن ھاياتىي مەنزىرىگە ئىگە قىلدى. ئەگەر يىپەك يولى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى ئىسكەندەر - دارا - خەن ۋۇدى - ئاسوكا قاتارلىق ئىمپېراتورلارنىڭ نامى بىلەن ئېچىلغان دېيىلسە، ئۇلار قاچان يىپەك يولىدا ئۇيغۇر - سۇغدى كارۋانلىرىدەك دوستانە، دائىمىي، ئۇزۇن يوللۇق ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ ئارقاق ۋە ئۆرۈشىگە يىپ تارتىپ، ئۈستىگە گۈل چېكەلىگەن؟ ۋىزانتىيىدىن خەن - تاڭ سۇلالىلىرىگىچە يىپەك يولى كارۋان سودىسىدا داڭق چىقارغان قايسى «سارتپاۋ» (كارۋان ئاقساقىلى) نامىنى كۆرستىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇمكىن؟ ! يىپەك يولى شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، غەربىي تۈرك يابغۇلۇقى دەۋرىدە، ھەر قايسى ئۇيغۇر خانلىقلىرى دەۋرىدە ھەقىقىي، ھەممە تەرەپلىمە كېڭەيدى ۋە گۈللەندى. ئۇيغۇر ـ سوغدى كارۋانلىرى بايقالنىڭ شىمالىدىن چاڭجياڭنىڭ جەنۇبى ۋە دالى پادىشاھلىقىغىچە، قىپچاق دالاسىدىن ھىندىستانغىچە، قاشقاپقىدىن رىمغىچە قاتناپ يول ـ ئۆتەڭ، بازار ـ رابات، پوچتا ـ پۇل مۇئامىلىسى، ھەتتا قاراقچىغا قارشى قوغدىنىش تەشكىللىرىگىچە ئىجادىيەت خاراكتېرلىك تۆھپىكارلىق قوشقانلىقىنى ئىنكار قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار تىببىي داۋالاش، كىتاب تەرجىمىچىلىكى، سەنئەتكارلىق، تېخنولوگىيە تارقىتىش قاتارلىق تۆھپىكار ساھەلەرنىمۇ مۇشۇ كارۋانكەشلىك باش مېلودىيىسى بىلەن بىرلەشتۇرۇپ ئېلىپ باردى. قېنى، ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، قايسى سالنامە بۇ جەھەتتە ئۇيغۇر ـ سوغدى كارۋانلىرىدىن غالىب كەلگەن، بۇ غالىبلىقنى ئەسىرلەر قوينىدا ساقلىغان ئىككىنچى ئېتنىك تۈركۈمنى يانداشتۇرۇشقا پاكىت ئاتا قىلالايدۇ؟

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك پادىشاھلىرى ھەربىي قۇدرەتكە لازىملىق ئات ئېھتىياجى ئۈچۈن رىم ـ ۋىزانتىيە ئىمپېراتورلىرى ھەشەمەتلىك تۇرمۇشقا كېرەكلىك تاۋار ـ كىمخابلار ئۈچۈن بۇ سودىغا قىزىققاندا، ئۇيغۇرلار بۇ ئىككى تەقەززانى كارۋان سودىسىنى رىغبەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلدى.

يەنە شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، ئۇيغۇر ـ سوغدى سودىگەرلىرى ئوتتۇرا دېڭىز، مېسوپوتامىيە، ماۋرائۇننەھر، غەربىي يۇرتتا ئورتاق ئىناۋەتلىك پۇل ۋە چەك يولغا قويۇلغان؛ ياڭگوەن قوۋۇقى ئىچىدە بولسا مالغا مال (مەسىلەن، ئاتقا تاۋار ـ دۇردۇن) تېگىشىدىغان سودا شەكلى يولغا قويۇلغان ئىككى خىل خەلقئارا سودا مۇھىتىدا كارۋان سودىسىنى ئاقساتمىدى، مال ۋە پۇل نىسبەت قىممىتىنى ماھىرلىق بىلەن ئىگىلىدى.

يەنە شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، ئۇيغۇر - سوغدى سودىگەرلىرى نوقۇل مال ئالماشتۇرغۇچىلارلا بولماستىن، يەنە تەرەققىي تاپقان دېھقانچىلىق، كەڭ كۆلەمدىكى چارۋىچىلىقى، ھۈنەر - سازلىق ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىغا ئىگە ئىدى. ئۇيغۇرلاردىكى يىپەكچىلىك، زەركىمخاب ئىشلەش، يۇڭ ۋە كەندىر توقۇمىچىلىقى، بۇلغارى - ئەلتېرە - مىخمالچىلىقى، زەرگەر كاسىپچىلىقى، شېشىچىلىك، قاش ۋە بەدەخشان ياقۇتچىلىقى، ئىپار - ئەنبەر ۋە دورىپۇرۇشلۇق، پاختا توقۇمىچىلىقى، گىلەمچىلىك، ھەربىي ئەسلىھە ھازىرلاش، قەغەزچىلىك، مەي - ھاراق ئىشلەش جەھەتتىكى ئۇستۇنلۇك ئۇيغۇر - سوغدى كارۋان سودىسىغا كەڭ بازار ۋە خېرىدار تاپاتتى. ئۇيغۇر - سوغدى سودىگەرلىرى سودا ئەخلاقىدا ئىناۋەت ۋە ئىشەنچ قازانغانىدى.

ئۇيغۇر - سوغدى سودىگەرلىرى تەشكىللىك پائالىيەت قىلدى. ئۇلار «سارتپاۋ (Srtpau — 萨宝) دەپ، خەلق تىلىدا «سارتاۋاق» دەپ ئاتىلىدىغان كارۋان ئاقساقلىنىڭ تىجارەت ياكى كارۋان باشقۇرۇشىدا ئىش ئېلىپ بېرىشاتتى. ياقا يۇرتلاردا باشقا خەلقلەرنىڭ رېئال ياكى تارىخىي مەنپەئىتىگە چاڭ سالىدىغان، ئۇلارنىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتىنى بۇلغايدىغان نامەردلىك، ئاچ كۆزلۈك، بېزەڭلىك ۋە پەسكەشلىكلەرنى ئەمەس، ئەكسىچە مېھماندوستلۇق، ساخاۋەتكويلۇق، كېسەل داۋالاش، ئىنساپ - قانائەت، تۇرمۇش مەدەنىيىتى ۋە پاكىزلىكتە ئۈلگە بولۇش قاتارلىقلارنى كارۋان ئاقساقاللىرى قاتتىق تىزگىنلىگەچكە، ئۇلارغا نەپرەتلىنىدىغان شاماللار كۆتۈرۈلمەيتتى.

چاڭئەن - لوياڭلاردىكى قەبرە تاشلىرى ئىچىدە «تەرساماھا»، «چۇكابىدۇ» دېگەندەك سارتپاۋ — كارۋان ئاقساقاللىرىنىڭ بۇ يەرگە كۆمۈلگەنلىكى يېزىلغان. تەييۈەندىكى كاڭ ۋۇتۇڭ (康武通) قەبرە تېشىغا قارىغاندا، ئۇ ھەم كارۋان بېشى، ھەم بۇ يەردىكى

مانىزم چىقىملىرىنى تەمىنلەيدىغان ئىقتىسادىي ھامىي بولغان.
«تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» دە سوغدىلارنىڭ ئۆز باللىرىنىڭ ئاغزىغا ھەم ئالىقانلىرىغا كىچىكىدە ھەسەل سۈركەپ، سودىدا شېرىن ـ سۆخەن بولسۇن، ئالدى ـ ساتتىدا قولىغا پۇل چاپلىشىپ قالسۇن دەيدىغان ئىرىمى بارلىقى، بالا 20 ياشقا كىرگەندە، ئۇلارنى كارۋانغا قوشۇپ يىراق سەپەرلىك سودىنى ئۆگىتىدىغان ئادەت بارلىقى يېزىلغان. بۇ ئۇيغۇرلارغىمۇ ئوخشاش ئادەت ئىدى.
ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلىپ، كۆپلىگەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى چۆللۈكنى تاشلاپ غەربىي يۇرتقا يۆتكەلگەندىن كېيىن، قوملۇقنىڭ شىمالىدا ھاكىمىيەت، ھەتتا قۇدرەتلىك ئىمپېرىيە قۇرغان ھېچقانداق خەلق ئىلگىرىكى ياكى غەربىي يۇرت ئۇيغۇر خانلىقلىرى دەۋرىدىكىدەك گۈللەنگەن يىپەك يولى مەنزىرىسىنى بەرپا قىلالمىدى. قىرغىز، نايمان، موڭغۇللار دەشتى قىپچاق، خارەزىم، ھەتتا رۇس زېمىنلىرىنى كۆچلۈك قوشۇن بىلەن پەتھ قىلغان زامانلاردىمۇ تارىختا خەلقئارا سودا ـ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ساھەبلىرى ئوبرازىنى تىكلىگەن ئەمەس. بۇ ھەممە خەلق تارىخچىلىرى ئىنكار قىلالمايدىغان تارىخىي چىنلىقتۇر. ھازىرقى كۈندىمۇ نەچچە ئەسىر ئۇخلىغان «ئەسھابۇلكەھف»دەك يىپەك يولى ئالاقىلىرى پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەن، ھېچبىر ئۇيغۇر ئەۋلادى خەلقئارا سودا بىلەن شۇغۇللانمىغان 500 ــ 600 يىلدىن كېيىن يىپەك يولى قايتا ئېچىلغاندا، ئۇيغۇرلاردىكى بىر قاتار خەلقئارا سودا ـ تىجارەت ئەۋزەللىكى ۋە ماھىرلىقى خۇددى تومۇردا ساقلانغان ئېتنىك ئىرسىي ئىقتىداردەك ئۆزىنى قايتا نامايان قىلماقتا.
ئۇيغۇر ـ سوغدىلارنىڭ ئىران سودىگەرلىرىدىن ئۈستۈنلۈك قازانغان، يىراق مۇساپە، ھەرخىل خەلقلەر ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان سودا ماھارىتى قەدىمكى سىمىلىيان ـ سىكتاي

(ساك) «ئات مەدەنىيىتى»، جاھانكەزدىلىكى، شەھەر ـ قەلئە ـ ھۆنەر ـ سەنئەت مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ۋارىسلىقى ئاساسىدا راۋاجلاندى. ئۆنىڭسىز قەدىمكى ئاسسۇرىيە پادىشاھى سارمانا سارنىڭ تامغىسىدىكى تىبەت كالا ـ قوتازى، تەكلىماكان قوش ئۆركەشلىك تۆگىسى ئوبرازى بىلەن ھازىرقى زاماندا ئوتتۇرا دېڭىزغىچە ئىستېخىيىلىك ھالدا تارقالغان ياش ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ پائالىيەتچانلىقىنى ئىزاھلاش قىيىن، مەلۇم مەنىدە ئۇ مەخسۇس خەلقئارا ئىقتىساد بىلىم دەرگاھلىرىدا يېتىلدۇرگىلى بولمايدىغان ئېتنىك رىقابەت ئەۋزەللىكى بولۇپ، تەربىيە ئارقىلىق مۆجىزىدار ئۇنۇمگە ئېرىشتۇرۇش مۇمكىنلىكى روشەندۇر.

## 14

سۇغدىلار ئىشلەتكەن سۇغدى يېزىقى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىغا ئاساس سالغانىدى.

مەلۇمكى، يېزىق بىر خىل مەنە ئىپادىلىگۈچى سىمانتىك ئىقتىدارغا ئىگە بەلگە — تامغىدىن ئىبارەت. ئەڭ ئىپتىدائىي ئادەمنىڭ قول ئىشارىتى، توتېملىق نۇسخىلىرى، توقناق ـ تۈگۈن ۋە سىزىقلىرىدا تولۇقسىز بولسىمۇ سىمانتىك ئالامەتلەر ساقلانغانلىقىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ.

ئارخېئولوگىيە ۋە قىيا تاش چەكمىلىرى تەتقىقاتى ئارى ـ ساك، دىغار ـ دىڭلىڭ، خۇجىيە ـ خۇر ئەجدادلىرىدا بۇنداق ئىپادىلەش ۋە خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى بولغان. بىز كىشىلىك تارىخىدا سومېرلارنىڭ لاي تاختىلارغا يازغان يېزىقىنىڭ مىلادىيەدىن 3000 يىل ئىلگىرىلا بىخلىنغانلىقىنى بىلىمىز. مەركىزىي ئاسىيادىن مىسوپوتامىيىگە كۆچكەن سومېرلار بىلەن باشقا ئارى ـ ساكلار ئارىسىنى يېزىق جەھەتتە 4000 — 5000 يىل ئايرىۋېتىش قىيىن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىزگە هازىر ئېنىق بولغىنى «ئورقۇن يېزىقى» بولۇپ، بۇ يېزىق سىكاندونوۋىيىدىن تېپىلغان قەدىمكى گېرمان ــ رونىك يېزىقىغا ئوخشاپ كەتكەچكە، يەنە «ئورقۇن ــ رونىك يېزىقى» دېيىلمەكتە. ف. ئېنگېلسنىڭ «دەسلەپكى خرىستىئانلار» ناملىق ئەسىرىدە، نېمىسلارنىڭ يىراق ئۆتمۈشتە مەركىزىي ئاسىيادىن يۆتكەلگەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. ئىگور ــ فىنلاردىمۇ شۇنداق يۆتكىلىش هادىسىسى بولغانلىقى روشەن. «ئورقۇن ــ رونىك يېزىقى» تۇرپان، يېنسەي، تالاس ــ سىر دەريالىرى ۋادىلىرىدىمۇ تېپىلغاچقا، ئۇنى نوقۇل «ئورقۇن» بىلەن چەكلەش بىر تەرەپلىمىلىك بولاتتى. بۇ يېزىقتىكى بىر قاتار ئالامەتلەر قىيا تامغىلىرى ۋە بۇيۇم نۇسخا ــ نەقىشلىرىدە كۆرۈلگەن.

«سۇغدى يېزىقى» ــ قەدىمكى سۇمېرلار يېزىقى سىستېمىسىدىكى يېزىق بولۇپ، يېزىق تەدرىجىي تەرەققىياتى بويىچە قەدىمكى فىنىك يېزىقى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى سام ــ ئارامى يېزىقى، ئۇنىڭ پارسلار ئۆزگەرتكەن پەهلىۋى يېزىقى ئاساسىدا، تەخمىنەن ئېفتالىتلار دەۋرىدە بۇ يېزىق ئىجاد قىلىنغان. ئۇنىڭغىچە غەربىي يۇرت ۋە كۇشانىيىدە قارۇشتى يېزىقى قوللىنىلغان بولۇپ، لوپ ــ مىران ــ كرورانى سۇغدىلىرىمۇ قارۇشتى يېزىقى ئىشلەتكەنىدى. بۇ يېزىق ئىۋۇلىيۇتسىيىسى بىزگە ئۇيغۇرلار ئىزچىل يوسۇندا سۇمېر ــ ئارامى يېزىق سىستېمىسى ئىچىدىن هالقىغان هالدا يېزىق ئالماشتۇرغان ياكى ئىسلاھ قىلغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

سۇغدى يېزىقىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى يېپەك يولى ئالاقىلىرىنىڭ ئومۇمىي تەقەززاسى ئىدى. دۇنيادا بىرىنچى بولۇپ ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا مىخ مەتبەئە هەرپلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى مىللەت ۋە دۆلەتتىن هالقىغان يېپەك يولى مەدەنىيەت باغلىنىشىنىڭ تەقەززاسى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئايرىم سۇغدى

يېزىقى دەۋرى ئاخىرلىشىپ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى سودا، ۋەسىقە، دىن، سەنئەت، تۇرمۇش، ئىلىم - پەن، ھاكىمىيەت ۋە دىپلوماتىيە يېزىقى سۈپىتىدە «ئالتۇن يارۇق» تىن «قۇتادغۇبىلىك» گىچە، ئەنسارى، سۈيىنچ قىيا قاتارلىق «دارىلئۇلۇم» ئەزالىرىدىن ئەلفەرغانى، ئەلفارابى قاتارلىق قاھىرە ۋە دەمەشىق ئىلىم مۇنبەرلىرىنى لەرزىگە سالغان ئالىملارغىچە، دۇنخۇاڭ - ئىدىقۇت قوليازمىلىرى، بۇددا - مانى قائىدە - نىزاملىرىدىن «چىڭگىزخان جاساق»لىرىغىچە يىپەك يولى يېزىقىغا ئايلاندى. چىڭگىزخان چەۋەندازلىرىنىڭ ئايىغى يەتكەن زېمىندا ئۇيغۇر ئالىم - باخشىلىرىنىڭ قەغەز - قەلەملىرى ئۆزلۈكسىز ئۈزۈلمىگەنلىكى، بۇ يېزىقنىڭ خەلقئارا ئىناۋىتى ئۈچۈن دەلىل ئىدى. مۇشۇ يېزىق بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇيغۇر - تۈركىي تىلى ئەرەب ئىمپېرىيە تىلى بىلەن «بىر بەيگىدىكى ئىككى ئات» مەنزىرىسىنى ئالدى. ئۇيغۇر ئالىمى تاتاتۇڭا، مودا بىلو نايمان تايانخانغا ۋە چىڭگىزخانغا بۇ يېزىقنى ئۆگەتتى. موڭغۇل يېزىقى، كېيىنچە مانجۇ يېزىقى ئۇلار چىڭگىز ئىمپېرىيىسى ۋە چىڭ ئىمپېرىيىسى سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە چىققاندا، ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغانىدى.

سۇغدى تىل - لېكسىكىسى ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىبىگە ئىلگىرىدىن يېقىن ئىدى ۋە داۋاملىق سىڭىپ تۇردى. تىل فوندىنىڭ بېيىشى بىلەن سۇغدى خەلق ئەدەبىياتى ۋە ھېكايەت - رىۋايەتلىرى ئۇيغۇر بەدىئىي تەپەككۇر خەزىنىسىنى بېيىتتى. ليۇ يىتاڭ ئەپەندى ئۆز كىتابىنىڭ 554 - بېتىدە: «ئۇيغۇر تىلى بىلەن سۇغدى تىلى ئېگىچە - سىڭىل تىللار» دەپ يازدى. ئۇ ئېتىراپ قىلىنىشى لازىم ھەقىقەتتۇر. شۇنىڭدەك، بۇ «چاغاتاي تىلى» دەك ئەرەب - پارس تىل ئامىللىرى تەسىرىدىن تۈپتىن پەرقلىق بولغان ساك - تۇران تىل ئامىللىرىنىڭ تەسىر قىلىش ۋە جۇغلىنىشى مەسىلىسىدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 15

ئەرەب ـ ئىسلام ئارمىيىسىنىڭ ساسانىيلارنى ھالاك قىلىپ، سوغدىلارنىڭ زېمىنىغا كىرىشى ئىسكەندەر يۈرۈشلىرىدىن 1000 يىل كېيىن بولغان ناھايىتى كاتتا دەھشەت پەيدا قىلدى. ئەرەبلەر ئىسكەندەرنىڭ مېتروپولىيە (ھاكىملىق) نىڭ ھوقۇقىنى باشقىدىن ئالماشتۇرۇشنى شەرت قىلدى.

گاۋ شەنزى ئەرەبلەردىن يېڭىلىپ، تاڭ سۇلالىسى ئوردىسى تەرىپىدىن قەتلى قىلىندى. كۆلتېكىن باشلىغان كۆكتۈركلەر ئەرەب ئىستېلاسىغا قارشى جەڭگە ئاتلانغان بولسىمۇ، مۇھىمى تۈركەش، قارلۇق، ياغما، ئارغۇلار، جۇملىدىن سوغدىلار ئالدىنقى سەپتە مۇداپىئە جەڭلىرىنى داۋاملاشتۇردى. ئەرەبلەر ھەتتا «ياغما» لارنى ئاسماندىن بالا ياغقاندەك باستۇرۇپ كېلىدىغان «تالان ـ تاراج قىلغۇچىلار» دەپ تەسۋىرلەشكە مەجبۇر بولدى. بۇ ئىسكەندەرنىڭ ئۇيغۇرلارنى «ئالدىغىمۇ ـ ئارقىغىمۇ بىردەك ئوق ئاتىدىغان (خۇد ـ خۇر) لار» دەپ تەرىپلىگىنىدىن كېيىنكى يەنە بىر تەئەججۇبات ئىدى. ۋەھالەنكى، ئاۋرېل ستەين مىراندىن تاپقان ئۈچ بەتلىك تېكىستتە «ياغمىش تۇتۇق» ناملىق ئۇنۋاندىكى بەگ نامى بار ئىدى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» (3 ـ كىتاب) دا تىرازدا «ياغما» ناملىق يۇرت بارلىقى، ۋاڭ يەندېنىڭ «قوچۇغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىلىرى» دە قوچۇدا ياغمىلار ياشىغانلىقى، «قۇتادغۇبىلىك» تە ياغما كۈچلۈك قەبىلە ئىكەنلىكى، «ھۇدۇدۇل ئالەم» دە قاراخانىيلارنىڭ پادىشاھلىرىنىڭ ياغمالاردىن ئىكەنلىكى ئېنىق تىلغا ئېلىنغان.

ئەرەب قوشۇنلىرى خۇراساندىكى قارا تۇغلۇق تۈرك قوشۇنلىرىنىڭ سەركەردىسى ئەبۇ مۇسلىم ھەمكارلىقىدىلا ماۋرائۇننەھرگە قەدەم باسالىدى. بۇ جەڭدە مانى ۋە زوروئاستىرىزمغا ئېتىقاد قىلغۇچى نەچچە مىڭ يىللىق يەرلىك بۇخارا ـ سەمەرقەنت ـ شەھرىسەبىز، پەنجىكەنت سوغدىلىرى

يەتتىسۇ ـ تالاس ـ چۇ ۋە قەشقەر ۋادىلىرىغا كۆپلەپ يۆتكەلدى.
ئەرەبلەرنىڭ خۇراساندىكى نائىپى تاجىك سامانى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئەسئەت سامانى ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى — نوھ، يەھيا، ئىلياس، ئەھمەت سامانى سۇغدى — پەرغانە، تاشكەنتكە نائىپلىق قىلىپ، بۇخارا ئەتراپىغا «كەمپىردىۋار»، سەمەرقەنت ئەتراپىغا «دىۋارى قىيامەت» سېپىللىرى بىلەن سۇ يوللىرىنى قوغدايدىغان «تەۋاۋس» ناملىق ئىستىھكام قۇردى. نەتىجىدە ئىسمائىل سامانى زامانىغا كەلگەندە زەرەپشان — قەشقەر سۇرخان دەريا ۋادىسىدا سۇغدى ساكلىرى (تۇرانلىرى)نىڭ ئورنىغا تاجىك نەسەبلىك سامانىيلارنىڭ ھۆكۈمرانلار قاتلىمى مەيدانغا كەلدى. سەمەرقەنت ـ بۇخارادا ئەرەب ـ سامانىيلارغا قارشى بىرقانچە قېتىم قوزغىلاڭلار بولدى. ئىسمائىل سامانىي (874 — 907) زامانىدا بالاساغۇن، ئىسپىجاب (سايرام)، ئوترار، تىراز، قىدىركەنت (يەسسە) ئالدىنقى سەپ قىلىنغان قاراخانىيلار خانلىقى مەيدانغا كەلدى. تۈرك قوشۇنلىرىغا تايىنىش پۈتۈن ئاباسىيلار خەلىپىلىكى ئۈچۈن ئومۇملاشقاندەك، ئىسمائىل سامانىيمۇ فايىققا ئوخشىغان مۇسۇلمانلاشقان تۈرك سەردارلىرىغا يۆلەنگەنىدى.

ماۋرائۇننەھرىنىڭ تولۇق ئىسلاملىشىشى يەرلىك سۇغدى، «توققۇز جاۋۇپ» توققۇز غۇزلىرىنىڭ بالاساغۇن، بارسغان، قەشقەر، ئاتۇشقا كۆچۈشىگە سەۋەبچى بولدى. شۇنداق قىلىپ، خۇددى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىي «شاھنامە» دە سەمەرقەنت ـ خوتەن (ماچىن) شەھەرلىرىنى ئەپراسىياپ»، «تۇران شەھەرلىرى» دەپ ئاتىغاندەك، قاراخانىيلارمۇ ئۆز سەلتەنىتىنى «ئىد دەۋلەتى ئەپراسىياپ» دەپمۇ ئاتاشتى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» تە ئالىپ ئەرتۇڭاخان — ئەپراسىياپ بىر كىشى دەپ كۆرسىتىلىدۇ. قاراخانىيلارنىڭ سۇلتان ساتۇق بۇغراخاندىن باشلانغان سامانىيلارغا قاراتقان ھەربىي يۈرۈشلىرى «قولدىن كەتكەن زېمىننى قايتۇرۇۋېلىش»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شېئىرى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلدى. خۇددى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا قەيت قىلىنغاندەك، سوغدىلار ياغما ۋە باشقا ئۇيغۇر خەلقىگە سىڭىپ ئاخىرلاشقاندى. جۇڭگو يىلنامىلىرىدە سوغدى ئىبارىسى غايىب بولغاندەك، تاجىك (تاجى) ئېتنونىمى پەيدا بولدى. ۋەھالەنكى، توخار ئىبارىسى مىلادىيە 4 ـ، 5 ـ ئەسىرلەردە شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدە پەيدا بولۇپ، «توققۇز ئۇيغۇر جاۋۇپلىرى» ئىبارىسى بىلەن ئىستېمالدىن قېلىشقا باشلىغانىدى.

قاراخانىيلارنىڭ پۈتۈن كۆسەندىن كوپېت تاغلىرىغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئىككى ئەسىردىن ئارتۇق دەۋرى، مەلۇم مەنىدە، ئۇيغۇرلار تەركىبىدىكى سوغدىلارنىڭ ئارىدا بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن قەدىمكى ماكانلىرىغا قايتقان دەۋرى بولدى. بۇ دەۋر چىڭگىزخان ــ چاغاتاي، تۆمۈرىيلەر دەۋرىدىمۇ ئىزچىللاشتى.

## 16

سوغدىلار ماۋرائۇننەھر، يەتتىسۇ ـ يېنسەي، غەربىي يۇرت، دۇنخۇاڭ ـ ئالتىسۇ، ئورقۇن ـ سېلىنگا ۋادىلىرىدا ئىزچىل يوسۇندا ئۇيغۇرلار بىلەن قوشۇلۇپ ياشىدى، نىكاھلىق مۇناسىۋىتى ئۈزۈلمىدى.

ئۇيغۇر ئورقۇن خانلىقى تەبىئىي ۋە تاشقى بوھران ئامىللىرىدىن باشقا، مۇھىمى ياغلىقار ۋە ئادىئېز قەبىلىلىرى ئارىسىدىكى ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرىشى ۋە قىرغىز قوشۇنلىرىنىڭ باستۇرۇپ كىرىپ قارابالغاسۇنغا ئوت قويۇشى بىلەن مۇنقەرزلىككە پاتتى.

تارىخ شۇنداق ھېكايەت ياراتتىكى، ئۇيغۇر ـ ياغلىقار قەبىلىلىرى بىلەن ئادىئېز ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقچىلىرى ئارازلىشىپ ئورقۇن ـ سېلىنگا بويىدىن بۆلۈنۈپ كۆچۈشتى. شەرقىي ۋە جەنۇبىي تەرەپكە باشباناھسىز كۆچكەن ۋە ئۆز

ماكاندا يۆتكىلەلمەي قالغانلىرىنى ھېسابلىمىغاندا، ياغلىقار تۈركۈمى گەنجۇ - دۇنخۇاڭ تەرەپكە، ئادىئىزلار باشلىغان تۈركۈمى بەشبالىق (قوچۇ) — كۇسەن، قەشقەر — بالاساغۇن تەرەپكە يۆتكەلدى. بۇ ئەسلىي ماكاندىكى ھاكىمىيەت مەركەزلىرىنىڭ ۋە ئاھالە تۈركۈملىرىنىڭ يۆتكىلىشى بولۇپ، تېخىمۇ كەڭ مەنىدە، ئورقۇن - سېلىنگا ۋادىسىمۇ يەنە بىر قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلق — قىرغىزلار قولىغا ئۆتكەندى. بۇ يۆتكىلىشتە، بىرىنچىدىن، ئۇيغۇر - سوغدى ئايرىلمىدى، ئايرىم سوغدى قەبىلىلىرىمۇ كۆچتى دېگەن تارىخىي ئۇچۇر بولمىدى، سوغدىلار ئۇيغۇرلار تەركىبىدىكى ئەۋلاد سۈپىتىدە كۆچتى. ئىككىنچىدىن، قەدىمكى ئانا ماكان دۇنخۇاڭ - ئىدىقۇت، كۇسەن - قەشقەر — سىر دەرياسى بويلىرىغا كۆچتى. بۇ سوغدىلار ئۇچۇنمۇ ئانا ماكان ۋە روزغار يۇرت ئىدى. ئۈچىنچىدىن، ئۇيغۇرلار — ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ھاكىمىيەت شەكلىدە تەشكىل تاپقان ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى توققۇز - ئون ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تەركىبىدە ئىسمى يېزىلمىغان ئادىئىز، توخار، سوغدى، ساك خەلقلىرى بىلەن ئىلگىرىكى ئەجدادداشلىقتىن تاشقىرى يېڭى ئەۋلادداشلىق تەركىبى تەشكىل قىلدى. تۆتىنچىدىن، ئۇيغۇر خەلقى قايتىدىن گەنجۇدىن تاشكەنت، پەرغانە، كەشمىر، بالقاش دىيارىغىچە بىر پۈتۈن يىپەك يولى شەھەر - بوستانلىقلار تىزمىسىنى ھاسىل قىلدى. بەشىنچىدىن، ئورقۇن - سېلىنگا ۋادىسى مەدەنىيەتتە چۈشكۈنلەشتى. غەربىي يۇرت خەلقئارا سىنكرېتىك مەدەنىيەتنىڭ ئۇيغۇر تىپىدىكى مۆجىزىدار ئۇچىقىغا ئايلاندى. بۇ مەلۇم مەنىدە، ئۇيغۇرلار ئۇچۇن يىراق ئەجدادىدىن بۇيانقى ئانا دىياردا گۈللىنىش ۋە يىپەك يولى ئالاقىلىرىنى گۈللەندۈرۈش ئورقۇن - سېلىنگا پاجىئەسىدىن كېيىنكى تارىخىي ئامەت بولدى. ياغلىقار - ئادىئىز زىددىيىتى بىلەن بۇددا - ئىسلام، مانى - ئىسلام زىددىيىتى تۈپەيلىدىن قوجۇ - گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قاراخانىيلارنىڭ بىر پۈتۈن سىياسىي گەۋدىسىگە ئايلىنالمىدى. بۇ ھەتتا ئۇيغۇر كۈچلىرىنى خوراتتى. ئەكس ھالدا تارىخ ئىمكان بەرگىنىدە ئىدى. سەددىچىنىدىن كوپېت ـ ھىندىقۇش تاغلىرىغىچە ھون، كۆكتۈرك، كوشان خانلىقلىرىدىن كاتتا ۋە مەرىپەتلىك، شەرق ـ غەرب مەدەنىيىتىدە ئىنسانپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر تارىخىي گەۋدە رېئاللاشقان بولاتتى. سۈڭ، تاڭغىت خانلىقلىرى، كېيىنچە موڭغۇل، قىتان ھاكىمىيىتى بۇ مۇمكىنچىلىكنى كەسلەپ تاشلىدى. ئەمما، تارىخنىڭ تۈپ ئېقىمى بولغان مەدەنىيەت تارىخىدا ئۇيغۇرلار ئۆچمەس ئىز قالدۇردى. بۇ ھەقتە گ. ۋېر پادىسكى: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردە مەركىزىي ئاسىيادىكى رولى سىياسىي جەھەتتىلا ئەمەس، مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىمۇ دائىم كۆرۈنەرلىك بولدى. جۇڭگودىن كاسپىي دېڭىزىغىچە بولغان سودا لىنىيىسىنى كونترول قىلىشتا، ئۇيغۇرلار جۇڭگو بىلەن ھىندى ـ ئىران مەدەنىيىتىدە بىۋاستە رول ئوينىدى.»* دېسە؛ خانداتورو، پەقەت ئۇيغۇرلارلا غەربىي يۇرتتا ھەقىقىي بىرلىككە كەلگەن مەدەنىيەت ياراتتى، دەپ يازغاندى. ئالىملار، ئەينى زاماندا قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە تۇرمۇشىنى شۇ چاغدىكى ياۋروپا ئاقسۆڭەكلىرىدىن ئۈستۈن بولغان، دەپ قارىماقتا. دەرۋەقە، نەقىشلىق ـ گەجلەنگەن بىناكارلىق، شېرىن مېۋە ـ چېۋە، مەززىلىك خىلمۇخىل تاماق مەئىشىتى، كىيىم ـ كېچەك سەنئىتى، تىل ـ تەرجىمە، قەغەز ـ مەتبەئەچىلىك، تېبابەت، مائارىپ ـ مەكتەپ، قاتناش ۋاسىتىلىرى، غۇرۇر ـ ئىپتىخار جەھەتلەردە ئۇيغۇرلار ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغاندى.

## 17

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنوگېنېزىسى (مىللىي مەنبە، مىللىي تىپ) توغرۇلۇق توختالغاندا، مۇنداق ئىككى تۈرلۈك بىر تەرەپلىمىلىك

خاھىشى ساقلانماقتا. ئۇنىڭ بىرى، نوقۇل شەرقىي ۋە شىمالىي تەركىب — دىڭلىڭ - تۇرا قەبىلىلىرىنى ئىتىراپ قىلىپ، غەربىي قەبىلىلەرنى ئىتىراپ قىلماسلىق؛ ئۇنىڭ يەنە بىرى، نوقۇل خەن - سۇي يىللىرىدىكى مەنبەلەرنى ئىتىراپ قىلىپ، ئارخېئولوگىيە، ئانتروپولوگىيىلىك مەنبەلەر بىلەن خەن - سۇي نامىلىرىدىكى مەنبەلەردىن باشقا مەنبەلەرنى، بولۇپمۇ يەرلىك ۋە چەت ئەللىك مەنبەلەرنى ئىتىراپ قىلماسلىق. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى ۋە ئۇيغۇرلارغا ئەجداد بولغان بىر قاتار خەلقلەرنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىش، قارشى قويۇش، ھەتتا بىر خەلقنى بىرقانچە خىل نام ياكى يېزىلىشى تۇپەيلىدىن بىر - بىرىدىن باشقا خەلق قىلىپ قويۇش يۈقىرىدىكى قاراشلار تەسىرىدە مەيدانغا چىققان.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، مەركىزىي ئاسىيادىكى ئاق ۋە سېرىق جىنسلىق خەلقلەرنىڭ ئاق جىنسى ئارىئان تىپىدىكى، سېرىق تىپى — ئەڭ قەدىمكى ھىندىئان ئەجدادلىرىدىن توڭغۇس (شەرقىي غوز) موڭغۇللارغىچە، يەنى ھازىرقى زامان ئىبارىسىدىكى «موڭغۇلوئىد» دېيىلگەن تىپنى ھاسىل قىلغان. مۇشۇ قەدىمكى بىرلەمچى خەلقلەرنىڭ ئارىئان تىپى - سۇمېر - سىمىليان - سكىتاي (سكىف، ساك، ماسساغىت) نامىدا مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3000 — 1000 يىللار ئارىسىدا ھىندىستان، ئىران، كىچىك ئاسىيا، قىرىم، رۇس دالاسى ئارىسىدا ئۆزلىرىنىڭ يىراق تارىخ شەجەرىسىنى ياراتقان. بۇ خەلقلەر يېنسەينىڭ شەرقى، چىلىيەنشەن - ئوردۇس - چوغاي بويلىرىغا تارقىلىپ ياشاش جەريانىدا، «موڭغۇلوئىد» لار بىلەن ئاق تەنلىكلەر ئۇستۇنلۇكى ئاساسىدا قورۇلۇپ «دى - زەي»، «گۇيفاڭ» تۈركلىرىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ كۆپرەك «موڭغۇلوئىد» لار تەسىرىدە ھون قەبىلىلىرىنى ھاسىل قىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇنداق قىلىپ، مەركىزىي ئاسىيادا ئىككىلەمچى ئاق جىنسلىق خەلق — تۇران (تۈركىي) ئىنسان تۈركۈملىرى مەيدانغا چىقتى. بىرمۇنچە تارىخچىلار بىر تەرەپلىمىلىك ھالدا مەركىزىي ئاسىيا ئاق جىنسىنىڭ بىرىنچى قاتلىمى «بىرلەمچى تۈركۈمى» نى قانداقتۇر «ھىندى - ياۋروپا»، «شەرقىي ئىران» تىپى دەپ ئاتاپ، ئۇلارنى مەركىزىي ئاسىيا تارىخىي دائىرىسى ۋە قاتلىمىدىن ئىرغىتىپ تاشلىدى. ئۇلار مەركىزىي ئاسىيا ئاق جىنسىنىڭ ئىككىنچى قاتلىمى (ئىككىلەمچى تۈركۈمى)بولغان تۇران خەلقلىرىنى يىراق يىلتىزىدىن ئايرىۋەتتى. ئۇلار پۈتۈن سۆڭەك، قان، تۇرمۇش مەدەنىيىتى، ماددىي مەدەنىيەت ۋە فولكلور مەدەنىيىتىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، نوقۇل كېيىنكى زامانىدا يارىتىلغان يازما مەنبەلەرنى بىردىنبىر پاكىت قىلىشقاندى.

بۇنىڭدىن باشقا، بىر خىل قان سىستېمىسىدىكى خەلقنىڭ يۆتكىلىشى، يۆتكىلىپ ياشاپ قايتىپ كۆچۈپ كېلىش تۈپەيلىدىن باشقىچە ياكى باشقىچىرەك تىل - تەلەپپۇزدا سۆزلىشى بىلەن، ئىككى خىل قان سىستېمىسىدىكى ياكى ئىككىنچى خىل قان تەركىبى كۆرۈنەرلىك ئۈستۈن بولغان خەلقلەرنىڭ بىر خىل تىل گۇرۇپپىسىدا سۆزلىششى مۇمكىنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشتى. ئۇيغۇر - توخار - ساك - سۇغدىلار بىلەن تۈركلەشكەن موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بۇنىڭغا مىسال قىلىش مۇمكىن.

ئۇلار يەنە ئېتنونىم بىلەن ئېتنوگېنىزنى قارىمۇقارشى قىلىپ ئايرىۋېتىپ قارىدى. مىسال ئۈچۈن ساكلارنى ئالساق، مۇنداق ئىككى ھادىسىنى كۆرىمىز: بىرىنچىدىن، ساكلار مەيلى دىنىي ياكى تارىخىي، ياكى داستان - رىۋايەت كىتابلىرىدا «تۇر»لار دەپ، ساك زېمىنى كەڭ مەنىدە «تۇران» دەپ ئاتالغان. ئەپراسىياپ ساك سۇپىتى بىلەن تۇران شاھى ۋە ئىران شاھلىرى بىلەن مىللىي زىددىيەتنى گەۋدىلەندۈرگۈچى ئىدى. مەيلى «ئاۋستا» دا،

مەيلى «نوھ ـ ياپەس ـ تۈر» ئەپسانىسىدە، مەيلى كېيىنكى ئەسىرلەردە ئەپراسىياپ «ئۇرقۇن ـ سېلىنگا»غا كەلمىگەن. ئىككىنچىدىن، ساكلارنىڭ باش قەبىلىسى (ھېچبولمىغاندا شەرقىي ساكلارنىڭ باش قەبىلىسى» ئاسىنا ئۇرۇقى بولۇپ، ئاسىنا باشچىلىقىدىكى ساكلار بىلەن ئىشخىد موڭغۇللۇئىدلىرىنىڭ بايقال ـ يېنىسەي ـ تەڭرىتاغ بويىدىكى تەدرىجىي ئارىلىشىش بىلەن ئاسىنا ئۇرۇقى باشچىلىقىدىكى ئىككىلەمچى ئىنسان تۈركۈمى ــ ئاسىيا تۈركلىرى شەكىللەنگەن. ئۇلار ئىلگىرىكى «تۈران تۈركلىرى» ئىبارىسىدىكى «تۈر»، «تۈرك» ئىبارىسىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ قوللانغان. بۇ ھېچقاچان ئۇلارنىڭ، بولۇپمۇ ئاسىنالارنىڭ ساك ئەمەسلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. كەڭ مەنىدە، تۈرك خانلىقى ھون ئىمپېرىيىسىدىن كېيىن تارىخ سەھنىسىگە چىقىسىمۇ، تۈر، تۈرك مىللەت تۈركۈملىرى ھون ئىمپېرىيىسىدىن ئىلگىرى شەكىللەنگەن. ھونلار موڭغۇلوئىد ئالامەتلىرى روشەن تۈركلەر ئىدى، خالاس.

شۇنىسى دىققەتكە سازاۋەركى، غەربىي دىڭلىڭلار سىر دەريا ــ سەمەرقەنتنىڭ شىمالىي رايونلىرىدا ياشايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، خەن دەۋرىدە تۇرپان رايونىدا ياشىغان «ئوغۇز» (乌护) قەبىلىلىرى غەربىي تۈرك خانلىقى دەۋرىدە سىر دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىغا كۆپلەپ كۆچكەن بولۇپ، تۇرپان ۋە سىر ۋادىسى ئۇلارغا تونۇش ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرۇلۇق بىرقانچە خىل قاراش بولۇپ، بۇ بىرقانچە خىل مېتودىك ئۇسۇل ۋە نۇقتىئىنەزەرنى ئۆز قىلغان.

ئۇنىڭ بىرى، دىڭلىڭغىچە بولغان ئارىلىقتىكى (قاتلامدىكى) كېلىپ چىقىش (گۇيفاڭ، دى ـ زەي، خۇجيې)؛ دىڭلىڭدىن كېيىن ئۇرقۇن ـ ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇپ، يىمىرىلگۈچە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كېلىپ چىققىنى (توققۇز ئۇيغۇر، ئون ئۇيغۇر)؛ مىلادىيە 840 ـ يىلىدىن كېيىنكى شەكىللىنىش دېگەن قاراش. بۇ قاراش قاتلاملىق، ھەربىر قاتلىمى قاتماللىقتىن خالىي بولمىسىمۇ، نوقۇل خەنزۇچە مەنبەلەردە يېزىلغان شەرقىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى ئاساس قىلغاچقا، مىلادىيە 840 ـ يىلىدىن كېيىن قايتا قوشۇلغان، ئەمما ئەڭ دەسلەپكى مەنبەدە بولغان، ئىزچىل (مەسىلەن، سوغدى، توخارلاردەك) ئېتنىك تەركىب ئالاقىسى ئۈزۈلمىگەن تەركىبلەرنى كېيىنكى تەركىب قىلىپ قويىدۇ. ئۇلار كۆچمەن ـ جاھانكەزدى مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنى مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ چوڭ يۈتكەلمەيدىغان خەلقلەر ئۆلچىمىدە تەھلىل قىلىپ، ئىزاھلىماقچى بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، «بىر مىللەتتە بىرلا مەنبە بولىدۇ، بىر ئادەمدە بىرلا ئاتا بولىدۇ» دېگەن «مونوگېنىزم» قارىشى. بۇنى شەخسكە قاراتقان بىلەن مىللەتكە قاراتقىلى بولمايدۇ. بۇ قاراش ئۇيغۇرلار دېڭىزدىن كېلىپ چىققان، كېيىن «خۇيخې» — ئۇيغۇر دەپ ئاتالغان؛ ئۇلار مىلادىيە 840 ـ يىلىدىن كېيىن شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەن؛ ئۇنىڭدىن ئىلگىرى شىنجاڭدا ئۇيغۇر ئەمەس، توخار ـ ساك قاتارلىق «شەرقىي ئىران» تىپى، «ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسى»دىكى مىللەتلەر ياشىغان؛ 840 ـ يىلىدىن كېيىن بۇ خەلقلەرنى ئۇيغۇرلار ئاسسىمىلياتسىيە قىلغان، دېگەن قاراش. ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى ھەربىر يۇرتنى بىر مىللەت، ھەربىر يېزىقنى يېزىق شەكلىگە قاراپ بىر مىللەت دەپ ئىزاھلاپ، تارىم ۋادىسىنى ناھايىتى نۇرغۇن مىللەتلەر رايونى ئوبرازىدا تەسۋىرلىشىدۇ. ئۇلار ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ شەرقتىن جەنۇبقا، غەربكە يۆتكىلىشىنى كۆرۈپ، غەربتىن شىمالغا، غەربتىن شەرققە يۆتكىلىشىنى نەزەردىن ساقىت قىلىدۇ.

بىز پەقەت گۇيفاڭ ـ توخار، شىمالىي دىغار ـ دىڭلىڭ

(تېگرىك)، خۇجىيې ـ ئوغۇز، ساك ـ تۈرك ئېتنىك قاتلاملىرى بويىچە ئىزدەنگىنىمىزدىلا ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ مىللىي مەنبەسىنى يورۇتالايمىز. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق ئەجدادلار چەمبىرىدىكى مۇمكىنلىكىنى، ئانتروپولوگىيىلىك سۆڭەك ـ قان بىردەكلىكىنىلا ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي تارىخىي ئۆتمۈش بويىچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك گېنېئالوگىيىلىك سىرىنى ئېچىپ بېرەلەيدۇ. ئۇ «شەرقىي ئىران» تىپىنى «ئىراننىڭ شەرقى » مەنىسىدە ئەمەس، بەلكى «ئىرانلىقلارنىڭ شەرقىي قىسمى» دەپ، باشقىچە ئېيتقاندا تومارىس، ئەپراسىياپ تۇرانلىرىنى ئۇلار بىلەن ئەسىرلەپ جەڭ قىلغان كەيخىسراۋ، كىر، دارالارنىڭ بىر قىسمى دەپ قارايدىغان غەلىتىلىككە چەك قويۇپ، «پامىر تىپى» ئىبارىسىنى ئىشلەتتى. بۇ قەدىمكى نەقىش — رۇستەم قىيا ئابىدىسى ۋە ھېرىدۇتنىڭ كىتابىدىكى ساكلارنىڭ تۈركۈملىرىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئەينى زاماندا جىددىي رەقىبلىكتە ياشىغان بۇ ئىككى خەلقنىڭ بىرىنى ئىككىنچىسىنىڭ شەرقىي قىسمى دېيىش ئادالەتسىزلىك بولغاندىن تاشقىرى، تارىخنىڭ ئۆتمۈشىنى ئۇنتۇشتۇر.

## 18

ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلىپ، ياغلىقار قەبىلىلىرى گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى بەرپا قىلدى، كېيىنچە ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىدىن ئايرىلدى، يەنە كېيىنچە «سېرىق ئۇيغۇر» دېگەن نام بىلەن ھازىرغىچە ياشاپ كەلدى. ئادىئېزلار باشلىغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ياغما، قارلۇق، سۇغدى، توخار، ساك، چىگىل، گېت، بەرمەن، ئورۇنغۇ قاتارلىق خەلقلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندى. بۇ خەلقلەر ئومۇمىي ئۇيغۇر گەۋدىسىنىڭ ئىدىقۇت ـ كۇسەن ۋە شەرقىي غەربىي قاراخانىيلارنىڭ ئاساسىي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

گەۋدىسى ئىدى.

ئېيتىش كېرەككى، مىلادىيە 663 ـ يىلى ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى تەشكىل تاپقاندا ئادىئېزلار تېخى توققۇز ـ ئون ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقىغا كىرمىگەنىدى. ئۇلار مىلادىيە 745 ـ يىلى بۇ ئىتتىپاققا كىرگەن، ئەقىللىق ـ چېۋەرلىكىدىن ۋەزىر، دانىشمەنلەر چىقىدىغان ئىككىنچى قەبىلە ــ قارلۇقلاردىن بولغان ئاچۇ قاغان ئۆلۈپ، ئورنىغا ئوغلى بولمىغاچقا ئادىئېز ۋەزىر قۇتلۇق قاغان بولغان. سەل كەم بىر ئەسىر ئادىئېزلار قانلىق سەلتەنىتىنى سۈردى. مىلادىيە 839 ـ يىلى ياغلىقار تۆرىلىرىدىن قورابىر تۈرك شاتى بىلەن ئادىئېزلارغا قارشى ئۆكتە قوپقاندا، ئادىئېز باشچىلىرىدىن كۆلۈگ بېلگە قىرغىزلارنىڭ قوماندانى سايان توسۇن قوشۇنلىرىنى باشلاپ كېلىپ قارابالغاسۇنغا ئوت قويۇپ، خانلىقنى ھالاك قىلدى. گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا ياغلىقارلار ئاساس بولۇپ قالغاندىن باشقا، ئىدىقۇت ـ قاراخانىيلاردا ياغلىقار قەبىلىلىرىنىڭ تەسىرى ئاز بولدى. بەزى ئالىملار بۇددا خوتەن شاھىنى ــ ياغلىقار قالقالۇنى ئىلگىرىكى ياغلىقارلاردىن دەپ قارايدۇ. گەنجۇ ـ قوچۇ ـ خوتەن بۇددىستلىرىنىڭ ئىسلامىيەتتىن قوغدىنىش ئىتتىپاقى بۇ قاراشنى كۈچەيتىدۇ. بۇ بىزگە ھازىرقى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېتنىك گەۋدىسىدە نوقۇل بايقال دېڭىزلىرى ئەمەس، غەربىي دېڭىزلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە ئىدىقۇت ـ كۈسەن، قاراخانىيلار ئۇيغۇر ئېتنىك تەركىبىگە كىرگەن بايقال ـ يەتتىسۇ ـ پامىر ـ تارىم ـ تەڭرىتاغ تۇرانلىرىنى دىققەت مەركىزىدە تۇتۇش لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. سۇغدىلار ئۇنىڭ بىر قىسمىدۇر.

ئېيتىش كېرەككى، دېڭىزلارنىڭ غەربىي قانىتى ئورقۇن بويىغا يېتىپ بارغاندەك، ياغما، قارالۇقلارمۇ ئورقۇن ـ سېلىنگا، تۇرپان ۋە قەشقەر ـ بالاساغۇن ۋادىسىدا بىر زاماندا بىرقانچە ماكاندا ياشىغانىدى.

ماۋرائۇننەھر ۋە خۇراسان، خارەزىم، پەرغانە، خۇراسان ئۇيغۇر تۈركلىرى قاراخانىيلار، خارەزىم خانلىقى، غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقى زامانىدا سالجۇقى ۋە خۇراسان تۈركلىرى ئارىسىدا ئاساسلىق گەۋدە ئىدى. كېيىنچە ئۇنىڭ تەسىرى خارەزىم ۋە خۇراسانغا كېڭەيدى. قىتان ۋە چىڭگىزخان ئىستېلاسى ئاقىۋەتتە بۇ دىيارغا «موڭغۇلۇئىد» تەسىرى كۈچلۈك مەركىت ۋە قىپچاق قاتارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەردىن باشقا، تۈرك مۇسۇلمانلاشقان قىتان ـ موڭغۇللارنى تاشلىدى. بۇ ھال «چاغاتاي ئۇلۇسى» دائىرىسىدە قىپچاق دالاسىنى مەركەز قىلغان ھالدا يەتتىسۇدىن قۇمۇلغىچە ھەر خىل دەرىجىدە ئىپادىلەندى. قاراخانىيلاردىن باشلانغان ئادەت بويىچە ئايرىم مىللەت ياكى قەبىلە نامى ئەمەس، بەلكى «توققۇز ئوغۇز»، «تۈركىي»، «چاغاتاي» ئاتالمىلىرى بىلەن يۇرت ناملىرى («قەشقەرلىك»، «ئەنجانلىق» دېگەندەك) ئىستېمال قىلىندى. تۆمۈرىلەر دەۋرى بۇ بىرلىكنى قاراخانىيلاردىن كېيىن داۋاملىق ئىلگىرى سۈردى. مۇھەممەد شايىبان خان تۆمۈرىلەرگە قارشى يۈرۈشتىن كېيىن، خان نامى ۋە ھاكىمىيەت تەۋەلىكى كاتېگورىيىسىدىكى «ئۆزبېك خانلار» مەنىسىدىكى نام ماۋرائۇننەھر ـ خۇراساندىكى مەدەنىيەتلىك ئاساسلىق غەربىي قاراخانىيلار ئەۋلادلىرى — يەرلىك تۈركىي خەلققە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇلار «ئۆزبېك» نامىدا ئاتالدى.

مىلادىيەدىن نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىكى زامانلاردىن تاكى سامانىيلار بۇخارا ـ سەمەرقەنتتە ئىسلام ھامىيلىرى بولۇپ مەيدانغا چىققۇچە ياشىغان سۇغدىيانا دىيارىدىكى ئاساسلىق تۇران ـ ساك ئاھالىسى سۇغدىلار نۇرغۇن خەلقلەر ئىچىدە، ئاساسەن ھازىرقى ئۇيغۇر ـئۆزبېك خەلقلىرىنىڭ قان تومۇرى ۋە فولكلورىدا ياشىماقتا. ئۇيغۇر ـ ئۆزبېكلەر ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدىغان بىرىنچى قاتارنىڭ تۇنجى رىتىمدىكى نەسلىداش

ئىككى خەلق بولۇشى بىلەن تارىختىكى قەدىمكى مەدەنىيەتلىك، تۆھپىكار سوغدى خەلق تۈركۈملىرىنىڭمۇ بىۋاستە ۋارىسلىرىدىن ئىبارەت. سوغدىلار ھەققىدىكى ئادىل مۇھاكىمە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى تەتقىقاتىدا مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

1994 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 — 9 ـ كۈنلىرى

ئۈرۈمچى

# پايدىلانغان كىتاب ۋە ماتېرىياللار

ماركس: «گېگېل هوقۇق پەلسەپىسىگە تەنقىد» كە مۇقەددىمە».

ماركس: «1844 ـ يىلىدىكى پەلسەپە ـ ئىقتىسادشۇناسلىق قولىيازمىلىرى».

ماركس: «ھىندىستاننىڭ يىلنامىلىق خاتىرىسى».

ماركس ـ ئېنگېلس: «سەنئەت ھەققىدە».

ئېنگېلس : «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى».

گېگېل، «ئېستېتىكا».

گېگېل: «تارىخ پەلسەپىسى».

سۋېن ھېدىن: «ئاسىيا باغرىدىكى ساياھەت».

ئاۋرېل ستەيىن: «غەربىي يۇرتتىكى ئارخېئولوگىيە خاتىرىلىرى».

ئاۋرېل ستەين: «قەدىمكى خوتەن».

ئالبېرت گرونوۋېدىل: «قەدىمكى كۇچا».

ئالبېرت گرونوۋېدىل: «ئىدىقۇت شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك خىزمەتتىن دوكلات».

فون لېكوك: «قوچۇ».

فون لېكوك: «جۇڭگو تۈركىستانىدا ساقلىنىۋاتقان گۆھەرلەر».

فون لېكوك: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سەنئەت ۋە مەدەنىيەت تارىخى رەسىملەر توپلىمى».

پائۇل پېللىئوت: «تۇمشۇق» (رەسىملەر توپلىمى).

پائۇل پېللىئوت: «قوچۇ ۋە قارا غوجا».

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوتانى كوزى: «يېڭى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى».
ۋالدىشمىد: «قەندىھار، كۇچا، تۇرپان».
خۇاڭ ۋېنبى: «تۇرپان ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى».
فولك بېرگمان: «شىنجاڭدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش».
ئاندىرېۋس: «ئوتتۇرا ئاسىيادا قەدىمكى ئىبادەتخانىلار تام رەسىملىرى».
گابائىن: «ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىدە تۇرمۇش».
چاۋاننېس :«500 پارچە بۇددا ھېكايە ۋە تەمسىللىرى».
فۇجېدا: «دۇنخۇاڭ مىڭئۆيلىرىنىڭ قايتا ئويغىنىشى».
گودرات : «باميان بۇددا قەدىمكى ئىزلىرى».
ھارتېل : «ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تام رەسىملىرى».
كۇماگاي: «جۇڭگو تۇركىستانىدىكى سەنئەت».
مارشالل جون: «قەندىھار بۇددا سەنئىتى».
رېنې گرۇئۇسېت: «ھىندىستان مەدەنىيىتى».
چارلىز فابرى: «ھىندىستان ھەيكەللىرى».
ك. ۋ. ترېۋېر: «گرېك ـ باكتېرىيە سەنئىتىدىن ئۇچېركلار».
«كوشان دەۋرىدىكى مەركىزىي ئاسىيا».
پېتېرخوپكېرىك: «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار».
ن. ۋ ساكونۋاۋەس. س. سوروكىن: «قەدىمكى خوتەن».
گ. ئا. پوگاچېنكوۋا. ل. ئى. رېمپېل: «ئۆزبېكىستان سەنئەت تارىخى».
گ. ئا. پوگاچېنكوۋا، لى. ئى. رېمپېل: «ئوتتۇرا ئاسىيا سەنئىتىدىن ئوچېرك».
ۋ. ۋ گرىگورىيۋۇ: «شەرقىي تۇركىستان ياكى جۇڭگو تۇركىستانى».

«ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى».
فاشيەن : «بۇددا ئەللىرىگە ساياھەت».
شۈەنزاڭ: «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى».
«كۇسەن ماتېرىياللىرى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى.
ل. ئى. ئالبا ئوم: «بالالىق تىپە».
ۋاسىلېۋ: «بۇددىزم».
رودېنكو: «گورنو ئالتاي ئاھالىسىنىڭ سكتاي دەۋرىدىكى مەدەنىيىتى».
خاتانى لياۋتەي: «غەربىي يۇرتتا بۇددىزم».
ۋ. ۋ. بارتولد: «تۈركىستاندا مەدەنىي ھايات تارىخى».
كۇنت كۇرتىيىسى روف: «ئالېكساندىر ماكىدۇنىسكىينىڭ تارىخى».
س. پ. تولستوۋ: «ئۆزبېكىستان قەدىمكى مەدەنىيىتى».
ب. ل. رىفتىن: «مەركىزىي ئاسىيا ۋە جۇڭگو مەدەنىيەت ئالاقىلىرى تارىخىغا دائىر».
ك. ئوسترانىپۇ: «مۇسۇلمانلىققىچە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى توغرىسىدا».
«دۇنيا ئومۇمىي تارىخى» (سوۋېت پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ ئىنستىتۇتى).
«ئۆزبېكىستان س. س تارىخى»، 1 ـ توم.
ك. ئا. ئاكشىيوۋ، ك. م. بايىپاكوۋ: «قازاقىستان ئارخېئولوگىيە مەسىلىلىرى».
لۇسىي بۇ ئولنوس: «يىپەك يولى».
يامادا شىنپۇ: «يايلاقنىڭ رەسىملىك تارىخى».
«كۇسەن تام رەسىملىرىدىكى سىزىق تەسۋىرى توپلىمى» (潘打 祁协玉 龚健新) سىزغان.
«جەنۇبىي ئۆزبېكىستان ئاسارئەتىقىلىرى»، 1991 ـ يىلى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ياپونىيە نەشرى، توپلام.

«غەربىي يۇرت تەسۋىرىي سەنئەت كۆرگەزمىسى»، 1991 ـ يىلى ياپونىيە نەشرى، توپلام.

ئانىسمۇۋ قاتارلىقلار: «شەرق ئەللىرى سەنئەت تارىخى»، 1986 ـ يىلى موسكۋا نەشرى.

دىيومېزىل: «سكىفلار ۋە نارتلار»، 1994 ـ يىلى، موسكۋا نەشرى.

لىتۋىنسكىي: «شەرقىي تۈركىستان تاشكېمىرلىرىنىڭ ئارخىتېكتورىسى» («قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر شەرق مەدەنىيەت سىستېمىسىدىكى شەرقىي تۈركىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ناملىق كىتاب، 81 ـ، 124 ـ بەتلەر، 1986 ـ يىلى موسكۋا نەشرى.

شاڭ دا: «تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەن ۋە غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى».

رېڭ چاڭشىيا: «يىپەك يولى ۋە غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى».

رېڭ چاڭشىيا: «ھىندىستان ۋە شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا گۈزەل سەنئەت تارىخى».

گۇ باۋ: «غەربىي يۇرت مۇزىكا ئۇسلۇبلىرى ۋە جەمئىيىتى».

جۇ چىڭباۋ: «يىپەك يولى مۇزىكا مەدەنىيىتى».

قۇربان ۋەلى: «مىڭئۆي تام رەسىملىرى ھېكايىسى».

«شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى».

ۋاڭ بىڭخۇا: «قەدىمكى تۇرپان مەدەنىيىتى».

مۇ شۇيىڭ: «سىرلىق قەدىمكى شەھەر كروران».

ۋاڭ جىلەي: «شەرقىي ئاسىيا مۇزىكا تەتقىقاتى».

«بۇددىھا يارالمىش قىسمەتلىرى»، گو لياڭجۇن، خۇاڭ باۋشېڭ تەرجىمە قىلغان.

سۇ بىخەي: «غەربىي يۇرت تارىخ ـ جۇغراپىيىسى».

سۇ بىخەي: «قازاق مەدەنىيەت تارىخى».

يەن بيەن، چېڭ شۇن: «قەدىمكى يىپەك يولى مۇزىكىسى».

لۈي چىڭ: «جۇڭگو بۇددىزمىنىڭ مەنبەلىرى».
لۈي چىڭ: «جۇڭگو بۇددىزمىنىڭ ئېقىملىرى».
كېرىلوۋ: «دىنلار تارىخى»، 2 ـ توم.
«شىنجاڭدىكى دىنلار»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى.
«ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى».
«شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى».
«دىن لۇغىتى»، شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى» 1981 ـ يىلى نەشرى.
ۋ.ۋ. ستىرووۋې: «زورا ئاستىرىزم ۋەتىنى».
ل. ن. گومىلېتو: «قەدىمكى تۈركلەر».
ئا. ن. بېرنىشتام: «شىمالىي قىرغىزىيە ئارخېئولوگىيىسى».
ۋىللىئام مىكۋېرىن: «مەركىزىي ئاسىيادىكى قەدىمكى ئەللەر تارىخى».
پىلىخانوۋ: «سەنئەت ۋە ئىجتىمائىي هايات»، («ئادرېسسىز خەتلەر»).
ئاتا مۇلك جۇۋەينى: «تاۋارىخى جاهانكۇشاي».
س. پ. تولىستوۋ: «ئۆزبېكىستان قەدىمكى مەدەنىيىتى».
«دۇنخۇاڭ داڭدار هەيكەللىرى»، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى 1978 ـ يىلى نەشرى.
خۇشەن: «قوچۇ، كروران تەتقىقات ماقالىلەر توپلىمى».
ئابدۇشۇكۇر مۇهەممەدئىمىن: «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى».
ئابدۇشۇكۇر مۇهەممەدئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا».
ئابدۇشۇكۇر مۇهەممەدئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى».
ئابدۇشۇكۇر مۇهەممەدئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى».
ئابدۇشۇكۇر مۇهەممەدئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا».
گ. م. بۇنگارد: «مەركىزىي ئاسىيادا بۇددىزم؛ دۆلەت ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

جەمئىيەت» (توپلام).
ۋاڭ جىيۇەن: «بۇددىزم مەدەنىيىتىدىن يۈز مەسىلە».
مائىنجما شىنجى: «يىپەك يولىدىكى 99 سىر».
«يىپەك يولى تەسۋىرىي سەنئىتى» (توپلام).
«يىپەك يولى مۇزىكا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى» (توپلام).
«كۇسەن مۇزىكا ـ ئۇسسۇل تام رەسىملىرى توپلىمى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.
«بۇددا دىنى» (قامۇستىن يىغىندى).
«بۇددا نوملىرىدىكى خەلق ئەدەبىياتى»، فاڭ گۇاڭمىيەن (方光镘).
«قەدىمكى تۈركىي لۇغەت».
لىيۇ يىتاڭ: «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات».

## قوشۇمچە: پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى كاتالوگى

خاتانى لىياۋتەي: «كومىراجىۋا ھەققىدە تەتقىقات».
«خوتەن بۇددىزمى ھەققىدە».
«قىزىل ئىبادەتخانىلىرىدىكى بۇددىزم سەنئىتى».
«ئوتتۇرا ئاسىيا بۇددىزمىنىڭ خۇسۇسىيىتى».
«غەربىي يۇرت بۇددا مەدەنىيىتىگە مۇقەددىمە».
«غەربىي يۇرت بۇددا سەنئىتىگە مۇقەددىمە».
«غەربىي يۇرت بۇددا نوملىرى مۇقەددىمە».
يۇئىي كېيجۇ (宇井伯寿): «غەربىي يۇرت بۇددا نوملىرى تەتقىقاتى».
كورگانى ناكاۋا (小谷仲男): «ساكلار ۋە توخرىلار».
ئۇكۇردۇنكوۋ: «شىمالىي ئاسىيا قىيا تاش سىزمىلىرى».
كاكاۋا موكېشى: (香川默识): «غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيە رەسىملىك تەزكىرىسى».
خارائو يوشىتارو: (源芳太郎): «يېڭى غەربىي يۇرت

خاتىرىسى»، 1 ـ ، 2 ـ كىتاب.
خاياشى رىيوىچى: (林良一): «غەربىي يۇرت»، «غەربىي يۇرت ۋە جىڭساڭيۇەن».
خارادا توشىختو (原田淑人): «غەربىي يۇرتتا تېپىلغان رەسىملەردىكى كىيىم تەتقىقاتى».
ئاكىياما كوزاۋا (秋已光和): «پېللىئوت سۇبېشىدىن تاپقان ئۈچ جەسەت كۆلى قۇتىسى».
ئۇئېنو شوئو (上野照夫): «غەربىي يۇرت رەسىمى»، «غەربىي يۇرت ھەيكەلتىراشلىقى».
ئوگاساۋارا نوبوخىدې (小笠原宣委): «قوچۇدا بۇددىزم ئوقۇتۇشى»، «تۇرپاندا تېپىلغان دىنىي تورمۇشقا ئائىت قولىيازمىلار»، «تۇرپان بۇددىزم تارىخىي تەتقىقاتى»، «قىسقىچە غەربىي يۇرت بۇددىزم تارىخى».
ئونو گېنمىيو (小野玄妙): «غەربىي يۇرت بۇددا سەنئىتىدىكى ئاساسىي ئېقىم».
ت. ف. كاتا: «تۇرپان ئۇيغۇرلىرىدا مەتبەئە تېخنىكىسى».
كۇماگايا نوبۇئو (熊谷宣夫): «غەربىي يۇرت بۇددا رەسىملىرىنى سىزىش ئۇسۇلى».
«بېزەكلىك 19 ـ كېمىردىن كەلتۈرۈلگەن تام رەسىمى».
«غەربىي يۇرت ۋە ياپونىيە تام رەسىملىرى».
«قۇمتۇرادىن كەلتۈرۈلگەن بۇدساتۋا بېشى».
«كۇچادىن كەلتۈرۈلگەن رەڭلىك جەسەت قۇتىسى».
«خوتەندىن كەلتۈرۈلگەن مىس بۇددىھا بېشى».
«غەربىي يۇرت تەسۋىرىي سەنئىتى».
سۇزۇكى ئىئوجى (铃木修次): «كۇسەن مۇزىكا تەتقىقاتى».
ئاۋرېل ستەين: «قەدىمكى خوتەن»، «شەرقىي تۈركىستاندىكى قەدىمكى تام رەسىملىرى».
ئا. گابائىن: «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى».

www.uyghurkitap.com

تاكاتېن كىكا （高天桂下）: «ئاۋرېل ستەين ۋە تارىشا پۈتۈكلەر».

نىشادا ماسائاكى （西田正秋）: «غەربىي يۇرت تەسۋىرىي سەنئەتتىن ئۆچېركلار».

خوندا ئېنرىيۇ （本多惠隆）: «ئۇستاز ئوتانى مىسسىيونىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى قېدىرىشى». «كۇچا تام رەسىملىرىدىكى ئاجۇ توساتراخان ھېكايىسى»، «خوتەن پادىشاھى ۋىسارا تەڭرىخان ۋە مۇگاۋكۇ كېمىرلىرى».

مانو ئېيجى （间野英三）: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىسلاملىشىشى».

مىكى ساكايىئى （三木荣）: «غەربىي يۇرتتىن تېپىلغان تېببىي ھۆججەتلەرنىڭ ئىزاھلىق كاتولوگى».

مورى ئوسامۇ （森修）: «ئوتتۇرا ئاسىيادا تېپىلغان ھارۋا چاقلىرى».

مورى شىكازو （森鹿三）: «غەربىي يۇرتتا تېپىلغان كىتاب دەستۇرلار».

يامازاكى كازىئو （山崎一雄） : «غەربىي يۇرت تام رەسىملىرىدىكى بوياقلار».

ساگۇچى تورو （佐口透）: «ئۇيغۇرىستان بۇددىزم تارىخى».

مامورو تاكائو （矗口人）: «شىنجاڭ بېزەكلىكتىن چەتكە ئېلىپ كېتىلگەن تام رەسىملىرى ھەققىدە تەپسىرات».

خۇ يافۇ: «قەدىمكى تۈرك مىللىتى ۋە بۇددا دىنى».

موريياسۇ تاكائو （森安孝夫）: «ئۇيغۇرلار ۋە دۇنخۇاڭ».

ۋ. ئا. لىتۋىنىسكىي: «غەربىي تۈركىستاندا بۇددىزم».

ل. كوك: «ئوتتۇرا ئاسىيادا مەخپىي خەزىنە ئېچىش خاتىرىسى».

# پروفېسسور ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىننىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كاتولوگى

كىتابلار:

1. «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى ‹ئون ئىككى مۇقام› ھەققىدە»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1980 ـ يىلى نەشرى. ئۈچ قېتىم بېسىلغان. 1985 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن خەنزۇچە تەرجىمىسى نەشر قىلىنغان.

2. «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى»، 1980 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

3. «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىغا ئائىت مەسىلىلەر» (ماقالىلەر توپلىمى)، 1982 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

4. «ئومۇمىي ئېستېتىكا» (ئىككى قىسىم بولۇپ، بىرىنچى قىسمى ئېستېتىكا قائىدىلىرى، ئىككىنچى قىسمى ئېستېتىكا تەلىماتلىرى تارىخى)، 1985 ـ يىلى شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ ئىككى قېتىم بېسىلغان.

5. «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، 1986 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

6. «قاتلاملىق ئېستېتىكا»، 1994 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

7. «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىدىن ئومۇمىي بايان»، 1997 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

8. «ئۇيغۇر مۇقاملىرى خەزىنىسى»، 1994 ـ يىلى شىنجاڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

9. «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1996 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

10. ««قۇتادغۇبىلىك، خەزىنىسى»».

11. «قەدىمكى تۇران تارىخى»، ئىككى توم.

12. «ئائىلە»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1995 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

13. «يىپەك يولىدىكى سەنئەت جەۋھەرلىرى».

14. «ئۇسسۇل ماكانىنىڭ يېڭى باھارى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى پىلانغا كىرگۈزگەن.

15. «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە تارىخى» (باشقىلار بىلەن بىرلىكتە)، كىتابنىڭ «ئۇيغۇرلار پەلسەپە ئىدىيىسى» قىسمىنى يازغان. بۇ كىتاب 1992 ـ يىلى ئەنخۇي خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

16. «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخى» (باشقىلار بىلەن بىرلىكتە)، كىتابتىكى ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قىرغىز مىللەتلىرىنىڭ پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخىغا ئائىت بابلارنى يازغان.

17. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (باشقىلار بىلەن بىرلىكتە)، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن يىللارغا بۆلۈپ نەشر قىلىنغان.

18. «رۇبائىيات»، (1)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1982 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

19. «رۇبائىيات» (2) قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1990 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

20. «چۇغلۇق» (شېئىرلار توپلىمى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1987 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

21. «قارلىق تاغ شەجەرىسى» (شېئىرىي رومان)، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1986 ـ يىلى نەشر

قىلىنغان.

تەرجىمە ئەسەرلىرى:

1. «شاھنامە» ئىككىنچى، ئۈچىنچى تومىنى تەرجىمە قىلغان. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1994 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

2. «چۇ يۈەن: توققۇز نەزىم»، مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1987 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

3. «چوغلۇق قىز»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1981 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

ئىلمىي ماقالىلىرى:

1956 ـ يىلى ئېلان قىلىنغانلىرى:

1. «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 9 ـ ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1956 ـ يىللىق ئۇيغۇرچە 3 ـ سانى، خەنزۇچە 4 ـ سانى.

2. «ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە تىپ مەسىلىسى توغرىسىدىكى دەسلەپكى چۈشەنچىلىرىم»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1956 ـ يىللىق 4 ـ سان.

1980 ـ يىلى ئېلان قىلىنغانلىرى:

1. «ئۇيغۇر پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخىغا دائىر تەتقىقات تېزىسلىرى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2 ـ سان، خەنزۇچىسى «پەلسەپە تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

2. «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى — ئىبنى سىنا» (تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 3 ـ سانىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېلان قىلىنغان.

3. «ئەرەب مەدەنىيىتى ۋە ياۋروپادا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا ئويغىنىشى»، «كىتابلارغا باھا» ژۇرنىلىنىڭ 4 ـ سانى، خەنزۇچە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1982 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

4. «ئون ئىككى مۇقام ۋە تۇردىئاخۇن»، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈندىكى سانى، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ (خەنزۇچە) 1981 ـ يىللىق 4 ـ سانى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «يىپەك يولى مۇزىكا سەنئىتى» ناملىق كىتاب (خەنزۇچە ماقالىلەر توپلىمى)، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1 ـ سانى.

5. «نان ۋە تونۇر»، «مىللەتلەر رەسىملىك ژۇرنىلى» نىڭ خەنزۇچە 3 ـ سانى.

6. «فارابىنىڭ مۇزىكا ئېستېتىكىسىغا دائىر بىرقانچە مەسىلە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 4 ـ سان.

**1981 ـ يىلى ئېلان قىلىنغانلىرى:**

1. «يۈسۈپ خاس ھاجىپ ــ فارابى ئىلغار ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋارىسى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1 ـ سان.

2. «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» نىڭ تەتقىقات تېزىسلىرى، «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1 ـ سانى.

3. «مۇھەممەد سىدىق زەلىلى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەت يولى»، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 4 ـ سانى.

4. «فارابى پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ تارىخىي قىممىتى»، «پەلسەپە تەتقىقاتى»ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچە 11 ـ سانى.

5. «قەدىمكى كۈسەنىنىڭ ئاتالغۇ بۇددا مۇتەپەككۇرى كومراجىۋا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 3 ـ سان.

1982 ـ يىلى ئېلان قىلىنغانلىرى:

1. «شىنجاڭ تەبىئىي مۇھىتىدا بوستانلىق بىلەن چۆللۈكنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1 ـ سان.

2. «ئەلقانۇن فىت ـ تىب ۋە ئۇنىڭدىكى تەبىئەت پەلسەپىسى مەسىلىلىرى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2 ـ سان.

3. «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى تۆت زات قارىشى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 3 ـ سان.

4. «گۈزەللىك تەربىيىسى ۋە ئۇنىڭ رولى»، «شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلىنىڭ 10 ـ، 11 ـ، 12 ـ سانلىرى.

5. «ئەبۇناسىر فارابىنىڭ لوگىكىلىق تەلىماتلىرى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ خەنزۇچە 4 ـ سانى.

6. «ئامانىساخان ۋە ئون ئىككى مۇقام»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچە 2 ـ سانى.

7. «رۇخسارى مۇقامى ۋە ئۇنىڭ ئىجادچىسى زىكرى ئەلفاتتار»، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈندىكى سانى.

1984 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر:

1. «ئوتتۇرا ئەسىر قانۇنشۇناسلىق تارىخىدىكى ئۇلۇغۋار نامايەندە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1 ـ سان.

2. «ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچە 2 ـ سانى.

3. «ئۇيغۇر تىياتىر سەنئىتىنىڭ يېڭى زېمىنىنى ئاچايلى»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچە 3 ـ سانى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

4. «قۇتادغۇبىلىك، ۋە مائارىپشۇناسلىق مەسىلىلىرى»، «شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلىنىڭ 9 ـ، 10 ـ سانلىرى.
5. «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ تارىخىي تەسۋىرى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 3 ـ سان.
6. «قەدىمكى كۈسەن كلاسسىك ئۇسسۇلى»، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 5 ـ ئايدىكى سانى.
7. «فەرھاد ـ شېرىن، تراگېدىيىسى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى رىۋايەت شەكلى»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 1 ـ سان.
8. «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ‹ئون ئىككى مۇقام› ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مەسىلىلىرى»، «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 3 ـ سان.
9. «قەدىمكى كلاسسىك ئۇسسۇلىنىڭ يېڭى هاياتقا ئېرىشىشى»، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىكى سانى.
10. «فارابى شېئىرلىرىدىن نەمۇنە»، «تارىم» ژۇرنىلى، 5 ـ سان.
11. «ئۈرۈمچىنىڭ ھەرخىل يەر ناملىرى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىكى سانى.
12. «ئەڭ قەدىمكى ئۈرۈمچى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قاشقاللىقلار»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىكى سانى.
13. «ئېستېتىكا قانداق پەن؟»، «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»، ئومۇمىي 8 ـ سان.
14. «يۈكسەك قەلبىنىڭ شېئىرىي ھەيكىلى»، «كىتابلارغا باھا» ژۇرنىلى، 3 ـ سان.

**1985 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر:**

1. «ئەلىشىر نەۋائىي ۋە ‹سەددى ئىسكەندەر› »، «شىنجاڭ

ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 4 ـ سانى، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈندىكى سانى.

2. «پۈتمەس ـ تۈگىمەس بايلىق ۋە ئەبەدىي يادىكارلىق» («تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ تولۇق نەشرى مۇناسىۋىتى بىلەن)، «تارىم» ژۇرنىلى، 12 ـ سان.

3. «كۆسەن مەدەنىيىتى ۋە ئۇسسۇل سەنئىتى»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 4 ـ سان.

4. «هازىرقى زامان ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىنىڭ ئېپتىخارى»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1 ـ سان.

5. «تۇرپان ئۈزۈمى ۋە تۇرپان شارابى»، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈندىكى سانى.

6. «ۋېنتسىيىلىك ماركوپولو ۋە شەرق مەدەنىيىتى»، «تەڭرىتاغ ئېكرانى» ژۇرنىلى، 6 ـ سان.

7. «پاكىستان رەڭلىك هېكايە فىلىمى ــ ‹پاكلىق›»، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈندىكى سانى.

8. «قوغۇن ۋە ئۇنىڭ ماكانى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈندىكى سانى.

**1986 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر:**

1. «پەلسەپىنى ئىسلاھ قىلىش تەسەۋۋۇر تېزىسلىرى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 5 ـ سان، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلىرى»نىڭ خەنزۇچە 1987 ـ يىللىق 4 ـ سان.

2. «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قامۇسى ــ ‹قۇتادغۇبىلىك›»، «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 4 ـ سان. «جەنۇبىي ئوكيان ئىلمىي ژۇرنىلى»، (ياپونچە) 11 ـ سان.

3. «‹قۇتادغۇبىلىك› ۋە ئۇنىڭ ئاپتورى»، «يىپەك يولى ساياھەتچىلىكى» (خەنزۇچە) 2 ـ سان، (ئىنگلىزچە) 4 ـ سان.

4. «مىللىي مەدەنىيەتنىڭ راۋاجلىنىشىدىكى بىر مۇھىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قانۇنىيەت»، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى (خەنزۇچە)، 17 ـ كۈندىكى سانلىرى (ئۇيغۇرچە).

5. «‹قۇتادغۇبىلىك›نىڭ ئىلمىي قىممىتى»، «قەشقەر گېزىتى»نىڭ 10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈندىكى سانى.

6. «ئېمپېدوكىل بىلەن يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ تۆت تادۇ قارىشىدىكى ئومۇملۇق ۋە ئالاھىدىلىك توغرىسىدا»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1 ـ سان.

7. «خاراكتېر ۋە خاراكتېر گۈزەللىكى»، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈندىكى سانى.

8. «ھېسسىيات ۋە ھېسسىيات گۈزەللىكى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ، 10 ـ، 11 ـ كۈنلىرىدىكى سانلىرى.

9. «بىر شېئىر توغرىسىدىكى پاراڭ»، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈندىكى سانى.

10. «ئالۋاستى ۋە ئۇنىڭ يېڭى قىياپىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈندىكى سانى.

11. «گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇكنىڭ كومېدىيىلىك سېلىشتۇرمىسى»، «تەڭرىتاغ ئېكرانى» ژۇرنىلى، 6 ـ سان.

12. «ھەشەمەتخورلۇقنىڭ ئون چوڭ كاساپىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈندىكى سانى.

13. «جاباغان ئېلىگە ساياھەت»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 11 ـ ۋە 12 ـ ئايلاردىكى 27 ـ ساندا ئۇدا ئېلان قىلىنغان.

14. «گۈللۈك دوپپا» (تارىخ ۋە نەزم)، «شىنجاڭ گېزىتى».

15. «مىرزا ھەيدەر ۋە ‹تارىخى رەشىدى›»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 3 ـ سان.

16. «يۇقىرى ماھارەت ۋە ئېسىل سەنئەت ـــ ‹مۇقام› ماي بوياق رەسىمى ھەققىدە»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 5 ـ

ئايىنىڭ 12 ـ كۈنىدىكى سانى.

17. «رۇبائىي ۋە ئۇنىڭ مەزمۇن، شەكلى ھەققىدە»، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 4 ـ سان.

**1987 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر:**

1. «يىپەك يولىدىكى بىباھا گۆھەر — ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1 ـ سان.

2. «ئىجادىي تەپەككۇر شەكلىگە ئائىت بىر قانچە مەسىلە»، «شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلىنىڭ 2 ـ، 3 ـ سانلىرى.

3. «‹ئون ئىككى مۇقام› نىڭ تارىخىي قاتلىمى ۋە ئېستېتىك ئالاھىدىلىكى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 4 ـ سانى، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچە 1 ـ سانى.

4. «ئەلىشىر نەۋائىينىڭ پەلسەپە قاراشلىرى ئۈستىدىكى ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2 ـ سان.

5. «ئۇيغۇر رەسساملىق سەنئىتى تارىخىدىكى يېڭى نامايەندە»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 6 ـ سان.

6. «مۇھەممەت خارەزمىي ۋە ‹مۇھەببەتنامە›»، «بۇلاق» مەجمۇئەسى، 18 ـ سان، «مىللىي يازغۇچىلار» (خەنزۇچە) 1990 ـ يىللىق 2 ـ سان.

7. «ھاپىز شىرازى — شەرق شېئىرىيىتىدىكى ئىسيانكار ئۇستاز»، «بۇلاق» مەجمۇئەسى، 19 ـ سان.

8. «مەشرەپ — ئۇلۇغ ئىنسانپەرۋەر شائىر»، «بۇلاق» مەجمۇئەسى، 19 ـ سان.

9. «ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىگە ئوقۇلغان شىكايەتنامە» («كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» توغرىسىدا)، «بۇلاق» مەجمۇئەسى، 18 ـ سان.

10. «بىر شېئىر ھەققىدە سۆز»، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1 ـ ئايىنىڭ 24 ـ كۈنىدىكى سانى.

11. «ئىككى شېئىر ھەققىدە پاراڭ»، «شىنجاڭ گېزىتى» 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىكى سانى.
12. «‹ئاقسۇ ئەدەبىياتى› دىكى شېئىرىيەت ئۇنچىلىرىگە نەزەر»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 3 ـ سان.

1988 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر:
1. «يىپەك يولى مۇزىكا مەدەنىيىتى، نامىلىق كىتابقا باھا»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچە 5 ـ سان.
2. «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەبىئەت قاراشلىرى ھەققىدىكى مۇلاھىزىلەر»، «شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلىنىڭ 10 ـ ۋە 11 ـ سانلىرى.
3. «ئوتتۇرا ئاسىيادا ئېلىنىزملىق مەدەنىيەت»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2 ـ سان.
4. «فارابىي پەلسەپە ئىدىيىسى تەتقىقاتىدىكى مەنتىقىلىك زىددىيەت»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2 ـ سان.
5. «خوجا باھاۋىدىن نەقشبەندى ۋە چاغاتاي ئەدەبىياتى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 3 ـ سان.
6. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەھمەد يەسەۋى ۋە يەسەۋىچىلىك»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1 ـ سان.
7. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىي پروگراممىسى» (تۆت توملۇق «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» نامىلىق كىتاب ئۈچۈن تەييارلانغان) «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 4 ـ سان.
8. «ئەمىر خىسراۋ دېھلەۋى»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1 ـ سان.
9. «ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر نىزامى گەنجىۋى»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2 ـ سان.
10. «ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىرى ناسىر خىسراۋ»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 3 ـ سان.
11. «خوجا جاھان ئەرشى ۋە ئۇنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى

ھەققىدە»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 3 ـ سان.
12. «سەئىدى شىرازىي»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 4 ـ سان.
13. «زەلىلىي شېئىرىيىتىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي قىممىتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1 ـ سان.
14. «كلاسسىك مەدەنىيەت ۋە نەزەرىيىۋى تەپەككۇر»، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈندىكى سانى.
15. «مازۇچاڭ ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرى»، «شىنجاڭ گېزىتى» 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈندىكى سانى.
16. «ھەمرائى غەزەللىرىنىڭ ھەقىقىي مۇئەللىپى»، «تارىم» ژۇرنىلى، 5 ـ سان.
17. «ياش تامچىسىدىن ئۇرغۇغان شېئىرلار»، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 3 ـ سان.
18. «ئەنئەنىۋى ئاڭ ۋە زامانىۋى ئاڭ»، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈندىكى سانى.
19. «تارىخ ھەققىدە قايتا ئويلىنىش ــ مىللەتلەر تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى»، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈندىكى سانى.
20. «ياشلار ۋە ئىقتىدار قىممىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈندىكى سانى.
21. «ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل مىللىي ئويغىنىش»، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈندىكى سانى.
22. «ئۇ شېئىرلىرى بىلەن بىللە خەلق قەلبىدە»، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈندىكى سانى.
13. «ئەسسالام قەشقەر، ئەسسالام ئانا دىيار» ، «قەشقەر گېزىتى»نىڭ 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈندىكى سانى.

**1989 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر:**

1. «‹قۇتادغۇبىلىك› نىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى قاراشلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

ھەققىدە»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1 ـ سان، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ خەنزۇچە 1990 ـ يىللىق 4 ـ سانى.

2. «شەرقىي تەڭرىتاغ ئېتىكىدە قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 4 ـ سان.

3. «شېئىرىيەت ئېستېتىكىسىغا ئائىت بىرقانچە مەسىلە»، «تارىم» ژۇرنىلى، 1 ـ سان.

4. «يىپەك يولىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭگۈشتىرىنى قايتا تېپىۋېلىش»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2 ـ سان.

5. «مەدەنىيەت تەرەققىياتى توغرىسىدىكى ئىلمىي قاراش — سىنكرېتىك قاتلام قارىشى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1 ـ سان.

6. «مەدەنىيەت سىنكرېتىك قاتلام نەزەرىيىسى ھەققىدە بايان»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 4 ـ سان.

7. «مىللەتنىڭ تەرەققىياتى تارىخىي ئويلىنىشقا موھتاج»، «يېڭى كۆزەتكۈچى» ژۇرنىلىنىڭ 7 ـ سانى.

8. «ئېچىۋېتىلگەن ئاق ۋە شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئەدەبىياتى»، «جۇڭگو غەربىي قىسىم ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچە 1 ـ سانى.

9. «ئاياللىق قەلبىنىڭ مېلودىيىسى»، «تارىم» ژۇرنىلى.

10. «مۇھىم بىر تارىخىي تەجرىبە»، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىكى سانى.

11. «ھەشەمەتخورلۇق ۋە قۇرۇق شۆھرەت»، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىكى سانى.

12. «ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ يىپەك يولىدا كۆرسەتكەن خىزمىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىكى سانى.

13. «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئالىملىرى ۋە شائىرلىرىدىن نەمۇنە»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 1 ـ ئايدىكى سانلىرى.

14. «ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 6 ـ سان.

15. «مىللەتنىڭ بىرلىك ـ ھەمدەملىكى ۋە ئۇنىڭ يۇرتۋازلىققا يەملىكى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» ژۇرنىلىنىڭ 5 ـ سانى.

16. «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 4 ـ سان. «مىللىي يازغۇچىلار»ژۇرنىلىنىڭ 1990 ـ يىللىق 4 ـ سانى.

17. «4 ـ ماي ھەرىكىتى، ۋە لۇشۈن روھى»، «تارىم» ژۇرنىلى، 10 ـ سان.

**1990** ـ يىلى ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر:

1. «ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى تەبىئەت ـ ئىلاھىيەت قاراشلىرى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1 ـ سان.

2. «نورۇز بايرىمى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي قاتلىمى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 3 ـ سان، «بۇلاق» مەجمۇئەسى، 1993 ـ يىللىق 2 ـ سان.

3. «ئاسىنا مەلىكە ــ غەربىي يۇرت سەنئىتى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 4 ـ سان.

4. «يېتىلگەن سەنئەت، سېھىرلىك ھېكمەت ۋە يالقۇنلۇق مۇھەببەت» (غازى ئەھمەت ماي بوياق رەسىملىرى توپلىمىغا باھا)، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 4 ـ، 5 ـ سانلىرى.

5. «ئىزگۈ پەزىلەتنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئىپتىخارى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 1 ـ سان.

6. «ھازىرقى زامان مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىدىكى پاجىئەلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زىددىيەت»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 3 ـ سان.

7. «مىللەتنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى بىلىشى ۋە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئۈچ بۇرجىكى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 5 ـ سان.

8. «خەلقنى ئوبراز ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىش — ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى»، «تارىم» ژۇرنىلى 8 ـ سان.

9. «كۇڭفۇزى ۋە قوچۇ مەدەنىيىتى»، «ۋېنخۇيباۋ» (خەنزۇچە) 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى.

10. «ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى ھەققىدە قىسقىچە بايان»، «شىنجاڭ پەلسەپە ئىجتىمائىي پەنلىرى مۇنبىرى» ژۇرنىلى، 3 ـ سان.

11. «ئۈزۈم سەيلىسى ھارپىسىدا»، «شىنجاڭ گېزىتى» (ئۇيغۇرچە) 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ۋە (خەنزۇچە) 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈندىكى سانلىرى.

12. «مىللىي ئۇسسۇلنىڭ سىرى ۋە سېھرىي كۈچى»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 5 ـ سان.

13. «ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانىنىڭ يېڭى جىلۋىسى»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 4 ـ سان.

14. «شەرق سەنئىتىدىكى بىباھا گۆھەر — ‹ئون ئىككى مۇقام› نىڭ تولۇق رەتلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن»، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈندىكى سانى.

15. «ئىلھامبەخش ئىلھام قەترىلەر»، «تۇرپان» ژۇرنىلى، 3 ـ سان.

16. «تەبرىك ۋە ئۈمىد»، «تارىم» ژۇرنىلى، 10 ـ سان.

**1991 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر:**

1. «مەدەنىيەت، ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىزم»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 3 ـ سان.

2. «ئەلىشىر نەۋائىينىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدا تۇتقان ئورنى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 4 ـ سان.
3. «كەلگۈسى مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 2 ـ سان.
4. «ئەزىز دىيار ــــ شانلىق ئىپتىخار»، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 3 ـ سان.
5. «قۇمۇل ئەدەبىياتى، نىڭ 100 سانى»، «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 3 ـ سان.

1992 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر:
1. «سىكتاي ـ ساك ـ ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىدىكى ئەنئەنىۋى ئىزچىللىق»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2 ـ سان.
2. «ھەقىقەت ئۇستىدە ئىزدىنىش ھەقىقىي تەتقىقاتچىنىڭ بۇرچى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 4 ـ سان.
3. «كۆسەن رەسساملىرىنىڭ ئېستېتىك ئېڭى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ، 3 ـ سانى، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچە 1993 ـ يىللىق 5 ـ سانى.
4. «ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى غەربىي يۇرت ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ تارىخىي ئۇچۇرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 4 ـ سان.
5. «ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ تۆت چوڭ ئالاھىدىلىكى»، «قەشقەر گېزىتى»نىڭ 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىكى سانى.
6. «ئون ئىككى مۇقام ۋە نەۋائىيخانلىق»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 5 ـ سان.
7. «كلاسسىك ئەدەبىياتتا خوتەن تەسۋىرى»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 4 ـ سان.

8. «قارا جاڭگال، نى ئوقۇغاندىن كېيىنكى تەسىرات»، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 4 ـ سان.

9. «كلاسسىك ئەدەبىياتتا مانى تەسۋىرى ۋە شىنجاڭدىن مانى دىنى رەسىملىرىنىڭ بايقىلىشى»، «شىنجاڭ پەلسەپە ئىجتىمائىي پەنلىرى مۇنبىرى» ژۇرنىلى، 4 ـ سان.

10. «نەۋائىي مىراسلىرىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قىممىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، 1991 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى سانى، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1992 ـ يىللىق 4 ـ سانى.

11. «ئوقۇتقۇچى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ مائارىپى گېزىتى» 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىكى سانى.

12. «تىل ئىقتىدارى بىلەن تىل پەزىلىتىنى ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2 ـ سان.

**1993 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر:**

1. «شەرق ئەدەبىياتىدىكى غايەت زور بايلىق ـــ ‹شاھنامە›»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 3 ـ سان.

2. «ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مەنبە ۋە ئېقىملىرى»، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

3. «يىپەك يولىدىكى يېڭى سەھىپە ۋە تۆگىنىڭ ڭشى روھى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» ژۇرنىلى، 1 ـ سان.

4. «ئون ئىككى مۇقامدىكى 24 مەسىلە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1 ـ سان.

5. «يىپەك يولىنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى»، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»نىڭ 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىكى سانى.

6. «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1 ـ سان.

7. «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 2 ـ سان.

8. «مەنىپەئەتدارلىق ئەخلاقى ۋە مەجبۇرىيەت ئەخلاقى»، «شىنجاڭ مائارىپى گېزىتى»نىڭ 2 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈندىكى سانى.

9. «كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ مائارىپى گېزىتى»نىڭ 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈندىكى سانى.

10. «ئوقۇغۇچى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ مائارىپى گېزىتى»نىڭ 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈندىكى سانى.

11. «لىرىك شېئىرىيەت، مەپتۇنكار لەززەت»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى، 3 ـ سان.

12. «كۆسەن مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي قىممىتى»، «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»نىڭ 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈندىكى سانى.

13. «غەربىي يۇرت مائارىپ تارىخىدىن بىر ئۇچۇر»، «شىنجاڭ مائارىپى گېزىتى»نىڭ 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈندىكى سانى.

14. «مىللىي مائارىپ ۋە نەزەرىيىۋى تەپەككۇر»، «شىنجاڭ مائارىپى گېزىتى»نىڭ 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈندىكى سانى.

15. «تۇپراقنىڭ مونولوگى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 5 ـ سان.

16. «تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 5 ـ، 6 ـ سانلىرى.

17. «مەۋلىۋى ئابىد داموللا»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2 ـ سان.

18. «تارىخ تەتقىقاتىدىكى يېڭى مېتود ـ ئۇچۇرلۇق تارىخ تەتقىقات ئۇسۇلى»، «شىنجاڭ سەنئىتى»، ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچە 2 ـ سانى.

**1994 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر:**

1. «ئۇيغۇر ئەجدادلىرىدا مەي مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ

ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1 ـ سان.
2. «ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى غەربىي يۇرت ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ تارىخىي ئۇچۇرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 2 ـ سانى.
3. «ئوتتۇرا ئاسىيا ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقىدىكى بىرقانچە مەسىلە»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچە 6 ـ سانى.
4. «ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ تورمۇش مەدەنىيىتى» بۇ ماقالە «ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ تەلىپى بويىچە يېزىلىپ، مەزكۇر كىتابقا «مۇقەددىمە» قىلىنغان.
5. «يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ غايىۋى جەمئىيەت مودېلى»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2 ـ سان.
6. «ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى مەشھۇر ئالىم ـــ ئۇلۇغبېك»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىكى سانى.

تېخى ئېلان قىلىنمىغان ماقالىلەر:
1. «ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ئەسلىي گەۋدىسى ـــ قومۇل مۇقاملىرى».
2. «ئەل فەرغانى ھەققىدە».
3. «ئۆمۈر تەلقىنلىرى» (60 ياشقا تولغانلىقىم مۇناسىۋىتى بىلەن).
4. «روھىيەت ۋە مەدەنىيەت».
5. «دولان مۇقاملىرى بىلەن قومۇل مۇقاملىرىنىڭ يىلتىز داشلىقى».
6. «ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئاياللار خاراكتېرىنى تەسۋىرلەش مەسىلىسى».
7. «مەنسۇر ھەللاجنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەكس ساداسى».

8. «سىكتايلارنىڭ مېتال تاۋلاش ھۈنەر ـ سەنئىتى».
9. «ئوتتۇرا ئاسىيا ئەنئەنىۋى ھايات قاراشلىرىغا باھا».
10. «ھاياتىم ھەققىدە قايتا ئويلىنىش».
11. «يىپەك يولىدىكى يېڭى ئويلىنىش».
12. «يىپەك يولى ۋە سېلىشتۇرما ئەدەبىيات».
13. «مىرزا ئۇلۇغبېك ھەققىدە».
14. «سۇغدىلار ۋە ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى».
15. «بالاساغۇن شەھىرىنىڭ ئورنىنى ئىلمىي تەكشۈرۈشتىن دوكلات».
16. «بالاساغۇننىڭ ئورنى ھەققىدىكى قاراشلىرىم».

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى

ئاپتورى: ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: رەيھانگۈل قۇربان
مۇھەررىرى: ۋەلى ئەلى
مەسئۇل كوررېكتورلىرى: ئابلىز ئابباس، ياسىن زايىموپ
تەكلىپلىك كوررېكتورى: خەلچەم زىياۋۇدۇن
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: جالالىدىن بەھرام، زۇلقەر لايىھىلەش ئىشخانىسى
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 17.25
نەشرى: 2009 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2009 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرىژى: 1 - 3000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 12812 - 9
باھاسى: 43.00 يۈەن

ISBN 978-7-228-12812-9
9 787228 128129 >
（民文）定价：43.00元